*ABDULCELİL TURAN*
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL

جالالدین بەهرام

# لیغان بۆلاق (3)

(رومان)

مۇھەررىرى: قۇربان بارات
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: تۇنسايىم ساۋۇت

جالالىدىن بەھرام
قارا چايشاپلىق قىز
(لېيىغان بۇلاق — 3)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى باجاخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 × 1168 مم، 32/1 كەسلەم؛
باسما تاۋىقى: 16.563 قىستۇرما ۋارىقى: 5
1997 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—0900—5/I. 165
تىرازى؛ 1 — 10000
باھاسى؛ 26.56 يۈەن



جالالىدىن بەھرام 1962-يىل

# مۇندەرىجە


جۇدۇندا ئېچىلغان گۈل ........ 1

بوران تۆككەن چېچەكلەر ........ 28

ساخاۋەتلىك «ئوغرى»لار ........ 60

باشقا كەلگەندە باتۇر ........ 89

تۇرمۇش قايناملىرىدا ........ 118

دوستلار ئۈچۈن ........ 149

دوستلار ۋە رەقىبلەر ........ 191

يېنىپ تەگكەن تاش ........ 221

باغرى قان گۈل ........ 251

قارا چايشاپ يېپىنغان قىز ........ 286

«مۇڭ دەرۋىش» ........ 322

كەچكۈز شاماللىرى ........ 358

تىلىكى ئىجابەت بولمىغان يىگىت ........ 387

قايتقاندىن كېيىن ........ 422

زەھەرلىك يىلاننىڭ ئامىتى ........ 461

قانخۇمار چايانلار ........ 489

# جۇدۇندا ئېچىلغان گۈل

قۇربان ھاكىم ھېكمەتنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى، چاي قۇيۇپ، نان ئۇشتىدى ۋە كونا قەدىردانلاردەك «سەن» لەپ گەپ قىلدى. ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدە ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن «بىرمۇ ياخشىسى يوق ئوخشىمامدۇ؟» دېگەن گۇمان پەيدا بولۇپ قالغاچقا، قۇربان ھاكىمنىڭ ئىلتىپاتلىرىنى «قىلتاققا چۇشۇرۇش» چارىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ قالدى. شۇڭا، ئۇ ئۇندىمەي جىم ئولتۇردى. ھاكىم ئۇنىڭ پارقىراق كازىرۇكلۇك شەپكىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تولغىشىپ چىقىپ تۇرغان بۇدرە چاچلىرىغا، جىگەررەڭ پوپايكىسى ئۇستىدىن كىيىۋالغان تىك ياقىلىق «جۇڭسەنپۇ» چاپىنىغا قاراپ، ئۇنىڭ «لايچىلىق» قا تەييارلىنىپ كەلگەنلىكىنى مۇسەللىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇگۈن تۆتىنچى ئايغا بىر ئىدى.

— ھە، قېنى، بىر نەرسىلەردىن ئالغاچ ئولتۇرمامسەن! — دېدى ھاكىم خۇددى تەڭتۇشىغا سۆزلىگەندەك، — قورۇنما... ئازادە ئولتۇر...

— ئالدىم... ئېلىۋاتىمەن...

ھېكمەت چايدىن بىر ئوتلىغان بولسىمۇ، ئۇستەلدىكى نەرسىلەرگە قول ئۇزارتمىدى. ھەتتا قۇربان ھاكىمنىڭ چىرايىغا بىر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى. ئۇ كۆڭلىدە «پاتراق مۇشۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسەم... تالانىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قانغۇدەك تىنىپ نەپەس ئالسام» دېگەنلا ئوي بار ئىدى.

— ھاكىم، — دېدى ھېكمەت يەرگە قاراپ، — قىلدۇرىدىغان لايچىلىق ئىشلىرىم بار دېگەن ئىكەنلا، بولسا كۆرسىتىپ قويغان بولسىلا... مەن كەچ قالسام...

— لايچىلىق؟ — ھاكىم كۇلۇۋەتتى، — ئوقۇتقۇچىنى ئىشقا سېلىشقا ھەددىممۇ مېنىڭ؟... پەقەت سىنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇم، بەزى ئەھۋاللارنى ئۇققۇم كەلدى. ھە، توغرا، زەينىدىن ساڭا بىر نېمە دېدىمۇ؟

— دېدى، — ھېكمەت سۇلكەت قىلىپ ئولتۇرمىدى، — مېنى

يېگىئېرىق سۇ ئامبىرىغا سۈرگۈن قىپسىز! . . .

— سۈرگۈن؟ — ھاكىم ئېغىر تىندى، — سەن بۇنى سۈرگۈن دەپ چۈشىنەمسەن؟ ئۇنداق ئەمەس. ناھىيىلىك كومىتېتتا رەسمىي سىزغان ۋاقتىڭدا، ئىشخاناڭغا كىرىپ سىزغان دىئاگراممىلار، جەدۋەل، تەشۋىقات رەسىملىرىڭنى كۆردۈم. ھازىر يېگىئېرىق سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا سەندەك سىزىقچىلىقتىن خەۋىرى بار ئادەمدىن بىرسى دورا بولۇپ كەتتى. بىلەمسەن، بۇ دېگەن ئون يىللىق پىلان! . . . دادۇيدە، مەكتەپتە ئەمگەك قىلغىنىڭدىن كۆرە، كەسپىڭنى جارى قىلدۇرغىنىڭ تۈزۈك ئەمەسمۇ؟ . . .

ھېكمەت ئويلىنىپ قالدى. خۇددى ئادەم ئەپتىدىن بىلىنەر دېگەندەك، ئۇ ھاكىمنىڭ چىرايىدىن قۇۋۇلۇق - شۇملۇق، كىبىر، مەنمەنلىك ئالامەتلىرىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى، ھەرىكەتلىرى، سۆزلىگەن ۋاقتىدىكى چىراي مىمىكىلىرى شۇنچە سەممىي ۋە تەبىئىي ئىدى. ھېكمەتنىڭ تارتىنىش تۇرۇۋاتقىنى پەقەت گۈلزىبا ئىدى. ئەگەر ئۇ يېگىئېرىق سۇ ئامبىرىغا كەتسە، پات كېلەلمەيتتى، ئۆز مەھبۇبىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايتتى، بىراق بارمايمەن دېيىشكىمۇ ئامال يوقتە! بۇ دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ قارارى، ھاكىمنىڭ ھۆكۈمى تۇرسا! . . .

— بارسام باراي، لېكىن. . . — ھېكمەتنىڭ بېشى چۈشۈپ جىمىپ قالدى. . .

— لېكىن، گۈلزىباغا قىيالمايسەن، شۇنداقمۇ؟

— سىز؟ . . .

قۇربان ھاكىمنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، ئەڭ چوڭى ماھىنۇر ئون توققۇز ياشتا ئىدى. ئابلىز نەۋانىڭ تويى بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ماھىنۇر توينى گارمون، جىر، ناخشا - ئۇسسۇللار بىلەن قىزىتىۋەتكەن بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ھېكمەت توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا، خۇشال بولۇپ، خوتەن تەۋەسىدە بۇنداق توينىڭ بۇ چاغقىچە بولۇپ باقمىغانلىقىنى، قىز كۆچۈرگەندە، قىزنىڭ دىرۋازىدىكى ئاشپەز، ناۋايلارنىڭ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، قىقاس - چوقان كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ھەۋەسلىنىپ سۆزلەپ بەرگەن، ھەتتا دادىسىنىڭ

قۇلىقىغا: «شۇنداق تالانتلىق، خۇشپېئىل بىر بالا قايىت قىمارۋازنىڭ قىزى گۈلزىبا بىلەن توي قىلىدىكەن!» دېگەنىدى.

ھېكمەت ھاكىمنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، خىجىل بولۇپ، ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە «بۇ گەپلەرنى قىلمىسىلا ھاكىم... ھازىر كۆڭلۈم پاراكەندە...» دەپ قويدى. ھەرھالدا قۇربان ھاكىم ئۇنىڭغا گۈلزىبانى كۆرۈش ئۈچۈن پات - پات رۇخسەت بېرىدىغانلىقىنى، شېغىل، قۇم، تاش توشۇيدىغان ماشىنا، ھارۋا - ئۇلاغلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

گۈلزىبادىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان ھېكمەتنىڭ ئۇشۇق گەپ - سۆزلەرگە خۇشى يوق ئىدى. ئۇ ھاكىمنىڭ ئىشىنى پاتراق تۈگىتىپ، كەچ بولۇپ كەتكۈچە گۈلزىبا بىلەن كۆرۈشۈۋېلىش ئوتىدا ياناتتى. ئەگەر بۇ قېتىمقى ئىشلار يۈز بەرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن نىكاھ قىلىپ بولسىمۇ توي قىلىۋالماقچى ئىدى. ئەمدى يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا كەتسە، قاچان كېلىدۇ؟... نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىدۇ؟ كېرىموف بىلەن گۈلرۇز يەنە قانداق شۇملۇقلارنى قىلىدۇ؟ بۇ ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. گۈلزىبانىڭ ئاجىز تېنى بۇنداق ئېغىر بېسىملارغا بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟... ياكى ئۇمۇ زۇمرەت يولۇققان ئاقىۋەتكە دۇچار بولارمۇ؟... ئۇ ئىچى كۈچلۈك قىز، ئۆزىنى بىر نېمە قىلىۋالمىسىلا بولاتتىغۇ!...

ھېكمەت ئۆز دەردلىرىنى ئويلاپ بىئارام بولۇۋاتقان بۇ پەيتتە، قۇربان ھاكىممۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ: «بۇ گەپلەرنى قىلمىسىلا ھازىر كۆڭلۈم پاراكەندە...» دېگەن سۆزدىن كېيىن، «ھەربىي ئائىلىنى بۇزغان»، «چەتكە قېچىشقا ئۇرۇنغان» قاتارلىق بىرنەچچە تۈرلۈك مەسىلىنى ھېكمەتنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ بېقىش نىيىتىدىن ياندى.

— ھاكىم، ئىشلىرى بولسا كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىلا... مەدىكارلىرى خىزمەتتە بولسام...

— قارا سېنىڭ تىلىڭنىڭ ئاچچىقلىقىنى! بايا دېدىمغۇ، نەدىكى لايچىلىقكەن؟ زەينىدىنگە شۇنداق دېمىسەم، «سۆھبەتلىشىدىكەن» دەپ چۆچۈپ كېتىپ، ئارقاڭغا سايىدىن بىرنى سېلىپ قويامدۇ!... —

ھاكىم ھېكمەتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى، — سېنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باقاي دېۋىدىم، ئەمما ئانچە رايىڭ يوقتەك قىلىدۇ. . . بوپتۇ، كېيىنچە پۇرسەت چىقىپ قالار. . .

— ئەمىسە، كەتسەم بولامدۇ؟

— بوستانغا چىقىپ كېتىشكە ئانچە ئالدىرىما. ئاڭلىسام، شەھەردە كۆپ دوستلىرىڭ بار ئىكەن. ئۇلار بىلەن ئەسرا بولۇپ، مۇڭدىشىپ، دۈشەنبە ئەتىگەنگە ئۈلگۈرۈپ چىقىپ كەتسەڭمۇ بولىدۇ. مەن سېنى «بىر ـ ئىككى كۈن قارىشىپ بېرىدۇ» دەپ قويغان.

— رەھمەت ئىلتىپاتلىرىغا! — ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى.

— تولا تۇزۇت قىلىپ كەتمە. . .

ھېكمەت كوچىغا چىقىپ تىك كۆتۈرۈلگەن كۆنگە قارىدى. چۈش پېشىن بولۇپ قالغانىدى. قۇياش ياز تەپتىدەك نۇرىنى چېچىپ، ئىللىق شامال يېنىك ئۇرۇپ تۇراتتى. چوكان تاللىرى سۇس مايسا رەڭگىنى ئالغان مەجنۇنلار، ھويلا چۆنەكلىرىدە قوزۇقتەك مىقلىنىپ چىققان كارناي گۈلنىڭ قىپقىزىل نوتىلىرى، بالدۇرلا پوتلا چىقىرىۋالغان ياش كۆچەتلەر. . . كىچىك ئېرىقلاردا قىنىغا پاتماي بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان لاي سۇلار، پاكىزە سۈپۈرۈلگەن خوتەن كوچىلىرىغا باھار پەيزىنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

ھېكمەت دارىلمۇئەللىمىن كوچىسىغا بۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ بېقىنىدىكى پەس توپا يولغا چۈشتى. بۇ يول ئېگىز يارلىق بويلاپ ئەخمەتجان كوچىسىدىكى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ باراتتى. يار ئۈستىدە، كەڭ يېيىلىپ ياتقان مۇساپىرلار زەرەتكارلىقى بار ئىدى. ھېكمەت ھېلىقى شۇۋرغانلىق كېچىسى نەبىنى مۇشۇ يولدىن يۈدۈپ، غازاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىگە ئاپارغانىدى. ئۇ ئۆگزىلىرىگە كەپتەرخانا، ۋادىكلىك ئۆيلەرنى سېلىۋالغان تار ھەم ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلار بىلەن ئۆتتۈرلاپلا جامە ئالدىغا چىقتى ۋە ئاۋغان كوچىسىغا بۇرۇلدى. بۇ چاغدا، گۈلزىبا ھويلىدىن شۇنداق تېز چىقتى ـ دە، دەرۋازا ھالقىسىغا قولۇپ سالماقچى بولدى. لېكىن ئۇ ئارقىسىدا تۇرغان ھېكمەتنى

كۆرۈپلا ۋارقىرىۋەتتى:

— ھېكمەت! . . .

— ئۆيگە كىرەيلى! . . .

ھېكمەت ئۆيدە ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندى. گۈلزىبا دەرۋازا ئىلغىرىنى سېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ھويلا ئوتتۇرىسىدىلا ھېكمەتنىڭ باغرىغا تاشلاندى! ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايى پۇچۇلغانىدى، خۇمار كۆزلىرى قىزىرىپ، بادام قاپاقلىرى ئىششىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇ ھاسىرايتتى، چوڭقۇر نەپەس ئالاتتى. بۈگۈن ئەتىگەندىلا ھېكمەتنىڭ يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا سۈرگۈن قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان ماھىگۈل دەرسىنى تاشلاپ، ئۇدۇللا ئىككىنچى مەكتەپكە كەلگەنىدى. ئۇ ھېكمەتنىڭ شەھەرگە كىرىشىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، ئاچىسىغا دەرھال ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشىنى ئېيتىپلا كېتىپ قالدى. ئەتىگەندىن بېرى قولى ئىشقا بارمىغان گۈلزىبا چۈشتىلا رۇخسەت سوراپ يېنىپ كەلگەندە، قايىت، بۈمەرەمخان، گۈلرۇز، نەبلەر لۈپ سامپۇل يېزىسىدىكى تويغا تەييارلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى قايىتنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئوغلىنىڭ توينى قىلماقچى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچ كۈن ئەتراپىدا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان گۈلزىبا ئىچىدە خۇشال بولدى. شۇڭا ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپلا، بوستانغا ماڭغانىدى.

ھېكمەت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، گۈلزىبانىڭ ھۇجرىسىغا ئىشەنچلىك ھالدا قەدەم ئالدى. گۈلزىبا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چاي تەييارلىدى. چۈشلۈك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھېكمەت ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا، كۆڭۈل ـ كۆكسىدىكى ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ھېكمەت ئەلۋەتتە يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا خالىسانە ئەمگەككە كېتىۋاتقىنى يوق ئىدى! ئەمدى ئۇنىڭ كۈنلىرى دېكتاتۇرا ئاستىدىكى سۈرگۈندە ئۆتىدۇ. ئەركىنلىك نەلەردىدۇر قالغان. . . بەش ـ ئالتە ئاي ھەتتا بىر يىلغىچە كېلەلمەسلىكى مۇمكىن. ھېكمەتنىڭ قارا تەقدىرىنى ئاڭلىغان قايىت، كېرىموف، بۈمەرەمخانلار باشقىدىنلا تەيلىنىپ، گۈلزىباغا ھۇجۇمنى باشلايدۇ. . . بۇ بىچارە ناتىۋان بىر توپ ئوۋ ئىتلىرى

ئوتتۇرىسىدا قالغان ئاھۇدەك بىر يەرگە، بىر كۆككە باقىدۇ. «ئەكەل قولۇڭنى! » دېگۇدەك بىر ساخاۋەتچى چىقمايدۇ. . . ئۇنىڭ ئىشەنگەن تېغى يىقىلغان، يۆلىنىدىغان چىنارى سۇنغان، تۇن كېچىلەرنى يورۇتقۇچى مەشئىلى ئۆچكەن! . . . ئۇ نەلەردىدۇر چۆللەردە تەنها. . . بىئامال. . . بىقۇل. . . يۈرەك ھەم مەدەت بولىدىغان دوستلىرى رىجىم ئاستىدا سۈرگۈندە! . . . شۇنداق ئىكەن، گۈلزىبانى تەڭلىك زەنجىرىدە بوغۇپ قىيىنىغاننىڭ ئۇۋالى بولماسمۇ؟ . . . ياق، ئۇ ھېكمەتكە تارتىشمىسۇن! . . . ھېچقانداق چارە ـ تەدبىرى قالمىغان ھېكمەتمۇ ھەققە بويسۇنىدۇ. . . ئەمدى قايسى يۈزى، قايسى تىلى بىلەن «مېنى ساقلاڭ» دېيەلىسۇن؟ . . . بۇ يامانلار تەنتەنە قىلىدىغان، ياخشىلار خورلۇق تارتىدىغان شۇنداق رەزىل جاھان ئىكەن. . . ئادالەتسىز دۇنيا ئىكەن. . . بۇ رېئاللىقنى كىممۇ ئۆزگەرتەلىسۇن؟ . . .

— ياق! . . . ياق! ! . . . ياق ! ! ! — گۈلزىبا ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ ھېكمەتنىڭ مۈرىلىرىدىن سىلكىدى، — بۇ سىزنىڭ دىل ئىزھارىڭىز ئەمەس. . . ئوتتىڭىزدا كۆيۈپ، تېنىمدىن بىر سىقىم كۈل قالسىمۇ، تەشنالىقتىن سىما دەرىخىم قۇرۇپ يىقىلسىمۇ. . . سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك، دەشتى ـ باياۋاندا يىگانە قالسامۇ. . . مەن سىزنى ساقلايمەن. . . مېنىڭ قەلبىم، پۈتۈن ھاياتىم سىزگە تەئەللۇق. . . بىر ئاي بولدى، كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كەتتىڭىز. . . ھەر كۈنى يولىڭىزغا قارايمەن. . . يامان خىياللار ئىلكىدە تېنىم سىرقىرايدۇ. . . ئېيتىڭا، ھېكمەت. . . ياق، ياق! مەن ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدىم! . . . سىزمۇ ھېچنېمە دېمىدىڭىز. . . مەن پەقەت شۇنىلا ئاڭلاپ قالدىم. . . سىز مېنى سۆيىسىز. . . ياخشى كۆرىسىز. . . شۇنداق ئەمەسمۇ! . . . ماڭا شۇلا كۇپايە. . . ئاھ، مېنىڭ ھېكمىتىم. . . خۇشپېئىلىم. . .

— گۈلزىبا! . . . گۈلزىبارىم! . . . مېنىڭ يالغۇز گۈلۈم! . . . — ھېكمەت ئۈن سېلىپ يىغلىغانچە، گۈلزىبانى قاتتىق قۇچاقلىۋالدى.

گۈلزىبا ئۆزىنى ھېكمەتكە ئاتىۋەتكەنىدى. كىم بىلسۇن بۇنداق كۆنلەرگە قېلىشنى! . . . ئۇ تۆرەلمىسە، تۇغۇلمىسا، ياشىمىسا بوپتىكەن! . . . ئۇ

چاغدا، ھېكمەتنىمۇ كۆرمىگەن، ئوتىدا كۆيمىگەن، بۈگۈنكى دەردۇ بالالارغا مۇپتىلا بولمىغان بولار ئىدى. . . بۇ ئالەم مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغانىكەن. . . ئادەملەر شۇ مەنپەئەتنىڭ قۇللىرى ئىكەن. . . قايىت پۇل ئۈچۈن گۈلزىبانى ساتماقچى بولسا، بۇمەرەمخان ئائىلىسىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئۇنى قۇربان قىلماقچى! . . . كېرىموف شەھۋانىي نەپسى بالاسىدا گۈلزىبانى خورلىماقچى. . . گۈلرۇز ھەسەت ۋەجىدىن ئۇنى ۋەيران قىلىش كويىدا! . . .

ھېكمەت چوشقا قوتىنىدا ئىشلەۋاتقان كۈندىن باشلاپ، بۇمەرەمخان ھەر كېچىسى دېگۈدەك گۈلزىباغا «نەسىھەت» قىلاتتى. ئەلۋەتتە قۇرت ئۆملەپ ئۆتۈپ كەتسىمۇ ئىزى قالىدۇ! . . . ھازىر بۇمەرەمخاننىڭ كۆڭلىدە، ماھىگۈل، نەبىلەرنى قۇتقۇزۇۋالغان، ياردەم قولىنى سۇنغان، ماھىگۈلنى چىقىم تارتقۇزماي ئوقۇتۇۋاتقان ساخاۋەتلىك ئىشلارنىڭ سايىسىمۇ قالمىغانىدى. ئۇ، ھەر سۆزىدە، كېرىموفنىڭ قولى ئۇچۇق، كۆڭۈلچەك، پۇللۇق ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتسە، تۇرمۇش سورۇقچىلىقى تارتمايدىغانلىقىنى سۆزلەيتتى. ھېكمەت توغرۇلۇق بولسا، «ئىنچىكە شاخنى قۇچقاچمۇ ئېگىدۇ، ھېچنېمىسى يوق مۇساپىر، ئۇنى ھۆكۈمەتمۇ، تەشكىلمۇ، زەيىنىدىنەك ئادەملەرمۇ بوزەك قىلىدۇ. كېيىنچە پۇشايمان يەيسەن. . . » دەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتماقچى بولاتتى. تاقىتى چېكىگە يەتكەن گۈلزىبا بىرنەچچە قېتىم ئانىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. ھەر كۈنى ئېرىدىن «ساۋاق» ئېلىۋاتقان بۇمەرەمخان ئۇلغىماچنى چىڭىتىپ، بېسىم ئىشلىتىشكە كۆچتى. ئۇ بىرىنىڭ بىر يۈز يەنىنىڭ قۇدرەت - كۈچى، قورۇ - جايدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولۇش ئېھتىماللىرىنى سۆزلەپ، تەھدىت سالدى. مانا بۈگۈنمۇ تويغا مېڭىشنىڭ ئالدىدا: «قىزىم يالغۇز قالدىڭىز، ئوبدان ئويلاڭ. . . مېنى، ئۇكىلىرىڭىزنى. . . ئىسسىق ئۆيىمىزنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ. . . » دەپ تاپىلىدى. ئەمدى ھېكمەت سۇ ئامبىرىغا كىرىپ كەتسە، ئۇلار قانچىلىك خۇشال بولۇپ، يەنە قانداق. . . بېسىملارنى ئىشلىتەر؟ بۇمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىش ئىدى. . .

گۈلزىبانى قورقۇنچ بېسىۋالدى. گويا قارا قۇيۇن پىرقىراپ كېلىپ ئۆز قوينىغا ئېلىۋاتقاندەك... قانداقتۇر يىرگىنىشلىك بىر مەخلۇق ئۇنىڭ ئۇقا پېيىدەك ئاق ھەم يۇمران بەدىنىنى سىيلاۋاتقاندەك... بىلىندى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، چەكچەيگەن كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا قارىدى...

— ياق، ھېكمەت، بىز... بىز ھازىرلا توي قىلايلى... مېنىڭ تۇنجى پاك ئىشقىمنى سىز ئېلىپ كېتىڭ!... ئۇنىڭدىن كېيىن... مەن بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتەي... ماقۇل دەڭ... ئۇلار قىلمەن دېگىنىنى قىلماي قالمايدۇ. مەن قاباھەتلىك يىلان ـ چايانلارنىڭ ئارىسىدا يېتىشقا رازىمەنكى، ئۇنداق ئىپلاس... ۋەھشىي ياۋۇزغا ئۆزۈمنى تۇتقۇزمايمەن!...

— گۈلزىبا سىزگە نېمە بولدى؟... ئېسىڭىز جايىدىمۇ...— ھېكمەت ئۇنىڭ يۈزىنى ئالقىنىغا ئالدى، — مەن قاچان قايتىپ كېلىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمىسەم!...

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن شۇنداق قارارغا كەلدىم!...

گۈلزىبانىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى نازۇك بىر پىلان كەلگەنىدى. ئەگەر ئۇلار توي ئىشىنى قارارلاشتۇرسا، ئۇلارنى بىر ئېغىز سۆزى بىلەن ۋەيران قىلىشنى دىلىغا پۈككەنىدى. ھېكمەت بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرىكى گۈلزىبا بىلەن قىلغان مەسلىھەتنى ئېسىگە ئالدى. بۇ مەسلىھەتنى بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئاقمۇللا ئىمام ئۆز ئاغزى بىلەن ھېكمەتكە دېگەنىدى.

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا بىر ـ بىرلىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇزاق تەلمۈرۈپ قاراشتى. ھەسرەتلىك ياشلار يىغىلىۋاتقان ئىككى كۆز تەپەككۇر سۆھبىتى قىلىۋاتاتتى. دىللىرى بولسا قەسىمىنى ياد ئەتمەكتە ئىدى. ئادەتتە، قەلبلىرى سىرداش، يۈرەكلىرى ئۆزئارا قوشۇلغان كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدىلا ئەمەس ھەتتاكى مەنىلىك بېقىشلىرىدىمۇ ئالەمچە مەنا بولىدۇ...

ئۇلار ئاقمۇللا ئىمامنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى. ئىمام بېغىچى يىپ بىلەن باغلانغان كۆزەينىكىنى تاقىۋېلىپ، شىرەدە كىتاب كۆرۈۋاتاتتى. كۆرمىگىلى خېلى ئۇزاق بولۇپ قالغاچقىمۇ، ئۇ تېخىمۇ قېرىپ، ساقاللىرى

شالاڭلىشىپ، سۇۋارى ئاقىرىپ كەتكەندەك بىلىندى. ئىمام كۆزەينىكى ئۈستىدىن قارىدى - دە،، كىتابلىرىنى يىغىشتۇردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئىمام ھەزرەتلىرى، — ھېكمەت قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەزىم بىجا كەلتۇردى، — تەنلىرى ساق، ئۆزلىرى ئوبدان تۇردىلىمىكى؟

— ئەلھەمدۇلىللا شۇكرى، قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭلار بالىلىرىم. . .

ئىمام چاي قىلىش تەرەددۇتىنى قىلىۋىدى، گۈلزىبا ئۇنىڭ قولىدىكى چەينەكنى ئېلىپ، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھېكمەت بىلەن ئاقمۇللا ئىمام قايتىدىن ھال - مۇڭ سوراشقاندىن كېيىن، بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. ھېكمەتنىڭ ئىچىدىكىنى دېيەلمەي قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىمام ئۇنىڭغا مەدەت ۋە ئىلھام بەردى. ھېكمەت، جامال توختى ۋە كېرىموفلارنىڭ گۈلزىبانىڭ پېيىگە چۈشۈپ قىلىۋاتقان رەزىللىكلىرى، قايىت ۋە بۈمەرەمخانلارنىڭ پۇل ئۈچۈن قىزىغا سېلىۋاتقان زۇلۇمى، يامانلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ، دەردىنى تۆكتى. ئۇ يىغىئېرىق سۇ ئامبىرىغا كىرىپ كەتسە قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى، ھەر ئىككىسىنى قانداق قارا كۈنلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ، كۆز يېشى قىلدى. ئۆز ۋاقتىدا ئاقمۇللا ئىمامنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئەيىبلەشتى.

گۈلزىبا چاي ئېلىپ كىردى. ئۇلار قىزىق چايدىن ئوتلىغاچ، بىردەم ئولتۇرۇشتى. ئىمام چىقىپ كەتمەكچى بولغان گۈلزىباغا «ئولتۇرۇڭ!» دەپ ئىشارەت قىلدى ۋە سالاپەتلىككىنە يۆتىلىپ قويدى.

— بالىلىرىم، خىرىس قىلغان ئىت چىشلىمەي قالمايدۇ. . . — دېدى ئىمام قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەن كالا ھامان تېزەكلەيدۇ. . . يۇزلىرىنى سىيپاپ، — مەن كېرىموفنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ شۇم نىيەتلىك، قارا كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىنى مۇسەللىگەن. . . ، بولۇپمۇ شىۋىرغانلىق كېچىدە، ئۇنىڭ مەس - ئەلەس بىسىپ كېلىپ كۆتۈرگەن غەۋغاسى، ناشايان قىلىقلىرى، ھاياسىز تىل - ھاقارەتلىرى مۇسۇلمان بەندە ئۈچۈن

كەچۈرگۈسىز گۇناھ. . . بىر قىزنى نىكاھىغا ئالماي تۇرۇپ، شۇنداق رەسۋايى ئالەم بولۇپ يۈرگەن ئادەمنى قانداقمۇ نىيىتى خالىس دېگىلى بولسۇن؟ . . . كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا قىزىم، — ئىمام گۈلزىباغا قارىدى، — ئانىلىرىغۇ ياۋاش مەزلۇم، ئەمما ئېرىنىڭ سىزنىقىدىن چىقالمايدۇ. قايىت بولسا پۇل ئۈچۈن ئاغزى قان بۆرىنىمۇ ئۆيگە باشلايدۇ. . . خۇدانىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرىگە بىرنېمە دېمەك تەس ئىكەن. . . ئاللاھنىڭ سېلىدەك دىلىدا ئىمانى بار، ھايالىق، پەزىلەتلىك قىزنى ئاشۇنداق گۆرى زىندانغا مەھكۇم قىلغانلىقىغا ھەسسىنا دەيمەن. . .

— گۈلزىبانىڭ كېيىنكى ئاقىۋەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس، — دېدى ھېكمەت ئۈمىدسىز كۆزلىرى بىلەن قاراپ، — شۇڭا بىز. . .

— سەۋر قىلسىلا بالام، — دېدى ئىمام قولىنى كۆتۈرۈپ، — ئۇخلىسام، قوپسام، مېنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادىم گۈلزىبا خېنىمدا. . . ئۇنىڭ بېشىغا قارا كۈنلەرنىڭ سايە سېلىشىنى ئويلىساملا، نامازلىرىمدىن ئازىمەن. . . نوتىدەك بىر ناتىۋاننىڭ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن بۇ ۋاپاسىز دۇنياغا تەلمۈرۈپ قارىشى كۆز ئالدىمغا كەلسە، مەن قېرىنىڭ ئاجىز تېنى يوپۇرماقتەك تىترەيدۇ. . . پەقەت مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى ئاللاھقا سېغىنىش. . . يارانقان ئىگىسىدىن رەھىم ـ شەپقەت ۋە ئىنايەت تىلەش. . . — ئاقمۇللا ئىمام ئاپئاق شالاڭ ساقاللىرىنى سىپىدى، — سىلەرنىڭ بايا بوسۇغىدىن قەدەم ئېلىشىڭلار بىلەنلا، نېمە ۋەجىدىن كەلگىنىڭلارنى چىرايىڭلاردىن بىلىپ بولغان ئىدىم! . . .

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا خىجىللىق ئىلكىدە بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى.

— سىلەر نىكاھ ئوقۇتۇش ئۈچۈن كەلدىڭلارغۇ دەيمەن؟ . . . — ئىمام ئۇلارنىڭ چىرايىغا قارىمىدى، — ياكى خاتا پەرەز قىلدىممۇ؟. . .

— تەقسىرنىڭ تەسەۋۋۇرى نەق بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى ئارزۇيىمىز، — دېدى ھېكمەت ئەدەپ بىلەن، — قالدىسىدا ئۆزلىرىنىڭ مەسلىھەت ۋە تەنبىھلىرىگە موھتاجمىز. . .

— بولىدۇ بالىلىرىم. ئەسلىدە ھازىرقى زامان قائىدىسى بويىچە توي

خېتى ئالماق كېرەك ئىدى. بىراق زامان ئۇنىڭغا يار بولمىغانىكەن، ئاللاھنىڭ نىكاھ پاتىھەسىنى قىلىش پەرھىزدۇر. . . قەدىم ـ ئايەمدىن تارتىپ ھەم شۇنداق بولۇپ كەلگەن! . . . — ئىمام ئىككى دەردمەنگە قارىدى، — قارا بوران تۆگىنى ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقاندا، تۆگىمىدىن ئەنسىرەش بى ھاجەت. سىلەر تەرەت ئېلىپ، پاكىزە كىيىنىپ، غەمخانەمگە كېلىڭلار. . . نىكاھنى مەنلا ئوقۇسام بولمايدۇ، يەنە بىرنەچچە مۇسۇلمان شاھىد بولۇپ، ئۈستىدە تۇرۇشى كېرەك. . .

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا رەھمەت ۋە ھەشقاللا ئېيتىپ چىقىشى بىلەن، ئاقمۇللا ئىمامنىڭ جامەدىكى تالىپلاردىن چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

گۈلزىبا پاكىزە يۇيۇنۇپ، ئۆز ھۇجرىسىدا ياسىنىپ تارانماقتا ئىدى. . . ھېكمەت بولسا ھويلىدا تەرەت ئېلىپ بولۇپ، ھۇجرا ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئىشىكمۇ ئېچىلىپ، ھۇپپىدە قىزارغان ئاناردەك يۈزلەر كۆرۈندى. ھېكمەت ئەيمىنىپكىنە ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. گۈلزىبا ئۇنىڭغا پۇل ھەم ئاشلىق بېلىتى سۇنۇپ، نان ھەم سامسا ئەكىلىشنى بۇيرۇدى. ھېكمەت ئۆزىدە پۇل بارلىقىنى ئېيتىپ، بېلەتنى ئالدى ـ دە، بازارغا كەتتى. ئۇ ئانچە ھايال بولمايلا، بىر دەستە نان، سامسا ھەم ناۋات كۆتۈرۈپ كەلدى. گۈلزىبا ئۇنى پاكىزە داستىخانغا يۆگەپ ئورىدى. تويى بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئىككى دەردمەن يۈرەك بىر ـ بىرىگە تەلپۈنەتتى، تەرەببا ئۇچرىشىپ قالغان كۆزلىرىنى نەلەرگىدۇر ئېلىپ قاچاتتى. . . يۈزلىرى قىزىرىپ، قۇلاقلىرى قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئاقمۇللا ئىمامنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئىمامدىن باشقا يەنە ئۈچ ئادەم يۈكۈنۈپ تۆردە ئولتۇراتتى. ھېكمەت داستىخاننى ئېچىپ، يېمەكلىكلەرنى رەتى بويىچە تىزىپ قويغاندىن كېيىن، تاردا قول قوشتۇرۇپ يەرگە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ قېشىدىكى گۈلزىبا بېشىغا ئۇزۇن چۈچىلىق رومال ئارتىپ يۈزلىرىنى توسۇۋالغانىدى. ئىمام ناننى ئۇشتۇپ، چىنىدىكى تۇز سۈيىگە چىلىدى. ئاندىن نىكاھنى باشلىدى. ئۇلار «قوبۇل ئەتتىڭىزمۇ؟»، «قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن،

ئىمام سۈنغان چىنىدىكى تۇزلۇق ناننى قوللىرىغا ئېلىشتى. . . ئۇلارنىڭ ئىككى ياشنىڭ تەقدىرىنى باغلايدىغان بۇ خاسىيەتلىك ناننى تالىشىپ ھەم قىزغىنىشىپ ئاغزىلىرىغا سېلىپ قويىدىغان يىگىت ھەم قىز قولداشلىرى، دوست - يارەنلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار ئىمام، شاھىدلارنىڭ «مۇبارەك بولسۇن! » دېگەن تىلەكلىرىگە تەزىم بىجا كەلتۈرۈش بىلەن جاۋاب بەردى.

— بالىلىرىم، سىلەر ئاللانىڭ نىكاھ پاتىھەسى بىلەن ئەر - خوتۇن بولدۇڭلار، — دېدى ئىمام دۇئا قىلىپ، — بىر - بىرىڭلارنى ئىززەتلەش، ھۆرمەتلەش، دەردۇ ھالىڭلارغا يېتىش مىزانىڭلار بولسۇن. . . بۇ تۆت كۆنلۈك ئالەم، خاپا ئۆتسەڭمۇ، شاد بولساڭمۇ بەربىر ئۆتۈپ كېتىدۇ! بالام ھېكمەتجان، ئۆزلىرى ئاق كۆڭۈل، دىيانەتلىك بالا! . . . گۈلزىبا خېنىمنىڭ دىلىنىڭ نەقەدەر سۇنۇقلىقى، روھىنىڭ مىسكىنلىكى كۆڭۈل خەزىنىلىرىدىن زىنھار كۆتۈرۈلمىسۇن! . . .

— رەھمەت ئىمام، نەسىھەتلىرى دىل پىنھانلىرىمدا بولىدۇ، ھەرقايسىلىرىغىمۇ تەشەككۇر! . . . ھېكمەت قايتا تەزىم قىلدى.

— ئەمدى بالىلىرىم سىلەر، — ئىمام گۈلزىبانىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ، كۆڭلى بۇزۇلدىمۇ، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ چىقتى، — ئەزىم دەريا يۈرۈڭقاش بويلىرىغا بېرىڭلار. . . دېگەر ۋاقتىغىچە، ئانا دەريا سۇلىرىغا ھەسرەت - پىغانىڭلارنى تۆكۈپ، بىر ئاللاھدىن بەختۇ ئىقبالىڭلارنى تىلەڭلار! . . .

ھېكمەت، گۈلزىبا ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن قايتىپ چىقتى. گۈلزىبانىڭ چىرايى خېلى نۇرلىنىپ قالغان بولسىمۇ، بوتا كۆزلىرىدىكى ئاللىقانداق يوشۇرۇن غەم - ئەندىشە تېخى يوقالمىغانىدى. ھېكمەت ئۇنى باغرىغا باستى. . . قىزنىڭ چاچلىرىدىن، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن مۇشكى - ئەنبەر ھىدلىرى چېچىلىپ تۇراتتى.

كۈن يۈرۈڭقاش ۋادىلىرىغا قىڭغايغانىدى. تىنىق ئاسماندا، ئۈزۈپ يۈرگەن شالاڭ ساغۇچ بۇلۇتلاردىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا يۈرۈڭقاش دەرياسى بويىغا كەلدى. بۇ كەلكۈن پەسلى بولمىغاچقا، تارام - تاراملاردا ئېقىۋاتقان سۇلار شۇنچىلىك سۈزۈك

ئىدىكى، ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئۇششاق رەڭدار تاشلارغىچە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار كۆۋرۈك ئاستىدىكى شىغىللىق بىلەن كەنت ئىزنالىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە قورام تاشلار چۇقچايغان ئۇلۇق ئېقىن بويىدا توختاشتى. . . هەر ئىككىلىسى سىرلىق سۈكۈنات ئىچىدە، سۇغا قاراپ ئۆز ـ ئۆزىدىن جىمىپ كەتتى. شۇنداق، ئۇلار ئانا دەريا سۇلىرىغا دەردلىرىنى تۆكۈپ، كەلگۈسى ياخشى كۈنلەرنى تىلەۋاتاتتى. . . مېھرىبان ئانا باللىرىنىڭ ئەلەملىك نىدالىرىنى ئاڭلاپ يىغلىدى، ياش تامچىلىرى تاشلاردىن سىيرىلىپ پەسكە ئاقاتتى. . . بەزىدە غەزەپلەنگەندەك شاۋقۇنلايتتى. . . ئاستا شىۋىرلاپ تەسەللى بېرەتتى. . . بەخت ـ ئامەتلەر تىلەيتتى. ھېكمەت دۇردەك تۆكۈلگەن ياشلىرى بىلەن: «ئايالىنىڭ ئامانلىقىنى، ئۇنى يامان كۆزدىن نېرى قىلىشىنى، بالا ـ قازادىن ساقلىشىنى» ئۆتۈنۈپ سورايتتى. گۈلزىبامۇ «دۇنيادا بىرلا يالغۇزى، دىلكىشى، ھەمراھى، سىردىشى بولغان ۋاپادار ئېرىنىڭ پاتىراق قايتىپ كېلىشىنى، ئامان ـ ئېسەن ۋىسالىغا ئېرىشتۈرۈشنى، ئۇنى جۇدالىق، زارىقىش ئازابلىرىدا قىينىماسلىقنى تىلەيتتى.

ئۇلار دەريا قاسناقلىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان شالاڭ دەرەخلىككە كېلىشتى. بۇ يەردىكى بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا بىرقانچە تۈپ كۆك تېرەكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى جىگدە كۆچەتلىرى ئىدى. بەلكىم، بۇ، دەريا قىرغاقلىرىنى كەلكۈن سۇلىرى ئۇيۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەر يىلى تىكىلىۋاتقان جىرىملاردىن تۇتۇپ قالغانلىرى بولسا كېرەك. ھېكمەت يۆلىنىپ تۇرغان تېرەكنىڭ سىيلىق، كۆپكۆك غولىغا قاراپ، كۆڭلىدىن بىر ئىش كەچتى بولغاي، كىچىككىنە قەلەمتىراچنى ئالدى. ئۇ تېرەك قوۋزۇقىنى ئەپچىللىك بىلەن كېسىپ يوپۇرماق شەكلىدە يۈرەكنى ئويدى. بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن گۈلزىبامۇ ئۇنىڭغا گىرەلەشتۈرۈپ يەنە بىر يۈرەكنى ئويدى ـ دە، ئاستىغا يىلىنىمۇ چىقاردى. ھېكمەت يىلغا ياندىشتۇرۇپلا «1.4» دېگەن سانلارنى چىرايلىق ئويدى. بۇ ئۇلارنىڭ توي قىلغان كۈنى — «4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى» دېگەن مەنانى بىلدۈرەتتى.

— شاھىدتىن يەنە بىرسى كۆپەيدى، — دېدى ھېكمەت ئايالىغا

قاراپ، — بۇ دەرەخمۇ تويىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولسۇن! . . .

— بۇ ئىككى يۇرەك دەرەخنىڭ قانلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەي، — گۇلزىبا تارتىنىپقىنا كۇلۇمسىرىدى.

— ئاھ، كۆك تېرەك، تويىمىزنىڭ ئاقىۋىتىگە خەيرلىك تىلىگىن! . . . — ھېكمەت ئۇيۇلغان خەتلەرنى سۆيدى. . .

— ھېكمەتنىڭ مېنىڭ قېشىمغا پاتىراق قايتىپ كېلىشىنى بىر ئاللاھدىن تىلىگىن. . .

ھېكمەت گۇلزىبانى قۇچاقلىدى. قىزنىڭ كىچىك قەلەمتىراچىنى سىقىمداۋاتقان قوللىرى ئېرىنىڭ مەيدىسىدە ئىدى. گۇلزىبا ئىنچىكە زەنجىرلىك، ئاپئاق سۆڭەك دەستىسىگە ئىجىر - مىجىر خەتلەر ئۇيۇلغان، يەنە بىر تەرىپىگە خىرىس قىلغان قۇشنى ئاتماقچى بولغان ئادەم سۈرىتى سىزىلغان چىمچىلاق قولدەك چوڭلۇقتىكى قەلەمتىراچنى ھېكمەتنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويغان ھالدا كۆرۈۋاتاتتى.

— ھېكمەت، بۇ قەلەمتىراچنى مەن بۇرۇن كۆرمىگەنغۇ؟

— بۇ دادام بەرگەن تەۋەرۈك. . . يىتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، — دېدى ھېكمەت قىزنىڭ چاچلىرىنى سىيلاپ، — ناھايىتى پىنھان ساقلايمەن. . .

. . . 57 - يىلى، ھېكمەت ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا ماڭماقچى بولدى. ئېلى ئاكىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ھويلىدىكى چايخانىغا كىگىز سېلىپ، قوڭۇر رەڭلىك شىرە قويۇلدى. ھېكمەتنىڭ ئاپىسى گۆش نان سالدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئېلى ئاكا ئېتىك، ئەقىللىق ئوغلى ھېكمەتكە دۇئا بەردى. ئېھتىمال ئوغلىنى قايتا كۆرەلمەي قالارمەنمىكىن دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى ۋە پاختىلىق جىلىتكىسىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن مۇشۇ قەلەمتىراچنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. ھېكمەت بۇ قەلەمتىراچنىڭ دەستىسىدىكى خەت ھەم رەسىملەر ھەققىدە دادىسىدىن كىچىككىنە بىر ھېكايىنى ئاڭلىغانىدى.

ئېلى ئاكا چېلەك رايونىدىكى يەھيار ئىسىملىك بىر يېزا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. بىر كۈنى يەھيار مەكتىپىدىن


64.4.

كەچلەپ ئىلەڭ - سىلەڭ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى قان ئۇيۇپ كەتكەندەك قارىداپ قالغانىدى. ئۇ «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ» دەپ، ئۈچ كۈن يېتىپلا، سەھەرلىكى جان ئۈزۈپ قالدى. ئۈچ بالا بىلەن تۇل قالغان ئانا قارىغۇچىسىز قالدى. جامائەتنىڭ نەسىھەتى بىلەن چوڭ ئوغلىنى بىر باي بېقىۋالدى. سەككىز ياشلىق ئېلىنى ياشانغان بىر تىككۈچى ئېلىپ كەتتى. كىچىك بالىسى بىلەن قالغان ئانا باشقا يۇرتقا ياتلىق بولۇپ كېتىپ قالدى.

ئېلى بىر ياقتىن ئوقۇپ، بىر ياقتىن بېقىۋالغان دادىسىدىن ھۈنەر ئۆگەندى. ئۇ، ھۈنەردە كامالەتكە يېتىپ، نامى چىقىۋاتقان مەزگىللەردە، ئاسىرىۋالغان ئاتا - ئانىسى ئارقا - ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. تىرىكچىلىكنىڭ كويىدا، يىگىرمە ئىككى ياشلىق ئېلى جاھان كېزىپ پىرژېۋالىسكىيغا بېرىپ قالدى. ياپيېشىل تاغلار، ئېدىرلار بىلەن قاپلانغان بۇ كىچىككىنە شەھەردە، ئۇنىڭ ئىش - ئوقىتى بىردىنلا يۈرۈشۈپ كەتتى.

ئۇ، دەم ئالغان چاغلىرىدا، شەھەرنىڭ مەركىزىي كىندىكىگە بېرىپ، پىرژېۋالىسكىينىڭ تاشتىن ئويۇلغان ئاجايىپ زور ھەيكىلىنى تاماشا قىلاتتى. ھەيكەلنىڭ تەسۋىرىدە، قاناتلىرىنى كەرگەن بۈركۈت پىرژېۋالىسكىينىڭ گەجگىسىنى قاماللىغان، ئۇنىڭ كۆتۈرۈلگەن يەنە بىر پۇتىنى بولسا پىرژېۋالىسكىي تۇتۇۋالغانىدى. پىرژېۋالىسكىينىڭ سول قولىدا قەدىمىي مىلتىق بار ئىدى. بۇ ھەيكەلنىڭ تارىخىي تەزكىرىسى مۇنداق ئىدى: چوڭ كېنەز پىرژېۋالىسكىي ساياھەت قىلىپ، كۆكۆلمەيدانلىق تاغ ئارىسىغا كىرىپ قالىدۇ. ئۇ تەكشۈرۈپ، بۇ يەرنىڭ يەرلىرى مۇنبەت، سۈيى مول، ھاۋاسى ساپ ئىكەنلىكىنى، ئادەم يۆتكەپ كېلىپ شەھەر بەرپا قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما، بۇ تاغ ئارىسىدا، بىر بۈركۈت ئۇنىڭ بېشىدىن ئايلىنىپ كەتمەيدۇ. بەلكى ئۇ قەدىمىي ماكانىغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولغان پىرژېۋالىسكىينىڭ نىيىتىنى بىلىپ قالغان بولسا كېرەك. . . پىرژېۋالىسكىي تۇنجى قېتىم ئادەم يۆتكەپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بۈركۈت ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ.

بۇ ھەيكەل مانا شۇ ۋەقەنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن قويۇلغانىدى.

ئېلى ئاكا پىرژېۋالىسكىيدا تۇرۇشلۇق بىر ئۇيغۇرنىڭ كىيىم -

كېچەكلىرىنى تىكىپ بەرگەندە، ئۇنىڭ قىزى يالداما سۈپىتىدە بۇ قەلەمتىراچنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغانىدى... ئېلى ئاكا يات يەرلەردە مۇساپىرچىلىق ئازابلىرىنى تارتىپ، سەرسان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا، ئۆزىگە ھەمراھ بولغان بۇ قەلەمتىراچنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى. ئۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆتمۈش خاتىرىلىرىنى ئەسكە ئالاتتى.

... ھېكايىنىڭ تەسىرىدىن جىمىپ كەتكەن گۈلزىبا ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىگە سىرلىق بىر مەنا بىلەن قارىدى:

— ھېكمەت، سىزنىڭ دادىڭىز، مېنىڭمۇ دادام... — گۈلزىبا قىزىرىپ كەتتى، — بۇ قەلەمتىراچ سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ماڭا ھەمراھ بولسۇن... بولامدۇ؟ بۇ يېنىمدا تۇرسا، سىز يېنىمدا تۇرغاندەك، كۆڭلۈم توق، يۈرىكىم پۈتۈن تۇرىدۇ...

— بولىدۇ گۈلى ... ئەگەر كۆڭلىڭىزلا ئارام تاپسا، جېنىم بولسىمۇ سىزگە تەسەددۇق!...

قۇياش دەريانىڭ ئۇ قاسنىقىدىكى چاھارباغ، جىيا، گىجى كەنتلىرىنى ئوتقاشتەك تاۋلاپ پاتماقتا ئىدى. ئۇ خۇددى قان دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئوتلۇق شارغا ئوخشايتتى... لوپ قىرغاقلىرىنى سۆيۈپ كېلىۋاتقان دەريا سۈيى خۇددى ئۇۋۇلۇپ كەتكەن سانسىز قىزىل قاشتېشىدەك ۋىلقىلداپ، كۆزلەرنى چاقاتتى. پۈتۈن يۇرۇڭقاش ۋادىسى بىنەپشەرەڭ نۇر ئىلكىدە تاۋلىنىپ، يىراقتىكى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ تەسكەيلىرى سۆسۈن رەڭ سايىلار بىلەن بىزەلگەنىدى...

سالقىن شامال ئىسىشكە باشلىدى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا دەريا ساھىللىرىنى يەنە بىردەم تاماشا قىلىپ قايتقاندا، تۇمانلىق ئاسماندا قىزغۇچ شەپەق ئۆچۈپ، ياش ئاينىڭ ئىنچىكە ئورغىقى كۆرۈندى، گۇگۇملۇق جىمىلىقتا، يىراقتىكى مۇنارلاردىن مەزىنلەرنىڭ سوزۇق ۋە مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى ياڭرىدى...

ئۇلار ھويلىغا كىرىپ، ئەگۈن تاقىقىنى سالغاندا، گۈلزىبانىڭ تەنلىرى تىترەپ، يۈرىكى رىتىمىدىن ئازماقتا ئىدى. ئۇ ھۇجرا ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ قالدى ـ دە، بىردىنلا ئابلىز نەۋانىڭ تويىدا قىزنى ھۇجرىغا

ئېلىپ كىرگەن ۋاقتىدا سۇرگەن خىياللىرى ئېسىدىن كەچتى. ھازىر ئۇنىڭغا بەخت، سائادەت تىلەپ، ھۇجرىغا ئۈزتىپ ئەكىرىدىغان دوستلىرى، توي كېچىسىدىكى قائىدىلەرنى ئۆگىتىدىغان يەڭگىلەرمۇ يوق ئىدى. ھېكمەت گۇلزىبانى دەست كۆتۈرۈپ، ھۇجرىغا ئېلىپ كىردى ۋە بىر ـ بىرىگە قارىيالمىغان ھالدا چاي ئىچىشتى.

گۇلزىبا كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان سۇمبۇل چاچلىرىنى ئاپئاق يوتقان ـ كۆرپىلەرگە تەرتىپسىز يېيىلدۇرۇپ ياتاتتى... ئۇ پىشقان ئالمىدەك يۇپيۇمىلاق كۆكرەكلىرىنى تاۋار يوتقان ئىچىگە يوشۇرغانىدى.

— ھېكمەت!...

گۇلزىبانىڭ بەكمۇ ئاستا شىۋىرلىشىدا ئالىلىقانداق قورقۇنچ، تەلمۈرگەن ھايالىق كۆزلىرىدە نازۇك يېلىنىش ئالامىتى كۆرۈندى... ھېكمەت جاۋاب ئورنىدا ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى ۋە سۇس تىترەۋاتقان ھال رەڭ لەۋلىرىگە، مەڭزىدىكى قىزىل خالىغا سۆيدى. گۇلزىبا كۆزلىرىنى يۇمدى... يۈزلىرى لاۋۇلداپ ئوت ئالدى... ئۇ تىترەيتتى... لەۋلىرى چوغدەك قىزىق، كۆكرەكلىرى تولغان ئەمما قول تەگمىگەن شاپتۇلدەك يۇپيۇمىلاق، سىيلىق ۋە چىڭ ئىدى... نازۇك بەدىنى خۇددى كېپىكتەك ھۇركۈپ تۇراتتى!...

ھېكمەت پۈتۈن يىگىتلىك كۈچى بىلەن گۇلزىبانىڭ نازۇك بەدىنىنى ئۆزىگە تارتتى ۋە تەشنالىقتىن چاڭقىغان لەۋلىرىنى ئۇنىڭ كۆن كۆرمىگەن ئاپئاق مەيدىسىگە باستى!...

... گۇلزىبا يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن يوشۇرۇپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ غۇنچە گۈلى جۇدالىق بورانلىرى ياش ھاياتىغا جۇدۇن ئېلىپ كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېچىلغانىدى.

ھېكمەت ھوشسىزلانغاندەك بىردەم كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتتى. دېرىزىنىڭ تاشقى قاپقىقى ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، پاكىزە سۈرتۈلگەن ئەينەكلەردىن ئۆي ئىچىگە نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. سۈپسۈزۈك ئاسماننىڭ ئېگىز بىر جايىدا ئاي كۈلۈپ قارايتتى. ئۇنىڭ يورۇقىدىن ھەممە تەرەپ ھاۋا رەڭگە كىرگەنىدى. كوچىدىكى ئېرىقتا تولۇپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ

شىلدىرلىشى، شالاپلىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھېكمەت ئاي شولىسىدا ھۆرلەردەك نۇرلىنىپ ياتقان خوتەننىڭ زوھراسىنى گويا كۆز قارىچۇقلىرىغا سىڭدۇرۇۋالماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭغا ئۇزۇن تىكىلىپ قالدى.

— ھېكمەت، سىز قاچانمۇ قايتىپ كېلەرسىز؟ — گۇلزىبا ماۋقۇتەك ئاق بىلەكلىرىنى ئېرىنىڭ بوينىغا تاشلىدى، — مېنى بۇ يەردە قانداق قارا كۈنلەر كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلەمسىز؟ . . .

— بىلىمەن گۈلۈم! . . . — ھېكمەت ئايالىنىڭ يۈزىنى سىيلىدى، — سىزنى بۆرىلەرنىڭ چاڭگىلىغا تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان. . . قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەرنىمۇ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن! . . . ئامالىم قانچە؟ . . . بىراق سىزنى يوقلاپ تۇرىمەن. . .

— بۇ مۇمكىنمۇ؟

— قۇربان ھاكىم ئۆزى ۋەدە قىلدى.

— سىز دېگەنىمىدىڭىز؟

— ياق، قىزى ماھىنۇردىن ئاڭلاپتۇ. . . چۈنكى ئۇ قىز ئابلىز نەۋانىڭ تويىدا بار ئىكەن. . . ئىككىمىز توغرۇلۇق جىق گەپلەرنى بىلىدىكەن. . .

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئەتىسى يەكشەنبە بىر كۈن ئۆيدە بولدى. ئىككىسى قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ تاماق ئېتىشتى. گۈلزىبانىڭ چىرايى ئاقىرىپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار بۇلتۇر قىشلىق تەتىلدە بىللە چۈشكەن سۈرەتنى قايتا كۆرۈشتى. گۈلزىبا ئۇنى چامادانىدا ساقلايتتى. ھېكمەت گۈلزىبانىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن، «پولات ۋە گۈلرۇھ» رومانىنى سۆزلەپ بەردى. كىچىككىنە ئوماق قىز گۈلرۇھنىڭ مۇھەببەت يولىدا تارتقان ئازابلىرى، سەرگۈزەشتىلىرى ھەتتا ئەرچە ياسىنىپ، يىگىتى پولاتنى باسمىچىلار قورغانىدىن قانداق قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىققان جەريانلىرىنى ئاڭلىغان گۈلزىبا خېلىلا روھلىنىپ قالدى. لېكىن، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر يۈزىنى ھېكمەتتىن قاچۇرۇپلا تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈچ يىلدىن بېرى ۋىسالىدا كۆيگەن بۇ يىگىتنىڭ ھازىر ئۆزىنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى ئويلىسا، يۈرىكى شادلىققا تولاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن خوتەن

ئاسمىنىغا قاراپ، «ئۇ مېنىڭ!» دەپ ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى... ھېكمەت تۇنۇگۇنكى نىكاھ، يۈرۈگۈچى بويلىرىدىكى شادلىق ۋە ھەسرەت ئارىلىشىپ كەتكەن ۋىسال، دەرەخكە ئۇيۇلغان «قوش يۈرەك» خاتىرىسى... سائادەتلىك كېچە... گويا چۈشىدىكىدەك، ئويغىنىپ كەتسىلا، ھەممىسى غايىپ بولىدىغاندەك ئەندىشە تۇيغۇلىرىدا بولاتتى... ۋە گۈلزىبادىن يوشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بارماقلىرىنى چىشلەپ، يۈزىنى چىمداپ باقاتتى. ئاغرىقنى ھېس قىلغاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ چۈش ئەمەسلىكىگە ئىشىنىپ، كۆڭلى جايىغا چۈشەتتى.

— ھېكمەت، ئېسىڭىزدىمۇ، بىز توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن چوقۇم قۇرۇم كۆلىنى كۆرۈشكە ۋەدە قىلغان ئىدۇقمۇ؟ — دېدى گۈلزىبا خۇمارلىق كۆزلىرى بىلەن ئېرىگە قاراپ، — ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟...

— نېمىشقا ئۇنتۇپ قالاي گۈلۈم، — ھېكمەت ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئۆپتى، — كۈن تېخى بالدۇرغۇ، ھازىر ماڭساقمۇ ئۈلگۈرىمىز...

يۈرىكىنى قانداقتۇر يوشۇرۇن ۋەھىمە سىقىپ تۇرغان گۈلزىبا گويا ھېكمەتتىن ئەبەدىي ئايرىلىپ قالىدىغاندەك، ئەمدى بۇنداق شېرىن كۈنلەر كەلمەسكە كەتكەندەك... ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى قارا تۇپراققا دەپنە قىلىنىپ، گويا يۈرىكى بېغىچىدىن ئۈزۈلۈپ، لەھەتكە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس - تۇيغۇلاردا بولاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە بۇ ئاخىرقى بەخت دېگەن دەھشەتلىك خىيال قورقۇنچ سېلىپ تۇرغاچقا، بۇگۈنكىدەك غەنىيمەت كۈندە، ئۇنىڭ كۆپرەك شېرىن خاتىرىلەر قالدۇرغۇسى كېلەتتى.

قۇرۇم كۆلى باغرىلىرىغا، كۆچەتلىك ئورمانلىرىغا باھار ياپيېشىل يۇمشاق ئوتلارنى مول سوۋغا قىلغانىدى. تەتۈر سۆگەتلەرنىڭ چاشقان قۇلاق بولغان تاللىرى يەلپۈنەتتى. ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن مامكاپلار سايسېرىق ئېچىلىپ، قوقاندەك ئۇششاق گۈللەر چىمەنلىكلەر ئارا خۇددى ئاق داستىخان يېيىپ قويغاندەك يېيىلىپ كەتكەنىدى.

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئېگىز قىرغاقتا تۇرۇپ، كۆك دېڭىزدەك سۇغا، ئەتراپتىكى قومۇشلۇق ۋە توقايلارغا قارىغىنىدا، دوستلىرى كامىل، نەفىسە، مۇرات، زۇمرەتلەر كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. ئاھ، قانداق

كۆڭۈللۈك چاغلار ئىدى!... ئۇلار غەمسىز ـ نادامەتسىز، بار ئاۋازى بىلەن ناخشىلارنى ئېيتىشقان!... قولۋاقلا چۇشۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈشكەن!... مۇراتنىڭ قىزىقچىلىقلىرى بىلەن، چىملاردا يۇمىلىنىپ، قىن ـ قىنىغا پاتمىغان!...

گۈلزىبا تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ شاھىدى بولغان ئارالغا قارىدى. تويماي قارىدى!... ئارال سۇس كۆكىرىپ تۇراتتى. بۇنى سېزىپ قالغان ھېكمەت ئايالىنىڭ مۈرىلىرىدىن قۇچاقلىدى.

— ئېسىڭىزدىمۇ گۈلزىبا، مۇشۇ ئارالدا مەن سىزنى، — ھېكمەت تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى، — تۇنجى قېتىم...

— قېلىن!...، — گۈلزىبا ئېرىنىڭ كۆكرىكىگە يوشۇرۇنۇۋالدى، — كۆڭلىڭىزدە بىلسىڭىز بولدى...

ھېكمەت گۈلزىبانىڭ يۈزىنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ ئۆزىگە قاراتتى ۋە باياتىن بېرى تىكىلىپ قارىيالمايۋاتقان نومۇسچان كۆزلەرگە قاراپ، ئاستا ناخشا ئېيتتى:

مەن بىر قىزنى ئۇچراتتىم ئايدەك قاشلارى،
كۆزلىرىدە مۇھەببەت، يۈزىدە مېڭى بار...
...........

ھېكمەتنىڭ قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، يۈزلىرىنى غەلىتىلا پۇرۇشتۇرۇپ ئېيتقان ناخشىسىدىن گۈلزىبا كۈلۈۋەتتى...

— ھېكمەت، — دېدى گۈلزىبا ئۆزىمۇ ئارانلا ئاڭلىغۇدەك پىچىرلاپ، — سىز مېنىڭكى...

— ئېيتىڭا گۈلزىبا، سىز راستىنلا مېنىڭ ئايالىممۇ؟...

ئۇلار قۇرۇم كۆلىدىن كۆڭۈللىرى كۆتۈرۈلۈپ قايتىپ كېلىشتى ۋە شام ياندۇرۇپ ئۇزۇن مۇڭداشتى. ئاندىن يېتىپ قېلىشتى... لېكىن، تاڭ يورۇشقا باشلىشى، يۇلتۇزلارنىڭ سۇسلىششى ۋە نەرسىلەرنىڭ ئوچۇق بولمىغان شەكىللىرى قاراڭغۇلۇقتىن كۆزگە چېلىقىشى بىلەنلا، گۈلزىبا

ھېكمەتنى چىڭ قۇچاقلاپ، يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ تولغىناتتى، ئېسەكەپ ـ ئېسەكەپ بوغۇلۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ يىغىسى بۇرۇنقىلاردەك مەيۈس يىغا ئەمەس بەلكى ئاچچىق ئەلەمگە تولغان چەكسىز پەرياد ئىدى. گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ ئوتلۇق سۆيۈشلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئۇنىڭ قۇچىقىدا توختىماي تىترەيتتى... نەملەشكەن كىرپىكلىرىنى قېقىپ، ۋاپادار ئېرىگە قارايتتى. ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىدە تەئەججۈپ ئارىلاش ۋەھىمە ئەكس ئەتكەنىدى. توغرا، ھېكمەتتىن ئايرىلىشتەك رەھىمسىز، ياۋۇز مىنۇتلار يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. تونۇگۈندىن بېرى كۆڭلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە غۇۋا بولسىمۇ ئۈمىد نۇرى پىلىلداپ تۇراتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلارنى زۇلۇم بىلەن خوشلىشىشقا مەجبۇرلايدىغان دەقىقىلەرنىڭ قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن، بۇ نۇرمۇ ئۆچۈپ، ھەممە ئېغىرلىق، ھەممە سىناق يالغۇز ئۇنىڭلا زىممىسىگە يۈكلەنگەنىدى. بۇ يوشۇرۇن غەم ھېكمەتنىڭمۇ يۈرىكىگە تەھدىت سېلىپ، خۇددى يىراقتىكى يانغىن شولىسىدەك، ئۇنىڭ ئويچان بېقىشلىرىدا، بىسەرەمجان ھەرىكەتلىرىدە بىلىنىپ قالاتتى...

گۈلزىباغا نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرىكى توزاققا چۈشكەن قۇشنىڭكىدەك پوكۇلدايدۇ؟... نېمە ئۈچۈن قەلبىنى مۇدھىش ۋەھىمە قاپلايدۇ؟... ئۇ نېمىدىن قورقۇۋاتىدۇ؟... ئەلھال، بارلىق سۇيىقەست، دەھشەتلىك ئاقىۋەت، قورقۇنچلۇق تەقدىر ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەۋجۇت ئىدى... گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ سىلكىيتتى... بېشىنى مەيدىسىگە ئۇرۇپ، نالە قىلاتتى...

— ھېكمەت، ئۆمۈرۋايەت مېھرىبان ئايالىڭىز بولۇپ خىزمىتىڭىزنى قىلاي... پات ـ پات كېلىڭ، قېچىپ بولسىمۇ كېلىڭ ... مېنى تاقەتسىز سېغىنىش دەقىقىلىرىنىڭ قۇربانى قىلماڭ... جۇدالىق ئوتلىرىدا ئۆرتىمەڭ... ئەمدى يوللاردىن ئىزلىرىڭىزنى ئىزدىمەي... سىزنىڭ ئاشۇ مۇھەببەتكە تولغان كۆزلىرىڭىز... كىشى ۋۇجۇدىنى بىھۇش قىلغۇدەك سىرلىق قاراشلىرىڭىز... چاڭقاق، تەشنا كۆڭلۈمگە بۇلاق كەبى شېرىن كۈلۈمسىرەشلىرىڭىز...، ئوت ئىلكىدە يېنىۋاتقان ئاجىز تېنىمنى سەۋرسىزلىك مەجنۇنلۇقىدا قىينايدىغان سىماسىڭىز مېنى

ئەمدى ئەسەبىيلىك قىرغاقلىرىغا سۈرىمىسۇن!...

سۇسلىشىۋاتقان ئاي نۇرىدا، گۇلزىبانىڭ ياشلىرى ھال رەڭ نۇر بولۇپ يۈزلىرىگە تۆكۈلدى... مەرمەردەك سىيلىق، مەغەز گۈلىدەك ئوماق مەڭزىلىرىنى سۆيۈپ، لەۋ سىزىقلىرىغا سىڭىپ كەتتى، يۇمران ئېڭەكلىرىدىن تامچىلىدى... ئاھ، بۇ ھەسرەتلىك ياشلار نېمىدېگەن تۇزلۇق ھەم ئاچچىق - ھە؟... گۇلزىبانىڭ يېرىم يۇمۇلغان كىرپىكلىرى چوڭقۇر قايغۇ - ئەلەم، ھەسرەت - نادامەتنىڭ بۇلىقى بولغان شەھلا كۆزنى يوشۇرۇپ تۇرغان قارا چۇمپەردىنى ئەسلىتەتتى.

— گۇلزىبا، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى ھېكمەت ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، — ئىككىمىزنىڭ تەقدىرىنى يامانلىققا جورىماڭ. ئامان بولساق، يەنە جەم بولىمىز... سىز ھامان مېنىڭ... سىزنى ھېچكىم مەندىن تارتىۋالالمايدۇ...

تاڭ يورىدى. نېمە ئۈچۈندۇر تىنجىپ، جىمىپ قالغان گۇلزىبا ھېكمەتنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ھېكمەت ئۇنىڭ كىچىك لەۋلىرىگە ئاخىرقى قېتىم سۆيۈپ، يولىغا راۋان بولدى!... ئۇ چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىغا چىقىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغىنىدا، گۇلزىبا يەنىلا خوشلاشقان جايىدا، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى.

ھېكمەت شەھەردىن چىقىشى بىلەنلا، يۈرىكىنى ئاللىقانداق چوڭقۇر بىر قايغۇ چاڭگاللىۋالدى. بۇ ئېنىقسىز تۇيغۇلار، جۇدالىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، بۇنى ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. شەھەر يىراقلاشقانسېرى، يۈرىكىنى مۇجۇۋاتقان بۇ ئاغرىق شۇنچە كۈچىيىپ باراتتى. دەرۋەقە، بۇ يوشۇرۇن تۇي ھېكمەتنىڭ دىلىنى يورۇق نۇرغا، چەكسىز مۇھەببەتكە تولدۇردى دېگەندىن كۆرە، ئۇنىڭ كۆڭلىگە قانداقتۇر يامان تەشۋىشلەرنى سېلىپ قويدى دېگەن تۈزۈك ئىدى!...

ھېكمەت بىر - بىرىدىن ئازابلىق، قارىمۇقارشى ئىپادىلەرگە تولغان خىياللار بىلەن مەكتىپىگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئەتىگەنلىك گىمناستىكا تۈگەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماققا تارقىغان ۋاقتى ئىدى. ئۇنى كۆرۈپلا، سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى. سىنىپ باشلىقى

ئابدۇللا، ئۆگىنىش باشلىقى سىراجى، تۇرمۇش باشلىقى خىلچىۋانى ۋە ئىمىن توختىلار ئوقۇتقۇچىسىنى قوچاقلىۋېلىشتى. ئۇلار چۇرقىرىشاتتى، يىغلىشاتتى. «گوڭشې پارتكومىغا بارىمىز...»، «ۋاڭ شۇجىغا دەيمىز...» دېيىشىپ چوقان كۆتۈرۈشەتتى. ھېكمەت ئۇلارنى مىڭ تەسلىكتە ئالداپ - سىيلاپ يولغا سالغاندىن كېيىن، ياتىقىغا كەلدى. ئىشىك ئوچۇق ئىدى، كامىل بىلەن مۇرات ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كېتىشتى. كامىل يوتقان - كۆرپىلەرنى باغلاپ، سومكىلىرىغا نەرسە - كېرەكلىرىنى قاچىلاپ تەييار بولۇپ بولغانىدى. مۇراتنىڭ چىرايلىرى تاتارغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، غەزەپلىك ئۇچقۇنلار چاچراپ تۇراتتى.

— ھېكمەت، سەن قۇربان ھاكىمنىڭ لايچىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ بەردىڭمۇ؟ ھېچ ئەقلىم سىغمايدۇ... توۋا بىر ھاكىممۇ... — سورىدى كامىل ئاچچىقى بىلەن، — ھە دوستلارنى ئۇچراتتىڭمۇ؟

— ياق، قۇربان ھاكىم مېنى ئىشقا سالمىدى، — دېدى ھېكمەت كارىۋاتقا ئولتۇرۇۋېتىپ، — دوستلارغا بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى دەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغانىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

— ئەمىسە، ھاكىم نېمىگە چاقىرتىپتۇ؟ — كامىل ياتاق ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇراتتى، — قېنى دېگىنە؟...

— ئۇ، زەينىدىنگە لايچىلىقنى باھانە قىلىپ، مەن بىلەن سۆزلەشمەكچى ئىكەن.

— قانداق سۆزلەشتىڭمۇ؟

— سۆزلەشكۈم كەلمىدى... قىسقىسى ئۇنىڭغا دادىلىنىپ، يالۋۇرۇشنى خالىمىدىم...

— ساددىكەنسەن، ئەمەلدارلار ياخشى نىيەتتە ئاڭلىسۇن، خاھ گەپ ئالماقچى بولسۇن، بەربىر، — دېدى كامىل قوللىرىنى شىلتىپ،— خالىق، كېرىموف، زەينىدىنلەرنى پۇرسەت تاپقان يەردە سېسىتىش كېرەك... ئۇ مەلئۇنلار ئاڭلىماي قالمايدۇ... بۇنىڭ بىلەن كېچىلىرى ئۇخلىيالماس، كۈندۈزلىرى ئولتۇرالماس بولۇپ قالىدۇ...

— بولمىغاندىمۇ، كېرىموفنىڭ قانۇنسىزلىق بىلەن توي خېتى ئالغان ئىشىنى دېسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى مۇرات ئاچچىقى بىلەن، — بۇغۇ ئۇلارنىڭ پارتىيە ئىستىلىغا خىلاپ ئىشتۇر؟ ...

— مۇرات توغرا دەيدۇ، — دېدى كامىل، — سەن كەم ئەقىللىق قىپسەن.

— راست خاتا قىپتىمەن، — ھېكمەت ئويلۇنۇپ قالدى، — قۇربان ھاكىممۇ خېلى دورۇس ئادەمدەك قىلىدۇ...

— ئەمىسە، بۇ ئىككى كۈندىن بېرى نەدە يۈردۈڭ؟ — سورىدى كامىل.

ھېكمەت، قۇربان ھاكىم بىلەن نېمە دېيىشكەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلىدى. ئاندىن قايىت، بۇمەرەمخانلارنىڭ گۈلزىبانى كېرىموف بىلەن توي قىلىشقا قىستاۋاتقانلىقى، ھەر كېچىسى گۈلزىباغا بولغان قورۇ-جايىنىڭ قولدىن كېتىشى، ئۆي-ماكانسىز سەرسان بولۇش دېگەندەك بېسىملارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن ئېغىر ئىسكەنجىدە قالغان گۈلزىبانىڭ ئارزۇسى بويىچە، ئاقمۇللا ئىمامنىڭ نىكاھ ئوقۇشى ۋە شاھىدلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن توي قىلغانلىقىنى دېدى. مۇرات كامىلغا قارىدى. كامىل بولسا ياتاق ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭغىلى تۇردى.

— ياخشى قىپسەن ھېكمەت! — دېدى مۇرات كەسكىن ھالدا، — كونىلاردا: «ساڭا بېقىپ مەن» دېگەن گەپ بار. كېرىموف ھىيلە ئىشلەتكەن يەردە، سېنىڭمۇ ئامالىڭ جايىدا بوپتۇ... بۇ مۇناپىقلارنى مۇشۇنداق ئىچىدىن ئۆپكىسىگە قېقىشتۇرۇش كېرەك...

— بوپتۇ!... — دېدى كامىل ئويچان كۆزلىرىنى تىكىپ، — بىر ھېسابتا بۇمۇ ئوبدان بوپتۇ، كېيىنكى ئىشنى كېيىن كۆرمەيمىزمۇ!...

— گۈلزىبانىڭ بۇرنىغا سۇ كىرگەندىلا ئۇيقۇسى ئېچىلىپتۇ...

ئاخىرى مۇشۇنداق بىر كۈن زادى كەلمەكچى ئىدى...

— بۇ سۆزۈڭ چەكتىن ئېشىپ كەتتى، — دېدى كامىل مۇراتقا، — گۈلزىبانىڭ ئېغىرلىقىنى، ئېھتىياتچانلىقىنى ئۇ ياشىغان شارائىتتىن

ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. لېكىن، بۇ قېتىم قالتىس جاسارەتكە كەپتۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ بۇ قۇربان بېرىشى كېيىنكى پاجىئەنىڭ ئالدىنى چەكلەمدۇ تېخى...

كامىلنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزى مۇرات بىلەن ھېكمەتنى ئويغا سالدى. ئەلۋەتتە بىلىگە پوتا باغلىغان ھەرقانداق بىر ئەر «قول تەگكەن» دېگەن بىر ئېغىز گەپنى ئاڭلىسا، نومۇس كۈچىدىن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېچىشى ئېنىقلىغۇ؟...

— كامىل، نەفسە بىلەن كۆرۈشتۇڭمۇ؟ ئۇ قىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — سورىدى ھېكمەت.

— نەفسە تۈنۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن مەشەدە بولدى، — دېدى مۇرات، — ئۇ ئىككىمىزنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەردى. كەچتە كامىل ئۆزى ئۇنى ئامۇتلۇققا ئاپىرىپ قويدى.

— بىر ئىشقا ھەيرانمەن، — دېدى ھېكمەت، — ئەلنامە بىلەن ئامۇتلۇقنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس... ناھايىتى بىر يارلىق، بىر كەنتتىن ئۆتسىلا بارىدۇ. خالىقلار كامىلنىڭ نەفسە بىلەن كۆرۈشۈشىدىن ئەنسىرىمىدىمىكىنە؟

— پەرەز قىلىشىمچە، — كامىل بىردەم جىم تۇرۇۋالدى، — خالىق، زەينىدىنلەر پەقەت نىياز پاڭنىڭ زالىملىقىنىلا ئويلىدى. مېنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرغىنىدا، ئۇلار ئەلۋەتتە خاتىرجەم بولۇشىدۇ.

ئۈچ دوست پۈرسەت تاپسىلا ئالاقىلىشىش، خەت يېزىپ ئۆز ئەھۋاللىرىدىن خەۋەرلەندۈرۈش، ھەرقانداق ئىشنى ئويلىنىپ قىلىش، ئېھتىياتتا بولۇش ھەققىدە سۆزلەشتى. بولۇپمۇ مۇراتقا يېنىكلىك قىلماسلىق، زۇمرەتنىڭ ئىشىدا ئېزىز تارمۇش بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇش، بوز يەرگە يەنە قېچىپ يۇرمەسلىكنى تاپىلىدى. مۇرات زۇمرەتتىن خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئېزىز تارمۇش ھازىر مەخسۇس ئاشلىق ھايانكەشلىكى بىلەنلا چەكلەنمەي، قوي، گىلەم، يۇڭ ئېلىپ ساتاتتى. ئۇ بۇرۇنقىدەك لوپ، قارىقاش يېزا بازارلىرىغا قاتنىماي، بوز

يەرگە كۆپرەك باردىغان بولدى. بۇ ئارقىلىق زۇمرەتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرالايتتى. شۇنداقتىمۇ يېرىم يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش بىر يىللىقتا كۆپەيتىلگەندىن كېيىن، مۇرات تەقەززالىق ئىچىدە، ناھايىتى سەپرا بولۇپ قالغانىدى، بىر سۆزى مىق، بىر سۆزى زىق بولۇپ، ھەممىگىلا نەشتىرىنى سانجىيتتى، ھېچكىمدىن تەپ تارتمايتتى.

ئۇلار قىزغىن سۆھبەتلىشىپ تۇرغاندا، زەينىدىن رېخىم نۇرى بىلەن مەمتىلى ئىبراھىمنى باشلاپ ياتاققا كىرىپ كەلدى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق غەمكىنلىك، چۈشكۈنلۈك ئالامەتلىرىنى كۆرەلمىگەن زەينىدىن ئۇلارغا كۆزلىرىنى ئالايتىپ بىردەم قارىدى. ئىچىدە بولسا «كاللىسى گرانىت تاشتىن قاتتىق، ئۆزگەرمەيدىغان نېمىلەر ئىكەن! » دەپ ئويلىدى. ئۇلارمۇ زەينىدىنگە قاراپمۇ قويماي، ئۆز گەپلىرىنى قىلىشىپ ئولتۇرۇۋەردى.

— كامىل، سېنى بۇ ئىككىسى ئەللامە كەتتىگە ئاپىرىپ قويماقچى، — دېدى زەينىدىن رېخىم نۇرى بىلەن مەمتىلى ئىبراھىمنى كۆرسىتىپ، — ئەمىسە، يۈك - تاقلىرىڭنى كۆتۈر. . .

— بىلىپ قوي زەينىدىن! — دېدى كامىل بىگىز قولىنى شىلتىپ، — مەن سەنلەرنىڭ ئالدىڭغا چۈشۈپ ماڭىدىغان ئادەم ئەمەس. . . سەن چىقىپ كەت. . . مۇنۇ چاپانچىلىرىڭ چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىدا مېنى ساقلىسۇن، ئۇقتۇڭمۇ؟

— سەن ھارامزادىلىك قىلما. . . جىنايىتىڭ شۇنچە ئېغىر تۇرۇقلۇقمۇ، پېتىڭدىن چۈشمەيسىنا. . .

— جىنايەتچى سەنمۇ، مەنمۇ؟ — كامىل زەينىدىننىڭ كۆزىگە قادالدى، — ئاڭلاپ تۇر، سەن باقى بىلەن ئەمەتنى ئوغرىلىققا سېلىپ، مەكتەپنى ۋەيران قىلدىڭ. . . ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان بۇزغۇنچىسەن! . . . مەكتەپنىڭ ئۇن، نان، قوي، تاڭشىرلىرىنى ئوغرىلاپ يېدىڭ. . . پارىخورلۇق قىلدىڭ. . . خانئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە سېنى پاش قىلغان ئوقۇتقۇچىلارغا قالپاق كىيگۈزدۈڭ. . . تۇرقۇڭغا قاراپ باققىنا، سېنىڭ نەرىڭ مۇدىرغا ئوخشايدۇ؟ . . . ئەسلى

قالپاق ھەم جازا ساڭا مەنسۇپ بولسا توغرا بولاتتى! . . .
زەينىدىن تاتاردى، تىزلىرى تىترەپ، كۆزلىرى مىتىلداپ، كالپۇكلىرى قىمشىپ كەتتى. ئۇ، نېمە دېيەرىنى بىلمەي، چەكچىيىپ تۇراتتى.
— مەن سېنىڭ بارلىق جىنايەت، خاتالىقلىرىڭنى ئىگىلەپ بولدۇم، — كامىل ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋالدى، — خانئېرىق ۋە بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بەرگەن ئىسپاتلارنى، ئەمەتنىڭ ھۆججەتلىرى بىلەن قوشۇپ بىر ماتېرىيال يېزىپ تەييارلاپ قويدۇم. ئەگەر سەن ھوشۇڭنى تاپماي، مۇراتنى ئاچ - توق قويۇپ، قاتتىق ئەمگەكلەرگە سېلىپ ئۇچ ئالساڭ، مەن ماتېرىيالنى مەركەزگە ئەۋەتىمەن! . . . بىلەمسەن، تېپىرلىغان چاشقان سوتكە چوشۇپ ئۆلەر دېگەن گەپ بار. . .
— بۇ . . . بۇ . . . يوقىرىنىڭ چا . . . چارىسى تۇرسا . . . — زەينىدىننى ھېق تۇتۇپ قالغاندى، — سىلەر مەن . . . مەندىن ئاغرىنساڭلار قا . . . قانداق بولغىنى؟ . . . ما . . . ماقۇل، مەن چىقىپ كېتەي . . .
زەينىدىن ئىككى چاپارمەننى باشلاپ چىقىپ كەتتى . . . كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئۇنى نەزەرىگە ئىلمىغان ھالدا كۆلۈۋېتىشتى. ئاندىن، بىر - بىرى بىلەن خوشلاشتى. بوسۇغىغا كەلگەندە، ئۇچ دوست تەڭلا قۇچاقلىشىپ، بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆز چاناقلىرىنى سۇزۇك پەردە قاپلىغانىدى.
ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كۆچەتلىك پاسىلىغا يوشۇرۇنۇۋالغان زەينىدىن ئۇچ دوستنىڭ دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «ئۇھ» دەپ، ھاردۇقى چىققاندەك بولدى. لېكىن كامىلنىڭ سۆزلىرىدىن ھېلىھەم ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەۋاتاتتى. ئۇ، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنى جازالاپ پۇخادىن چىقماقچى بولغانىدى، مەقسىتىگە يەتتى، ئەمما ئۆزى قاپقانغا قۇيرۇقى ئىلىنىپ قالغان چاشقاننىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالدى. تارىنى چىڭىتاي دېسە، ئۈزۈلۈپ كېتەتتى. چىڭىتماي دېسە، ئىچىدىكى ئۇيۇپ قالغان ئوغا قويمايتتى.

«ياق! بۇ ئۈچ گەپدانغا تەڭ كەلگىلى بولمغۇدەك. . . زەيىنىدىن بۇرۇنلا بۇلار بىلەن قـۇيرۇق چىشلەشمىسە بوپتىكەن. . . ئەمەتنىڭ ئىسپاتى بويىندا! تاراڭگۇدەك ئىسىلىپ تۇرغىنىدا، مانا ئەمدى ئۈستەكلەپ تۇگمەن تېشى ئارتىۋالدى. . . »

زەيىنىدىن بۇنداق پۇشايمان ۋە ئۆكۈنۈشلەرنى قانچە ـ قانچە قېتىملاپ قىلغىنىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدۇ. . . بىراق، ئۇمۇ تۈز يېگەن ئىت قوپارغا ئاستىدا ئۆلەر دېگەندەك، كالتەكلىنىشكە كۆنۈپ قالغانىدى. . .

# بوران تۆككەن چېچەكلەر

ئەللامە — مېھرى ئىسسىق، سۆيۈملۈك كەنت. كونىلار: «ئەۋلىيا ـ ماشايىقلارنىڭ نەزەرى چۈشكەن. . . » دېيىشىدىكەن، ئېھتىمال شۇنداقتۇر. يەرلىرى مۇنبەت، يەل ـ يېمىشلىرى شىرلىق ھەم مول، دېھقانلىرى ئۆم ھەم ئىناق. . . ھەرخىل مېۋىلەرگە تولغان قاراڭغۇ باغلاردىن جان ـ جانىۋارلارنىڭ نەغمىلىرى ئۈزۈلمەيدۇ. شىرنە خۇمار ھاشارەتلەر مەي باغلىغان ئۈزۈم باراڭلىرى تېگىدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيدۇ. قەدىمىي ئورمانلار سىماسىنى ساقلاپ قالغان ئەللامەنىڭ ئۈچ تەرىپىنى چوڭقۇر يارلىقلار قورشاپ تۇرىدۇ. . . يارلىق ئۈستى ياپيېشىل شال ئېتىزلىرى. . . پايناپ دۆڭلىكىدىن چۈشكەندىلا، يىلانلىق دەپ ئاتالغان سۈپسۈزۈك قارا سۇ پۈتۈن يارلىق ئاستىغا مەخمەلدەك رەڭ ئاتا قىلغان. . . ئەللامەنىڭ شال ئوتاۋاتقان قىز ـ چوكانلىرى چىمەنزاردىكى رەڭگا ـ رەڭ گۈللەرنى ئەسلىتىدۇ. . . ئەللامەنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى شاللىقتا ئۆسۈپ كىرگەن تىك يار ئاستىدا، خاسىيەتلىك بىر بۇلاق بار. . . ئۇنىڭدىن پات ـ پاتلا ھەرخىل مارجان، كەھرىۋا ئېتىلىپ چىقىدۇ. بىر يىلى چوڭ بارماقتەك ئالتۇن قۇشقاچ چىقىپ، ئۇنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ئادەم كېلىپ ئېلىپ كەتكەنىدى. ئەللامەلىقلارنىڭ بەزىلىرى بۇ بۇلاقنى «ئالتۇن بۇلاق» دېسە، بەزىلىرى «مارجان بۇلاق» دەيتتى. ياشانغان مويسىپىتلار «چەشمە زىلال» دەپمۇ قويالتتى.

ئەللامە دادۇيىنىڭ قورۇسى ئادەم بىلەن تولغانىدى. ئەر - ئايال دېھقانلار توپا يەردىلا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. توپ ئالدىدا، پاكار، ئورۇقراق، بۇغداي ئۆڭلۈك، يۇمىلاق يۈزلۈك، ئۇچىسىغا تىزىغا كېلىدىغان سارغۇچ كالتە پەشمەت كىيگەن، قوللىرى ئارقىغا باغلانغان بىر ئادەم ئېگىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەمدىلا ئېگىزلاشقان دۇپدۇگىلەك يوغان بېشى باشتاق ئىدى. بۇ كىشى تىبابەتچىلىك ئىلمىدە مۇپەسسەل بىلىم تەھسىل قىلغان ئالىم ۋە تېۋىپ غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىم ئىدى. ئۇ ئەللامەلىق بولۇپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى باشلانغاندىن بېرى، ئۇنى پومىشچىك دەپ كۈرەش قىلىشۋاتاتتى. غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ تىبابەتچىلىك ھەققىدە يازغان بىر ئىلمىي ماقالىسى مەركەزدە باھالىنىپ، سەككىز يۈز يۈەن مۇكاپات پۇلى كەلگەنىدى. بۇ پۇلغا دادۇي تەشكىلى بىر ئات ھارۋىسى ئېلىشۋالغان بولسىمۇ، نىياز پاڭ ئۇنىڭغا يەنىلا رەھىم قىلمىدى. بېشىغا ئاق سالۋا تەلپەك كىيگەن، قارا يەكتىكى ئۈستىدىن قىزىل گۈللۈك كۆك چىت پوتا باغلىغان، پوتىغا ئۇچلۇق قىزىل كۆن ئۆتۈك كىيگەن نىياز پاڭ كۆسا يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قوللىرىنى شىلتىيتتى، ۋارقىرايتتى، «پومېشچىكلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتايلى» دەپ شوئار توۋلايتتى ۋە غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ «ئەزگۈچىلەر، زالىملار، قان شورىغۇچىلار بولغان» دېگەندەك تىل - ھاقارەتلەرنى ياغدۇراتتى. ئەمما، دېھقانلار سۈرلۈك سۈكۈنات ئىچىدە، نىياز پاڭغا ئەگىشىپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپلا قويۇشاتتى ياكى بوشلا توۋلايتتى. بەزى دېھقانلار ياڭاقلىرىنى ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسىغا قويۇپ چاقاتتى - دە، قۇرۇق ئۇزۇم بىلەن قوشۇپ ئېغىزلىرىغا سېلىشاتتى. بەزىلىرى پۇتىسىغا تۇگۈۋالغان زاغرىلىرىنى ئۈۋۈلاپ يەيتتى. ئەنە بىرسى ماتا كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە قولىنى تىقىپ قولتۇقىنى قاشلىدى، قولى قىچىشقان يەرگە يەتمىۋىدى، جەينىكىدىن تارتىپ تېخىمۇ ئىچكىرىگە ئاپاردى. تۈكلىرى چۇشۇپ كەتكەن ياغاق تەلپەكلىك يەنە بىرسى ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ ئاسمانغا قاراپ ئەسنىدى... قىسقىسى، بۇ جايدا، غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ سەدىقە دورىلىرىنى يەپ، تېنىگە شىپا تاپمىغان

بىرمۇ دېھقان يوق دېسە بولاتتى. ئۇلارنىڭ ھاجىمغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئىززەتلىرى چەكسىز ئىدى. ھەر كۈنى ئاق توپىلاڭغا ئۇلتۇرغۇزۇلۇپ، كۆڭلى تارتمىغان ئىشقا مەجبۇرلىنىۋاتقان دېھقانلار بۇنداق سىنىپىي كۈرەشتىن ياغاچ كېپىكى يېگەندەك سەسكىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇلار ئەسنەش، مۈگدەش، غودۇڭشىشلار ئارقىلىق نارازىلىقىنى ئىپادە قىلاتتى.

نىياز پاك بىرنەچچە ئالا قانات مىنبىگىلارغا پىچىرلاپ تۇراتتى، رېخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىملار كامىلنى باشلاپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. كامىلنىڭ ئۇچىسىغا تېگىلگەن يۇڭ - تاقى، قولىدا بىر قارا سومكا بار ئىدى. رېخىم نۇرى نىياز پاكنى ئىشارەتلەپ، ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە خالىق كاتىپنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ، قۇلىقىغا كۇسۇرلىدى. خالىق كاتىپنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان نىياز پاك قەددىنى رۇسلاپ، چىرايىغا سۇرلۇك تۈس بېرىپ، ھويلىغا چىقتى. ئۇ رېخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىملارنى باش لىڭشىتىپ ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، توپ ئالدىغا كەلدى. ئەللامە دېھقانلىرى كامىلنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىدىن ياقىلىرىنى تۇتۇپ، باشلىرىنى ئېغىتتى. چۈنكى ئۇلار ئەللامەدە نەچچە قېتىم ئويۇن قويۇپ بەرگەن، ساز چېلىپ دېھقانلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچقان كامىل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى بەكمۇ چوڭ بىلەتتى. كامىلمۇ سىرتىدىن نام - شەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ باغلانغان قوللىرىنىڭ ئىششىپ، تىرناقلىرىنىڭ كۆكىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— كۆپچىلىك كارى - كاراڭ قىلمايىنىڭ . . . تىم بولايىنى، — دېدى نىياز پاك كاركىراپ، — بىزنىڭ دادۇيىمىز سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ئۈچۈن، گۇڭشې پارتكومى بىزگە ئىشىنىپ، ئەكسىيەتچى شيۇجېڭجۇيىچى ئۇنسۇر كامىلنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە چۈشۈرۈپ بەردى. قېنى قايسى شىياۋدۇيجاڭ «مەن ئىشلىتىمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ چىقالايتا؟ . . .

دېھقانلار خۇددى ئوغرى مۈشۈكنى كۆرگەن قۇچقاچلاردەك شۇنداق جىمىپ كەتتىكى، مال ئېغىلىدىكى ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشى، كالىلارنىڭ

كۆششى، كۆكۇيۇن، چىۋىنلەرنىڭ چىقىشىغا چىدىماي، گۇرسۇلدىتىپ يەر تەپكەن ئېشەكلەرنىڭ تۇياق تېۋىشلىرىمۇ ئاڭلاندى. ئەللامە چوڭ كەنت بولۇپ، يەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بار ئىدى. ئەترەت باشلىقلىرىمۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۈندىمەيتتى. بەلكىم ئۇلار «ئەكسىيەتچى شيۇجېڭجۇيىچى ئۈنسۇر ئەزالىرىمىزنى زەھەرلەپ، ئىشقا چىقماس قىلىۋېتەرمىكى» دەپ ئەنسىرىسە كېرەك. كامىلنى تونۇيدىغانلار ئۇنى ئىشقا سېلىشقا ئەيمىنىۋاتاتتى. نىياز پاكىنىڭ توپقا بويۇنداپ قاراپ، سەپرايى ئۆرلىدى:

— هاي، زۇۋانىمىزنى ئاچمايلىما؟ ھەلەپ يېگەن بۇقىدەك پۇششاڭشىپ ئولتۇرامدۇق؟ مۇنۇچ، ما ھېشقلارنى! — نىياز پاك ئېغىزىنى قويۇۋەتتى، - يەتتە شياۋدۇيدىن بېشىغا تەلپەك، ئۇچىسىغا يەكتەك كىيگەن، بىلىگە پوتا باغلاپ، يۈزىگە ساقال چىققان بىرىمۇ ئوغامبالا شياۋدۇيجاڭ چىقمامتا؟...

ئەترەت باشلىقلىرى يەر ئاستىدىن بىر - بىرىگە قاراپ قويۇپ، يەنە جىم ئولتۇرۇۋالدى.

— ھەي ئاغىنىلەر، تەييار ئەمگەكچىدىن بىرنى بەرسىمۇ بىر نېمەڭگە قاراپ ئولتۇرۇشامتىڭ؟ — نىياز پاك كامىلغا قاردى، — بۇ شيۇجېڭجۇيىچىنى ئىشلىتىپ راھىنا قىلىۋېتىدىغان، جىگدىنىڭ چوقاتمىغىدەك ئېغىر كارىلارنى ئايرىپ بېرىپ، ئولتۇرسا قوپالمايدىغان، قوپسا ماڭالمايدىغان، كومشىكىدا چىۋىن قورۇيدىغان قىلىۋېتىمەن دەيدىغان ئەركەكتىن بىرەرسى يوقما؟...

— نىياز شۇجى، بۇ شيۇجېڭجۇيىچىنى ماڭا بەرسىلە، — دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىن دوغىلاققىنا بىر ئادەم ئورنىدىن تۇردى، — ئۇنى كېچە - كۈندۈز كارىغا سېلىپ، جېنى يوقمىكى دېسە كۆزى پىلىلدايتقان، بارمىكى دېسە زۇۋانى چىقمايتقان قىلىۋەتسەم بوتقاندۇ؟...

— مانا، مانا، رەجەپ كارناي يارايتۇ... ئوغامبالا شياۋدۇيجاڭ دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ...

رەجەپ كارناي ئۈچىنچى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، تەمبەل، غوللۇق، بېشىغا ئۆچكە تېرىسىدىن تەلپەك، پۇتىغا

قىزغۇچ كۆندىن پۇرمە چورۇق تارتقان، ياپما قاپاق، شالاڭ سارغۇچ بۇرۇتلىرى ئىككى جاۋغىيى ئەتراپىدا قانات يېيىپ تۇرغان قىرىق ياشلاردىكى بۇغداي ئۆڭلۈك ئادەم ئىدى. ئۇ گەپنى ناھايىتى تېز قىلاتتى. رەجەپ كارناي تىقىلىشىپ ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ گۇرسۇلدەپ چىقتى - دە، كامىلنىڭ دۈمبىسىدىن بىرنى ئىتتىرىپ، ئۇنى دەرۋازا تەرەپكە قارىتىپ قويدى:

— ماڭە ئەكسىيەتچى، كىم سېنى شىۋجېڭجۇيچى بولسۇن دەپتا. . . ۋۇي ئۇنسۇر نىيەت. . .

رەجەپ كارناي قوشقاناتلىق داۋۇي دەرۋازىسىدىن چىقىپلا، سولغا قايرىلدى. يۈز قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، قاشى، تېتىلارغا كېتىدىغان چوڭ يولغا يېتىپ كەلدى. ئۇ، چوڭ يولنى توغرا كېسىپلا، ئالدىدىكى پەس توپىلاڭ يولغا چۈشكەندە، كامىلنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئېلىۋالدى ۋە ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا، ئەتراپلىرىدا ئۆيمۇ يوق كونا تاملىق ئالدىدا توختىدى. بۇ ۋەيرانىلىق ئوتتۇرىسىدا، ئالدى ۋە ئىككى يانلىرى چېقىلغان، خۇددى قانات - قۇيرۇقى كېسىۋېتىلگەن كەپتەردەك بولۇپ قالغان ناھايىتى كۆرۈمسىز بىر ئۆي تۇراتتى. رەجەپ كارناي بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— گۈلنىساخان. . . هاي گۈلنىساخان لاڭقا. . .

ئۆيدىن ئېگىز بويلۇق، ماتا كۆڭلىكى كۆك ياڭاقنىڭ شۆپەك سۈيىدە بويالغان، يالاڭئاياق بىر ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇ گەرچە ئوتتۇز بەش ياشلار ئەتراپىدا بولسىمۇ، قۇرۇق باسقان چىرايى، چارلىشىپ قالغان چاچلىرى يېشىغا زادىلا ماس كەلمەيتتى.

— خوش، شياۋدۈيجاڭ بىر ئىش بارمىدى؟ — گۈلنىساخان قورققاندەك، ئەنسىرىگەندەك ئەتراپىغا ۋە كامىلغا قارىدى.

— قازناقنى سۈپۈرۈپ، بىرەر پارچە بورا بولسا سېلىپ تەييار قىلىسىلا. . .

— خوش . . . — گۈلنىساخاننىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەندەك دەرھاللا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

كامىل ئايال كىرىپ كەتكەن ئۆيگە قارىدى. بۇ خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان ئۆينىڭ تاملىرى گەج سۇۋاق بولۇپ، دېھقانلارنىڭ لاي سۇۋاق ئۆيلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. تاملاردىكى خە، سىنجا تۆشۈكلىرىدىن ئۇنىڭ بۇرۇن پېشايۋان لاپاسلىرى بار ھەيۋەتلىك قورۇ ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. كىملەردۇر دەرۋازىنى قومۇرۇپ ئېلىپ كەتكەنمۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا چۇۋۇلغان غارالدىن بىرنى يۆلەپ قويغان بولسىمۇ، كوچا تاملىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەچكە، ھەممىلا يەردە ھويلىغا كىرىدىغان ئاياغ يوللىرى بار ئىدى.

— بۇ ئەسلى بىر پومېشچىكنىڭ جايى ئىدى، — دېدى رەجەپ كارناي تەلپىكىدە يۈزىنى يەلپۈپ، — ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا، پومېشچىك كۈرەشكە چىدىماي ئۆلۈۋالدى. ئۇنىڭ بالايىۋاقىلىرىدىن قاچقانلىرى قاچتى، قالغانلىرى ھاكىم كەپىسىگە سۈرگۈن قىلىندى. لېكىن، گۈلنىساخان قىز ۋاقتىدا قاشى كەنتىدىكى بىر يىلىلىقچى ھارۋىكەشكە قېچىپ تېگىۋالغاچقا، كەنتتە قېپقالغان. كېيىن، ھېلىقى يىلىلىقچىغا: «كەمبەغەل دېھقان تەلەتى يوق، پومېشچىكنىڭ قىزىنى ئالغان، چەك - چېگرىنى ئاجراتمىغان، سىنىپىي كۈرەش ئېڭى تۆۋەن» دېگەندەك توقىناق بالالار ئارتىلىۋەرگەچكە، ئۇ ئامالسىز ئايالىنىڭ يولساز سۆزىنى بېرىۋەتكەن. . .

كامىل رەجەپ كارنايغا ھەيران بولۇپ قارىدى. ئۇنىڭ دادۇي قورۇسىدىكى ھېلىقى ئەلپازى يوق ئىدى. گەپ - سۆزلىرى مۇلايىم، خۇددى قەدىناس بۇرادىرىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك، تەلەپپۇزلىرى يۇمشاق، سەممىي ئىدى. ئۇنىڭ يايما قاپاقلىرى يېرىم يېپىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن گۈلنىساخانغا خەيرىخاھلىق قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— يولساز دېگەنلىرى نېمىسى؟ — سورىدى كامىل.

— «ئۈچ تالاق» بولمامدۇ.

— باللىرى يوقمىدى؟

— بىر قىز، بىر ئوغلى بار، — دېدى رەجەپ كارناي مۇڭلانغاندەك بولۇپ، — ھازىر دادىسىنىڭ قېشىدا، ئۇ ئاداشما ئۆيلىنىۋالدى.

— بۇ ئايالغا بەك ئۇۋال بوپتۇ...

— ئۇنى بىر دېمىسىلە، ئارىلىق يېقىن تۇرۇپ، باللىرىنى كۆرەلمەيدۇ...

— نېمىشقا ئەمدى؟

— «ئانىسى پومبىشچىك» دېگەن ئىشكەل باللارنىڭ پۇتىغا سېلىنىپ، كېيىنكى كۇنلەردە بېشىغا توقماق بولۇپ تېگىدۇ- دە... — رەجەپ كارناي چوڭقۇر تىنىپ قويدى، — غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمدىن بۇرۇن بۇ ئايالنى بىر ھەپتە دوڭغايتىپ قويۇپ كۇرەش قىلدۇق... ھازىر ئۇنىڭ نېمىسى قالدى؟... ھەممە نەرسىسى مۇسادىرە قىلىندى... ئۆيلىرى، لاپاسلىرى، ئېغىللىرى چېقىلىپ، ياغاچ- تاشلىرى دەرۋازىلىرىغىچە ئېلىپ كېتىلدى. ھەتتا قېچىپ تەگكەن ئېرىدىن، باللىرىدىن ئايرىلدى... ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى دېۋانىنىڭ يانچۇقىدىنمۇ بەكرەك قۇرۇق!...

كامىلنىڭ يۇرىكى ئېچىشتى... قىسىلىپ ئاغرىدى!... رەجەپ كارناي بەلكىم كامىلنى دەرد چەككەن، خورلانغان، دەۋرنىڭ قۇربانى دەپ ئىشىنىپ، بۇ چاققىچە ھېچكىمگە تىنمىغان كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئېيتقاندۇر!... ئۇنىڭ ساددا، سەمىمىي چىرايىدىن ئاق كۆڭۈل ئادەملىكى چىقىپ تۇراتتى. بابا نىياز پاك ۋە دېھقانلارنىڭ ئالدىدا قىلغانلىرى ئۇزىنى ئىشەندۇرۇش ئۇچۇن قۇرۇق تېرە تاراقشىتىپ قويغانلىقى بولسا كېرەك. كامىل ئۇزىنى قاتتىق ئىشقا سېلىش ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاپ خېلىلا ئەنسىرىگەنىدى، مانا ئەمدى كۆڭلى جايىغا چۇشكەندەك بولدى...

— رەجەپ ئاخۇن ئاكا، — دېدى گۇلنىساخان ئىشىك تۇۋىدە، — قازناقنى تازىلاپ قويدۇم... باشقا بۇيرۇيدىغان ئىشلىرى بارمۇ؟...

— يوق.

رەجەپ كارناي كامىلنى باشلاپ قازناق ئۆيگە كىردى. ئۇ كامىلنىڭ يۈك- تاقلىرىنى ئۆزى يەشتى. كىگىزنى بورىغا قاتلاپ سالغاندىن كېيىن، يوتقان- كۆرپىلەرنى قاتلاپ، باش تەرەپكە ئېلىپ قويدى. قازناق بەك ئېگىز بولۇپ، ئۆگزىدىكى تۆت چاسا تۇڭلۇكتىن قۇياش نۇرى تىك چۇشۇپ

تۇراتتى.

— ئەمدى مۇئەللىم، — دېدى رەجەپ كارناي كىگىزنى سۈپۈرۈۋېتىپ، — رەھبەرلىرىمىزغۇ ئوبدان يېتىملەر ئىكەن... بىراق، ئاغزىدا ئىلمى بار، ئىچى گەنجە بولۇپ كەتكەن ئادەملەرگە ئۆچ ئوخشايدۇ... ھازىر رىيازەت تارتىۋاتقانلار غىلتاڭ ئىلىملىك كىشىلەر...

— بۇ يۇقىرىنىڭ ئىشى ئەمەس رەجەپ ئاخۇن ئاكا، — دېدى چۆچۈپ قالغان كامىل، — ئۆزىمىز ئەسكى، ئەمەلدارلىرىمىز يۇقىرىنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ... ئۆز خائىشى بويىچە يەرلىك نىزاملارنى تۈزىدۇ... «جازالاش، ئەدىبىنى بېرىش قانچە قاتتىق بولسا، ئادەملەر شۇنچە ياۋاش، كالىدەك ئىتائەتمەن بولىدۇ» دەپ چۈشىنىدۇ...

— بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا، — رەجەپ كارنايىنىڭ كۆڭۈل ئاياۋاتقانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى، — چېچىنى ئال دېسە، بېشىنى ئېلىپ كېلىدىغان نىياز پاڭدەك خۇمسىلارمۇ بار... ھەي... غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمغا بەك ئۇۋال بولدى-دە...

— راست بۇ زاتقا ناھايىتى ئۇۋالچىلىق بوپتۇ. ئەگەر قەدرىگە يەتسە، ياخشى شارائىت، ئوبدان مۇھىت يارىتىپ بەرگۈلۈكتى...

رەجەپ كارناي گۈلنىساخاننى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ھەر ئايدا كامىلنىڭ ئاشلىق نورمىسىنى گۇڭشې ئاشلىق پونكىتىدىن سېتىپ ئېلىپ كېلىشنى، ئۆزى ئوتۇن-ياغاچ يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى، تاماقنى تېتىغۇدەك ئېتىپ بېرىشنى تاپىلاپ چىقىرىۋەتتى. ئاندىن ئۇ كامىل بىلەن يەنە بىردەم پاراڭلىشىپ خوشلىشىپ چىقتى. كۆڭلى ۋىللىدە ئېچىلىپ قالغان كامىل ئۇنى ۋەيرانە ھويلىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

— تۇرمۇشتا قانداق سورۇقچىلىق تارتسىلا مۇئەللىم، ماڭا دېسىلە، — دېدى رەجەپ كارناي، — مەن ئەتىلا شىياۋدۇي ئامبىرىدىن بىر قاپاق ماي ئەكىرىپ بېرەي... ئانىلىرىنى يوقلايدىغان، بىر يەرلەرگە بارىدىغان ئىش بولسا، ماڭا دەپ قويۇپ كېتىۋەرسىلە... سىلى ئېتىزدا ئىشلىسىلىمۇ-ئىشلىمىسىلىمۇ، بىز ئەللامەلىقلار داجەي، داچىڭدىن ئۆگىنىپ، سوتسىيالىزمنى ئاستا-ئاستا قۇرۇۋالىمىز...

رەجەپ كارناي كېتىپ قالدى. كامىل ھويلىنى بىر قۇر ئايلاندى. ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى شاپتۇل، ئۈرۈك كۆچەتلىرى ئارىلىقلىرىدا بىرنەچچە قۇر كۆكتات ئېتىزىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭغا لازا، پەمىدۇر، يىسىۋېلەك، پىدىگەنلەر كۆچۈرۈلگەنىدى. كىگىز ئورنىدەك يەرگە تېرىلغان ئاشكۆكى يېشىل مەخمەلدەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئۈرۈك شاخلىرىدىكى قىپقىزىل چېچەك بىخلىرىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ ئەتىگەنكى قۇياشنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا قىلاتتى. قازناق يېنىدىكى يوغان بىر تۈپ ئامۇت غۇچچىدىلا قوڭغۇزلاپ كەتكەنىدى. كامىل بوش ۋاقىتلىرىدا ھويلىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ، قازناق ئۆيگە كىردى. ئۇ كىگىزدە پۈتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ، يىغىقلىق يوتقىنىغا يۆلىنىپ، تۈڭلۈككە قارىغىنىدا، تەمبەل، بۇرۇتلىرى تاماكىدىن سارغىيىپ كەتكەن، پۈرمە چورۇقىنىڭ چېچىلىپ تۇرغان تاسمىلىرىنى شىتىرلىتىپ تېز - تېز قەدەم تاشلايدىغان رەجەپ كارناي كۆز ئالدىغا كەلدى.

— ھەي... دۇنيادا يەنىلا ياخشى ئادەملەر كۆپ... ھېكمەت يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا يېتىپ بارغانمىدۇر؟... ياق، بەلكىم يولدىدۇر...

كامىل رەجەپ كارنايغا باھا بېرىپ، ھېكمەتنى ياد ئېتىۋاتقان شۇ پەيتتە، ئىككى ئاتلىق مىنىبىگىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتقان ھېكمەت چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ، «يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك شتابى»غا يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇ پات - پاتلا دۈمبىسىگە تېڭىلغان يۈك - تاقىنى ئۆرىدەپ، قولىدىكى سومكىسىنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا يۆتكەيتتى. لېكىن، لاسكويغىچە يىغلاپ كېلىپ، توپىلاڭ يولدا يىقىلىپ قالغان ماھىگۈل، ئۇنىڭ «ھېكمەت ئاكا! » دېگەن نالىسى، ناۋات رەڭ سۇزۇك يۈزلىرىدىن تارامىلاپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرى كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى. خالىق ئەۋەتكەن ئىككى مىنىبىك ھېكمەتنى ئېلىپ ماڭغاندا، ئوقۇغۇچىلىرى چۇرقىرىشىپ ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. ماھىگۈل ئۇچقاندەك كېلىپ، ھېكمەتكە ئۆزىنى ئاتتى. مۇرات ئۇنى تارتىپ تۇرسىمۇ، ئۇ سىلكىنىپ، بۇلجۇنۇپ، ئۇزاپ كەتكەن ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغانىدى.

ھېكمەت مېڭىش ئالدىدا، ماھىگۈلنى مالىيە بۆلۈمىگە ئېلىپ كىرىپ، مائاشى چىققان ھامان، ماھىگۈلنىڭ تاماق پۇلىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغىنىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى، ئەۋەتىشكە مۇمكىن بولمىسا، ماھىگۈلگە بېرىشنى ئەخمەت ھوشۇرغا تاپىلىدى. ئەزەلدىنلا ھېكمەتكە كۆڭلىنى يېقىن تۇتۇپ كەلگەن ئەخمەت ھوشۇرمۇ ئۇنىڭغا ۋەدە بەردى.

تاڭ سۈزۈلگەندە، ئايالى گۈلزىبا بىلەن خوشلىشىپ، بوستانغا پىيادە كەلگەن ھېكمەت نومۇس ۋە غۇرۇر كۈچىدىنلا كېتىۋاتاتتى. ئىگەردە يوتىلىرى سىرقىراپ، كاسىلىرى ئاغرىپ كەتكەن مىنىبىگلار يول ئۈستىدە ئاتتىن چۈشۈپ، ئىككى نۆۋەت پۇت - قولىنى ئارام ئالدۇرغاندىلا دەم ئېلىۋالغان ھېكمەت سۇ ئامبىرى رەھبەرلىك شتابىنىڭ ئۆيلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا، يېقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئارانلا قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. دەسلەپتە ئانچە ئېغىر تۇيۇلمىغان يۈك - تاقلىرى ھارغانسېرى نەچچە پاتمان يۈكتەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى.

سۇ ئامبىرى توسمىسى يىراقتىن خۇددى كونا قەلئە سېپىلىدەك قارىيىپ كۆرۈنۈپ، ئانچە ئېگىز بولمىغان قۇم ئېدىرلىقلىرىنىڭ يانباغىرلىرىدا غايىپ بولاتتى. توسما ئۈستى، ئاستى ۋە يانباغىر ئېتەكلىرىنى بۇلۇتتەك بېسىۋالغان ئادەملەر خۇددى يوغان بىر يىلاننىڭ ئۆلۈكىگە ھۇجۇم باشلىغان قارا چۈمۈلىلەردەك قىمىلدىشاتتى. ھەريىلى ئايىقى ئۈزۈلمەي ھاشارغا ئىشلەۋاتقان دېھقانلار توسما ئەتراپلىرىدىن توپا قېزىپ، ئۇ يەرنى يالاڭلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. يېقىن ئەتراپتا بىرەر تال دەرەخ ياكى گىياھ كۆرۈنمەيتتى. پەقەت رەھبەرلىك شتابىنىڭ بىرنەچچە ئېغىزلىق پاكار ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىلا بىر تۈپ ياڭاق، تۆت - بەش تۈپ جىگدە كۆچىتى بار ئىدى. قالغان تۆت ئەتراپ قاقاسلىق، شورلۇق يەرلەر ئىدى.

قۇربان ھاكىمنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا ئارانلا يۈگۈرۈپ كەلگەن ھېكمەت يەرگە ئۆزىنى تاشلىدى - دە، تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئىككى باسقۇچلۇق خىش پەلەمپەينى دەسسەپ ئىشخانىدىن چىققان ھاكىم ئاتتىن چۈشكەن مىنىبىگلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سىلەر بوستاندىن كەلدىڭلارمۇ؟ — سورىدى ھاكىم خۇشامەتتىن بېلى پۈكۈلگەن مىنبىڭلارغا قاراپ، — ھېكمەت قېنى؟ . . .

— ئەنە! . . .

ھاكىم ئارقىسىغا قايرىلىپلا، تامغا يۆلەنگىنىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتقان ھېكمەتنى كۆردى! . . . ئۇنىڭ چىرايىدا قان ئەسرارى يوق ئىدى. سومكىسى بولسا ئايىقى تەرەپكە يۇمىلىنىپ كەتكەنىدى. ھاكىمنىڭ ئاچچىقى كەلسە، ئاق يۈزى ئوتقاچتەك قىزىرىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى يوغىناپ، ياڭاق گۆشلىرى لىپىلداپ كېتەتتى. «بىر شيۇجېڭجۇيىچىنى يولدا كەلگۈچە يۈگۈرتۈپ، قىيناپ كەلگىنىمىزدىن ھاكىم خۇش بولۇپ بىزنى ماختايدۇ» دەپ تامادا بولغان ئىككى مىنبىڭ ھەجايغىنىچە قاراپ تۇراتتى (ئۇلار ھەتتا ھاكىمنىڭ چىرايىدىكى غەيرىي نورمال ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، «دۈشمەنگە غەزىپى كەلدى» دەپمۇ چۈشەندى) .

— ھەر قايسىڭ ئاتتا كەلدىڭ؟ . . . خوش ئۇچچۇ؟ — ھاكىم ھېكمەتنى كۆرسەتتى.

— ئۇ يول بويى ھاپىلداپ، سوكۇلداپ يۈگۈرۈپ كەلدى. . . ھى. . . ھى. . . ھى. . . — خىڭىلداپ كۈلدى تاز چىراي مىنبىڭ.

— جېنىمۇ مەزمۇت نېمىكەن، — دېدى كۆزى ئالغاي مىنبىڭ نەگىدۇر قاراپ، — بىزلەر ئاتتا ئولتۇرۇپ چىدىماي قالدۇق. . . ئۇ غىڭشىپمۇ قويمىدى. . .

— ۋۇي ئۇماچ قورساق ئەبلەخلەر! . . . — ۋارقىرىدى ھاكىم غەزەپ بىلەن، — سەنلەر ئاتقا مىنىپ ھارىسەن، ئۇ بولسا شۇنچە يۈك - تاقى بىلەن يۈگۈرسۇن. . . بۇ ھوقۇقنى ساڭا كىم بەرگەن؟ . . . ئۇ دېگەن سەندەك پەپىلىقۇش، دېۋەڭلەرنىڭ ئاغزىغا بىلىم سالىدىغان ئوقۇتقۇچى. بىلىشەمسەن! . . .

— خوش ھاكىم، خوش. . . خالىق كاتىپ ئۇ. . .

— خالىق كاتىپ؟ — ھاكىم قاتتىق ۋارقىرىدى، — ۋۇي سېنىڭ شۇ خالىق كاتىپىڭنى. . . يوقىلىش، كۆزۈمدىن تېز يوقال. . .

قۇربان ھاكىم ھېكمەتنى ئىشخانىغا يۆلەپ ئەكىرىپ كەتتى. ئۇ ئالدىن

تەييارلاپ ئۈستىگە كىگىز سېلىپ قويغان كارىۋاتقا يوتقان - كۆرپىلەرنى يېيىپ سالغاندىن كېيىن، ھېكمەتنى ئولتۇرغۇزدى. ئۇ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ، داسقا سۇ تەڭشەپ، لۆڭگىنى كۆتۈرۈپ كىرگەندە، ھېكمەت كىيىملىرى بىلەنلا ئۇخلاپ قالغانىدى. ھاكىم ئۇنىڭ ئايىقىنى سالدۇرۇپ، پۇتىغا ئەدىيال يۆگەپ قويغاندىن كېيىن، ھېكمەتنىڭ توپا باسقان مەسۇم چىرايىغا، قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ، بېشىنى ئېغىتىپ قويدى.

ھېكمەت كەچكى تاماقنىمۇ قويمىدى. ئۇ شۇ ياتقانچە، ئەتىسى كۈن كۆتۈرۈلگەندە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئۇگە - ئۇگىلىرى ئاغرىپ، بەللىرى سىرقىراپ، پۇتلىرىنى كۆتۈرەلمەيلا قالدى. بىراق قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەنىدى.

— ھە ئويغاندىڭمۇ؟ — دېدى قۇربان ھاكىم ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ، — چۆگۈندە سۇ بار، يۈزلىرىڭنى يۇيۇۋال، تاماققا بارىمىز...

تاشقىرى شۇنچە يورۇپ كەتكەنىدىكى، ھېكمەت كۆزلىرىنى ئاچالمايلا قالدى. ئۇ يۈزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، قولىنى سايىۋەن قىلىپ، يىراقلارغا قارىدى. سۇ ئامبىرى تۇسمىسىدا ھاشارچى ئادەملەر چۈمۈلىلەردەك قىمىلدايتتى. ۋارقىرىغان، تاڭ - تۇڭ قىلغان ئاۋازلار كېلەتتى. تاش - شېغىل توشۇۋاتقان ئات - ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيتتى. ناگان - ناگاندا، توپا - توزانلارنى پۇرقىرىتىپ قارا ماشىنىلارمۇ ئۆتۈپ قالاتتى.

ھاكىم ھېكمەتنى باشلاپ ئاشخانىغا ئېلىپ كەلدى. ئاشخانا ياتاقتىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئاشپەز بولسا كېرەك، بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا، ئالدىغا پەشتاما تارتقان، ياپىلاق يۈزلىرى مايلىشىپ پارقىراپ تۇرغان پاكارغىنە بىر كىشى كۈلۈپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن تۇڭگان ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇيغۇرلاردەك سۆزلەيتتى.

— قۇربان ھاكىم، ئەتىگەنلىك تاماققا كېچىكىپ قالدىلىغۇ؟ — دېدى ئاشپەز قاسقانىغا سېلىپ قويغان بىر تەخسە ياڭيۇ قورۇمىسى بىلەن جىڭمومىنى ئېلىپ، — تاماق سوۋۇپ قالمىسۇن دەپ...

ھېكمەت قۇربان ھاكىمنىڭ ئۆزىگە ساقلاپ تاماق ھەم خىزمەتكە كېچىككەنلىكىنى بىلىپ، خىجىللىق ئىچىدە ھاكىمدىن ئەپۇ سورىدى. لېكىن ئۇ: «ياق، ئۆزۈم ئۇخلاپ قاپتىمەن» دەپ قويدى.

— روزاخۇن، ياڭيۇ قورۇماڭ مۇشۇ بىر تەخسىلىما؟ ئارتۇقراق يوقمۇ؟ — دېدى ھاكىم، — مېھمان بارلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟...

— قورۇپ بېرەي... ھازىرلا بولىدۇ.

— بولدى قورۇمىسۇن، — دېدى ھېكمەت ھاكىمغا، — مۇشۇمۇ يېتەرلىك ئىكەن...

ھاكىم قورۇما تەخسىسىنى ھېكمەتنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. ئۇلار ئاچچىق دەملەنگەن چاينى ئوتلىغاچ، ئۈن - تىنسىز يېيىشتى. ئاشخانا ئۇزۇن كەتكەن كارىدوردەك ئاددىيلا ئىدى. تۆت دانە يۇمىلاق شىرە ئەتراپلىرىغا سىرلىرى چۈشۈپ، غىچىرلاپ تۇرىدىغان يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇقلار قويۇلغانىدى. بىر بۇلۇڭدا چەمبەرلەنگەن ناھايىتى يوغان ياغاچ تۇڭ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويغان داكا يوتقاندىن ھاراقنىڭ ئاچچىق ھىدى كېلىپ تۇراتتى. ھېكمەت خوتەنگە يېڭى كەلگەن يىلى مەتتوختى روزى ھاكىم تەۋەككۇل، ئىسلامئاباتقا ماڭغان خىزمەت گۇرۇپپىسىنى مۇشۇ ئاشخانىدا كۈتۈۋالغانىدى. مەتتوختى روزى ھاكىم يونىمىغان توغراقتەك زور، كۈچتۈڭگۈر ئادەم بولغىنى بىلەن، ئادىمىيلىك پېئىلى شۇنچە كىچىك ئىدى. ئۇ ساددا، خۇشچاقچاق بولۇپ، سەممىيلىكى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. «ھاكىم كەپسى» دېگەن نامىمۇ مەتتوختى روزى ھاكىمنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس ئابىدىسى ئىدى.

— ھە، جىمىپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى ھاكىم ھېكمەتكە، — بۇ ئاشخانا ساڭا يارىمىدىمۇ - نېمە؟

— ياق، ئون بىر كىشىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى تەۋەككۇل، ئىسلامئاباتقا خىزمەتكە ماڭغاندا، مەتتوختى روزى ھاكىم بىزنى مۇشۇ ئاشخانىدا مېھمان قىلغانىدى، — دېدى ھېكمەت ئاشخانىغا نەزەر سېلىپ، — ئۇ ئادەم: «سەن ھاراق ئىچىشنى بىلمىگەندىن كېيىن، ئىلىنىڭ ناخشىلىرىدىن ئېيتىپ بېرسەن» دەپ تۇرۇۋالغان.

— ئۇ يىللىرى يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى باشلىغانغا

ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىتلار ئىدى. ناھىيىلىك كومىتېت مەتتوختى روزىنى مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىگەن. ئۇ ھازىر دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقاچقا، يېزا - قىشلاقلاردىن كېلەلمەيدۇ.

— بۇ ئاشخانا بەك كىچىك ئىكەن، — دېدى ھېكمەت ھەيران بولۇپ، — توسمىغا ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئايرىم ئاشخانىسى بارمۇ؟

— يوق، — ھاكىم كۈلۈۋەتتى، — ئۇلار ئۆزلىرى ئېتىشىپ يەيدۇ. . .

ئۇلار تاماقلىرىنى يېيىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھېكمەت يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ بولغۇچە، قۇربان ھاكىم تاماقنىڭ ھەققىنى بېرىۋەتتى. ئاشخانىنىڭ ئاق ھەم سېرىق رەڭلىك قەغەزدىن ئايرىم ئاشلىق، پۇل بېلىتى بار ئىدى. ھاكىم ھېكمەتنى روزاخۇن ئۇستامغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ پۇل ھەم ئاشلىق بېلەتلىرىنى ئاشخانا بېلىتىگە ئالماشتۇرۇپ بەردى.

قۇربان ھاكىم ھېكمەت بىلەن بىللە ياتىقىغا كەلدى. تۈنۈگۈن كەچ قورساقنىڭ ئاچلىقى ھەم ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كېتىش تۈپەيلىدىن ھالىدىن كەتكەن ھېكمەت ھېچنەرسىگە دىققەت قىلمىغانىدى. ھازىر بۇ ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئۈچ ئىشىكى بارلىقىنى بايقىدى. ھاكىم ئىشخانا ھەم ياتاق قىلىنىۋالغان ئۆينىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر ئىشىك بولۇپ، بىر تۈپ ياغاچ بىلەن جىگدە كۆچەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قىسقىسى ئۈچ ئىشىك بىر سىزىقتا قاتارىسىغا تۇراتتى. ھاكىم سېرىق سومكىسىنى مۈرىسىگە ئاسقاندىن كېيىن، ھېكمەتنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار توسمىدىن يىراق بولمىغان شېغىل ھەم تاش دۆۋىسى ئالدىغا كەلدى. ئىككى دېھقان رېزىنكە شلانكىدا شېغىل يۇيۇۋاتاتتى. بىرنەچچە ئادەم قول ھارۋىلىرىدا يۇيۇلغان شېغىللارنى ئېلىپ كېتەتتى. ئۇلار ھاكىمنى كۆرۈپ ئېگىلىپ سالام بېرىشتى.

— گېپىمگە قۇلاق سال ھېكمەت، — دېدى ھاكىم دۆۋىلەنگەن شېغىلغا قاراپ، — شوپۇرلار شېغىلنى قالايمىقان چۈشۈرۈپ، يەرنى ئىگىلەپ كەتتى. بۇ توشۇش ھەم يۇيۇشقىمۇ ئەپسىز. شۇڭا ماشىنىلار كەلگەن ھامان ئارقىغا ياندۇرۇپ، نۇقتىلىق بىر يەرگە تۆككۈزۈش

كېرەك. . . بۇ ئىشقا سەن مەسئۇل بولىسەن.
— ئەگەر ئۇلار ئۇنىمىسىچۇ؟
— ئۇنىماسلىققا ھەددى ئەمەس، — دېدى ھاكىم، — ئۇلار ھەر كەلگىنىدە، كىنىشكىسىغا تامغا باستۇرىدۇ، بۇ تامغىنى سەن تۇتىسەن!
ھاكىم ھېكمەتنى باشلاپ سۇ ئامبىرىنىڭ باش تەرپىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ يەردە، جەھەننەم چوڭقۇرلۇقتا، نۇرغۇن كىشىلەر پولات چىۋىقلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاۋاتاتتى. تىك چۈشۈرۈلگەن تاختاي نولاردىن سېمونت لايلار شارقىراپ پەسكە چۈشەتتى. خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تېخنىكلار نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرايتتى، قوللىرىنى شىلتىپ، ئۇنى ئال، بۇنى قوي. . . دېيىشەتتى.
— مانا بۇ «پومپا» ، — دېدى ھاكىم، — بۇنى دېھقانلار «سېمونت زاكۇ» دەپ ئاتىشىدۇ. خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىغا سۇ مۇشۇ يەردىن تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.
— بۇ نېمانچە چوڭقۇر ئېلىنغان؟ — دېدى ھېكمەت پەسكە ئېڭىشىپ.
— سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى مۇشۇ تەرەپكە قاراپ ياتقان، ئەگەر تېگىدىن بېتونلاپ چىقمىسا، خەتەرلىك يۈز بېرىدۇ.
— سۇ خېلى پەستە تۇرىدىغۇ؟ — دېدى ھېكمەت كۆپكۆك دېڭىزدەك شاۋقۇنلاپ تۇرغان سۇغا قاراپ، — ياكى كەلكۈن پەسلىدە كۆپىيەمدۇ؟
— توغرا دېدىڭ، ھەر يىلى كەلكۈن پەسلىدە نەچچە مىليون كۇب مېتىر سۇ تەكلىماكان قۇملۇقىغا سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇنى مۇشۇ ئېدىشقا قاچىلىۋالساق، قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرى بىزنى قورقىتالمايدۇ.
— پاھ، سۇ سايرامنىڭ سۈيىدەكلا كۆپكۆك داۋالغۇپ تۇرىدىكەن. . .
— تېخى بېلىقىنى دېمەيلا قوي، گۆشى شۇنداق تاتلىق، كىيىنچە بېلىق تۇتقىلى چىقمىز.
ئۇلار توسمىدىن پەسلەپ چۈشۈپ، سۇ شاپىلداپ ئۇرۇلۇۋاتقان قىرغاق ئەتراپىدىكى تاش تىزىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كەلدى. دېھقانلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ھاكىم سومكىسىدىن بولقىسى بىلەن ئۇچى ئەگرى تۆمۈر سىمنى ئالدى. بولقا بىلەن ئۇ يەر - بۇ يەرنى ئۇردى، تۆمۈر سىمنى

تىزىلغان تاش ئارىلىقلىرىغا تىقىپ مىدىرلىتىپ باقتى. ئۇ دېھقانلارغا ئىش ئاۋۇتۇش ئۈچۈن تاشنى ياتقۇزۇپ قويماسلىق، تىك چۆكۈرۈپ قويۇش، كىچىك ھەم يۇمىلاق تاشلارنى ئىلاجى بار ئىشلەتمەسلىكنى تاپىلاپ، توسما ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. توسما ئۈستىدە، تۆت ئادەم كۆتۈرۈپ ئۇرىدىغان «قالىڭ»لار گۆپۈلدەپ يەرگە چۈشەتتى. جىگدە، ياڭاق، چىلان كۆتەكلىرىدىن ياسالغان ئېغىر قالىڭ چۈشكەن يەرنى ئۇيۇپ چوڭقۇر ئىز قالدۇراتتى. ھەربىر گۇڭشېلار ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان چامىنى، تەۋەلىكىدىكى باشقۇرۇش رايون، دادۈي، شياۋدۈيلەرگىچە ۋەزىپە قىلىپ بۆلۈپ بەرگەنىدى. ئىش تەقسىماتىدا تەڭسىزلىك بولماسلىقى ئۈچۈن، ھەتتا شەخسلەرگىچە كۈنىگە نەچچە يۈدۈم توپا توشۇش بەلگىلەنگەنىدى. ئايىقى ئۈزۈلمەي قاتناۋاتقان ئەر ـ ئايال دېھقانلار تاغارلىرىنى ئىنجىقلىشىپ كۆتۈرۈپ كېلىپ، گۈپپىدە تاشلايتتى ۋە شياۋدۈيجاڭنىڭ دەپتىرىگە چۈشۈپ بولغان ھامان، پەسكە قاراپ يۈگۈرەيتتى.

قۇربان ھاكىم بىلەن ھېكمەت توسما ئۈستى بىلەن سۇ ئامبىرىنىڭ ئاياق تەرىپىگە قاراپ مېڭىشتى. سۇ ئامبىرى تەرەپتىن قارىغاندا، توسما ئانچە ئېگىز كۆتۈرۈلمىگەندەك بىلىنگىنى بىلەن، توپا قېزىۋاتقان تەرەپ ناھايىتى چوڭقۇردا قالغانىدى. توسما يامزىلىدا، مىڭلىغان چىغىر يوللار گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى تاغ چوققىسىدىن پەسكە قاراپ ئاققان ئۇششاق ئېقىنلارغا ئوخشايتتى. تاغار يۈدىگەن ھاشارچىلار مانا ئاشۇ يوللار بىلەن ئۈستىگە قاراپ ئۆمىلىگەندەك يامىشاتتى. قۇربان ھاكىم يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، توسمىدىن پەسكە قاراپ بۇرۇلدى. ھېكمەتمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ چۈشتى. بۇ يەردە سۇزۇك بىر كىچىك ئېقىن بار ئىدى. ئۇنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ھاكىم نېرىراقتىكى قۇم دۆۋىسى يېنىدا توختىدى. ئۇ كىچىك ئېقىنىنىڭ سۇ ئامبىرى ئۈچۈن چوڭ ئاپەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

— تېخنىكلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، — دېدى ھاكىم ئېقىننى كۆرسىتىپ، — سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، بۇ يەردە بىر ئېقىن يولى ياكى بۇلاق كۆزى بولغان دېيىشىدۇ. سىزىپ چىقىۋاتقان سۇ ئۇ

تەرەپتىكى سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى. ئەگەر بۇ سۈنى توسۇپ قالمىسا، توسمىنىڭ ئېقىن يولى ئۆتكەن ئورنى بارا ـ بارا پەسلەپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ.

— ئۇنى توسۇپ قېلىشنىڭ ئامالى بارمۇ؟— سورىدى ھېكمەت.

— تېخنىكلار پىلانلاپ بولدى. مۇشۇ ئېقىن ئورنىغا ئۇزۇنلۇقى ئەللىك مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئون مېتىر... كەڭلىكى ئۈچ مېتىر خەندەك كولىنىپ، بىر قات تاش، بىر قات قۇم، بىر قات شېغىل تۆكۈلىدۇ... مانا بۇنى تېخنىكلار «سۈزگۈچ» دەپ ئاتايدىكەن...

— ئۇنداقتا سۈيى سۈزۈلۈپ چىقىپ، لاي ـ لاتقا ئاقمىغاندىن كېيىن، توسما قوغدىلىپ قالىدىكەن ـ دە؟...

— توغرا! تاپتىڭ... قارىغىنا بۇ قۇمغا، — ھاكىم ئايىقى ئاستىدىكى قۇم دۆۋىسىدىن بىر سىقىم ئالدى، — بۇ، چارقۇم باشقا قۇملارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنى دېھقانلار قۇمقايغان ئەتراپىدىن تېپىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇزۇن يىللاردىن كېيىنمۇ ئېزىلىپ لايغا ئايلىنىپ كەتمەيدۇ.

— ئۇنداقتا بۇ ئەتىۋارلىق قۇم ئىكەن ـ دە؟

— شۇنداق.

ھاكىم قۇم ئۈستىدە تۇرغان ئاستى ھەم ئۈستى يوق ساندۇق قېشىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر دانە ياغاچ پالاقنى ئالدى. پالاق بىلەن قۇم ئۈستىنى سىيرىپ تۈزلىگەندىن كېيىن، ساندۇقنى ئاۋايلاپ قويدى. ئاندىن ئۇ ساندۇق ئاستىدىن ئۈستىگىچە قىزىل سىردا يېزىلغان سان ـ سىپىرلارنى كۆرسەتتى.

— مانا بۇ ساندۇق ئۆلچەملىك «كوبا مېتىر»، — دېدى ھاكىم، — قۇمنى ئىچىگە تۆككەندىن كېيىن، پالاق بىلەن تۈزلىۋەتسەك، نەچچە سانتىمېتىر قېلىنلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا تالون كېسىپ بېرىسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم...

— سېنىڭ ۋەزىپەڭ شېغىل ۋە قۇم ئۆتكۈزۈۋېلىش. بۇ ئىشنى بۇرۇن

بىر خەنزۇ تېخنىك قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئىشى ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن، شوپۇرلار، دېھقانلار ئۇنى كۆڭلەپ ساقلايتتى. ئۇ كەلمىگۈچە، شېغىل، قۇملىرىنى ئۆتكۈزەلمەيتتى.

— ھەممىنى چۈشەندىم.

— يەنە بىر مۇھىم ئىش. قۇمنى ئالغاندا، قولۇڭدا سورۇغاچ پۈۋلەيسەن، ئەگەر توپا پۇرقىراپ چىقسا، قايتا سورۇتقىن... بۇنىڭغا سەل قارساڭ، تېخنىك قۇمنى ھەرگىز ئىشلەتمەيدۇ.

— بولىدۇ.

چۈش بولۇپ قالغانىدى. ھاكىممۇ ئەتىگەن چالا ــ بۇلا يېگەن تاماق بىلەن ئىدى. شۇڭا قورسىقى ئاچقان بولسا كېرەك، ئۇتتۇر ئاشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ھېكمەتمۇ چاندۇرمىغىنى بىلەن، قورسىقى ناغرا چالغىلى خېلى بولۇپ قالغانىدى. ھاكىم كېتىۋېتىپ ھېكمەتكە، قۇم ئەكەلگەن دېھقانلارنى «كوبا مېتىر»غا يۆلەندۈرمەسلىك، تۇتقۇزماسلىق، قۇم تاغىرىنى ساندۇق قىرىغا قويغۇزماسلىق» قاتارلىقلارنى تاپىلىدى. بولمىسا، بەزى ھارامزادىلەر «كوبا مېتىر»نى قۇمغا پاتۇرۇۋېتىپ، سانتىمېتىرنى ئاشۇرۇۋالىدۇ، دېدى.

ھاكىم بىلەن ھېكمەت ئاشخانىغا كىرگەندە، تاش تىزىشتا ھەم پومپىدا ئىشلەۋاتقان تېخنىكلار، ئىش باشقۇرغۇچىلار تۆت جوزىنى ئىگىلەپ بولغانىدى. روزاخۇن ئاشخانىنىڭ ئارقىسىدىكى پاكىز سۈپۈرۈپ تەييارلاپ قويغان سەيناغا كىچىك بىر شىرەنى قويۇپ، ھاكىم بىلەن ھېكمەتنى شۇ يەرگە باشلىدى. ئۇ ئىككى قاچا گاڭپەن، بىر تەخسە قورۇما ۋە لېگەندە يوغان بىر بېلىقنى كۆتۈرۈپ كەلدى. دورا ــ دەرمانلىرى، تېتىتقۇلىرى بىلەن ھەغدادىغا يېتىپ پىشقان بېلىقتىن مەززىلىك ھىد دىماغقا ئۇرۇلاتتى.

— روزاخۇن، بۇ يېڭى بېلىقمۇ، كونىمۇ؟ — سورىدى ھاكىم.

— سۇ ئامبىرى يېنىمىزدا تۇرسا، كونىسىنىمۇ ئىشلىتەمدۇق ھاكىم؟ — دېدى روزاخۇن پەشتامىسىغا قولىنى ئېرتىۋېتىپ، — زاكۇدىكى باللار ئەتىگەنلا تۇتۇپتىكەن.

— نورمام يەتمەمدىكىن دېمەي، جىق - جىق يەۋەرگىن، — دېدى هاكىم ھېكمەتكە، — سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان دۆلەت كادىرلىرىغا ئايدا يىگىرمە جىڭ ئاشلىق بېلىتى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىنىڭ نەم تەسىرى ياكى ئايدالانىڭ شامىلىمۇ، ئىش قىلىپ، قورساق ناھايىتى تېزلا ئاچاتتى. هاكىم بۇ گەپنى ئەسكەرتىپ ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى. چۈنكى، شەھەردىكى چېغىدا، ئۇنىڭ ئوتتۇز جىڭ نورمىسى يېتەتتى. بۇ يەردە ئەللىك جىڭ نورما ئاشلىقمۇ ئۇ ئايدىن - بۇ ئايغا ئارانلا ئۇلىشاتتى.

ھېكمەت شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئەتىگەندە كەلگەن ماشىنىلار شېغىلنى چۈشۈرۈپ بولغان ھامان، كىنىشكىلىرىغا تامغا بېسىپ بېرەتتى. كاجىراق شوپۇرلارغا سىيلىق - سىپايە گەپ قىلاتتى ياكى بىر - ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىپ، ماشىنىلىرىنى ئارقىغا ياندۇرۇپ، شېغىلنى دېگەن يەرگە تۆكتۈرەتتى. ئۇ چېچىلغانلىرىنى شېغىل يۆيۈۋاتقان دېھقانلارغا يىغىشتۇرۇۋېتىشنى دەپ قويۇپ، قۇم ئالىدىغان يەرگە باراتتى. بەزى كۈنلىرى دېھقانلار تاغارلىرىنىڭ ئىزمىلىرىنى كەينىگە قايرىپ قويۇپ، قاترىسىغا ئۆچرەت تۇرۇپ كېتەتتى. يىراقتىن كۆرگەنلەر، ئۇلارنى قۇرۇق يەل - يېمىش سېتىۋاتقانلارمىكىن دەپ قالاتتى. ھېكمەت بىر باشتىن سوررۇپ، بەزىلىرىنى بىر قېتىم سورۇۋەتسىلە دېسە، بەزىلىرىنى «كوبا» قېشىغا ئاپارسىلا، دەيتتى. گايى بىرلىرى داستىخان - ئەدىياللىرىنى يېيىپ تەلپەك، دوپپىلىرىنى قاچا ئورنىدا ئىشلىتىپ، قۇم سورۇسا، بەزى ھىيلىگەرلەر «تالونغا يېرىم سانتىمېتىر قۇمنى ئارتۇق يېزىپ بەرگەن بولسىلا» دەپ يالۋۇراتتى. ئىش قىلىپ، دېھقانلارنىڭ بىرسى: «مېنىڭ ئىككى ئۇلاغ قۇمۇم بەش سانتا كەپتۇ. . .» دېسە، يەنە بىرسى: «تاغارغا كەپلەپ تىققاندەك قىلىۋىدىم، ئاران بىر سانتا ئېشىپتۇ» دېيىشىپ، «كوبا مېتىر» ساندۇقىنى نەپسى يامان خوتۇن، ئاچكۆز چوكانغا ئوخشىتىپ كۈلۈشەتتى ياكى ئاچچىقلاپ قېلىشاتتى. ھېكمەتمۇ ماسلىشىپ، ئۇلارنى ھەرخىل چاقچاقلار بىلەن كۈلدۈرەتتى. قۇم ئېلىش ئاياقلاشقان ھامان،

دېھقانلار ھېكمەتنىڭ ئۆنىمغىنىغا قويماي، يانچۇقلىرىغا گۈلە ـ قاق ،
جىگدە، ياڭاق دېگەندەك نەرسىلەرنى سېلىپ قوياتتى ۋە «ئاپتاپتەك ئوچۇق
كادىر ئىكەن. . . » دېيىشىپ ماختايتتى. ئەمما ئۇ ئىشتىن چۈشكەندىن
كېيىن، ياتىقىغا كېلىپ، جىممىدە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى. ئۇنىڭ
ھازىر ئەڭ ياخشى ھەمراھى، سىرداشى خىيال ئىدى. دوستلىرى كامىل،
مۇرات، نەفىسە، زۇمرەتلەرنى ئويلايتتى، ئايالى گۈلزىبانى سېغىناتتى.
يۇرۇڭقاش بويىدىكى مۇشائىرە، قۇرۇم كۆلىدىكى ساياھەتلەر، خانىمزاتخان
ئانىسىڭ ئىبرەتلىك ھېكايە، نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتكۈزگەن قەدىرلىك
مىنۇتلار، ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتكەن، ئوپچى ئەمگەكلەردە خۇشال
ئۆتكەن چاغلارنى ئەسلەيتتى، كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، بولۇپمۇ گۈلزىبا
كۆز چاناقلىرىدىن بىر دەقىقىمۇ نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭ كۆلۈشلىرى،
ئىزا تارتقىنىدىن ھېكمەتنىڭ كۆكرىكىگە يوشۇرۇنۇشلىرى، لەپپىدە قاراپ
قويۇپ، يۈزىنى قاچۇرۇشلىرى، قاپقارا، تومارلىق چاچلىرى، ئاپئاق
سىيلىق يۈزىدىكى بىر تامچە قىزىل رەڭدەك خالى. . . ئۇنى تاقەتسىز
سېغىنىش ئوتلىرىدا كۆيدۈرەتتى. . . بولۇپمۇ، توي قىلغاندىن كېيىن،
ياش ئايالىغا بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتى، تەلپۈنۈشى گويا جەزىرىمە چۆلدە
قەترە سۇغا زار بولغان چاڭقاق تەشنالىققا ئايلانغانىدى. ئۇ، بۇنداق
چاغلاردا، شۇنچىلىك جىمىپ كېتەتتىكى، ھاكىم ئۇنى «بارمۇ ـ يوق؟» دەپ
ئويلاپ قالاتتى. بىرنەچچە قېتىم ياتىقىغا چاقىرىپ سۆزلەشكەن بولسىمۇ،
ئۇ «ھەئە. . . ياق. . . » بىلەنلا چەكلەندى ۋە كەچۈرۈم سوراپ چىقىپ
كەتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، ھاكىم ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى تەھلىل
قىلىپ: «دائىمىي كومىتېتنىڭ ئۆزىگە كۆرگەن چارىسىنى ئاڭلاپ
قالغانمىدۇر؟ . . . » ، «ئاتا ـ ئانىسى چۈشىگە كىرىپ قالغانمىدۇر؟ » ،
«ئېھتىمال گۈلزىبانى سېغىنغاندۇر! . . . » دېگەن ئويلارغا كەلدى.
شۇڭا، بۈگۈن ئەتىگەندىلا يېڭىئېرىقلىق بالىلارغا دەپ، دۇتار ئەكەلدۈرۈپ
قويدى. ئاندىن روزاخۇن ئاشپەزگە بىرەر تەخسە قورۇما ۋە بېلىق پىشۇرۇپ،
ئىشتىن چۈشكەندە، ياتاققا ئەكىرىپ بېرىشنى تاپىلاپ قويغانىدى.
— ھېكمەت تۆرە ئورنۇڭدىن، ياتىقىمدا بىزدەم ـ يېرىم دەم كۆڭۈل

ئاچىمىز، — دېدى ھاكىم، — ئارىلىقتا بىرلا ئىشىك تۇرۇقلۇق، بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقايمۇ دېمەيسىنا...؟

— ھاكىم، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلسام قانداق بولىدۇ؟...

— كۈندۈزى سەككىز - ئون سائەت ئىشلەيمىز... كەچكى ۋاقىت ئۆزىمىزنىڭدە! ماڭ جۇرۇ...

ھاكىمنىڭ ياتىقىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈستەل ئۈستىدە ئىككى تەخسە قورۇما، بىر لېگەندە بېلىق ۋە بىر بوتۇلكا ھاراق تۇراتتى. ھاكىم چايداندىن چىنىلەرگە چاي قۇيدى. ئاندىن ئۆزىمۇ ھېكمەتنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئىككى دانە پىيالىنىڭ ئىچىنى ئاپئاق ماتادا سۈرتۈۋېتىپ، ھېكمەتكە كۆز قىسىپ قويدى.

— بۈگۈن مەن بىرئاز چارچاپ قالدىم... بۇ نەرسىنى يالغۇز ئىچكىلى بولمايدۇ... شۇڭا، ماڭا ھەمراھ بولۇپ، ھە - ھۇ دېيىشىپ بەر. قانداق دېدىم؟ — ھاكىم پىيالىلەرگە ھاراق قۇيدى، — ھوي، ئاۋۋال ئازراق بىر نېمە يەۋالامسەن — يە؟

— بايىلا كەچلىك تاماق يېگەن تۇرساق...

نەچچە كۈنلەردىن بىرى پۇغانى ئۆرلەپ تۇرغان ھېكمەتنىڭ بىردىنلا ھاراق ئىچكۈسى كېلىپ قالدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ، دوستلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەردلەرنى بىر قېتىم بولسىمۇ ئۇنتۇغۇسى كەلگەندى ياكى ئىچىدىكى ئاچچىقلىرىنى ئوغىمۇ، زەھەرمۇ ئىش قىلىپ بىر نەرسە بىلەن يۇيغۇسى، ئۆرتۈگۈسى كېلىپ تۇراتتى ھەم دەممۇ دەم پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، كۆزلىرىگە يىغا ياماشاتتى...

— قېنى، ھېكمەت، — دېدى ھاكىم پىيالىنى كۆتۈرۈپ، — بۇ بىرىنچى پىيالىنى سېنىڭ گۈلزىبا بىلەن بەختلىك بولۇشۇڭ ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!...

— رەھمەت ھاكىم! — ھېكمەت يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— قېنى، قورۇمىدىن ئال، ما بېلىق ئوبدان پىشىپتۇ... — دېدى ھاكىم پىيالىلەر كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن.

قوناقتىن چىقىرىلغان ساپ جۇن پىيالىلەردە بىرنەچچە قېتىم

ئىچىلگەندىن كېيىن، ئۆز كۆڭلىنى كۆرسەتتى. قىزىرىپ كەتكەن ھېكمەت ياتىقىغا چىقىپ چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، پوفايكىسى بىلەنلا كىردى ۋە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ھاراق قۇيۇلغان پىيالىنى قولىغا ئالدى.

— ئەمىسە، ھاكىم بۇ پىيالىنى سىلىنىڭ ھەم، — ھېكمەت تېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى، — يەڭگىمىزنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟

— نۇرگۈل. . .

— ھەببەللى، نۇرگۈل ئاچىمىز بىلەن سىلىنىڭ سالامەتلىكلىرى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى. . .

— رەھمەت ساڭا! . . .

— ھاكىم، ئاۋۇ دۇتارنى تامغا ئېسىپ قويغانلىرى نېمىسى؟ چالغىلى بىلىدىغاندۇر؟ . . .

— بولمامدىغان. . . — قۇربان ھاكىم كۆڭلىدىكىدەك ئىش بىر ئۇۋاتقانلىقىدىن بەك خۇشال ئىدى، — مەنمۇ سېنى چالارمىكىن دەپ ئەكەلدۇرۇپ قويغان.

— مەن ئەسلى گارمون چالىدىغان، — دېدى ھېكمەت ھاكىم سۇنغان دۇتارنى ئېلىۋېتىپ، دۇتار چېلىشنى ماڭا دوستۇم مۇرات ئۆگەتكەن. . . مەنغۇ ياخشى چالالمايمەن. شۇنداقتىمۇ تىرىكشىتىپ باقاي. . .

— مۇرات دېگىنىڭ مەكتەپتە ئىشلەۋاتقىنىمۇ؟

— شۇنداق، چوڭ گۇناھ يېزىلىپ، بىر يىل ئەمگەكتە ئۆزگىرىدىغان دوستۇم شۇ، — ھېكمەت خۇرسىنىدى، — ئۇنىڭ سۆيگەن قىزى ھازىر بوز يەردە — زەنجىر ـ كىشەنلەردە بۇغۇلغان ئەركىسىز مەھبۇس! . . . كامىلدەك ئىستېبداتلىق، پەزىلەتلىك ياشتىن خوتەندە يەنە قانچىسى باردۇر؟ . . . مەن سىلىگە دەپ قوياي ھاكىم، — ھېكمەت ئۇنلۇك ۋارقىرىۋەتتى، — بىر مىللەتكە ئۆزىنىڭ بىرەر ئاتاغلىق شائىرى، يازغۇچىسى ياكى ئالىمىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، يۈز يىل ئازلىق قىلىدۇ. . . بىراق ئۇ ھازىر ئەللامەدە سۈرگۈندە. . .

قۇربان ھاكىم چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ھېكمەتنىڭ ئېيتقانلىرى يوللۇق ئىدى. ئەمما كۆرەلمەس، پىتنىخور، ساۋاتسىز ئەمەلدارلار بۇنى

چۈشەنمەيتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاتاغلىق بىرەر ئادىمىنىڭ بولۇشىنىمۇ خالىمايتتى. چۈنكى، شۆھرەت، نام، ئاتاق، مەنپەئەت تورلىرىغا چىرمىلىپ كەتكەن بۇ ئادەملەر ئۆزىدىن يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بىرەر قانداق ئادەملەرنىڭ بولۇشىنى ئۆزى ئۈچۈن خەۋپ دەپ بىلىشەتتى.

— ھەي... قۇربان ھاكىم... ئۆزلىرىدەك ئەل سۆيەر ئەمەلدارلار تۈرۈۈقلۈق، — دېدى ھېكمەت دۇتارنى سازلاۋېتىپ، — بىز مۇشۇنداق كۈنلەرگە قالدۇق!...

ھېكمەت مۇراتنىڭ دۇتار ئۆگەنگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە كۆپ مەشق قىلغان سادىر پالۋان ناخشىسىنى باشلىدى:

تەڭرى تاغلىرى دەيدۇ،
مېنىڭ ياتقان ماكانىمدۇر.

ھېكمەتنىڭ دۇتارغا تەڭكەش مۇڭلۇق ئاۋازى بوش كۈچىنىشلەر بىلەن ياڭرىماقتا ئىدى:

نېمە قىلساڭ قىل شەنگەن،
سېنىڭ سورار زامانىڭدۇر...

دەرد ـ ھەسرەت دەممۇ دەم ئۆرلەپ، پىغان بىلەن چىقىۋاتقان ناخشا ھاكىمنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسمىلا قىلىپ قويدى.

كۆرە يولىدا مېڭىپ،
مەيەك سۇندىمۇ شەنگەن؟
سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ،
كۆڭلۈك تىندىمۇ شەنگەن؟...

ھېكمەتنىڭ يۈرىكىدىن ئۆرلىگەن غەزەپ تۇيغۇلىرى ناخشىنىڭ

قايتارمىسىدا، يادىن ئۆزۈلگەن ئوقتەك ئاشكارىلا ئىپادىلەندى:

دوستلارنى تۇتۇپ بېرىپ،
كۆڭلۈڭ تىنىدىمۇ شوجاڭ؟...

ناخشىغا ئاچچىق ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ھېكمەتنىڭ «ئۆزلىرىدەك ئەل سۆيەر ئەمەلدارلار تۇرۇقلۇق، بىز مۇشۇ كۈنلەرگە قالدۇق» دېگەن سۆزى «سېنىڭ سورار زامانىڭدۇر...»، «كۆڭلۈڭ تىنىدىمۇ شەنگەن؟...» دېگەن مىسرالار بىلەن يېشىلگەنىدى. ھاكىم ناخشىنىڭ قايتارمىسىدىكى «دوستلارنى تۇتۇپ بېرىپ، كۆڭلۈڭ تىنىدىمۇ شوجاڭ؟...» دېگەن يالىڭاچ مىسرالاردىن مۇدىر زەينىدىننى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ «كامىل بىلەن مۇراتقا بېرىلگەن جازانى ئېغىرلاتقىلى بولماسمۇ؟» دېگەن ۋاقتىدىكى شۇملۇق يېغىپ تۇرغان چىرايى رەزىللىكتىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. ھاكىم ئەمدىلا يىگىرمە ئۈچ - يىگىرمە تۆت ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ يىگىتلەرنىڭ قانداقتۇر مەنپەئەت تۈپەيلىدىن قارىغا كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئەمدى بۇنى قانداق تۈزىتىش كېرەك؟ ھېكمەت، كامىل، مۇراتلاردا ھەقىقىي ئۆتۈلگەن خاتالىق زادى قانچىلىك؟ ھېكمەت بىر ئوبدان سۆيگەن قىزى تۇرۇپ، ھەربىي ئائىلىنى بۇزغانمىدۇر؟ چەتكە قېچىشقا ئۇرۇنغان دېگەن گەپ راستمىدۇر؟... مۇرات گۇڭشې كادىرلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرمەكچى بولغان؟ كامىلغا كىيگۈزۈلگەن ئەكسىيەتچى خەت- چەكلەرنى ساقلاپ، كونا كىتابلار بىلەن بالىلارنى زەھەرلىدى دېگەن سىياسىي قالپاقنىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغان؟... ئاقلاپ چىقىشقا نېمە ئاساس بار؟... بۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىنمۇ؟... بۇ تولۇق ھوقۇقلۇق، پۈتۈن ئەمەلدارلار ھەم قانۇن ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە دائىمىي كومىتېتنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى تۇرسا؟... بۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ساقچى، تەپتىش، سوتتىن ئادەم ئاجرىتىپ، قايتا تەكشۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، باشتىن ئىنىقلاپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭغا پۇرسەت نەدە؟ . . . ھازىردىن باشلاپ ئون بىرىنچى ئايغىچە، سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ جىددىي پەيتى تۇرسا؟ . . .

قۇربان ھاكىم ئارىلىقتا پۇرسەت چىقىرىپ ھېكمەت بىلەن ئەستايىدىل پاراڭلىشىپ كۆرۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ غەزەپ ھەم ھەسرەت زەردابىنى يۇتۇپ ئولتۇرغان ھېكمەتكە هاراق قۇيدى. ھەر ئىككىلىسى تەڭ كۆتۈردى. ھېكمەت كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا، دۇتار ھەم ناخشا بىلەن دەردلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى، خۇمارلاشقان كۆزلىرىدىن كىملەرنىدۇر ئەسلەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

مەن ئىلىدىن چىققاندا،
ئالتىنچى ئايدا روزى ئىدى.
دەھشەتلىك بۇ كۈنلەردە،
ئاتا ـ ئانا بولىسىدى. . .

ھېكمەت بۇ ئېغىر كۈنلەردە، يۇرتىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنماقتا ئىدى. ئۇنىڭ مىسكىن تۈيغۇلىرى ناخشا مۇڭلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. ھاكىم ئۇنىڭ ھالىغا يېتەتتى ۋە چۈشىنەتتى. يۇرتى، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، تەكلىماكان ۋادىسىدىكى ئەڭ چەت يېزا ـ كەنتلەردە، توپا ـ توزاڭغا پۇچۇلۇپ، ياش ھاياتىنى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىنى قۇربان قىلىپ ئىشلەۋاتقان بۇ يىگىتلەر زادى نېمىگە يەتمەكچى؟ . . . ئۇلارنىڭ ئەمەل، مەنسەپ، تاختا پەرلەردىن تامايى يوق! . . . پاراغەتلىك تۇرمۇش، بايلىق ـ دۇنيا دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويۇشمايدۇ! . . . پەقەت بۇ پىداكارلار ۋەتەن، مىللەت ئالدىدىكى قەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلارغا مەشئەل يېقىش. . . كۈن چۈشمىگەن تەسكەيلەرگە نۇر ئاتا قىلىش. . . ئانا باغرىدىكى «ئاق چېكىت» لەرنى داۋالاش ئۈچۈن، ھەممە ـ ھەممە نېمىسىنى قوربان قىلغان. . .

— ئويلاپ باقسىلا ھاكىم، ھېكمەت مەست بولۇپ قالغانىدى، — بىز ھەرقايسىلىرىغا نېمە گۇناھ قىلغان؟ . . . مائاشىمىزنى ئۆستۈرۈپ بەر

دېدۇقمۇ؟ ياخشى ئۆي - ماكان تەلەپ قىلدۇقمۇ ياكى مەنسەپ - ئەمەل تاماسىدا بولدۇقمۇ؟... ياق!... ياخشى ئىشلىسەك، ئالدىمىزنى توسساڭلار!... ئوغرى، پارىخور، بۇزۇقلار بىلەن ئېلىشساق، يامانغا يانتاياق بولۇپ، بىزنى گۇناھكار قىلىپ قويساڭلار... سۆيگەن قىزلىرىمىزنى تارتىۋالساڭلار!... — ھېكمەت سۆزلىگەنسېرى كەيپى ئۆرلەشكە باشلىدى، — سىلەر بىزنى ياشىغىلى قويامسىلەر ياكى قويمامسىلەر؟... خۇدانىڭ بۇ كەڭ ئالىمىدە «ئۆزۈملا ياشاي» دەمسىلەر؟... بىز سۆيۈملۈك يۇرتىمىزنى، مېھرىبان ئاتا - ئانىمىزنى تاشلاپ، بۇ يەرگە خارلانغىلى، زارلانغىلى كەلگەنمۇ؟ ياق!... بىزنىڭ دىلىمىزدا خۇدا سالغان بىر ئوت بار... ئۇ بولسىمۇ بالا ئوقۇتۇش، بالا ئوقۇتۇش، يەنە بالا ئوقۇتۇش!... مۇرات مەرىپەت خەزىنىسى بولغان يۇرتى قەشقەرنى ئويلىماسمۇ؟ يالغۇز ئانىسىنى سېغىنماسمۇ؟!... مەنمۇ يۇرتۇمنى، ئاتا - ئانامنى، قېرىنداشلىرىمنى ئۇنتۇپ كەتكۈدەك ئۇنچىۋالا باغرى تاش ئەمەسمەنغۇ؟...

ھېكمەت بېشىنى مەيدىسىگە ساڭگىلىتىپ جىمىپ قالدى... ھاكىم ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. بىراق، ئۇ چېكىسىنى تۇتۇپ ئۇزۇن ئولتۇردى...

— بىلەملا ھاكىم، بىز ئون بىر كىشىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى تەۋەككۇل، ئىسلامئاباتقا كىرگەن چېغىمىزدا، مېنى «شىپاڭ» دېگەن يەرگە تەقسىم قىلىشتى، — ھېكمەت ھاردۇق يەتكەندەك ئاستا تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتاتتى، — مەن ھەر كۈنى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ پىكىر ئالىمەن، مائارىپنى تەشۋىق قىلىمەن، قۇملۇق يوللاردا ئوشۇققىچە توپا كېچىپ، نە - نە يىراقلارغا كېتىمەن... «غۇلجا قاياقتا قالغاندۇر؟» دەپ تۆت ئەتراپىمغا تەلمۈرۈپ قارايمەن... «خوتەننى يىراق دېسەم، ئەمدى تەكلىماكانغا كىرىپ قالغىنىم نېمىسى؟» دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن سورايمەن. بىر كۈنى، كەنتتىن ئۇزاقلاپ، قۇم دۆۋىلىرى ئىچىگە كىرىپ قالدىم. قاياققا مېڭىشىمنى بىلەلمەي تۇرغىنىمدا، بارخانلار ئارا بىر ئاتلىق ئادەم تاراسلاپ چىقىپ كەلدى. ئۇ ماڭا:

— ھوي، ئۇكامۇي، مەشەدىن ئىككى ھۆكۈز ئۆتكىنىنى كۆردۇڭمۇ؟ — دېدى.

مەن ئۇنىڭ بېشىدىكى ئاق مالخىيىغا، قارا پوتىنىسىغا، ئىلى دېھقانلىرىدەك ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايىغا قارىدىم. ئۇ ئىلى تەلەپپۇزىدا سۆزلەۋاتاتتى.

— بىز مۇز داۋان ئارقىلىق خوتەنگە ھۆكۈز، ئات يۆتكىگەن، — دېدى ئۇ يارىشىملىق بۇرۇتىنى سىيلاپ قويۇپ، — ئىككى ھۆكۈز توپتىن ئايرىلىپ قېچىپ كەتتى.

— ئاكا، سىز غۇلجىدىن كەلدىڭىزمۇ؟ — مەن ئاتىنىڭ ئېغىزىدۇرۇق چۇلۇۋۇرىدىن كاپلا تۇتتۇۋالدىم...

— ھە، شۇنداق!

— مەنمۇ غۇلجىلىق، جۇرۇڭ ئاكا، ياتىقىمغا باشلاپ باراي، بىر چىنە چاي ئىچىپ كېتىڭ... سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ئاكا!...

— ھوي، غۇلجىلىق بولساڭ، بۇ دەشتى قۇملۇقتا نېمىش قىلىسەن؟ توۋا قىلدىم ماۋۇ كىسپۇرۇچنى...

— مەن خوتەندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن...

— جالۇنىڭغا ① ئاتىنىڭ كاللىسىدەك ئالتۇن بېرەمدا؟ ئېتىمنى قويۇۋەت، ھۆكۈزلەرنى تېپىۋالمىسام، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە، چاتاق...

مەن غېرىپلىق ئەسىر قىلغان قۇم چۆللۈكلىرى ئارا بىر يۇرتلۇقىمنى كۆرگىنىمگە، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىنى ئاڭلىغىنىمغا ھاياجىنىمنى باسالمىغانىدىم. لېكىن ئۇ ئالدىراپ كېتىپ قالدى. مەن ئەتراپىمنى ھىدلىدىم... توغرىسى، قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئاتىنىڭ ئاچچىق تەر ھىدىنى ھىدلىدىم!... ئۇ يۇرتۇمنىڭ پۇراقلىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى... مەن ئاتىنىڭ تۇياق ئىزلىرىغا قانچىلىك قادىلىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن... بۇ ئىزلار مەن ئۈچۈن بەكمۇ قىممەتلىك ھەم قەدىرلىك ئىدى... چۈنكى بۇ يۇرتۇم تۇپراقلىرى قونغان تۇياق ئىزلىرى ئىدى!... شۇ چاغدا ماڭا بىر يۇرتلۇقىمدىن يالداما بولۇپ قالغىنى ئاتىنىڭ ئۆتكۈر ھىدلىق تەرى بىلەن «ماۋۇ كىسپۇرۇچنى!» دېگەن سۆيۈملۈك تىلىلا بولدى!...

---

① جالۇن — مائاش.

ھېكمەت بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ، ئىككى پىيالىگە ھەممىنى بۆلۈپ قۇيدى. ئۇ پىيالىسىنى ھاكىمنىڭ پىيالىسىگە تەگكۈزمەي، تىنمايلا ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭغا ھاراقنىڭ ئاچچىقى زادىلا بىلىنمىدى. ئېھتىمال ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئاچچىق ھەسرەت ئالدىدا، ئوغىمۇ ھېچنېمىگە دال بولمىسا كېرەك. ھېكمەت بىردىنلا ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى قانچە قىلىپمۇ تۇتۇۋالالمىدى! . . . «ھېكمەت بالام يىغلىما. . . يىغا بىلەن پىراقلىرىڭنى يۇيالمايسەن! . . . »، «بوپتۇ، يىغلىۋالسۇن، قانغۇچە يىغلىۋالسا، ئىچى بوشاپ قالىدۇ! . . . »، پاھ، بۇ كىملەرنىڭ غايىپتىن كەلگەن تەسەللىسى؟ . . . توغرا، بۇ ھېكمەتنىڭ مېھرىبان ئاپىسى، كۆيۈمچان دادىسىنىڭ ئاۋازى! . . . بېشىنى سىيلىغان قوللارچۇ ئەمىسە؟ . . . ئۇ. . . ئۇ. . . ئاپىسىنىڭ يۇمشاق ئالقانلىرى! . . .

ھېكمەت ئەتىسىدىن باشلاپ، بىرنەچچە كۈنگىچە ھاكىمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ مەستلىكتە دېگەن سۆزلىرىنىڭ بەزىلىرى ئېسىدە بولسىمۇ، كۆپلىرىنى ئەسلىيەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ خېلىلا قاتتىق - يىرىك گەپلەرنى قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. شۇڭا، تاماقخانىغىمۇ كېيىن بېرىپ، ئۇدۇللا ئىش مەيدانىغا كېتەتتى. كېچىلىرى بىر ۋاقىتلارغىچە توسما ئۇستىدە، سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ چايقاپ تۇرغان قىرغاقلىرىدا، يالغۇزدىن - يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئېغىر گارمۇشكىسىنى مۇڭلۇق ئاھاڭلارغا چالاتتى. ئاسماندىكى يېگانە ئايغا قاراپ خىيال سۈرەتتى. «بۇ ئىشلارنىڭ ئاياق - ئۇچى بارمىدۇر؟» دەپ ئۆزىدىن ئۆزى سورايتتى. تۇرۇپلا، «گۈلزىبا نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇر؟» دېگەن ۋەھىمىلىك ئەندىشە ئۇنى بىئارام قىلاتتى.

يەكشەنبە كۈنى ئىدى. ھېكمەت دېھقانلاردىن قومىلارنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، قومنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ گارمۇشكىسىنى بوش ئاۋازدا چېلىۋاتاتتى. ئۇ مۇڭلۇق ئاھاڭ كۈيلىرىگە قوشۇلۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغاچقىمۇ، قوربان ھاكىمنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىماي قالدى.

— ھېكمەت، قارىغىنا كىم كەلدى؟

ھېكمەت ماھىگۈلنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ قوم

دۆۋىسىدىن يۈگۈرۈپ چۈشتى. ماھىگۈل ئۇنى «ئاكا» دېگىنىچە قۇچاقلىۋالدى.

— ھېكمەت، تامىقىڭنى ياتىقىڭغا ئەكىرگۈزۈپ قويىمەن، — دېدى ھاكىم كۈنگە قاراپ، — چۈش بولاي دەپ قاپتۇ، تولا ھايال بولۇپ قالما...

— بولىدۇ ھاكىم.

قۇربان ھاكىم بىلەن ھېكمەتنىڭ بۇ بىرىنچى قېتىم گەپلەشكىنى ئىدى. چۈنكى ئىككىسى كۆڭۈل ئاچقان كۈندىن بېرى، بىر-بىرىگە ئەسرا بولمىغانىدى. ھېكمەت بىلەن ماھىگۈل قۇم دۆۋىسىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالغانسېرى، ماھىگۈلنىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى.

— ھېكمەت ئاكا، قارىداپ، جۇدەپ قاپسىز...

— بۇ يەرنىڭ ئاپتىپى بەك چاقىدىكەن، — دېدى ھېكمەت يۈزلىرىنى سىيلاپ قويۇپ، — سىز مەكتەپتىن كەلدىڭىزمۇ ياكى ئۆيدىن؟

— ئۆيدىن. تۈنۈگۈن شەھەرگە كىرگەنىدىم. بۈگۈن سەھەر قاراڭغۇلۇقتا گۈلزىبا ئاچام يولغا سېلىپ قويدى.

— ئاچىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— ئۇ ياخشى... — قىز مىچىدە يىغلىۋەتتى، — ئاچام يۆتىلىدىغان بولۇپ قالدى!... ئىككى قېتىم قان تۈكۈردى!...

ھېكمەتنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. گۈلزىبانى دەرد-ئەلەم چېقىۋەتكەنىدى.

— ئاچام بۇ خەتنى سىزگە ئەۋەتتى، — ماھىگۈل ئاق كونۋېرتنى ھېكمەتكە سۇندى، — مانا بۇ مائاشىڭىز... بىر ئايلىق ئاشلىق بېلىتىڭىز...

ھېكمەت مائاشىدىن ماھىگۈلنىڭ تاماق پۇلىنى تۇتۇپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، خەجلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ يانچۇقىغا پۇل سېلىپ قويدى. لېكىن ماھىگۈل «ئالمايمەن» دەپ خېلى قارشىلىق قىلىپ باققان بولسىمۇ، ھېكمەت ئۇنىمىدى.

ماھىگۈل تۈنۈگۈن كەچ ئۆيگە كەلگەندە، ئانىسى ھويلىدا تاماق ئېتىۋاتاتتى. گۈلزىبا ھەر كۈنى دەرس تەييارلىقى، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشنى

باھانە قىلىپ، ئەل ياتقۇ بىلەنلا كېلەتتى. نەبى كەچتە كىنوخانا ئالدىدا ئوينايتتى. گۈلرۇز قاياققىدۇر يوقالغانىدى. ماھىگۈل ئىچكەركى ئۆيدە دادىسى بىلەن جامال توختىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىشىك يوچۇقىدىن مارىدى. ئاچىسىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ تۇرىدىغان بۇ قىز بۇنداق سىرلىق سۆھبەتلەرنى نەزەرىدىن چەتتە قالدۇرمايتتى. جامال توختىنىڭ: «نېمانچە جىق دەيسەنغۇ؟ بىر مىڭ بىر يۈز يۈەننىڭ ئىككى كۈنلۈك پىرسەنت ئۆسۈمى يىگىرمە ئىككى يۈەن بولسا... ھازىر بەش يۈز يۈەندىن ئاشقان بولمامدۇ؟ ... بۈگۈن تۆتىنچى ئايغا يىگىرمە تۆت. بىر ئايدا ئالتە يۈز ئاتمىش يۈەن، ئون ئايدا ئالتە مىڭ ئالتە يۈز يۈەن بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغانسەن؟... قىماردا بىر تىيىننى نېرى - بېرى قىلماي ھېسابلايدىغان ئادەمنىڭ بىلمەس بولۇۋالغىنىڭنى قارا...» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالغان ماھىگۈل گۈلزىبا كېلىشى بىلەن، ئۇنىڭغا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭ نېمە پۇل ئىكەنلىكىنى سورىدى...

ھېكمەت ماھىگۈلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، غەزەپتىن كالپۇكلىرىنى چىشلىدى. چاچلىرىنى قاماللىدى. ئۇ ماھىگۈلنى باشلاپ ياتاققا ئېلىپ كەلگەندە، روزاخۇن ئۇستام ئىككى تەخسە قورۇما ۋە بىرنەچچە جىڭمۇما ئەكىرىپ قويغانىدى. ھېكمەت چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ، ماھىگۈل بىلەن ئازراقلا تاماق يېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەۋېرىشىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ ياتىقىغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ گۈلزىبانىڭ خېتىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن ماھىگۈل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقمىدى. ھېكمەت خەتنى ئالدىراپ ئاچتى. ئۇ خەتنىڭ ئامان - ئېسەنلىك سورىغان قىسمىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، مۇنۇ سەھىپىلەرنى بوش ئاۋازدا ئوقۇدى:

... «ھېكمەت، بۈگۈن توي قىلغىنىمىزغا يىگىرمە تۆت كۈن، ئايرىلغىنىمىزغا يىگىرمە بىر كۈن بولدى. بۇ ماڭا يىگىرمە بىر يىللىق مۇساپىدەك بىلىنىدى... سىز دۈشەنبە سەھەردە مېنى يالغۇز - يىگانە قالدۇرۇپ كەتتىڭىز، شۇ كۈنى

كەچتە، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار تويىنى ئوبدان ئوينىغان بولسا كېرەك، ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. ئانام كەچتە ھۇجرامغا كىرىپ كەلدى. ئۇ چىرايىمغا قاراپ: «مىجەزىڭىز يوقمۇ قىزىم؟...» دەپ ھال سورىدى. بۇ ماڭا خۇددى قۇربانلىق قويىنى بوغۇزلاشنىڭ ئالدىدا بېشىنى سىلاپ قويغاندەك بىلىندى. ئارقىدىن ئۇ تۈگىمەس نەسىھەتلىرىنى باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئېسىل ئۇستىۋاش كىيىملەر، چىرايلىق ياسالغان ئۆيلەر...، «شەرەپلىك» نام - ئاتاقلار ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىگە زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم.. ئاخىرى: «مەن ھېكمەت بىلەن توي قىلىدىم...» دەپ ۋارقىرىۋەتكە-نىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم... ئۇ مېنىڭ ئاغزىمنى تۇتۇۋېلىپ، ئىشىك تەرەپكە قارىدى. ئانام دەسلەپتە ئىشەنمىدى. ھېكمەت، چىداپ - چىداپ تاشمۇ بىر كۈن يېرىلىدۇ، دېگەن گەپ بارغۇ؟... مەن بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەرگىنىمدىلا، ئۇ يىغلىغىلى تۇردى. بىراق دادامدىن قورققان بولسا كېرەك، ئاۋازىنى چىقىرىپ ئۈنلۈكرەكمۇ يىغلىيالمىدى. بولغان ئىش بولغانىدى. ئۇ ئاخىرى تەقدىرگە تەن بېرىپ: «بۇ ئىشنى دادامنىڭ بولۇپمۇ كېرىموفنىڭ ئاڭلاپ قالماسلىقىنى، توي قىلغان كۈندىن ئېتىبارەن، قەرزىنىڭ كۆچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى، تويدىن كېيىن نېمە بولسا، شۇنى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يالۋۇردى. مەن، ئۇنداق ئىپلاسلىقنى قىلالمايدىغانلىقىمنى، ۋاقتى كەلگەندە، ھايا - نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، شەرمەندە بولۇشتىن قورقماي، بۇ ئىشنى جاكارلايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئانام ھېچ بولمىسا توي تۈگىگۈچە سەۋر قىلىشىمنى ئېيتىپ يالۋۇردى. ئۇ، چىقىپ كېتىدىغان چاغدا: «بەلكىم كېرىموفمۇ سىزگە ئېرىشكەنلىكىگە خوش بولۇپ، كۆڭلىگە ئالماس...» دېدى.

مېنىڭ ۋاپادارىم!، كۆڭلۈم سارىيىمنىڭ سۇلتانى!...

ئەڭ قەدىرلىك يولدىشىم ھېكمەت! . . . مېنىڭ سىزنى نەقەدەر سېغىنغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ . . . ئەگەر ئاللاھ سىز بىلەن يەنە بىر كېچە مۇڭدىشىشقا يار بەرسە، مەن ئاشۇ كېچىگە ياش ھاياتىمنى تېگىشكەن بولار ئىدىم! . . . ئۇ بىر كېچىدە، كىرپىك قاقماي سىزگە قارىسام، سىماسىڭىزنى كۆڭلۈم دەپتەرلىرىگە سىزسام! . . . شېرىن ـ لەزىز سۆزلىرىڭىزنى قەلبىم ۋاراقلىرىغا نوتىدەك تىزسام! . . . پاك ۋىجدان، ساپ ئەقىدە شەربەتلىرىڭىز بىلەن يۈرىكىمنى سۇغارسام! . . . مەيلى ئىدى كۆز قارىچۇقلىرىم ئېقىپ كەتسە. . . ئاشۇ ھاياتىمنىڭ سائادەتلىك كۈنلىرىنىڭ خاتىرىسى بولغان بىر كېچە ئۈچۈن، بىر ئۆمۈر زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقتا ياشىسام، ئارمانىم يوق ئىدى. . . چۈنكى سىز ھامان مېنىڭ قەلبىمدە، يۈرەك قاتلىرىمغا سىڭىپ كەتكەن تۇرىسىز. . . كۆڭۈل كۆزۈم كۆرۈپ تۇرسىلا بەس. . .

ھېكمەت، خۇدايىم بىزنى يەنە كۆرۈشۈشكە، مۇڭدىشىشقا نېسىپ قىلارمۇ؟ . . . مەن سىزنى كۆرەرمەنمۇ؟ . . . دىدارىڭىزغا قانارمەنمۇ؟ . . . ئاھ، مەن قورقۇپ قالدىم، خۇدانىڭ بىزگە قارارغا كۆزى، قىلارغا سۆزى يوق ئوخشايدۇ. . . ئۇ پەقەت پۇلى بارلارغا، ئەمەلدارلارغىلا شاپائەت قولىنى سوزسا كېرەك! . . .

سىزنىڭ ئوتىڭىزدا كۆيۈپ كۈل بولغان باغرى قان ئايالىڭىز: گۈلزىبادىن.

ھېكمەت يار ئېلىشقا تەييار تۇرغان كۆزلىرىنى سۈرتمەي، قەغەز ـ قەلەمنى ئالدى ـ دە، ناھايىتى ئالدىراپ خەت يېزىشقا باشلىدى. دەردلىك يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان دۇردانىلەر قەغەز يۈزىگە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا، ماھىگۈلمۇ تېۋىش چىقارماي كىرىپ كەلدى. ئۇ ھېكمەتنىڭ خەت يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. . .

ھېكمەت خەتنى چاپلاپ تەييار قىلغاندىن كېيىن، ماھىگۈلنى شېغىل توشۇغان ماشىنىلارنىڭ بىرسىگە سېلىپ قويۇپ، ئۆزى ئىشقا كەتتى. . .

# ساخاۋەتلىك «ئوغرى»لار

ئەللامە دېھقانلىرىنىڭ كۆڭلى ئالماستەك تازا بولۇپ، پاك نىيەت، دىيانەتلىك ئادەملەر ئىدى!... ئالدىنقى بابلىرىمىزدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار ئەۋلىيا - ماشايىقلارغا ئىخلاسمەن، دىنىي ئەقىدىلەرگە ساداقەتمەن بولغاچقا، بىر - بىرىگە ئورا كولاش، مەئىشەتلىرىگە كۆز قىزارتىش ئىشلىرىنى قىلمايتتى، هارام دۇنيا بايلىقىغا نەزەر كۆزىنى سالماسلىقتەك ھەقىقىي مۇسۇلمان پەزىلىتى بىلەن ياشايتتى... سىرتتىن كەلگەن غېرىب - غۇرۋا، مۇساپىرلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى... قانات ئاستىغا ئالاتتى... بىساتىدا بارىنى ھەرگىز ئايىمايتتى. ساپ ھاۋاسى ئادەمگە جان ئاتا قىلىدىغان، كۆرۈنۈشى مىسلىي جەننەتتەك بۇ كىچىككىنە يۇرتتا، ئۇلار بىر - بىرىگە قان - قېرىنداشتەك ئىجىل ئۆتۈشەتتى...

كامىل كېلىپ بىر ھەپتە ئۆتمەي، دېھقانلار بىلەن ئورۇق - تۇغقاندەك بولۇپ كەتتى. رەجەپ كارنايىنىڭ قازناق ئۆگزىسىدىكى ئاچماق ياغاچقا بېكىتىلگەن كارناي ئارقىلىق، ئۇنىڭ خۇددى توخۇ قاقاقلىغاندەك ۋارقىراپ، ئەزالارنى ئىشقا ئۈندىگەن ئاۋازى ياڭراش بىلەن تەڭ، كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، سەھەرلىك دولقۇنغا چىقاتتى. ئېتىزلارغا ئوغۇت يۆتكەش، مال ئېغىللىرىدىن قىغ چىقىرىش، بۇغداي ئوتاش، قوناقتا تۇپ قالدۇرۇش، يەر ئاغدۇرۇش دېگەندەك ھەممە ئىشتا دېھقانلار بىلەن بىرگە بولاتتى. ئۇلار ئادەتتە چۈشلۈك تاماققا قايتماي، ئېتىز ئۈستىدىلا پوتىلىرىغا تۇگۇۋالغان زاغرا، ئارپا كۆمەچلىرىنى، گۆلە - قاق، قۇرۇق ئۈزۈملەر بىلەن قوشۇپ يېيىشەتتى. بەزىلىرى نانلىرىنىڭ ئۈستىگە ياڭاق مېغىزى سۇۋايتتى. بۇنداق ياڭاق سايىسىدا، ئامۇت تۈۋىدە، ئاق توپىلاڭغا ئېغىناپ ئۆتكۈزگەن دەم ئېلىشلار ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولاتتى. ناسىراخۇن ئىسىملىك ئېگىز، ئورۇق، قىرىقلاردىن ئاشقان، قەدىمىي غەزەللەرگە ئۇستا بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئۇزۇن ماتا يەكتەك كىيەتتى. مەيدىلىرى كىندىكىگىچە ئوچۇق تۇراتتى. كېيىك مۈڭگۈزىدىن قىلىنغان دەستىسى

پارقىراپ كەتكەن بىر ساپايى ئۇنىڭ بەل پوتىسىدىن زادىلا ئايرىلمايتتى. ناسىراخۇن سورۇن ئوتتۇرىسىدا توپىدىلا يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ، بىر قولىدا قۇلىقىنى تۇتۇپ، بىر قولىدا ساپايىنى چېلىپ، قۇل خوجا ئەھمەد، ھۇۋەيدا، نەۋائىلارنىڭ غەزەللىرىنى بار ئاۋازى بىلەن ئېيتىشقا باشلايتتى. باشقىلار خۇددى ھەلقە قىلغاندەك، «ھۇۋ، ھۇۋ، ھۇۋ...»، دېيىشىپ، دوست تارتىشىپ بېرەتتى. لېكىن قورقۇپ يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن غۇجا باھاۋۇدۇن ھاجىم ھېچكىمگە ئارىلاشماي، چەت ـ ياقىلاردا نېنىنى يەپ ئولتۇراتتى ياكى ئېرىق چېپىپ، قىرلارنى ئوگىلايتتى. بىر كۈنى ناسىراخۇن مەيدانغا چۈشتى ـ دە، گېلىنى قىرىپ قويۇپ، مەشرەپنىڭ غەزىلىنى باشلىۋەتتى:

كۆرسەت جامالىڭ مەستانىلەرگە،
ئىشقىڭدا كۆيگەن پەرۋانىلەرگە.
ئەي باغرى قاتتىق رەھىم ئەيلىمەيسەن،
قىلغىن نازارە بىچارىلەرگە.

يۇملاق سورۇن ھاسىل قىلغان ئەر ـ ئايال دېھقانلار ھەربىر مىسرا ئاياقلىشىشى بىلەن، ناھايىتى رىتىملىك قىلىپ: «ھۇۋ، ھۇۋ، ھۇۋ...» دېيىشەتتى. بەزىلىرى «بەرھەق» دەپ ۋارقىرايتتى.

مەشرەپ سېنى دەپ كەچتى جاھاندىن،
باشىنى قويدى ئاستانىلەرگە.
كەلدىم ئىشىكىڭگە ھەق شەئىدۇللاھ،
كۆردۈم جامالىڭ ئەلھەمدۇلىللاھ.

كامىل ھەر قېتىم ئىشقا چىققاندا، خاتىرىسى بىلەن قەلىمىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمايتتى. ئۇ ناسىراخۇن مەيدانغا چۈشكەن ھامان، ئېيتىلىۋاتقان غەزەللەرنى قالدۇرماي خاتىرىلەپ ماڭاتتى. مەشرەپنىڭ

ئەسلى ئىسمى رەھىم بابا بولۇپ، مەشرەپ ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى ئىدى. بۇ جاھانشۇمۇل غەزەلخاننىڭ بىئوگرافىيىسى توغرۇلۇق ھەرخىل قىياس ۋە رىۋايەتلەر توقۇلغانىدى. كامىل مەشرەپ توغرۇلۇق بىر رىۋايەت سۆزلىدى:

— مەشرەپنىڭ ئانىسى مەشرەپكە ھامىلىدار بولغاندا، ئۈزۈمگە سىزىلىك بوپتۇ، — دېدى كامىل ياڭاق غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، — بىراق، نامراتلىقتىن، بىرەر مىدىق ئۈزۈمگىمۇ نائىل بولالماپتۇ. ئانا بىر كۈنى گۇزەردە ئۈزۈم سېتىۋاتقان بىر باققال ئالدىدا توختاپتۇ. سىزىكنىڭ ئاچچىق خۇمارى تۇپەيلى، سېۋەتتىكى ئۈزۈملەرگە تەلمۈرۈپ قاراپتۇ. باققال كىشىلەرگە ئۈزۈم تارتىپ بېرىۋاتقاندا، تارازىدىن بىر تال ئۈزۈم يۇمىلاپ توپىغا چۈشۈپتۇ ـ دە، ئايىقى يېنىغا كېلىپ توختاپتۇ. بىچارە ئانا ئۈزۈمنى كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىگە سۈرتۈپ ئېغىزىغا ساپتۇ. ئۇ ئۇن قەدەممۇ ماڭماي، قورسىقىدىن سادا كەپتۇ:

— ھەي ئانا، مەخلۇقتىن ئۇيالماي، خۇدادىن قورقماي، بىراۋنىڭ ھەققىياتىنى يېدىڭ. . . ئەگەر سەن ئاشۇ سەھابىنى رازى قىلمىساڭ، قورسىقىڭدا تۇرۇپ غايىب بولىمەن. . . قورقۇپ كەتكەن ئانا بۇ كارامەتنى ئېرىگە ئېيتىپتۇ. قورساقتىكى بالىنىڭ ئەۋلىيا سۈپەت بالا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئەر ـ خوتۇن ئىزدەپ، سۈرۈشتە قىلىپ، باققالنىڭ ئۆيىنى تېپىپ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپتۇ ۋە بىر تال ئۈزۈمنىڭ ھەققىنى تۆلەشكە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. قورساقتا تۇرۇپ كىشى ھەققىياتىنى سورىماي ئېلىش ياكى يېيىش ھارام ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بەرگەن بۇ بالىنىڭ كارامىتىدىن تەسىرلەنگەن باققال ئىككى سېۋەت ئۈزۈمنى ئېشەككە ئارتىپ، مەشرەپنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. . .

— ھەق دوست! . . . — ناسىراخۇن ئاسمانغا قارىغانچە قولىقىنى تۇتۇپ ۋارقىرىدى، — ئېشىكىمگە يەم كەلتۈر، توخۇيۇمغا دان كەلتۈر، ئۈزۈمگە نان كەلتۈر! . . .

ناسىراخۇن ساپايىنى «شاقۇر ـ شۇقۇر، شاقۇر ـ شاق» قا بىردەم چالغاندىن كېيىن توختىدى. دېھقانلار ھېكايىدىن تەسىرلىنىپ، كامىلغا

ھۆرمەت بىلەن قاراشتى.

— مىسالەن ئالغاندا، — دېدى تۇراخان كوت ـ كوت دېگەن ئايال، — مەزلۇم خەق سېزىكىگە قانمىسا، بالا چوناق، پۇچۇق، ئېيتماق تۇغۇلۇپ قاتۇ...

— قادىر پاخلاننىڭ خوتۇنى، — دېدى رەجەپ كارناي قاپقارا ساقاللىق توپتەك ياش دېھقانغا قاراپ، — تېزەككە سېزىك بولغان... خەتىڭلاردا باردۇر، ئۇ بىر يىلى رۇمىلىنىڭ ئۇچىغا تېزەكنى تۇگۇۋېلىپ، پات ـ پاتلا پۇراپ قوياتتى.

كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشتى.

— ئۆزلىرىنىڭ خوتۇنلىرى گۈلۈۋەرىخانچۇ؟ — دېدى تۇراخان كوت ـ كوت، — پەنەر يېغىغا سېزىك بولۇپ، پەنەرگە قويىدىغانغا ياغ تاپالمايۋاتسىلا، ئۇ خېنىم ئېتىكىگە تۆكۈۋېلىپ پۇراپ ماڭاتتى ئەينا...

دېھقانلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

دېھقانلارنىڭ دەم ئېلىش سورۇنلىرىدا، غاز قانىتى بولۇپ يەر ئاغدۇرغاندا، قىغ چىقارغاندا، قىلغان چاقچاق ـ ھەزىللىرىنى ئاڭلاپ، كامىلنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتى. مەشرەپنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرگەن كۈندىن تارتىپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى. «دىيانەتلىك مۇئەللىمكەن...»، «ئاغزىدا ئىمانى بار ئىكەن» دەپ ماختاشتى. ئارىدىن ئۆزۈن ئۆتمەي بولغان بىر ئىش كامىلنىڭ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى. بىر كۈنى ئەزالار ئاق يەر قونىقىنى ئوغۇتلاپ، تۇۋىگە توپا يۆلىدى. ئۇلار چۈشكىچە ئوب بىر مو يەرنى تۈگىتىپ، ئېتىز ئۈستىدىكى بىر تۈپ قېرى ئۆرۈك تۈۋىدە دەم ئېلىشتى. ناسىراخۇن ساپايىنى ئېلىپ غۇجا ھاپىز شىرازنىڭ غەزەللىرىنى ناھايىتى مۇڭلۇق قىلىپ ئېيتتى. ئۇ توختىشى بىلەنلا، رەجەپ كارناي كامىلدىن غۇجا ھاپىز شىرازى ھەققىدە بىرنېمە سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندى. چېچىلىپ ئولتۇرغان دېھقانلارمۇ غۇژمەك بولۇپ بىر يەرگە يىغىلدى. ئۇلار كامىلنىڭ ئاغزىغا چېكەتكىدەك تىكىلىپ ئولتۇراتتى. كامىل گېلىنى قىرىپ قويۇپ، رىۋايىتىنى باشلىدى:

— مۇنەججىملەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىغا قارىغاندا، شىرازدا قاتتىق قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپتۇ... زىرائەتلەر قۇرۇشقا باشلاپتۇ. مال ـ

ۋارانلار قىرىلىپ، داۋۇ دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى مەزگىلسىز سارغىيىپ تۆكۈلۈپتۇ. . . شىراز ئەھلى پادىشاھ سارىيىنىڭ ئالدىغا توپلىنىپ: «ئادالەت ۋە ھىمايە!» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ، سۈرەن كۆتۈرۈپتۇ. . . «بىز سېنىڭ ئەھلى مۇسۇلمان پۇخرالىرىڭدۇرمىز، قۇتقۇزۇشقا بىر چارە قىل!» دېيىشىپ يالۋۇرۇپتۇ. پادىشاھ قاقاس سايلىقتا «سارا خەتنە» ئۆتكۈزۈپ، يامغۇر تىلەپتۇ! . . . ئەلھال، غېرىب - غۇرۋالارغا نەچچە كۈنلەپ نەزىر ئېشى بەرسىمۇ، نە يامغۇر ياغماپتۇ! . . . نە ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە سۇ كەلمەپتۇ! . . .

كامىل ھەممىگە تەكشى قاراپ، بىر دەقىقە تىنىۋالدى. جىددىيلەشكەن دېھقانلار ئۇنلۇكرەكمۇ تىنماي، بارغانسېرى يېقىن كېلىشتى. ئۇلار ئاخىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا تەقەززا بولغان ھالدا، جىمىپ كەتكەندى. . .

— ئامالسىز قالغان شاھ مۇنەججىملەرنى يىغىپ مەسلىھەت سالىپتۇ. بىر قېرى مۇنەججىم: «ئى شاھى سۇلتان، ئاپتاپى ئالەم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، بىر ئېغىز لەۋزە قىلسام. . .» دەپتۇ. پادىشاھ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. قېرى مۇنەججىم: «لالە دىۋانە كوچىسىدا بىر ئىشرەتخانا باردۇر. ئۇ يەردە غۇجا ھاپىز شىرازى ئاتلىق بىر ئەۋلىيا غەزەلخان ياشايدۇ. . . شۇ زاتى مۇبارەككە ئىلتىجا قىلساقمىكىن دەيمەن. . .» دەپتۇ. پادىشاھ: «دەرھال ئېلىپ كېلىڭلار! . . .» دېگەنىكەن، قېرى مۇنەججىم: «ئى نۇرى قۇياشنى خىرە قىلغۇچى نۇرانە شاھىم، ھاجەتمەن ھىممەت قىلغۇچىغا قانداقمۇ ھۆكمى بىجا كەلتۈرسۇن؟ . . . بۇ بىئەدەبلىك بولۇر. ئۆزىمىز ئالدىغا بارماق كېرەك. . .» دەپ ئەسكەرتىپتۇ. پادىشاھ مۇنەججىم ۋە نەۋكەرلىرى بىلەن بېرىپتۇ. قارىسا، بۇ ئىشرەتخانا پاكار، تام - تورۇسلىرى ئىسلىنىپ كەتكەن، ساڭگىلاپ تۇرغان تورلاردا ئۆمۈچۈكلەر دار ئويۇنى ئويناپ يۈرگەن، بەدبۇي پۇراقلىق، قاپقاراڭغۇ بىر ماكان ئىكەن. پادىشاھ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. تۆگۈلۈكتىن چۈشكەن بىر دەستە نۇر تىگىدە مەيدىلىرىگە ئارىسلىدىتىپ ئولتۇرۇپ قىمار ئويناۋاتقان قىمارۋازلار، شاھ ۋە نەۋكەرلەرنى كۆرۈپلا، تۇت ئوشۇقنى

تاۋكاغا تاشلاپتۇ ـ دە، دوڭغايغىنىچە يۇزلىرىنى توپىغا يېقىپتۇ. . . قېرى مۇنەججىم، بىر بۇلۇڭدا توپىغا پېتىپ تورۇسقا قاراپ ياتقان، پەتىلە ـ پەتىلە چاچلىرى بويۇن كېمەرىگە كەلگەن، كۆزلىرى جامدىكى قىزىل مەيدەك پارقىرىغان، ئالدىغا ئەۋرەت پۇرۇچ تارتقان ئانىدىن بەرەھنى بىر زەڭگى ئادەمنى ئىما قىپتۇ. . . پادىشاھ ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. . . زەڭگىمۇ سالامنى ئىلىك ئېلىپ، قىيا كۆزىدە پادىشاھقا قاراپ قىمىرلاپ قويۇپتۇ. شاھ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى ئەدەپ بىلەن بايان قىپتۇ. شۇ چاغدا، غۇجا ھاپىز شىرازى تاۋكادىكى تۆت ئوشۇقنى ئېلىپ قولىغا تىزىپتۇ ـ دە، تۇڭلۇكتىن ئاسمانغا قاراپتۇ ۋە: «رىشۋە سازى، مۇپتى پەتىۋاغا رازى، مەن ھەم قىماربازى بارەنى چۇس خۇدايا. . .» دەپ ئوشۇقنى ئېتىپتۇ. . . ئوشۇقنىڭ يەرگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ، يامغۇرمۇ شارقىـــراپ يەرگە تۆكۈلۈپتۇ. . . يامغۇر بىر ھەپتە يېغىپتۇ. . . زىرائەت، گۈل ـ گىياھلار، دەل ـ دەرەخ، مال ـ ۋارانلار، يەرۇ تۇپراق سۇغا قېنىپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر قېنىدىن تېشىپ ئېقىپتۇ. . .

دېھقانلار يېنىك نەپەس ئېلىشتى ۋە بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى.

— مۇئەللىم، بايىقى گەپلەرنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ — سورىدى رەجەپ كارناي.

— بۇ رىۋايەتنى كىچىك ۋاقتىمدا مومام سۆزلەپ بەرگەن، مەزمۇنى تولۇق ئېسىمدە قالماپتۇ، — دېدى كامىل كەمتەرلىك بىلەن، — يادىمدا قېلىشىچە: «ئايەتنى بەردىڭ، بىراق مۇپتىلار پەتىۋاغا ئىشىنىشتىـــن باشقىنى بىلمەيدۇ. لېكىن مەندەك قىمارۋاز بەندەڭ سېنىڭدىن يامغۇر تىلەۋاتىدۇ. . . ئاسمىنىڭدىن سۇيىڭنى تۆك. . . دېگەن مەنىدە بولۇشى كېرەك.

كامىل ئەنە شۇنداق تاتلىق لەۋزى، مۇلايىم كەمتەرلىكى بىلەن دېھقانلار ئارىسىغا قېتىلىپ كەتتى. ئەگەر نىياز پاك كامىلدىن خاتىرجەم بولالماي تەكشۈرۈپ كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلار: «ئۇ شىيۇجېڭجۇيىچىـ نىڭ كېچىلىك ۋەزىپىسىمۇ بار، كارىنىڭ دەستىدىن، ئۆرە بولالماس ھالغا

كېلىپ قالدى. . . » دەپ، ئۇنى يولغا سالاتتى. كامىل دېھقانلارنىڭ ھالىغا يېتەتتى. ھال - مۇڭلىرىنى ئاڭلاپ، تەسەللى بېرەتتى. دېھقانلار ئۇنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىپ، ئۇماچ، كومۇلەك، سىقماق ئاشلىرى بىلەن مېھمان قىلاتتى. بولۇپمۇ ناسىراخۇن ئاكا قىزىنى ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ توقسان سەككىز ياشقا كىرگەن بىر قېرى دادىسى، ئۆيكە كېسەل ئايالى، جۈپتەك ئىككى قىزى بار ئىدى. كامىل قېرى بوۋايغا قاراپ ھەيران بولاتتى. ئۇ قېرىپ كەتكىنىدىن يىگىلەپ قالغان خەمەكتەك بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر بىلمىگەن ئادەم ئۇنى ئارقىدىن كۆرۈپ قالسا، ئالتە ياشلىق بالىنى كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ، دەپ ئويلىغان بولار ئىدى. ئۇنىڭ ئاق شايىدەك ئاقارغان شالاڭ ساقاللىرى مەيدىسىدە يېيىلىپ تۇراتتى. جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ئارانلا پىلدىرلاپ تۇراتتى. لېكىن گەپ - سۆزدىن قالمىغانىدى. ئۇ بىر كۈنى كەچتە كامىلغا خىڭىلداپ تۇرۇپ:

— ئۆزلىرى ئەقلۇ پەزىلەتتە يېتۈك بالىكەنلا. . . ناماز ئوقۇملا؟ — دەپ سورىدى.

— يوقسۇ بوۋا، بىز ئوقۇتقۇچىلار ئۇچۇن ئۇنداق پۇرسەن يوق، — كامىل بوۋاينىڭ كۆڭلىنى ئاياپ شۇنداق دەپ قويدى.

— نېمە قوق بالام؟ مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىز ئاللاھدىن: «ئاخىر زاماندىكى ئۇممەتلىرىمنىڭ كۈنى قاتتىق بولىدۇ. . . ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن سىنىڭ پەرز - سۈننەتلىرىڭنى ئادا قىلالمايدۇ. . . » دەپ سورىۋالغان، — دېدى بوۋاي ساقاللىرىنى سىيپاپ، — نىيەتلىرى خالىس بولسا، شۇ كۇپايە. ئەۋلىيالىرىمىز: «نەمرۇت ئوتى خېلىلغا ھەرگىز تەسىر قىلمىدى، ئاللاھ دېگەن بەندىسىگە دوزاق تەسىر قىلارمۇ؟ . . . » دەپ بىكار ئېيتمىغان. . .

ناسىراخۇن كامىلنى ھەر قېتىم چاقىرغاندا، ئۇنىڭغا بوز يەردىكى ئىنىسىنى كەنتكە يۆتكەپ كېلىش توغرۇلۇق گوڭشى پارتكومىغا ئىلتىماس يازدۇراتتى. كامىل بوۋاي ۋە ئۆيكە كېسەل ئايالنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، بىر - ئىككى قېتىم ئاق ئۇن، ئاق نان ئەكىلىپ، ئۇلارنى يوقلىدى.

كامىل بىر كۈنى نورما ئاشلىقىنى ئەكىلىش باھانىسىدە مەكتەپكە كىرىپ، مۇرات بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ھازىر رېخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىملارنىڭ نازارەت قىلىشى ئاستىدا، چوشقا بېقىش، ئوتۇن يېرىش ئىشلىرىنى قىلاتتى. مۇرات كامىلنى ياتىقىغا باشلاپ كەلدى. تامدا «بۇلاقتىكى شولا» رەسىمى ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ قېشىغا بەش بارماق ئىزى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە قەغەزمۇ چاپلانغانىدى. كامىل ھەيران بولغىنىدىن، بۇ قاتلانغان ھەم پۇرلەشكەن قەغەزدىكى رەسىمگە ئۇزاق قاراپ كەتتى.

— بۇ زۇمرەتنىڭ قولى، — دېدى مۇرات رەسىمدىن كۆز ئۈزمەي، — ئېزىز تارمۇشقا دېۋىدىم، ئۇ قەغەزگە زۇمرەتنىڭ قولىنى قويۇپ سىزىپ ئېلىپ چىقىپتۇ. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ قولىغا ئوت ياققانمەن!... ئۇمۇ مۇشۇ قولى بىلەن مېنىڭ قولۇمنى تاماكا ئوتىدا كۆيدۈرگەنىدى!...

مۇرات مۈگدىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. كامىل ئۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟... زۇمرەتنى قايتۇرۇپ چىقىش، داۋالىتىش دېگەندەك ۋەدە، ئارزۇلار چېچەكلەردەك توزۇپ كەتكەن تۇرسا؟... يەنە قانداق ۋەدىلەردىن ئېغىز ئاچالىسۇن؟... شۇنداقتىمۇ، كامىل ئۇنىڭغا غەيرەتلىك بولۇش، كۆڭلىنى توق تۇتۇش، ھەرگىز يېنىكلىك قىلماسلىق دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، ئىلھام بەردى. ئۇلار دوستى ھېكمەتنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرى، گۈلزىبانىڭ تارتىۋاتقان ئازاپلىرى ھەققىدە بىر ئاز پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن، كامىل ئەللامەگە قايتىپ كەتتى. كەچتە، گۈلنىساخان ئۇنىڭغا لەغمەن ئېتىپ قويغانىدى. كامىل تامىقىنى يەپ، ئاش سۈيى ئىچىش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيگە كىردى. گۈلنىساخان ئاش سۈيىگە زاغرا چىلاپ يەۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن كامىل نومۇستىن ئۆلەيلا دېدى. ئۇ ئاچچىقىدا: «بۇ قانداق گەپ؟ يېگەن تاماق سىڭسۇنمۇ ياكى گېلىمدىن تېشىپ چىقسۇنمۇ؟... بۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ نورمامنى ئۆزلىرىنىڭ نورمىلىرىغا قېتىۋەتسىلە. سېلى نېمە يېسىلە، مەنمۇ شۇنى يەيمەن... بولمىسا بۈگۈنلا شىياۋدۈيگە كۆچۈپ كېتىمەن!...» دېدى-دە، چىقىپ كەتتى. ئۇ ياتىقىغا كىرىپ شامنى ياقتى. ئاندىن شىرەنى قويۇپ، دېھقانلار

ئارىسىدىن توپلىغان بىيىت، قوشاق، غەزەللەرنى رەتلەپ كۆچۈرۈشكە باشلىدى. كامىل يازدىغانلىرىنى يېزىپ تۈگەتمەيلا، رەجەپ كارناي كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى سەل بىسەرەمجان كۆرۈنەتتى. بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى تاياقتەك تۈز، ئاغزى ئىتتىك بولۇپ، كاللىسىغا نىمە كەلسە، سورۇن تاللىماي، ئەتراپىغا باقماي دەۋېرەتتى. ئۇ بىر كۈنى ئەزالار بىلەن ئىشلەۋېتىپ، ئېتىز بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى ـ دە، پېپى ئورىغان ئاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چەككىنىچە، مايماق سىيلىنىپ قالغان قىرغا كۆزىنى قىسىپ قارىدى ۋە: «پاھ، پاھ ماۋۇ قىرنىڭ سىياسەتتەك رۇس يىققىنىنى! . . . » دېدى، ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

كامىل رەجەپ كارنايىنىڭ سالپىيىپ چۈشكەن ياپما قاپاقلىرىغا قاراپ، بىر ئىش بولغانلىقىنى پەملىدى. لېكىن ئۇنىڭ دېيەلمەيۋاتقانلىقىنى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— رەجەپكا، بىر ئىش بارمىدى، قېنى دېسىلە؟

— مۇنداق ئىش ئىدى مۇئەللىم، — دېدى رەجەپ كارناي بېشىنى يېقىن ئېلىپ كېلىپ، غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ دورا، خام ئەشيا خۇرۇچلىرىنى ئەتە مۇسادىرە قىلماقچى، بۈگۈن دورىخانىنىڭ ئىشىكى پېچەتلەندى.

— ھە، دېسىلە، قانداق قىلماقچى؟

— ئەگەر ئۇ نەرسىلەرنى دادۇي ئامبىرىغا ئەكىرىۋالسا، نىياز پاڭ بوغالتىر، ئامبارچى، كاسسىر دېگەندەك ئىچەرمەن ـ چېكەرمەن ئاغىنىلىرى بىلەن بۇزۇپ ـ چېچىپ يوقلا قىلىۋېتىدۇ. . . ھاجىمنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، تېپىلغۇسىز دورا قىياملىرى، خام ئەشيا خۇرۇچلىرى ھەم ئۆزىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان رېتسېپ، كىتابلىرى بار ئىكەن.

— ئوغرىلاپ چىقىلى دېمەكچىمۇ سىلى؟ ئىشىك پېچەتلەندى دەۋاتسىلا؟

— ھازىر غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئۆيىگە بارساق، — دېدى رەجەپ كارناي، شۇ يەردە مەسلىھەت قىلىپ باقساق قانداق؟ . . .

كامىل ئويلىنىپ قالدى. ئەگەر تۇتۇلۇپ قالسا، خالىق،

زەينىدىنلەرنىڭ غوزىسى چېچەكلەپ، ئالەمگە سىغماي قالاتتى. يۇقىرىغا چارنى ئېغىرلىتىپ بېرىش تەلپىنى قويىاتتى. ئۆزىنىڭمۇ «ئوغرى» دېگەن ئاتاققا قېلىشى ئېنىق ئىدى. بىراق كاملىنى ئەنسىزلىككە سېلىۋاتقىنى يېزىپ قالدۇرۇلغان رېتسېپ ۋە كىتابلار ئىدى. ئېلىپنىڭ سۈنىقىنى بىلمەيدىغان قارا قورساق مىنبەگلار ئۇلارنىڭ قەدرىگە يېتەمدۇ؟... ئۇلار، رېتسېپلاردا تاماكا ئوراپ چېكىشتىن، كىتابلارنى ئوچاققا تۇتروق قىلىشتىن يانمايتتى.

— جۇرسىلە، بارايلى.

ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. ئاسماندىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ساندۇقتىن تۆكۈلگەن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلاردەك چاقنايتتى. يېنىك چىقىۋاتقان سەلكىن شامال تۆكۈلۈپ كەتكەن ئۇرۇك، شاپتۇل چېچەكلىرىنى ئۇچۇرتۇپ يۈرەتتى. غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان توپىلاق يوللاردىكى چېچەكلەر كېچىدە چوكانلارنىڭ چېچىدىكى ئاق تەڭگىدەك كۆرۈنەتتى. چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سەگۇ تېرەكلەر خۇددى بىر پۈتىنى قانتى ئاستىغا يوشۇرغان تۇرنىلارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. رەجەپ كارناي بىلەن كامىل ئەتراپنى كۆزىتىپ، بىر شەپە ئاڭلانغان ھامان ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ كېتىپ باراتتى، بىرەر سايە كۆرۈنسىمۇ، يىراقتىن ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسالاتتى. دادۇي دەرۋازىسى بىلەن ئەللامە باشلانغۇچ مەكتىپى بىر ـ بىرىگە قارشىپ تۇراتتى. ئۇلار مەكتەپ ئارقىسىدىكى ئۇجمىلىك يولغا چۈشكەندىن كېيىنلا، جىددىيلىكى سەل پەسەيگەندەك بولدى. غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئۆيى ئۆستەڭ بويىدىكى بىر تار كوچىدا ئىدى.

رەجەپ كارناي ئىشىك ئىلغىرىنى بوش ـ بوش شىرىقلاتتى. ھويلا ئىچىدىن پىچىرلىغاندەك «كىم؟» دېگەن نازۇك ئاۋاز كەلدى. بۇ غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ قىزى ئىدى. قوشقاناتلىق دەرۋازا «غىچ» قىلىپ ئېچىلدى. ئۇلار دەرھاللا ئۆزلىرىنى ھويلىغا ئالدى ۋە تار دەھلىز ئارقىلىق مېھمانخانىغا كىردى. غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىم كىگىز ئۈستىدىلا قوللىرىنى

قوشتۇرۇپ، بېشىنى مەيدىسىگە ساڭگىلىتىپ مۆگدىگەندەك خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ كامىلنى كۆرۈپ سەل مەڭدىگەندەك بولدى ـ دە، رەجەپ كارنايغا قارىدى. رەجەپ كارناي «ئەنسىرىمىسىلە» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. ئىككىسىنىڭ كۆز بېقىشلىرىنى، ئىما ـ ئىشارەتلىرىنى سەزگەن كامىل ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىقنىڭ ئادەتتىكىدەك ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، چاندۇرماي سالام قىلىپ، ھاجىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشتى. بىرئاز جىملىقتىن كېيىن، ھاجىم سالاپەتلىك يۆتىلىپ قويۇپ، رەجەپ كارنايغا قارىدى.

— رەجەپ ئاخۇن، بۇ مۇئەللىم بالىنى ئاۋارە قىلغانلىرى نېمىسى؟ — دېدى ھاجىم كامىلغا سىنچىلاپ قاراپ، — ئالىمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، مۇئەللىمگە ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولىدۇ...

— خاتىرجەم بولسىلا ھاجىم، بىر ئىش چىقمايدۇ، مۇھىم نەرسىلەرنىڭ ئورنى، شەكلى، سانى قاتارلىقلارنى دەپ بەرسىلە، — دېدى رەجەپ كارناي ئىشەنچلىك ھالدا، — چاندۇرماي ئېلىپ چىقىمىز...

— ئاڭلىسام، — دېدى كامىل ئەدەپ بىلەن، — مۇھىم رېتسېپ ۋە تىبابەتچىلىككە ئائىت قوللانما كىتابلار بار ئوخشايدۇ... بۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالمىساق بولمايدۇ ھاجىم!...

بۈگۈن چۈشتە، دورىخانىنى پېچەتلەشكە رەجەپ كارنايمۇ قاتناشقانىدى. پېچەتلەش گۇرۇپپىسى دورىخانىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، ھاجىم ئەڭ مۇھىم نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ئىشارەتلەپ كۆرسىتىپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ تام ئويۇقلىرى ئىچىدىكى ھەرخىل قول يازما ماتېرىياللار ئىچىدىن مۇھىم بولغانلىرىنى تېپىش ئۈچۈن كامىل بولمىسا بولمايتتى. ھاجىم بىر قىسىم مۇھىم دورىلارنىڭ تېپىلمايدىغان خۇرۇچلىرىدىن ئىپار، بۇغا مۈڭگۈزى ۋە ئۇنىڭ ئويۇتما قېنى، مەرۋايىت، قاتۇرۇلغان قوچقاچ

مېڭىسى، ئاداراقى قاتارلىقلارنىڭ ئورنى، نېمىگە قاچىلانغانلىقىنى ئېنىق قىلىپ ئېيتىپ بەردى. شۇنداقلا «تالقان دورا توغرىسىدا»، «قاينىتىلما دورا توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي رىسالىسىنىڭ قايسى ئويۇققا قويۇلغانلىقىنى تەخمىنەن ئېيتىپ بېرەلىگەن بولسىمۇ، بىرنەچچە يىللار ئىلگىرىكى يېزىپ قالدۇرغان ھەم ئەمەلىيىتىنى ئىشلەپ، بىمارلاردا ئۈنۈمىنى كۆرگەن «لوبۇبى كەبىر» دېگەن دورىنىڭ رېتسېپىنى ئۆزىمۇ بىر قېتىم ئىزدەپ تاپالمىغانلىقىنى دەپ، ئېغىر خۇرسىندى.

بۇ تىبابەت ئالىمىنىڭ كۆرۈۋاتقان كىتابلىرى، ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىلمىي مۇتائىلەلىرى، يېزىۋاتقان رىسالىلىرىمۇ كۆپ بولغاچقا، كۈنلىرى ئالدىراشچىلىق ئىچىدىلا ئۆتەتتى. شۇڭا كۆپ ھاللاردا قويغان - پۈتكىنىنى بىلمەي قالاتتى. ھەرخىل گىياھلار، ھايۋانات ئەزالىرىنىڭ تەركىبىدىكى ماددىلارنى قاينىتىش، سوۋۇتۇش، داغلاش دېگەندەك تەجرىبىلەرنى ئۆتكۈزەتتى ۋە دەرھال خوتەن قەغىزىگە پۈتۈپ، رېتسېپ قالدۇراتتى.

— لوبۇبى كەبىر، — دېدى كامىل دەرھال ئالقىنىغا يېزىپ، — بۇ مۇھىم دورا رېتسېپىمۇ؟

— شۇنداق مۇئەللىم، — دېدى ھاجىم چارلاشقان كەكە ساقىلىنى سىيلاپ قويۇپ، — بۇ قىرىق نەچچە خىل دورا ئۆسۈملۈكى ۋە قۇچقاچ مېڭىسى بىلەن ياسىلىدىغان دورا رېتسېپى!...

— ھاجىم، ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سوراپ باقاي، — دېدى كامىل، — بايا مەرۋايىتنىڭ گېپىنى قىلدىلا، ئۇ تاش تەركىبىدىكى نەرسە تۇرسا، قانداق قىلىپ؟...

— بۇ، قارىسىلا، — ھاجىم كۈلۈۋەتتى، — ئاشقازان، يۈرەك كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا خۇرۇچى، ئۇنى سوقۇپ، تالقان قىلىپ دورىغا ئارىلاشتۇرىمىز.

— يەنە نېمە بار ھاجىم؟ — دېدى رەجەپ كارناي ئالدىراپ، — مۇھىم

نەرسىدىن بىرەرسىمۇ قېپقالمىسۇن.

— تىبابەت ئىلمىي كىتابلىرىدىن، — دېدى غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىم تۇرۇپسقا تىكىلگىنىچە، — «شەرھىي ئەلقانۇن»[1] ، «ئاقساراي»[2] ، «تارىخۇلھۆكۇما»[3] ، «شىپا ئەلقۇلۇپ»[4] دېگەن كىتابلار ئوتتۇرىدىكى تام ئويۇقىدا، ئۈستىگە يېشىل مەخمەل يوپۇق يېپىلغان.

— خاتىرىلىرىدىن چىقىپ قالغان يەنە باشقا مۇھىم نەرسىلەر قېپقالمىغاندۇر؟ — سورىدى كامىل، — يەنە ئويلىنىپ كۆرسىلە. . .

— ئوھۇي، ئېسىمگە كىرگۈزدىلە، — دېدى ھاجىم پېشانىسىگە ئۇرۇپ، — بىر ئەينەك قۇتىدا «قىزىل گۈل مېيى» بار. بۇ دورا بىر نەچچە يىل ئاپتاپقا قاقلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، پىشىش جەريانى ئۇزۇن، تېپىلمايدىغان دورا.

— ئەمىسە بىز ماڭدۇق، — دېدى رەجەپ كارناي ئورنىدىن تۇرۇپ.

— توختىسىلا، رەجىپاخۇن، ھەرقايسىلىرى دورىخانىغا قانداق كىرمەكچى؟ — ھاجىم ئەنسىرەپ تۇراتتى.

— ئامبۇر ئېلىۋالدىم، قۇلۇپنى قايرىيمىز، پېچەتنى يىرتىمىز! . . .

— نېمە؟ — كامىل چۆچۈپ كەتتى، — سىلى ھاجىمنى بالاغا تىقماقچىمۇ؟ ئەتىلا نەچچە مىنىبىڭ ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئارغامچا، كالتەكلىرىنى ئېلىپ، ھاجىمنى باغلاپ ماڭسۇنمۇ؟ . . .

— ئەمىسە. . . — رەجەپ كارناي گەدىنىنى قاشلىدى، — قانداق قىلغۇلۇق؟

---

[1] «شەرھىي ئەلقانۇن» — قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان قەشقەرلىك تىبابەت ئالىمى ئىمادىددىن قەشقىرىنىڭ ئەسىرى.

[2] «ئاقساراي» XII ئەسىردە، ئىلى ۋە قەشقەردە ياشىغان مەشھۇر ھۆكۇما جامال قارشىنىڭ ئەسىرى.

[3] «تارىخۇلھۆكۇما» — (تېۋىپلار تارىخى) XVI ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى، تارىخچى مۇللا ئەھمەد تەبەتىنىڭ ئەسىرى.

[4] «شىپائەلقۇلۇپ» — (يۈرەك شىپالىرى) XVII ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى بەدرىددىن سوپىنىڭ ئەسىرى.

— بۇ ئوغلىمىزنىڭ ئېيتقىنى توغرا، — دېدى ھاجىم، — ئۇلار ئوپئوچۇقلا مەندىن كۆرىدۇ.

— بىز ئۈچۈن ئىككى پايدىلىق ئامىل بار، — دېدى كامىل، — بىرىنچىسى، دورىلارنىڭ سانى ھەم ھەجمى يېزىلغان تىزىملىك ئۇلاردا يوق. شۇڭا قانچىلىك يوقالغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ... ئىككىنچىدىن، خوتەننىڭ يەرلىك قارا قولۇپلىرىغا قىسما ئاچقۇچلارنىڭ كۆپىنچىسى چۈشىدۇ... بىرنەچچە ئاچقۇچ بولسىلا كۇپايە... بىراق، چاپلانغان پېچەتكە كەلسەك...

كامىل ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ھەرخىل كىتابلارنى كۆپ كۆرگەچكىمۇ، ئاسانلا ئامال تاپتى.

— بىز كىچىكرەك كورىدىن بىرنى، چايداندا قايناق سۇ ئېلىۋالىمىز... — كامىل ھاجىمغا يۈزلەندى، — قىزلىرى دەرھال بىرەر چىنە شىلىم قايىنىتىپ بەرسۇن، قالغىنىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن...

— بىلدىم، — دېدى ھاجىم كامىلنىڭ ئەقلىگە تەھسىن ئوقۇپ، — مۇئەللىم دېگەن يەنىلا ئەقىل - ئەزىمنىڭ كانى ئىكەن...

رەجەپ كارنايدا دەرۋازىنىڭ ھەم ئۆينىڭ بولۇپ ئىككى قىسما ئاچقۇچ بار ئىدى. ھاجىمنىڭ ئۆيىدىنمۇ يۇتكەن، بۇزۇلغان، ئىشلىتىۋاتقان قۇلۇپلىرىنىڭ بولۇپ بەش ئاچقۇچ تېپىلدى. شىلىممۇ تەييار بولدى. كامىل قول چىراغنىڭ ئەينىكىنى قىزىل لاتا بىلەن بوغۇپ باغلىغاندىن كېيىن، تاغاردىن بىرنى ئالدى - دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

دورىخانا دادۇي ئىشخانىسىنىڭ يېنىدىكى كەنت دۇكىنىنىڭ يان تېمىدا ئىدى. ئىشىك بېشىدا، مەدەكتەك سوزۇنچاق قارا قۇلۇپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. رەجەپ كارناي قىزىل چىراغ نۇرىدا ئاچقۇچلارنى ئارقا - ئارقىدىن سېلىپ قۇلۇپنى ئېچىۋەتتى. كامىل دەرھال كورىغا قايناق سۇ قۇيۇپ، يۇمشاق ماتا لۆڭگىنى چىلىدى ۋە ئۇنى سىقىۋېتىپ، قوشقانات ئىشىككە چاپراس چاپلانغان پېچەتنىڭ باش تەرىپىگە باستى. ئۇ بۇ ئىشنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى. ئاخىرى ئاستا سويۇلغان پېچەت بىر قانات ئىشىكتە ئېسىلىپ قالدى. ئۇلار دورىخانىغا كىردى - دە، ئىشىكنى ياپتى...

رەجەپ كارناي كۆندۈزى كۆرۈۋالغاچقىمۇ، مۇھىم دورا، خام ئەشيا خالتىلىرى ھەم قۇتىلىرىنى تاغارغا قاچىلىدى. ئوتتۇرا ئويۇقتىكى كىتابلارنىمۇ ئېلىپ، يوپۇقنى ئۆز جايىغا يېپىپ قويدى. كامىل چەت ئويۇقتىكى بىر دەستە ماتېرىيالنى ئالدى. ئۇ رەجەپ كارناي يورۇتۇپ بەرگەن قىزىل نۇر ياردىمىدە، «تالقان دورا» ھەم «قايىنتىلما دورا» ھەققىدىكى ئىككى رىسالىنى تەستە تېپىپ قوينىغا سالدى. ئىشلار ئاسانلا پۈتكەن بولسىمۇ، «لوبۇبى كەبىر» رېتسېپىنى تاپماق ناھايىتى قىيىنغا چۈشتى. ھەممە نەرسىنى پاراكەندە قىلسا، ئوغرى كىرگەنلىكى بىلىنىپ قالاتتى. شۇڭا، كامىل رەجەپ كارنايىنى چىراغ يېقىشقا قويۇپ، ئۆزى مۇھىم دەپ قارىغان ئۈستەل تارتمىلىرى، تارتما ئىچىدىكى دەپتەر، سامان قەغەزلەر، قانداقتۇر قۇتا ئىچىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاقتۇرۇپ، يەنە جايىغا بۇرۇنقىدەك قويۇپ قويدى. ئۇ يىگىرمە مىنۇت ئۆپچۆرىسىدە ناھايىتى تەقەززالىق بىلەن جىددىيلىشىپ، ئاخىرى دورا ئىشكاپىنىڭ كىچىك كاتەكچىسىدىن ئۈچ بەتلىك بىر ماتېرىيالنى ئېلىپ چىراغ نۇرىغا تۇتتى. كامىل ئۇنىڭدىكى مۇنۇ سەھىپىلەرنى ئىچىدە ئوقۇدى:

«لوبۇبى كەبىر» نېرۋا ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان پالەچ، جىنسىي ئاجىزلىق، لەقۋا، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، خاپىغان، سەرئى كېسەللىكلىرى ئۈچۈن شىپالىق دورىدۇر. بۇ دورا بادام مېغىزى، قاپاق مېغىزى، سۇلەپ مىسىر، بەھمەن سېپى، بەھمەن سۇرۇغ، شاقاقۇل قاتارلىق قىرىق نەچچە خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئەڭ ئاساسىي جەۋھەر قۇچقاچ مېڭىسىدۇر...»

رېتسېپنىڭ كېيىنكى قىسمىدا دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ھەرقايسىسىدىن نەچچە سەر، نەچچە مىسقال ئېلىنىدىغانلىقى، قانداق تەييار قىلىنىدىغانلىقى قاتارلىق جەريانلار تەپسىلىي يېزىلغانىدى.

— رەجەپكا، تاپتۇق، — دېدى كامىل شىۋىرلاپ، — ئەمدى دورىخانىنى چانىغۇدەك قىلىۋېتەيلى. سىلى سىرتتىن شاخ سۇندۇرۇپ كىرسىلە...

كامىل دورا قۇتىلىرى، خام ئەشيا خالتىلىرى ئېلىنغان بوش

ئورۇنلارغا باشقا قۇتا، كوزا، تەشتەكلەرنى سۇرۇپ چانمغۇدەك ھالغا كەلتۇردى. ئاندىن رەجەپ كارنايغا تاغارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى شاخ بىلەن ئاياغ ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈپ يوق قىلدى. چۈنكى، كامىل دەسلەپ كىرگەندىلا، دورىخانىنىڭ ئىچىنى چاشقان ئۆتۈپ كەتسىمۇ ئىزى چۈشۈپ قالغۇدەك سۈپۈرۈپ قويۇشقانلىرىغا دىققەت قىلغانىدى.

رەجەپ كارناي ھالقىدىكى قۇلۇپنى بېسىۋەتتى. كامىل ئىشىكنىڭ بىر قانىتىغا شىلىم سۇۋاپ پېچەتنى بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ئورنىغا چاپلىدى، ئارقىدىن ئىشىك تۈۋىگە چۈشكەن ئىزلارنى سۈپۈرۈۋەتتى.

— مۇئەللىم، بولسىلا دەيمەن، — دېدى رەجەپ كارناي ئەتراپقا سەپسېلىپ، — يولدىكى ئىزلارنى سەھەرلىك دولقۇنغا چىققان ئەزالار يوق قىلىۋېتىدۇ. . .

ئۇلار ئېغىر تاغارنى كۆتۈرۈشۈپ، رەجەپ كارناينىڭ ئۆيىگە كېلىشتى. كامىل ئۇنى ئۆيىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزى يول بىلەن قايتماي چوڭقۇر ئېرىقلار، قوناقلىقلار ئارىلىرىدىن مېڭىپ، قازناق ئۆيىگە كېلىۋالدى ۋە شامنى ياندۇرمايلا يېشىنىپ ياتتى. ئۇنىڭ شادلىق ھەم قورقۇش ئارىلىشىپ كەتكەن ھاياجىنى تېخىچىلا تارقىلىپ كەتمىگەنىدى. بولۇپمۇ كىتاب ۋە ئىلمىي رىسالىلەرنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىغا ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ، بۇ كېچە قىلغان ساۋابلىق، خەيرىخاھلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، بىر ۋاقلارغىچە ئۇخلىيالمىدى.

ئەتىسى سەھەرلىك دولقۇندا، مال ئېغىلىدىن قىغ چىقىرىۋاتقان رەجەپ كارناي كامىلغا كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى. چۈشتە، ئەرلەر بۇغدايغا سۇ تۇتتى. پۇشقاقلىرى تۈرۈلگەن كامىل يالاڭئاياق سۇغا قانغان قىرلارنىڭ ئېچىقىنى ياندۇرۇپ، سۇ كىرمىگەن ئېتىزلارغا ئېچىپ ئېچىپ يۈرەتتى. مۇرىسىگە كەتمىنىنى ئېلىۋالغان رەجەپ كارناي ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئاستا پىچىرلىدى:

— مۇئەللىم، كاللىلىرى غوچچىدە چېچەكلەپ كەتكەن ئەقىلكەن، ماقۇما! — رەجەپ كارناي ھىجايدى، — نىياز پاڭ دورىخانىنىڭ قۇلۇپىنى

ئېچىپ بولغۇچە، مىنبىلىڭ دېگەن پەپىلىقۇش دېۋەڭلەر بېسىپ كىرىپ، «ئۇنى كۆتە، بۇنى ئال» قىلىشىۋەتتى. نېمىنىڭ بار، نېمىنىڭ يوقلۇقىنىمۇ بىلەلمىدى.

— ئوبدان بوپتۇ... ئەمدى غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمغا كەپ كەلمەيدۇ.

— يائاللا، ساراڭلىق قىلغىلى تاسلا قاپتىمەن، — رەجەپ كارناي كەتمىنىنى يەرگە ئالدى، — سىلى يۈگەننى تارتمىغان بولسىلا، ھاجىمنى ھاللاڭ دوزاققا ئۆزۈم ئىتتىرىدىكەنمەن ئەمەسمۇ!...

— ئويلاپ باقسىلا، ھاجىمنى «پومېشچىك» قالپىقى ئاستىدا كۈرەش قىلىشىۋاتقاندا، ئۇلار «سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ نەق بۇزغۇنچىلىقى» دەپ نېمىلەرنى قىلىشىۋېتەر؟

— كۈرەش قىلىشقۇ ئادەتتىكى ئىش، نىياز پاڭ ئۇنىڭ يۈزىگە قازان قارىسىنى سۈۋاپ، پۈتۈن يېزا - كەنتلەردە سازايى قىلىشتىن يانمايدۇ...

دورىخانىنى مۇسادىرە قىلىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ئىككى كۈن ئۆتكەندە، رەجەپ كارناي كەچلىك دولقۇننىڭ ئالدىدا كامىلنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى. گۈلنىساخان سۈيۈقئاش ئېتىۋاتاتتى. كامىل ئۇنى تاماققا تۇتۇپ قالدى. ئۇمۇ تۈزۈت قىلمايلا سۈپىدا ئولتۇرۇپ پۈرمە چۈرىقىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ قاقتى - دە، ئېگىزگە چىقىپ، بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇردى، سەرەڭگە قەغىزىنى ئالدىغا تاشلىدى، كەشتىلەنگەن تاماكا خالتىسىنىڭ يىپىنى چىمچىلاق قولىغا ئىلىندۇرۇپ قويۇپ، تاماكا ئورىدى. رەجەپ كارناي بۇ ھەرىكەتلەرنى ئالدىرىماي قىلدى ۋە تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قوينىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ كامىلغا سۇندى. بۇ ھېكمەتنىڭ خېتى ئىدى. ئۇنى يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدا چارقۇم ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئەللامەلىق بىر دېھقان ئېلىپ كەلگەنىدى. كۆڭلىگە بىر پىلان كەلگەن كامىل ئۇ دېھقاننىڭ قايسى شىياۋدۇيدىن ئىكەنلىكىنى سورىدى. رەجەپ كارناي ئەللامەگە بېرىلگەن قۇم، شېغىل ۋەزىپىسىنىڭ ھەربىر شىياۋدۇينىڭ ئەمگەك كۈچى، ئات - ئۇلاغ، ھارۋا سانىغا قاراپ تەقسىم قىلىنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۇنى باسقۇچلاپ

ئورۇندايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ھازىر بىرىنچى، ئىككىنچى شىياۋدۇيلەر ۋەزىپە ئورۇنداۋاتاتتى. خەتنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، كامىلنىڭ چىرايىنى غەمكىنلىك باستى. ئۇ خەتنى قاتلاپ ياستۇقىنىڭ تېگىگە باستۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، دوستى ھېكمەت، مۇراتلار توغرۇلۇق قىسقا ئەمما چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئۆزىنىڭمۇ بېشىغا كەلگەن كۈنلىرىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى. كامىل ئەللامەگە كەلگەن دەسلەپكى ھەپتە كېچىسى يوشۇرۇن ھالدا ئامۇتلۇققا بىر قېتىم بېرىپ، نەفسەنى كۆرۈپ كەلگەنىدى. بۇ ئېغىر ئەل ياتقۇ ۋاقتى ئىدى. بولۇپمۇ، يارلىق ئىچىدىكى چىغىر يوللار ئېگىز - پەس، ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولغاچقا، كېچىدە مېڭىش ناھايىتى تەس ئىدى. تېخى ئوتتۇز قەدەمدەك لاۋىلىق ئارىلىقىدا، ئاياغ ئارانلا پاتقۇدەك، سىيلىق ھەم بەزلىشىپ كەتكەن دۆمچەكلەر بولۇپ، ساسلىقتىن ئۆلاردىن سەكرەش ئارقىلىق ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. سەللا بىخەستەلىك قىلسا، تىزغىچە ھەتتا بەلگىچە سېسىق پاتقاققا پېتىپ قالاتتى. گەرچە رەجەپ كارناي: «بىر يەرلەرگە بارسىلا، مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ بېرىۋەرسىلە» دېگەن بولسىمۇ، ئېھتىيات قىلىغانىدى. كامىل ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەمگەك قىلىش جەريانىدا، ئۇنى كۆزەتتى، سىنىدى. ھەرھالدا رەجەپ كارنايىنىڭ ئاغزىنىڭ ئىتتىكلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ۋىجدان بىلەن ياشايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ كۆلىنساخانىغا ئىچ ئاغرىتىشى، غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمغا خەيرىخاھلىق قىلىشى، ئەزالار بىلەن ئىناق ئۆتۈشى ئۇنى تەسىرلەندۇردى. شۇڭا، كامىل دوستلىرىنىڭ ۋە نەفسەنىڭ ئەھۋالىنى ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ ئارقىلىق كېيىنكى ئىشلىرىغا يول ئاچماقچى بولغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— بۇرۇنراق دېسىلە بولمامدۇ مۇئەللىم؟ — دېدى رەجەپ كارناي خاپا بولغاندەك قىلىپ، — ئەگەر بارسىلا، سىلىگە ئادەم قېتىپ قوياتتىم ياكى بىرەر ئايالنى ئەۋەتىپ نەفسەخاننى چاقىرتىپ ئەكىلەتتۇق...

— رەھمەت رەجەپكا، بەزى چاغلاردا كەچلىك دولقۇندىن رۇخسەت بەرسىلە كۇپايە.

— مەن سىلىگە باشتىلا، ئەزالار ئىشقا، دولقۇنغا چىقىش ۋاقتىدىلا ئۆگزىدىكى كارنايدا ۋارقىراپ بەرسىلە بولدى، دېسەم، ئېتىزدا ئىشلەيمەن، دەپ تۇرۇۋالدىلا، خۇددى بىزنى سوتسىيالىزمغا بىر كۈن بۇرۇن ئاپىرىدىغاندەك...

— مەن سىياسەت، تۈزۈملەرنى، رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى كارنايدا سىلىدەك توۋلىيالمايمەن ـ دە؟

— مەن قانداق توۋلايدىكەنمەن؟

— بەئەينى توخۇ قاقاقلىغاندەك...

— ياللا مۇئەللىم، — رەجەپ كارناي كۈلۈۋەتتى، — ئادەم سىلىدىن ھەزەر ئەيلىسە بولغۇدەك...

گۈلنىساخان سۈيۈقئاش ئېلىپ كىردى. ئاشتىن كۆپۈلدەپ ئاشكۆكى ھېدى كېلىپ تۇراتتى. ئۇلار تەرلەپ ـ پىشىپ ئىچىشتى. رەجەپ كارناينىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەنمۇ ئاشقا زاغرا ئۇۋۇدى. ئۇ، گۈلنىساخانغا «سىلىمۇ ئىچتىلىمۇ؟» دېۋىدى، گۈلنىساخانمۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ: «ھازىر مۇئەللىم بىلەن ئۈچ ۋاق تامىقىمىز بىللە، بولمىسا ئۇ خاپا بولىدىكەن...» دەپ قويدى.

— ھەي رەجەپكا، — دېدى كامىل پېشانىسىنى سۈرتۈۋېتىپ، — مۇشۇ ئايالنىڭ ئىككى بالىسىنى پات ـ پات كۆرسىتىپ تۇرغىلى بولماسمۇ؟ قارىسىلا، ئۇنىڭ مىسكىنلىكىدىن ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتىدۇ.

— ئېرى قاشى كەنتىنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ داۋاملىق مۇشۇ يولدىن ئۆتىدۇ، — دېدى رەجەپ كارناي، — ئەممازە بەك قورقۇنچاق، ئارىلىقتىكى بىر كەچتە ۋاقىت چىقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانراق سۆزلىشەيلى، قانداق؟

— بولىدۇ... — دېدى كامىل قوشۇقىنى تاۋاقنىڭ قىرىغا يۆلەپ، — ئۇ ئادەم گۈلنىساخاننى ياخشى كۆرەمدۇ؟

— ياخشى كۆرەمدۇ دېگەنلىرى نېمىسى؟ ئۇ ئۆز ۋاقتىدا گۈلنىساخاننى ئەپقېچىپ ئالغان تۇرسا؟ — رەجەپ كارناي مايلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىدا يۈزىنى يەلپۈدى، — بىر ـ ئىككى قېتىم ئۇنىڭ

ھارۋىسنى چوڭ يولدا توختىتىپ، مۇشۇ تەرەپكە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

— تېخىچە ئۇنتۇيالماپتۇ — دە!

— ئۇنىڭ ھازىرقى خوتۇنى ئۆتۈپ كەتكەن ھازازۇل، توغماس خوتۇن. . .

تاماق ئىچىلىپ بولدى. ئىككىسى بىر كۈنى قاشىغا بېرىشنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، رەجەپ كارناي چىقىپ كەتتى. كامىل ئېتىز قىرلىرى، چىغىر يوللار، يارلىقلار بىلەن ئاممۇتلۇققا يۈرۈپ كەتتى. ماي ئايلىرى كىرىپ قالغاچقا، كۆن ئۇلتۇرۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەتراپ يوپيورۇق ئىدى. يارلىق ئىچىدىكى يۇمشاق مىسىل، يىسكەن، ياش قومۇشلار كۆكىرىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدىن يىكەن توخۇلىرىنىڭ چاڭىلداپ سايراشلىرى ئۇزۇلمەي ئاڭلىناتتى. دېھقانلارنىڭ مورىلىرىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆتۈرۈلگەن ئىسلار يار ئىچىگە قاپلىنىپ قېلىپ، ياپيېشىل شال مايسىلىرى ئۈستىدە لەرزان لەيلەپ يۈرەتتى.

كامىل گويا ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي، يەردە يېتىپ قالغان يامغۇر بۇلۇتلىرىدەك بۇك — باراقسان ئاممۇتلۇققا كىرىپ كەلگەندە، يۈرىكى خۇددى قەپەزدىكى قۇشتەك ئوينايتتى. ئۇ يارنىڭ قەدەم ئىزلىرى چۈشكەن يوللارغا، گۈلسىمان يۈزلىرىنى سۆيۈپ ئوينىغان سۇلارغا، ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھەسەت ۋە ھەۋەس قىلغان تالى مەجنۇنلارغا تويماي قارايتتى. دەرەخلەرنىڭ تېخى تۇنۇگۇنلا يوللارغا سۇزۇك ھەم شالاڭ سايە تاشلىغان يۇمران يوپۇرماقلىرى قېلىن، بىر تۇتاش بولۇپ كەتكەنىدى. ماي ئېيى كىرىشى بىلەنلا، دەل — دەرەخ، ئورمان ۋە باغلارغا مول يوپۇرماقلارنى سوۋغا قىلغانىدى.

كامىل تال بوستانلىق قورۇغا كىرىپ كەلگەندە، نەفسە ئانىسىنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىپ، رومىلىنى ئارتىپ مۆڭگۈزى يوق كالىنى سېغىۋاتاتتى. قوزۇققا باغلاپ قويغان موزاي «ماڭا قالمايدىغان بولدى» دېگەندەك، ئانىسىنىڭ يېلىنىغا تەلمۈرۈپ، ھەدەپ ئارغامچىسىنى سىلكىيتتى.

— ئىنساپ قىلىڭ خانىم، موزايىغىمۇ قالسۇن، — دېدى كامىل

كۈلۈپ.

— كامىل! — نەفىسە چۆچۈپ كەتكىنىدىن سۈت چېلەكنى ئۆرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى، — قاراڭ سىزنى، مېنى قورقۇتۇۋەتتىڭىز... گۇناھىڭىز ئۈچۈن بىردەم ساقلاڭ...

— ئەلۋەتتە ساقلايمەن... ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ، يەر ئاغدۇرۇلۇپ كەتسىمۇ، ئەبەدىلئەبەد ساقلايمەن...— كامىل نەفىسەنىڭ ئۆزىگە خوپ كەلمىگەن كۆڭلىكىگە، ئارتىۋالغان رومىلىغا قارىدى، — سىزنىڭ بۇ سىياقىڭىز ماڭا يەنە يىگىرمە — ئوتتۇز يىللاردىن كېيىنكى مۇشۇ كۈنلەرنى ئەسلەتتى...

نەفىسە قىزىرىپ يۈزىنى قاچۇردى. «ئەبەدىلئەبەد ساقلايمەن»، «يىگىرمە — ئوتتۇز يىللاردىن كېيىنكى» دېگەن قوش مەنىلىك سۆزلەر ھېسسىياتلىق قىزنى ئىزا تارتقۇزۇپ قويغانىدى. ئۇ:

— بۇ كۆڭلەكنى كىيىپ، رومالنى ئارتىۋالمىسام، كالا سۈت بەرمەيدۇ، ئانامنىڭ باش ئاغرىق كېسىلى قوزغىلىپ، ئىككى كۈندىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

نەفىسە موزاينى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، كامىلنى باشلاپ ئۆيگە كىردى. قۇتلۇق ھاجىم كات ئۈستىدە تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھاجىم بوۋا، تەنلىرى ساق، دىللىرى شادمىكىن، — كامىل تەزىمدىن كېيىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، — خېلى بولدى ئۆزلىرىنى يوقلاپ كېلەلمىدىم.

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى بالام، مەنغۇ تەندۇرۇس تۇرۇپتىمەن، — دېدى بوۋاي ساقىلىنى سىيپاپ، — بىراق قىزىم مەرەجىخان بىتاپ بولۇپ قېلىپ، ئۆينىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرى نەفىسە قىزىمغا قالدى...

— ئەپۇ قىلسىلا ھاجىم بوۋا، مەن خەۋەرسىز قاپتىمەن... دوختۇرغا ئەكىرمىدۇقمۇ؟

— نەفىسە قىزىم گۇڭشې دوختۇرخانىسىدىن دورا ئەچىقىپ ئىچۈرۈۋاتىدۇ...

كامىل ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ مەرەجىخاننى يوقلاپ چىققاندىن

كېيىن، هويلىدا ئوتۇن يېرىپ، بىر ھەپتە يەتكۈدەك دۆۋىلىۋەتتى. ئۆگزىدىن پاسار چۈشۈرۈپ، كۆتەكتە چاناپ، كالىغا بوغۇز تەييارلىدى. ئاندىن، هويلا ـ ئارامىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئېغىللارنى تازىلاپ، نەچچە كۈندىن بېرى يىغىلىپ كەتكەن چىلە، كالا تېزەكلىرىنى تام تۈۋىگە دۆۋىلەپ، ئۈستىگە توپا چاچتى. تەرەت ئالغىلى چىققان هاجىم پاكىزە ھەم رەتلىنىپ قالغان هويلىنى كۆرۈپ، قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. بۇ ئەسنادا، نەفسەنىڭ تامىقىمۇ پىشىپ قالغانىدى.

تاماق يېيىلىپ، داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇتلۇق هاجىم كامىلنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ بارلىق ئىشلاردىن خەۋىرى بولغاچقا، كامىل، ھېكمەت، مۇرات، زۇمرەت، گۈلزىبالارنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ، كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار ئىدى ۋە ھەر نامىزىدا، ئۇلارغا خۇدادىن ئامان ـ ئېسەنلىكنى، مۇشكۇلاتلىرىنى ئاسان قىلىشنى، يامانلارنىڭ جاجىسىنى بېرىشنى تىلەيتتى. هاجىم ئەقلۇ پەزىلەت بابىدا پاك ھەم غۇبارسىز بۇ نۆدەرلەرنى چىن ئېتىقادى بىلەن ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، تىلى چىققاندىن بېرى، ئۆزى تەربىيىلەپ، ئاغزىغا ئىلىم سېلىپ، ئەخلاق ۋە هايا شەربەتلىرىدە پەرىشتەدەك چوڭ قىلغان نەۋرىسى نەفىسە خېنىممۇ ئۇنداق ـ مۇنداق كىشىلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشمايتتى. شۇڭا، قۇتلۇق هاجىم كامىلنىڭ ئەللامەدە قانداق تۇرۇۋاتقانلىقى، بىرەر دىشۋارچىلىققا يولۇققان ـ يولۇقمىغانلىقى، ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا تۇتۇۋاتقان مۇئامىلىرى ھەققىدە سورىدى. كامىلمۇ بولۇنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي ئېيتتى. قۇتلۇق هاجىم دورىخانا ۋەقەسىنى ئاڭلاپ ناهايىتى خۇشال بولدى. بولۇپمۇ ئەجدادلىرىمىز بىز ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن مۇبارەك كىتابلارنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، هاياجىنىنى باسالمىدى. رەجەپ كارناي بىلەن كامىلنىڭ قورقماس يۈرىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇلارنى «پالۋان»، «باتۇر» دەپ ماختىدى.

— قارىسىلا كامىل بالام، — دېدى هاجىم هاياجانلىنىپ، — ئاللاھ بەندىسىنى ئادەم دەپ ياراتقان، قۇل قىلىپ ياراتقان ئەمەس... قارشىلىق كۆرسىتىشنى بىلمىگەن ئادەم ئاللاھقىمۇ ياقمايدۇ... ئاللاھنىڭ ئەڭ

ناباپ قولى — قورقۇنچاق ئادەمدۇر...

— ئەللامە دېھقانلىرىمۇ خۇددى رەجەپ ئاكامغا ئوخشاش ياخشى ئادەملەر ئىكەن، — دېدى كامىل مەمنۇنىيەت بىلەن، — مېنى تېزلا ئارىغا ئېلىپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكرى، بىزنىڭ ئەلنىڭ تولىسى قەلبى ساپ، ئىدرىكى ئۆتكۈر ئادەملەردۇر.

— غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىم، — دېدى كامىل، — تىبابەتچىلىك ھەققىدە باھاسىز رىسالە ۋە رېتسېپلارنى يېزىپ قالدۇرۇپتۇ. بىراق تۇرمۇشى غورىگۇل ئىكەن... شۇنداقتىمۇ تاماسىز ياشايدىكەن...

— ئىنساننىڭ روھى ئۈچۈن باھاسىز زوق مۇتائىلەدۇر ئوغلۇم، — ھاجىمنىڭ ئورۇق ھەم پاكىزە بارماقلىرى ساقىلى ئۈستىدە ئوينىدى، — ھەقىقىي مۇرۇۋۋەت ۋە ياخشىلىق شان-شاۋكەتكە موھتاج ئەمەس...

نىياز پاڭنىڭ مەركەزدىن كەلگەن سەككىز يۈز يۈەنگە ھارۋا ئېلىۋېلىپ تۇرۇقلۇق يەنە غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمغا سېلىۋاتقان زۇلۇمىنى ئاڭلىغان قۇتلۇق ھاجىم ناھايىتى خاپا بولدى. ئۇ قورۇق قاپلىغان ئوتلۇق كۆزلىرىنى نەگىدۇر تىكىپ: «يامانلاردىن ياخشىلىق كۈتمەك، ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزىدە گۈل ئۈنۈشنى ئارزۇ قىلىش بىلەن باراۋەردۇر...» دېدى.

ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. كامىل كېتىش ئۈچۈن تەرەددۇتلاندى. قۇتلۇق ھاجىم نەفسەنى چاقىرىپ، ئۇزىتىپ قويۇشنى ئېيتتى. باياتىندىن بېرى ئانىسىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، بولۇنغان گەپلەرنى ئاڭلىغان نەفسە كامىلغا لەپپىدە قارىدى-دە، روملىنى ئارتىپ تەييار بولدى. كامىل ھاجىم بىلەن خەيرلىشىپ ھويلىغا چىقتى. ئاي خېلىلا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرى تال بوستاندىن ئۆتۈپ، ھويلىغا ئالا كۆلەڭگىلەرنى يايغانىدى. ئۇلار دەرۋازىدىن چىقىپ، چوڭ يول ئاغزىدىكى ئۆستەڭ بويىدا توختاشتى. نەفسە شىۋىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇغا قارىغىنىچە جىمجىت تۇراتتى. چۈنكى، كامىل ئالدىنقى قېتىم كەلگەندە، ناھايىتى تەستە توي قىلىش تەكلىپىنى قويغانىدى. نەفسەمۇ خالىقنىڭ ئەلچىلىرىنى يولغا سالغاندىن كېيىن، كامىل بىلەن پاتراق توي

قىلىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، ھايا ۋە نومۇس ۋەجىدىن ئېنىقراق جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇ «توي» سۆزىنىڭ يەنە تەكرارلىنىشىنى ئويلىغىنىدا، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوتلۇق قۇياش تەپتىدە ئېرىپ كېتىدىغاندەك ھاياجان ئىزتىرابىدا ئازابلىناتتى. شۇڭا، يۈزتۇرا سۆزلىششكە ئىپپەت ـ نومۇسى يار بەرمىگەن نەفىسە بۇ توغرۇلۇق خەتمۇ يېزىپ قويغانىدى.

— نەفىسە، — دېدى كامىل بوغۇلغاندەك بولۇپ، — ئۆتكەندە مەن سىزگە. . .

— بولدى سۆزلىمەڭ، — دېدى نەفىسە پىچىرلاپ، — مانا بۇ خەت سىزگە جاۋاب بېرىدۇ. ئېيتىڭا كامىل، ھېكمەتتىن خەۋەر بارمۇ، مۇرات بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

بۈگۈن ھېكمەتتىن كەلگەن خەتتە گەرچە قىسقىراق يېزىلغان بولسىمۇ، يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىنىڭ ئەھۋالى، ئۆزىنىڭ نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى، قۇربان ھاكىمنىڭ ياخشى نىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكى، لېكىن ئۆزىنىڭ مەست بولۇپ قېلىپ قىلغان «ئەسكىلىكى» يېزىلغانىدى. بولۇپمۇ ھېكمەت ماھىگۇلدىن گۈلزىبانىڭ قان تۈكۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى، ئەگەر پۇرسەت بولسا، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى، مىسكىن كۆڭلىگە تەسەللى بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدى.

— مەن ئالدىنقى كۈنى شەھەرگە كىرىپ، — دېدى نەفىسە، — گۈلزىبا بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر سائەتتەك مۇڭدىشىپ بولۇپ، خان ئانام بىلەن سەئىدە ئاچامنى يوقلىدىم.

— بەك ياخشى قىپسىز. . . ئۇلار قانداق تۇرۇپتۇ؟ . . .

— خان ئانام ئوبدان تۇرۇپتۇ. سىزنىڭ ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى ئېيتتىم، ئۇلارمۇ خاتىرجەم بولدى. ئەمما گۈلزىبا، — نەفىسە سۇغا قارىۋالدى. ئۇنىڭ بىر ئىشنى دېيىشكە تىلى بارمايۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. . .

— گۈلزىباغا بىر ئىش بولمىغاندۇر؟ . . . كامىل تاقەتسىزلەندى. . .

— ئۇ. . . ئۇ. . . ، — نەفىسەنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسى تىلىنى باغلاپ قويغانىدى.

— زادى قانداق ئىش يۈز بەرگەن بولسا دەڭا، مەن سىزدىن ئۆتۈنەي. . .

— ئۇ... ئۇ... ھامىلىدار بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ... — نەفىسە يۈزىنى تۇتۇپ، تەتۈر قارىۋالدى.

كامىل ئەللامەگە كېلىپ، تۇنجى قېتىم نەفىسە بىلەن كۆرۈشكەندە، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانىڭ نىكاھ قىلىپ توي قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. توي دېگەن قىز بالىنىڭ ھاياتىدىكى بىر قېتىملىق ئەڭ مۆرۈۋۋەتلىك ئۇلۇغ بىر كۈن!... ئەمما داغدۇغىسىز، ئەدناسى دوستلىرىمۇ قاتناشمىغان، ھەسرەت ـ نادامەت، قارا كۈنلەردە جىمجىتلا ئۆتكۈزۈلگەن بۇنداق نىكاھ مۇراسىمى قىز بالا ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب!... بۇنى پەقەت بېشىدىن ئۆتكۈزگەن يېتىم قىزلارلا بىلىدۇ... لېكىن، گۈلزىبانىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھەمدا تۇرۇقلۇق؛ ئۇ مۇشۇ كۈنلەرگە قالدى... كونىلارنىڭ: «چىرايلىق قىزلار ئانىلىرىنىڭ قورسىقىدىن تەلەيسىزلىكلىرى بىلەن تەڭ تۇغۇلىدۇ...» دېگىنى راست ئوخشايدۇ. نەفىسە گۈلزىبانىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ، كېچە ـ كېچىلەپ يۇم ـ يۇم يىغلىدى. شۇڭا، ئۇ بىر كۆڭلەكلىك گىرىپ ۋە باشقا سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، مۇبارەكلەپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇلۇشكۈن شەھەرگە كىرگەنىدى.

— راستمۇ نەفىسە؟ — كامىل خۇشال بولۇشنى ياكى خاپا بولۇشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى.

— ئۆزى شۇنداق دېدى!...

— ۋاي خۇدايىم، بۇ يوشۇرۇن نىكاھ تۇرسا؟... ئەمدى بالىنى قانداق چۈشەندۈرەر؟...

— ھازىر ئانىسىمۇ بىلمەيدىكەن، بىراق گۈلزىبا خۇشالدەك قىلىدۇ...

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۇ بارلىق سەتچىلىك، رەسۋاچىلىق، تـوقا ـ ئالەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بېشىغا ئېلىپ قويۇپتۇ... بۇ بالا ئارقىلىق كېرىموفنى يەڭمەكچى ئوخشايدۇ...

گۈلزىبانىڭ ئۆزىنىڭ نام ـ ئابرويىنى، يۈزىنى تۆكۈش ھېسابىغا بەختكە ئېرىشمەكچى بولغانلىقىنى ھېس قىلغان كامىل ئۇنىڭ شىجائىتىگە، يەكدىللىقىغا ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇغان بولسىمۇ، بۇنداق قۇربان بېرىشىنىڭ

قىممەت ـ سالمىقىنى مۆلچەرلىگۈسىز يوقىتىش دەپ ئويلىدى. بەلكىم گۈلزىبانىڭ بۇ قەتئىيلىكى ئۇچۇن سەرپ قىلغان نەرسىسىنىڭ قىممىتى بەكمۇ چوڭ بولغاندۇر! . . . ياق! بۇنىڭدا قىممەتكە توختىغۇدەك نېمە بولسۇن؟ . . . ئەگەر گۈلزىبا ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ نەپسى، ساداقىتى، مۇھەببىتى ۋە ئادىمىيلىك ۋىجدانىنى ساقلاپ، بەختى ئۇچۇن ھاياتىنى قۇربان قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۆلچەمدىن تاشقىرى قىممەت بولمايدۇ! . . .
— مەنمۇ شۇنداق قارايمەن! . . . — دېدى نەفىسە تارتىنىپقىنا.
— راستمۇ؟ — كامىل نەفىسەنىڭ قەتئىيلىكىدىن سۆيۈندى، — رەھمەت. . . سىز ماڭا تاغدەك ئىشەنچ ۋە غەيرەت ئاتا قىلدىڭىز. . .
كامىل نەفىسەنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈۋاتقان بۇ دەقىقىدە، كېچە ئاسمىنى يۇلتۇز تۇدىلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ، سامان يولى ئىزنالىرىدىن يېيىلغان سۈس ساغۇچ نۇر گويا گۈل چاچقۇلىرىدەك ئۇزاقلارغا سوزۇلۇپ غايىب بولغانىدى. ئۆستەڭنىڭ ئۇ قاسنىقىدىكى ئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەن ئازغان گۈلى تۈپلىرى ئاستا شىلدىرلاپ تۇراتتى. تۇيۇقسىزلا، ئۇلارنىڭ يېنىدىلا خۇددى ئايىقى ئاستىدىن چىققاندەك ئاڭلانغان ئېنىق چۇشكۇرۇك ئاۋازى ھەر ئىككىلىسىنى چۆچۈتۈۋەتتى. نەفىسە دەرھال كامىلنىڭ بىلەكلىرىگە ئېسىلدى. بۇ ئاۋاز ئازغان تۈپلىرى ئارىسىدىن كەلگەنىدى.
— كىم سەن؟ — كامىل ئۈنلۈك ۋارقىرىدى.
بىر قارا كۆلەڭگە غىل ـ پاللا كۆرۈندى ـ دە، ئازغان دالدىلىرىدا شىپىرلىغان ئاۋاز كەلدى. كامىل ئۆستەڭدىن بىرلا سەكرەپ ئۇ تەرەپكە ئۆتتۈۋىدى، قارا كۆلەڭگە دوڭغايغىنىچە، شاپۇر ـ شۇپۇر قىلىپلا يوقاپ كەتتى.
— كامىل جۇرۇڭ، — دېدى نەفىسە قورقۇپ، — بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قېلىڭ. . . مەن سىزدىن ئەنسىرەپ. . .
— قورقماڭ نەفىسە، يېنىمدا خەنجىرىم بار، — كامىل چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىدى. ئاي نۇرىدا دەستىلىرى بۇدۇر ـ بۇدۇر نەقىشلەنگەن خەنجەر پارقىراپ كۆرۈندى، — مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە كىرگۈزۈۋېتەي. . .

كامىل ئالدىدىكى كەتتنى بىسىپ ئۆتكۈچە، قىلچىمۇ قورقۇپ قالمىدى. لېكىن، يارلىق ئىچىدىكى ئىگىز - پەس چىغىر يولغا چۈشكەندە، تېنى شۈركىنىپ، ئۇنى سۈر باستى. ئۇ قول چىرىقىنى ياندۇرۇپ مېڭىۋاتقان بولسىمۇ، ئىككى تەرەپتىكى تىك قەد كۆتۈرگەن ھەرخىل شەكىلدىكى يارلار، ئۈيۈلۈپ ئىچكىرى كىرىپ كەتكەن ئۆڭكۈرلەر، يىلتىزلىرى بىلەن ئېسىلىپ قالغان قارايىغاچ، پاخپاق يۆگەيلەر رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن يالماۋۇز - ئالۋاستىلارغا ۋە دېۋىلەرگە ئوخشايتتى. كامىل يېكەنلىك، قومۇشلۇقلار ئارىسىدىكى لاۋلىق يولدىن ئۆتكەندە، خەنجىرىنىڭ دەستىسىنى چىڭ سىقىمدىۋالغان بولسىمۇ، تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇنى سۈر باسقانلىقى ئېنىقلا ئىدى. ئۇ، يارلىقتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا، خەنجىرنى غىلىپىغا سالدى. بۇ خەنجەر كامىل ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپلا، مومىسىنىڭ ساراي تېمىدا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ غىلاپلىرىمۇ سېرىق ھەم ئاق تۈچتىن بولۇپ، كۆركەم نەقىشلەنگەنىدى. مومىسى ئۇنى پات - پاتلا سۈرتۈپ: «بالام، بۇ بوۋاڭ ئابدۇلەتىپ ئەمىر نەققاشى مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان تەۋەررۈك خەنجەر. . .» دەپ قوياتتى. كامىل بىلەن خالىق ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك كۆچەيگەنلىكىنى سەزگەن خانىنزاتخان ئانا بىر كۈنى ئۇنى كامىلنىڭ بىلىگە ئېسىپ: «يىراق - يېقىنغا سەپەر قىلساڭ، ئۆزۈڭدىن ئايرىما. بۇ ساڭا يۈرەك بولىدۇ» دېگەنىدى.

كامىل ياتىقىغا كىرىپلا شامنى ياقتى - دە، چاپىنىنى سالدى. دوپپىسىنى قوزۇققا ئىلىپ، خەنجىرنى مورا ئويۇقىغا قويدى. ئاندىن كىچىك شىرەنى قويۇپ شامنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ نەفىسەنىڭ خېتىنى ئوقۇشقا تەقەززا ئىدى. چاڭقىغان دىللارغا ئابى زەمزەم شەربىتىنى سۇنغان مەكتۇپ مۇنداق باشلانغانىدى:

. . . «ئەسسالام كامىل! . . . نەچچە يىللار دەريادا ئاققان ھۆزرا ۋاموق دىدارىغا نائىل بولغىنىدەك. . .، بىستون تاغلىرىنى كەسكەن پەرھادنىڭ پاك ئىشقىنى قوبۇل ئەتكەن

شېرىندەك. . . ، چۆللەر ئارا ئاھ ئۇرۇپ ئەسەبىيلىك گىرىيانلىرىدا مەجنۇن بولغان قەيسنىڭ ئوت پىراقىدا كۆيۈپ كۇل بولغان لەيلىدەك، مەن ھەم كامىلنىڭ «جۇپتى ھالال» بولۇش تەلەپلىرىنى ئۆز ئىختىيارىم ۋە شادلىق ياشلىرىم بىلەن مەقبۇل ئەتتىم! . . . نەفسە ئەمدى سىزنىڭ. . . «ئۇ مېنىڭ. . . » دەپ قەلب پىنھانلىرىڭىزدا ئەنقادەك يوشۇرۇن ساقلالىڭ. . . ئېھتىمال سىز: «نەفسە بۇرۇنمۇ مېنىڭ ئىدىغۇ! . . . » دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنداق ئەمەس ئەزىزىم! . . . ئۇ چاغلاردا سىز بىر «روھ» نى، روھىي مۇھەببىتىمنى سۆيدىڭىز. . . مەن ھەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەسمەن! . . . چۈنكى جەننەت ھۆرلىرىدەك ئاللاھ بەرگەن تېنىمنى پاك تۇتۇپ، دىلىمنى ھايا نۇرلىرىدا يورۇتۇپ، يۈرىكىمنى پەزىلەتتىن ئىبارەت قان بىلەن سۇغۇرۇپ، ئىپپەت ـ نومۇسىمنى گويا دېڭىز قەھرىدىكى سەدەپ قۇلۇلىسى قوينىدا يېتىلدۈرگەن ئۈنچە ـ دۇرلاردەك پىنھانە تۇتقان بىر مەسۇمەنىڭ يات ئەر تېنىگە ـ تېنىنى، جېنىغا ـ جېنىنى قوشۇش ئەمەس ھەتتاكى ئون قەدەم ئارىلىقتىكى ئەرنىڭ تىنىقىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاق ئوتىدەك بىلىنەتتى. . . توغرا، مەن سىزنى سۆيگەن! بۇ سۆيۈش سىزنىڭ روھىي مۇھەببىتىڭىزنى، روھىي ئەخلاقىڭىزنى، روھىي ھالىتىڭىزنى قەدىرلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى! . . . (بۇ ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ ئۆلمەس سۆيۈش ئىدى. . . )

ئەزىزىم كامىل! . . . خالىق ئەلچى كىرگۈزگەن. سىز توي تەكلىپىنى قويغان. . . ئانام كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلغان. . . مۇشۇ بىر قاتار ئىشلاردىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ جەننەتتىكى پەرىشتە ـ ھۆرلەردىن ئەمەس، بەلكى ئادەم ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. . . يەنە كېلىپ، ئەركىن ھاياتنى تۇرلۇك ـ تۇمەن قائىدە ـ نىزام، تۇزۇملەر بىلەن قېلىپلاشتۇرۇپ، ھەممىنى قېلىپقا ماسلاشتۇرۇپ، ماسلاشمىسا يونۇپ، چېپىپ، رەندىلەپ

تـوغرىلايدىغان ئادەملـەر ئارىسـدا ياشاۋاتقانلىقىمنى، بـۇنى كىشىلەرنىڭ «جەمئىيەت، تۇرمۇش، هايات . . .» دېگەندەك يالتىراق تونلار بىلەن بىزەيدىغانلىقىنى بىلدىم! . . .

كامـــل، بەزى گەپلەرنـــى دېيـــشكە نومۇسۇم يار بەرمەيۋاتىدۇ. شـۇنداقتىمـۇ ســـزگە ئازراق پـۇرتىـــپ ئـۆتەي. خالىقىنىڭ ئەلچىلىرىگە بوۋام: «قىزىمىزنىڭ بېشى باغلانغان» دەپ جاۋاب بېرىۋەتكەنىنىڭ ئەتىسى، ئانام مەن بىلەن سۆزلەشتى (بۇ چوقۇم بوۋامنىـــڭ مەسلىهەتى بىلەن بولغان). ئۇ ماڭا بىر كېچە دېگـۇدەك نەسىهەت قىلدى. «بوۋىڭىـــزنىـڭ كۆزىنىڭ ئـوچۇق ۋاقتىـــدا ياتلىـــق بولـــۇڭ. . . كامىـــلجان بىـــرەر گەپ كالىچى قىلمىدىمۇ؟ قىز بالا دېگەن ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە! ئويلاپ كۆرۈڭ قىـــزىم، خۇدايىـــــم پاختا پايىلىرىنىمۇ ئەركەك ـ چىشى قىلىپ ياراتقان. . .»

ۋاي خۇدايىم، كونىلار بۇ تەمىسىل ـ ماقالىلەرنى بىز قىزلار ئۈچۈنلا قالدۇرۇپ كەتكەنمىدۇر؟ . . . شۇنداق، كامىل سىز توي تەكلىپىنى قويدىڭىز. . . بۇنى ئانام ئاڭلىدى. ئۇ بوۋامغا دېگەن چېغى، ئۇمۇ خەۋەر تېپىپتۇ. قىسقىسى، ئۇلار خۇشال. . . هەتتا بوۋام ئانامغا: «كـۆپ هـەشـەم ـ دەرەم كۆتۈرمەيلا، پات ئارىدا توينى قىلىۋېتەيلى» دەپتۇ. قانداقمۇ مـۇمكىن بولسـۇن؟ مەن: «كامىل بىـــر يىللىق ئەمگـەك مـۇددىتىنى تۈگىتىـــۋالسۇن» دېدىم. سىـــزچە بوپتۇمۇ؟ . . . ئۆزگىرىش ۋاقتىڭىزدا توي قىلىشىڭىزغا كۆڭۈشىمۇ، مەكتەپمۇ يول قويمايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ . . .

كامىل بۇ سەهىپىلەرنى يېزىۋاتقىنىـــمدا، يۈزۈمنىـــڭ خـۇددى دەزمال ياققاندەك كـۆيۈۋاتقانلىقىنـــى، يـۈرىكىمنىڭ يـوپۇرماقتەك تىتـــرەپ، ئـۆزۈمنىڭ قانچىلىـــك سەكپارە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەمسىز؟ . . . «بۇنىـــڭدىن كېيىـــن بىراۋلار. . .» دەپ ئويلىساملا، هايادىن ئۆزۈمنى قويار جاي

تاپالمايمەن. . . ئەمدى سىزنىڭ يۈزىڭىزگە قانداقمۇ قارارمەن؟ . . . »
سىزنى سۆيۈپ: نەفىسەدىن. . .

كامىل گەرچە نەفىسەنىڭ «بىر يىل» دېگەن شەرتىنى يوللۇق دەپ جەزىملەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئاچىسى سەئىدە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، «سۆز سالدۇرۇپ قويۇش» رەسمىيىتىنى پات ئارىدا بېجىرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ خەتنى قايتا ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، قاتلاشقا كۆزى قىيماي، شىرەگە جەينەكلەپ خېلى ئولتۇردى. كامىل بۇ تۇرقىدا تاڭنى ئاپئاق ئاتقۇزۇۋەتكەنمۇ بولار ئىدى، بىراق كۆز ياشلىرى ئېقىپ تۈگىگەن شامنىڭ پىلىكى ئېگىلىپ ئۆچۈش ئالدىدا تۇراتتى. كامىل دەرھال ئورۇنىنى سېلىپ يېتىۋالدى. ئۇ يېتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. تۈڭلۈكتىن پىلىلداپ قاراپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە، ھېكمەت، مۇراتنى ئەسلىدى. «زۇمرەتنىڭ ھازىر ھالى نىچۈكتۇر؟ ئېزىز تارمۇش كۆرۈشۈپ تۇرغانمىدۇر؟ . . . » دېگەن سوئال ئۇنىڭ كۆڭلىگە زادىلا ئارام بەرمىدى. بولۇپمۇ گۈلزىبانىڭ ھامىلدار بولۇپ قېلىشى قانداق پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، نېمە كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرەر؟ ھالقىلىق پەيتلەردە، ئاقمۇللا ئىمام بىلەن ھېلىقى شاھىدلار تېنىۋالارمۇ؟ . . . ئۇلارنى قانۇن ئورۇنلىرى ئېتىراپ قىلارمۇ؟» دېگەندەك زىددىيەتلىك ئەندىشىلەر ئۇنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى. شۇ چاغدا، گۇلنىساخاننىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بوغۇلۇپ يۆتەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان كامىل مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە قاشىغا بېرىپ، ھارۇنكەش بىلەن سۆزلىشىشنى ۋە ئىككى بالىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. لېكىن كۆزىگە ئۇيقۇ يامىشىپ، قاپاقلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقىنىدا، رەجەپ كارناي، ھېلىقى دورىخانا، تاغارغا قاچىلانغان كىتاب، رىسالە، دورا ۋە رېتسېپلار خىرە ـ شىرە كۆڭلىدىن كەچتى. ئۇ ئۇيقۇلۇق: «ساخاۋەتلىك ئوغرىلار. . . » دەپ پىچىرلىدى. . . .

## باشقا كەلگەندە باتۇر

بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىككى كۈندىن بېرى مائاش باھالاش

جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش تارقاتقان ھۆججىتىدە، بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچىلارغا بىر دەرىجىدىن مائاش قېتىپ بېرىش ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتىدە: «تۆھپە ـ نەتىجىلىرىنى، سىياسىي ئىدىيىسىنى، ئەخلاق ـ ئىنتىزامىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش... باھالاشتىن ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ دەرىجىسىنى سىياسىي ـ ئىدىيە، ئىنتىزامدا نەتىجىسى پەۋقۇلئاددە ياخشى بولغانلارغا قېتىپ، ئىككى دەرىجە مائاش ئاتلىتىپ بېرىشكە بولىدىغانلىقى...» بەلگىلەنگەنىدى. بۇ يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىنى، يەرلىكنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ «جانلىق» ئىشلەتكەن «سىياسەت» ئىدى. تۇنۇگۈن چۈشكىچە، ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ھۆججەتلەر ئوقۇلۇپ، بىر قۇر مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن، قۇتبىرەم، رىخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىم، ساجىتخانلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ بىر دەرىجە مائاشىنى بەرمەسلىك، بۇ ئۈچ سائنى جاپا چەككەن، نەتىجىسى زور ئوقۇتقۇچىلارغا بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. زەينىدىن بۇ «ئاقىلانە» پىكىرگە دەرھال قوشۇلدى ۋە بىر دەرىجىنى زىكرۇللا غوجىغا، يەنە بىرسىنى قۇتبىرەمگە بېرىش ھەققىدە ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى قويۇپ، قۇتبىرەمنىڭ ئايال تۇرۇقلۇق «قاتتىق» ئىشلەيدىغانلىقىنى، زىكرۇللا غوجىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىق خىزمىتىدە كۆپ جاپا چەككەنلىكىنى ماختاپ ئۆتتى. بۇ ئىنچىكە ئويلانغان پىلان ئىدى. چۈنكى، بىر دەرىجە بىلەن زىكرۇللا غوجىدەك خەۋپلىك بوران ئېغىزىنى ئەتسە، قۇتبىرەم ئەلۋەتتە قارشى پىكىردىكىلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ، قېپقالغان بىر دەرىجىنى زەينىدىنگە ئاتا قىلاتتى. ئەمما زىكرۇللا غوجا شۇ ھامان ئۆزىنىڭ ئىككى دەرىجە ئاتلىتىپ ئالمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. چۈنكى، ئۇ بىر تەرەپتىن ئوينىلىۋاتقان ئويۇننىڭ تەكتىگە يەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇتقۇچىلار ۋە كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئالدىدا، ۋىجدان ئازابى تارتىپ قېلىشنى خالىمايتتى.

ئىشخانا ئىچى ئاستا پىچىرلاشلار، غودۇڭشۇشلار ۋە ئالىيىشلار بىلەن تولدى، ھەممە قۇتبىرەمگە يامان كۆزدە قارىماقتا ئىدى. ئۆزىنىڭ

دەرسنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، ھەر يىلى كۆچۈش، سۇپەت نەتىجىلىرى ئاتمىش پىرسەنتتىن ئاشمىغان، ئۇرۇشقاق، ھازازۇل بىر خوتۇننىڭ ئەمدىلىكتە دەرىجە ئاتلىتىپ ماڭاش ئۆستۇرۇلۇشى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەنىدى. رىخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىم، ساجىتخانلارمۇ ساغرىسىغا ئوغرى تىكەن سانجىلىپ قالغاندەك، ئولتۇرالمايلا قالدى. رىخىم نۇرى: «ۋۇي ماۋۇ ئۇششۇك چۆجىسى ماڭا باشقىچە گەپ قىلىۋىدى، ئەمدى قۇتبىرەم دەيدىيا؟...» دېسە، مەمتىلى ئىبراھىم: «خەپ چۇغۇنتەك گاچا، مېنى پەللەپسەن ـ دە؟...» دەيتتى. ساجىتخان: «ۋاي جېنىمەي، بىر دەرىجىنى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن دېگەنتىيا بۇ ئوغرى؟ ئەمدى ئاۋۇ مۆڭگەك مادا ئېشەكنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدىغۇ؟...» دەپ ئىچىدە تىللايتتى. مىنۇت ئۆتمەيلا، بۇ ئۈچ «پالۋان» قۇتبىرەمنىڭ دەرس ئۆتۈش، ئىنتىزام، ئەخلاق جەھەتتىكى مازلىرىنى چۇۋۇپ، ئۇنى بىر پۇلغا ئالغۇسىز قىلىۋەتتى. قۇتبىرەمنىڭ ھېكمەت ئۆتۈۋاتقان ئەدەبىيات دەرسىنى ئۇستىگە ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ «تويپىلاڭ» كۆتۈرگەن ئىشىنى ساجىتخان يۈز ـ خاتىرە قىلماي سۆكۈۋەتتى. قۇتبىرەممۇ بوش كەلمىدى. ئۇ كامىل، مۇراتلارنىڭ دەرسىنى ئۇستىگە ئالغان رىخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىملارنىڭ دەرسىنى ياخشى ئۆتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ مەيداندا ئولتۇرۇۋېلىپ، دەرسكە كىرمىگەنلىكىنى راسا كۆپتۈرۈپ سۆزلىدى.

ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا، مەكتەپتە بىر ۋەقە يۈز بەرگەنىدى. ئەتىگەنلىك گىمناستىكا توگىگەن ھامان، ئالتە سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى سىنىپقا كىرمەي مەيداندا ئولتۇرۇۋالدى. ئۇلار: «قۇتبىرەم، رىخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىملارنىڭ دەرسىنى چۈشىنەلمىدۇق.. كامىل، ھېكمەت، مۇرات مۇئەللىملەرنى قايتۇرۇپ كەلسۇن!...» دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. زەيىندىن ئوقۇغۇچىلارنى تىللاپ باقتى، يالۋۇرۇپ نەسىھەت قىلدى. لېكىن باللار بىزىرىپلا ئولتۇرۇۋالدى، ئاخىرى، زىكرۇللا غوجا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەيدانغا چىقتى. ئۇ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ يېقىندا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى، شۇ

چاققچە، ئۇلارنىڭ دەرسىنى توختى قۇربان، پاتەم خانىم ھەم ئۆزى ئۇستىگە ئېلىپ ئۆتىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپقا كىرگۈزەلىگەنىدى. مانا ئەمدى بىر دەرىجە مائاشتىن ئىبارەت گۆھەرنى تالىشىپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشكەن قۇتبىرەم، رىخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىم، ساجىتخانلار: «ۋۇي، ئوقۇتقۇچى تەلەتى يوق ئىتاۋاز ئوغرى...»، «ئىككى ئوتتۇرىدا قالغان ئەزمايلا ئەركەك زەدەك...»، «ئۆگزىدىن تاشلىۋەتسە، توپتەك قاڭقىيدىغان جالاپ...»، «ساقال تاغىقى، ئېشەك مەدىكى...» دېگەندەك بىر - بىرىنى سۆكۈدىغان تىل - ھاقارەتلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى. يىغىنمۇ بۇزۇلدى. ئوقۇتقۇچىلار يىغىندا ھېچ ئىشنى ھەل قىلالمىغان زەيىندىن مۇدىر بۇگۇن ئەتىگەندىلا ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجا، ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرىدىن پاتەم خانىم، مەمتىلى ئىبراھىم، توختى قۇربان، ياچېيكا ھەيئەتلىرىدىن يەنە بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا يىغىپ، مائاش دەرىجە تەقسىماتىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتاتتى.

زەيىندىن بۇگۇن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى باشقا يولغا سىرىدى. ئۇ يەنىلا بىر دەرىجە مائاشنى زىكرۇللا غوجىغا، يەنە بىر دەرىجە مائاشنى پارتىيە ياچېيكا ھەيئىتى يۇسۇپ مۇئەللىمگە بېرىشتە چىڭ تۇردى. ئەمما ئۇنىڭ يەنە بىر دەرىجە مائاشنى ئۆزىگە ئېلىپ قويغانلىقى ئېنىقلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دۇنيادا مەنپەئەتتىن قۇدرەتلىك كۈچ بولمىسا كېرەك. ھەممىسىلا بۇ بىر دەرىجە مائاش — ئالتە - يەتتە يۈەننى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى خالايتتى. شۇڭا، ھېچكىممۇ زەيىندىننى نامزات قىلىپ كۆرسەتمىدى. ھەممىسىلا بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ئولتۇراتتى. زىكرۇللا غوجا، توختى قۇربانلار بۇ ئۈچ دەرىجە مائاشنى ئۆز ئىگىلىرى بولغان كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. يىغىندىكىلەرنىڭ بىرسىمۇ دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىيالمايتتى. ئەلۋەتتە «شيۇجېڭجۇيىچى» دېگەن بۇ لەنەتى تامغا بېسىلغان ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئېرىقىنى چېپىش، سۇيىنى ياقىلاش — قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆزى ئورىغا ئىتتىرگەنلىك بولاتتى. لېكىن، ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجا

ئالىي مەكتەپ يۈزىنى كۆرگەن، گېزىت - ژۇرناللارنى كۆپ ئوقۇيدىغان، يۇقىرىدىكى سىياسەت بىلەن تۆۋەندىكى ۋەزىيەتنى سېلىشتۇرىدىغان، ھەربىر ھەرىكەت يۆنىلىشى شامىلىنى كۆزىتىپ باھا بېرەلەيدىغان «قۇلىقى ئۇزۇن» زىيالىيلاردىن بولغاچقا، ئانچە چۆچۈپ كەتمەيتتى. ئۇ، مەركەزنىڭ سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلىرى، پارتىيىنىڭ زىيالىيلارغا قاراتقان «قۇتقۇزۇۋېلىش» ، «ياردەم بېرىش» ، «ئۆستۈرۈش» كە ئوخشاش ئۇسۇل - چارىلىرى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايوننىڭ مائاش ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى ھۆججەت - نىزاملىرىنى قايتا بىر رەت ئايلاندۇرۇپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ مەزمۇنىدىن «ئىدېئولوگىيىگە ياتىدىغان ھەرقانداق مەسىلىگە نىسبەتەن بېسىم ئىشلەتمەسلىك، قاراپ بېقىش، ئېھتىياتچان بولۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش، ھەرگىز يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئالدىراپ خۇلاسە چىقارماسلىق. . . » دېگەن روھ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ئارقىلىق كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ يىللاردىن بېرىقى نەتىجىلىرى، مەكتەپ ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى، ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىكى ھۆرمەت - ئىناۋىتى، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە نىسبەتەن مۇھەببىتى قاتارلىقلارنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇ قېتىمقى يۇقىرىنىڭ دەرىجە مائاش قېتىپ بېرىشنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۈنۈگۈنكى، بۈگۈنكى ئىپادىسىگە قاراپ بولماي، بەلكى يىللاردىن بېرىقى نەتىجە ۋە تۆھپىلىرىگە قاراپ بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق ھەم كېسىپلا ئوتتۇرىغا قويدى.

— مېنىڭ قارىشىم، — دېدى زىكرۇللا غوجا قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا، — بۇ ئۈچ دەرىجە مائاش كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا تەئەللۇق. باشقىلارنىڭ ئېگىلىۋېلىشى تامامەن يولسىزلىق بولىدۇ. . .

— مەن قوشۇلىمەن! — دېدى توختى قۇربان. . . — ئۇلار ھەر يىلى مۇكاپاتلىنىپ، تەقدىرلىنىپ كېلىۋاتقان مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار. . .

— مەن قوشۇلمايمەن، — دېدى زەينىدىن مۇدىر، — ناھىيىلىك دائىمىي كومىتېت قارار چىقىرىپ جازالىغان، خاتالىقى ئېغىر، تەسىرى چوڭقۇر، چەت ئەل شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ تەشۋىق - تەرغىباتچىلىق رولىنى ئۆتىگەن ئادەملەرگە كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپلا، دەرىجە مائاش

باھالاپ بەرسەك... بۇ سىنىپىي كۈرەشنى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئۇنتۇغانلىق ياكى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ...

— مەن زەينىدىن مۇدىرنىڭ پىكرىگە تامامەن قوشۇلىمەن، — دېدى مەمتىلى ئىبراھىم، تۈنۈگۈن ئىنقىلابچى ئىكەن، تۈنۈگۈنكى ئىش، بۈگۈن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ سېپىگە ئۆتكەنىكەن، ئۇ سىنىپىي دۈشمەن!...

— كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنى سىنىپىي دۈشمەن دېگىلى نېمە ئىسپات، قانداق پاكىتىڭ بار؟ — دېدى زىكرۇللا غوجا گۆلىيىپ، — دائىمىي كومىتېت ئۇلارغا «بۇزۇق ئۇنسۇر»، «ئەكسىلئىنقىلابچى»، «ئوڭچى» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپتىمۇ؟...

— ئىلمىي مۇدىر توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى ياچېيكا ھەيئىتى يۈسۈپ مۇئەللىم، — ئۇلارنىڭ مەسىلىسى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان.

زەينىدىن ھېكمەتكە كۆرۈلگەن «بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقىنى كىيگۈزۈش ھەم قانۇن بويىچە ئۈچ يىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش» چارىسىنى دەۋېتىشكە تاسلا قالدى. لېكىن ساۋۇر روزىنىڭ «ئاقىۋىتىگە ئۆزۈڭ ئىگە» دېگىنى، قۇربان ھاكىمنىڭ «سېنى قولغا ئالدۇرىمەن...» دېگەن سۆزى ئېسىگە كېلىش بىلەن، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. دېگەن بىلەنمۇ ھېكمەتنىڭ بىر دەرىجە مائاشى ئۆزىگە تەگمەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھېكمەتنى يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا يالاپ ئېلىپ كىرگەن مىنبىڭلارنى ھەم خالىقنى قۇربان ھاكىمنىڭ تىللاپ رەسۋاسىنى چىقارغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ بىر يەرلىرىنى قىسىۋېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

مەيدانغا چۈشۈپ، تالاش ـ تارتىش قىلىپ بىرلىككە كېلەلمەيۋاتقانلار پەقەت تۆت كىشىدىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. قالغانلىرى بىتەرەپ بولۇپ جىم ئولتۇردى. ئۇلار كۆڭلىدە كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا بېرىشنى ئۈمىد قىلىشسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە كۆپچىلىك ئالدىدا «چار داستىخان» بولۇپ چۈشۈشتىن قورقۇپ، بۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايتتى. زەينىدىن، قۇتبىرەھىملەرگە قوش دەرىجە بېرىشكە بولسا، ئەسلا رازى ئەمەس ئىدى.

بۇگۈنمۇ كەچ بولدى. بىرلىككە كېلەلمىگەن مائاش باھالاش ھەيئىتى تارقاپ كېتىشتى. ئەتىگەندىن بېرى، خۇددى ئۆردەك چۆجىسىنى چىقارغان مىكىيان كۆل بويىدىن نېرى كېتەلمىگەندەك، مۇدىر ئىشخانىسى ئەتراپىنى ئايلىنىپ كېتەلمەيۋاتقان ساجىتخان، رېخىم نۇرى، قۇتبىرەملەر كارىدورنى بويلاپ گويا ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقاندەك، بىرسى ئۇياققا ماڭسا، بىرسى بۇياققا ماڭاتتى. بىر - بىرىگە دوقۇرۇشۇپ قالسا، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، دېمىقىدا خىڭىلداپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرى ئۆگزىدىكى سۆڭەكنى تالىشىپ، ئۆزئارا خىرىس قىلىشىۋاتقان ئىتلارغىلا ئوخشايتتى. مائاش باھالاش ھەيئىتى تارقىغان ھامان، ئۇلار زەيىنىدىن، مەمتىلى ئىبراھىملارنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ، بىر يەرلەرگىچە كۇسۇلداشقاندىن كېيىن، ئۆز يولىغا راۋان بولۇشتى. نېمىگىدۇر خۇشال بولغان ساجىتخان كارىدور ئىشىكىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى. ئەمما ئۇ كۆلنىڭ يېنىدىكى چوڭ ئېرىق لېۋىدە ئاداپ چېلىكىنى يۇيۇۋاتقان مۇراتنى كۆرۈپ قالدى. مۇرات ئالدىغا پەشتاما تارتىۋالغانىدى.

— ۋاي، جېنىم مۇرات مۇئەللىم، — دېدى ئۇ تولغىنىپ، — دۇتار، راۋاب پەدىلىرىگە كۆنۈپ كەتكەن بارماقلىرىڭ چوشقا ئاداپلىرىدا سىبىسىپ، پۇراپمۇ كەتكەندۇر - ھە؟...

شۇنى دېمەمسەن ساجىتخان، — دېدى مۇرات ھىڭگىدە ھىجىيىپ، — ساڭا ئوخشاش غىتمەك چوشقىلار يا يەپ تويمىسا، يا غاجاپ؟...

مۇرات تۈنۈگۈنكى ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مائاش باھالاشتا ئۇلارنىڭ ئۈچ دەرىجە مائاشنى تالىشىپ ئۆزئارا جىدەللەشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىدى. كېيىن رېخىم نۇرى ئۇنى كۆزلىتىپ كەلگەندە، تەكەببۇرلۇق بىلەن كېرىلىپ: «سېنىڭ دەرىجەڭنى ساجىتقا، كامىلىنىڭكىنى مۇدىر، ھېكمەتنىڭكىنى مەن ئالىدىغان بولدۇم...» دەپ ئۆزىنى كۆرسەتكەنىدى. ئەمدى بولسا، ساجىتخان ئالدىدا كۆرەڭلەپ تۇرۇپتۇ.

— ھوي، سىركول پاچاق، — دېدى ساجىتخان قاپاقلىرىنى سوزۇپ، — ھەرقايسىڭنىڭ دەرىجەڭنى زەيىنىدىن مۇدىر تەقسىم قىلىپ بەرگەن تۇرسا،

مىنى نېمىگە غىتمەك چوشقىغا ئوخشىتىسەن؟ مۇنۇچ...

— چوشقىلار ئېچىغ ئاداپنى تالاشقاندەك، سەنلەرمۇ بىزنىڭ دەرىجىمىزگە چاڭگال سېلىپ ئۆرۈشقاندىن كېيىن ئوخشىتىمەن، قانداق قىلىسەن؟ — مۇراتنىڭ ئاچچىقىدا كۆز پاختىلىرى ئېچىلىپ كەتتى، — هەي جالاپ چوشقا، كۆزۈمدىن يوقال، بولمىسا ئاداپ چېلىكىنى بېشىڭغا كىيگۈزۈپ قويىمەن...

مۇرات پاسكىنا چېلەكنى كۆتۈرۈپ قوپۇشىغا، ساجىتخان «مۇنۇچ، ماۋۇ ئۆمۈچۈك پاچاقنىڭ پەيلىنى!...» دېدى ـ دە، قېچىپ كەتتى. رېخىم نۇرى، ساجىتخانلارنىڭ مەسخىرە قىلىشى مۇراتقا بەكمۇ هار كەلدى. ئۇلارنى بۇنچىلىك قېنىغا پاتماس قىلىۋەتكەن، يىغىندا تاش چىشلەپ، قاتتىقلىق قىلىۋاتقان زەيىندىن ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. كۆڭلىگە نېمىدۇر پۈككەن مۇرات شۇ كېچىسىلا ئېزىز تارمۇشنىڭ بوستان بازىرىدىكى ئۆيىگە كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، مائاش باهالاش هەيئىتى زەيىندىننىڭ ئىشخانىسىغا يەنە يىغىلىشتى. بۇگۈنكى تالاش ـ تارتىش تۈنۈگۈنكىگە قارىغاندا، تېخىمۇ شىددەتلىك تۈس ئالدى. كېچىدىن مەسلىهەتنى پىشۇرۇۋالغان زىكرۇللا غوجا بىلەن توختى قۇربان قورقمايلا مەيدانغا چۈشتى. ئىلمىي مۇدىر خاتىرىسىنى ئېلىپ، كامىل، هېكمەت، مۇراتلارنىڭ نەچچە يىلدىن بېرىقى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، يىللىق، مەۋسۇملۇق ئىمتىهان جەدۋەللىرىنى ئوقۇدى. ئوقۇغۇچىلارغا قىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملىرى، مەكتەپ تەشۋىقات خىزمىتىدە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن تۆهپىلىرى، ئويناپ چىققان دراملىرى، كەنت ـ يېزىلاردا ئويۇن قويۇپ مەكتەپكە ئېلىپ كەلگەن لەۋهە، تەقدىرنامىلىرى قاتارلىق بىر قاتار پاكىتلارنى سۆزلەپ، مائاش باهالاش هەيئىتىنى پاسسىپ هالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئارقىدىنلا، توختى قۇربان مەكتەپتە يۈز بەرگەن ئوغرىلىق ۋەقەسىدە، كامىل، هېكمەت، مۇراتلارنىڭ كېچىلەپ ئۆيقۇلىرىدىن كېچىپ، دەم ئالماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداپ قالغان پىداكارلىقىنى هاياجانلانغان هالدا ئوتتۇرىغا قويدى. هەتتا،

ئۇ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلىماي، يېڭى يوتقان - كۆرپىلىرىنى، كىگىز - ئەدىياللىرىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلغانلىقىنى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلىگەندە، ھەممەيلەن باشلىرىنى ئىچىگە تىقىپ جىمىپ كەتتى.

ئوغرىلىق ۋەقەسىنىڭ قايتا تىلغا ئېلىنىشى باياتىندىن بېرى «سىنىپىي كۈرەش»، «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى»، «پارتىيە سىياستى» نى كالتەك قىلىپ پىرقىرىتىۋاتقان زەينىدىنىنى تۇنجۇقتۇرۇۋەتتى. بىراق، ئۇ ئىشلار تۇپەيلىدىن تارتقان زىيىنىنى ئويلاپ، زەينىدىن يەنىلا قارا تاشقا مىنىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ يۇمشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ، قايتىدىنلا ھۆرپىيىپ قوللىرىنى شىلتىدى.

— بىلەمسىلەر، سىنىپىي كۈرەش ھەر زامان، ھەر ماكاندا ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، — زەينىدىن تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ ۋارقىرىدى، — كامىل ئەللامەدىن كېلىپ مۇرات بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، مەكتىپىمىزدىكى ئالتە سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش تاشلاپ، توپىلاڭ كۆتۈردى. مانا بۇ شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىمىزغا بۇزغۇنچىلىق سېلىشى ئەمەسمۇ؟... شۇنداق! سىنىپىي كۈرەش ماڭساق قەدىمىمىزدە، ئۇخلىساق يېنىمىزدا، تاماق يېسەك چوكىمىزنىڭ ئۇچىدا!...

— شۇنداق مۇدىر، — دېدى توختى قۇربان غەزەپكە كېلىپ، — سىنىپىي كۈرەشنى چىڭ تۇتۇشىمىز باشتىلا ياخشى بولمىدى. ئوغرىلىق ۋەقەسىنىڭ تۇپ يىلتىزىنى قېزىشىمىز... ئىنقىلابىي ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان باش جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ، قانۇن تورىغا تاپشۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى!...

توختى قۇرباننىڭ سۆزى ئاياقلاشمايلا، ئىشىك ئېچىلىپ، بوسۇغىدا مۇرات كۆرۈندى. ئۇنىڭ قولىدا بىر تۇتام باغاقتەك بىر نەرسە بار ئىدى.

— مۇدىر، ئۆزلىرىدىن سورايدىغان ئازراق يولىيورۇق بار ئىدى. بۇياققا چىققان بولسىلا، — مۇرات يېتىنى بۇزماي تۇراتتى.

— قېنى، مەشەدە سورىساڭمۇ بولىدۇ، — مۇدىر گىدەيدى.

— بولمايدۇ، بۇ ئۆزلىرىگە تەئەللۇق مەخپىي ئىش!...

«ئۆزلىرىگە تەئەللۇق مەخپىي ئىش» سۆزىدىن چۆچۈگەن زەينىدىن ئەتراپتىكىلەرگە غىل - پال قارىدى - دە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئىچىدە: «بۇ ھىيلىگەر يەنە نېمە شۇملۇق ئويلىماقچىكىنە؟ . . . » دەپ ئويلىدى. مۇرات ئۇنى كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدىكى ئىشىك تۈۋىگە باشلاپ باردى. ئۇن قەدەم ئارىلىقتىكى ئاشخانا كۆۋرۈكى ئۈستىدە ئېزىز تارمۇشمۇ بىر تۇتام قەغەزنى سىقىمداپ تۇراتتى. مۇرات قولىدىكى باغاقچىدىن بىرنى زەينىدىنىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بۇ ئۆز ۋاقتىدا ئەمەتنىڭ، زەينىدىننى پاش قىلىپ يېزىپ بەرگەن ئىسپاتنامىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئىدى. زەينىدىنىنىڭ گۆشنى تاپشۇرۇۋېلىپ، «باقىغا دەپ قوي، تېرىسىنى ئۆيدە قويىمىسۇن. . . » دېگەن سۆزى، ئىككىنچى قېتىم ئوغرىلانغان قوينىڭ گۆشىنى ئەكىرگەندە، ئايالىنىڭ تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى. . . قاتارلىق ئىسپاتلارنى كۆرگەن زەينىدىنىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، قوللىرى لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

— ئوبدان كۆرگەنلا مۇدىر؟ — دېدى مۇرات تەمتىرىمەي، — قولۇمدا يۈز پارچىسى بار، بۇنى مۇشۇ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ تاملىرىغا، سىنىپلارغا، گۇڭشې ئىدارىسى، سودا سارىيى، بانكا، پوچتىخانىلارنىڭ ئالدىغا چاپلىسام بولارمىكىن دەپ ئويلاپ، سىلىدىن يولىيورۇق سورىماقچى ئىدىم! . . .

— مۇ. . . مۇ. . . مۇشۇنىما؟ . . .

— ئاز بولۇپ قاپتىمۇ؟ ئەنسىرىمىسىلە، — مۇرات ئېزىز تارمۇشنى كۆرسەتتى، — بۇ ئاغىنىمىزنىڭ قولىدا ئىككى يۈز پارچىسى بار. . . ئۇ شەھەرگە ئەكىرىپ چاپلىماقچى. . .

— بۇ. . . بۇ. . . بۇ. . . مۇ. . . مۇرات. . . سەن؟ . . . — زەينىدىنىنىڭ چىرايى مۇردا سىياقىغا كىرىپ قالغانىدى. مۇراتنىڭمۇ جەھلى قاتقانىدى.

— ئېزىز، سەن، — دېدى مۇرات ۋارقىراپ، — مائارىپ ئىدارىسى، ناھىيىلىك كومىتېت، دارىلمۇئەللىمىن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، باجخانا، ھە، توغرا، گۈلباغنىڭ كىندىكىدىكى مەدەنىيەت سارىيى بىناسى،

ماگىزىن، ۋالىي مەھكىمىلەرنىڭ تاملىرىغا ئالا قويماي چاپلىغىن، ۋۆي، توختا، ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن، ساقچى، سوت، ئەدلىيە باشلىقلىرىنىڭ ماكانلىرىمۇ ئېسىڭدە بولسۇن!...

— ئېسىمدە، ھەممىنى تىزىملىۋالغان... — ئېزىز تارمۇش ئوغرى چىشلىرىنى چىقىرىپ زەينىدىنگە ھىجايدى، — ئەمىسە مەن كەتتىم...

— ھەي، ھەي،... سەن... سەن... توختا!... — زەينىدىن بىر قىسمىلا بولۇپ، ئەلەڭلەپ قالغانىدى.

— توختا ئېزىز، مۇدىرنىڭ باشقا يولىيورۇقى بار ئوخشايدۇ، ئاڭلاپ باقايلى...

زەينىدىن بىر ئاي ئىلگىرى كۆكتات ئامبىرىدا مۇراتنىڭ ئېيتقان «كۆرۈۋېتىۋر، ئەمەتنىڭ ئىسپاتنامىسىنى مىڭ پارچە كۆچۈرۈپ پۈتۈن بوستان، شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە چاپلىمىسام!» دېگەن سۆزىنى يادىغا ئالغىنىدا: «قىلىمەن دېگىنىنى ئاخىرى قىپتۇ ـ دە، بۇ دەيۈز...» دەپ ئويلىدى.

— مۇ... مۇرات، — دېدى زەينىدىن گاچىلىشىپ، — سىلەرگە مائاش دەرىجە قوشۇپ بېرىشنى قايتا ئويلىشىۋاتساق... بۇ...بۇ... نېمە قىلغىنىڭ؟...

— شۇنداقمۇ؟، ناھايىتى ياخشىغۇ!... — مۇرات ئېزىز تارمۇشقا قارىدى، — ئېزىز، بىز بۇ يەردە بىردەم ساقلايلى... كامىل، ھېكمەت ۋە مېنىڭ بىر دەرىجە مائاشىمىزنىڭ تەستىقلانغانلىقىنى رەسمىي بىلگەندىن كېيىن، بىز بۇ نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتەيلى...

مائاش باھالاش باشلانغاندىن بېرى، رېخىم نۇرى، ساجىتخان ۋە زەينىدىنلەرنىڭ دەردى ئۆتۈپ كەتكەن مۇرات تۈنۈگۈن كەچ ئېزىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، مۇشۇ ئويۇننى ئويلاپ تاپقانىدى. بىراق، ھەر ئىككىلىسىنىڭ قولىدىكى باغاقچىلارنىڭ بىرنەچچىسىگىلا خەت يېزىلغان بولۇپ، قالغانلىرى ئوخشاش كېسىلگەن گېزىت ۋە ئاق قەغەز ئىدى. ئەسلى ئىسپاتنامە كامىلدا بولغاچقا، مۇرات كۆپ ئويلىنىشلار بىلەن، ئوخشىتىپ يېزىپ چىققانىدى. زەينىدىنمۇ يىغىندا بىر قېتىملا ئاڭلىغاچقا،

ئىسپاتنامىنىڭ تولۇق تېكستى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى، پەقەت مەزمۇنىنىلا بىلەتتى.

نامى بوستانغا پۇر كەتكەن ئېزىز تارمۇشتەك چۆيۈن هۇررەكنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالغانلىقىدىن قورقۇپ كەتكەن زەينىدىن كالپۇكلىرى كۆكىرىپ، چىرايى سۇپ ـ سۇر بولۇپ، توختىماي هېق تۇتۇپ تۇرسىمۇ، ئىشخانىغا زورمۇ زور هىجىيىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ مۇدىرلىق ئورۇندۇقىغا دوككىدا ئولتۇرۇپ، خۇددى مېهمانغا بېرىپ ئورنىغا سىيىپ قويغان بالىدەك، هەممىگە يەر ئاستىدىن مۆلدۈرلەپ قاراپ، هېچ ئىپادىسىزلا كۈلۈمسىرىمەكتە ئىدى. زەينىدىن هازىر ئۆزىنىڭ مۇراتنىڭ چېلىپ ئوينايدىغان دېپىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، ئۇغسى قاينىدى... بىراق، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلمىغاندا، بۇ هارامزادىلەر ئۇنى رەسۋا قىلىش نىيىتىدىن يانمايتتى. مۇراتنىڭ تەلىپىنى بىجا كەلتۈرگىنىدە، ئۇ تېخىمۇ هەددىدىن ئېشىپ، ئۇنىڭ پاتىڭغا دەسسەپ، ساماغا ئۇسسۇل ئوينايتتى...

زەينىدىن تۇيۇقسىزلا بۈرگە چاققاندەك چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى بۇ چاغدا، دېرىزە تۈۋىدىنلا مۇراتنىڭ: «ئېزىز، يەنە بەش مىنۇت سەۋر قىل...» دېگەن ئاۋازى كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ دەرھاللا، زىكرۇللا غوجا، توختى قۇربانلارنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىنى، قويغان دەلىل ـ ئىسپاتلىرىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرگەنلىكىنى، كامىل، هېكمەت، مۇراتلارنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئارىلىقتا يۈز بەرگەن كېلىشمەسلىكلەرگە قاتتىق ئېچىنىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدا، ئۆزىنىڭ رەهبەرلىك تەربىيىسىنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقىنى سۆزلەپ، مەسىلىنى ئاۋازغا قويۇش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزى ئۇ ئۇچەيلەننىڭ بىر دەرىجە مائاشىنى بېرىشكە قوشۇلۇپ قول كۆتۈردى. باشقىلارمۇ قوشۇلۇپ قول كۆتۈردىيۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى زەينىدىننىڭ غەلىتىلا هىجىيىپ تۇرغان تاتىراڭغۇ چىرايىدا ئىدى. توۋا، ئارىلىقتىكى ئۈچ ـ تۆت مىنۇت ئىچىدە ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇر؟... ياكى بىرەر شەپقەتلىك خىزىر ئەلەيكىسالام ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قېلىپ، قارا كۆڭلىگە

چىراغ ياقتىمۇ؟ يە بولمىسا، مۇزلىغان يۈرىكىگە هارارەت بېرىپ، دىلىغا بىر ئۇچۇم ئىنساپ تۆكۈۋەتتىمۇ؟ هېچنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى. نېمىلا بولسا، تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتمىگەن زىكرۇللا غوجا بىلەن توختى قۇربان بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى. بۇ خەۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، قۇتبىرەم، رېخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراهىم، ساجىتخانلارنى ئوغا يەپ، يىگنە يۇتقاندەك قىلىۋەتتى. ئۇلار زەينىدىننى غايىۋانىسىگە تىللاپ، قارغاشتى. «ئەرخەپ، سىنىگمۇ پۇتلىشىــــــپ يىقىلىدىغان ۋاقتىڭ كېلەر، ئورنۇڭدىن تۇرغىلى قويماي، چەيلىمەيدىغان بولساق! » دېيىشىپ، ئۆز كۆڭۈللىرىنى تىندۇرۇشتى.

بۇ خۇش خەۋەرنى مۇراتتىن ئاڭلىغان ماهىگۈلنىڭ خوشلىقى ئىچىگە سىغماي قالدى. ئۇ، شەنبە كۈنى دەرسنى تۈگىتىپلا شەهەرگە كىرىپ كەتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىدى. ئاندىن ئاچىسىنىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ ئورۇن سالدى. گۈلزىباغا كامىل، هېكمەت، مۇراتلارغا بىر دەرىجە مائاش قېتىپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ماهىگۈل بۇ ئارقىلىق ئاچىسىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش، تەسەللى بېرىش ئارزۇسىغا يەتمەكچى ئىدى. چۈنكى ئىنقىلابىي ئامما بەھرىمەن بولغان مەنپەئەتتىن كامىل، هېكمەت، مۇراتلارغىمۇ بىر ئۈلۈشنىڭ تېگىشى ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ئىدى ـ دە! . . .

ماهىگۈلنىڭ ئاچىسى بىلەن مۇڭدىشىش ئويى بار ئىدى. لېكىن بۇمەرەمخان كىرىپ كەلدى. ئۇ: «سىز مېنىڭ ئورنۇمدا ياتقاچ تۇرۇڭ، ئاچىڭىز بىلەن قىلىشىدىغان گەپلىرىمىز بار. . . » دەپ ماهىگۈلنى چىقىرىۋەتتى. گۈلزىبا ئانىسىغا: «چىقىپ كېتىڭ، مىجەزىم يوق» دېمەكچى بولدىيۇ، ئەمما قانداقتۇر بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاشنى ئويلاپ، ئۈنچىقمىدى. قىشلىق تەتىلدىن بېرى، بولۇپمۇ گۈلزىبا هېكمەت بىلەن توي قىلىۋالغان بىر ئايدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە، بۇمەرەمخاننىڭ نەسىهەت ۋە يالۋۇرۇشلىرى چەكتىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇ هەركۈنى دېگۈدەك، گۈلزىبانىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ، ئوتتۇرا كېچىلەرگىچە ئۇنى كېرىموف بىلەن توي قىلىشقا قىستايتتى. لېكىن هازىر ئۇ ماهىگۈل

چىقىپ كېتىشى بىلەن مىچىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. بۈمەرەمخان رومىلىنى كۆزلىرىگە بېسىپ ئىچى - ئىچىدىن ئۆرتەپ چىقىۋاتقان پىغان بىلەن ئېسەدەيتتى. ئۇپكىدەيتتى. ئۇرۇق دولىلىرى تىترەپ، بەدەنلىرى سىلكىنەتتى. ئۇنىڭ بۇگۈنكى ھالىتى باشقا چاغلاردىكىگە زادى ئوخشىمايتتى.

— قىزىم گۈلزىبا، ئەمدى كېرىموفقا تەگمىسىڭىز بولمايدىغان يەرگە يەتتى. . . — بۈمەرەمخان بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى، — دادىڭىز ماڭا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويدى. . .

— ياخشىغۇ، ئاجرىشىپ كېتىڭ، — دېدى گۈلزىبا گەپنى ئۈزۈپلا، — ئۇنىڭ ئارزۇلىغۇدەك نەرى بار؟ . . . نەچچە يىللاردىن بېرى سىلەرنى بېقىپ چىدىغان ئادەم ئەمدى باقالماسمەنمۇ؟ . . .

— ئاجرىشىپلا كەتسە مەيلىغۇ، مەنمۇ خوش. . . ئەمما. . .

ئۈچ ئايدىن بېرى گۈلزىبانى ئېرىتەلمىگەن قايىت بۈگۈن ئەتىگەندە بۈمەرەمخانغا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويغانىدى. تۆتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ، كۈنىگە ئىككى پىرسەنت ئۆسۈم قوشۇلىدىغان بىر مىڭ بىر يۈز يۈەننىڭ ئۆسۈمى ھازىر يەتتە يۈز يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنىدى. قايىت بۈمەرەمخاندىن ئاجرىشىپ، قورۇ - جايىنى كېرىموفقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، نەبى بىلەن ماھىگۈلنى ئېلىپ ئىلىغا كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— نېمە؟ نەبى بىلەن ماھىگۈلنى ئېلىپ كەتمەكچىمىكەن؟ . . . ئۇخلاپ چۈشى. . .

— ئۇ، ئۇلارنىڭ دادىسى تۇرسا، ئۇ: «قىزىڭ گۈلزىبا سېنى باقىدۇ، گۈلرۇزنىڭ بولسا ئىش ئورنى بار. . .» دەيدۇ. . .

— سوتتا باللارنى بەرمەيمەن دېسىڭىز بولمىدىمۇ؟ . . .

— سوت ھەممە بالىنى ماڭا بۆيرۇپ بېرەرمۇ؟ ئۇ ئەڭ بولمىسا نەبىنى ئېلىپ كېتىدۇ. . . بۇ كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان ئىش. . . مېنىڭ نەبىدىن ئايرىلغىنىمدىن كۆرە، ئۆلگىنىم ياخشى. . .

بۈمەرەمخاننىڭ ئېيتقانلىرى يوللۇق ئىدى. تۆت بالىدىن ئەڭ بولمىسا

بىرىنى قايتقا تەقسىم قىلىدۇ. ماھىگۈلنى ھەرگىز بىرىشكە بولمايدۇ... ئۇنىڭمۇ دادىسى بىلەن كېتىشكە ئۇنىمايدىغانلىقى ئېنىق. بۇنداقتا، نەبىنىڭ ئوتتۇرىدا قۇربانلىق قوي بولۇشىغا گەپ سىغمايدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ئىلەڭ - سىلەڭ ئارانلا يۈرگەن ئانا بىر تال ئوغلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاھ - زار، نالە - پىغان بىلەن بۇ دۇنيادىن بالدۇرلا خوشلىشىدۇ. گۈلزىبا ئانىسىغا نە ئىچ ئاغرىتىشنى، نە ئاچچىقلىنىشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. «ئەگەر دادام ئىنايەت بالدۇرلا بۇ دۇنيادىن خوشلىشىپ كەتمىگەن بولسا، بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمەس ئىدى» دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كېزىپ ئۆتۈشى بىلەن، گۈلزىبانىڭ كۆزلىرىنى ياش قاپلىۋالدى. ئاھ، بۇ نېمىدېگەن تەڭلىك، نېمىدېگەن كۆزگە كۆرۈنمەس زەنجىر - كىشەنلەر؟... قانداق رەھىمسىز رېئاللىق بۇ؟...

گۈلزىبا ئوماق ئىنىسى نەبىنى جېنىدىنمۇ ئېزىز كۆرەتتى. ئۇ گۈلزىبانىڭ بىردىنبىر ئوغۇل قېرىندىشى، قوغدىغۇچىسى، ھىماتى ئىدى. گۈلرۇز قانچە قېتىملاپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلمىدى، خارلىمىدى، بوزەك قىلمىدى. بىراق، كىچىك نەبى چىداپ تۇرالماي، كۆسەي بىلەن گۈلرۇزنى ئۇردى. پىچاق، تۈۋەززۇنلەرنى ئېلىپ: «گۈلزىبا ئاچامغا چېقىلىدىغان بولساڭ، چانىۋېتىمەن، بوغۇزلايمەن» دەپ، ئۇنى ھويلىدا سۈر - توقاي قىلىپ قوغلىدى. مانا شۇنىڭدىن بېرى، گۈلرۇز نەبى بار جايدا ئۆكتەملىك قىلالمايدىغان بولدى. ماھىگۈلچۇ؟ ئۇمۇ گۈلزىباغا تەسەللى بېرەتتى. چىرايلىق گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى. بوستان ئارىلىقىدا قاتناپ، ھېكمەت ئىككىسىنى باغلاپ تۇراتتى. ھەتتا يېگىئېرىق سۇ ئامبىرىغا پىيادە بېرىپ، ئاچىسىنىڭ خېتىنى، سالىمىنى يەتكۈزدى. ئەمدى گۈلزىبا مۇشۇ ئىككى پاك قېرىندىشى، ئانىسى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلسۇنمۇ؟ ياق، ياق، ئۇنىڭ ئېرى بار... ھېكمەت ئىسىملىك ئېرى بار!... قانداقمۇ ئۇ ئىككى ئەرلىك بولىدىكەن؟...

— قىزىم نېمىشقا يىغلايسىز؟... ئەگەر يىغا بىلەن ئارزۇغا يەتكىلى بولسا، — دېدى بۇمەرەمخان گۈلزىبانىڭ بېشىنى سىيلاپ، — مەن دادىڭىز

ئىنايەتنى كۆز ياشلىرىم بىلەن تىرىلدۈرۈۋالغان بولاتتىم! . . .

— ئانا! . . .

گۈلزىبا بىردىنلا بۇمەرەمخاننىڭ باغرىغا تاشلاندى. چۈنكى ئۇ تۇنجى قېتىم ئانىسىنىڭ ئېغىزىدىن ئۆز دادىسىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغانىدى. شۇنداق، بۇمەرەمخان قايتىنىڭ بىسىم ۋە قورقىتىشلىرى، قىزى گۈلزىبانى قەرزگە تۇتۇپ بېرىشتەك خورلۇقلىرىدىن كېيىن، ئۇ ئىنايەتنى كۆپ ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئىنايەت پات ـ پات ئۇنىڭ چۈشىگە كىرەتتى. ئامال قانچە؟ گۈلزىبانى كېرىموفقا بەرمەي تۇرۇپ، ئۇ باغرىنى يېرىپ چۈشكەن ئىككى بالىسىنى قانداق قۇتقۇزالىسۇن؟ . . .

— قىزىم، مەن سىزدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولۇپ كېتەي، — دېدى بۇمەرەمخان يىلىنىپ، — كېرىموفقا ياتلىق بولۇشقا ماقۇل دەڭ. . . بولمىسا مەن نېمە بىلەن ماھىگۇلدىن ئايرىلىپ قالىمەن. . .

— ئانا، مېنىڭ ئېرىم تۇرسا. . . ھېكمەت بىلەن ئارىمىزدا نىكاھ بار ئەمەسمۇ؟

— ئۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ؟ . . .

— خۇدا! . . .

— باغرى تاشلىق قىلماڭ قىزىم. . . مېنى، ئۇكىلىرىڭىزنى ئويلىمامسىز؟ . . . ھېكمەت ھەممىمىزدىنمۇ ئارتۇقمۇ؟ . . . قورۇ ـ جايلىرىمىزدىن ئايرىلىپ، قېرىنداشلار چېچىلىپ، ئائىلىمىز ۋەيران بولسا، سىز كۆڭۈل ئازابى تارتمامسىز؟ . . . ئۇكىلىرىڭىز بىرسى تاغدا قان يىغلاپ، بىرسى چۆلدە زار قاقشاپ، بويۇن قىسىپ يۈرسە، ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلامسىز؟ . . . سىز. . .

بۇمەرەمخاننىڭ سۆزى ئاياقلاشمايلا، گۈلزىبانىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ «ھۆ. . .» دېگىنىچە ئاغزىنى تۇتۇپ ھويلىغا يۈگۈردى. ئۆيدىكى بۇ شەپىنى سەزگەن كىمدۇر بىرسى دەرھال ئۆزىنى ئېگىز تونۇرنىڭ دالدىسىغا ئالدى. گۈلزىبانىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىققان بۇمەرەمخان قۇرۇق «ھۆ. . .» قىلىۋاتقان قىزىنىڭ دۈمبىسىگە پەپىلەپ ئۇردى. كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ، يۈزلىرى قىپقىزىل ئېسىلىپ كەتكەن گۈلزىبا «ئۇھ» دەپ

قەددىنى رۇسلىدى ۋە ئېغىزىنى چايقاپ ھۆجرىسىغا كىردى. قورقۇپ كەتكەن بۈمەرەمخان بىر ھازاغىچە ئېسىگە كېلەلمەي، گۈلزىبانىڭ چىرايىغا قادىلىپ قاراپ قالغانىدى.

— نېمە بولدىڭىز قىزىم؟ زىيان قىلىدىغان بىر نەرسە يېگەنمىدىڭىز؟ — دېدى بۈمەرەمخان، — ۋاي خۇدا، مېنى بەك قورقىتىۋەتتىڭىز...

— ھېچقىسى يوق ئانا، زىيان قىلىدىغانمۇ بىر نېمە يېمىگەن...

— ئەمىسە نېمە بولغانسىز؟

— شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭىزمۇ؟...

گۈلزىبانىڭ «شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭىزمۇ؟» دېگەن سۆزىدىن تېڭىرقاپ قالغان بۈمەرەمخاننىڭ كۆڭلىدىن قورقۇنچلۇق بىر گۇمان كېزىپ ئۆتتى، ئۇ گويا ئۇچۇق ئاسماندا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاققاندەك دەھشەتلىك چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دىردىيىپ، چىرايى كۆكىرىپ، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالدى.

— نېمە سىز؟...

گۈلزىبا باش لىڭشىتتى.

— نەچچە كۈن بولدى؟...

— ئوتتۇز سەككىز كۈن!...

بۈمەرەمخان بىردىنلا ئۆزىنى كاچاتلاپ، كۆرپە ـ يوتقان، ياستۇقلارغا مۇشتلاپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ: «ۋاي ئۆلەي، شەرمەندە بولدۇمغۇ؟ بۇ نېمە رەسۋاچىلىق؟ نېمىشقىمۇ تۆرۈلۈپ قالغاندىمەن؟ خۇدا ئالىدىغان ئامانىتىڭنى ئالساڭچۇ!...» دېگەندەك نالە ـ پەرياد كۆتۈرۈپ، چاچلىرىنى چاڭگاللاپ يۇلماقتا ئىدى. گۈلزىبا بولسا ئۇنى تۇتۇۋالماي ياكى نەسىللى بەرمەي، تىزلىرىنى قۇچاقلىغىنىچە كارىۋاتتا ئولتۇراتتى.

— يىغلاڭ، ۋارقىراڭ، — گۈلزىبا ئانىسىدىنمۇ بەكرەك ۋارقىرىدى، — بولسا ئاۋۇ ئادەم سودىگىرى ئاڭلىسا تېخى ياخشى...

— قىزىم ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئارانلا بېسىققان بۈمەرەمخان، — مەن تېۋىپلاردىن دورا ئەكىلەي، چۈشۈرۈۋېتەيلى، بولامدۇ؟...

— ياق! . . . ، — دېدى گۈلزىبا كېسىپلا، — بۇ بىزنىڭ بالىمىز. . . بالام مېنى قۇتقۇزىدۇ. . .

— ساراڭلىق قىلماڭ، سىزنىڭ توي قىلغىنىڭىزنى ئەل - جامائەت بىلمىسە، بۇ هاراملىق تۇغۇلسا، ھەممىمىزنىڭ رەسۋايى ئالەم بولغىنىمىز شۇغۇ! . . .

— هاراملىق دېمەڭ، — گۈلزىبا زەردە بىلەن ۋارقىرىدى، — تۆت ئادەم شاھىدلىقىدا نىكاھ قىلغان بىز! . . . ئېغىزىم بار، تىلىم بار دەپ ئاغزىڭىزغا كەلگەننى دەۋېرىدىكەنسىز. . .

— هېكمەت بىر يىلغىچە تۇتقۇنلۇقتا يۈرسە، ئۇ چاققىچە بۇ بالا يەرگە چۈشۈپ بولسا، سىزنىڭ بىر چىنە چېيىڭىزنى، بىر كاپام ئېشىڭىزنى كۆرمىگەن قۇلۇم - قوشنىلار، ئەل - مەھەللىگە نېمە دەپ چۈشەندۈرىمىز؟ . . .

— ئەنسىرىمەڭ، — گۈلزىبانىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، — ئانام بىلەن دادام بىر مىڭ بىر يۈز سومغا ساتقانىدى. شۇڭا شۇنداق قىلدىم. . . » دەپ نىكاھ ئوقۇغان ئىمام ۋە يەنە ئۈچ مۇسۇلماننى گۇۋاھلىققا تارتىمەن! . . .

— ئاھ خۇدا، نېمە گۇناھ قىپتىم بولا؟ ئالدىڭدا قانداق گۇناھ - كۇپۇرلۇق ئۆتكۈزگەندىمەن؟ — بۇمەرەمخان بېشىنى توختىماي ئېغىتىپ نالە قىلماقتا ئىدى، — مېنىڭ جېنىمنى هازىرلا ئالساڭچۇ. . . مەن ئەمدى يۈزۈمنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەي؟ . . . بىر ئوبدان هايالىق، قائىدە - يوسۇنلۇق قىز نېمە بولۇپ قالغان؟ . . .

— بولدى، سىز ئۆزىڭىزگە ئۆلۈم تىلىمەڭ، — دېدى گۈلزىبا، — مەنلا ئۆلسەم بولىدىغۇ! . . .

— گېپىمنى ئاڭلاڭ قىزىم، مەن دورا ئەپكىلەي، بالىنى چۈشۈرۈۋېتەيلى.

گۈلزىبا ئانىسىنىڭ كۆزىگە مىقتەك قادالدى. بۇ — ئاشۇ دىلى يۇمشاق، ئۆزى ياۋاش، قايىتىنىڭ دەردى - بالاسىنى تارتقان، بىچارە ئانىسىمۇ ياكى چۆچەكلەردىكى كىچىك نارەسىدىلەرنىڭ جېنىنى قىيىدىغان يالماۋۇز دېۋە پەرىمۇ؟ يە بولمىسا گۈلزىبا باشقىلاردىن ئاڭلىغان قارا

كۆڭۈل جادۇگەرمۇ؟ شۇنداق، ئۆتمۇشتە، بەزى ئانىلارنىڭ قىزلىرىنىڭ
كۆكسىنى سېتىپ يەپ، ۋاقتى كەلگەندە نارەسىدىلەرنى بوغۇپ، داستىكى
سۇغا بۇرۇختۇم قىلىپ، ئاستىغا باستۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ئىشلار
بولغانىكەن. . . ئەمدىلىكتە ئاشۇ ئايىقىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان، چۇمۇلىگە
ئازار بېرىشنى خالىمايدىغان ئانا بىر جاننىڭ بېشىغا چىقماقچىمىكەن؟ . . .

— ئېسىڭىزدە شۇنى چىڭ تۇتۇڭ ئانا، — گۈلزىبانىڭ كۆزلىرىدىن
ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچرىغاندەك بولدى، — ئاش ـ تامىقىمغا، چېيىمغا بىر
نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ياكى دورا ئىچۈرگەن باھانىدە قانداقتۇر تولغاق
دورىلىرىنى ئىچۈرىدىغان بولسىڭىز. . . مەن ئۆزۈمنى دەرياغا ئاتىمەن. . . قۇرۇم
كۆلىگە تاشلايمەن! . . . بالامنىڭ ۋە مېنىڭ قاتىلىم سىز بولىسىز! . . .

بۇمەرەمخان گۈلزىبانىڭ پەيلىدىن قورقتى بولغاي، خېلى بىر
ۋاقىلارغىچە زۇۋان سۈرمەي جىم ئولتۇردى. كېيىن ئاستا بېشىنى
كۆتۈرۈپ، بىچارە قىزىنى باغرىغا باستى ۋە يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.
گۈلزىبا ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغانىدى. توغرا،
كېرىموف توي خېتىنى ئۈستىلىق بىلەن ئېلىۋالدى. ئەمدى ئۇنى ياندۇرغان
بىلەنمۇ بەرىبىر «بىر نىكاھلىق بولدى» دېگەن ئاتاققا قالىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈچۈن كېرىموف بىلەن ۋاقتىدا توي قىلىپ، قورساقتىكى بالىنى «ھالال»
قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئاجرىشىپ كەتسىمۇ بولىدىغۇ. . . ئەگەر بولمىسا
بالىنىڭ تۇغۇلغان ئاي ـ كۈنىنى ھېسابلىغان كېرىموفمۇ ئۇنىڭ كىمنىڭ
پۇشتى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ـ دە، ئۆز ئىختىيارى بىلەن گۈلزىبانىڭ
سۆزىنى بېرىدۇ. . . قايتىمۇ قەرزدىن قۇتۇلىدۇ. . . ئۆيىمۇ ۋەيران
بولمايدۇ. . . ھېكمەتمۇ گۈلزىبا بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ
بالىسىنى بىرلىكتە باقىدۇ. . . قارىماققا، بۇ چارە بولىدىغاندەك قىلاتتى.
ئۆزىمۇ ئەپلىك، چىرايلىق كۆرۈنەتتى! . . . ئەمما گۈلزىبا ئۇنداق
قىلالمايتتى. بۇ تەدبىر گويا ئاق شايى رومالغا ئورالغان بىر دەستە گۈلگە
زەھەر سېپىپ كىملەردۇر ئۇنىڭغا سۇنۇۋاتقاندەك، دىل ئارامى دىل كۇشات
مەجنۇننى يېگۈزۈپ، گۈلزىبانىڭ كەيپىلىكىدىن پايدىلىنىپ قانداقتۇر
مەلئۇنلار ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك. . . ھېسسىياتلارغا كەلمەكتە

ئىدى. ئۇ پاك تېنىنى بۇلغاپ، ساپ مۇھەببىتىنى ناپاك قىلىپ، پاسكىنىلاشقان يۈرىكىنى كۆتۈرۈپ، قايتا ھېكمەتنىڭ قېشىغا بارالمايتتى. ئۇنىڭدىن ئۆلۈم ئەلا ئىدى.

گۈلزىبا ئانىسىنىڭ يىغلاپ - قاخشىغىنىغا پەرۋامۇ قىلماي، ئەتىسى ناھىيىلىك سوتقا كېرىموف ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ باردى. ئۇ ئىشخانىغا كىرگەندە، تونۇشلا بىر چىراي ئادەم سوتچى بىلەن خوشلاشتى - دە، ئالدىراپلا سىرتقا ماڭدى. گۈلزىبا بۇ ئادەمگە بىرلا قاراپ ئۇنىڭ ساقچى جامال توختى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

سوتچى كىچىك باللارنىڭ پومزىكىدەك دۈپ - دۈمىلاق، گۆشلۈك ئاق يۈزىنى قىپقىزىل دانىخورەك قاپلىغان، چېقىر كۆز، ئوتتۇز ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ئادەم ئىدى. ئۇ ئەرزگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، گۈلزىباغا خۇددى ماگزىندىكى بىرەر نەپىس بۇيۇمغا قىزىقىپ قالغاندەك سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. ئاندىن ئەنزە تىزىملاش دەپتىرىگە بىرنېمىلەرنى يېزىپ بولۇپ، «تۆت كۈندىن كېيىن ماڭا يولۇقۇڭ!» دېدى.

گۈلزىبا تۆت كۈننى ئارانلا توشقۇزۇپ، سوت مەھكىمىسىگە كەلدى. ئىشخانىدىكى يۈلەنچۈكسىز ئورۇندۇقلاردا بىرنەچچە ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇلار بىر تۇغقان قېرىنداشلار بولسا كېرەك، مىراس يەر جېدىلى بىلەن كەلگەنىدى. ئەسلىدە، سوت ئاتا - ئانىدىن قالغان قورۇ - جاينى ئىككى ئوغۇل، بىر سىڭىلغا بۆلۈپ قوزۇق قېقىپ بەرگەنىدى. ئاكىسى، ئىنىسىنىڭ قوشام① تامنى قوزۇقنىڭ ئىچىدىن ئالماي سىرتىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ تۆت سانتىمېتىر يېرىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى. ئايال بولسا، ئۆزىگە بۆلۈنگەن دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى بۇزۇپ ئەكىتىشكە ئاكىسىنىڭ قوشۇلماي پۇل بېرىمەن دەپ تۇرۇۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭغا بەرگۈچە، دەرياغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئىشخانىنى بېشىغا كىيمەكتە ئىدى. گۈلزىبا بۇ «كۆيۈمچان» قېرىنداشلارغا قاراپ بىردەم ئولتۇردى. سوتچى

---

① قوشام تام — شاختىن توقۇلغان تام.

«دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىغا پۇل پىچىپ قوياي» دەپ ئايالنى قايىل قىلالمىدى. ئىنىسىغا ئىگىلىشۋالغان تۆت سانتىمېتىر يەرگە ئازراق ھەق بەر، دېسە، ئۇ كۆنمىدى. سوتچى ئاخىرى ئۇلارنى ئىشخانىدىن قوغلاپ چىقاردى. يۇمىلاق سوتچىنىڭ كەيپى جايىدا ئەمەس ئىدى. گۈلزىباغا پاللىدە بىر قاراپ قويۇپ، ئۈستەلدىكى ماتېرىياللارنى رەتلىدى. تارتمىدىن قانداقتۇر قەغەزلەرنى ئالدى. ئاندىن تاماكا ئوراپ، تۇتاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، گۈلزىباغا قارىدى:

— خانىم، سىزنىڭ ئىشىڭىزنى تەكشۈردۇق، — دېدى تېخىچىلا ئاچچىقى يانمىغان سوتچى، — سىز بىر ئوقۇتقۇچى تۇرۇقلۇق، قارا قۇچقاچتەك شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ يۈزىگە ياخشىمۇ؟...

— مەن «شاختىن - شاخقا قونۇپ» نېمە قىپتىمەن؟... — دېدى گۈلزىبا ئاچچىقى بىلەن، — گەپ بولسا ئوچۇق قىلىڭ... سىز دېگەن سوتچى...

— توي خېتى ئالغاندا «قۇرغۇيۇڭ بولاي، قارچۇغۇڭ بولاي» دەپ ئالسىز، — سوتچىمۇ تېرىكىپ قالدى، — ئارقىدىن ياش ھەم بۇدۇر چاچتىن بىرنى تېپىپلا، بىرىنچىسىدىن چانىسىز... بۇمۇ بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەخلاقىمۇ؟

— مەن كىمگە «قۇرغۇيۇڭ بولاي، قارچۇغۇڭ بولاي» دەپ ئالداپ توي خېتى ئاپتىمەن؟... بۇ دېگەن بىر سۈيىقەست!...

— «سىز تەربىيە كۆرگەن ئادەم»، «مەنمۇ مۇشۇنداق پۇرسەتنى كۈتكەن» دېگەن گەپلەر سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىقتىمۇ - چىقمىدىمۇ؟ ئاۋۋال مۇشۇنىڭغىلا جاۋاب بېرىڭا؟...

— چىققان، ئەمما...

— توختاڭ، — سوتچى ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇردى، — ئۇ چاغدا بىر مىڭ بىر يۈز يۈەن، بۇ ئاز پۇل ئەمەس جۇمۇڭ. ناھايىتى تاتلىق تېتىدى... ئاغزىڭىزدىن مەدھىيە سۆزلىرى بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقتى. ئەمدىلىكتىچۇ؟... قالغىنىنى دېمىسەممۇ ئۆزىڭىزگە ئايان...

— سىز كېرىموفنىڭلا سۆزىنى ئاڭلاپ، ئەسلى پاكىتلارنى بۇرمىلاۋاتىسىز. . . — دېدى گۈلزىبا جىلى بولۇپ، — مەن دېگەن چۈشتىن كېيىن گۆڭشېغا باردىم، ئۇلار. . .

— بۇ ئىسپاتنامىلارنى كۆرۈپ بېقىڭ. . . بۇ بىر ئەمەس بەش پارچە جۇمۇڭ. . .

زەينەپخان كاتىپ، غاز بويۇن پازىل، گۈلرۇز ۋە ئۇنىڭ ئىككى دوستىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا يېزىپ، قول بېسىپ بەرگەن ئىسپاتنامىلىرىنى كۆرگەن گۈلزىبا ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى - دە، يۆتەلگىنىچە، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى. زەينەپخان كاتىپ بىلەن پازىلنىڭ ئىسپاتنامىلىرىدىكى ئويدۇرمىلار بىر - بىرىگە شۇنچىلىك ماسلىشىپ كەتكەندىكى، ئۇنىڭدىن ھەرقانداق ئادەم ئېھۆەن تاپالمايتتى. گۈلرۇز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ يېزىپ بەرگەنلىرى خۇددى بىر قېلىپتىن چىققان ئۆتۈكلەردەك ئوخشاش ئىدى. قىسقىسى، گۈلزىبامۇ قويۇلغان پاكىتلار ئالدىدا گاڭگىراپ قالدى.

— كېرىموف بىلەن سىز گۆڭشېدىن خەت ئېلىپ چىققاندا، — دېدى سوتچى ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — كېرىموف «توي خېتى ئالدۇق» دېگەندە، باشقىلار «مۇبارەك بولسۇن» دېگەن، سىز قىزىرىپ كېتىپ قالغان. ئۇ يەردىكىلەر نەق شۇ كۈنى كېسىلگەن توي خېتىنى قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆرۈشكەن. . . ئۇ يەردە تېخى سىزنىڭ دوستلىرىڭىزدىن ئابلىز نەۋا ۋە ئۇنىڭ ئايالى بائۇمەمۇ بار ئىكەن. ئەپسۇس، بىز ئۇلارنى ئىزدەشكە ۋاقىت چىقىرالمىدۇق.

بۇ ئىپلاس تۆھمەت ۋە سۈيىقەستلەر زەربىسىدىن ھوشىنى يوقاتقان گۈلزىبا گەپ - سۆزلىرىدىن ئېزىپ، كەلگەن تېلېفون، گۆڭشېدا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقى، قايتماقچى بولغاندا كېرىموفنىڭ ئۇچرىغانلىقى، نېمە توغرۇلۇق سۆزلەشكەنلىرىنى ناھايىتى ئالدىراپ - تېنەپ سۆزلىدى. چۈنكى ئۇ سۆزىنىڭ بىلىگە تېپىپ، چەكلەپ تۇرغان سوتچىنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي قويۇشىدىن قورققانىدى.

— سىز ئېيتىپ بېقىڭا، جىددىي ئىمتىھان ۋاقتىدا، نېمە ئۈچۈن

تېنەپ ـ تەمتىرەپ گۈگۈشېغا كەلدىڭىز؟ . . .
— مەن كېرىموفنىڭ تېلېفوننى ئالغاندىن كېيىن كەلدىم. . .
— ئەجىبا، ئۇنىڭغا ئۆچ مەن دەيسىزۇ، تېلېفوننى ئېلىپلا پالاقلاپ يېتىپ كېلىسىز؟
— ياق، ياق، مەن گۈگۈشېغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېلېفون بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇم. . .
— نېمانداق ئادەمنى سارالڭ تاپىسىز؟ — سوتچىنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى، — بىلىپ قويۇڭ، بۇ سىزنىڭ مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئوينايدىغان جايىڭىز ئەمەس. بۇ دېگەن قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان ئورۇن. بىر تۇرۇپ كېرىموفنىڭ تېلېفوننى ئېلىپلا گۈگۈشېغا كەلدىم دەيسىز، بىر تۇرۇپ، گۈگۈشېغا كېلىپ كېرىموفنىڭ تېلېفون بەرگىنىنى ئۇقتۇم دەيسىز؟ . . . زادى قايسى گېپىڭىز راست؟ . . .
ئۆمرىدە قانۇننىڭ بوسۇغۇسىغا دەسسەپ باقمىغان گۈلزىبا دەرۋەقە گېپىدىن ئېزىپ، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ قانچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، روھىي چۈشكەن ئادەمنىڭ ئېتىمۇ يۈگۈرەلمەس بولۇپ قالغىنىدەك، سۆزلىرى زادىلا چاك باسمىدى. ئۇ لېيىغان بۇلاقتىن چىقالمايۋاتقان كىچىك بېلىقتەك، ئېقىن ئىزناسىنى تاپالماي، ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇراتتى، پىلتىڭلاپ تەمتىرەيتتى.
— پاكىت ۋە دەلىل ـ ئىسپاتلار ناھايىتى ئېنىق، — سوتچى تەكەببۇرلۇق بىلەن دېدى، — كېرىموف سىزگە توي خېتى ئېلىش ئۈچۈن تېلېفون بەرگەن. ئىشلار شۇ بويىچە راۋاجلانغان، ئەگەر قانمىسىڭىز، يەتتە گۇۋاھچىنى چاقىرىپ كېلىمەن. . . شۇلارنىڭ ئالدىدا جاۋاب بېرىڭ. . . بۇنىڭغىمۇ رازى بولمىسىڭىز، ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوتقا ئەرز تۇتۇڭ. . . پۈتۈن ئىسپات ـ ماتېرىياللارنى يوللاپ بېرەي. . .
گۈلزىبانى قاتتىق يۆتەل تۇتتى. ئۇ قولياغلىقىنى ئاغزىغا تۇتقىنىچە سىرتقا چىقتى ۋە قولياغلىقىدا تەڭگىدەك ئورۇندىكى قاننى كۆردى! . . .
گۈلزىبا ئەمدى نەگە بارسۇن؟ ماتارىپ ئىدارىسىگە بارسۇنمۇ؟ ئۇلارمۇ بەلكىم «قانۇنغا بېرىڭ! » دېيىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، ئوتتۇرا سوتقا ئەرز

سۇنسا قانداق بولار؟... ماۋۇ سۆرۈن تەلەت سوتچى ماتېرىيال - ئىسپاتلارنى يوللاپ بەرسە، بەش گۇۋاھچىنى چاقىرىشى تۇرغانلا گەپ! گۈلزىبا بۇ ھازازۇل، بىشەملەرگە تەڭ كېلەلەرمۇ؟ بۇ خۇددى ئاچ قالغان بەش بۆرىنىڭ ئارىسىغا بىر ياۋاش قوزىنى تاشلاپ بەرگەندەكلا ئىشقۇ!... ئۇنىڭغا تىرەك بولغۇدەك دوستلىرىنىڭ بەزىلىرى سۈرگۈندە، بەزىلىرى رىجىمدا.. ئەمدى ئۇنىڭغا كىممۇ يۆلەك بولار؟... مەكتەپ دېگەن ئەسلىدە بىلىم بۇلىقى ئىدى، چەشمە زىلال ئىدى،... بۇ بۇلاقنى زادى كىملەر لېيىتىۋەتكەن؟... خالىق، زەيىندىنلەرمۇ؟ ئۇنداقتا جەمئىيەتتىن ئىبارەت سۈزۈك بۇلاقنى لېيىتقانلارچۇ؟... كېرىموف، ساۋۇر روزى، جامال توختىلاردەك ئىت بېلىقلىرىمۇ؟ شۇنداق، ئەگەر شۇلارلا تەنتەنە قىلىدىكەن، ياخشىلارنىڭ سۈزۈك سۇ ئىچىمەن دېگەن ئارزۇسى چۈشكە ئايلىنىپ قالىدۇ!...

گۈلزىبا كېچىچە ئايىقى چىقماس چېگىش خىياللار بىلەن زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ، ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، دەرستىن چۈشۈپلا، ئىزدەپ - سوراپ كېرىموفنىڭ ئۆيىگە باردى. ھېكمەتكە بولغان مۇھەببىتىنى، ئەقىدىسىنى قوغداش يولىدا ھاياتىنى دوغا تىككەن گۈلزىبا ھەرقانداق پىتنە - پاسات، ھاياسىز تىل - ھاقارەتلەر، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىرلەرنىڭ ئۆزىگە قايتىدىن ئاپەت ئېلىپ كېلىشىدىن قورقۇپ قالمىدى. ئوقۇتقۇچىلار، قولۇم - قوشنىلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە پۈتۈن جەمئىيەت ئالدىدا بۇزۇق، ئەخلاقسىز، شەرمەندە، ھاياسىز ئاتىلىپ، يۈز - ئابرويىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى بىلەن ھېسابلاشمىدى. ئۇ ئۆزىگە قول تەگكەن، ھەتتا قورسىقىدا بارلىقىنى ئېيتماقچى!... قېنى كېرىموف قانداق قىلاركىن؟... ئەگەر ئۇنىڭدا مىسقالچە بولسىمۇ ئەرلىك غۇرۇر، ۋىجدان، كۆڭۈل دەيدىغان نەرسە بولسا، گۈلزىبادىن دەرھال كۆڭلى سوۋۇيدۇ.. ئاندىن كېرىموف ھەم گۈلرۇز بۇنى ھەممە يەرگە يايىدۇ.. يايسا يايىمامدۇ! ئاخىر بىر كۈن ئادەملەر گۈلزىبانى چۈشىنىشىدۇ.. ئۇنى ھېكمەت ۋە دوستلىرى چۈشەنسىلا بولدى!...

گۈلزىبا ئىشىكنى قاقتى. ئۆي ئىچىدە شاپۇر - شۇپۇر تىۋىشلەر ۋە شىۋىرلاشقان شەپە كەلدى. ئىشىك قايتا بىرنەچچە قېتىم قېقىلغاندىن

كېيىن، كېرىموف ئىشىكنى ئاچتى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھودۇقۇش ۋە بىسەرەمجانلىق تېخى يوقالمىغانىدى. ئۇ ئىشىكنى چوڭراق ئېچىپ تېلىققان ھالدا: «ۋۇي گۇلزىباكەنغۇ؟ ئۆيگە كىرىڭ!...» دېدى. بىراق گۇلزىبا قوزۇقتا ئىلىغلىق تۇرغان گۇلرۇزنىڭ چاپىنى بىلەن روملىنى كۆردى، ئۇ ئىچكەركى ئۆينىڭ يېپىقلىق ئىشىكىگە قاراپ ئاچچىقىنە كۈلدى. بۇنى سېزىپ قالغان كېرىموف ناھايىتى قورقۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ گۇلزىبانىڭ ئۆيگە بېسىپ كىرىپ، گۇلرۇزنى چېچىدىن تۇتۇپ ئېلىپ چىقىپ، قولۇم-قوشنىلار ئالدىدا ئۆزىنى رەسۋا قىلىشتىن ئەنسىرىگەنىدى.

— رەھمەت، سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ئاچ قالغان لالما ئىتلار لوقما ئىزدەپ كىرمىسە، ئۆزىنى ئادەم دەپ بىلىدىغانلار بوسۇغىڭىزغا ھەرگىز دەسسىمەيدۇ...، — گۇلزىبا گۇلرۇز ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئۈنلۈك گەپ قىلدى، — سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، سىرتقا چىقسىڭىز.

كېرىموف خۇددى شۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، ئىشىكنى تاقىدى-دە، سوكۇلداپ ماڭدى. ئۇلار ھويلىدىن چىقىپ چوڭ يولنىڭ ئۇ قاسنىقىدىكى بولجاللىققا كەلدى. گۇلزىبا كىچىكرەك بىر تېرەككە يۆلەنگىنىچە، گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي تۇرۇپ كەتتى. ئۇ كېرىموفنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق رەزىللىكتىن يانمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا كۆڭلىدە «ئېرىپ قالارمىكىن» دېگەن ئۈمۈچۈك تورىدەك ئاجىز بىر ئۈمىد پىلدىرلاپ تۇراتتى.

— سىز بىر ھەربىي، — گۇلزىبانىڭ «كېرىموف» دېيىشكە ئاغزى بارمىدى، — ئازادلىق ئارمىيىنى خەلق ھۆرمەتلەيدۇ، قەدىرلەيدۇ... لېكىن قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزنىڭ ئاشۇنداق ئۇلۇغ نامغا داغ كەلتۈرىدىغانلىقىنى ھېس قىلمامسىز؟ سىز ھىيلە-مىكىر، ئالدامچىلىق، قەرز ئارقىلىق باشقىلارنى زەنجىرسىز تۇتقۇنغا ئايلاندۇرۇش، ھەتتا ھايانكەشلەردەك ئۆسۈم ئېلىش ۋاستىلىرى بىلەن قىزلارنى سېتىۋالسىڭىز، بۇ سىزنىڭ شەرەپلىك نامىڭىزغا مۇناسىپ كېلەمدۇ؟

— بۇنى سېتىۋېلىش ئەمەس بەلكى تەڭلىكتە قالغان، قىيىنچىلىق تارتقان ئائىلىلەرگە ياردەم قولىنى سوزۇش دېسىڭىز توغرا بولىدۇ، — دېدى

كىرىموف،— ئۆز ۋاقتىدا، دادىڭىز قەرزگە بوغۇلۇپ سىرتقا چىقماس، باللىرىنىڭ تەڭلىكىدە ئۆيگە كىرەلمەس بولۇپ قالغىنىدا، ئەسقاتقانمەن! . . .

— ياردەم قىلغان پۇلنى قايتۇرۇۋالغان ھەتتا ئۇسۇم ئالغان نەدە بار؟— گۇلزىبا زەھەردەك كۇلدى، — ئۇنىڭدىن كۆرە، پۇل ئارقىلىق قاپقان قۇردۇم دېسىڭىز، جايىدا گەپ قىلغان بولىسىز. . .

— قاپقان؟ — ھىي، — كىرىموف دىمىغىنى قاقتى، — دادىڭىز پۇلنى قايتۇرۇشقا كۆزى قىيماي، جامال توختىغا ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن تۇرسا. . .

— ئۇنداقتا، بوستاندىكى ئىشلارنى قانداق چۇشەندۇرىسىز؟ — گۇلزىبا يۇزىنى تەتۇر ئۆرىدى، — بولدىلا، مەن سىز بىلەن تاكاللاشقىلى كەلمىدىم. زادى نىيىتىڭىزدىن يانامسىز - يانمامسىز؟ . . .

— سىز بۇ سوئالنى دادىڭىز قايتقا قويسىڭىز بولىدۇ. . . — كىرىموفمۇ تەنە بىلەن كۇلدى، — ئۇ ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن «سۈت پۇلى، باققان ھەققى» ئالدى. . . ئەگەر قايتۇرىمەن دېسە، ئۇنىڭغىمۇ مەيلى، ئىككى مىڭ يۇەننى نەق ئالدىمغا قويسۇن! . . .

— ياردەم پۇلىڭىز بالىلاپتۇ - دە؟ . . .

— شۇنداق، دەسلەپتە مەن ياردەم قىلغان، كېيىن ئۇ ئۆزى تىلخەتنى شۇنىڭغا ئۆزگەرتتى، ئىشەنمىسىڭىز دادىڭىزدىن سوراڭ. . .

كىرىموف گۇلزىبانىڭ سۈت ئالمىدەك بىجىرىم چىرايىغا، دۇپ - دۇگىلەك كۆكسىگە، تولغان بەدىنىگە، ھۆركۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، بىردىنلا بوشاپ كەتتى ۋە «مۇشۇ پەرىنى ئەڭ بولمىسا بىر قۇچاقلىغىلى بولارمۇ؟ . . .» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكىنىدە، بەدەنلىرى جىمىرلاپ كەتتى. . .

— گۇلزىبا، ئۇنداق قاتتىقلىق قىلمىسىڭىز، مەن سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىزنى قىلاي، قەدىرلەي، بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرەي. . . . بىرلا قېتىم ماقۇل دەۋەتسىڭىزچۇ. . . ئەڭ بولمىسا، بېشىڭىزنى لىڭشىتسىڭىزمۇ كۇپايە. . .

— زادى نىيىتىڭىزدىن يانامسىز؟ — گۇلزىبانىڭ ئوشۇقچە گەپ

قىلىشقا رايى بارمىدى، — يەنە ئويلىنىپ كۆرسىڭىز...

— مۇمكىن ئەمەس!...

ئاخىرقى ئۈمىد يىپى ئۈزۈلگەن گۈلزىبانىڭ غەزىپى بىردىنلا يۇزىگە تەپتى. ئۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىغىر ئاقىۋەتلەرنىمۇ ئويلىمىدى.

— ئەمىسە، مەن سىزگە شۇنى ئوچۇق دەپ قوياي، — گۈلزىبا تەتۇر قارىدى، — ماڭا قول تەگكەن... مەن قىز ئەمەس، بۇنى بىلىپ قويۇڭ...

كىرىموفنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچەيدى. بىراق ئۇ كۆڭلىدىن گۈلزىبانىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. پەقەت بۇنى كىرىموفنى چىكىپ بېقىش، سىناش ۋە سوۋۇتۇش ئۈچۈنلا قىلىنىۋاتقان ھىيلە دەپ چۈشەنگەچكە، ئۇ كۈلۈپ تۇرغان بولسىمۇ، چىرايى ئاقاردى.

— ئىشەنمەيمەن... سىز... سىز ئۇنداق قىلىدىغان قىزلاردىن ئەمەس...

— ھەتتا قورسىقىمدا ھېكمەتنىڭ بالىسى بولسىچۇ!...

— نېمە، ھېكمەتنىڭ بالىسى؟... مۇمكىن ئەمەس... سىز مېنى ياندۇرۇش ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز، — كىرىموف ھىجايدى، — بۇنداق گەپلەر مېنى ئالدىيالمايدۇ...

— ئىشەنمىسىڭىز، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، ئەمما مەن قورسىقىمدىكى بالام بىلەن پەخىرلىنىمەن، — گۈلزىبانىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى، — ئۇ، ھېكمەت ئىككىمىزنىڭ بالىسى!...

گۈلزىبا كېتىپ قالدى. كىرىموف بۇ سۆزلەرگە ئانچە ئېتىبار قىلمىغاندەك بولۇپ كۆرۈنۈشكە تىرىشسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچى تارتىلدى. ئۇ گۈلزىبانىڭ ئارقىسىدىن خېلى بىر ۋاقىتقىچە قاراپ تۇرۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كىردى. گۈلرۇز كىيىملىرىنى كىيىپ، چاچلىرىنى تاراپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ كىرىموفنىڭ ئۆڭۈپ - تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. گۈلرۇز نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى، گۈلزىبانىڭ قانداق مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى سوراپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كىرىموف بولۇنغان گەپ -

سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي ئېيتىپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشىنىپ قالغانلىقىنىمۇ يوشۇرمىدى. بىراق گۈلرۇز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— شۇنىڭغىمۇ ئىشىنىپ قالدىڭىزمۇ؟ ۋاي بىچارە ئاشىقەي، — دېدى گۈلرۇز كۈلكىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇنداق گەپنى ئاڭلىغاندا، سارالڭ، پەپىلىقۇش، دېۋانە ئەرنىڭمۇ ياندىغانلىقىنى چۈشىنىدىغانسىز؟ . . .

— مەن گۈلزىبانىڭ قەتئىيلىك، ئىشەنچ يېغىپ تۇرغان چىرايىدىكى ئالامەتلەرگە قاراپ ئىشىنىپ قالدىم. . . بۇ. . . بۇ. . . زادى قانداق ئىشتۇر؟ . . .

— سىزنىڭ بارغۇ، بۇ قاپاق كاللىڭىز بەزى چاغلاردا پەقەتلا ئىشلىمەيدىكەن، — گۈلرۇز بىگىز قولىدا كېرىموفنىڭ پېشانىسىنى نوقىدى، — بۇ دېگەن بىر ھىيلە. . . بىلەمسىز، قىلتاق! . . .

ماھىگۈل يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدىن قايتىپ كېلىپ، گۈلزىبا بىلەن ھۆجرىدا سۆزلىشىۋاتقاندا، گۈلرۇز ئىشىك تۈۋىدە ھەممىنى ئاڭلىغانىدى. تېخى شەنبە كۈنىلا كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئۈستۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ۋە مۇراتنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ كەلگەن ماھىگۈل خوشلىقىدا ئالدىراپ ئاچىسىغا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، گۇمانخور گۈلرۇز ئوچۇق دېرىزە ئارقىسىدىن مارىغانىدى. بۇ سىرلىق ھەرىكەتلەر ئۇلارنىڭ ماھىگۈل ئارقىلىق ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ تۇرغانلىقىدىن بىشارەت بېرەتتى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، كېرىموفتا ماھىگۈلگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىك ئۇرغىدى.

— ھازىر كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار يەنىلا جىم ياتقىنى يوق، — دېدى گۈلرۇز قاش - كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، — ئۇلارنىڭ پىلان، ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئوتتۇرىدا بىرلەشتۇرۇپ تۇرغىنى يەنىلا شۇ ماھىگۈل. بۇ قانجۇقنىزە. . .

— ھەممىسىگە تېتىغان تۇرۇقلۇق، ئاشۇ كىچىككىنە خەمەككە كۈچىڭىز يەتمىدىمۇ؟ — دېدى كېرىموف خاپا بولۇپ، — ئادەم يوق يەردە راسا بىر. . .

— ئۇ شوٴم بەزى ھەپتىلەردە ئىككى قېتىم كېلىدۇ، يەنە دەرھاللا كېتىدۇ، — گۇلرۇز ئىشىك سىرتىغا قاراپ قويدى، — بەزىدە ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىمۇ كەلمەيدۇ. كەلگەن ۋاقتىدا بىرەر ئىشنى بانا قىلىپ يۈرىكىنى بىر مۇجۇپ قويسىڭىز، ئىككىنچى ئۇلارنىڭ دالتىكى بولمايدۇ. . .

— ھازىر نەبى دېگەن لوكچەك شوٴم بىر بالا بولدى، — گۇلرۇز يەرگە تۈكۈردى، — گۇلزىبا بىلەن ماھىگۇلگە قارىغىلىمۇ قويمايدۇ. . . يوغان كۆزلىرىنى چاۋا يېگەن مۇشۇكتەك پارقىرىتىپ، ئالىيىــــپ تۇرغان، كىچىككىنە بىر سۆز ئۆتۈلۈپ بولغۇچە، تىۋەززۇن بىلەن قىڭراق ـ پىچاققا يۇگۇرگەن! . . .

كېرىموف نەبىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن، گۇلرۇزنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىپ يەرگە قارىدى. بولۇپمۇ تاماكا ئىچىپ يۆگەلگەن پوجاڭزا ئارقىلىق ئاغزى، بۇرنى، تۇمشۇقلىرىنى كۆيدۇرۇپ، چارلاشتۇرۇپ، كالپۇكلىرىنى تەتۈر ئۆرۈپ قويغان ئىشتىن كېيىن، كېرىموف ئۇنىڭغا بەك ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. قايىت ئۆيگە باشلاپ كىرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ نەبىگە ئۇچراپ قېلىشتىن، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىنىڭ ئالىيىپ، كىچىك ئاغزىنىــــڭ مىتىلداپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ تىللىشىدىن ئەندىكەتتى. شۇڭا كېرىموف ئۆزىچە: «بۇ شوٴم سەللا چوڭ بولۇۋالسا ئىش بار. . .» دەيتتى.

— ھەي كېرىموفكا، مېنىڭ كۆڭلۈمگە بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، — دېدى گۇلرۇز چىرايىدىن شۇملۇق ياغدۇرۇپ، — گۇلزىبانىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئۆزىنى رەسۋا قىلساق، راسا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغۇدەك. . .

— قانداق دەيسىز؟

گۇلرۇز كېرىموفنى تارتىپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى ـ دە، قۇلىقىغا جىقلا نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. لېكىن كېرىموفنىڭ يوق قاشلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، چىرايى بارغانسېرى تۇرۇلدى.

— بولماسمىكى! گۇلزىبا نومۇسقا چىدىماي ئۆلۈۋالسىچۇ. . . ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كېتەرمىكى؟ — كېرىموف بېشىنى ئېغىتتى، — بۇ بەك خەتەرلىك. . .

— خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇپ، يۈزىنى كۆتۈرەلمەي قالسا، — دېدى

گۆلروز كۆزىنى قىسىپ، — ئۆز ئايىقى بىلەن قويىنىڭىزغا ئۆزىنى ئاتارمىكى دەيمىنا؟. . .

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق گۆلروز بىر ئىشنى ئويلىنىپ كۆردىڭىزمۇ؟ — كېرىموف رەنجىگەندەك ئىدى، — جامائەت ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ، جەمئىيەتتە نامى سېسىپ كەتكەن قىز بىلەن توي قىلسام، كىشىلەر مېنى نېمىلەر دېيىشەر؟. . .

قىساس ئوتى ئىچىدە پۇچۇلىنىۋاتقان گۆلروز ئۆچ ئېلىشنىلا ئويلاپ، ئىشنىڭ بۇنداق نازۇك يەرلىرى بىلەن ھېسابلاشمىغانىدى. شۇڭا ئۇ گەپمۇ قىلماي ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— گۆلروز، — دېدى كېرىموف ئاچچىق ئارىلاش، — گۆلزىبانى سېستىقۇچى بولماڭ. . . مەن سىزدىن رەنجىپ قالىمەن. . .

داۋاملىق سېغىپ ئىچىۋاتقان كالىدىن گۆلروزنىڭمۇ ئايرىلىپ قالغۇسى يوق ئىدى! . . .

# تۇرمۇش قايناملىرىدا

نەفىسەنىڭ بوۋىسى قۇتلۇق ھاجىم بىلەن ئانىسى مەرەجىخان ئەلچىلىككە كەلگەن خانىمزاتخان ئانا، سەئىدە، گۆلزىبالارنى ئۇزىتىپ چىققاندا، قۇياش ئامۇتلۇق كەنتىنىڭ باغ - ئورمانلىرى ئارقىسىغا يوشۇرۇنغانىدى. كەلگۈسى قۇدىلارنىڭ بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىدا، يەنە بىر ساخاۋەتلىك ئىش بولدى — خانىمزاتخان ئانا بىلەن قۇتلۇق ھاجىم ئەسرا بولۇپ كۆپ مۇڭداشتى. مىركامىل ھاجىم، ئابدۇلەتىپ ئەمىر نەققاشى قاتارلىق زامانىسىنىڭ پىركامىللىرىنى ياد ئېتىشتى. بۇخارا، ئەندىجاندا ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسكە ئېلىشتى. خانىمزاتخان ئانا ئاتمىش - يەتمىش يىللار مۇقەددەم ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىقىغا قايتقاندەك، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، دىلى شادلىققا تولدى. قەشقەر «يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشى» دىكى ئېگىز ئەنجان تاملىق قورۇلىرى، ئىككى قەۋەتلىك پېشايۋانلىق ئۆيلىرى، ھويلىدىكى مەجنۇن تاللار چوكان - جاللارنى چىلاپ ئوينىشىدىغان

كۆڭۈللىرى. . . ئابدۇلەتىپ ئەمىر نەققاشنىڭ تىلى لال بولۇپ يەرگە بېقىشلىرى كۆڭۈل جەننىتىدە ئايان بولدى. . . مومايى، بۇنداق خاسىيەتلىك كۈنگە ئېرىشتۈرگەن خۇداغا ئىچىدە ھەمدۇ سانا ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قىزى سەئىدە بىلەن گۈلزىباغا رەھمەت ئېيتاتتى. چۈنكى خاننىزاتخان ئانا: «چارچاپ قالىمەن، ئۆزۈڭلەر بېرىپ، قائىدىسىنى قىلىپ كېلىڭلار. . . » دەپ تۇرۇۋالغانىدى. لېكىن سەئىدە بىلەن گۈلزىبا: «ھارۋىغا يۇمشاق كۆرپە سېلىپ بېرىمىز، چارچىغاندا ئۇخلايلا، بولمىسا سەھرا مەنزىرىلىرىنى، كۆككۆلمەيدانلىقلارنى كۆرۈپ، كۆڭۈللىرى ئېچىلىپ قالىدۇ. . . » دەپ ئېلىپ كەلگەنىدى. ياشلارنىڭ شۇنداق قىلغىنى بىر نۇرە ئوبدان بوپتۇ. بۇمۇ ئىرادە ئوخشايدۇ. . . مومايىنىڭ تالا - تۈزلەرنى، تېرەك قاپلىغان يېزا يوللىرىنى، سۇلار شارقىراپ ئاققان ئۆستەڭلەرنى، ئېرەنسىز تولغىشىپ ئىسلار كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېھقان ئۆيلىرىنى، ئەجىم - ئەجىم تاراملار ئۈستىدىكى تۈگمەنلەرنى، قۇشلارنىڭ نەغمە - ناۋالىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان يېزا باغلىرىنى كۆرمىگىلى تالاي زامانلار بوپتىكەن. قۇتلۇق ھاجىم، مەرەجىخان، نەفىسەلەر ئۇلارنى ئوبدان كۈتۈۋالدى. شىددىشاپقا ئۈجمىلەر قېقىشتى، «جەننەتنىڭ نېمىتى» دېيىشىپ ئېغىز تېگىشتى. . . تاماق پىشقىچە، باغلارنى ئايلاندى. نەفىسە خاننىزاتخان ئانىنى، گۈلزىبا قۇتلۇق ھاجىمنى قولتۇقلىۋالغانىدى. خەيرىيەت، بۈگۈن ئالالھنىڭ ھىممىتى بىلەن ئۇچراشتۇرغان ساخاۋەتلىك ھەم ساۋاپلىق بىر كۈن بولدى.

— ياخشى كۈتەلمىدۇق، ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇزۇرلۇكمىز، — دېدى مەرەجىخان يېنىش - يېنىشلاپ ئەپۇ سوراپ، — بولۇپمۇ خاننىزاتخان ئانىمىز ئالتۇن پەيتۈن ئەۋەتىپ، يوللىرىغا تەتىللا پاياندار سېلىپمۇ ئەكەلگىلى بولمايدىغان بۇزرۇكۋار تۇرسا! . . .

— مۇبارەك قەدەملىرىگە تەشەككۈر، — دېدى قۇتلۇق ھاجىم ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ، — بۈگۈن غەمخانىمىزغا شۇۋە قەدرى نۇرى چۈشكەندەك بولۇپ، ئىككى ئالەم شادلىقىغا چۆمدۇق. . . بۇمۇ ئاللاھ ئىگەمنىڭ قۇدرەت - كامالىدىن بولدى.

— رەھمەت، ھەشقاللا، — دېدى خان ئانا نەفىسە ھەم گۈلزىبانىڭ يۆلىشى بىلەن ھارۋىغا چىقىۋېتىپ، — كۆپ ئاۋارىچىلىقتا سالدۇق. خۇدايىم سائىتىنى بەرسە، كامىل بالامنى ئەۋەتىپ، ھەرقايىسىلىرىنى شەھەردە ئوبدان كۈتۈپ ياندۇرارمەن دېگەن ئارزۇدىمەن. . .

— خۇدايىم ئۇ كۈنلەرگىمۇ يەتكۈزەر، — دېدى قۇتلۇق ھاجىم.

مەرەجىخان يوپۇرماقلار بىلەن يېپىلغان بىر سېۋەت مەي بولۇپ پىشقان ئۈجمە، بىر سېۋەت ئۈرۈكنى ھارۋىغا ئېلىپ بەردى ۋە: «ئۈرۈك ئالا بولسىمۇ تاماقتا سالغىلى بولار» دەپ قويدى.

خان ئانا نەفىسەنىڭ پېشانىسىگە، مەڭزىگە سۆيدى. مەرەجىخاننى قۇچاقلىدى. ئاندىن ھاجىمغا ئامانلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىگەندىن كېيىن، سەئىدە ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى سىلكىدى. مەرەجىخان، نەفىسەلەر ئۇلارنى تا ئۆستەڭ بويىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. بۈگۈن نەفىسە باغدا گۈلزىبا بىلەن يالغۇز مۇڭدىشىۋالغانلىقىغا بەك خۇشال ئىدى. ئۇلار بۇلتۇر قۇتلۇق ھاجىم ھېكمەت ۋە گۈلزىباغا نەسىھەت قىلىپ شەھەرگە ماڭدۇرغاندا ئولتۇرغان ئامۇت ئاستىدىكى كاتتا ئولتۇرۇپ، دوستلار بىلەن بىللە ئۆتكەن كۆڭۈللۈك كۈنلەرنى ئەسكە ئېلىشتى. ئىگەچى باغچىسىدىكى شادلىققا تولغان ئولتۇرۇشلار، قۇرۇم كۆلىدە ئېيتقان ناخشىلار، دراما قويغان كېچىسىدىكى مۇراتنىڭ چاقچاقلىرى. . . قاتارلىق ئۇلار ئەسكە ئالمىغان ھېچنېمە قالمىدى. ئۇلار شوخ، تۈز كۆڭۈل زۇمرەتنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى، ساددا، گوللىقىنى سېغىنىپ، كۆز يېشى قىلىشتى. بولۇپمۇ گۈلزىبا، يۇرۇقتاش دەرياسى، ئايدىڭ كېچە، ھەممە ئەتراپ سىرلىق سۈكۈناتقا چۆمگەن، كۆتەكتە ئولتۇرۇپ گارمون چېلىۋاتقان ھېكمەت، سۇغا قاراپ ئايرىلماسلىق ھەققىدە ئىچىشكەن قەسەملەرنى يادىغا ئالغىنىدا، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى ۋە بىر چاققىچە مۈگدىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئاستا سۆزلىدى:

— دوستۇم نەفىسە، مەن. . . مەن. . . ئۆزۈمدىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم، ماڭا خۇدايىم بالامنى تۇغۇۋالغىچىلىك، ئۇنى ھېكمەتكە تاپشۇرغىچىلىكلا ئۆمۈر بەرسە بولاتتى، دەپ تىلەيمەن. . . — دېدى

گۈلزىبا يۈزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتمەي، — چۈنكى ئۇ ھېكمەت بىلەن ئۆتكەن ئازغىنا ھاياتىمىزنىڭ مېۋىسى... گۇۋاھچىسى... شاھىدى! . . . پاك مۇھەببەت، ھەقىقىي ياخشى كۆرۈش، چىن سۆيۈشنىڭ قۇدرىتىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، ئۇ ئادەمنى قورقماس، ھېچ نەرسىدىن يانماس قىلىدىكەن. . . ئاھ، خۇدا، ماڭا كېلەر يىلى بۈگۈنكى كۈنلەردە، يەنە چىرايلىق باھار - يازلارنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلارسەنمۇ؟ . . .

— تىلىڭىزنى ئۇششۇتمەڭ گۈلزىبا. . . بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، — نەفىسە گۈلزىبانىڭ قوللىرىنى تۇتتى، — تاتلىق ئۈمىدلىرىڭىزنى خۇدايىم بىللە بېقىشقا نېسىپ قىلىدۇ. . .

— مەن. . . مەن. . . — گۈلزىبا تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھالدا بېشىنى ئېغىتتى، — كېسىلىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. . . ئۇ مېنى ئۇنداق كۆڭۈللۈك كۈنلەرگە ئۇلاشتۇرمايدۇ. . . ھېكمەتنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالسامىلا، ئارمانىم يوق ئىدى! . . .

— نائۇمىد بولماڭ، — دېدى نەفىسەمۇ ياش تۆكۈپ، — سىز تېخى ياش تۇرسىڭىز. . . ساقىيىپ كېتىسىز. . . ھېكمەت سىزنى دەپ نۇرغۇن جاپالارنى چەكتى. خورلاندى، ھەتتا يۆتكىلىش قەغىزىنىمۇ بىكار قىلىۋەتتى. . . بىر يىلدىن كېيىن، ئۇلار قايتىپ كەلگەندە، بىز ئالدىغا چىقىپ قۇچاق ئاچمىساق، ھالىڭ نىچۇك دەپ ھالىغا يەتمىسەك. . . ئۇلارنىڭ دەردكە تولغان يۈرىكى، جاراھەتلەنگەن قەلبى، سۇنۇق كۆڭلى نېمە بولۇپ كېتەر؟ . . .

— دوستۇم نەفىسە، — گۈلزىبا نەفىسەگە تاشلىنىپ ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى، — مەندەك شور پېشانە، بەخت كۈلۈپ باقمىغان، بىتەلەي ئايال يەنە بارمىدۇر؟ . . . بىز توي قىلىپ، پەقەت ھەسرەتلىك ئىككى كۈنىلا بىللە ئۆتكۈزەلىدۇق! . . . مەن بىراۋلارنى سېغىنىمامدىم؟ . . . كۆرگۈم كەلمەمدۇ؟ . . . ھېكمەت ئۇ. . . ئۇ. . . كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپ كەتتى! . . . مەن يەنە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمەنمۇ؟ . . . مېھرىبان، مۇلايىم، كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرەلەيمەنمۇ؟ . . . ئاھ، خۇدا. . . ئاھ،

خۇدا... سەن ماڭا نېمانچە باغرى تاشلىق قىلىدىغانسەن؟... نېمە گۇناھلىرىم باردۇر مېنىڭ؟...

— گۈلزىبا، گۈلزىبا، بۇنداق ئاھ ئۇرۇۋەرمەڭ، — دېدى نەفىسە ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىيلاپ، — بىلىمەن، ھېكمەت سىزنىڭ ھالال جۈپتىڭىز... ياخشى كۆرگەن جۈپتىنى قايسى بىر مەزلۇمە سېغىنمىسۇن؟... ئۇنىڭغا تېۋىنمىسۇن؟... ئۇنى ئەسلىمىسۇن؟... لېكىن، شۇنداق كۈنلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ساغلام تەن بولۇشى كېرەك؟... ئەگەر بەردەم بولماي، دەرد ـ ھەسرەتنى ئىچىڭىزغا يۇتۇۋەرسىڭىز... ھېكمەتنىمۇ ئازابلاپ قويىسىز!...

ھەرھالدا، گۈلزىبا ئىچىگە تۇشۇپ كەتكەن پۇخ ـ ئەلەملىرىنى بوشىتىۋېلىپ، خېلىلا يېنىكلەپ قالدى. نەفىسە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مائاش باھالاش كۈرىشىنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. مۇراتنىڭ بىرمۇنچە گېزىت، كونا قەغەزلەرنى كېسىپ، يالغان ئىسپاتنامە ياساپ، زەينىددىننى قانداق قورقىتىۋەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كالپۇكلىرىنىڭ تىترەپ، يۈزىنىڭ كۆكىرىپ، گاچىلىشىپ يالۋۇرغانلىقىنى ئاڭلىغان گۈلزىبا كۈلۈۋەتتى. بولۇپمۇ مۇراتنىڭ كۆرەڭلىك بىلەن مەسخىرە قىلماقچى بولغان ساجىتخاننى «غىتمەك چوشقا»، «جالاپ چوشقا» دەپ تىللاپ ئاداپ چېلىكىنى بېشىغا كىيگۈزمەكچى بولغان ئىشىنى سۆزلەۋاتقان نەفىسە ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى. ھەر ئىككىلىسى پىخىلداپ كۈلۈپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— مۇراتنىڭ ئاغزى يامان ـ ھە؟ — دېدى گۈلزىبا ئوتتۇرا مەكتەپكە يېڭى كەلگەن چاغلىرىنى ئەسلەپ، — ئۇ مېنى بەك تېرىكتۇرەتتى.

— ئۇ بەك جىگەرلىك... ھەم تۈرگۈن... زۇمرەت ئۇنىڭ مۇشۇ مىجەزلىرىنى بەك ياقتۇراتتى...

... خانىمزاتخان ئانا، سەئىدە، گۈلزىبالار چامغۇرچى كەنت ئىزنالىرىدا قارا كۆرۈم كېتىۋاتاتتى. ئۇلارغا قول پۇلاڭلىتىپ ئۆستەڭ بويىدا تۇرغان نەفىسە بىردەمدىلا بۇگۈن گۈلزىبا بىلەن يالغۇز ئەسرا بولغان چاغدىكى خاتىرىلەرنى قايتا ئەسلەشكە ئۈلگۈردى. شۇنىڭغا قارىغاندا،

كونىلار: «كۆڭۈلدىن يۈگۈرۈك نەرسە يوق» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن...

خانىمزاتخان ئانا، سەئىدە، گۈلزىبالار نەفىسەگە «سۆز سالدۇرۇپ» ئىككى كۈندىن كېيىن، خالىقنىڭ ئەلچىلىرى لېگەن - لېگەن سوۋغا - سالاملارنى كۆتۈرۈپ، قۇتلۇق ھاجىمنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كېلىشتى... ئەلچىلەرنىڭ ئىچىدە، ئامۇتلۇق كەنتىنىڭ تاز شۇجىسى ھەسەن، بۇقا گەدەن كەنت باشلىقى مەتنۇرى يەنە ناتونۇش ئىككى ياشانغان ئايال بىلەن مەتمۇسامۇ بار ئىدى. خالىق «ئادەم كۆپ بولسا سۆزى يوللۇق بولىدۇ» دەپ ئويلىغانمۇ، ئەلچىلەرنى خېلىلا مول ئەۋەتكەنىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇستاتلىق قىلغىنى ئامۇتلۇق كەنتىنىڭ باشلىقى بىلەن شۇجىسىنى ئەۋەتىشى ئىدى. ئەلۋەتتە قۇتلۇق ھاجىم بىلەن مەرەجىبخانلار ئاشۇ تاز بىلەن بۇقا گەدەننىڭ ئالقىنىدىكى ئادەملەر - دە! ئىككى ئېغىز لەۋزىنى يىرىۋەتكەن ياكى ئالدىدىن توغرا ئۆتۈپ قالغانلاردىن بوز يەرگە سۈرگۈن قىلىش، دەريا قۇرۇلۇشى، يول ياساش، ياپلاق ئەمگىكى، قۇم تۇغ ھاشىرى دېگەنلەر بىلەن ئۆچ ئېلىش ئۇلار ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەس، بەلكى ئاغزىنىڭ يېلى!... ئۇلار بىر ئېغىز «ھايت»لا دەپ قويسا، قىرلىق كالتەكلەرنى كۆتۈرگەن ئوننەچچە چاپانچىلار بىردەمدىلا ھەيۋەتلىك ئايۋان - سارايلارنىڭ توپىسىنى تۇرپانغا سورۇۋېتىدۇ. شۇڭا، قۇتلۇق ھاجىم بىلەن مەرەجىبخانلار ئۇلارغا ئالاھىدە داستىخان راسلىدى. ھېچ كۆرۈلمىگەن مېھماندوستلۇق كۆرسەتتى. تاماقتىن كېيىن، «قېنى ئۆزلىرىدىن كەلسۇن يۇرتبېشى»، «يوقسۇ، يوقسۇ، ئۆزلىرى ھۆرمەتتىمۇ، ياشتىمۇ چوڭ تۇرسىلا...» دېگەن تەكەللۇپ - تەۋەززۇلار بىلەن، قۇتلۇق ھاجىم دۇئا باشلاپ بەردى. ئاندىن ئەلچىلەر بىر - بىرىگە قاراپ، كۆز ئىشارىسى قىلىپ باش لىڭشىتقاندىن كېيىن، ئىككى ئايال ئېغىر ھەرىكەتلەر بىلەن ئۈچ لېگەنگە تىزىلغان ئەتلەس، شىپىڭ دۇخاۋا، ئۆتۈك، زىرە - ھالقا دېگەندەك نەرسىلەرنى داستىخانغا قويدى. بۇ ئاياللار بىر خاللاپىنىڭ قولىدىن توقۇلۇپ چىققان تاغاردەكلا يوغان ئىدى. ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان ئاق سېرىق خوتۇننىڭ ئۇرۇقچىدەك بۇرنى ئامۇتتەك ئىششىپ چىققان گۆشلۈك يۈزى ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەنىدى... ئۇ پۈچۈق بولغانلىقى

ئۇچۇنمىكىن، دىمىغىدا خىڭشىلداپ گەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى كۆك شىپىلىڭ دۇخاۋا كۆڭلەك كىيىپ، تېنىپ قالغان لاتقىدەك لىغىرلاپ ئولتۇرغان قارا خوتۇننىڭ دوقا ماڭلىيى ئاپتاپ چېقىشۇەتكەن سويمىدەك پارقىراپ، ئاستىنقى كالپۇكى يەر سۆپۈرىدىغاندەك ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ساڭگىلاپ تۇراتتى.

— ئەمدى قىزى بارنىڭ نازى بار دەپ، خې، — پۇچۇق خوتۇن خىڭشىلداپ گەپ باشلىدى، — ئۆتكەندە كېلىپ قۇرۇق قول قايتقانىدۇق، خې . . . ، بۇنورەم ئۇزغىنا بىر جاۋاب ئېلىپ كۆڭلىمىز خوش قايتارمىز دېگەن ئارزۇدا يەنە كەلدۇق، خې . . .

— قىز چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆڭلى ئىنچىكە، تاۋى نازۇك بولىدۇ، — قارا خوتۇن «راستمۇ؟» دېگەندەك كەنت باشلىقى بۇقا گەدەن مەتنۇرغا قاراپ قويدى، — تەرەببا «ماقۇل» دېيىشنىڭ ئۆزىمۇ ئەپسىز. . . شۇڭا، «قىزىمىزنىڭ بېشى باغلاقلىق» دېگەن سۆزگە پۇتمىگەن بولساقمۇ، كېتىپ قالغانىدۇق.

— شۇنداقمۇ دېدىلىما مەرەجىخان؟ — دېدى كەنت باشلىقى مەتنۇرى تاۋاقتەك ياپىلاق يۈزىدىكى بىر تۇتام ساقىلىنى ئوچۇمداپ، — ئۇنداق ئىش بولسا، بىز بىلمەي قالامدۇق؟ . . .

— ئۇنداق ئىش بولسا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى ھەسەن شۇجى ئالا گەدىنىنى قاشلاپ، — قايتۇرۇۋەتسە بولمىدىمۇ! . . .

ھەسەن تازنىڭ سۆزىدىن قۇتلۇق ھاجىمنىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ ئولتۇردى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە نۆۋەت بەرمەي سۆزلەيتتى. گەپ ئارىلىقلىرىدا، خالىقنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ ماختايتتى. نەفسەنىڭ بەختى ئېچىلغانلىقىغا ئاپىرىن ـ تەھسىن ئوقۇيتتى. ئەمما، ئەلچىلەرنىڭ ئىچىدە مەتمۇسالا گەپ قىلماي بۇتتەك ئىششىپ ئولتۇراتتى. ئۇ خالىققا ئۆچ ئىدى. ئەگەر، ئۇنى مىلتىقى بولسا خالى يەردە ئېتىۋەتكۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ مەتمۇساغا قىلغان خورلىقى، ئاھانىتى، سالغان زىيىنى ئازمۇ؟ زۇمرەتتىن ئىبارەت ھالالىڭ قىسماققا دەسسىتىپ، شۇنچە نۇرغۇن پۇلىنى سوقۇۋالدى. ھەتتا مەتمۇسانىڭ ساغرىلىرى كۆيۈپ

ئۇلتۇرالماس بولۇپ قالغان چاغلىرىمۇ بار. . . بىر ئېغىز «پۇلۇمنى بېرىۋەت! » دەپ قويغىنىغا تاس قالدى خىزمەت ئورنىدىن، كەسپىدىن ئايرىلىپ قالغىنى. زىيانغا پايلىماي، خەقلەرگە ئازراقلا دەردىنى تۆكۈۋىدى. . . بىرلا ئۇلغۇماچ سېلىپ، يەنە ئۇچيۈز يۈەن پۇل، بىر قويىنى ئېلىۋالدى. مانا ئۇ ھازىرغىچە نەسىللەندۇرۇش پونكىتىنى قېزىپ يەۋاتىدۇ. . . سېغىپ ئىچىۋاتىدۇ. . . مەتمۇسانى ئارامىدا ياشىغىلى قويمىدى. بۇ قېتىممۇ خالىق ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك، ئەلچىلىككە سايە قىلدى. «بارمايمەن» دېيىشكە ئۇنىڭ بېشى ئون گەمەستە؟

— تۇغقانلار، — دېدى قۇتلۇق ھاجىم ئۇشتەك ئاقارغان ساقاللىرىنى سىيلاپ، — بىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىمىزنى قىلىپ كەلگىنىڭلارغا تەشەككۈردىن ئاجىزمىز. بىراق بىر قەدەم كېچىكىپ قاپسىلەر. . . مۇسۇلمان ئادەمگە يالغان ئېيتىش گۇناھدۇر. بولۇپمۇ خەيرلىك ئىشتا يول ماڭغان ئەلچىلەرنى ئالداش تېخىمۇ يامان. . . چىمپىششىق گەپ، قىزىمىزنىڭ بېشى باغلانغان. . .

— شۇنداق، ھەرقايسىلىرىنى ئالداش ھەددىمىزمۇ؟ — دېدى مەرەمخان داستىخاننىڭ چۆچىلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ، — بىزنى خىجىل قىلمىغان بولۇشىلا. . .

— مەرەمخان، ئويلىشىپراق گەپ قىلىشىلا، — دېدى ھەسەن شۇجى كىبىر بىلەن، — سىلى مۇشۇ ئامۇتلۇقنىڭ نېنىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىپ ھالا بۇ كۈنگە كەلدىلە، نەدىكى شەھەرلىكلەر بىلەن تۇغقان بولىمەن دېسىلە، بۇ خۇددى ئىت - مۇشۈكنىڭ ئاداش - ئايماق بولغىنىدەكلا بىر گەپقۇ؟ . . .

— شۇ ئەمەسمۇ؟ خې، — دېدى پۇچۇق خوتۇن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — قىسقىسى، ياغ تامچىسى بىلەن سۇ تامچىسى بىر قاچىغا قۇيۇلسا، ھەرقايسىسى ئۆز خىلى بىلەن بىرلىشىدىغۇ! . . .

— بىئەمدۇللا، — دېدى قارا خوتۇن قىيسىق كۆزلىرىنى ئالايتىپ، — ھەركىم ئۆز خىلى بىلەن، ئىشتان بېغى بىلەن دېگەن گەپ بار - دە! . . .

— تۇغقانلار، مۇسۇلمان بەندە لەۋزى قىلغانىكەن، ئەمەل قىلماق

كېرەك. . . — دېدى قۇتلۇق ھاجىم خوتۇنلارنىڭ تېتىقسىز تەمسىللىرىدىن بىزار بولۇپ، — مانا يۇرت بېشىمىز مەتنۇراخۇن ۋەدىسىدە ۋاپا قىلىدىغان، قىلغان ئەھدىسىدىن يانمايدىغان ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغاچقا، قىزىنى ياقا يۇرت دېمەي، چىرا ناھىيىسىگە ياتلىق قىلدىغۇ؟ شۇنداق ئەمەسمۇ يۇرتبېشى؟ . . .

— خوش، — دېدى مەتنۇراخۇن بىر قىسمىلا ھىجىيىپ. . .

— بولمىسا، ئامۇتلۇق، بوۋاي قەمبەر، بوستاندىكى خېلى مۆتىۋەرلىك ئائىلىلەر خەبەردارلىق قىلىپ، ئايىقى ئۈزۈلمىدى. ئەلچىلەر ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ بوسۇغىنى تېشىۋەتكۈدەك قىلدى. . . ئەمما، يۇرتبېشىمىز ئېسىل سوۋغا - سالاملارغا، قىممەت باھالىق رەڭگا - رەڭ تويلۇقلارغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالمىدى. ئۇنىڭ بۇ «مەن ئەل - جامائەت ئالدىدا ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، تۆكۈرگەن تۈكۈرۈكنى ئاغزىمغا ئالمايمەن. . .» دېگىنى بولماي نېمە؟ بۇ نېمىدېگەن ئېسىل پەزىلەت، كۆز قاماشقۇدەك دىيانەت! . . . قانداق دېدىم مەتنۇراخۇن يۇرتبېشى؟ . . .

— توغرا دېدىلە ھاجىم. . . ، — مەتنۇراخۇن دادۇيجاڭ ئۆزىنىڭ نېمىگە خوش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، ھىڭگىدە ھىجايدى - دە، بېشى يەنە مەيدىسىگە ساڭگىلىدى. . .

قۇتلۇق ھاجىم ئۇستىلىق بىلەن مەتنۇراخۇننى ھۆل كېسەككە دەسسىتىۋېرىپ، ئۇنى چۈشەلمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. دادۇيجاڭ خۇددى ئېگىز قونداقتا چىقىۋېلىپ يەرگە بويۇنداۋاتقان توخۇدەك ھەممىگە مۆلۈلدەپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ھىجىيىشلىرىدىن ھېچ ئىپادىنى بىلگىلى بولمايتتى. قۇتلۇق ھاجىم ئۆزىنىڭ دەبدەبىلىك سۆز ئويۇنى ئارقىلىق ھەسەن شۇجىنىڭمۇ يولىنى توسۇپ، ئاغزىنى ئەتكەنىدى. بۇ ئارىلىقتا، مەرەجىخان ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ئۈچ لېگەننى دەستىلەپ كۆتۈرۈپ چىقتى - دە، ئەلچىلەرگە كۆرسەتتى. ھەممىسىنىڭ بېشى چۈشۈپ كېتىشتى. بىراق پۈچۈق خوتۇن يەنە خىڭشىلداپ گەپ باشلىۋىدى، مەتمۇسا سىلكىۋەتتى.

— بولدى قىلسىلا ئاچا، ھاجىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىدىلا،

تويلۇقلارنى كۆردىلە، — مەتمۇسا غودۇڭشۇپ قويدى، — لاۋزا قوغۇنىنىڭ ئۇرۇقى كۆپ دېگەندەك، قۇمدەك گەپ قىلىدىكەنلا! . . .

ئەلچىلەر سالپىيىپ چىقىپ كېتىشتى. لېكىن ئەتىسى ئېتىنى تاراسلىتىپ كەلگەن خالىق ئۇدۇل بوۋاي قەمبەر مەكتىپىگە كىرىپ كەلدى. چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى بولغاچقا، نەفىسە ياتىقىدا چۈشتىن كېيىن ئۆتۈلىدىغان تۆتىنچى سىنىپنىڭ ئەدەبىيات دەرسىنىڭ تەييارلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. خالىق خېلى ئاچچىق بىلەن كىرگەن بولسىمۇ، نەفىسەنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئېغىر ھەم لاتاپەتلىك سىياقىنى كۆرۈپ، لاسسىدىلا بوشاپ كەتتى. ئۇ، تەكلىپ قىلمىسىمۇ، ئۇستەلنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. نەفىسە ھەر مەھەل «ئاددىي، قوپال ئۇسۇللار بىلەن رەقىبىنىڭ جەھلىنى قاتۇرماسلىق، ئۇنى مەنتىقىنىڭ گۇرزىسى بىلەن مات قىلىپ، ئېغىز ئاچالماس قىلىۋېتىش» دېگەندەك بوۋىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئېسىدە تۇتاتتى. بولمىسا، ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىنلا خالىقنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغۇسى بار ئىدى. شۇڭا، نەفىسە خالىق گەپ باشلىمىغۇچە، ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەك ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى.

خالىق گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي، بىر ھازا پۇشاڭشىپ ئولتۇردى. ئەلچىلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىم قۇرۇق قول قايتىشىدىن باشلىسۇنمۇ ياكى شەنبە كېچىسى نەفىسە بىلەن كامىلنى ئامۇتلۇقنىڭ ئۆستەڭ بويىدا تۇردىنىڭ كۆرگەنلىكىدىن گەپ ئاچسۇنمۇ؟ . . . يە بولمىسا، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى باشلانغاندا، نەفىسەنى مەيداندا تەكشۈرگەن سەۋەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ، ئەپۇ سورىسۇنمۇ؟ ھەرھالدا، خالىق يولدا كەلگۈچە كۆڭلىگە پۈككەن ھەممە گەپلىرىنى دېمەكچى بولدى. ئىككى قېتىملىق ئەلچىلەرنىڭ شۇم خەۋەر ئېلىپ كېلىشى، كېچىسى ئۇلارنىڭ ئۆستەڭ بويىدا تۇرغانلىقى ئۇنىڭغا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ھەسرەت ئېلىپ كەلدى. توغرا، ئۇ بۇ چاققىچە ھېچكىمگە بۇنداق ئېگىلىپ، يالۋۇرۇپ باقمىغانىدى. خالىق ئەمدىلا ھەقىقىي چىن ياخشى كۆرۈشنىڭ قۇدرىتىگە قايىل بولدى. ئۇ نەفىسەنىڭ قولى بولۇپ كېتىشكە رازى ئىدى.

— كامىل بىلەن ئىككىڭلارنىڭ شەنبە كېچىسى ئۆستەڭ بويىدا

تۇرغانلىقىڭلارنى ئاڭلىغاندىن بېرى، — دېدى خالىق بىچارە قىياپەتتە، — گېلىمدىن ھېچنەرسە ئۆتمىدى، كۆزۈمگە ئۇيقۇ ھارام بولدى. . .

نەفىسە «تۇردۇق، مۇڭداشتۇق قانداق قىلاتتىڭىز؟ . . .» دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئۇنىڭ كامىلنىڭ ئەمگەك بېسىمىنى، رېجىم تۈزۈمىنى تېخىمۇ چىڭىتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، تېنىۋېلىشىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. يالغان ئېيتمىغاندا، كېيىن ئۆزلىرىنىڭ كۆرۈشۈپ تۇرۇشىمۇ تەسكە چۈشەتتى.

— تۆھمەتنىڭ كۆزى يوق، مۇتتەھەمنىڭ يۈزى، دەپ نېمانداق ئادەمگە تۆھمەت قىلىسىز؟ — دېدى نەفىسە راستىنلا ئاچچىقلاپ، — كامىل بىلەن قاچان كۆرۈشۈپتىمەن؟ . . . ئۇ سۈرگۈن بولغاندىن بېرى، مەن ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمىدىم. . .

— ئەمىسە، تۈردى ھېكىم سىلەرنى كۆرۈپتىغۇ؟ . . . — خالىق ئېھتىياتسىزلىقتىن مەخسۇس قويغان ئادىمىنىڭ ئىسمىنى دەپ سالدى، — ھەتتا كامىل سىزنىڭ پېشانىڭىزگە. . .

— ئىپلاس دالتەك، — نەفىسەنىڭ سىياھتەك قارا قاشلىرى ھىمىرىلدى، — خوش - خوشچى خۇشامەتكە، تۆھمەتخور يالغانغا ئىجىل دېگەندەك، ئۈستۈمدىن توقۇغان پىتنە - ئىغۋاسىنى كۆرمەمدىغان؟ . . . ھەر قېتىم يالغان قاۋاپ لوقمىغا ئېرىشىدىغان بۇ قوتۇر ئىت مۇشۇ كۈنگە قاپتۇ - دە؟ . . . ئەگەر قورسىقىڭىزدا جىن بولمىسا، ئۇ لالمىنى ھازىرلا چاقىرىڭ، يۈزلىشىمەن! . . .

نەفىسەنىڭ تەلەپپۇز، ئاھاڭلىرىدىن، پسىخىك ھالەتلىرىدىن ئىككىلىنىپ قالغان خالىق تېڭىرقاپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا «تۈردى راستىنلا يالغان خەۋەر يەتكۈزۈپ مەندىن ھەق ئالغانمىدۇ؟ ياكى مېنى نەفىسەدىن سوۋۇتماقچىمۇ؟» دېگەن ئوي پەيدا بولغانىدى.

— سىز بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئاۋارە قىلماڭ، ئۆزىڭىزنىمۇ ئۇپراتماڭ، — خالىقنىڭ بىزەڭلىكىدىن سەسكەنگەن نەفىسە نومۇس قىلىپ ئولتۇرمىدى، — كامىلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەلچى كىرگۈزۈپ «سۆز سالدۇرۇپ» قويغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىز. . . يەنە كېلىۋەرسىڭىز، نام -

شەرىپىڭىزنى بۇلغىۋالسىز!...

ئامالسىز قالغان خالىق ئورۇندۇقتا مىخلاپ قويغاندەك ئولتۇراتتى. ئۇ ئارزۇ - ئارمانغا كۆڭۈل ھۆكۈمى بىلەن يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندى. نەفسەنى قورقىتىش، ۋەھىمە سېلىش ئارقىلىق ياۋاشلىتىپ ئالقىنىمغا ئالىمەن دېگەندى. ئەكسىچە ئۆزىگە تېخىمۇ ئۆچ قىلىۋالدى. ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ بېشىغا تاغدەك بالايىئاپەتلەرنى ياغدۇرۇپ ۋەيران قىلىۋىدى، ئۆزى نەفسەنىڭ قىنىقماس دۈشمىنىگە ئايلاندى. ئۇ بۇنچىلىك چىداپ بولماسلىق دەرىجىدە ياخشى كۆرۈپ قېلىشنى، يۈرىكىنىڭ قايغۇ - ھەسرەتتە پۇچۇلىشىنى بىلگەن بولسا، باشتىلا ئىنساپ - دىيانەت بىلەن ئىش قىلماسمىدى؟ شۇنداق، قەلب سارىيىغا كۆڭۈل ھۆكۈمى بىلەن كىرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئۇ چۈشەنمەيتتى، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايتتى.

— بۇ گەپلەرنى قىلىپ نېمە قىلىسىز؟... — نەفسەنىڭ ھۆسنى بېغىنى بۇلۇت ئەگىدى، — مېنى ئېرىپ يۇمشايدۇ، دېگەن ئويدا بولسىڭىز، چۈشەكەپسىز، مېنىڭ ئادەم بىلەن ئادىمىي ھايۋاننى پەرق ئەتكۈچىلىكىم بار... ئەگەر سىزدە ئادەمگە تالىق يۈرەك بولسا، تۆت - بەش قىزنىڭ تەقدىرىنى پايخان قىلىپ، كىچىك نارەسىدىلىرى بىلەن ۋەيران قىلمىغان بولاردىڭىز... ئاشۇ يېتىم بولۇپ بويۇن قىسىپ يۈرگەن بالىلىرىڭىزنى، بىچارە ناتىۋانلارنى ياۋۇزلارچە خورلىغان چېغىڭىزدا، يۈرىكىڭىز ئېچىشىپمۇ قويغانمۇ؟... زۇمرەتنىڭ بېشىغا نېمە كۈلپەتلەرنى سالمىدىڭىز؟... بوز يەردە گېلىڭىزدىن بوغقاندا، ھېچقانداق ۋىجدان ئازابى تارتماي، تېخى ئۇنى باغلاتماقچى بولدىڭىز... توختاڭ، گېپىمنى بۆلمەڭ... ئۇنى شۇ ھالەتكە كەلتۈرگەن سىز!... ساددا، گول ياقۇپنى ھىيلە - نەيرەڭلەر بىلەن ئالداپ، ئاخىرى بوز يەرگە سۈرگۈن قىلدىڭىز... مۇرات، ھېكمەت، كامىللاردەك ئوقۇتقۇچىلارنى رەزىل مەقسىتىڭىز يولىدا قۇربان قىلدىڭىز... شەھەردىكى كۇرستا تۇردىدەك ۋىجدانسىز ساتقىنلارنى ئارقامغا سېلىپ، قارا ئەنزە پەيدا قىلىشقا كۈشكۈرتتىڭىز...

— نەفىسە! . . .

— ئۆپكىڭىزنى بىسۇۋېلىڭ، باياتىندىن بېرى شۇنچە گەپلەرنى قىلدىڭىز. . . مېنى خۇشتار دەمسىز؟ . . . خاتالاشتىڭىز. . . مەن پەقەت پۇتۇن نەپرىتىمنى كۆز قارىچۇقلىرىمغا يىغىپ، لەۋلىرىمنى چىشلەپ، تاقەت قىلىپ ئولتۇردۇم، نېمە ئۈچۈن؟ — نەفىسە ئۇنى قاتتىق سۆكمەكتە ئىدى، — سىزنىڭ يەنە قانداق ئويۇنلىرىڭىز بار، بىلىپ باقماقچى بولدۇم. يەنە بىر تەرەپتىن، سىزدەك مەنمەنچى، تەكەببۇر، مەنسەپپەرەس ئادەمنىڭ بويىنىنىڭ ئېگىلىشىنى، بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلاندىم. . . ئەمدى بىلگەنسىز؟ . . .

— نەفىسە، ئېيتقانلىرىڭىز توغرا، مەن ئۆز ۋاقتىدا. . .

— خاتا قىلدىم دېمەكچىمۇسىز؟ — نەفىسە غەزەپ ئوتىدا كۆيۈۋاتاتتى، — قەلب سارىيىدا ئۆزىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىنساننى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ . . . بۇنداق ئادەملەر پەس ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى يولىدا دۈشمەنلىرىنى ۋەيران قىلىپلا قالماي، ھەتتا دوستلىرىنىمۇ ھېچ ئايانمايلا ئوتقا ئىتتىرىدۇ. . . تۇغقىنىڭىز. . . قېرىندىشىڭىز، ھەمپىكىر دوستىڭىز مەتمۇسانى قانداق قىلدىڭىز؟ . . . زۇمرەت سىزنىڭ سىڭلىڭىز، قىزىڭىز ياكى ئاچىڭىز بولمىسا، ئۇنى سىرتىدىن سېتىۋېشقا نېمە ھەققىڭىز بار؟ . . . بۇ گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن، بىر ئۆمۈر دوزاق ئوتىدا كۆيسىڭىزمۇ پاكلانمايسىز. . . سىزدەك قارا كۆڭۈل كىشىلەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ زەھەرلىك چايانلار! . . . سىلەر ديانەتلىك، ئاق كۆڭۈل، پاك نىيەت ئادەملەرنىڭ تەقدىرلىرىنى پايمال قىلماي تۇرۇپ، ئۆزۈڭلارنىڭ ھارام نىيەتلىرىڭگە يېتەلمەيسىلەر! . . . بولدى ئۆيۈمدىن چىقىپ كېتىڭ، سىزدەك ئادەمنى كۆرەر كۆزۈم يوق! . . .

خالىق ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، تېلىقىپقىنا ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— نەفىسە، مەن سىزگە شۇنى دەپ قوياي، قۇلىقىڭىزغا سىرغىدەك ئېسىۋېلىڭ! — دېدى خالىق بوسۇغىدا تۇرۇپ، — مەنلا بار ئىكەنمەن،

سىز كامىل بىلەن توي قىلالمايسىز!...

— چۈشىنىمەن، ياۋۇز، بىپاك ئادەمدىن ھەممىنى كۈتۈش مۇمكىن، — دېدى نەفىسە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ، — چۈنكى ئۆزىنىلا ئويلىغان ئادەم ھەرقانداق ئۇياتسىزلىق ۋە مۇناپىقلىقتىن قايتمايدۇ...

ئىچى ئاچچىق زەھەرگە تولغان خالىق تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى يەشتى ـ دە، ئۆزەڭگىگە پۇتىنى ئالدى ۋە ئاتقا زەرب بىلەن بىر قامچا سېلىۋەتتى. ئۇ بوستانغا قايتماي، ئەللامەگە يول ئالدى. نەفىسەنىڭ تىغدەك ئۆتكۈر تىللىرى خالىقنىڭ ئىچىنى ئۆرتىۋەتكەنىدى. ئەگەر كامىل ئوتتۇرىدا قىسىلىۋالمىغان بولسا، ئىشلار بۇنچىلىك چىڭىغا تارتىلمىغان بولار ئىدى. نەفىسە، قۇتلۇق ھاجىم، مەرەجىخانلارمۇ خالىقتەك نامۇ شەۋكەتلىك كاتىپقا ئۆزلىرى خېرىدارلىق قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ھەممە توسالغۇ، پۈتلىكاشاڭلار يەنىلا شۇ كامىلدىن كېلىۋاتىمدۇ!... ئۇنى قاتتىق ئىشلىتىپ پوتلىسىنى تارتالماس قىلىۋېتەرمىكىن دەپ نىياز پاڭغا تاپشۇرسا، ئۇنى ئەركىن قويۇۋەتكىنى نېمىسى؟... ئۇلارنىڭ ئۆچرىشىشىغا، ئەلچى كىرگۈزۈشكە پۇرسەت يارىتىپ بەرگىنىنى قارا!...

خالىقنىڭ غەزىپى ئەمدىلىكتە نىياز پاڭغا يۆتكەلگەنىدى. «خەپ پاڭ، ئەدىپىڭنى بەرمىسەم، تېرەڭنى تاسما قىلمىسام... بۇ ھوقۇقنى زادى ساڭا كىم بەرگەن؟... ئەمدى غوجاڭنى مۇشۇنداق ئۇمىدسىزلەندۈرمەكچىمۇ سەن؟...» خالىقنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، ياڭاق گۆشلىرى لىپىلداپ، ئەللامە كەنتىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئېتىنى ئات باقارغا بەردى ـ دە، «شۇجىرىڭنى نەدىن بولسا تېپىپ كەل!...» دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۆزى بولسا، قوپال يەرلىك ئۇستەل ۋە ئىشكاپلار قويۇلغان ئىشخانىغا كىرىپ ئولتۇردى. توپا تاملارغا قاتىرىسىغا ھەرخىل لەۋھەلەر ئېسىلىپ كەتكەنىدى. مانا بۇ ئوتتۇرىدىكى چوڭ لەۋھە بۇلتۇر گۆڭشېدا ئېچىلغان ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا بېرىلگەن. ئۇنىڭ يېنىدىكىسىنى ئالدىنقى يىل مايلىق دان ئاشۇرغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن خالىق ئېلىپ بەرگەنىدى. ئىش قىلىپ، ھەر يىلى ئورما، ئەتىيازلىق تېرىم، كۈزلۈك يىغىم ـ تېرىمدا ئالغان

دۇخاۋا، مەخمەل لەۋھەلەر نىياز شۇجىنىڭ يۈرىكىنى تۇم، تىلىنى تەيلىك قىلغان تۇمارلار ئىدى. گۇڭشېدا، ناھىيىدە ھەتتا ۋىلايەتتە ئېچىلغان ھەرقانداق يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، داجەيدىن ئۆگىنىش يىغىنلىرىدا، خالىق باھالاش ھەيئىتىنىڭ ھەيئىتى ياكى بىرەر باشلىقى بولۇپ قالاتتى. بەزى ئۈستىگە يوغان ـ سۇيى ئاز، پېلىكى تولا ـ سويمىسى يوق شۇجى، دادۇيجاڭلار ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ كۇسۇرلىشاتتى. نېمىلەرنىدۇر ۋەدە قىلىپ مەيدىسىگە ئۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار رەقىپلىرىنىڭ ئالدىدا كېرىلىپ، ئالچاڭلاپ ماڭالماي قالاتتى. كەنتكە قايتقان ھامان، داڭلار ئۇرۇلۇپ، كارنايلار چېلىنىپ، كەنت ئىشخانىسى ئادەم قاينىمىغا ئايلىناتتى. ئېلىنغان لەۋھەلەر ئاجايىپ دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈلەتتى، چاۋاكلار ياڭرايتتى. شياۋدۇيجاڭلار ۋەدىنامىلەرنى بېرىشەتتى. ئەزالار: «بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق لەۋھەنىڭ بىرىنى قويماي ئالىدىغانلىقى» ھەققىدە بەس ـ بەس بىلەن سۆزلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، شۇجى ياكى كەنت باشلىقى بىرەر ئايغىچە بۇرۇتىنى ئىشىپ، تەلپىكىنى قىرلاپ، پوتىسىنى ئۈچ ئايلاندۇرۇپ يۆگەپ، خامانمۇ خامان، ئېتىزمۇئېتىز ئارىلاپ، لەۋھەنى قانداق ئالغانلىق جەريانىنى ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈرەتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى خۇشلۇقتىن خۇددى ماي سالغان چايدەك پارقىراپ كېتەتتى.

خالىق مەسخىرىلىك خىياللىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرغانمۇ بولاتتى. ئەمما نىياز پاڭنىڭ سىرتتىنلا ۋارقىرىغان ۋە پالاقلاپ ماڭغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مانا، مانا، خا كاتىپ ئاتايىتەن كەلگىنىدە، ئالدىغا چىقالمايتىمەن ئەمەسما؟ — نىياز بوسۇغىدىن ئىككىلا چامداپ كىرىپ خالىق بىلەن كۆرۈشتى، — ھارمىغايلا، ئۇچىنچى ئەترەتتە يازلىق يىغىم ـ تېرىم تەييارلىقى توغرىسىدا يىغىن ئېچىپ، ئۆزلىرىنى ساقلىتىپ قويۇپتىمەن، مانا...

— قېنى ئولتۇرغىن...

خالىقنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىدىن ئەندىككەن نىياز نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئۇ، تاماكا خالتىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئورالما غالتەك

قەغىزنى سۇندى. قارا مەخمەل خالتىسىدىن چىمدىپ تاماكا ئالدى، سەرەڭگە چاقتى. شۇندىلا، خالىقنىڭ چىرايى سەل ئېچىلغاندەك بولدىيۇ، لېكىن قاپاقلىرىدىن يەنىلا قار يېغىپ تۇراتتى. نىياز خالىزىم بولۇپ ساقلىتىپ قويغانلىقىدىن يېنىشلاپ ئەپۇ سورىدى. خالىق كۆك تاماكىنى ئارقا - ئارقىدىن شوراپ، دەردى چىققاندەك بولدى. ئاندىن نىيازغا تىكىلدى.

— مەن ساقلاپ قالغىنىمغا خاپا بولۇۋاتقىنىم يوق، — دېدى خالىق گەپنى ئەگىتمەيلا، — ساڭا تاغدەك ئىشىنىپ كامىلنى تاپشۇرسام، سەن ئۇنى قانداق تۇتتۇڭ؟ ئۇ تاغ ئۆچكىسىدەك تاغمۇ تاغ، باغمۇ باغ ئويناپ يۈرسە... خەتتە نېمە دەپ يازغىنىمنىمۇ ئاڭقىرالمىدىڭما؟ مەن سېنى قەھرىمۇ بار، زەھرىمۇ بار جىگەرلىك شۇجى، كامىلنى ئايرىم ئەمگەككە سېلىپ ئادەم قىلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق سەن راسا لاتا قاس - قاس، لاتا مۇسمۇس چىقىپ قالدىڭغۇ؟... قېنى ئېيتە، كامىلنىڭ ئامۇتلۇققا بېرىپ، نەفسە بىلەن كۆرۈشكەن ئىشىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ - يوق؟...

— شۇنداق ئىشمۇ بارمۇ تېخى؟...

— توۋا قىلدىم، ما بەندىنى! — خالىق يەرگە تۈكۈردى، — خوتۇنۇڭنىڭ خالتا بىجىقىنى ئېمىپ، سۈت ئۇيقۇڭدا ئۇخلىغان ئوخشىمامسەن؟... تېخى ئۇ مۇشۇ ئەللامەدە تۇرۇپ، نەفسەگە ئەلچىمۇ كىرگۈزدى...

— ئەستاغپۇرۇللا شەيتان، — نىياز پاڭ يوق ساقىلىنى يۇلدى، — بۇ... بۇ... رەجەپ كارناي دېگەن ستارىغا ئاچچىقى يامان، سىنىپىي كۆرەشنى تۇتتۇ، مەن... مەن دېگەن چوقاتماقنى ئېزىپ پىلىك قىلىۋېتىتۇ دەپ ئىشەنگەن تۇرسام...

نىياز پاڭ پالاق - پۇلۇق قىلىپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ ھويلىدا تۇرۇپلا ئات باقارنى چاقىردى. رەجەپ كارنايىنىڭ بىرمۇنچە ئەزالار بىلەن ئەترەتتە قالغانلىقىنى، ئۇنى پۈت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى . ئۇ ئىشخانىغا قايتىپ كىرىپ، تىترىگەن قوللىرىدا تاماكا ئوراۋېتىپ: «كامىل دېگەن شىۇجېڭجۇيىچى ئەتىگەن ئېڭىكىنى

تېگىشۋاپتىكەن، مەن تېخى رەجەپ كارناي ئۇردىمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن...» دەپ غودۇڭشۇپ قويدى.

ئىشخانىغا رەجەپ كارناي كىرىپ كەلدى. خالىق ئۇنىڭ دوغىلاق، تەمبەل گەۋدىسىگە، كۆزلىرىنى يېرىم يېپىپ تۇرغان ياپما قاپاقلىرىغا، تاماكىدىن سارغايغان بۇرۇتلىرىغا، قاپىرىپ تۆگە تاپىنىدەك تاراقشىپ كەتكەن ئالقانلىرىغا قاراپ ئىچىدە: «بۇ ئوغرىنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا، قاپىقىنىڭ زىيى بار نېمىدەك قىلىدۇ» دەپ ئويلىدى. رەجەپ كارناي، نىياز پاڭنىڭ قوللىرىنى شىلتىپ، تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ، چالۋاقاپ قىلغان سۆزلىرىنى گويا چۆچەك ئاڭلاۋاتقاندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ تىڭشىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قورققان، ئەندىككەن، چۆچۈگەندەك ئالامەتلەر زادىلا كۆرۈلمىدى. ئۇنىڭ دەلدۇشتەك قىياپىتىنى كۆرۈپ، خالىقنىڭ جەھلى قاتتى.

— ۋاي خۇدايىم، نىياز شۇجى نېمانداق قوقاستىكى قوماچتەك پاراسلاپ ئېتىلىۋېرىلا؟... — رەجەپ كارناي ئورۇندۇققا زوككىدە ئولتۇردى، — بولسا كامىل دېگەن شىۋجېڭجۈيىچىنى ئېلىپ كەتمەملا، مەنمۇ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلاي... تېخى مەن تۇتقۇزۇپ بەرگەن ئالىقاناتلار ئۇنى دۇمبالاپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ماڭا بىرەر مىزەممىتى يېتىپ قالارمىكىن دەپ، ئالىچىپار بولۇپ يۈرسەم، خۇددى دادىسىنىڭكىدىن ئانىسىنىڭ ئىشىپ كەتتى دېگەندەك، ما شالدىر ـ شاپىلاقنى كۆرەيمۇ؟...

— خوش، شۇنداق چىڭ تۇتقان ئىكەنسەن، ئەمىسە شەنبە كۈنى كېچىسى، — دېدى خالىق رەجەپ كارنايىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ، — نېمە ئۈچۈن كامىل ئاممۇتلۇققا بېرىپ، قىزلار بىلەن چاتاق چىقىرىدۇ؟...

— قاچان دېدىلە خالىق كاتىپ؟ — رەجەپ كارناي ھىيلىگەر كۆزلىرىنى ئويناتتى.

— ئالدىنقى شەنبە كېچىسى!...

رەجەپ كارناي خۇددى ئىسلىشىپ كەتكەن ۋاسىلارنى ساناۋاتقاندەك تورۇسقا يانتۇ قاراپ قالدى، بۇرۇتلۇق ئاغزى نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى. ئۇ چاغدا، كامىلنى كەچلىك دولقۇنغا قاتناشماي ئاممۇتلۇققا بېرىشقا ئۆزى

رۇخسەت قىلغانىدى. بۇنى قانداقتۇر لەنىتلەر بىلىپ قالغان چېغى... ئەمما رەجەپ كارناي ئۇنداق كۆرۈمسىز بولغىنى بىلەن، ئاسان بوزەك بولىدىغان، ئوڭايلا قوشقۇنغا ئولتۇرىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ تۇرمۇشتىكى بۇنداق ئىشلارغا سەگەك قارايتتى. ھەرگىزمۇ يوچۇق قالدۇرمايتتى.

— توۋا قىلدىم، خالىق كاتىپ قانداق گەپپا بۇ؟ — رەجەپ كارناي چىچاڭشىپ كەتتى، — ئېشىمدا يوق پۇرچاق، پوقامدا نېمىش قىلسۇنا؟... ئۆتكەن شەنبە پۈتۈن بىر كېچە ناسىراخۇن ساپايى، قادىر پاخلان، كامىل، مەن تۆتىمىز «ئۆردەك تاختا»نى ئوسا قىلغان تۇرساق؟... ئامۇتلۇققا ئۇ شىۋجېڭجۇيىچىنىڭ جىنى بېرىپتىما؟...

خالىق كاتىپ نىيازغا قارىدى. رەجەپ كارنايىنىڭ قاتتىق گېپىدىن ئوسال بولۇپ قالغان نىياز پاڭ مايىلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنى سىقىمداپ تالاغا ماڭدى. چۈنكى ئۇ ناسىراخۇن بىلەن قادىر پاخلاننى چاقىرتىپ كېلىشكە مال باقارنى ئەۋەتمەكچى ئىدى. بىراق رەجەپ كارناي ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا خىيالى تورۇسقا قاراپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ بايىلا ئات باقاردىن خالىق كاتىپنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ چوقۇم كامىلنىڭ ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلىدىغانلىقىنى تۇيغانىدى. شۇڭا، ئۇ ناسىراخۇن ساپايى، قادىر پاخلانلارغا كۆز ئىشارىسى قىلىۋېتىپ، دادۇيگە كەلگەنىدى.

نىياز پاڭ قايتىپ كىرىپ، خالىقنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، ئىككىسى تەڭلا رەجەپ كارنايغا قارىدى. بىراق ئۇ پەرۋايىسى پەلەك ھالدا تاماكا ئوراۋاتاتتى. چىرايىدا باشقىچە ئەنسىزلىك ئالامەتلىرى يوق ئىدى. ئۇلار بىر ئاز كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن، ئات باقار ناسىراخۇن، قادىر پاخلانلارنى باشلاپ كىرىپ، ئۆزى چىقىپ كەتتى.

— ۋۇي، ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خا كاتىپنىڭ مۇبارەك قەدىمى يېتىپتىكەن ئەمەسما؟ — دېدى ناسىراخۇن قول سوزۇپ كېلىپ، — ھارمىغايلا؟...

— ھارمىسىلا خا كاتىپ، پاي قەدەملىرى يېتىپ قاپتۇ، — قادىر

پاخلان ھىجىيىپ كەلدى، — گۇڭشېدىن قۇتقۇزۇش دەپ، كىگىز ـ پىگىز، يوتقان ـ پوتقان بېرىدىغان. . . ئەپكەلمىدىلىما؟ . . .
— قېنى ئېيتىڭلار، سىلەر ئىككىڭلار ئالدىنقى شەنبە كېچىسى نېمە ئىش قىلدىڭلار؟ . . . دېدى نىياز پاڭ چەكچىيىپ، — ئۇبدان سىنەكەپ بېقىڭلار.
ناسىراخۇن ساپايى بىلەن قادىر پاخلان بىر ـ بىرىگە قاراشتى ۋە تەڭلا كۈلۈپ قويۇشتى.
— خۇدانىڭ ئاق تاڭئاتقان كۈنى كار قىلىۋاتساق، — دېدى ناسىراخۇن قۇلىقىنى كوچىلاپ، — قايسى بىرسى خەتىمىزدە تۇرسىنا؟ ھۆددەس ئۇنتۇپ قاپتۇق ئەينا. . .
— قادىر پاخلان، سېنىڭ يادىڭدا بارمۇ، — دېدى خالىق، رەجەپ كارنايغا كۆز قويىرۇقىدا قاراپ قويۇپ، — ئۇبدان ئويلىنىپ باققىن.
— ئەمدى خا كاتىپ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى قىغ چىقىرتىمىز، ئوغۇت يۆتكەيتىمىز. . . قوناققا توپا يۆلەپ، بۇغداي ئوتايتىمــــىز. . . يەر ئۆرۈيتىمىز، — قادىر پاخلان گەدىنىنى قاشلىدى، — ئا، بۇ كار دېگەن ئىتنىڭ قۇرتىدەك مىغىلداپ تۇرسا، قايسى كۈنى نېمە ئىش قىلدۇق، قانداق خەتىمىزدە تۇرۇتا؟ . . .
— تەمسىلان ئالساق، — دېدى نىياز پاڭ بىردەم توختىۋېلىپ، — ئادەتتىكى ئەمگەك كۈنىگىدىن باشقا، ئارتۇق ئىشلەپ نومۇر ئالغان كۈنىڭمۇ بارمۇ؟ . . .
— مانا. . . مانا. . . ساي خەتىمگە كەلدى ئەمەسما؟ — ناسىراخۇن دەرھال قادىرغا قارىدى، — ئۆتكەن شەنبە بىر كېچە «ئۆردەك تاختا» نى ئوسا قىلىپ، ئون نومۇرغا ئىشلىدۇقيا؟ . . .
— ھە. . . ھېلىقى شيۇجېڭجۇيىچى ئوغرىنى لايغا پۇچۇلاپ ئۇرغان كۈنىمىز شەنبەمىدى؟ — قادىر پاخلان نىياز بىلەن خالىققا قارىدى، — قارىسام، ئۇ ئوغرى چىشىم ئاغرىدى دەپ، قىر بېشىدا ئولتۇرۇۋېتۇ، گەدىنىگە بىــر ھامپا سېلىـۋىدىم، لايغا دۈملا چۈشتــى. . . ئارقىدىن ناسىراخۇن پاق ـ پۇقلا سېلىۋىدى، كومشىكى ئېزىلىپ، ئاغزىدىن ئوقتەك

قان كەتتى. . .

خالق بەكمۇ ئۇسال بولدى. نىياز پاڭنىڭ «ئۇ، شىۋجىڭجۇيچى ئىڭىكىنى تىڭىۋاپتىكەن، رەجەپ كارنايىنى ئۇردىمىكىن دەپتىمەن. . .» دىگەن سۆزى ئېسىگە كېلىش بىلەن، ناسىراخۇن بىلەن قادىرنىڭ ئىيتقانلىرىغا تامامەن ئىشەندى. ئۇ قول ئىشارىتى ئارقىلىق «چىقىپ كېتىڭلار!» دىدى. لېكىن ناسىراخۇن:

— رەجىپاخۇن شىاۋدۇيجاڭ، بۇقۇسا چىشى سۇنۇپ كېتىپتىكەن ئەينا، گۆشى رېمونتخانىسىغا ئەكىرىپ پاياتلاپ چىقامدۇق ياكى يىڭىسىنى ئالامدۇق؟ — دىدى.

— مەن ھېلى بارىمەن. . . شۇ چاغدا بىر گەپ بولار، — دىدى رەجەپ كارناي خاپا بولغان قىياپەتتە، — ھە، قادىر، سەن ئېغىلنىڭ قىغىنى چىقىرىپ بولدۇڭمۇ - يوق؟

— ھېلى تۈگەيتۇ، — قادىر ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلىدى، — شىاۋدۇيجاڭ، ئۆزلىرى بىلىدىلا، ئانام كېسەل، قاتتىق - يىرىك تاماق سىڭمەيتۇ، شۇڭا، بىر چارەك قوناقنى بۇغدايغا ئالماشتۇراي دېۋىدىم.

گۆشى ئاشلىق پونكىتىغا ئىككىلىك خەت قىلىپ بەرگەن بولسىلىرى، نىياز شۇجىغا تەستىقلىتىپ ئالسام، مانا تامغا بېسىپ بېرىدىغان خالىق كاتىپ ئۆز ئايىقى بىلەن كېلىپ قاپتۇ. . .

— مېنىڭ مەيەدە «نەم - نەمگە» ئۇسسۇل ئويناۋاتقىنىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دىدى رەجەپ كارناي ياسىما ئاچچىقلاپ، — ئېشەك ئۆلۈۋاتسا، كۆتى غىجەك تارتىپتۇ دەپ، مەن نېمە غەمدە، بۇ نېمە كويدا؟. . .

ناسىراخۇن، قادىرلار چىقىپ كەتتى. تىزلىرىغا جەينىكىنى قويۇۋالغان رەجەپ كارناي يەرگە ئېڭىشكىنىچە بويىنىنى تولغاپ ئولتۇراتتى. خىجالەتچىلىك ئىچىدە قالغان خالىق بىلەن نىياز ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىنى بىلمەي، سۈكۈتكە چۆمدى. رەجەپ كارناينىڭ بايىقى ئىككىسىگە چېچىلىپ ۋارقىراشلىرىدىن ئۇنىڭ راستىنلا خاپا بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇ ئىشخانىغا كىرە - كىرمەيلا، نىياز پاڭنىڭ ئاغزىدىن چىققان بەزەپ گەپلەر خالىقنىڭمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنىدى. شۇڭا، ئۇلار بىر ئېغىزدىن

كەچۈرۈم سوراشتى. تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلماي، ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويغانلىقىغا ئۆكۈنۈشتى. ئەمما رەجەپ كارناي قېتىۋالغانىدى.

— نىياز شۇجى، مەن سىلىدىن خوش بوپكېتەي، — دېدى رەجەپ كارناي، — ئاشۇ شيۇجېگجۇيىچىنى باشقا ئەترەتلەرگە يۆتكەپ كەتسىلە... مەن راستىنلا قورقۇپ قالدىم. ئۇ ئەزالار بىلەن سەھەرلىك، كەچلىك دولقۇن، كۈندۈزلۈك كارىغا قاتناشقاندىن سىرت، كېچىلىك ۋەزىپىمۇ ئۆتەيدۇ... ئەتىسى قارىساڭ، كۆزلىرى گۆردەك ئولتۇرۇشۇپ، چىرايلىرى غازاڭدەك بولۇپ كېتىدۇ... تېخى ئەترىتىمنىڭ مىنبەگلىرى ساپلا قوپال نېمىلەر... ئۇ كېچىلىرى ۋەزىپىنى قىلىپ بولالماي، جىلى بولغىنىدىن، ئۆستەڭنى يار ئالدۇرۇۋېتىدىغان، خامانلارغا ئوت قويىدىغان، چارۋىلارغا زەھەر بېرىۋېتىدىغان ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغان بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلىپ قويسا، بۇنىڭ جاۋابكارلىقىدىن مەن چىقامدىم، ھەرقايسىلىرىمۇ؟... ئۇنىڭ ئۈستىگە، يازلىق يىغىم ـ تېرىممۇ كېلىپ قالدى.

خالىق ئويلىنىپ قالدى. رەجەپ كارنايىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئىدى. ئالىمادىس بىرەر ئىش توغۇلۇپ قالسا، رەجەپ كارناي: «مەن نىياز شۇجى بىلەن خالىققا دېگەن، لېكىن ئۇلار قۇلاق سالمىدى» دەپ ئارتىپ قويۇشتىن يانمايتتى. خالىق بۇ قېتىم خاتا ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى تەن ئالغىنىدا، ئۇنىڭ تۇردى ھېكىمگە بولغان غەزىپى قېنىدىن تاشتى. ئۇ، نەفسەنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، تۇردىنى: «يالغان قاۋاپ لوقمىغا ئېرىشىدىغان قوتۇر ئىت...» دەپ تىللىشىدىن، رەجەپ كارنايىنىڭ ئاچچىقلاپ قېلىشىدىن، ناسىراخۇن بىلەن قادىر پاخلاننىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىشەنچلىك ئىسپاتلىرىدىن تۇردى ھېكىمنىڭ يالغان پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىپ، خەۋەر سۆيۈنچىسى ئېلىش كويىدا بولغانلىقىنى بىلدى.

— مۇنداق بولسۇن رەجىپاخۇن، — دېدى خالىق مۇلايىم ئاۋازدا، — كامىلنى باشقا ئادەمگە بەرگەندىمۇ، ئۆزلىرىدەك چىڭ تۇتالمايدۇ... شۇڭا، ئۇنىڭ يەنىلا سىلىنىڭ ئالقانلىرىدا تۇرغىنى تۈزۈك. بۇنىڭدىن كېيىن، كېچىلىك ۋەزىپىنى بەرمەي، كۈندۈزدە چىڭ تۇتسىلا بولمامدۇ!...

— خالىق كاتىپنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭلا رەجىپاخۇن، — دېدى نىياز

سالا قىلىپ، باشقا دۈيجاڭلارنىڭ ھەممىسىنى دەڭسەپ كۆردۈم. بىرسى بۇرنىدىن يېتىلىسە ماڭمىدىغان ئۆي مىجەزلىك، بىرسىنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، يەنە بىرسىنىڭ جىگىرى يوق دېگەندەك لۆم-لۆم بىر نېمىلەر... كامىلغا ئوخشاش ئەكسىيەتچىلەر ئۇلارنى بىردەمدىلا كاپىتالىزم پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويىدۇ...

— بوپتۇ، ھەرقايسىلىرى بۇنداق دەپ تۇرغاندىن كېيىن، ماڭا نېمە ئىلاج؟ — رەجەپ كارناي نائىلاج ماقۇل بولغاندەك ئېغىر تىنىپ قويدى، — خالىق كاتىپمۇ بىر ئىشنى ئويلاپ، كېچىسى ئىشلەتمە دەيدىغاندۇر؟...

رەجەپ كارناي ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ سىرتقا چىقىپلا، كۆكسىنى تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئالدى-دە، ئۇلارنى: «قاغا مايىقى يەۋالغان دېۋەڭلەر!» دەپ تىللىدى. ئۇ كامىلنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەزالارغا ئۇنىڭ ناھەقچىلىقىنىڭ قۇربانى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن نىياز پاڭ كامىلنى سۈرۈشتە قىلىپ كەلسە، نېمە دېيىش لازىملىقىنى ئۆگىتىپ قويغانىدى. شۇڭا، كامىل ئېتىزدا بولمىغان كۈنلەردە، ئۇلار: «شىياۋدۈيجاڭ بىر يەرگە ئەۋەتىمەن دەپ يۈرەتتى. يار كەتكەن ئۆستەڭدىمىكىن؟ ئېشەك ھارۋىسىدا لاسكويدىن پىلە سۈيى توشۇۋاتامدىكىن ياكى دەريا قۇرۇلۇشىغا شاخ يۆتكەپ كەتكەن ئوخشايدۇ...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇنى قوغدايتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ خالىق، نىيازلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇشىمۇ تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس ئىدى، كامىلنىڭ ئامۇتلۇققا كەتكەن ئىشىنى ناسىراخۇن، قادىرلارغا ئېيتىپ، كېيىنكى ئېھتىماللارنى مەسلىھەتلىشىۋالغانىدى.

رەجەپ كارناي كۆرۈنۈشتە ناھايىتى قوپال، باغرى تاش، قاپىقى ياماندەك كۆرۈنەتتى. بۇزۇق ئۇنسۇر، پومېشچىك، باي دېھقانلارنى كۆرەشكە تارتقاندىمۇ ۋار-ۋۇر ۋارقىرايتتى. مۇناسىۋەتسىزلا سوئاللارنى سوراپ، يىغىن كەيپىياتىنى سۇسلاشتۇرۇپمۇ قوياتتى. ئۇنىڭ سورىغان سوئاللىرى، يوغان ئاۋازدا ۋارقىراشلىرى ئىككى بىسلىق بولۇپ،

كۆرەشكە تارتىلىۋاتقان ئادەمنى بىر قارساڭ تىللاۋاتقاندەك، زەن سالساڭ ئاقلاۋاتقاندەك بىلىنەتتى. دېھقانلارنىڭ زېرەكلىرى ئىچىدە خوش بولسا، دېۋەڭلىرى خاپا بولۇشاتتى. غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمنى ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىپ كۆرەش راسا قىزىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇ: «ھەي پوم، كۆردۈڭمۇ ئەزالىرىمىزنىڭ غەزىپىنى؟ ھەم خوپ بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە «مۇت»① قا دورا يېگۈزۈپ، مۇتقا تومۇر تۇت. خوپ بولدىما ئەمدى، جاجاڭنى يېدىڭمۇ؟ . . . ئۇلار سېنىڭ قۇۋۋەتلىك دورىلىرىڭنى يەپ، راسا تەيلىنىپ، مانا مۇشۇنداق مەيدەڭگە تېپىدۇ. . . ئىنقىلابىي دېھقانلىرىمىز سېنىڭ ساخاۋىتىڭگە مانا مۇشۇنداق جاۋاب بېرىدۇ يا. . . ۋۇي، ئۆزىنى بىلمىگەن پوم. . . » دېيىشى بىلەن، خۇدىنى بىلمەي سەكرىشىۋاتقان بەزى دېھقانلار باشلىرىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇلارنىڭ زوۋانى ئېچىلماس بولۇپ قالدى. تېخى كامىل ئەللامەگە كېلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، سارىخان پاخپاق دېگەن تول ئايال مەيدانغا چۈشۈۋېلىپ، غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمغا قوللىرىنى شىلتىپ، ئۇنىڭ پېشانىلىرىگە نوقۇپ، دەيدىغان گېپىنىڭ تايىنى يوق، ناھايىتى بىشەملىك قىلدى. ئۇ ئەسلى «بەش كېپىل②» ئائىلە بولۇپ، ئېرى دەريا ئەمگىكىدە ئۆلگەندىن كېيىن، ئۈچ بالىسى بىلەن قالغانىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، دادۈي كادىرلىرى ئۇنى قۇم بىلەيدە راسا چاقلاپ ئېلىپ چىققاندەك قىلاتتى. يەنە كېلىپ، شۇ كۈنلەردە، «گوڭشې نامرات ئائىلىلەرنى كىگىز - كېچەك بىلەن قۇتقۇزىدىكەن» دېگەن گەپ تارقالغانىدى. بولمىسا، سارىخان پاقپاقنىڭ ئون ياشلاردىكى بىر تاللا ئوغلى قارا كېزىك بىلەن ئاغرىپ، بۈگۈن - ئەتىلىكى قالدى دېگەندەك قورۇلۇپ قالغاندا، غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىم ئۇنى ئۆز ئۆيىدە ياتقۇزۇپ داۋالاپ، ساقايتقانىدى. مانا ئەمدى «قۇتقۇزۇش» نىڭ

---

① مۇت — بىكارغا، ھەقسىز.
② بەش كېپىل — بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە.

ھىدى كېلىش بىلەن، ئۇ تۇزنى يەپ، تۇزلۇقىنى چاققاندەك ئىش قىلىۋاتاتتى. دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇرسا، بەزىلىرى نارازىلىق بىلەن چاكىلدايتتى. غۇدۇرايتتى. رەجەپ كارناي توپ ئارىسىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

— ھەي پومەك ماڭا بىر قارا! — دېدى رەجەپ كارناي ۋارقىراپ، — سەن بۇ تۇل خوتۇن بىچارىنىڭ بالىسىنى يىگىرمە نەچچە كۈن ئۆيۈڭدە داۋالاپ، ساقايتىپ، كۆز ئاغزىدىن قايتۇرۇپ كەلدىڭ... شاخا بىجىقلىرى تۇلۇم چاشقاندەك ماراپ تۇرغان يىرتىق ماتا كۆڭلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۇچ مىتىر چىت بەردىڭ... ھېچقايسىسىغا ھەق ئالمىدىڭ... بۇنداق قىلىشىڭكى ئەكسىيەتچى مەقسىتىڭ زادى نېمە؟... ئەمما سارىخان پاخپاقنىڭ ئىنقىلابىي سەۋزەيىگۈرلىكى ① ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قىلغان ساخاۋىتىڭنىڭ تېگىنى بىلىۋالدى!... ئۇ ئەتىۋارلىق بىر تال ئوغلىنىڭ سەندەك پومەكنىڭ قولىدا داۋالىنىپ ساقايغىنىدىن كۆرە، ئۆلگىنىنى ئەلا بىلەتتى... ماۋۇ ئۇچىسىدىكى چىت كۆڭلەكنى كىيگەندىن كۆرە، موزايدەك يالىڭاچ يۈرۈشنى خالايتتى... شۇنداق ئەمەسما سارىخان پاخپاق؟...

توپ ئارىسىدا بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلدى... دەسلەپتە ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالغان سارىخانغا رەجەپ كارناينىڭ كېيىنكى گەپلىرى تىك كەلدى.

— كىم بالىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدىكەن؟ قايسى ھاماقچاڭ موزايدەك يالىڭاچ يۈرىدىكەنا؟... — سارىخان پالاقشىپ توپ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى، — ھۇ، قوتاز پىتى چېقىۋالغان ساراڭلار...

— سارىخان ئاچا، — دېدى توپ ئارىسىدىن شىتىلى ياشلاردىن بىرى، — كۆڭلەكنى سېلىۋەتسىلە دەيمەن، بولمىسا پومەكنىڭ قۇچىقىدا ياتقاندەك بولىدىلا!...

— شۇنداق قىلسىلا، — دېدى يەنە بىرى ھەزىلگە كۆز چىقىرىپ، — بىز

---

① سەۋزەيىگۈرلىكى — سەزگۈرلىكى دېمەكچى.

كۆزىمىزنى يۇمۇپ تۇرىمىز... بىر قولۇلىرىدا ئارقىلىرىنى، بىر قولۇلىرىدا ئالدىلىرىنى تۇتۇپ، دادۇينىڭ ئىنىكىدەك چىپىپ چىقىپ كەتىسلە...

— ۋۇي مەزلۇم خەقنىڭ ئەندامىسىنى كۆرمىگەن ئاچكۆزلەر، — تىللىدى سارىخان، — تىلىڭغا هوناق چىقار ئىلاهىم...

... رەجەپ كارناي مانا شۇنداق غەلىتە ئادەم ئىدى!... غۇجا باهاۋۇدۇن هاجىم ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بىر كۈن كەچكىچە كۆرەش مەيداندا دوڭغىيىپ، ئۆيىگە تەمتىلەپ ئارانلا كېلەتتى. بىراق كېچىلىرى رەجەپ كارناي ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بەل - پۇتلىرىنى تۇتۇپ، ئۇۋۇلاپ، ئۇنىڭ بىلەن خېلى بىر چاغلارغىچە پاراڭلىشىپ چىقاتتى.

... رەجەپ كارناي دادۇيدىن چىقىپ، گۈلنىساخان لاڭقىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. كامىل ياتىقىدا ئېڭەكلىرىنى تېڭىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى چىشى ئاغرىپ، تۈنۈگۈن گۈڭشې دوختۇرخانىسىدا ئېغىز چىشىدىن بىرنى تارتقۇزۇۋەتكەنىدى. بىراق ئۇنىڭ چىشىنىڭ مىلىكلىرى قىزىرىپ، ئېڭەكلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. كامىل چىش تارتقان سېستىرا قىزنىڭ كەسپىگە مۇكەممەللىكىدىن گۇمان قىلاتتى. چۈنكى ئۇ چىش تۈۋىگە ئوكۇل قىلىشتىمۇ، چىشنى تارتىشتىمۇ كامىلنى بەك قىينىۋەتكەنىدى.

رەجەپ كارناي كامىلنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى غۇجا باهاۋۇدۇن هاجىمنىڭ ئۆيىگە ئاپارماقچى بولۇپ خېلى زورلىغان بولسىمۇ، ئۇ ئەتىگىچە قاراپ باقايلى دەپ ئۇنىمىدى. لېكىن ئەتىسى ئەتىگەندە، گۈڭشېدىن شولاقتا زەيكەش كولاشقا هاشار بۇيرۇقى چۈشتى. ئەترەتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك ئاساسي ئەمگەكچىلىرى يوتقان - كۆرپە، قازان - قومۇچلىرىنى هارۋىلارغا بېسىپ، ئېشەكلەرگە ئارتىپ، پايىپيادە بولۇپ يۈرۈشەتتى. چىش ئاغرىقى بېسىقىپ، ئىششىقلىرىمۇ بىرئاز يېنىپ قالغان كامىلمۇ يۈك - تاقىنى تېڭىپ چىققانىدى. رەجەپ كارناي بىلەن دېھقانلار ئۇنىڭغا بارماسلىقنى، زەيكەش كولاشنىڭ ئېغىر ئەمگەك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ توسقان بولسىمۇ، ئۇ كەنتتە قېلىشقا زادىلا

ئۇنىمىدى.

— رەجەپكا، — دېدى كامىل ئۇنىڭ قۇلىقىغا، — مېنى بارغىلى قويسىلا، ئۆزلىرىگىمۇ، ماڭىمۇ ياخشى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يەردە قېرى - چۆرە ئاياللار بىلەن زېرىكىپ قالىمەن.

— مۇئەللىم، ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن تىزغىچە پاتقاق سۇدا تۇرۇپ بەش كۈن لاي سۈزىدىغان گەپ.

— ھېچقىسى يوق، چىدايمەن.

كامىل دېھقانلار بىلەن پىيادە شولاققا كىرىپ كەتتى. شولاق — ئەسلى بوستان يېزىسىغا قاراشلىق ئاپئاق شورلۇق يەرلەر بولۇپ «خېنى[①]» دەپمۇ ئاتىلاتتى. بوستان دېھقانلىرى «خېنى» دا، ھەريىلى شور ئېقىتىش، جىگدە كۆچەتلىرى تىكىش، زەيكەش كولاش ئارقىلىق تېرىلغۇ يەر ئېچىش جېڭى ئېلىپ باراتتى. ئەمما، تەكلىماكان چۆللىرىدىن تىنىمسىز چىقىپ تۇرغان بورانلار زەيكەشلەرنى قۇم بىلەن تىندۇرۇپ، جىگدە كۆچەتلىرىنى قۇرۇتۇۋېتەتتى. شۇنداقتىمۇ، جاپاغا كۆنۈك ئەمگەكچان خوتەن دېھقانلىرى تەبىئەت بىلەن بولغان بۇ شىددەتلىك جەڭنى زادىلا توختاتمايتتى.

چۆلدە زەيكەش كولاش جىددىي كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەرگە بوستان يېزىسى بويىچە نەچچە مىڭلىغان دېھقان توپلانغانىدى. كەتمەنلەرنىڭ تاراڭ - تۇرۇڭى، لاي سۇ ۋە پاتقاقلارنىڭ شالاپ - شۇلۇپى ئۈزۈلمەيتتى. زەيكەشنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەر پەسكە لۆمۈلدەپ چۈشۈۋاتقان قاپقارا لاۋىنى يۇقىرىغا ئۆرىدەپ تارتسا، زەيكەش ئىچىدىكىلەر سۇ ئىچىدىن بەزلىشىپ كەتكەن لايلارنى سۈزەتتى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە لاي چاچراپ، ھەتتا كۆزلىرىنىمۇ ئاچالماي قالاتتى. دېھقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كالتە ئىشتان بىلەنلا ئىشلەيتتى. زەيكەشتىن چىقماي ئىشلىگەن كامىلغا سۇ زىيان قىلدىمۇ ياكى نەملىك يەل كەلدىمۇ، ئىش قىلىپ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ ئېگەكلىرى يۈزلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئىششىپ كەتكەنىدى. ئېلىۋەتكەن چىشىنىڭ

---

① خېنى — خېنىيە، خان يېرى ياكى ۋەخپە يەرلەر.

ئورنىغا قارىغاندا، مېڭىسى بەكرەك ئاغرىۋاتاتتى، ئاغرىققا چىدىيالماي دۇم يانقان كامىل ئاغزىنىمۇ ئاچالماس بولۇپ قالدى. رەجەپ كارناي ئۇنىڭغا سۇيۇق ئۇماچنى قوشۇق بىلەن ئىچۈرەتتى. قېرى دېھقانلارنىڭ نەسىھەتى بىلەن يەرلىك داۋالاش ئامالىلىرىنى قىلىپ باقتى، لېكىن كامىلنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتتى. رەجەپ كارناي ئۇتتى كەچتە هارۋىغا ياتقۇزۇپ، يوتقاننى قىپچىپ يۆگەپ، بوستان گوڭشې دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلدى. هېكمەت ماھىگۇلنى قوتقۇزىمەن دەپ يارىدار بولغاندا داۋالىغان ئابلىمىت دوختۇر ئۇنى بىر قور تەكشۈرۈپ، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىمىسە بولمايدىغانلىقىنى، چۈنكى، مېڭىگە قان چۈشۈش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتتى. رەجەپ كارناي كامىلنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، دەرھال بوستانغا قايتتى. ئۇ ئەللامەگە كېلىپ، بىر ئېشەكنى مىندى ـ دە، بوۋاي قەمبەر مەكتىپىگە كېلىپ نەفىسەگە خەۋەر قىلىپ قويدى.

كامىل ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا ئون كۈن ياتتى. ئابدۇقادىر دوختۇر جىددىي داۋالاش ئارقىلىق، مېڭىگە چۈشۈش ئېھتىمالى بولغان قاننى توختىتىۋالدى. بولۇپمۇ غۇلجىلىق تېلىۋالدى دوختۇر كامىلنىڭ هېكمەت بىلەن يېقىن دوست ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى كۈنىگە نەچچە ۋاق تەكشۈرۈپ تۇردى. سەئىدە، نەفىسەلەرمۇ يېنىدىن زادى ئايرىلمىدى. كامىل ساقىيىپ ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، چىشى كىرىشىپ، ئاغزى ئېچىلماس بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا دوختۇرلارمۇ ئامال قىلالمىدى. دوختۇر ئابدۇقادىرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئىككى يىل ئىلگىرى ئېغىز چىشىنى تارتقۇزۇپ خۇددى كامىلدەك چىشى كىرىشىپ قالغان بىر دېھقاننى ئۇلار ئالتە ئاي داۋالاپ، ئاخىرى شاڭخەيگە ئەۋەتكەن. ئۇ يەردىمۇ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچالمىغان. چۈنكى، ئوپېراتسىيە قىلغاندا، مېڭىگە قان چۈشۈپ هاياتىغا خەۋپ يېتىش ياكى بولمىسا ئاغزى يېپىلماس بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىكەن. ئۇ دېھقان ئىككى يىلدىن بېرى سۇيۇق ئۇماچنىلا چىش ئارىلىقلىرىدىن شۈمۈرۈپ ئىچىپ، ياشاپ كېلىۋېتىپتۇ. . .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان رەجەپ كارناي كامىلنى هارۋىغا سېلىپ ئەللامەگە

ئېلىپ كەتتى. ئۇ شۇ كېچىسىلا غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئۆيىگە ئېغىر ئەل ياتقۇ ۋاقتى بىلەن كامىلنى باشلاپ كىردى. ھاجىم كامىلنىڭ تومۇرلىرىنى تۇتتى. كۆزىنى تەكشۈردى، تىرناقلىرىنى بېسىپ، رەڭ ئۆزگىرىشلىرىگە سەپسالدى. ئۇ خوتەن قەغىزىگە قاتىرىسىغا ئالتە خىل دورا ئۆسۈملۈكى ئۇرۇقلىرىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ، رەجەپ كارنايىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— رەجىپاخۇن، قوللىرىدىكى دورا ئۇرۇقلىرى شەھەردىكى سەكسەن خالتىلاردىن تېپىلىدۇ، — دېدى ھاجىم مۇلايىملىق بىلەن، — ھېلىمۇ ياخشى، بۇنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك دورىلىرىنى ئۆتكەندە ئىككىلىرى دورىخانىدىن بىلگەندەكلا ئەچىقىۋاپتىلىكەن.

— بۇ يېزىپ بەرگەنلىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدە يوقمۇ؟

— بۇلار نىياز شۇجىنىڭ ئامبىرىدا. . . سورىساق، ئۇنى گۇمانغا سېلىپ قويارمىزمىكىن؟ — ھاجىم مەنىلىكلا كۈلۈپ قويدى، — مەن بىر مەلھەم ياساپ بېرەي. . . ئىنشائاللا، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنۇمىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

رەجەپ كارناي ئەتىسى سەھەردە ئەترەتنىڭ يارامىلىق ئېشىكىنى مىنىپ، شەھەرگە كىرىپ كېتىپ، چۈش پېشىن بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇ غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمغا ئالغان دورا ئۇرۇقلىرىنى تاپشۇرۇپ، ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويغان بىر قىسىم مۇھىم دورىلارنى ئەكىلىپ بەردى. شۇ كۈنى كەچتە، ھاجىم خۇددى ئارپا خېمىرتۇرۇچىدا ئېچىتقان ئېچىتقۇدەك قاڭسىق، كۆكۈل ئېلىشقۇدەك بەدبەشرە قويۇق بوتقىنى كامىلنىڭ يۈزىگە ۋە ئىككى چېكىلىرىگە چاپلاپ، خوتەن قەغىزى بىلەن يۆگىدى ـ دە، ئۇنىڭ ئۈستىدىن قىزىنىڭ رومالىدا چىگىۋەتتى. قالغان مەلھەمنى رەجەپ كارنايغا تۇتقۇزدى.

— چاپلانغان مەلھەمنى ئەتە كەچتە ئېلىۋېتىپ، يېڭى مەلھەم چاپلىسىلا بولىدۇ، — دېدى ھاجىم ئۇلارنى ئۇزىتىۋېتىپ، — كۆپرەك ئاپتاپتا قاقلىنىپ بەرسۇن. . .

گۈلنىساخان كامىلنىڭ يۈزىدىكى مەلھەمنى ئۈچ قېتىم ئالماشتۇردى. بۇ ئايال ھازىر گويا ئۆيىگە خىزىر ئەلەيھىسسالام شەپقەت نۇرىنى چاچقاندەك

ناھايىتى خۇشال ئىدى. كامىل رەجەپ كارنايىنى قاشىغا باشلاپ بېرىپ، ھارۋىكەش بىلەن بىر سائەتتەك سۆزلىشىپ، ئۇنى يىغلىتىۋەتتى. ئۇ ھازازۇل خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنىدى. كامىل شۇ كۈنىلا بىر ئوغۇل، بىر قىزنى باشلاپ كىرىپ كەلگەندە، گۈلنىساخان ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغىلى تاسلا قالدى. بالىلار «ئانا...» دەپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ قويۇپ بەرمىدى. گۈلنىساخان ئۇلارنى سىلاپ يىغلىغىنىچە، بالىلىرىنى قۇچاقلايتتى... ئۇلارغا تويماي - تويماي قارايتتى... ئەمالاردەك يۈزلىرىنى سىيلايتتى... كۆز ياشلىرى بىلەن سۆيەتتى... ئۇ ئاۋازلىرى پۈتۈپ، كاركىراپ قالغۇچە يىغلىدى... ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭ بالىلىرىنى قايتا باغرىغا سىلىپ، يەنە ئون ئاي قورساق كۆتۈرگۈسى بار ئىدى... كامىل ئۇنىڭغا: «بالىلارغا ئاق ئۇندا ئوبدانراق تاماق قىلىپ بېرىپ، ئەتە ئەتىگەندە يولغا سېلىۋەتسىلە، بولمىسا مەكتەپكە كېچىكىپ قالىدۇ...» دەپ چىقىپ كەتتى. لېكىن، كامىل ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىققاندا، گۈلنىساخان روكۇدىكى بوۋىمدەك پېشانىسىنى توپىغا يېقىپ، ئىشىكى ئالدىدا سەجدە قىلىپ ياتاتتى... مانا شۇنىڭدىن كېيىن، ھارۋىكەش ئىككى بالىسىنى باشلاپ، گۈلنىساخاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. بالىلىرىمۇ پات - پات يوقلاپ تۇردى. شۇڭا گۈلنىساخان كامىلنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆتەتتى، يوقلاپ كەلگەن نەفسەنى كېچىلىرى ئۆزى ئامۇتلۇققا ئاپىرىپ قويااتتى. دېھقانلار ئەتىسى - ئاخشىمى بىرەر قاچا تاماق، بىرنەچچە تۇخۇم، ئەڭ بولمىسا بىرەر شاپاق كاۋا بولسىمۇ پىشۇرۇپ، كامىلنى يوقلايتتى. بىر كۈنىسى ناسىراخۇن ساپايى جەينەكتەك دادىسىنى ھاپاش قىلىپ، كامىلنى كۆرگىلى كەلدى. يۈز ياشقا ئۇلىشىپ قالغان بوۋاي كامىلنىڭ يۈزلىرىنى سىيلىدى، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ، كۆپ سۆپلەپ ھۆرىدى، ھەممە كىشىنىڭ كامىلغا خەيرخاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزلىرىنى سۈرتتى ۋە:

سەن ئېرىز ئەتكەن قۇلۇڭنى خار ئېتەلمەيدۇ كىشى،
سەن ئەگەر خار ئەيلىسەڭ ھەر جايغا بارسا خار كىشى...

دەپ غەزەل ئوقۇدى. ناسىراخۇن ئىنىسىنى بوز يەردىن كەنتكە يۆتكەپ كېلىش ئىلتىماسىنى ۋاڭ لىمىڭ شۇجىنىڭ تەستىقلىغانلىقىنى، بۇ كاملىنىڭ يېزىپ بەرگەن ئىلتىماسىنىڭ كارامىتى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭغا رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتتى...

گۇلنىساخان كاملىنىڭ يۈزىگە تۆتىنجى قېتىم مەلھەم قويۇپ، بەشىنچى كۈنى ئەتىگەنگە كەلگەندە، ئۇنىڭ كىرىشىپ قالغان چىشلىرى بوشاپ قالغانىدى. ياڭاقىدىكى قېتىپ كەتكەن مۇسكۇللىرىمۇ يۇمشىغاندەك بىلىندى. كامىل خوشلىقىدىن، چوكىنىڭ ئۇچىنى كېسىپ ۋە ئۇنى ياپىلاغلاپ، چىشىنىڭ ئىككى يېرىگە «پانا» قىستۇرۇپ قويدى. بۇ پانا ئەتىسى بوشاپ كەتكەنىدى. غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىم رەجەپ كارنايغا «قىزىل گۈل مېيى»نى بېرىپ، ئۇنى كاملىنىڭ چېكە، پېشانە، دۈمبىلىرىگە سۈۋاپ، ئاپتاپتا ئۇۋۇلاپ بېرىشنى بۇيرۇدى. شۇڭا، گۇلنىساخان باغنىڭ راسا ئاپتاپ چۈشكەن يېرىگە كىگىز سېلىپ، ئۇنىڭ چېكە، ياڭاق، پېشانىلىرىنى قوللىرى تېلىپ كەتكۈچە ئۇۋۇلىدى. كامىل سامان تەكيىگە بېشىنى قويۇپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. بىر چاغدا، گۇلنىساخاننىڭ يۈزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى چىقمايتتى. پەقەت مىچىلداپلا قوياتتى. قاشلىق ھارۋىكەشتىن ياكى باللىرىدىن بىرەر ئازار يېگەنمىدۇ ياكى مەندىن رەنجىپ قالغانمىدۇ دەپ ئەنسىرىگەن كامىل ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى:

— گۇلنىساخان ئاچا، يىغلاۋاتىدىلىغۇ، سىلىگە نېمە بولدى؟...

— بىلمەيمەن ئۆزۈمچىلا، — دېدى گۇلنىساخان رومىلىدا يېشىنى سۈرتۈپ، — بەزىدە نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق بىر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن؟ دەپ ئويلاپ كېتىمەن. بىرەر تىلەمچىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولسامۇ، بۇنداق كۈنلەرگە قالمىغان بولاردىم.

— ئادەم ئۆزىنىڭ قانداق ئائىلىدە دۇنياغا كېلىشىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ، — دېدى كامىل، — ئەڭ مۇھىمى ئۇ باي بولسۇن، نامرات بولسۇن، گەپ ئۇنىڭ ھالال ياشىشىدا...

— مەن قىز ۋاقتىلىرىمدا، ھۆزۈر-ھالاۋەت ئىچىدە تۇرۇپمۇ، بىر نامرات يىللىقچىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا قېچىپ تەگكەنىدىم، — دېدى گۈلنىساخان ئېسەدەپ، — بىراق بۇ ھېسابقا ئېلىنمىدى. پەقەت دادامنىڭ تەركىبى پومېشچىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئىللىق ئۆيۈمدىن، ئېرىمدىن، بالىلىرىمدىن ئايرىلدىم. مەن بۇ داغنى ئۆمۈرۋايەت يۇيالمايدىغان ئوخشايمەن... كىشىلەر خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلدىن قورققاندەك، مەندىن قاچىدۇ... ئويلاپ باقسىلا، يىللاپ-يىللاپ گەپ قىلماي ئۆتۈش ئاسانمۇ؟... بەزى چاغلاردا ئىتقا، مۈشۈككە بولسىمۇ گەپ قىلغۇم، دەردلىرىمنى تۆكۈپ مۇڭداشقۇم كېلىدۇ... ئامالىم قانچە؟ ئۇلارمۇ مەندىن يۈز ئۆرۈگەن بولسا كېرەك... كىشىلەرنىڭ خۇشال كۈلۈشۈپ ئۆتكەنلىرىنى، پاراڭلىشىپ ماڭغانلىرىنى، ۋار-جۇر ئۇرۇشقانلىرىنى ئاڭلاپ قالىمەن... مەنمۇ قاچان شۇلار قاتارىدا بولارمەن، دەپ پەرياد چېكىمەن!... خۇدايىم سىلىنى مېنىڭ بۇ ۋەيرانە غەمخانەمگە يەتكۈزدى!... سىلى مېنى پومېشچىك دېمىدىلە... ئادەم قاتارىدا گەپ قىلدىلا... كۆڭلۈمدىن چىقىرالمىغان ئادىمىمنىڭ دىلىغا ئىنساپ-ۋاپا نۇرىنى چاچتىلا... يۈرەك پارىلىرىم بىلەن دىدارلاشتۇرۇپ، مەندەك باغرى سۇنۇق ئانىغا ئىككى ئالەم شادلىقى بەردىلە. سىلە بالىلىرىمنى باشلاپ ئەكەلگەن كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدىم... ئاھ خۇدا، دۇنيادا مۇنداقمۇ پەرىشتەدەك بەندىلىرىڭ بار ئىكەن... ئەمما، سېنىڭ ھۆنرىڭ ياخشىلارغا ئازاب سېلىشمۇ؟ ئۇنىڭ بېشىغا سالغان دەردلىرىڭنى مەندەك بىر ساياق مەزلۇمغا بەرسەڭ بولمامدۇ؟... دەپ نالە قىلدىم... ئاھ خۇدا!... ئاھ خۇدا!... مېنى قايسىبىر ئازغان كۈنۈڭ يارىتىپ قويغان بولغىيتىڭ؟...

— كۆڭۈللىرىنى چاچمىسىلا گۈلنىساخان ئاچا، — دېدى كامىل چىش ئارىلىقلىرىدىن تەستە سۆزلەپ، — سىنىپىي تەركىب دېگەن ئوغرى ئاچالمايدىغان ساندۇق ئەمەس، ئويلاپ باقسىلا، غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىمۇ تەركىبىي پومېشچىك دەپ سالمىغان ئازابلىرى قالمىدى. بىراق ئۇنى دېھقانلار ئەۋلىيادەك ھۆرمەتلىشىدۇ... ھاجىممۇ ئۇلارغا ھىممەت

قولىنى ئېچىپ، ساخاۋىتىنى ئايىمايدۇ. . . ئەمدى نىياز پاڭنىڭ تەركىبى بولسا كەمبەغەل. . . لېكىن ئۇنىڭدىن ھەممە كىشى بىزار. . . چۈنكى ئۇ قارا كۆڭۈل ئادەم. . . شۇڭا تەركىبنى ئۆزلىرىگە يۈك قىلىۋالمىسىلا. . . بۇ ئىشلارمۇ كېيىنچە ئۆز ئىزىغا چۈشىدۇ. . .

— شۇنداقمۇ بولارمۇ؟

— چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. . .

گۈلنىساخان كامىلنى ھەركۈنى ئىككى نۆۋەت بىرەر سائەتتەك ئوقۇلىدى. بەزىدە، رەجەپ كارناي، ناسىراخۇن، قادىر پاخلانلارمۇ ياردەملەشتى. بىرنەچچە كۈن «قىزىلگۈل مېيى» سۈۋاپ، ئاپتاپتا ئوۋۇلاشلارنىڭ تەسىرىدىن، كامىلنىڭ كىرىشىپ قالغان چىشى تاماق يېيەلىگۈدەك ئېچىلدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قۇرۇتقان قەغەزدەك نېپىز كاكچىنى سوقۇپ، قىزىق چايدا ئۇماچ قىلىپ، چىش ئارىلىقىدىن شۇمۇرۇپ قۇرۇقداپ كەتكەن كامىل دەپ ئېيتقۇسىز خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمغا، رەجەپ كارنايغا، ئەللامە دېھقانلىرىغا بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتى چەكسىز ئىدى. . .

# دوستلار ئۇچۇن. . .

ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرى. ھېكمەتنىڭ يېڭئېرىق سۇ ئامبىرىدا سۇرگۇندە ئىشلەۋاتقىنىغا ئىككى يېرىم ئاي بولاي دەپ قالدى. سۇ ئامبىرى ئەتراپىدىكى ئايدالانى قاقاس ئاپتاپ تونۇردەك قىزىتىپ، يىراق كەنت ئىزنالىرىدىكى بۇغدايلار سارغىيىپ، ئارپىلارغا ئورغاق سېلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. سۇ ئامبىرىنىڭ توسما ئۈستى، ئاستى ھەم يانباغىرلىرىنى خۇددى بوراندا تۆكۈلگەن قارا ئۇجمىدەك يېپىۋالغان دېھقانلار تومۇز ئىسسىقتا لۆمۈلدەيتتى. . . قىمىلدايتتى. . . ئۇلارنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن دۈمبە، دول، بىلەكلىرىنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ، قاپقارا چىرايىدىكى غوزىدەك ئېچىلغان كۆز پاختىلىرى ئاپئاق پارقىراپ تۇراتتى. تاغار يۈدۈگەن كۆسەيدەك ئورۇق بەدەنلەر ئېغىر پۇشولدىشىپ، توسما

ئۇستىگە يامىشاتتى. كۆكلەك ئېتەكلىرىنى بەللىرىگە يۆگىۋالغان ئايالىلارنىڭ دۇمبىلىرى بىر قات لاي بولۇپ، چىت تامباللىرىنىڭ كەڭ پۇشقاقلىرىنى پالاقلىتىپ يۈگۈرۈشەتتى. بەزىلىرىنىڭ يالاڭ پاقالچاقلىرىدا ساقىپ چۇشكەن خۇن ئىزنالىرىمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. ئاپتاپتا كەتمەن - كۈرەك بىسلىرىدىن يانغان نۇر يالت - يۇلت پارقىرايتتى. ۋارقىرىغان، تاراڭ - تۇرۇڭ قىلغان ئاۋازلار، قاڭنىڭ بىر خىلدا گۇپۇلدىشى، قۇم تاغىرى ئارتىلغان ئېشەكلەرنىڭ هاڭرىشى، شىغىل توشۇۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ناگان - ناگاندا گۇركىرىشى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇش مەيدانىنى شاۋقۇن - سۈرەنگە تولدۇرغانىدى. بەزىدە كەتمەن - كۈرەك تالىشىپ، توپا قازىدىغان يەرلەردىن قىزغىنىشىپ، ئۇرۇشقان، تىللاشقان ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

دېهقانلار چۈشتە بىردەم - يېرىمدەم ئارام ئېلىپ، ئىش مەيدانىدىلا زاغرا ۋە ئارپا كۆمەچلىرىنى يەۋالاتتى. كەچ بولغاندا، هەربىر گۇڭشې، دادۇي، شياۋدۇيلەر قونالغۇ قىلىۋالغان ئاي دالاغا كېلىپ، قازانلىرىنى، رو كورىلىرىنى، سىرى چۈشۈپ داتلىشىپ كەتكەن كۈرۈشكىلىرىنى ئوچاقلىرىغا ئېسىشاتتى. يەرنى ئويۇپ ياكى ئۈچ تال تاشنى تىزىپلا ياسىۋالغان بۇ ئوچاقلار قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى. دېهقانلارنىڭ بەزىلىرى ئۈچ - تۆت بولۇپ بىرلىشىپ تاماق ئېتىشسە، كۆپىنچىلىرى ئۆزى يالغۇز قازان ئاساتتى. شياۋدۇي بويىچە كوللېكتىپ ئاشخانا قۇرۇۋالغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن سەي - كۆكتات، بولۇپمۇ ئوتۇن تۇتىيا بولغاچقا، چامغۇرلىرىنى خۇرجۇنىغا سېلىپ ئىزمىسىنى ئەتكەندىن كېيىن، چاشقان قۇلىقى قىلىپ باغلىۋېتەتتى ياكى قۇلۇپ سالاتتى. بىرەر - ئىككى جەينەك ئاق ئوتۇن، قوناق پاسىرى، كېۋەز شادىسى دېگەندەك يېقىلغۇلىرىنى كىگىز، يوتقانلىرى ئىچىگە ئېلىپ چىڭ باغلىۋېتىپ ئىشقا كېتەتتى. تاماق ئېتىشمۇ ئانچە تەسكە چۈشمەيتتى. بىرەر - ئىككى تال چامغۇرنى قولىدىلا قەلەمچە قىلغاندىن كېيىن، قازىنىغا تاشلايتتى. سۇ قاينىغان هامان، قوناق ئۇنىنى سېپىپ ئۇماچ چالاتتى ياكى سىقماق تاشلايتتى. تامىقى پىشا - پىشمايلا، كۆيۈۋاتقان ئوتۇننى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا سۇ سېپەتتى. بولمىسا

تۆكۈرۈپ ئۆچۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى كىگىزلىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.
ھېكمەت كۈندە سەھەر تۇرۇپ تاماقنى يېگەندىن كېيىن، شىغىل، تاش ئېلىپ كەلگەن ماشىنىلارنى يولغا سالاتتى. ئاندىن قۇم ئۆتكۈزۈۋالغىلى باراتتى. يىراقتىنلا چارقۇم ئېلىپ كەلگەن دېھقانلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار تاغارلىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، قاتىرىسىغا تىزىلىپ، تاماكا چېكىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئالدى پۈتلىرىغا چېتىق سېلىپ قويغان ئېشەكلەر يىراقتا كېتەلمەي ئوتلىشاتتى. ھېكمەت كېلىپلا «ھارماڭلار! دەيتتى - دە، بىر چەتتىن قولىدىكى قۇمنى سورىغاچ يۈۋلەپ ماڭاتتى. بەزىلىرىنى ‹ئاكا ئېرىنمەي بىر قېتىم سورۇۋەتسىلە! › دېسە، بەزىلىرىنى ‹ساندۇق كوبا، نىڭ قېشىغا ئاپارسىلا! » دەيتتى. «پاھ، پاھ ئاكا، سىلى قۇملىرىنى يۇيۇپ ئەكەلدىلىمۇ - نېمە؟ » دەپ بەزىلىرىنى ماختاپ قوياتتى. كەنت ياكى شياۋدۈي بويىچە ئۆپچىسى ئۆتكۈزىدىغان دېھقانلارغا بىرلەشتۇرۇپ تالون يېزىپ بېرەتتى. ئېشىكى يارامسىق، تاغىرىغا كۆپرەك قاچىلاپ كەلگەن دېھقانلار ۋەزىپىسىنى تۆگىتىپ پاتراق قايتىشنى ئويلاپ، ئايرىم ئۆلچىتىپ، يەككە تالون كەستۈرەتتى. ھېكمەت دېھقانلار بىلەن تونۇشۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار بوستان، لايقا، توساللا، بۇزاق، خانئېرىق دېگەندەك يېزىلارنىڭ كەنت، دۈيلىرىدىن كېلەتتى. كۆپىنچىلىرى ھېكمەتنى تونۇيتتى. چۈنكى، ھېكمەت، كامىل، مۇراتلار مەكتەپ سەنئەت گۇرۇپپىسىنى ئېلىپ چىقىپ ئويۇن قويغان چاغلىرىدا، ئۇنى كۆپ كۆرگەنىدى. ئېيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرى بولغاچقا، خوندەك ئۆرۈكى پىشقان، باشقا ئۆرۈكلەرمۇ سارغىيىپ يېتىلىۋاتقانىدى. دېھقانلار كىچىك - كىچىك سېۋەتلىرىدە ئۆرۈك ئالغاچ كېلەتتى. بۇ ئۆرۈكلەرنى ھېكمەت كەچ دەم ئالغان چاغلىرىدا قۇربان ھاكىم بىلەن بىللە يېيىشەتتى. ناگان - ناگاندا، كۆچمە كىنو ئەترىتى ئېزىپ - تېزىپ كېلىپ قالاتتى - دە، توسما ئۈستىگە ئېكرانلىرىنى بېكىتىپ، كىنو قوياتتى. ئېغىر ئەمگەك دەستىدە زېرىككەن دېھقانلار چارچاپ كەتكىنىگە قارىماي، توپ - توپ بولۇپ باراتتى. ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرالماي پۇخ بولۇپ كەتكەن يىگىتلەر بۇنداق چاغلارنى غەنىيمەت بىلىپ، سۇ ئامبىرى قىرغاقلىرىدا، پىنھان دالدىلاردا ياش

چوكانلارنى ئوۋلايتتى. . .

ھېكمەتنىڭ بىردىنبىر خوشلۇقى دېھقانلار بىلەن بىرگە بولۇش ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرىغا قېتىلىش، قەدىمكى قىسسىلەرنى ئاڭلاش، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ دەردى ـ ھالىغا يېتىش، قىسقىسى، ئۇلارنىڭ يەرلىك شىۋىدىكى ساددا، يېقىملىق ھەم قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاش ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىدى. شۇڭا، ھېكمەت كەچلىك تاماقنى يەپلا، دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشاتتى. ئۆزىمۇ ئۇلارغا ئىلىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرى، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئادەتلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى ۋە توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلەردىكى چاقچاق يۇمۇرلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلارنى كۈلدۈرەتتى. دېھقانلار ئۆزلىرى توقۇغان قوپال ماتادىن تىكىلگەن كونا يەكتەكلىرى، كونىلىقتىن ئاقىرىپ كەتكەن ئۆتۈكلىرى، پۇرمە چورۇقلىرىنى سىلىۋېتىپ، توپىلاردا يېرىلغان تاپانلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇشۇپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. قېرىلار مۇكچەيگەن بەللىرىنى كامالچىدەك ئېگىپ، قورۇققا تولغان قاپقارا يۈزىدىكى ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلاپ، چىشسىز ئاغزىلىرىنى ماكىلدىتىپ كۈلۈشەتتى.

ئىيۇن ئېيىنىڭ تولۇن ئايلىق كېچىلىرى تولىمۇ يارقىن بولىدۇ. بۇ قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ كەمبەغەللەرگە ئاتا قىلغان نۇرلۇق چىرىقى ئىدى. كائىنات سىرلىق كۆكۈچ نۇرغا چۆمۈلىدۇ. . . ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايلار، قىرلىق بۇرۇنلار، چوڭقۇر قورۇقلار، گۈرزىدەك چىنىققان قوللار گويا رىۋايەتلەردىكى پالۋانلارنى ئەسلىتىدۇ. . . بىر كۈنى كەچتە، ھېكمەت لايقا دېھقانلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى. ئۇلار كەنت كادىرلىرىنىڭ كوللېكتىپنىڭ مۈلكىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ، خىيانەت قىلىپ، يەپ ـ ئىچىدىغانلىقىنى، خوتۇنلىرىنىڭ ئىشقا چىقىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا باشقىلارغا يوغانچىلىق قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كەنتنىڭ قوشۇمچە كىرىم پۇللىرىنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن بابلايدىغانلىقىنى قايناپ سۆزلەپ كەتتى. ھېكمەت: «يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ياكى ناھىيىلىك كومىتېتقا ئىنكاس

قىلساڭلار بولمامدۇ؟» دېيىشتى، ئولتۇرغانلار قالايمىقان ۋارقىرىشىپ كېتىشتى.

— ۋاي مۇئەللىم، سىلى ئۇقمايلا، — دېدى كەكە ساقال بىر دېھقان ئاغزىدىكى ناسۋالنى تۈكۈرۈۋېتىپ، — يۇقىرىدا جۇڭگىيالڭ چوڭ، تۆۋەندە بوغالتىر بىلەن ئامبارچى چوڭ... چۈنكى ئۇلارنىڭ قولىدا جاننىڭ ئاچقۇسى بار... پىكىر بەرسەك، ئاخشىمى نومۇر دەپتىرىنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ، شىلدىر - شىلدىر ئاش قەرزى، شىلدىر - شىلدىر قوغۇن پۇلى، شىلدىر - شىلدىر مەدەك ھەققى دەيدۇ - دە، نومۇرىمىزنى قىرقىپ، ۋاقتى كەلگەندە بىر ئوقۇيدۇ، بىز خالتىمىز جىمىيدۇ. ئۇلار ئىچىمىزدىن ئۆرۈۋېتىدۇ...

— دېمەمتىكى؟ راسا دېدۇق، — دېدى يۈزى قوشۇقتەك كوماك ئايال، — بىر كۈنىسى گۇڭشېدىن تاڭ شۇجى كەپتىكەن، ئۆشنىمىزگە ئارتىلىپ قېلىشۋاتقان ھەممە شالدىر - شاپىلاقنى دېدۇق. تەرى جامال ھەممىنى ئۆرۈپ بەردى.

— ھەي نىساخان موك - موك، — دېدى ياشلاردىن بىرى، — تەرى جامال ئەمەس، — تەرجىمان...

— ھە شۇ تەرى جامال ھەممىنى دەپتىرىگە پۈتۈۋېلىپ، تاڭ شۇجىغا بىرمۇبىر دەپ بەردى، — دېدى نىساخان ئالقانلىرىغا ئۇرۇپ، — بوغالتىر مەمەت سىدىق دېگەن ئالەك «سېكىلتايغا پىكىرلەر ئومۇملاشتى، ئەمدى پىچىتى ئېچىلمىغان تاراق - تاراق پىكىرلەر بولسا بەرسەڭلا، پېتىدىن چۈشكەن لاتا پىكىرلەرنى قىلمىساق» دەيدۇ... ناتىمۇنات زۇۋان قىلالمىدۇق. ئەتىسى مەمەت سىدىق خامانغا كېلىپ قەستەنگە قولتۇقىنى غارت - غارت تاتىلاپ، «لەنىتى پىت ئەجەپ چاقتا، قولتۇقۇمغا پىت چۈشۈپ قاپتىكەن... ۋاي - ۋاي، بۇ چاققاق پىت شىراققىمۇ چۈشۈپتىكەن ئەمەسما؟...» دەپ تەنە قىلىپ، خاۋۇس سۆزلەۋاتىدۇ...

— قىسقىسى، دۈي ئىچەرمەن - چىچەرمەنلەرنىڭ قولىدا قالغاندىن كېيىن، نېمە بولماقچى؟ — دېدى ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان يىگىت، — ئۇلار نازۇ نېمىتىنى يەپ، ھارىقىنى ئىچىپ، يېگەن - ئىچكەنلىرىنى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، سىرتنىڭ ئەمگىكى چىقىمىغا ئارتىپ قويسا،

لىللا ئىش بولامدۇ؟ بۇ ئۆلگەن كالامنى، يىتكەن كالامغا بەخشەندە قىلغانلىقمۇ؟... بۆلتۈر قۇربان ھېيتىدا كاسسىر كالا ئېلىش ئۈچۈن ئالتە يۈز يۈەن ئالدى. بۇ پۇلدىن سەكسەن ئىككى يۈەن كەم چىقسا، ئۇنى زۇۋانى يوق تراكتورنىڭ رېمونتىغا چىقىرىۋەتتى. زادى سەكسەن ئىككى يۈەنلىك گۆش كىمنىڭ گېلىغا مۇتقا كىرىپ كەتتى؟... بۇنداق ئىشلارنى سۆزلىسەك تولا...

— ئۇ كاسسىر قانچىلىك بىر نېمىتى؟ — دېدى داپساقال بىر دېھقان ئېڭىكىنى تاتىلاپ قويۇپ، — ئەسلىدە تاملارنى تۇپۇكلەپ سۇۋايدىغان سۇۋاقچى ئىدى. ئۇنىڭغا سەكسەن ئاياق نومۇر بەرگەن تەقدىردىمۇ، شۇنچە زەدا بولۇپ كېتەما؟... ناۋاينىڭ بوۋىسىدەك بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ يەۋەرگەن گەپ!... ئەلۋەتتە ھالالنىڭ ھېسابى، ھارامنىڭ ئازابى بار، ئاخىر بىر كۈنى چالمىغان دۇتارغا ئۇسسۇل ئوينايدىغۇ ئۇ!...

— بىزنىڭ دۈيىمىز ئەسلى باي دۈي ئىدى، ھازىر نېمىشقا «ۋاي» دۈي بولۇپ قالدى؟ — دېدى كەكە ساقال يەنە سۆز باشلاپ، — بىز بورا توقۇيتىمىز، خورما ئىسلايتىمىز، ياڭاق ماكلاپ قۇرۇتىمىز، پېپىۋەتكەن گۈلە - قاق، ئۈزۈم دېگەننىڭ كۆپلىكىدىن نەچچە مولۇق خامانىنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتۇ... بۇلار ئامبارغا كىرگەن ھامان، سېكىلتاي، دادۇيجاڭ، بوغالتىر، ئامبارچى، كاسسىرلار تۈلۈم چاشقاندەك ئۈۋىسىغا توشۇيتۇ. قالغىنىنى «مۇنچىلىكىنى مۇنچە پۇلدىن، مۇنچىلىكىنى ئۇنچە پۇلدىن ساتتۇق» دەپ ئارقىمىزغا تۇپۇكلەپ ئېتىپ، چۆرىسىنى سۈرتۈۋېتىپ ئېلىپ كەلسە، ھېچنېمىنى پەرق ئەتمەي: «ھوي، ياسۇي، ئاشۇلار ساتمىسا، بىز ساتالامدۇق؟» دەپ خۇشال بولىمىز...

— تېخى سېكىلتاي، بوغالتىر، ئامبارچى غوجاملارنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ يوغان پوقلىقىنى دېمەيلا قويسىلا، — دېدى نىساخان موك - موك، — بىز مەزلۇملار خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى چېچىمىزنى سۇپۇرگە، قولىمىزنى كۆسەي قىلىپ، ئېتىزدا ئىشلەپ، بولالىقىمىز قالمىغاندا، سېكىلتاينىڭ بوداغ خوتۇنى ئىشىك تۈۋىدە ئۆزىنى يەلپۈپ: «سايىتتىن لەغمەن يەپتىمە، زەدەم قايناپ ئەجەپتەك بولۇپ قالدىم، گۆشى بىقانداق بولۇپ قالغانمۇ - نېمە؟» دەيتۇ.

بىز مانا مۇشۇنداق سايمالارغا ئىشلەيتىمىز. . .
دېھقانلارنىڭ دەرد ـ ھالىنى ئاڭلاپ، ھېكمەتنىڭ كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. توغرا، ئۇلار ئېيتقاندەك، يەرلەر قۇرۇق قوزۇقنى سانجىپ قويسا كۆكلەپ كەتكۇدەك مۇنبەت. تورغاي چۇچۇلىماستا ئېتىزغا چىقسا، ئەل ياتقۇغىچە تىنماي ئىشلەۋاتقان. بىراق، ئۇلارنىڭ بىر كىيىمنى ئىككى بولمىغان، قورسىقى نانغا تويۇپ ئۆتمىگەن. يىل بويى قەرزى كۆپىيىپ، گەدىنىنى تاغدەك بېسىپ، ئەركىنرەكمۇ تىنالمىغان. . . ئايىقى ئۈزۈلمەس ئالۋان ـ سەيسىلەر «ئۇھ» دەپ ئارام ئېلىشقا قويمىغان، دېھقانچىلىقنىڭ خىلمۇخىل قاتلاڭچىلىقى، ئائىلىسىدىكى ئېغىر تۇرمۇش ئۇلارنى قۇرۇق قاقشالغا ئايلاندۇرغان! . . .
ھېكمەت شۇ كېچە ياتىقىغا قايتماي، توسما ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈردى. سۇ ئامبىرى تېنىمسىز شاۋۇلدايتتى. يۇقىرىدا خۇددى سۇ ئامبىرىغا ئوخشاشلا تىنىق ۋە سۈزۈك كۆپكۆك ئاسمان، تۈن تۇمانى بىلەن نەملىنىپ، سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنى قوينىغا ئالغان ھالدا، قاراپ تۇراتتى. تولۇن ئاي چەكسىز سۇغا ۋىلقىلداپ تۇرغان ئۇزۇن شولىلىرىنى سېپىپ، كۆكنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدە، يەرنىڭ ئۇيقۇ ئارىلاش ئالغان نەپسىنى كۆزىتىپ، سەيلانە ئۈزۈپ يۈرەتتى. . .
ھېكمەت توسما قىرىدا ئولتۇرۇپ، سوغۇق نەم شامال چىقىرىۋاتقان سۇغا قارىدى ۋە يىراقلارغا نەزەر سالغىنىچە، دوستى شادىماننىڭ «دېھقان بوۋا» دېگەن شېئىرىنى ئاستا ھەم مۇڭلۇق ئوقۇدى:

شامالدىن قايغۇدەك تۇرۇپسەن ئاران،
چىگىش، كىر ساقىلىڭ ئاقتىن سارغايغان.
ئوچۇق تۆش مۈكچىيىپ، يۈرۈپسەن قايان؟
ئېيتقىنچۇ ئەي بوۋا ئىش ۋەجىڭ نېمە.
بىلىگدە ئورغىقىڭ، تاپمايسەن ئارام؟

ۋەج قۇرسۇن، ۋەج بىلەن نېمىدۇر ئىشىم؟

بار ۋەجىم ـ تاپقىنىم — ئاقارغان بېشىم.
يەتمىشتىن ئېشىپتۇ ئامانەت يېشىم،
مىدىرلاپ تۇرىمەن، بۈگۈن ـ ئەتىگە.
ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن ئۈچۈن كۆرمىشىم...

ئۇ ئارتۇق ئېيتمىدى دەردىنى بايان،
كەتتى ئۇ، ئاقمىدى ياشلىرى تارام...

ھېكمەت بۇ شېئىرنى ئوقۇغىنىدا، «بوزاق»لىق كېرىم بوۋاي ئېسىگە كەلدى. ئۇنىڭ ساقاللىرى ئاقتىن سارغايغان. بەللىرى مۈكچەيگەن، ھەرىكەتلىرى ئېغىر، ئاتمىشتىن ھالقىغان ئادەم. ئەمما يېگىرمىنچى يىل سۇ ئامبىرىدا ئۇنىڭغا باشقىلارغا ئوخشاشلا توپا توشۇش ۋەزىپىسى بار. كېرىم بوۋاي پارالىچ خۇمار ئىدى. ئۇ كەچ تەرەپلەردە ھېكمەت بىلەن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن مۇڭدىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى ھەممىسى دېگۈدەك چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت ئۈستىدە ئۈچ، ئاستىدا ئىككى تال چىشى قالغانىدى. ئۇ، تىنجىپ قالغان زاغرىلىرىنى ئەنە شۇ قوزۇقتەك چىشلىرىدا خۇددى توشقان سەۋزە غاجىلىغاندەك ئۈۋۈتۈپ يەيتتى. شۇڭا ھېكمەت ئارىلاپلا سومكىسىغا سېلىۋالغان ئاق نان، ھەم جىگدىمۇ ئۇنىڭغا بېرەتتى. ئۇ تۇزۇت قىلىپ: «سىلىنىڭمۇ نورمىلىرى چاغلىق مۇئەللىم...» دەپ ئالغىلى ئۇنىمايتتى. ھېكمەتمۇ سۇ ئامبىرىدا ئىشلەۋاتقان دۆلەت كادىرلىرىغا نورما قېتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بوۋاينىڭ كۆڭلىنى تىندۇراتتى.

ھېكمەت ئۆتكەن ھەپتە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى. يەكشەنبە بولغاچقا، دېھقانلار بالدۇرراق ئىشتىن چۈشكەنىدى. كېرىم بوۋاي كىچىككىنە قارا قازىنىنى ئېسىپ ئۇماچ چېلىۋاتاتتى. ئۇ ھېكمەتنى كۆرۈپ، خوشلۇقىدىن چىرايى مايدا كۆيگەن قۇيماقتەك قورۇلۇپلا قالدى.

— كەسلە مۇئەللىم، كەسلە، بىر ـ ئىككى كۈن كەلمەپتىلە، كۆڭلۈم خامۇشلا بولۇپ قالدى، — دېدى بوۋاي كىگىزنى ئىشارە قىلىپ، — قېنى ئولتۇرسىلا...

— ئۇماچنى قويۇقراق قىلسىلا كېرىمانكا، — دېدى ھېكمەت بوينىدىكى سېرىق سومكىنى كىگىزگە تاشلاپ، — ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇللا كېلىشىم. قورسىقىممۇ راسا ئاچتى.

— ھەي... ھەي، ئازىراق كۆكتات بولغان بولسا، زاڭ قىلىۋەتسەممۇ بوپتىكەن...

— كېرەك يوق...

كېرىم بوۋاي ئۇماچنى ئىككى قاچىغا ئۇسقاندىن كېيىن، ماتا يەكتەكنىڭ ئىچىگە چاپلىۋالغان يانچۇقىدىن ناسۋال قاپىقىدەك پارقىراپ كەتكەن كىچىككىنە قاپاقنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىغا چىڭ كەپلەنگەن ياپقۇنى سۇغۇرۇۋالدى. بۇ ياپقۇ چىمچىلاق قول ئۇزۇنلۇقىدىكى ياغاچ بولۇپ، ئاستى تەرىپى شەربەتچىنىڭ قوشۇقىدەك ياپىلاق ئىدى. كېرىم بوۋاي قاپاق ئىچىدىكى سامساق ئارىلاشتۇرۇلغان ماي لازىغا ياغاچ ياپقۇنى چۆكۈرۈپ قاچىلار ئۈستىدە پىرقىرىتىپ چىقىۋىدى ئۇماچ يۈزىدە خۇددى يىپەك تالاسىدەك قىپقىزىل چەمبەر ھاسىل بولدى. ئاندىن ئۇ قاپاقنىڭ چەت - چۆرىسىنى تىلى بىلەن يالىۋېتىپ، ئۇنى يەنە قوينىغا سېلىپ قويدى.

— كېرىماخۇن ئاكا، نان چىلاملا؟ — دېدى ھېكمەت سومكىسىدىن گېزىتكە ئورالغان تۆت ناننى كىگىزگە قويۇپ.

— ۋۇي، يەنە توم نان ئېلىپ كەپتىلىيا؟... قازاندا بىرمۇنچە ئۇماچ تۇرسا...

— ئەمىسە بۇ ناننى خۇرجۇنلىرىغا سېلىپ قويسىلا، كېيىن يەلا.

ھېكمەت ئىككى ئاياق ئۇماچ ئىچىۋەتتى. كېرىم بوۋاي باشقا قاچىسى بولمىغاچقا، خېمىر يۇغۇرىدىغان كىچىك كاساڭدا ئىچكەنىدى. ئۇ قاچىسىنىڭ ئىچىدە قوشۇقنى ئايلاندۇرۇپ يۇرۇپ پاكىز يالىغاندىن كېيىن، ئىككى قاچىنى پاكىزە يۇيۇپ قاتلاپ قويدى. ئاندىن قازاننى چايقاپ، قايتىدىن ئوچاققا ئېسىپ ئوت قالىۋەتتى.

— ئۆزلىرىگە مۇئەللىم، خوتەننىڭ دورا چېيىدىن دەملەپ بېرەي، — كېرىم بوۋاي ئوچاق بېشىدىكى توپىدىلا تىزلىنىپ ئولتۇردى، — قېنى گەپ قىلغاچ ئولتۇرسىلا...

— كېرىماخۇن ئاكا، ئۆزلىرى ياشىنىپ قاپتىلا، — دېدى ھېكمەت جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، — دۇي كادىرلىرى سىلىنى نېمىشقىمۇ سۇ ئامبىرىغا ئەۋەتكەندۇر؟

— ھەي، مۇئەللىم، ھەممىنى قىلدۇردىغىنى يوقسىزلىق. . . ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ كەلدىم، — كېرىماخۇن ساقاللىرىنى سىيپىدى، — «نومۇرنى كۆپ بېرىمىز. . . قوشۇمچە ئاشلىق قوشۇپ بېرىلىدۇ» دېگەچكە، بۇ يەرگە مېنى گال سۆرەپ كەلدى.

دۇي ئامبىرىدا ئەزالارنى تەمىنلەش ئۈچۈن تەييار پىششىق ئاش قالمىغانىدى. ئامبارچى كېرىماخۇننى بەش تاغار قوناقنى تۈگمەندە تارتىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. تۈگمەن نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەندە، ئۇ قوناقلارنىڭ بەكمۇ توپا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى. تاتىۋەرگەندە، ئۇن ئاچچىق ھەم گاچ ـ گاچ چىقىپ قالاتتى. شۇڭا كېرىماخۇن تۈگمەنچىدىن بىر نەچچە تاغار ۋە غەلۋىر ئېلىپ چىقىپ، قوناقلارنى قايتىدىن سورىدى ۋە تاسقىدى. نەتىجىدە، بەش تاغار قوناقتىن بەش چارەكتەك توپا چىقتى. ئامبارچى بەش تاغار قوناق ئۇننى تارتىپ تاپشۇرۇۋالغاندا، توقسان جىڭ كەم چىقتى. ئۇ كېرىماخۇننى «ئوغرىلىقتا ئەيىبلەپ» ئۇنىڭ تۆت ئايلىق نورمىسىنى تۇتۇپ قالدى. كېرىماخۇننىڭ ئەزالارنى ئويلاپ جاپا تارتقىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى «ئوغرى» قىلىپ قويدى.

— قارىسىلا، ئامبارچىلارنىڭ ئاشلىق ئوغرىلاشتا ئامال ـ چارىلىرى ناھايىتى كۆپ، — دېدى كېرىماخۇن ئوتنى پۈۋلىۋېتىپ، — بىرنەچچە تاغار قۇرۇق توپىنى قوناققا ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. . . ئامباردا تاغدەك دۆۋىلەنگەن قوناققا ئوننەچچە تاغار توپا ئارىلاشتۇرۇۋەتسەڭمۇ خۇددى بىر قازان ئاشقا بىر چىمدىم تۇز سەپكەندەكلا بىلىنمەيدۇ. . .

— پاھ، بۇ نېمىدېگەن رەزىللىك؟. . .

— ئەسلىدە ئەترەتلەر قوناقنى سوقۇپ بولغاندىن كېيىن، خامانغا يېيىپ قۇرۇتىدۇ، بولمىسا ئامباردا كۆكىرىپ قالىدۇ. . . قۇرۇمىغان قوناقنى ئامبارچىلارمۇ ئالمايدۇ، — دېدى كېرىماخۇن، — ئەمما يىل ئاخىرىدا، قوناقنىڭ قۇرۇغاندىن كېيىنكى خوراش قىسمى، چاشقان،

سېرىق قۇيرۇقلار يېگىننى چىقىرىۋېتىدۇ.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا ئارىلاشتۇرسا، — دېدى ھېكمەت، — ئامبارچىلارغا ئېنىدىنمۇ، بويىدىنمۇ قالىدىكەن ـ دە...

— شۇ ئەمەسمۇ؟ بىچارە دېھقانلار گىرىچلاپ تۇرغان ئاش ـ نانلارنى يەپ «تۈگمەنچى تاشنى يېگى چوقىغان چىغى، ئاش ـ نېنىمىز گىرىچلايدۇ» دەپ بىگۇناھ تۈگمەنچىدىن كۆرۈشىدۇ. بەزىلىرى: «قايسى جۇۋاينىمەك ئەترەت بىخسىپ قالغان قوناق تاپشۇرۇپتىكى؟ نان ـ تاماقلار قىرتاق» دەپ ئۆزلىرىدىن كۆرۈشىدۇ...

— كەلگۈلۈك بىچارە دېھقانغىلا كېلىدىكەن ـ دە...

— قارىسىلا بۇ ناھەقچىلىقنى! ئوغرىلىقنى ئۆزلىرى قىلىپ، مېنى ئوغرى تۇتتۇۋاتامدۇ؟ بولمىسا مەن دۇينىڭ بىر سۇندۇكىنى ئالغان بەندە ئەمەس، بۇنى ئەزالارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.

— خوتەن دېھقانلىرىنى كۆكلىگىلى قويمايۋاتقان، ئۇلارنى بارغانسېرى نامراتچىلىق پاتقىقىغا سۆرەپ ئەكىرىۋاتقانلار ئاشۇنداق ئاچكۆز پارازىتلاركەن ـ دە!...

— ھەي... بۇ ئاژناپلار باركىن دېھقاننىڭ چىرىغى ئۆرە كۆيمەيدۇ، — كېرىماخۇن بېشىنى چايقىدى، — تېخى تۈگمەنچىنىڭ دەردىنى دېمەملا! غىلتاڭ دۇي كادىرلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يەتمىش پۇشتىلىرى ئىگىلىۋالغان ياكى غەللە تاپشۇرمىغان... ئۇ غەللىسى يوق ۋەخپە تۈگمەن بولمىسا؟... تۈگمەننىڭ بېگى كۆپ، غوجىسى كۆپ، خېنىمى كۆپ، سېكىلىكى كۆپ ...

— دېھقانلار بىرلىشىپ ئۇ تۈگمەنچىلەرنى ئاغدۇرۇۋەتسە بولمامدۇ؟... ئۇلار تېپىلماسنىڭ خورمىسى بولمىغاندىن كېيىن...

— بولمايدۇ مۇئەللىم... شۇنداقمۇ قىلىپ باقتۇق، بىراق سۇغا قانمىغان يەر ئۇسىغا كەلمىگەندەك، يېگىلىرى تېخىمۇ ئاچكۆز كېلىدىكەن... شۇڭا، «تويغانلىرى نېمىلا بولسا ئىنساپ بىلەن يەر» دەپ قويۇپ بەردۇق... دۇينى مۇشۇنداق ھۇقۇيتاخۇن، ھېقىدىخانلار يەپ، قاق سەنەم قىلىپ قويغان. بىز دېھقانلار ئىزايى مۇئمىن ئىشتىپ، ئانىكوم ـ مۇنىكوم بولۇپ كۆڭلىرىمىزنى ئۆتكۈزىمىز...

چوڭقۇر خىياللارغا چۆككەن ھېكمەت توسما قىرىدا ئېگەك تىرەپ ئولتۇراتتى. ئوتتۇرا كېچە بولۇپ قالغانىدى. نېپىز بۇلۇتلار ئاينىڭ يۈزىنى قاپلاپ، ئۇنىڭ يورۇقلۇقىنى يورۇق تۇمانغا ئايلاندۇردى. كۈمۈش رەڭ چاڭ ئىچىدە قىرغا باغلاپ قويغان ئىككى قولۋاق سۇ ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنۈپ، قەدىمكى سۈرەتلەرنى ئەسكە سالاتتى. ھېكمەت قولۋاقنى كۆرۈش بىلەن، قۇرۇم كۆلنى ئەسكە ئالدى. ئايالى گۈلزىباغا تۇنجى قېتىم مۇھەببەت ئىزھار قىلغان ھېلىقى ئارال ۋە دوستلىرى كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. بىردىنلا گۈلزىبانى تاقەتسىز سېغىنىپ، قانىتى بولسا ئۇنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ بارغۇسى كەلدى...

ھېكمەت ئەتىسى بىر كۈنلۈك ئىشىنى تۈگىتىپ، دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇلىرىنى بىر قۇر ئايلىنىپ، ئۇلار بىلەن بىرنەچچە ئېغىز چاقچاقلىشىپ، كۈلۈشۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاشخانىغا كىرىپ تاماقنى يېدى. روزاخۇن تۇڭگان ئۇنىڭ داۋاملىق كېچىكىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، تاماقنى قاسقانغا سېلىپ قويغانىدى. ئۇ ھېكمەتكە، تاماقنى چاپسانراق يەپ ياتاققا بېرىشنى، ئۇنى ھاكىم ساقلاپ تۇرماقچى ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويدى.

ھېكمەت ياتاققا كىرگەندە، قۇربان ھاكىم ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئۈستەلگە قارتىلارنى يېيىپ قويۇپ، ھېلى جۈپلەپ، ھېلى تاقلاپ ئويناۋاتاتتى. ئۇ ھېكمەتنى كۆرۈش بىلەنلا قايناپ كەتتى:

— ھەي سەن قاراڭنى كۆرسەتمەسلا بولۇپ كەتتىڭغۇ؟ ئوتتۇرا كېچىلەردە كېلىسەن، تاڭ سەھەر چىقىپ كېتىسەن، ئاڭلىسام، دېھقانلار بىلەن چىقىشىۋاپسەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەر سېكىلەك ياكى چوكان بىلەن تېپىشىپ قالدىڭمۇ - يە؟...

— قويسىلا ھاكىم ئۇنداق گەپلەرنى...

— تولا «ھاكىم، ھاكىم...» دەۋەرمىسەڭچۇ، — دېدى قۇربان ھاكىم، — سەن شىماللىق بولغاندىن كېيىن، ئىسمىمنىلا ئاتىغىنا...

— خاپا بولمامسىز؟

— نېمىشقا خاپا بولغۇدەكمەن؟...

— يا دەيمىنا، خوتەندە ئانىسى ئەمەل بىلەن قوشۇپ تۇغقاندەك، ئىسمىغا ئەمىلىنى قوشۇپ ئاتىمىسا، بەك خاپا بولۇپ كېتىدىكەن، — دېدى ھېكمەت ھاكىمغا روبىرو ئولتۇرۇۋېتىپ، — مەن بىر كەنتتە بولغان ئۆلۈمدە بالىلىرىنىڭ: «ۋاي ئانام، شۇجى تۇغۇپ بەرگەن ئانام! . . . » دەپ يىغلىغىنىنى ئاڭلىدىم.

— ھا. . . ھا. . . ھا. . . — قۇربان ھاكىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتى، — قارا سېنىڭ مەسخىرەڭنى! . . . يا. . . ياق، ئوخشاتتىڭ جۇمۇ! . . .

— بىز تەرەپلەردە ھەرقانچە چوڭ ئەمەلدار بولۇپ كەتسىمۇ، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — چوڭ بولسا ئاكا، كىچىك بولسا ئۇكا، تەڭ دېمەتلىك بولسا ئىسمىنى ئاتاۋېرىدۇ. . .

— ھەببەللى، مۇشۇنداق بولسا خەلق بىلەن ئەمەلدار ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلمايدۇ. ئۆزئارا پىكىرلىشەلەيدۇ. . . مۇڭدىشالايدۇ. . . ھال - مۇڭلىرىنى تۆكۈپ، خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشتەك بولىدۇ، ئايرىمچىلىق يۈز بەرمەيدۇ، — دېدى ھاكىم ئۇستەلگە بوشراق ئۇرۇپ، — ئەمدى ئەمىلىنى قوشۇپ چاقىرمىسا خاپا بولىدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلار نەتىجىسى بىلەن ئەمەس بەلكى ئەمىلى بىلەن ھۇزۇرلىنىدىغان، سەۋىيىسى تۆۋەن، قىسقىسى بىر ۋېنتىسى كەم چاكىنا ئادەملەر. . . قانداق دېدىم؟ . . .

ھېكمەت بىلەن ھاكىم «ئەمەل»، «نەتىجە» ۋە «خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋەت» توغرىسىدا بىرئاز تالاش - تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن، قارتا ئوينىدى. ھاكىم، كىم ئۈچ نۆۋەت ئۇتتۇرسا، شۇ ئۇستەلنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتىدۇ، دېگەن شەرتنى قويدى. ھېكمەت دەسلەپ بۇ شەرتكە كۆنمىگەنىدى. ھاكىم ئويۇننىڭ جىددىي تۈس ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، چىڭ تۇرۇۋالدى.

دېگەندەك، ئويۇن بەك قىزىپ كەتتى. بىردەمدىلا ھېكمەتنىڭ پېشانىسىگە ئىككى ئۇزۇن قەغەز چاپلاندى. كىم بىر قېتىم ئۇتتۇرسا، ئۇتقان ئادەم قەغەزنى ئىنچىكە يىرتىپ، ئۇنى ھۆلدەپ چاپلاپ قوياتتى. بىرىنچى قېتىم ھېكمەت ئۇتتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە ئۈچ قەغەز،

ھاكىمنىڭ پېشانىسىدە بىر قەغەز ئېسىلىپ تۇراتتى. قاقاقلاپ كۈلۈش، ۋارقىراشلار باشلاندى. ھېكمەت ئۇستەلنىڭ ئاستىدىن بىر قېتىم ئۆمىلەپ ئۆتتى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم يەنە ئۇتتۇرۇۋەتتى. ئۈچىنچى قېتىمدا، ھاكىم ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ئۇمۇ بىر قېتىم ئۆمىلەپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى قاقاقلاپ كۈلەتتى، كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، قورساقلىرىنى مۇجۇيتتى.

ھاكىم بۈگۈنكى ئويۇننى قەستەن ئويلاپ تاپقانىدى. چۈنكى ھېكمەتنىڭ ھاراق ئىچىپ، دۇتار چالغان ۋاقتىدىكى گەپ - سۆزلىرى، ئاھ ئۇرۇشلىرى، ناخشا تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ خېلىلا دەردى بارلىقىنى بىلگەنىدى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇ ھەركۈنى دېھقانلار بىلەن بىرگە بولاتتى، ياكى كېچە - كېچىلەپ سۇ ئامبىرى قىرغاقلىرىدا، توسما ئۈستىدە ئايلىناتتى. ئېغىر گارموشكىسىنى مۇڭلۇق ئاھاڭلارغا چالاتتى. ھاكىم ئۇنىڭ گۈلزىبانى، دوستلىرىنى سېغىنىۋاتقانلىقىنى، بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەردىن ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ھېكمەتنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ھاراق ئىچىپ قىلىپ قويغان ئىشلىرىدىن خىجىل بولغان ھېكمەت بىرەر ئايغىچە ھەرخىل باھانىلەر بىلەن ئۇنىڭدىن قېچىپ يۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئادەم خالىماس بولۇپ قالدى. كېيىن ھاكىم ئارقا - ئارقىدىن شەھەردە ئېچىلغان يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ئۆزى ۋاقىت چىقىرالمىدى. شۇڭا، مۇشۇنداق خۇشال كەيپىياتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئۈنۈملۈك بولاتتى.

قۇربان ھاكىم بىلەن ھېكمەت راسا كۈلۈشۈپ تۇرغان پەيتتە، روزاخۇن ئۇستام ئىككى تەخسە قورۇما بىلەن چەينەكتە چاي كۆتۈرۈپ كىردى. ھاكىم بىلەن ھېكمەتنىڭ پېشانىلىرىدىن ساڭگىلىشىپ تۇرغان قەغەزلەرگە قاراپ، ئۇمۇ كۈلۈۋەتتى. ئاشپەز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار قوللىرىنى يۇيۇپ، ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ھاكىم بوتۇلكىدا يېرىم قالغان ھاراقنى ئۈستەلگە قويدى. ھېكمەت ھاراقنى كۆرۈپ،

ئۆتكەنكى ئىش يادىغا كەلدى بولغاي «ھاكىم مۇشۇنى قىلمىغان بولساق...» دەپ قويدى.

— يەنە ھاكىم دەۋاتىسەنغۇ! — دېدى ھاكىم قولىنى جوڭۇپ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قاتتىق ئىشلىدىڭ... كۆپ ئەمەس بىر - ئىككى ئوتلام ئوتلاپ، ھاردۇقىمىزنى چىقىرىمىز...

— قۇربانكا، مەن... ئىچىپ قويسام، كەيپىم ئۆرلەپ، ئاغزىم ئەسكىلىشىپ كېتىدىكەن، — ھېكمەت ھاكىمنى «قۇربانكا» دەپ ئاتىغاندىن باشلاپلا سىزلەپ سۆزلىدى، — سىزنى يەنە خاپا قىلىپ قويارمەنمىكىن؟...

— خاپا قىلىپ قانداق قىلدىڭ؟ ناھايىتى ناخشا ئېيتتىڭ، دەردىڭنى تۆكتۇڭ... ئۇ نورمال ئىشقۇ... قورۇمىلاردىن ئالە... تولا ئەزمىلىك قىلما...

ئۇلار قورۇمىلاردىن ئېلىپ، چىنىلىرى ئىككى - ئۈچ ئايلانغاندىن كېيىن، ھاكىم دۇتارنى ئېلىپ ھېكمەتكە سۇندى. ھېكمەتمۇ تارتىنىشىپ ئولتۇرمايلا، دۇتارنى سازلاپ، ئىلىنىڭ «كۆچ - كۆچ»، «ھارۋىكەش» ناخشىلىرىغا چېلىپ بەردى. ھاكىم بارماقلىرىدا ئۇستەلنى چېكىپ، كۆزىنى يۇمغان ھالدا توختىماي بېشىنى لىڭشىتىپ، ناخشىنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە ئىدى. ھېكمەتمۇ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇۋېلىپ، يىغان بىلەن نالە قىلاتتى:

تاڭ سەھەر كەلمىگۈنچە،
بۇلبۇل چىمەندە سايرىماس.
دەرد - ئەلەملەر كەلمىگۈنچە.
بەندە خۇدا دەپ يىغلىماس...

— ياشاپ كەت ئۇكا... ئۆزۈڭ بوپتىكەن بۇنچىلىك پەيزى ئالمىغلى!... — دېدى قۇربان ھاكىم ھاياجانلىنىپ، — قېنى ئىككىمىز تەڭ

كۆتۈرۈۋېتەيلى. . .

ھېكمەت چىنىسىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، دۇتارنى قولىغا ئالدى. . . ئۇ «ئاھ يارەي»نى پەس ئاھاڭ بىلەن باشلىدى:

تېرەكسىز ھويلىغا كىرسەم،
بېشىمدىن ئاپتاپ ئۆتتى.
بويۇڭدىن ئۆرگىلەي يايرىم،
سىنىڭ قەدرىڭ ماڭا ئۆتتى
ئاھ بىۋاپا ئىكەن ئالەم! . . .

— ئەي. . . ھەي. . . پەيزىڭ بار جۇمۇ! — ناخشا مۇڭلىرى ھاكىمغا بەكمۇ تەسىر قىلغاندەك ئىدى، — ئۆلمە، ئۆلمە، قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن! . . .

ئاياغىمدا مادارىم يوق،
ئەل بىلەن ماڭالمايمەن.
ئەزەلدىن تەلىيىم شۇنداق،
مەن كىمدىن يامانلايمەن؟ . . .
ئاھ بىۋاپا ئىكەن دۇنيا. . .

ھېكمەت «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىنىدى ـ دە، دۇتارنى قويدى. ئۇلار ئاچچىق دەملەنگەن چايدىن ئىچىشكەندىن كېيىن، بىردەم جىمىپ قېلىشتى. قۇربان ھاكىم ھېكمەتنىڭ دەردلىك چىرايىغا قاراپ، يۈرىكى قىسىلدى. ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، ھېكمەتنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، پەزىلەتلىك بالا ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ كۆزى يەتتى. ئۇنىڭ نامرات دېھقانلارغا بولغان مۇھەببىتى، خىزمەت ۋە كەسپىنى سۆيۈشتىكى ئەستايىدىللىقى، ھەممىگە باراۋەر بولغان يۇمشاق مۇئامىلىسى ھاكىمنى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ سۇ ئامبىرىدا ئىشلەۋاتقان شۇنچە

بەرنا، هۆسن ـ كامالى تولۇپ يېتىشكەن قىز ـ چوكانلارنىڭ بىرەرسىگىمۇ كۆز قىرىنى سالماسلىقى هاكىمنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. چۈنكى ئۇنىڭ يېشىدىكى يىگىتلەرنىڭ راسا بۇرنى كۆپكەن، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان دەۋرى ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ ئۇنىڭ گۈلزىباغا بولغان ئەقىدىسىنىڭ نەقەدەر پاك، سەمىمىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. شۇنداق ئىكەن، «ھەربىي ئائىلىنى بۇزدى» دېگەن بۇ ئىپلاس سۆز قانداق بولۇپ ھېكمەتكە ئارتىلىپ قالدى؟ بۇنى كىملەر پەيدا قىلغان؟...

— ھېكمەت، مەن سەندىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي، — دېدى هاكىم، — گۈلزىبادەك لايىقىڭ تۇرۇقلۇق، «ھەربىي ئائىلىنى بۇزدى» دېگەن گەپ قانداقلارچە پەيدا بولدى؟...

— نېمە؟... ھەربىي ئائىلىنى بۇزدى!... — ھېكمەت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — بۇ... بۇ قانداق گەپ؟... مەن... مەن ئەمدى ئاڭلاپ ئولتۇرىمەن!...

— زادى بىرەر ھەربىي بىلەن باغلىنىشلىق ئىش يوقمۇ؟...

ھېكمەت كېرىموفنى ئەسكە ئالدى. ئۇ گۈلزىبا بىلەن ئۈچ يىلدىن بېرى يۇرۇۋاتقانلىقىنى، كېرىموفنىڭ بۇلتۇر كۈزدە مىنىبىڭ تەربىيىلەشكە چىقىپ، گۈلزىبانىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ قىلغان ئىشلىرىدىن تارتىپ بىر مىڭ بىر يۈز يۈەن ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈملىرى بىلەن قايتىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋېلىپ ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنى، ئۇنىڭ گۈلرۇزنىڭ ئۆگەي ئاچىسىغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ قىلغان سۇيىقەست، تۆھمەتلىرىگىچە سۆزلەپ بەردى. كېرىموفنىڭ گۈلرۇزنى ياساپ ئەكىرىپ، قانۇنسىز «توي خېتى» ئالغان ساختىلىقلىرىنى ئاڭلاپ، قۇربان هاكىمنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. گۇڭشېدىكى زەينەپخان كاتىپ، پازىل غاز بويۇن ھەم سوت كادىرىنىڭ قولاق يوپۇرۇۋېلىشلىرىدىن كېرىموفنىڭ بۇ سۇيىقەستىنى پىلانلاشتا خېلىلا باش قاتۇرغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— نېمىشقا بۇرۇنراق دېمەيسەن؟... — دېدى هاكىم ئاچچىقلىنىپ، — مەن سېنى بىرىنچى قېتىم چاقىرتىشىم ئەھۋالنى ئۆز ئاغزىڭدىن بىلىپ بېقىش ئىدى.

— ئۇ چاغدا كۆڭلۈم بەك پاراكەندە ئىدى، — دېدى ھېكمەت خىجىل بولغان ھالدا، — ماڭا كۆرۈلگەن چارە پەقەت «چەت ئەلدىن كىتاب ئەكەلدۈرگەن، ئالاقە قىلغان، چەتنىڭ ناخشىلىرىنى ئېيتقان خاتالىقىم ئۈچۈن بېرىلگەن» دەپ چۈشەنگەنىدىم. بۇنداق تۆھمەتنىڭ بارلىقىدىن قىلچە خەۋىرىم يوق ئىدى. . . كەچۈرۈڭ، قۇربانكا، ئۇ تۈنجى قېتىم سىز بىلەن ئۇچرىششىم بولغاچقا، يەنە بىر تەرەپتىن سىزگە ئىشەنمىگەنىدىم. . .

قۇربان ھاكىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئىشەنچ بىلەن ئاڭلىدى. ھېكمەتنىڭ تۇغرا چۈشەنمەي بولمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭغا ۋە دوستلىرىغا كېلىۋاتقان بالايىئاپەت ئىمتىيازلىقلارنىڭ قولىدىن كېلىۋاتاتتى. . . ئۇ چاغدا، ئۈمىدسىزلىك تورلىرىغا چىرمىلىپ قالغان ھېكمەتنىڭ ھەممىگە ئىشەنمەس بولۇپ قالغانلىقى راست. بىر يىللىق سۈرگۈن ھاياتى تۈگىگىچە، كېرىموفنىڭ بىر مىڭ بىر يۈز يۈەن پۇلىمۇ نەچچە باللاپ قورۇ - جاي، گۈلزىبا ئالىلقاچان ئۇنىڭ چاڭگىلىغا ئۆتۈپ بولغان بولاتتى! . . . يا خۇدا، ئوتتۇرىدا قاڭشار بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ، دېگىنى راست ئوخشايدۇ. بۇ ئادەملەرگە نېمە بولۇپ كەتكەن؟ . . .

ئىككى ئاي ئىلگىرى ھېكمەتنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئاچچىقىنى چىقىرىشىنى ھاكىم مەستلىكتىن دەپ قارىمايتتى. پەقەت قان قىزىپ كەيپى ئۆرلىگەندىن كېيىن ئىچىگە پاتماي قالغان دەردلىرىنى تۆكۈش دەپ بىلەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇ، كامىل، مۇراتلارنى داۋاملىق ئويلىدى. بولۇپمۇ بوز يەردە مەجنۇنلۇق ئاسارىتىدە خورلىنىۋاتقان زۇمرەت ئۇنىڭ ئېسىدىن پەقەتلا چىقمىدى. قۇربان ھاكىمنىڭ كۆڭلىدە: «بۇ باللارنىڭ زادى قانچىلىك خاتالىقى بار؟ تۇرغۇزۇلغان ئەنزىدىكى مەسىلىلەر راستمۇ - يالغانمۇ؟ خاتالىققا نىسبەتەن كۆرۈلگەن چارە مۇۋاپىق بولدىمۇ - يوق؟ . . . ھازىرقى ۋەزىيەتتە، چەت ئەلدىكى تۇغقانلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش، خەت - ئالاقە قىلىش، چەت ئەل كىتابلىرىنى ئوقۇش سىياسىي خاتالىق ھېسابلىنىپ، ئۇلارغا «ئىككى يۈرەك» ، «ئىشپىيون» ، «شيۇجېڭجۇيىچى» دېگەندەك قالپاقلار كىيىلىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە بۇ باللار ئۆزلىرى ياش، خىزمەت، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن. ساۋاتىنى چىقارغاندىن

باشلاپ، سوۋېت دەرسلىكلىرى، كىتابلىرى بىلەن تەربىيىلىنىپ، ئۇلارغا نىسبەتەن ئېتىقادقا ئىگە بولۇپ قالغان، شۇنداق ئىكەن، بۇ ئىشلارنى مەكتەپ ئىچىدىلا تەنقىد ـ تەربىيە بىلەن تۈزەپ كەتكىلى بولاتتى. ئەمما ئۇلارغا ئەنزە تۇرغۇزۇپ، بۇ ئەنزە قانداقلارچە ناھىيىلىك دائىمىي ھەيئەت كومىتېتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇلدى؟ بۇ پەقەت زەيىندىنىڭلا ئىشمۇ ياكى پەردە ئارقىسىدا باشقىلارمۇ بارمۇ؟... مانا بۇ سوئاللار قۇربان ھاكىمنىڭ كۆڭلىدە يېشىلمىگەن بىر تۈگۈن بولۇپ قالدى. لېكىن سۇ ئامبىرىدىكى خىزمەتلەرنىڭ ئالدىراشلىقى بۇلارنى سۈرۈشتە قىلىشقا ئىمكان بەرمەيتتى. توسمىنىڭ ئوبدان قاڭشالماسلىقى، زاكۇنىڭ بىتون قاشالىرىنىڭ سۇپەتكە لايىق بولماسلىقى، تاشلارنىڭ تېخنىكىلىق تىزىلىشلىرى، قىسقىسى سېمونت لايىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش ـ يەتمەسلىكىمۇ نۇرغۇن خەتەرلىكلەرنىڭ ھامىيسى بولۇپ قالاتتى. ئەگەر سۇ ئامبىرىدا بىرەر ھادىسە تۇغۇلغان تەقدىردە، پۈتۈن خوتەننىڭ سۇ ئاستىدا قېلىش ئېھتىمالىنى يوق دېگىلى بولمايتتى.

ھېكمەت قۇربان ھاكىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكىدىن ناھايىتى ئەپسۇسلاندى. دوستلىرى — كامىل، مۇرات، زۇمرەت، گۈلزىبالار توغرۇلۇق ھاكىمنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتتى.

— مېنى كەچۈرۈڭ قۇربانكا، ئۆزۈمدىن كېتىپ قاپتۇ، — دېدى ھېكمەت پۇشايمان ئىلكىدە، — رەھمەت سىزگە... كۆڭلىڭىز دەريادەك ئادەمكەنسىز...

— قارا، مەن ئەتە چۈشكىچە ئىنژېنېر، تېخنىك ۋە ئىش باشقۇرغۇچىلار بىلەن زاكۇدا نەق مەيدان يىغىنى ئاچماقچى، — دېدى قۇربان ھاكىم، — چۈشتىن كېيىن شەھەرگە كىرىپ، كېرىموفنىڭ قانۇنسىز توي خېتى ئېلىش ئىشىنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈشىنى تاپىلاپ قويۇپ چىقاي، قانداق دەيسەن؟

— رەھمەت قۇربانكا، رەھمەت سىزگە، —. ھېكمەت ھاكىمنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، — سىز مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئۈمىد چىرىغىنى يېقىۋەتتىڭىز...

— ھە راست، مەن قايتىشىمدا، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىكى ئابدۇقادىر دوختۇر بىلەن كۆرۈشۈپ، زۇمرەتنى داۋالاش ئىشىنى سۆزلىشىمەن، — دېدى ھاكىم جىددىي ھالدا، — ئاندىن باشقا ئىشلارنى ئويلاشمامدۇق؟

— قۇربانكا. . . مەن. . . مەن سىزگە قانداق جاۋاب قايتۇرارمەن؟ — ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى، — مۇرات ئاڭلىسا، شادلىقتىن يۈرىكى يېرىلىپ كېتەرمۇ؟ . . . گۈلزىباچۇ؟ . . . ئۇ. . . ئۇ. . . ئاھ خۇدا، بۇ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈم؟ . . .

قۇربان ھاكىم بىلەن ھېكمەت ئەتىسى ئەتىگەندە ئاشخانىدا بىللە تاماق يېيىشتى. ھېكمەت ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇلار تاماقنى يەپ بولۇپ سىرتقا چىققاندا، ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، كۆك ئاسماندا زەيدىن قاڭقىغان پاختىلاردەك پارچە - پارچە ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى. ھاكىم ھېكمەتتىن قۇم بىلەن شېغىلنىڭ كېلىش ئەھۋالىنى سورىۋىدى، ھېكمەت سەل سىلىكىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. كەنت ۋە دۆلەر قۇم ۋە شېغىل ۋەزىپىسى ئۆتەۋاتقانلارنى ھەر ئون بەش كۈندە بىر ئالماشتۇراتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا، سەيسى ئورۇنلاۋاتقانلارمۇ بىرنەچچە كۈن شالاڭلاپ قالاتتى. ھاكىم زاكوۋغا كەتكەندىن كېيىن، ھېكمەت شېغىللىققا كەلدى. ئۇ شېغىل يۈيۈۋاتقانلار بىلەن بىرئاز پاراڭ سېلىشىپ تۇراتتى، ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ ماشىنا شېغىل كەلدى. يەنە بىر ماشىنا كەلسە، قالغانلىرى چۈشتىن كېيىن كېلەتتى. ھېكمەت دېھقان يىگىتلەر بىلەن بىر تالدىن تاماكا چېكىشىۋالغاندىن كېيىن، قۇم دۆۋىسىگە قارىدى. ئۇ يەردە بىرنەچچە دېھقان ئېشەكلىرىدىن تاغارلىرىنى چۈشۈرۈۋاتاتتى. ھېكمەت دەرھال يېتىپ باردى. ئۇلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، قۇملارنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، ئاندىن ئادەم قايىنىمىغا ئايلانغان توسما ئۈستىگە چىقتى. تاغاردا توپا توشۇۋاتقان ئەر - ئايال، ياش - قېرىلار قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، ئۇششاق چىغىر يوللار ئارقىلىق يۈگۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ گۈرەن تومۇرلىرى دەرەخ يىلتىزىدەك پولتىيىپ، پېشانىلىرىدىن توختىماي سۇ قۇيۇلاتتى. ئۇلار ئاچچىق تەر ئېچىشتۇرۇۋەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشاتتى.

بۇ كۆرۈنۈشلەر تاراس شىۋچېنكونىڭ داستانىدىكى تۆمۈر يول ھاشىرىغا ئىشلەۋاتقان ئوكراين، رۇس مەدىكارلىرىنى ئەسكە سالاتتى، «چۆلدىكى شەھەر» رومانىدىكى پاراۋۇزدىن يۈتلىرىنى ساڭگىلىتىپ، بار ئاۋازى بىلەن مۆڭگۈلۈق ناخشىلىرىنى توۋلاپ كېتىۋاتقان قاپقارا، مەينەت ئىشلەمچىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. . . «چۆلدىكى شەھەر» رومانىدىكى قاۋاقخانا خوجايىنى ئاچكۆز مەلئۇن زاخاركاسيانوۋىچنىڭ ئىنژېنېرلاردىن ئىبارەت يېگى كۆچلەرگە بولغان زەھەرخەندىلىكى، ئۆز قىزىنىڭ نومۇسىنى بۇلغاشتەك ئىپلاسلىقلىرى. . . ساراڭ بولۇپ قالغان بىچارە قىزنىڭ «مەن گۇناھكارنى جازالاڭلار! . . . » دەپ توۋلاپ، چۆل - باياۋانلاردا غايىب بولغان پاجىئەلىرى تەسۋىي ئۇرۇقىدەك بىر - بىرىدىن ئۆتكىنىدە، ھېكمەتنىڭ كۆز چاناقلىرىدا، مەنسەپپەرەس خالىق، ئامبار چاشقىنى قارا كۆڭۈل زەينىدىن، سۇيىقەستچى كېرىموفلار پەيدا بولدى. زۇمرەتنىڭ بوز يەر مەيدانىدا مەجنۇنلۇق گىريانلىرىدا ئازابقا قېلىشى، چۆللەردە غايىب بولغان رۇس قىزنىڭ تەقدىرىگە بەكمۇ ئوخشايتتى. . .

ھېكمەت بىردىنلا دېھقان ئىشلەمچىلەر ئارىسىدا كېرىم بوۋاينى كۆرۈپ قالدى. ئۇ تاغار يۈدۈگەن ھالدا بىر قولىدا تىك توسما توپىلىرىنى قامالاپ يامىشىپ چىقىۋاتاتتى. ھېكمەت يۈگۈرۈپ باردى - دە، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى ۋە تاغاردىكى توپىنى يەرگە تۆكتى.

— كېرىمكا، ئۆزلىرى توسما ئۈستىدە بىردەم ئارام ئالسىلا، مەن بىر - ئىككى يول قاتناي، قانداق دېدىم؟ . . . .

كېرىم بوۋاي «ھاي مۇئەللىم. . . » دەپ بولغۇچە، ھېكمەت تاغارنى ئېلىپ پەسكە يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كەتتى. كۆڭلى خوش ئادەمنىڭ ئېتىمۇ يۈگۈرۈك بولىدۇ، دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان. ھاكىمنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكى قېنىغا پاتماي قالغان ھېكمەت يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ئۈچ نۆۋەت توپا ئېلىپ چىقتى. ئۇ تۆتىنچى قېتىم ماڭاي دەپ تۇرۇشقا، شېغىللىقتا ماشىنىنىڭ ئۈزۈندىن - ئۈزۈن بەرگەن سىگنالى ئاڭلاندى. دېگەندەك، بىر ماشىنا ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. كېرىم بوۋاي بەكمۇ خوش بولۇپ كەتتى. ئۇ: «سىلىنىڭ بىر يۈدۈم توپىلىرىنى مەن ئىككى قېتىمدا

ئاران ئېلىپ چىقىمەن، رەھمەت مۇئەللىم بالام... بۇگۈن ئىككى كۆنلۈك ۋەزىپىنى تۈگىتىدىغان بولدۇم...» دەپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

ھېكمەت شېغىلنى تۆكتۈرۈپ، شوپۇرنىڭ دەپتىرىگە تامغا بېسىپ بەردى. بۇ چاغدا، قۇم ئالىدىغان يەرگە بىرمۇنچە دېھقانلار يىغىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ، تاغارلىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قاترىسىغا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان دېھقانلار قاتىرىنى بويلاپ، ئالقىنىدا قۇم سورۇپ ماڭدى. قاقاس ئاپتاپتا كۆپىنچە دېھقانلار پوتىلىرىنى يېشىپ بېشىغا رومالدەك ئارتىۋالغانىدى. ھېكمەت قاتارنىڭ ئاخىرىدىن تەكشۈرۈپ كەلگەچكە، ئەڭ باشتا — قۇم دۆۋىسىنىڭ قېشىدىلا ئولتۇرغان دېھقاننىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇ كۆك گۈللۈك چىت پوتىسىنى كۆزلىرىگىچە يېپىپ، يەر بېقىپ تۇرغاچقا، يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

— غوجام، — دېدى ھېلىقى دېھقان بېشىنى كۆتۈرمەي، — مېنىڭ قۇمۇمنى پاتراق ئالغان بولسىلا، مەن بەك ئالدىرايتتىم...

— ۋاي... جېنىمغىنا ئۇز ئاكا، ئالدىرمايدىغان كىم باركىنتاڭ؟...

— مېنىڭ قۇمۇم ئالتۆندەك قۇم، تالونغا بىرگە ئىككىنى قوشۇپ يازالا!...

— كۆرۈۋاتىمەن، قۇملىرى بەك پاكىز ئىكەن...

ھېكمەتنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى. بۇ ئوشۇقچە تەلەپلەرنى قويۇۋاتقان زادى كىم؟ ئۇنىڭ ئاۋازى تونۇشلىغۇ؟ نېمە ئۈچۈن باش كۆتۈرۈپ قارىيالمايدۇ؟ ھېكمەت ئۇنىڭ بېشىدىكى پوتىسىنى شارتلا ئېلىۋەتتى...

— كامىل!... — ھېكمەت قاتتىق ۋارقىرىدى - دە، ئۇنى قۇچاقلىۋالدى، — سەن... سەن... بۇ راستىنلا سەنمۇ؟... گەپ قىلساڭچۇ!... كامىل... كامىل... تۇۋا، سېنىمۇ كۆرۈدىكەنمەن!...

— بولدى، دېھقانلار ساڭا ساقلاپ قالدى، — دېدى كامىل پوتىسىنى بېلىگە ئوراۋېتىپ، — قالدى گەپلەرنى كېيىن قىلىشايلى.

قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھېكمەتنىڭ قوللىرىمۇ

تىترەۋاتاتتى. ئۇ دېھقانلارنىڭ تالونلىرىغا بىر ـ ئىككى سانتىمېتىر كۆپ قوشۇپ يېزىپ بەردى. ئۇلار ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندايدىغانلىقىنى، قۇمقايغانغا بىرەر نۆۋەت كەم قاتنايدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپ، بەك خۇشال بولۇشۇپ كەتتى.

چۈش بولاي دەپ قالغانىدى. ئەمدى ماشىنا ھەم قۇم توشۇيدىغانلارمۇ كەلمەيتتى. ھېكمەت كامىلنىڭ ئېشەك ھارۋىسىغا چۈشۈپ، ئۇنى ياتىقىغا باشلاپ كەلدى. ئۇنىڭغا يۈزلىرىنى يۇيىدىغان سۇ تەييارلاپ بەردى، ئالدىغا چاي ئېلىپ كەلدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.

كامىلنىڭ ئاغزى تولۇق ئېچىلىپ كەتمىگەنىدى. ئۇ يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدا قۇم ھاشىرى ئورۇنداۋاتقانلارنى ئالماشتۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، رەجەپ كارنايدىن ئۇزىنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. شىياۋدۇيجاڭ ئۇنىڭ تولۇق ساقىيىپ كەتمىگەنلىكىنى، شۇنداقلا چارقۇمنىڭ قۇمقايغانىنىــڭ ئېچكىرىسىدە بولۇپ، ئەپكەلمەكنىڭ بەكمۇ جاپالىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن ئۇنىڭ ھەرقانداق جاپا ھېكمەت بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشنىڭ ئالدىدا مېنىڭ ئۇچۇن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان رەجەپ كارناي ئېشەك ھارۋىسىنى ئۇنىڭغا تەقسىم قىلىپ، ئۇلاغلارنــى باشقا ھاشارچىلارغا بەرگەنىدى.

— رەجەپ كارنىيىڭ ھەقىقەتەن بولىدىغان ئادەمكەن جۇمۇ! — دېدى ھېكمەت ،— ھەرقانداق يەردە ياخشى ئادەملەر يەنىلا كۆپ ئىكەن. . .

— توغرا ئېيتىسەن، ئەلۋەتتە ياخشىلار كۆپ. . .

كامىل غۇجا باھاۋۇدۇن ھاجىم، رەجەپ كارناي، ناسىراخۇن ساپايى، قادىر پاخــلان قاتارلىق ئاق كــۆڭۈل، سەمىمــي، پاك نىيەت ئەللامە دېھقانلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى ھەم نەفسەگە ئەلچى كىرگۈزۈپ، سۆز سالدۇرغانلىقى، خالىقنىڭ راسا قۇتراۋاتقانلىــقــى قاتارلــق ئەھۋاللارنىمۇ قالدۇرمىدى. ھېكمەتمۇ قۇربان ھاكىم، كېرىم بوۋاي ۋە توساللا، لايقا، بۇزاق دېھقانلىرىنىڭ دەرد ـ پۇخلىرىنــى، يەرلــىك كادىرلارنىڭ ئۇلارنى قانداق بوزەك قىلغانلىقى قاتارلىق ناھەقچىلىقلارنى ئېيتىپ بەردى. بولۇپمۇ قۇربان ھاكىمنىڭ ساختا توي خېتىنى تەكشۈرۈش

ۋە زۇمرەتنى داۋالىتىش توغرۇلۇق ھەرىكەت قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان كامىل ھاياجىنىنى باسالمايلا قالدى.

— مەن بۇرۇنمۇ قۇربان ھاكىمنىڭ پاك، ئادىل، پرىنسىپال ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان، — دېدى كامىل، — بىراق بۇنچىلىك كەسكىن، ئەستايىدىل ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

— مەن ئەمەلدارلارنىڭ ياخشىسى يوق، دېگەن ئويغا كېلىپ قالغانىدىم، لېكىن بۇ قېتىمقى ئەمەلىيەت مېنىڭ چۈشەنچەمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

— رەجەپ كارنايمۇ قىرىق - ئەللىك تۇتۇننىڭ ئەمەلدارىغۇ؟ . . . لېكىن ئۇ كىچىك بالىدەكلا كەمتەر، ساددا، ئاق كۆڭۈل، ھېچقانداق ئەمەلدارلىق كىبىرى يوق ئادەم ئىكەن.

كامىلنىڭ بۇ قېتىم يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا ھاشارچىلار قاتارىدا كېلىشىدىكى مەقسىتىنىڭ بىرسى ھېكمەت بىلەن كۆرۈشۈش بولسا، يەنە بىرسى زۇمرەتنى بوز يەردىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ داۋالىتىش ئىدى. ئۇ رەجەپ كارناي بىلەن چىشىنى داۋالاتقىلى شەھەرگە كىرگەندە، بۇ توغرۇلۇق دوستلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالدى. ئۇلار ھەممىسى بىرلىشىپ زۇمرەتنى داۋالىتىپ ساقايتىشنى ئېيتىشتى. خان ئانا بۇ ساۋاپلىق ئىشقا پاتراق تۇتۇش قىلىشنى تاپىلىدى.

ئەتراپلىق ئويلىنىدىغان زېھنىي ئۆتكۈر كامىلنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشى يەنىلا مۇرات ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى، مۇراتنىڭ قېنى قىزىق، تەبىئىتى يېنىك بولغاچقا، ئۇنى يەنە بىرەر ئىش چىقىرىپ قويارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتى. كامىل ئۇنىڭ بوز يەرگە قېچىپ كىرىپ، نەق بازاردا قىلغان ئىشىنى ئويلىسىلا، تېنى ئەيمىنەتتى. ئەگەر شۇ چاغدا ئېزىز تارمۇش تۇتۇۋالمىغان بولسا، ئۇ خالىقنى ئاللىقاچان جەھەننەمگە ئۇزىتىۋەتكەن بولاتتى. شۇڭا، كامىل قۇربان ھاكىمنىڭ زۇمرەتنى داۋالىتىشنى ئويلاشقىنىغا بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ھېكمەت دوستىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، خۇشلىقىدا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. چۈنكى ئۇمۇ زۇمرەتنىڭ بوز يەردە ئۆتكۈزۈۋاتقان ھاياتىدىن داۋاملىق ئەنسىرەيتتى.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، — دېدى كامىل ھېكمەتكە، — زۇمرەت بولسا ئەسەبىي، شۇڭا بوز يەرگە ئىككىمىز كىرسەك دېگەن ئويدىمەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە!

ئۇلار بوز يەر مەيدانىنىڭ زۇمرەتنى بېرىش - بەرمەسلىكى ھەققىدە سۆزلىشىپ تۇراتتى، قۇربان ھاكىم ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاق كۆڭلىكىنىڭ دولى ۋە قولتۇق ئاستىلىرى تەرلەپ ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. كامىلنىڭ چاسىغا مايىل تولغان يۈزىدىكى سالاپەتنى، چوڭ كۆزلىرىدىن ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئىرادىنى، پۈتۈن سىماسى ۋە چېھرىدىن جىلۋىلەنگەن پەزىلەتنى سەزگەن قۇربان ھاكىم ئۇنىڭغا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قارىدى.

— ھارمىغايلا ھاكىم! — دېدى كامىل قولىنى سۇنۇپ، — تەنلىرى ساق، ئۆزلىرى ئوبدان تۇردىلىمىكى؟...

— سىز... — ھاكىم كۈلدى، — كامىلمۇ ياكى مۇراتمۇ؟

— بۇ كامىل بولىدۇ، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ.

— توغرا، ھېكمەت تەسۋىرلەپ بەرگەندىنمۇ ئارتۇق سالاپەتلىك يىگىت ئىكەنسىز، — ھاكىم كامىلنىڭ مۇئامىلىسىگە قاراپ ئۇنى سىزلىگەنىدى، — ھە، قاچان كېلىپ قالدىڭىز؟... بىلىشىمچە، ئەللامەدە تۇرۇۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟...

— خوش... خاتىرىلىرىگە تەسەننا...، — كامىل سەل ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، — ئاڭلىسام ناھايىتى ساۋاپلىق ئىشقا بەل باغلاپلا... زۇمرەت ۋە گۈلزىبالار ئاجىزەلەر ئەمەسمۇ!... بۇ ھەقتىكى ئەجىر - ئىھسانلىرى بىكارغا كەتمەس ئىلاھىم!...

— ھېكمەتتىن ئاڭلاپسىز - دە، — ھاكىم كامىلنىڭ تەلەپپۇز ۋە سۆز - ئىبارىلىرىدىن ئەيمىنىپ قالغانىدى، — ھەرىكەت قىلىپ باقاي دەيمەن... بۇ جاھان مۇتىھەملەر ئۇچۇنلا يارالغان ئەمەستە!...

— ھىممەتلىرىگە تەسەددۇق... كونىلار: «كىمنىڭ قولى ھىممەت بىلەن ئېچىلغانىكەن، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى ئەمەلگە ئاشقۇسىدۇر...» دەپ بىكار ئېيتمىغان...

ھېكمەت كامىلنىڭ نېمە ۋەجىدىن كېلىپ قالغانلىقىنى قىسقىلا

سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ھاكىم بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ ئۇنداق ـ مۇنداق «بۇرادەرلىك» ، «ئاغىنىدارچىلىق» ، «خىزمەتداشلىق» لارغا ئوخشىمايدىغان چوڭقۇر مەناغا ئىگە ئۇلۇغ دوستلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. كامىلنىڭ زۇمرەت ئۇچۇن كېلىشى ھاكىم بىلەن ھېكمەتنىڭ ئاخشام قىلغان مەسلىھەتلىرىگە تولىمۇ ماس كەلگەنىدى. قۇربان ھاكىم ئۇلارنى ئاشخانىغا باشلاپ كەلدى ۋە روزاخۇن ئۇستامىنى سىرتقا تارتىپ بىرمۇنچە پىچىرلىدى.

— مۇنداق قىلساق، — دېدى ھاكىم جايىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — مەن شىغىل، قۇم ئېلىشقا ئادەم بەلگىلەپ قويۇپ، شەھەرگە ماڭسام، سىلەر بوز يەرگە كىرىپ، ئەتە كەچكىچە زۇمرەتنى ئېلىپ چىقساڭلار.

— بوز يەر مەيدانىنىڭ باشلىقى زۇمرەتنى بىزگە قېتىپ بېرەرمۇ؟ — سورىدى كامىل.

— مەن بىر پارچە خەت قىلىپ بېرىمەن. بەلكىم ئۇلارمۇ خوش بولۇشى مۇمكىن.

— ياقۇپكامنى قانداق قىلارمىز؟ — دېدى ھېكمەت.

— ھازىرچە قېپقالسۇن، — دېدى ھاكىم، — ئۆزۈڭلار ئاۋارىچىلىق تارتىپ قالىسىلەر. زۇمرەتنى دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، سىلەر قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىرمۇنچە ئىشلار بار.

— قانداق ئىشلاردۇر ئۇ ھاكىم؟ — سورىدى كامىل.

— زۇمرەت بەلكىم ئۇزۇن يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى، ئاياللار بولسا تېخى ياخشى.

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ قۇربانكا، شەھەردە دوستلىرىمىز خېلى كۆپ. . .

شىرەگە تاماق كەلدى. ھەممەيلەن تاماققا تۇتۇش قىلىشتى. ھاكىم بوز يەرگە بارغاندىن كېيىن زۇمرەتنى قانداق ئېلىپ كېلىش، ئەگەر بەك ئەسەبىي بولغۇدەك بولسا، ئەڭ ياخشىسى پۇت ـ قوللىرىغا بىر نەرسە يۆگەپ، باغلاپ قويۇش، ئاشخانىدىن كېرەكلىك يېمەكلىكلەرنى تولۇق

ئېلىشۋېلىشنى تاپىلىدى. ئۇلار روزاخۇن ئۇستامدىن ئالغان ئاق نان ۋە بىر تەخسە قورۇلغان گۆشنى ئېلىپ، ياتاققا قايتىپ كېلىشتى. ھاكىم گۆشنى نانلارنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ گېزىتكە ئوراپ بەردى. ھېكمەت ھارۋىنى سۈپۈرۈپ، كىگىز ـ كۆرپىلەرنى سالغاندىن كېيىن، ھاكىمنىڭ يېزىپ بەرگەن خېتىنى مەيدە يانچۇقىغا سالدى، ئۇلار يولغا چىقىشتى.

— كامىل، سىز قۇم ۋەزىپىڭىزدىن خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ھاكىم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن، — ھېكمەت بىرەر قېتىم ئارقا ئىشىك قىلىۋەتسە ئەجەپ ئەمەس!...

ئۇچىلىسى تەڭلا كۈلۈۋەتتى.

تـوۋرىدىكى قـوناقنىڭ ھەممىسـىنـــى يەپ بـولغان ئېشەك سـۇ ئىزدىگەندەك ئەتراپىغا چەكچىيىپ تېز چېپىپ كەتتى. كامىل ئۇنىـڭ تىزگىنىنى سېـرىمەي ئـۆز مەيلـــگە قـويۇپ بەردى. دېگەندەكـلا، يېڭىئېرىقنىڭ كۆجۈم مەھەللىلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يول ئۇستىدىكى ئۆستەڭنىڭ يېيىلىپ ئېقىۋاتقان يېرىگە چېپىپ كەلگەن ئېشەك بىرمۇنچە سۇ ئىچتى. ئۇ قاتتىق پۇشقۇرۇپ، ھۆل تۇمشۇقلىرىنى سىلكىگەندىن كېيىن، كۆۋرۈك تەرەپكە قايرىلىپ ماڭدى.

كامىل بىلەن ھېكمەت ناھايىتى خۇشال ئىدى. بۇنداق پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەن ھاكىمغا ئىچىدە مىڭلارچە رەھمەت ئوقۇيتتى. ئەگەر مۇراتمۇ بولغان بولسا، بۇ سەپەر نەقەدەر مەنىلىك، كۆڭۈللۈك بولار ئىدى. ئۇلار ئەسرا بولۇپ دېدار كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈنلا شادلىنىۋاتقىنى يوق، بەلكى زۇمرەت ۋە گۈلزىبانىـــڭ بەخت ـ سائادىتــــى ئۈچۈن خۇشال بولۇشۇۋاتاتتى. بولۇپمۇ زۇمرەتنىڭ يېڭى ھاياتقا قەدەم تاشلىشى، دوستى مۇراتنىڭ مۇرادىغا مۇيەسسەر بولالايدىغانلىقى ھەر ئىككىسىنىڭ قەلبىنى خۇشاللىققا چۆمدۈردى. لېكىن، كامىل بەزىدە جىمىپ قالاتتــــى ۋە ھېكمەتكە قارايتتى. ئۇنىڭ بىر نەرسىنى دېيەلمەيۋاتقانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. ھېكمەت گۈلزىبانىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى. بۇنى دېيىش كېرەكمۇ ياكى دېمەسلىك كېرەكمۇ؟... ئەگەر دېگەن تەقدىردە ئۇنىڭ غېمىنى كۆپەيتىپ، ئۇستىلەپ دەرد قوشۇپ قويارمۇ؟... كامىل

بۇ توغرۇلۇق خېلى كۆپ ئويلاندى. ئاخىرى ئۇ بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى خانىمزاتخان ئانا، سەئىدەلەر ئامۇتلۇققا ئەلچىلىككە بارغان كۈنى گۈلزىبانىڭ نەفسەگە دېگەن گەپلىرى كامىلنى ئويغا سېلىپ قويغانىدى. بۇ بىچارە، ھىماتسىز قالغان قىز ئۆزىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆلۈمنى خالاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ: «ئاھ خۇدا، ماڭا كېلەر يىلى بۇگۈنكى كۈنلەردە، يەنە چىرايلىق يازلارنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلارسەنمۇ؟...»، «ھېكمەتنى بىر كۆرۈۋالسام ئارمىنىم يوق، ئۇ كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپ كەتتى...»، «خۇدايىمدىن بالامنى تۇغۇۋالغۇچىلىك ئۆمۈر تىلەيمەن...» دېگەن سۆزلىرى نەچچە كۈنلەرگىچە كامىلنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتكەنىدى. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلاردىن ئۇنىڭ ئېرى بولغان ئادەم خەۋەر تاپمىسا بولامدۇ؟...

— ھېكمەت، ئايالىڭ... گۈلزىبانىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇۋاتامسەن؟ — كامىل «ئايالىڭ» دېگەن سۆزنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتتى.

— شۇنداق، ماھىگۈل ئۈچ نۆۋەت كەلدى. مەن مائاشىمدىن تاماققا يەتكۈدەك ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى ئەۋەتىپ تۇردۇم. خەتمۇ يازدىم، — دېدى ھېكمەت غەمكىن ھالدا، — قانداق سوراپ قالدىڭىز؟

— ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس!...

— نېمە ئۇ ئاغرىپ قالدىمۇ؟ — ماھىگۈلنىڭ «ئاچام قان تۈكۈردى» دېگەن سۆزى دەرھاللا ئېسىگە كەلگەن ھېكمەت چۆچۈپ ھارۋا ئۈستىدە تىزلاندى.

— ئانچە قورقۇپ كەتمە، — كامىل گېپىنى يۇتۇۋەتتى، — ئۇ...

— نېمە بولدى، دېسەڭچۇ؟

— گۈلزىبا ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ!...

ھېكمەت نە خوش بولۇشنى، نە قايغۇرۇشنى بىلمەي، ئولتۇرۇپ قالدى.

تۈنجى بالا يۈزى كۆرۈش ھەرقانداق ياش يىگىتنى ئىككى ئالەم شادلىقىغا نائىل قىلىدۇ... چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ «ئاتا» بولغانلىقىدىن

پەخىرلىنىدۇ. . . جىنى تېنىغا سىغماي قالىدۇ. . . دۇنيادا كۆز ئېچىپ كۆرگەن بالىسىنىڭ «دادا! . . .» دەپ تىلى چىققىشىدىن ئارتۇق سۆيۈملۈك، ئوماق ئاۋاز بولمىسا كېرەك! . . . ئەلۋەتتە ئۇ، ئىككى قەلب بۇلىقىدىن ئېتىلىپ چىققان گۆھەر! . . . بىر - بىرىگە قوشۇلغان ئىككى يۈرەك قانلىرىدىن ئاپىرىدە بولغان قىزىل بىخ! . . . تاقەتسىز تەلپۈنگەن كۆڭۈللەرنىڭ جەننىتىدە ئېچىلغان غۇنچە! . . . ئەمما. . . ئەمما. . . ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانىڭ يوشۇرۇن نىكاھىنى خەلقى - ئالەم بىلمىسە. . . بالا كۆز ئېچىپ دۇنياغا كەلسە، گۈلزىبا نېمە دەپ ئۆزىنى ئاقلار؟ . . . ئادەملەر ئۇنى نېمىلەر دېيىشەر؟ . . . ئۇ، تىل - ھاقارەت، نومۇسسىز ئەيىبلەشلەرگە بەرداشلىق بېرەرلەرمۇ؟ . . . ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ چەككەن دەرد - ھەسرەتلىرى يېتىپ ئاشاتتىغۇ! . . .

ھېكمەت يۈزىنى ئالقانلىرىدا قاماللاپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئولتۇرغان كامىل ئۇنىڭغا: «لېكىن گۈلزىبا بەك خۇشال» دەپ قويدى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— چۈنكى «بالام ئارقىلىق ھەرقانداق بالا - قازانى يېڭىمەن» دەيدۇ. . . ھازىر ئۇ مۇھەببىتى يولىدا ھەممە نېمىسىنى قۇربان قىلماقچى! . . .

— ئاھ گۈلزىبا! . . . گۈلزىبا. . . بۇ. . . بەكمۇ خەۋپلىك يولغۇ! . . .

ئۇلار قۇمقايغانغا كەلگەندە، كامىل بويۇنداپ يىراقتا كىچىككىنە روجىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇرۇڭقاش دەرياسىغا، قۇم بارخانلىرى ئارا قارىيىپ كۆرۈنگەن كەنت ئىزنالىرىغا قارىدى. ھە، بىر چاغلار بۇ قۇملۇقلار ئارا كۆڭۈل باغلىرىنىڭ چېچەكلىرى ئېچىلغان. . . دەريا قاسناقلىرىدا بىر جۈپ ئاياغ ئىزلىرى قالغان. . . سۇ پەرىسىنىڭ نازۇك بارماقلىرى تىكەنلەرنى بىر - بىرلەپ تېرىپ ئالماقتا. . . قۇندۇزدەك چاچلاردىن تارقىغان مۇشكى - ئەمبەر ھىدلىرى ئۇنىڭ دىماغلىرىنى غىدىقلىدى. . . يۇلغۇنلار باغاشلىغان قۇم بارخانلىرى باغىرلىرىنى غۇر - غۇر شامال كەزمەكتە! . . . ھايال ئۆتمەي يېغىشقا باشلىغان سىم - سىم يامغۇر يۇلغۇن چېچەكلىرىدىن سىيرىلىپ ئىسسىق قۇمغا سىڭمەكتە ئىدى. . .

بىراۋلار پىچىرلاپ: «خاتىرىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ...» دېدى... ھەسرەتلىك كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلدى... ئاپئاق ئايدىڭ كېچىلەر... ئاي بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئىچىدە گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوقايدۇ... مىڭلىغان كىچىك پانۇسلاردەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئانار گۈللىرى ئاي نۇرىدا ئوتقاچتەك يېلىنجايدۇ... ئانارلىق باغ ئىچىدىن قارا چايشاپ يېپىنغان بىر تولۇن ئاي چىقىپ كەلدى... ئۇ ناز - ئىستىغنا بىلەن قايرىلىپ قارىدى!...

— كامىل سىلەر ئۇما ئورىغان يەرلەر مۇشۇمۇ؟ — ھېكمەتنىڭ سوئالى كامىلنى شېرىن چۈشتىن ئويغاتتى، — بۇ يەرلەردە ئېتىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— شۇنداق، — دېدى كامىل چوڭقۇر تىنىپ، — تېرىلغۇ يەرلەر بۇ قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىدا.

ھېكمەت بىلەن كامىل گۈگۈم بىلەن تەڭ بوز يەر مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئالدى بىلەن مەيدان باشلىقىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپتى. مەيدان باشلىقى خالىق كاتىپتىن قورققان بولسا كېرەك، دەسلەپتە ئۇنىمىدى. لېكىن ئۇ قۇربان ھاكىمنىڭ زۇمرەتنى داۋالاش ھەققىدىكى خېتىنى كۆرۈپ، دەرھاللا ماقۇل بولدى. ياقۇپ بىر ئاي ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. كامىلنىڭ تەلپى بويىچە، مەيدان باشلىقى ئۇلارنى كەنتتىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر قەبرىستانلىققا باشلاپ ئېلىپ باردى. پاكار - پاكار ياۋا قومۇش ۋە پاختا يۇلغۇن تۈپلىرى قاپلاپ كەتكەن قەبرىلەرنىڭ ئاياغ ئۇچى قۇم دۆڭلىرى تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار، ئۈستى تەرىپى قۇرۇپ كەتكەن، لېكىن ئاستى تەرەپتىكى شاخلىرى كۆكىرىپ تۇرغان بىر تۈپ قېرى توغراقنىڭ ئاستىدىكى قەبرە ئالدىدا توختاشتى. قەبرە يازنىڭ ئوت - چۆپلىرى بىلەن قاپلىنىشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەنىدى. ھەممەيلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. كامىل مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن قىرائەت قىلدى. ئۇلار مازارلىقتىن قايتىپ، كەنتنىڭ مال ئېغىلىغا كەلدى. مەيدان باشلىقى پاكار، ئاپئاق كەكە ساقال مال باقارغا «زۇمرەتنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى، شۇڭا، ئۇنى ئوبدان جابدۇپ بېرىشنى» تاپىلاپ كېتىپ قالدى.

مالچى قېرى كامىل بىلەن ھېكمەتنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. كان ئوچاقتا تېزەكنى كۆپ قالىغانلىقتىنمۇ ئۆينىڭ ئىچى كۆكۈن پۇراپ تۇراتتى. پۇرقىراپ توپا ئۆرلەپ تۇرغان كىگىزنىڭ نەم يەردىن ھېچ پەرقى يوق ئىدى. ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلىپ ئولتۇرغان زۇمرەتنى ھەر ئىككىلىسى تونىيالمايلا قالدى. ئۇنىڭ چاچلىرى قىرقىپ تاشلانغان بولۇپ، بەكمۇ ياداپ كەتكەنلىكتىن چوڭ كۆزلىرى دىردىيىپلا قالغانىدى. ئۇ كامىل بىلەن ھېكمەتكە قاراپمۇ قويماي، ئالدىغا دۈۋىلىۋالغان قەغەز تاماكىلارنى بىلىكىگە تەگكۈزۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنى ئېلىپ، بۇنى قويۇپ، بىرلا ھەرىكەتنى تەكرارلايتتى. كامىل، ھېكمەتلەرنىڭ كۆڭلىدىن ئوخشاشلا بىر خىيال كەزمەكتە ئىدى: قېنى ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭلىك دولقۇن ـ دولقۇن چاچلىرى؟ . . . ئۇنىڭ ئوماق شوقلىقىنى كىملەر دەپنە قىلىۋەتتى؟ . . . ئۇنىڭدىكى قىزلارغا خاس نەپىسلىك، گۈزەللىك ۋە ناز ـ كەرەشمە بوز يەرنىڭ ياۋا قومۇش قاپلىغان قۇملۇقلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتتىمۇ؟ . . . كۈلۈشنى، سۆزلەشنى، سىرلىق ئىما ـ ئىشارىلەرنى بىلىدىغان چوڭ كۆزلىرىنىڭ مۇھەببەتلىك نۇر ـ چېقىنلىرى نەلەرگە يوقالغان؟ . . . مۇراتنى سۇدىن ئېلىپ ئوتقا، ئوتتىن ئېلىپ سۇغا تاشلايدىغان ئاجايىپ شۆللۈك نازلار، شوخ كۈلكىلەر، مېھىرلىك بېقىشلارنىڭ قاتىلى كىم؟ . . .

كامىل قولياغلىقىنى كۆزلىرىگە باستى. ئۇ دەممۇ دەم ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئاچچىق ياشلىرىنى ئارانلا بېسىپ، مالچى قېرىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— زۇمرەتئاينىڭ چاچلىرىنى نېمىشقا قىرقىۋەتتىڭلار؟

— ئۇنىڭ چاچلىرى گىدى ـ گىدى بولغاچقا، بارغانسېرى چىگىشلىشىپ، تاغاق ئۆتمەس بولۇپ كەتتى، — مالچى ئاستا غودۇڭشۇپ قويدى، — ئۇنىڭ ئۇستىگە، پىت بېسىپ كېتىپ، سىركىسىنى ئادالىيالماي قىرقىۋەتتۇق.

— نېمانچە جۇدەپ كەتتى؟ — دېدى ھېكمەت سىرتتىن كىرگەن مومايغا.

— تامىقى بەك ئاز . . . بىر نەرسە يېگىلى ئۇنىمايدۇ، — دېدى مالچى

ئۆمچىيىپ، — بىچارە قىز تولىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى... بۇرۇنقى ئەسەبىيلىكى قالمىدى.

— ياقۇپكامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى ئىسىگە ئالالامدۇ؟ — سورىدى كامىل.

— ئۇنىسى نامەلۇم، بىراق، — موماي يىغلىۋەتتى، — رەھمەتلىك يەرلىكىگە تېگىپ ئۈچ كۈنگىچە، ئۇ جۆيلۈپ: «دادا يالغۇز تاشلاپ قويما، مېنى بىللە ئېلىپ كەت...، مەن سېنىڭ جىگىرىڭ ئەمەسمۇ؟... مېنىڭ ھېچاتىم يوق...، بۇلاق كۆمۈلۈپ كەتتى...» دەپ قالايمىقان ۋارقىراپ، تالاغا يۈگۈردى...

— ياقىۋاخۇن رەھمەتلىكنىڭ بىر كۆزى ئارقىسىدا كەتتى، — دېدى بوۋاي ساقاللىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشنى سۈرتمەي، — ئۇ... ئۇ... پۇشايمان، ئازاب بىلەن كىملەردىندۇر ئەپۇ سورايدۇ... «سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمەن» دەپ نالە قىلىدۇ...، تۇرۇپلا، «قىزىمنىڭ قاتىلى مەن» دەپ ئۆزىنى كاچاتلايدۇ... ئۇ ئاشۇنداق سۆزلەپ، جۆيلۈپ، ئىككى كۈن جان سەكراتىدا ياتتى...

كامىل زۇمرەتنى ئېلىپ دەرھال يولغا چىقىشنى ئېيتقانىدى، ئەر-خوتۇن مالچىلار زادىلا ئۇنىمىدى. بوۋاي: «ئادەم ھارۋىدا ئولتۇرۇپ چىدىغان بىلەن، ئۇلاغ بىچارىگە ئۇۋال بولىدۇ» دەپ، ئۇلارنى تۇتۇپ قالدى. بوۋاي سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئېشەكنى ھارۋىدىن چىقىرىپ، ئېغىلدا ئوتقا قويۇپ بەردى. ئۇ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، مومايىنىڭ ئەتكەن سىقماق ئېشىنى تەرلەپ تۇرۇپ ئىچىشتى ۋە ئەتكەلگەن ئاق ناندىن بىرنەچچىنى، گۆش قورۇمىسىنىڭ يېرىمىنى ئۇلارغا بەردى.

— چوڭ ئانا، — دېدى كامىل مومايغا قاراپ، — بىز ئەرلەر چىقىپ تۇرساق، ئۆزلىرى زۇمرەتئاينىڭ بېشىنى يۇيۇپ قويالامدا؟...

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇرغان، — دېدى موماي ئاپئاق چاچلىرى ئۈستىدىن رومىلىنى چىكىلەپ تېڭىۋېتىپ، — قىزىمنى باشتىن-ئاياغ يۇيۇپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ قويىمىسام بولماس...

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاي تۇغمىغانىدى. لېكىن ئاسمان

گۈمبىزنى قاپلاپ كەتكەن يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى بىر تۇتاش يورۇق پەردىگە ئايلىنىپ، كائىناتنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. تەكلىماكان قۇملۇقلىرى سۈۋارى قاراڭغۇلۇققا چۆككەن بولۇپ، قەيەرلەردىندۇر ئىتنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ قاۋىغان ئاۋازى كېلەتتى. قەبرىستانلىقتا ھوقۇشنىڭ «ھۇۋ. . . ھۇۋ. . . ھۇۋ. . .» قىلىپ شۇم سايرىشى ئەتراپنى سىرلىق ۋە ۋەھىمىلىك سۈكۈناتقا چۆمدۈرگەنىدى. كامىل بىلەن ھېكمەت پاراڭلىشىپ ئاستا ماڭغىنىچە، ئانچە چوڭ بولمىغان كەنتنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، بىر قۇم دۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. بۇ يەردىن پەستىكى كەنت ئۆيلىرى خۇددى ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا قالايمىقان تاشلىۋەتكەن سەرەڭگە قاپلىرىدەك كۆرۈنەتتى. ئەتراپ شامالسىز، دېمىق بولغانلىقى ئۈچۈن، تۈرخۇنلاردىن چىقىۋاتقان ئىسلار قوۋزىقى سويۇۋېلىنغان تېرەك غوللىرىدەك، نىل رەڭلىك ئاسمانغا تۈپتۈز تىكلىنىپ تۇراتتى.

— ھېكمەت، — دېدى كامىل قاراڭغۇلۇق تىقىلغان كەنتكە قاراپ، — مەن ھازىر نېمىنى ئويلاۋاتىمەن، بىلەمسەن؟. . .

— ئېنىق بىر نېمە دېيەلمىسەممۇ، سەن ھازىر خالىقنى ئويلاۋاتىسەن! . . .

— توغرا. . . مەن ئۇنى قانداق ئۆلتۈرگەندە، ئەڭ ئازاپلىق، قىينىلىش ۋاقتى ئۇزۇن، جان بېرىشى مۈشكۈل بولىدىغان ئۇسۇلنى ئويلاۋاتىمەن. . .

— لېكىن سېنىڭ بىلەن بىز ئۇنداق قىلالمايمىز. . . — دېدى ھېكمەت ئاچچىق كۈلۈپ، — سەن بۇ گەپلەرنى زۇمرەتنى كۆرگەندىن كېيىن، غەزەپكە چىدىماي قىلىۋاتىسەن، بۇنى چۈشىنىمەن. خالىقتەك ئادەملەر كىشىلىك ھاياتتىكى باھار ۋە يازنى قوغلايدىغان زىمىستانلار! . . . ئۇلارنىڭ تەبىئىتى شۇنداق يارالغان.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ كۆپ ھاللاردا ئويلىغانلىرى بىر يەردىن چىقاتتى. مانا ھازىرمۇ ھېكمەت كامىلنىڭ سوئالىغا نەق جاۋاب بەردى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ خالىق توغرۇلۇق ئويلاۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى، ئويلىغانسېرى ئىچى غەزەپكە تولاتتى. سۈرەييا

يۈلتۈزىدەك زۇمرەت مۇشۇنداق هالغا كېلىپ قالدى. نادان، ساددا ياقۇپ بولسا، ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ تاپقىنى نېمە بولدى؟ تەقدىرى كۆڭۈللۈك ئائىلىسىنى توزۇتۇپ، قىزىنى بەختسىز قىلىش بىلەن ئاياقلاشتى. مانا ئۇنىڭ ئۆلۈكى نام ـ نىشانسىز هالدا قۇملۇقلار ئارا قالدى! . . . ياقۇپنىڭ جان سەكراتىدا يېتىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزلىرى، بىر ئادىمىي هايۋاننىڭ ئەسلى ماهىيىتىنى بىلگەندىن كېيىنكى تۆۋە ـ ئىستىغپارى ئىدى. لېكىن ئۇ كېچىكتى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئادەمنىڭ ئۆمرى خاتا قەدەم ئېلىش — ئۆكۈنۈش، يەنە تەكرارلاش — پۇشايمان قىلىشتەك دەۋرىي شەكىل بويىچە ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ. كونىلارنىڭ «خام سۈت ئەمگەن ئىنسان» دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە! . . .

— ئەگەر ئېزىز تارمۇش داۋاملىق خەۋەر ئېلىپ تۇرمىغان بولسا، — دېدى كامىل خۇرسىنىپ، — بۇ چاققىچە زۇمرەتمۇ! . . .

— شۇنداق، ئېزىز تارمۇش كۆڭلى ياخشى يىگىت، ئۇ بىزگە كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى، بۇنى هەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمىز. . .

— هېكمەت، زۇمرەت شىپالىق تاپالارمۇ؟ — سورىدى كامىل.

— ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىكى تېلىۋالدى مەخسۇس نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرى، — دېدى هېكمەت ئىشەنچلىك هالدا، — ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئابدۇقادىر دوختۇرمۇ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىگە ئىگە. . . ئۇلارغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. . .

— بۇ ئىشتىن مۇراتنى قانداق خەۋەرلەندۇرۇپ قويارمىز؟ . . .

— ئەتە يېغىئېرىققا كىرگەندىن كېيىن، قۇم توشۇيدىغان بوستانلىق دېهقانلارنىڭ بىرسىگە تاپىلاپ قويساق، يەتكۈزۈپ قويىدۇ. . .

— بۇ ئامال بولىدىكەن. . . ، — دېدى كامىل ئاي تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان قۇملۇقلارغا قاراپ، — يەنە بىر ئىش ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. غوجا باهاۋۇدۇن هاجىمنىڭ دورىخانىسىدىن «لوبۇبى كەبىر» دېگەن بىر دورىنى ئېلىپ چىققانىدۇق. ئۇنىڭ رېتسېپىنى ئوقۇسام «نېرۋا ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان سەرئى، خاپىغان» كېسەللىكلىرىگە شىپالىقكەن. . .

— ناهايىتى ياخشى، سەن غوجا باهاۋۇدۇن هاجىمغا مۇراجىئەت

قىلساڭ، ئۇ تېخىمۇ ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىشى مۇمكىن.

تەكلىماكان قۇملۇقلىرىنى، ئۇنىڭ باغرىدىكى كىچىككىنە يېشىل مەرۋايىت — بوز يەرنى سوغۇق نۇرلىرىغا چۆمدۈرۈپ ئاي تۇغدى. ئۇنىڭ تولغان، يۇمىلاق يۈزى ئۆركەش - ئۆركەش قۇم ئېزنالىرىدىن كۆتۈرۈلگەندە، گويا دولقۇنلۇق دېڭىزدا يۈيۈنۈپ چىققان پەرىگە ئوخشايتتى. كامىل بىلەن ھېكمەت ھاۋا رەڭ نۇرغا چۆمۈلگەن كائىناتقا تويماي قارىغىنىچە، جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە، دوستلىرى، ئەللامە دېھقانلىرى، سۇ ئامبىرىدىكى مىڭلىغان ھاشارچىلار... مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىرى، ئېرىز تارمۇش، غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىم، رەجەپ كارناي، قۇربان ھاكىملار گويا گىگانت ئادەملەردەك بىر - بىرىدىن نامايان بولماقتا ئىدى. بىراق خالىق، زەينىدىن، كېرىموفلار خۇددى قىغ دۆۋىسىگە ئۈملەپ كىرىپ كېتىۋاتقان قارا قوڭغۇزلاردەك، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن تۆۋەندە قالغانىدى.

كامىل بىلەن ھېكمەت شەھەردىكى دوستلىرىنى ئەسلىشىپ، ئۇلارنى ياد ئېتىشتى. ئالىمجان زېھرۇللانىڭ ئايالى لۇتپىيە ئوغۇل تۇغدى. ئابلىز نەۋانىڭ ئايالى بائۇمە ئېغىر بوي بولۇپ قالغانىدى. غازاخۇن ئاكا ئارىلىقتا كېسەل بولۇپ بالنىستتا يېتىپ چىقىپتۇ... كامىل بىلەن ھېكمەت ئۇلارنى ئۆز ھەلەكچىلىكىدە يوقلىيالمىغانلىقى، شادىمان — گۈلباھار، نائىبى — سائادەت، ئامانىللا — روشەنلەر بىلەنمۇ ئەسرا بولالمىغانلىقلىرىدىن ئۆكۈنۈشتى. بۇ قېتىمقى «شيۇجېڭجۇيىغا قارشى» ھەرىكەتتە، ھەممىسى بىر قاتاردىن ساۋىلىپ چىققانىدى. بولۇپمۇ نائىبىنىڭ يازغان شېئىرى، باللادا، داستانلىرى تەھلىل قىلىنىپ، ئۇنى خېلىلا قاتتىق ئىسكەنجىگە ئالدى. بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى قانۇن ئورۇنلىرى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ كېتىشتى.

ئاي خېلىلا ئېگىز كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلار مالچىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىشتى. پاكىز چىت كۆڭلەك ئۈستىدىن قارا چىلتىكە كىيگۈزۈپ قويغان زۇمرەت يەنە بۇرۇنقى ئورنىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ھۆپپىدە ئاقىرىپ قالغانىدى. ئۇ ئالقانلىرىنى يالاڭئاياغ پۇتلىرىنىڭ ئاستىغا قويۇپ،

تىزلىرىنى قۇچاقلاپ جىمجىت ئولتۇراتتى. كامىل بىلەن ھېكمەت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— زۇمرەت، بىزنى تونۇدىڭىزمۇ؟ — دېدى كامىل ئۇنىڭغا قاراپ، — مەن كامىل، بۇ ھېكمەت . . .

زۇمرەت ئىپادىسىزلا كۈلدى. ئۇنىڭ ئوڭ مەڭزىدىكى چوڭقۇر زىناق ھېلىھەم يوقالمىغانىدى. ئۇ، ئالدىدا ئولتۇرغانلارنى گويا بىر يەردە كۆرگەندەك، كىمگىدۇر ئوخشاتقاندەك ئۇزۇن تىكىلىپ قارىدى. لېكىن كۈلمىدى ياكى گەپ قىلمىدى. . . موماي ئۇنىڭغا ئېگىشتى:

— زۇمرەت قىزىم، ھاي زۇمرەت قىزىم. . . بۇلاق، ھە بۇلاق كەلدى. . . بىلەمسىز، بۇلاق! . . .

زۇمرەت ئالاقزادىلىك بىلەن ئەتراپىغا قارىدى ۋە يىغلامسىراپ كامىلنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ بىسەرەمجان ھەرىكەتلىرى بىلەن: «بۇلاق. . . بۇلاق. . . بۇلاق! . . .» دەپ تۇۋلىدى. كامىل زۇمرەتنىڭ «بۇلاق»نى ئۇنتۇمىغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇنىڭدا ئۈمىد بار ئىكەن دېگەن تۇيغۇغا كەلدى. چۈنكى ئۇ مۇشۇ ئەسەبىيلىكىدە، ھاياتىدا ئەڭ مەنىلىك، شېرىن ئۆتكەن بىر كۈندىكى «بۇلاق»نى قەلبىدە ساقلاپ قالغان. . .

موماي ئۆي ئىچىدە بۆرگە بولغانلىقى ئۈچۈن، كامىل بىلەن ھېكمەتكە ئۆگزىگە ئورۇن سېلىپ بەردى. ئۇلار سالقىن ئۆگزىدە، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە، خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە پاراڭلىشىپ يېتىپ، ئۇخلاپ قالدى. كېچىچە تەرەپ - تەرەپتىن قاۋاپ چىققان ئىتلار سەھەرگە يېقىن جىمىقتى. بىراق خورازلارنىڭ قاناتلىرىنى پاقىلدىتىپ، بەس - بەس بىلەن چىللىشى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىشى، كالىلارنىڭ مۆرىشى، قويلارنىڭ مەقىرىشى بوز يەر كەنتىنى بىر پەس زىلزىلىگە سالدى. . .

تاڭ ئاقىرىپ كېلىۋاتاتتى. كامىل ئورنىدىن تۇردى - دە، ھېكمەتنى ئويغاتتى. ئۇلار موماي تەييارلاپ بەرگەن قۇم چۆگۈندە يۈزلىرىنى يۇيۇپ تەييار بولدى. بۇ چاغدا، بوۋاي ھارۋىنى قېتىپ ئېلىپ كەلگەنىدى. موماي ھارۋىغا كىگىز - كۆرپىلەرنى سېلىپ بەرگەندىن كېيىن، زۇمرەتنى ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ بېشىدا ياغلىق، پۇتىدا بەتىنكىسى بار ئىدى. زۇمرەت

هارۋىغا چىققىلى زادىلا ئۇنىمىدى. موماي ئۇنىڭ باشلىرىنى سىلاپ يىغلىۋەتتى.

— قىزىم زۇمرەت... سىز... سىز بۇلاققا بارسىز... ئۇقتىڭىزمۇ؟ بۇ باللار سىزنى بۇلاققا ئېلىپ باردۇ...

— بۇلاق!... — زۇمرەتنىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى، — بۇلاق، بۇلاق...

— شۇنداق قىزىم، بۇلاققا بارسىز... بۇلاقنى كۆرسىز... — دېدى موماي مىچىلداپ يىغلاپ، — ئاۋۇ ياقتا بۇلاق بار... بۇلاق سىزنى ساقلاپ تۇردۇ!...

كامىل بىلەن ھېكمەتنىڭ دىمىغى زىڭڭىدە ئېچىشىپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. زۇمرەتنىڭ ساددا چىرايى، مومايىنىڭ تېرىقتەك تۆكۈلۈپ تۇرغان ئۇششاق ياش تامچىلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بۇزۇپ قويغانىدى.

— باللىرىم، — دېدى موماي ئاق داكا ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى كۆزىگە بېسىپ، — زۇمرەت قىزىمنىڭ يېنىدا تاماكا چەكمەڭلار، ئۇ دەرھال قولىغا يېقىۋالىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى ئاران ساقلايتتىم. ئەگەر غەلۋە قىلسا، قەغەزدە يالغان تاماكا ئوراپ بەرسەڭلار، بېسىقىپ قالىدۇ...

— بۇنى دەپ قويغانلىرى ئوبدان بولدى چوڭ ئانا... رەھمەت سىلىگە... — كامىل باش ئېگىپ تەزىم بىجا كەلتۈردى.

موماي زۇمرەتنىڭ پېشانە، مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ، باشلىرىنى سىلاۋاتقاندا، زۇمرەت مومايىنىڭ يۈزلىرىدىكى ياشلىرىنى ئىككىلا ئالقىنىدا سۈرتۈۋاتاتتى ۋە ياش يۇقى بارماقلىرىنى ئاغزىغا سېلىپ شورايتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى، ئۆزى بېقىپ، يۇيۇپ - تازىلاپ، تاماق يېگۈزۈپ ئىجىل بولۇپ قالغان بۇ مېھرىبان ئانا سارالڭ بولۇپ قالغان قىزنىڭ بەزلەشلىرىگە زادىلا چىداپ تۇرالماي، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— يىغلىماڭلار مەزلۇم، — دېدى بوۋاي ئۆزىمۇ يىغلاپ، — سەپەرگە چىقىدىغانلارنى يىغلاپ ئۇزاتسا يامان بولىدۇ... زېيىنى بار... ئاق يول تىلەيلى!...

بوۋاي تارشىدەك ئورۇق قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى ۋە ماتا

كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن قاتلاقلىق قەغەزنى ئېلىپ كامىلغا تۇتقۇزدى.

— بۇ رەھمەتلىكنىڭ پۈتۈپ قويغان ۋەسىيەتنامىسى بولسا كېرەك، — دېدى بوۋاي غارالڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا، — سىلەرگە تاپشۇرۇشنى تاپىلىغانىدى. تامنىڭ يوچۇقىغا تىقىپ قويۇپ، خەتىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ.

كېچىچە ھاردۇقى چىقىپ، ئوتقا تويۇنغان ئېشەك قوم توپىلىق يوللاردا تېز يۇرۇپ كەتتى. ئۇلار كەنتتىن ئايرىلىپ، ئادەمسىز تىمتاس سۈكۈتكە چۆمگەن يوللارغا چىققاندا، يورۇق چۈشۈپ كەتكەنىدى. زۇمرەت ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتلاقلىق چاپانغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. كامىل ياقۇپنىڭ خېتىنى ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى:

. . . «مۇرات، كامىل، ھېكمەت باللىرىم! . . . مەن بۇ خېتىمنى نەدىن باشلاشنى زادىلا بىلەلمەيۋاتىمەن. . . ماغدۇرسىز تېنىم، تىترەپ تۇرغان قوللۇرۇم، ئالاڭغۇ سوقۇۋاتقان يۈرىكىم سىلەرگە كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىمغا ئىمكان بەرمەيۋاتىدۇ. . . مەن خۇداغا ئۆز گۇناھلىرىمنى ئىقرار قىلىشىمغا، ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىك، خاتالىرىمغا تەۋۋا قىلىشىمغا، سىلەردىن ئاخىرقى تىنىقىمدا ئەپۇ سورىۋېلىشىمغا چۈشلۇقلا ئۆمۈر تىلەپ نالە قىلدىم. . . بولمىسا، مېنىڭ كۆزۈم ئوچۇق كەتمەمدۇ! . . . لەھەت ئىچىدە قانداقمۇ خاتىرجەم ياتىمەن! . . . تاڭلا قىيامەتكىچە كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ. . . مېنىڭ بىلىمىم بولمىسىمۇ، ئاز ـ تولا ئىشلارنى چۈشىنىمەن. . . سىلەر دەۋرىمىزنىڭ ساخاۋەتلىك نۇر تارقاتقۇچى شەمسى ـ قەمەرلىرى! . . . چاڭقىغان كۆڭۈللەرگە شەربەت ئاتا قىلغۇچى خاسىيەتلىك بۇلاقلىرى! . . . قاراڭغۇ كۆڭۈللەرنى يورۇتۇپ، يۇمۇقلۇق كۆزلەرنى ئېچىپ، نىمجان تەنلەرگە مادار بەرگۈچى ئوقۇتقۇچىلار سىلەر! . . . بىراق مەن سىلەرنى رەنجىتتىم. . . ئەسكىلىك قىلدىم. . . بارلىق گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈپ

بولدۇم... ئەمسە بۇ خەتنى نېمىشقا يېزىۋاتىمەن؟... ئۆز كۆڭلۈمگە تەسكىن تېپىش... جان سەكراتىمدا ۋىجدان ئازابىنى زەررىچە بولسىمۇ ئازىراق تارتىش، ئۆزۈمنى بەزلەش، ئالداش ئۈچۈن يېزىۋاتىمەن... بۇلار ئۆزۈمگە تەئەللۇق ھېس - تۇيغۇلىرىم!... ئەڭ مۇھىمى، ئاخىرقى تىنىقلىرىمدا، سىرلىق، قورقۇنچلۇق، بەكمۇ رەزىل بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىماقچىمەن!... سىلەرگە بۇ سۇيىقەست ئايان بولغاندىن كېيىن، مېنى كەچۈرمىگەن تەقدىرىڭلاردىمۇ، مەندەك بىقۇل بىچارىگە ئاز - تولا خەيرىخاھلىق قىلارسىلەر...»

كامىل ئۈنلۈك ئوقۇدى. ھېكمەتمۇ ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى. بۇ سەھىپىلەردە خالىقنىڭ بىر يىل ئالدىدا كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئۈستىدە قارا ئەنزە ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ياقۇپنى قانداق ئۇسۇللاردا قاپقانغا چۈشۈرگەنلىكى ئېنىق يېزىلغانىدى. تامغا بېسىلغان پارتكوم قارارلىرى، ئەكسىيەتچى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر تىزىملىكى، يەككە ماتېرىياللار... قانداقتۇر كىشىلەرنىڭ بەرگەن ئىسپاتنامىلىرى قاتارلىقلار ئۈستەل ئۈستىگە يېيىلىپ، ئىشىك ئوچۇق قالغان!... خالىقنىڭ «مەخپىي ماتېرىيالنى ئوغرىلىقچە كۆردۈڭ...» دېيىش ئارقىلىق سادادا ياقۇپنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، پۇت - قوللىرىنى كۆزگە كۆرۈنمەس زەنجىرلەر بىلەن چىرماپ قويغانلىقى قاتارلىق سۇيىقەستلىك تەدبىرلەر پاش قىلىنغانىدى.

كامىل خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

... «مەن شۇ كۈنى قىزىم زۇمرەتنىڭ «ئەكسىيەتچىلەر تىزىملىكى» ئىچىدە ئىسمى بارلىقىنى كۆرۈپ، قورقۇپ كەتتىم. تۆلەشكە ئېلىپ كىرگەن يەتتە يۈز ئاتمىش يۈەن پۇلنىمۇ تۆلىمەي، گاراڭ ھالدا ئۆيگە قايتتىم. شۇ كۈنىدىن باشلاپ، ئىچىمگە بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى. سىلەر چۈشلىرىمدىن زادىلا چىقمىدىڭلار. كېچىلىرى قارا بېسىپ

جۈيلۈپ ئويغىنىپ كېتىمەن. كامىل، ھېكمەت ئىككىڭلار كەلگەندىمۇ ئېغىزىمنى ئاچالمىدىم. مۇراتنىڭ كېلىشىنى چەكلىدىم. زۇمرەتكە ئايرىلىپ كېتىش ھەققىدە زورلۇق ئىشلەتتىم. بىراق ئۇلار كېيىنچە ئوغرىلىقچە ئۇچرىشىدىغان بولدى. بۇلارنى سېزىپ تۇردۇم. قىزىم زۇمرەت ھەم سىلەرنىڭ قىل ئۈستىدە تۇرغان تەقدىرىڭلار كۈندىن - كۈنگە مېنى ۋەھىمىگە سالدى. كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ يات بولدى. مەن يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولغان پاجىئەنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن، ئاخىرى ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلدىم. ئەگەر مۇرات مېنى قۇتقۇزۇپ قالمىغان تەقدىردە، خالىقنىڭ بۇ سۇيىقەستلىرى شۇ چاغدىلا ئاشكارىلانغان بولاتتى. چۈنكى يانچۇقۇمدا ئۇنى پاش قىلغان خەت بار ئىدى!... گەرچە مۇرات مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغان، قىزىمنىڭ ئىززەت - تۇسىبىنى قىلىپ قەدىرلىگەن بولسىمۇ، مەن ئۇنى دۈشمەن قاتارىدا كۆردۈم!...

ئاھ، مۇرات!... مۇرات!... مەن ساڭا قىيامەتكىچە قەرزدارمەن!... قىزىم بىلەن سېنىڭ ئوت ئۇۋالىڭغا قالدىم!... مەھشەر كۈنى ئوتلۇق زەنجىر بوينۇمدا!... يىلان - چايانلار قوينۇمدا!... گۈرزە - توقماقلار بېشىمدا!... شۇنداقتىمۇ گۇناھلىرىمنىڭ ساقىت بولمايدىغانلىقىنى، مەڭگۈ يۇيۇلمايدىغانلىقىنى بىلىمەن!... سەن ئەمەس ھەتتا خۇدامۇ مېنى كەچۈرمەيدۇ!...

مۇرات بالام!... سېنىڭ شۇنچە ۋاپادار، كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل دىلخاھ يىگىت ئىكەنلىكىڭنى نېمىشقا بۇرۇنراق بىلمىگەن بولغىيتتىم؟... ياق بىلگەن، ئەمما قېنىمغا سىڭگەن، جان بىلەن تەڭ كىرگەن خوي - پەيلىم، ناكەست پېئىلىم قويمىغان... ئەمدى مەن گۇناھلىرىمنى يۇيۇشقا ناقابىل!... بىر قەدەملا قالغان ئۆمرۈم چېكىدە تۆككەن ياشلىرىم، ئۆتكۈزگەن ئەيىب - سەۋەنلىرىمنى يۇيۇشقا يېتەرمۇ؟...

خۇدا ماڭا نوھدەك ئۆمۈر ئاتا قىلغىنىدىمۇ، دەريا ـ دەريا ياش تۆكسەم، كەملىك قىلىدۇ. . . ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز: «يىقىلغىنىڭدا قولىنى سۇنغان كىشى ھەقىقىي دوستۇڭدۇر» دېگەنىكەن. مۇرات ئوغلۇم، سەن ھازىر ئۆز بالامدىنمۇ چارى قاياشىم بولۇپ قالدىڭ. . . ھەرقانچە ۋاپادار، پاك نىيەت يىگىت بولسىمۇ، زۇمرەتنىڭ ئەسەبىي ھالىتىنى، كۆرۈمسىز سىياقىنى، مەينەت ھەم قورقۇنچلۇق چىرايىنى كۆرگەن ھامان كۆڭلى سوۋۇغان، رايى يانغان بولار ئىدى. . . سەنچۇ؟ سەن ئۇنداق قىلمىدىڭ، ئۆزۈڭ خالىقىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، پۇت ـ قولۇڭ رېجىمنىڭ ئارقانلىرىدا بوغۇلغان تۇرۇقلۇق، قۇملۇقلار. . . شىۋاقلىق چۆللەر. . . ياۋا قومۇشلۇق دالىلار كۆزۈڭگە كۆرۈنمىدى. . . قىزىمنى، مېنى يوقلىدىڭ. . . ھالىڭ ئىچۈك دەپ سورۇدۇڭ. . . مەن قان قۇسۇقلىرىمدا يېتىپ قالغىنىمدا، مېنى كۆتۈرۈپ ياتقۇزۇپ، يۇزلىرىمنى سۇرتۇپ پاكىزلىدىڭ. . . گۆشلەرنى تىتىپ يېگۈزۈپ، قوشۇقتا ئۇسسۇزلۇق ئىچۈردۈڭ. . . ئۇستۇمگە چاپان يېپىپ قويدۇڭ. . . مەن شۇ چاغدا، گويا ئۆز ئوغلۇمنىڭ قوللىرىدىن نىمجان تېنىمگە ئىسسىق مېھر ئۆتۈۋاتقاندەك، تىنىقلىرى ئاجىز بەدىنىمگە مادار بېرىۋاتقاندەك، «خېلى ياخشى بولۇپ قالدىلىما؟. . .» دېگەن سۆزى جېنىمغا جان قوشۇۋاتقاندەك، پەرزەنت مېھرىنى سەزدىم!. . . ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم!. . . ۋىجدان ئازابى، نومۇس كۈچىدىن ئۆزۈمگە ئۆلۈم تىلىدىم!. . .

ئاھ، مۇرات ئوغلۇم، جان سەكراتىدا ياتقان مەندەك ھاماقەت قېرىنى كەچۈر. . . بوشاپ كېتىۋاتقان تەنلىرىم، تولىمۇ ئاجىز لىپىلداپ ئۇرۇۋاتقان يۈرىكىم، توپا قونۇۋاتقان كىرپىكلىرىم ئۆمۈر مۇساپەمنى بېسىپ، ئاخىرقى مەنزىلگە كېلىپ قالغانلىقىمنىڭ نىشانىدۇر. مۇشۇنداق بىر دەقىقىدە، سېنىڭ «دادا» دەپ بىر ئېغىزلا چاقىرىشىڭنى شۇنچىلىك ئارزۇ

قىلاتتىم!... ئەگەر بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلىگەن بولسام، پانىغا كېلىپ تاپقان بىردىنبىر ئىمانى ساۋابىم شۇ بولۇپ قالار ئىدى... مەن بۇ زەررى گۆھەرنى باغرىمغا تېڭىپ، باقىيغا خۇشال - خۇرام كەتكەن بولار ئىدىم... خەيرىيەت، ئەمدى بۇ ئارزۇ - ئىستىكىم ئۆزۈم بىلەن بىللە لەھەتكە كىرىپ كېتىدۇ... قاچاندۇر بىر چاغلاردا زۇمرەت بىلەن قەبرەم بېشىغا كېلىپ قالساڭ، ... مېنى «دادا!...» دەپ چاقىر! مەن ئۇنى ئاڭلاپ ياتىمەن...

مۇرات، كامىل، ھېكمەت بالىلىرىم... قىزىم زۇمرەتنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار...

گۇناھقا پاتقان ئاتاڭلار: ياقۇپتىن...»

... كامىل خەتنى ئوقۇپ تۈگەتتى. ھېكمەتنىڭ مۇشتۇملىرى تۈرۈلۈپ، قاپقارا قاشلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ قالغانىدى. ئۇلار خالىقنىڭ توزاق قۇرۇپ، ياقۇپنى ئالداپ قاپقانغا دەسسەتكەنلىكىدىن ئىبارەت قارا نىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدا ياقۇپنىڭ بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى ئاندىن چۈشەندى.

— بۇ خەت ئارقىلىق خالىق بىلەن تۇتۇشۇپ كۆرەمدۇق؟ — دېدى ھېكمەت كامىلغا.

— قۇربان ھاكىمنىڭ مەسلىھەتىنى ئالايلى، — دېدى كامىل ئويغا چۆمگەن ھالدا، — چۈنكى بۇ خەتنى يازغان ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. گۇۋاھ بولغۇدەك ئىككىنچى بىر كىشى يوق...

— توغرا دېدىڭ، خالىق دېگەن بۇ مۇناپىق تۆھمەت دەپ چىقىشتىن يانمايدۇ، — ھېكمەت كامىلغا قايرىلدى، — قۇربان ھاكىم تۈنۈگۈن شەھەرگە كىرىپ ئىشلارنى بىر قۇر توغرىلىغاندۇر؟

— ئەلۋەتتە. ئۇ قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدىغان ئەستايىدىل ئادەم ئىكەن.

كامىل ئاستىلاپ قالغان ئىشەكنىڭ چۇلۇۋۇرىنى سىلكىپ، تاياقنى

كۆتۈرۈپ قويۇۋىدى، هارۋا قۇم دۆڭلىكلىرى ئارىسىدىكى يوللاردا تېز يۈرۈپ كەتتى. زۇمرەت ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتاتتى...

# دوستلار ۋە رەقىبلەر

كامىل بىلەن ھېكمەت زۇمرەتنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ چىققاندا، كۈن چۈشتىن قايرىلغانىدى. ئۇلار تۈنۈگۈن كەچلەپ يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، زۇمرەتنى بىر كېچە ھېكمەتنىڭ كارىۋىتىدا ئارام ئالدۇرۇپ، بۈگۈن سەھەردىلا شەھەرگە قاراپ يول ئالغانىدى. قۇربان ھاكىم ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاچقا، ھەممە رەسمىيەتلەر ئاسانلا بېجىرىلدى. زۇمرەتنى داۋالاشتا، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىدارە، جەمئىيەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ داۋالىنىش كىنىشكىسى بولمىسا بولمايتتى. بۇنداق كىنىشكا شەھەردىكى دوستلارنىڭ ئىچىدە ئامانىللا بىلەن نائىبىدىلا بار ئىدى. نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرى تېلىۋالدى ۋە پېشقەدەم دوختۇر ئابدۇقادىرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، زۇمرەتنى ئاز بولغاندا سەككىز - ئون ئاي، بولمىسا بىر يىل داۋالاشقا توغرا كېلىدىكەن. ئۇنداقتا، ئىككى - ئۈچ كىنىشكا ئازلىق قىلاتتى. ناھىيە دەرىجىلىك داۋالاش كىنىشكىلىرىنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ رەسمىيىتى بويىچە بېجىرگەندىلا، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا ئېتىراپ قىلاتتى. كامىل بىلەن ھېكمەت ھازىرچە ئامانىللا بىلەن نائىبىنىڭ كىنىشكىسىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ، بۇ مەسىلىنى كېيىنچە دوستلار ئارقىلىق ھەل قىلىشنى مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار ئەمدى زۇمرەتنى ئېلىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ھەممە دوستلارغا يەتكۈزمىسە بولمايتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىش، نۆۋەت ئالمىشىپ بېقىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئىدى. بۇنىڭغا ئەڭ ياخشىسى ئاياللار بولسا مۇۋاپىق بولاتتى. سەئىدە، لۇتپىيە، روشەن، سائادەت، گۈلباھار، بائۇممە، گۈلزىبالار ئەلۋەتتە رازى بولىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش كېرەك ئىدى. ھېكمەت مۇراتنىڭ ئائىلىسىگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش مەسىلىسىنى ئېيتقاندا، كامىل دەرھال قوشۇلدى. چۈنكى قۇتلۇق خۇيجاڭ ئۇنىڭغا نەچچە نۆۋەت زۇمرەت بىلەن مۇراتنىڭ توينى قىلىۋېتىش ھەققىدە مەسلىھەت سالغانىدى. شۇڭا، زۇمرەت بوز يەرگە سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار نەچچە ئايلارغىچە ئازابلىنىپ يۈردى.

كامىل بىلەن ھېكمەت بارىدىغان يەرلەرنى ئۆزئارا تەقسىم قىلىۋالغاندىن كېيىن، كەچتە دوختۇرخانىدا ئۇچرىشىشنى مەسلىھەت قىلىۋېتىپ، يىراقتىنلا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان مۇراتنى كۆرۈپ قېلىشتى. ئۇ كەلگەنچە ئىككى دوستىنى قۇچاقلىۋالدى. مۇرات تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ دوستلىرىنىڭ بوينىنى چىڭ قىسىپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە جىم بولۇپ قالدى. دوختۇرخانا بېغىنى ئايلىنىپ يۈرگەن بىمارلار، يولدىن كېتىۋاتقان ئاق خالاتلىق قىزلار بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىدىن تۇرۇپ قېلىشتى. كامىل، ھېكمەتلەرنىڭ يۈزلىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. بۇ ئېقىۋاتقان ئاچچىق تەرمۇ ياكى خۇشاللىق ياشلىرىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

— مەن... مەن... رەھمەتتىن باشقا نېمىمۇ دەيمەن؟ — دېدى مۇرات ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، — سىلەر دوستلۇقنى يەتكۈزدۈڭلار...

— بولدى كۆڭلۈڭنى بۇزما! — دېدى كامىل، — خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدىڭمۇ؟

— سىلەر خەت ئەۋەتكەن ئۇ دېھقان ئاخشام هارۋىسىنىڭ يېلى چىقىپ كېتىپ، كەنتكە ئۇدۇللا چىقىپ كېتىپتىكەن. بۈگۈن ئەتىگەن چوشقىلارغا ئاداپ تۆكۈپ بېرىۋاتسام، ئېغىلغا مېنى ئىزدەپ كەپتۇ...

— رۇخسەت سورىدىڭمۇ ياكى قېچىپ كەلدىڭمۇ؟ — سورىدى ھېكمەت.

— سورىدىم...

— زەيىنىدىن ھەجەپ رۇخسەت بېرىدىغان بولۇپ قاپتۇ؟ — دېدى كامىل

— دومبىيىپ تۇرغان يانچۇقۇمنى ئىشارە قىلىپ بىرلا ھېجىيىۋىدىم، — دېدى

مۇرات كۆزلىرىنى ئۇۋىنىپ، — ئۇ «ئەمەتنىڭ كۆپەيتىلگەن ئىسپاتنامىسى ئوخشايدۇ» دەپ قالدى بولغاي، «ۋۇي، شۇنىمۇ سورامسەن؟ بار، بارغىن!» دېدى.

ئۈچ دوست بىردەكلا كۈلۈۋەتتى.

— ياللا سەنزە... ئۇ ئىسپاتنامىنى زەينىدىننىڭ بوينىغا تاراڭگۇدەك ئېسىپلا قويدۇڭ ـ دە!... يوگۇرسە پاچاقتا تەگكەن... ئاستا ماڭسا پۇتلاشقان، — دېدى كامىل كۈلۈپ، — ئۈچىمىزنىڭ بىر دەرىجە ماشىنىمۇ شۇنىڭ بىلەن ھەل قىلغىنىڭنى ئويلىساملا، كۈلگۈم كېلىدۇ.

— چېنىپ قالارمىكىن دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدىم. لېكىن ئۇ پاپا بەك دۆت نېمىكەن، زادىلا بىلەلمىدى... — دېدى مۇرات كۈلۈپ.

— ئۇ ئىسپاتنامە سېنىڭ ساپايەڭ بولدى، — دېدى ھېكمەت، — ھەر قېتىم بىر شاراقشىتىپ قويۇپ، زەينىدىننىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرىدىغان...

— مۇدىر تۇرۇقلۇق، كىم ئۇنى ئوغرىلارنىڭ بوتىكى بولسۇن دەپتۇ؟ — مۇرات ھېكمەتنىڭ چىرايىغا تىكىلدى، — ھە مۆمىناخۇن، قارىداپ يادلاپ قاپسەن، ئىشىڭ ئېغىر ئوخشىمامدۇ؟

— ئىش ئېغىر ئەمەس، ئاپتىپى بىلەن شامىلى يامان...

— زۇمرەتنى ئېلىپ كەلگىنىمىزنى ئائىلەڭگە يەتكۈزۈپ قويايلى دېگەن قارارغا كەلدۇقمۇ؟ — دېدى كامىل، — سېنىڭچە قانداق؟

— ئۇلار ئاڭلىسىلا يېتىپ كېلىدۇ، دادام بىلەن ئۆگەي ئانام ھەتتا ئىنى ـ سىڭىللىرىمۇ نەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىغان.

— ئەمىسە، سەن زۇمرەتنىڭ قېشىغا كىر... بىز دوستلارنىڭكىگە كەتتۇق، — دېدى كامىل مۇراتنىڭ دولىغا ئۇرۇپ، — قالدى ئىشلارنى كېيىن بىر نېمە دېيىشەرمىز.

كامىل قايسى بۆلۈم، نەچچىنچى ئۆي ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن، مۇرات دوختۇرخانا ئىچىگە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كىرىپ قالدى. لېكىن ھېكمەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

— ھەي، سىركۆل پاچاق، زۇمرەتنىڭ قېشىدا ياش تۆكۈپ يۈرمە!... سەن يىغلىساڭ، بەك سەتلىشىپ كېتىدىكەنسەن...

كامىل ئامانىللا قۇربان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ كەتتى. ھېكمەت دەسلەپتە نائىبىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. چۈنكى سۇ ئىدارىسى شەھەرنىڭ سىرتىدا بولۇپ، يىراقراق ئىدى. ئۇ چايخانا مەكتەپنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئارقىدىن: «ھېكمەت ئاكا؟» دېگەن زىل ئاۋاز ئاڭلاندى. ھېكمەت ئارقىغا قايرىلىپلا، پىڭىلداپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان نەبىنى كۆردى. ئۇ ئېتىلىپ كەلگىنىچە، ھېكمەتنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ گىردە ناندەك يۇملاق يۈزى توپا ھەم شالتاق بولسىمۇ، ئوماق ئىدى. قىزىرىپ تۇرغان ئىككى مەڭزىنىڭ يۇمران تېرىسى ئازراق يېرىلغانىدى.

— يائاللا، سەن توپىغا ئېغىناپلا يۈرەمسەن ـ نېمە؟ — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭ بۇرنىنى چىمدىپ، — ئۇستىۋېشىڭ نېمە بولۇپ كەتكەن؟...

— مەكتەپتە بالىلار بىلەن «خامباس» ئوينىغان... — دېدى نەبى دۇپدۇگىلەك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، — جۇرۇڭ، بىزنىڭكىگە بارايلى، ئۆيدە ئاچامدىن باشقا ھېچكىم يوق...

— مۇنداق ئىش ئىدى قارا، بىز بوز يەردىن زۇمرەت ئاچاڭنى ئېلىپ كەلگەنىدۇق، — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ، — ھازىر مەن دوستلارغا خەۋەر قىلىپ يۈرىمەن... سەن گۈلزىبا ئاچاڭغا دەپ قويغىن، ئۇدۇل ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا بارسۇن... مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن، بولامدۇ؟...

— زۇمرەت ئاچام ساقىيىپتىما؟

— خېلى ياخشى... — ھېكمەت نەبىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرىغا قارىدى، — قارا، چاچلىرىڭنىڭ ئۆسۈپ كەتكىنىنى؟ تۇتە بۇ بىر يۈەننىڭ يىگىرمە تىيىنىغا چېچىڭنى ئالدۇر، قالغىنىنى خەجلە.

— ھېكمەت ئاكا، بولدى ئالمايمەن... سىز ھەر قېتىم مائاشىڭىز چىققاندا، ماڭا پۇل ئەۋەتىپ تۇرۇۋېسىزغۇ!... گۈلزىبا ئاچام شۇنداق دەيدۇ.

— ئۇ باشقا گەپ، بىراق ئوبدان ئوقۇمساڭ، قولىقىڭنى چىشلىۋالىمەن...

— ماھىگۈل ئاچامنى ئەپقاچقان ئوغرىلارنىڭ قولىنى چىشلىگەندەكما؟

ھېكمەت كۈلۈۋەتتى. ئۇ نەبىدىن ئايرىلىپ كېتىۋاتقىنىدا، يولنىڭ ئۇ قاسنىقىدىكى دەرەخلەر دالدىسىدا كېرىموف ئۇنى كۈزىتىپ تۇراتتى. نەبىنىڭ ھېكمەتنى قوچاقلىغانلىقىنى ۋە بىر يۈەن پۇلنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالغىنىنى كۆرگەن كېرىموفنىڭ كۆڭلىدىن «بۈگۈن كېچە ئۇلار چوقۇم ئۇچرىشىدۇ» دېگەن خىيال لىپ قىلىپ ئۆتتى. ئوتتۇرىدا خەۋەرچىلىك قىلىۋاتقان نەبىنى چەيلەپ يانجىۋەتكۈسى كەلدى. بۇ شۇم كىچىك بولغىنى بىلەن، قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. قويۇنتازدەك قەھرى بار گۈلرۇزنىمۇ «چاپىمەن، بوغۇزلايمەن...» دەپ قورقۇتقان تۇرسا... ئەيمەنمەي بىر شەرەپلىك جەڭچىنىڭ تۇمشۇقىنى پارتلىتىپ، ئېڭەكلىرىنى چارلاشتۇرۇۋەتتى... چوڭ بولسا نېمە بولار بۇ ناسۇال قاپىقى!... خەپ ئاچاڭنىمۇ ئالارمەن، ئاندىن سېنى ئۇدۇل بالا جىنايەتچىلەر تۈرمىسىگە ئاپىرىپ بەرمىسەم... كومشۇكلىرىمنىڭ چوشقىنىڭ تۇمشۇقىدەك تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالغىنىنى تېخى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق!... — دەپ ئويلىدى ئۇ.

كېرىموف ئاچچىقى بىلەن ھېكمەتنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ ماڭدى. لېكىن ھېكمەت سۇ ئىدارىسى تەرەپكە قايرىلىپ كەتكەندىن كېيىنلا، ناھىيىلىك كومىتېت دەرۋازىسىغا قەدەم ئالدى. ئۇنى ساۋۇر روزى بىلەن ئىمىن سوپى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدا ساقلاپ تۇراتتى. كېرىموف كىرىپلا، ئۇلارنىڭ، كۆككىرىپ كەتكەن خېمىرتۇرۇچتەك چىرايلىرىغا قاراپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. خۇددى ئىچى يامان خۇدۇكچى كەلگەندەك، ئۇ بىرەر شۇم خەۋەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى.

ئۈلۈشكۈن، قۇربان ھاكىم ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى ئىمىن سوپىغا، كېرىموفنىڭ ساختىلىق بىلەن «توي خېتى» ئالغانلىق ئىشىنى تەكشۈرۈپ چىقىشنى ئېيتقانىدى. قۇربان ھاكىم بۇ

ئىشنىڭ پارتىيە ئىستىلى، بىر دۆلەت كادىرىنىڭ ئەخلاقى، بولۇپمۇ ھەربىي ئىنتىزامغا نىسبەتەن تەسىرىنىڭ ئىنتايىن يامان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، تېز بىر تەرەپ قىلىشنى تاپىلاپ قويۇپ كەتتى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ تونىنى پىچىپ كىيگۈزۈشتە، بىرسى قايچا، بىرسى يىڭنە، بىرسى گەز تۇتقان بۇ «ئۇستاملار» نىڭ پۇشقىقىغا پىت چۈشۈپ، جەينامازدا ئولتۇرالمىغان ئىمامدەك چاچراپ تۇرۇپ كېتىشتى. ئىمىن سوپى دەرھال ساۋۇر روزىنى تاپتى. ئىككىسى قۇلاق قېقىشىۋالغاندىن كېيىن، كېرىموفنى چاقىرتقاندى. ساۋۇر روزى بىلەن ئىمىن سوپىنىڭ نەزەرىدە، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. ھەقىقىي ئەھۋال ئاشكارىلىنىپ قالسا، قارا ئەنزە پەيدا قىلغۇچىلار — خالىق، زەينىدىن، كېرىموفلار خۇددى بىر يىپنى تارتسا، ئۇن يىپى سۆرۈلۈپ چىققان كونا پايپاقتەك چۇۋۇلۇپ كېتەتتى. مەسىلە بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمەيتتى. ئەنزىگە «تەھرىر ئىلاۋىسى» يېزىپ، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنى ئالداپ، ھەدەپ ئوت قويغان ساۋۇر روزى، ئىمىن سوپىلارمۇ «مەسچىتكە چىشقان قارا ئىت» بولۇپ قالاتتى. باشقىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ ئىككى «دانىشمەن» بۇ قېتىم راستىنلا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ قالدى. ئەمدىلا تۆتىنچى مۇئاۋىن ھاكىملىق تاجىسىنى كىيىپ، ئۇنىڭ شېرىن - شەربەتلىرىنى تېخى تېتىپ ئۈلگۈرمىگەن ساۋۇر روزى ئۈچۈن بۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق پاجىئە بولدى. شۇڭا ئۇ بوگۇن ئەتىگەندىلا زەينىدىنگە ئاچچىقى بىلەن تېلېفون بەردى.

كېرىموفنىڭ چوققىسىدىن كىرگەن سوغۇق تىترەك تاپىنىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇچلۇق ئېڭەكلىرى كاسىلداپ، ئىككى مەڭزىدىكى سالپىيىپ تۇرغان گۆشلىرى بولۇپ كەتكەن خېمىردەك ساڭگىلاپ چۈشتى. دەرۋەقە، «ساختا توي خېتى» ئادەتتىكى سەۋەنلىك قاتارىغا كىرمەيتتى. ئەگەر ئاشكارىلىنىپ قالسا، خۇددى قىشچە قار ئاستىدا قالغان تاپنىڭ ئەتىياز كېلىشى بىلەن سېسىق پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالغىنىدەك، پۈتۈن جەمئىيەتكە تارقىلاتتى. ئۇ چاغدا، ئىمىن سوپى، ساۋۇر روزىلار، «شاھ» نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن گەردىنى يەم قىلىپ بەرگەندەك، پۈتۈن توقىناق

بالانى كېرىموفقا ئارتىپ قويۇپ، ئۆزلىرى ئاق بالىخان بولۇپ قىرغا چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن، كېرىموفنىڭ هازىرقى كېچاڭلىق ئوزنىنى ئەمەس، بەلكى هەربىي فورمىسىنىمۇ ساقلاپ قېلىشى ناتايىن ئىدى.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە تاپا ـ تەنە قىلىشىپ تۇرغاندا، ئىشخانىغا زەيىنىدىن كىرىپ كەلدى. خۇددى ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە، پاكارنىڭ جېنى چىقىپتۇ دېگەندەك، ئۇ ئەھۋالنىڭ جەريانىنى تولۇق ئۇقا ـ ئۇقمايلا چالۋاقاپ كەتتى:

— كېرىموف، قانداق قىلغانلىرا، توۋا قىلدىم خۇدايىم، توۋا! سىلى بىر هەربىي تۇرۇقلۇق، شۇنداقمۇ قاملاشمىغان ئىشنى قىلغان باما؟... بۇ... بۇ... بىر چاشقان بىر قازان شورپىنى بۇلغىغاندەك ئىش بوپتىيا؟...

— سىلى ئاداش، — دېدى ئىمىن سوپى زەھىرى بىلەن، — هېلىقى قىزنى تېپىپ ياۋاشلىق بىلەن كەچۈرۈم سوراپ، توي خېتىنى ئىسسىقىدا قايتۇرۇۋېتىڭلا... بولمىسا هەممىمىزنى بىر دۆۋە سېسىق پوققا ئايلاندۇرىسىلە...

— شاپ بولاڭلا دەيمەن، — دېدى زەيىنىدىن هېلىلا بىر كىم ياقىسىدىن ئالىدىغاندەك ئەندىكىپ، — يەنە چاپلاپ ئولتۇرىسىلغۇ؟...

كېرىموف تۇنجۇققان هالدا، قايتقا نۇرغۇن پۇل بەرگەنلىكى، هازىر ئۇ پۇلنىڭ ئۈسسۈمىنىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقى، ئەگەر مۇشۇنداقلا بولدى قىلسا، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن زىيان تارتىپ كېتىدىغانلىقى هەققىدە هالىنى ئېيتىشقا باشلىغانىدى، ئۇنىڭ سۆزى باشقىلارنىڭ سەپراسىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىپ قويدى.

— هەي ئاداش، سىلى تېخى پۇل، ئۈسسۈم بىلەن قاپسىلەرغۇ؟ — دېدى ئىمىن سوپى جىلى بولۇپ، — ئاۋۋال ئۆزۈڭلارنى ئويلاڭلا...

قۇربان هاكىم ئەڭ ئالدى بىلەن ئاشۇ شەكلى ئۆزگەرگەن قىز سېتىۋېلىش، ئۈسسۈم دېگەنلەرنى سۈرۈشتە قىلىپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىشنى دەۋاتسا! يەنە تېخى «هەربىي ئائىلىنى بۇزدى دېگەن شۇنچە چوڭ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ باقمىدىڭما؟ ئەمەلىيەتتە يوق ئائىلىنى قانداق بۇزىدۇ؟» دەپ بىر سوراق قىلغىلى تۇرۇپتى، ماڭا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇپ كەتتى...

— تويي خېتى ئالغان ئادەم، — دېدى ساۋۇر روزى ئالقانلىرىغا ئۇرۇپ، — يا ئۆز ۋاقتىدىلا بىر ئامالىنى قىلىپ تويىنى قىلىۋەتمەپسىلە، مانا ئەمدى بىر چىشقاق كالا پۈتۈن پادىنى بۇلغىدى دېگەندەك ئىش بولۇۋاتامدۇ؟ . . .

— قۇربان ھاكىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، — دېدى كېرىموف كىچىككىنە ئۈمىد بىلەن، — ئالدىدىن ئۆتۈپ قويسام بولارمۇ؟ . . .

— نېمە؟ — ئىمىن سوپى چىچاڭشىپ كەتتى، — كۆزۈڭلار ئوچۇق چۈش كۆرۈۋاتامدىغانسىلە؟ ھاكىم ئاپارغان نەرسەڭلارنى بويۇڭلارغا ئېسىپ، گۇلباغنى تۆت چۆرگىلىتىپ سازايى قىلىپ، تەپتىشكە تاپشۇرۇپ بەرمىسە، قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرىمەن. . . قۇربان ھاكىمنى سىلى نېمە چاغلاپ قالدىڭلار؟ . . .

— سىلى نېمانداق كاج ئادەم؟ — زەينىدىن قورقۇپلا تۇراتتى، — ئۆلگۈسى كەلگەن چاشقان مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلىگەندەك، تېخى قۇربان ھاكىمنى چېكىپ باقماقچىما؟ . . . ئۇنىڭدىن كۆرە، ھەممىمىزنى بىر تاغارغا سولاپ ئاپىرىپ بېرىمەن دېسىلە بولمامدا؟ . . .

— تولا ۋارى - ۋارى قىلىشمايلى، — دېدى ساۋۇر روزى، — بىز كېرىموفقا بىر ئاز ۋاقىت بېرەيلى، ئۇ بىرەر ھەپتە ئىچىدە تويي خېتىنى قايتۇرۇۋەتسۇن. بۇنىڭدا كېرىموفقا ئاجرىشىش خېتى بېرىدۇ. بۇ خەت ئائىلىنىڭ بۇرۇن مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ «ئائىلە بۇزدى» دېگەن جىنايىتى كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئەنزە ئاغدۇرۇلمايدۇ. . . ئەگەر قىز رازى بولسا، تويي قىلىۋالسا، تېخى ياخشى، ھەممە ئىش تۈگىگەن بولىدۇ. . .

— قۇربان ھاكىم سۈرۈشتە قىلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئىمىن سوپى گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — ئۇ بىرەر ئىشنى تۇتسا، ئوتتۇرا يولدا تاشلاپ قويىدىغان ئادەم ئەمەس! . . . ھەتتا ئۇ گۇلزىبا سوتقا ئەرز قىلسا، بىر سوتچى ئۇنى ھاقارەتلەپتۇ دەۋاتسا؟ . . .

— «قولۇمدا مۇھىم ئەنزىدىن بىرسى بار ئىدى، ئۇنى ئارىلىقتا ئۈزۈپ قويغىلى بولمىدى» دەپ بىرەر باھانە - سەۋەب كۆرسەتمەمسىلە. . .

ئەگەر ئاچچىقلاپ قالغۇدەك بولسا، مەنمۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويىمادىم؟ . . . ئۇنىڭ خىزمىتى ئالدىراش، داۋاملىق سۈرۈشتە قىلىشقا ۋاقتى نەدە؟

ئۇلار يەنە بىردەم قولاق يېقىشىپ، مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن، تارقىلىشتى. زەيندىن ئېغىر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، ساۋۇر روزىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالدى. كېرىموف بولسا، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە، ناھىيىلىك كومىتېت ھويلىسىدىن چىقىپ كەتتى. گەرچە بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق خىياللار چىرمىۋالغان بولسىمۇ، ئۇ گۈلزىبادىن كېچىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە قانچىلىك بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلسە، ھەرگىز ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايتتى. لېكىن قۇربان ھاكىمنىڭ: «شەكلى ئۆزگەرگەن قىز سېتىۋېلىش»، «قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش»، «ئەمەلىيەتتە يوق ئائىلە» دېگەن سۆزلىرى كېرىموفنىڭ يۈرىكىنى گويا ئامبۇردەك قىسىۋالدى. ئۇنىڭ بىردىنلا قايىت بىلەن جامال توختىغا ئاچچىقى كەلدى. بۇ ئىككىسى «ئەنە - مەنە»، «ۋاي ئېرىپ قالاي دېدى»، «غۇلاچقا چىدىدىڭ، ئەمدى غېرىچقا چىدىغىن» دەپ مۇشۇ كۈنگە سۆرەپ ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ جامال توختىنىڭ ئارقىغا سۆرىگەنسېرى، گېلىمۇ شۇنچە يوغىناپ كەتتى. ئۇلار زادى نېمە قىلماقچى؟ كېرىموفنى داپقا چۈشكەن پۇرچاقتەك سەكرىتىپ ئويناتماقچىمۇ؟ «ۋۇي تويماس زەڭگى، قارا مەدەك، قارۋاتقۇ، ئاژناپ، كاززاپ! . . .» كېرىموف ئىچىدە جامال توختىنى پۇخادىن چىققۇدەك تىللىۋالدى. ئەمما ئۇ يەنىلا شەھەرلىك پەيچۇسوغا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى.

جامال توختى ئىشخانىسىدا يوق ئىدى. ئۇ مىجەزى بولمىغانلىقتىن چۈشتىن كېيىن ئىدارىگە كەلمىگەنىدى. بىردىنلا كەينىگە ئۆرلەپ قالغان كېرىموف ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. بۈگۈن زادى غېرىزىنى ئۇيان - ئۆدىكىنى بۇيان ئايرىش نىيىتىگە كەلدى. قېنى جامال توختى نېمە دەركىن؟ يېگەندە گېلىدىن سىيلىق، ياغلاش ئۆتۈپ كەتكىنى بىلەن، قۇسۇش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. . . بەلكىم قۇسۇشنىمۇ خالىمىسا كېرەك! . . . ئەگەر ئۇ قايىتنى توينى مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئىچىدە قىلىشقا قايىل قىلالمىسا، راست

گېپىنى قىلسۇن. كېرىموفمۇ قۇلاقچىسىنى تەتۈر كىيىپ، خاتىرىسىگە يىل، ئايلىرى بىلەن يېزىپ قويغان پىششىق - خامنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇيدۇ...

كېرىموف ھېكمەت بىلەن نەبىنى چايخانا مەكتەپ ئالدىدا كۆزگەندىن كېيىن، بۈگۈن كېچە ھەقەمسايىلىرىدىن بىرنەچچىنى ئېلىپ، ئاۋغان كوچىسىدا ماراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى ئىدى. ھازىر ئۇ نىيىتىدىنمۇ يانىدى. ئۇ، قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىككىنچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بېقىنىدىكى تار، قىڭغىر - قىيسىق توپىلاڭ يوللار بىلەن مېڭىپ، خوتەن گېزىتخانىسىنىڭ ئارقىسىدىكى پاكار - پاكار ئۆيلەر جايلاشقان سېپىل كوچىسىغا كەلدى. كېرىموف دەرۋازا ھالقىسىنى شاراقلاتمايلا ھويلىغا كىرىۋىدى، باغلاقلىق ئاق ئىت داپشىنىپ قاۋاپ كەتتى. ئاڭغىچە، ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، ئىتنى «ياتە ئاق بودەك» دەپ ۋارقىراپ قويۇپ، كېرىموفنى ئۆيگە باشلىدى ۋە ئىچكەرى مېھمانخانىنى كۆرسىتىپ «دادام يالغۇز» دەپ قويدى. مېھمانخانىدا، نە كارىۋات ياكى سۇپىمۇ يوق ئىدى. يەرگە قاتمۇقات گىلەملەر سېلىنىپ، تاملارغىمۇ گىلەم تارتىلغانىدى. جامال توختى خۇددى بىر پارچە يوغان كۆمۈرنى تىكلەپ قويغاندەك، كۆرپە ئۈستىدە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. كېرىموف ئايىقىنى سېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە تەخسىدىكى كۆك تاماكىدىن بىرنى ئوردى. ئۇنىڭ قاپىقىنىڭ تۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن جامال توختى ئەھۋال سوراپ بولۇپلا، ئۈندىمەي جىم ئولتۇردى. كېرىموف تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئىككى - ئۈچ قېتىم قاتتىق شورىۋالغاندىن كېيىن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدا بولۇنغان سۆزلەرنى كۆپتۈرۈپ ۋە قوشۇپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئورانىدىن جامال توختىغا «قېنى ئەمدى قانداق قىلىسەنكىن؟» دېگەن «دوق» چىقىپلا تۇراتتى. جامال توختىنىڭ ئۆزىمۇ ئەندىكىپ قالدى. چۈنكى كېرىموفنىڭ ئالاق - جالاق بولۇپ، ئۇ يەر - بۇ يەرگە قاراپ قويۇشى، تۇرۇپلا قاپاق ئۈرۈۋقىدەك كىچىك كۆزلىرىنى تىكىپ پوشاڭشىپ ئولتۇرۇپ كېتىشىدىن، ئۇنىڭ ئىشتان - كۆڭلەكنى سېلىپ

سۇغا سەكرەيدىغاندەك ئەلپازدا كەلگەنلىكىنى بىلىۋالماق ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە زىيان دېگەن ئاچچىق، شۇنچە نۇرغۇن پۇلنى مازارغا ياڭاق ئاتقاندەك، بىكارغا سېلىپ بەرسە، يازدىن بېرى قۇرۇق سوسكىنى ئىمىپ كەلسە، مانا ئەمدى «توي خېتىنى قايتۇرۇۋەت» دېسە، ئاھانەت ئاڭلىسا، تەقدىرى ئاجىز تورغا ئىلىنىپ قالغان بىچارە ئۈمۈچۈكتەك بولۇپ قالسا، بۇنىڭغا كىممۇ چىدايدۇ؟ جامال توختى كېرىموفنىڭ چىرايىدىن «ھۈنىرىڭ بولسا كۆرسەت، بولمىسا مېنىڭدىن يامانلىما!» دېگەن مەنانى كۆرۈپ قورقتى. ئەلۋەتتە ئىغىز يېسە، يۈز ئۇيۇلىدىغانمۇ گەپ بار ـ دە. . .

— كېرىموف، مەن ئىككى كۈن بولدى، مىچىلداپلا قالدىم، — دېدى جامال توختى لۆڭگىگە مىشقىرىپ، — سەن قايتىنى مېنىڭ ئۆيۈمگە ھازىرلا باشلاپ كەلسەڭ. . . بۇ قېتىم ئۇ بەڭگى قىمارۋازنىڭ قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ باققىنىنى بىر كۆرەي! . . .

— بولىدۇ، مەن ئۇنى ئېلىپ كېلىمەن. . . لېكىن توي مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئىچىدە بولمىسا ھەرقانداق ئادەم مەندىن رەنجىمىسۇن. . . — كېرىموف ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى شىلتىدى، — ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدا مەنلا مەسىلە تاپشۇرۇپ، خىزمەت ـ ئەمەللىرىمدىن ئايرىلىپ قالسام، بۇ لىللا ئىش بولماس. . . كونىلارمۇ يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال، دەپتىكەن. . .

كېـــرىموف چىقىپ كەتتـــى. ئـۇلارنىڭ دوستلىقـــى، بـۇرادەرلىكى مۇشۇنچىلىكلا ئىدى. قاقتى ـ سوقتى قىلىش پۇرسىتى كەلگەندە، ئۇلار كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ، بىر ـ بىرىنى ئالدايتتى. «ئاسماندىكى چولپاننى قوينۇڭغا سېلىپ بېرىمەن. . . » دېيەيتتىيۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە يالغانلارنى ئېيتىشىپ، ھەرخىل ۋەدىلەرنى قىلىشاتتى. ئۇياتماي ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ماختىشاتتى. ئەمما، شامالنىڭ شەپىسىنى سەزگەن ھامان، بىر ـ بىرىنى ھېچ ئايانمايلا سېتىۋېتەتتى. كوچا ـ كويلاردا سېسىتاتتى. مىسقالچە پايدا ئۈچۈن، كاسىسىنى ئېلىپ يۈزىگە چاپلايتتى. ھەتتا، بىر ـ بىرىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ، قېنىـــقماس رەقىـــبلەرگە ئايلىنىپ كېتەتتى.

تېخىچىلا ئاچچىقى يانماي تۇرغان كېرىموف چىرايىدىن بوران ياغدۇرۇپ، ئاۋغان كوچىسىغا يېتىپ كەلدى. نېمىلا بولغان بىلەن، قايىت ئۆيىدە بار بولۇپ چىقتى. ئۇ، تامىقىنى يەپ بولۇپ، سىرتقا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. كېرىموف ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. ئۆيىدە گۈلزىبا كۆرۈنمەيتتى. «چوقۇم ھېكمەت بىلەن بىر يەرگە چىقىپ كەتكەن گەپ» دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كەچكەن كېرىموفنىڭ قۇلاق تۈۋىدە گۈلزىبانىڭ ئۆتكەندە: «ماڭا قول تەگكەن، قورسىقىمدىكى بالا ھېكمەتنىڭ. . .» دېگەن سۆزى قايتا جاراڭلىدى. . . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كەيپى تېخىمۇ چىگىشلىنىپ كەتتى.

— گۈلزىبا كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى كېرىموف كوچىدا كېتىۋېتىپ، — باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەشغۇلاتى سائەت ئىككى - ئۈچلەردە تۈگەيدىغان تۇرسا؟. . .

— بىر يېقىن دوستى ئېغىر كېسەل ئىكەن، — دېدى قايىت، — دوستلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ بېقىۋېتىپتۇ. . . تېخى ئالدىلىرىدا تاماق ئېلىپ دوختۇرخانىغا كەتكەن. . .

— راستىما؟

— يالغان بولسا، دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ كەلمەملا. . .

— ھېكمەت كەلمىدىما؟

— ئۇ سۈرگۈندە يۈرسە، بۇ يەرگە قانداق كېلىدۇ؟

— مەن ئۇنى شەھەردە كۆردۈم. . .

— نېمە، كۆردۈم؟

— شۇنداق، نەبى بىلەن چايخانا مەكتەپ ئالدىدا پاراڭلىشىۋېتىپتىكەن. . .

— ئۇ نېمىگە كەلگەندۇر؟ — قايىت چىمچىلاق قولىدا بۇرنىنى تاتىلىدى، — نەبى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق.

نەبىنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن، كېرىموف ئالىيىپ قويدى، لېكىن گەپ قىلمىدى. ئۇلار كەچ قالغان بازارچىدەك ئالدىراپ، سىپىل كوچىسىغا يېتىپ كەلدى. چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان جامال توختى

ئۇلارنى سوغلا كۆتۈۋالدى. ئۆيگە شىرەمۇ قويۇلمىدى، چايمۇ تارتىلمىدى، پەقەت ئۈچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاماكا تۈتۈنلىرى تۇشتۈرۈلغان تەخسە، بىر كۈلدانلا بار ئىدى. جامال توختى گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرماي، ئىمىن سوپى، ساۋۇر روزىلارنىڭ كېرىموفقا ئىشلەتكەن بىسىم ۋە تەھدىتلىرىنى سۆزلىدى. ئۇ: «ئىلاجى بار گۈلزىبا بىلەن پاتراق توي قىلىۋالسا تېخى ياخشى» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ تەكىتلىدى. كېرىموفنىڭ «يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال» دېگەن سۆزىدىن خېلىلا ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغان جامال توختىنىڭ ھېلىدىن ـ ھېلى ئاچچىقى ئۆرلەپ تۇراتتى. شۇڭا قايىت بىلەن ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈشكەن تىلخەت توغرۇلۇقمۇ پۈرىتىپ ئۆتتى. قايىت يوغان ئورۇۋالغان تاماكىسىنى پارسىلدىتىپ شوراپ، دوڭغىيىپ ئولتۇراتتى.

— تۆتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن ئېتىبارەن كۈنىگە ئىككى پىرسەنت پۇل قېتىلغان تەقدىردە، — دېدى جامال توختى بارماقلىرىنى ساناپ، — ھازىر بىر مىڭ يەتتە يۈز يۈەن قېتىلدى دېگەن گەپ!... مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئانىسىدىن بالىسى ئۆسۈپ كەتتى. قانداق، ھەر ئىككىلىسىنى قېتىپ تۆلەمسەن ياكى توينى قىلامسەن؟...

— گۈلزىبا زادىلا ئۇنىماي تۇرۇۋاتسا؟... — دېدى قايىت غودۇڭشۇپ، — توينى مەجبۇرىي قىلساق، بىرەر ئىش چىقىرىپ قويامدىكىن دەپ...

— ھەي، ئاتام زامانىدىن تارتىپ تويغا ئاتا ـ ئانا ئىگە بولۇپ كەلگەن، — جامال توختى ھۆرپەيدى، — توي تەييارلىقىنى تېزلا قىلىپ، بىرنەچچە يېقىن ـ يورۇقلارنى چاقىرىپ، مېھمانخانىڭدىلا ئۇزاتساق بولىدى. قىز دېگەننى بىرنەچچە خوتۇن ـ قىزلار ئايرىم ئۆيدە ئولتۇرغۇزىدۇ، ئۇنداق يەڭگىلەرنى كېرىموف تېپىپ بەرسە، قىزنىڭ نەگە بۇلجىيالايتتى؟

— مەن خوتۇنغا يەنە بىر ئۇلغۇماچ سېلىپ باقاي، — دېدى قايىت بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بولمىسا راسا ئۆتكۈدەك بىر ساۋايدىغان بولسام، گۈلزىبامۇ چىدىيالمايدۇ.

— بۇنداق قىلساڭ، ئىشنى چوڭايتىپ قويىسەن، — دېدى جامال

توختى، — ھازىر بېرىپلا: «قورۇ - جايىنى قەرزگە تۇتۇپ بەردىم، ئىككىمىز ئاجراشقىلى بارىلى» دېگىن. تــوۋا قىلدىم، بــۇ قىزنىڭ مۇشتۇمدەك ۋاقتىدىن بېقىپ، ئوقۇتۇپ، چوڭ قىلغان دادىسىنى كۆزگە ئىلمايۋاتقىنىنى قارا... خوتۇنۇڭ چېغىدا ئەخمەق قىلىۋاتىدا سېنى!...

پــۈۋلەپ كــۆپتۈرۈشلەر ساۋاتسىــز قايىتنــى ئۆرلىتىپ قــويدى. ئۇ ئــورنىدا ئــولتۇرالماي ئېغىــر تىناتتــى، ئارقا - ئارقىدىن ئۇلاپ تاماكا چېكەتتى. ئالدىنقى قېتىمدا قايىت قورۇ - جايىنى كېرىموفقا قەرزگە تۇتۇپ بېرىپ، ئاجرىشىپ، ماھىگۈل بىلەن نەبىنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئىككى بالىسىغا پايلىمىغان بۇمەرەمخان گۈلزىبانــى چوقۇم كۆندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يالۋۇرۇپ يىغلىغانىدى. بولۇپمۇ ئۇ بىر تال ئوغلى نەبىگە ھەرگىز چىدىمايتتى. ئەگەر سوتقا چۈشۈپ قالغاندىمۇ، بۇ بالىلارنى ئاتىغا تەقسىم قىلىدىغانلىقىغا، ئەڭ بولمىسا، ئوغۇلنى ئاتىغا بــۇيرۇيــدىغانلىقىغا بــۇمەرەمخان ھەم گــۈلزىبامۇ ئىشىنەتتى. گــۈلزىبا، ئانىسى بۇمەرەمخان، سىڭلىسى ماھىگۈل، ئىنىسى نەبى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلماسمۇ؟... ئۆزلىرىنىڭ ئۆي - ماكانسىز، ۋەيران بولۇشىنى خالارمۇ؟...

— بولدى!... — دېدى قايىت ئورنىدىن تۇرۇپ، — مۇشۇ ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە توينى چوقۇم قىلىمىز... ياكى قورۇ - جايىنى كېرىموفقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بۇ يەرلەردىن كېتىمەن...

— ئالدىرىما، — دېدى جامال توختى، — تويغا ئەتراپتىكى قولۇم - قــوشنا، يېقىنــلارنى چاقىــرىپ، ئاددىــي، ئىخچــام، ھەشەمەتســىزلا ئۆتكۈزىمىز... گۈلزىبانىڭ دوستلىرى ۋە يىراق - يېقىندىكىلەر بىلمەيلا قالسۇن...

— ماقۇل، مەن ماڭاي...

— توختاپ تۇر، بايىقى پىلانىڭ جايىدا. ئەمما كىچىك قىز بىلەن ئوغۇلنى قەتئىي ئېلىپ كېتىمەن دېگەن گەپتە چىڭ تۇر. ھەتتا سوتتىكىلەر بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇلارمۇ قوشۇلدى، دېگىن...

قايىت چىقىپ كەتتى. كېرىموف جامال توختىنىڭ سۆزلىرىدىن

خىلىلا يېنىكلەپ قالغان بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ يەنە بىر يەرلىرى خىرە ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، قايىت ئەنسىرىگەندەك، توي كۈنى گۈلزىبانىڭ ئۆزىنى بىر نېمە قىلىۋېلىشى ياكى يۈز تۆكۈلىدىغان گەپ - سۆزلەرنىڭ چىقىشىغا ئوخشاش ئەھۋاللارنى ئويلاشماي بولمايتتى.

— بۇ ئىشلاردىن ئەنسىرىمە، «قۇلۇپ ياسىغان، ئاچقۇچمۇ ياسار» دېگەن گەپ بار، — دېدى جامال توختى كېرىموفقا ئېگىشىپ، — توي كۈنى گۈلزىبا سەن دېگەندەك بوش غەۋغا كۆتۈرمەيدۇ... بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «دىل ئارامى، دىل خۇشات»نى ئىچۈرۈۋېتىش كېرەك...

— ئۇ ئىچەرمۇ؟...

— ياق، ياق، ئۇ بولمايدىكەن، — دېدى جامال توختى چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ، — گۈلزىبا مەجۇننى كۆرۈپلا گۇمانلىنىپ قالغۇدەك... ئەڭ ياخشىسى، ئۇ يىغلاپ، ۋارقىراپ، چىرقىراپ بېشى راسا چىڭقىلىپ كەتكەندە، «باش ئاغرىقى دورىسى» دەپ «ئەمىيەنتۈك»① ئىچۈرۈۋېتىش كېرەك.

— بۇنى كىم ئىچۈرىدۇ؟...

— مەسىلە مۇشۇ يەردە. ئەگەر گۈلزىبانىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىدىن بولسا تۈز تامىتى. شۇنداقلاردىن بىرەرسىنى ئىندەككە كەلتۈرگىلى بولماسمۇ؟

كېرىموفنىڭ ئاللىقاچاندىن بېرى ھىيلىگەرلىككە ئايلىنىپ كەتكەن ئەقىل - ئىدرىكى ئەمدى ئۆزىنىڭ بارلىق قىرىق ئايىقى بىلەن قوزغىلىشقا ۋە يۈرۈشكە باشلىدى. توي خېتىگە گۇۋاھلىق بەرگەن گۈلرۇزنىڭ ھېلىقى ئىككى دوستىنىڭ بىرسى بولارمۇ؟... ياق، ياق، ئۇلارنى گۈلزىبا تونۇيدۇ... ئايال ئىلمىي مۇدىرچۇ؟... بۇمۇ بولمايدىكەن... چۈنكى گۈلزىبا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان...

كېرىموف بىردىنلا چەكچىيىپ جامال توختىغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۈلشەن مۇئەللىم كەلگەنىدى. ئۇ گۈلزىبا بىلەن يېقىن ئۆتەتتى.

① ئەمىيەنتۈك — مەست قىلىش، تىنچلاندۇرۇش دورىسى.

كۆڭۈللىرىدىكى گەپلەرنى قىلىپ، مۇڭدىشاتتى. كېرىموف ئۇنىڭغا كونا خوتۇنلىرىدىن قالغان تولغۇما كۈمۈش بىلەيزۈكنى سوۋغا قىلغاندىن كېيىن، ئۇ «شيۇجېڭجۇيىغا قارشى» ھەرىكەتتە خېلىلا ئەسقاتتى. ھەر كۈنلۈك ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ تۇردى. كېرىموفنىڭ ھېكمەت ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى توغرۇلۇق يەتكۈزگەن «ئۇچۇر»لىرىنى يېزىپ، پىكىر ساندۇقىغا تاشلاپ تۇردى! . . . بۇ ئىشقا گۈلشەن مۇئەللىمدىنمۇ ئارتۇق لايىق يەنە بىرسى بولمىسا كېرەك. . . ھەم ئىشەنچلىك، ھەم گۈلزىبانىڭ سىردىشى. توۋا، كۆڭۈلنىڭ ئارامى يوق چاغدا، ئادەم تۆگە مىنىپ، تۆگە ئىزدەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن. . .

— ھەببەللى، — دېدى جامال توختى كېرىموفنى ماختاپ، — گۈلزىبا خېنىمنىڭ ئىشقىدا ئۆزۈڭمىغۇ سېھرىگەرنىڭ ئۆزى بولۇپ كېتىپسەن. قارا، گۈلشەن خانىمغا راسا ئۇقتۇرۇپ، چۈشەندۈرگىن، گۈلزىبا راسا بىئارام بولغاندا: «ۋاي دوستۇم، بېشىمنىڭ ئوتتەك قىزىپ كېتىپتۇ. بۇ باش ئاغرىق دورىسىنى ئىچىۋەتكىن» دەپ ئىككى تال تابلېتكىنى ئاغزىغا سېلىپ، ئارقىدىن قايناق سۇ ئىچۈرۈۋەتسۇن. شۇنىڭ بىلەن، گۈلزىبا ئۈچ - تۆت سائەت كۆزلىرى پىلدىرلاپ، جىمىپلا كېتىدۇ. شۇ پۇرسەتتە كۆچۈرۈۋالىمىز. . .

— بۇ بولىدىغان چارىكەن، — كېرىموف كۈلدى.

— ھە مۇنداق كۈلگىنە، قالماقنىڭ بۇتىدەك تۇتۇلۇپلا ئولتۇرماي. ئەتىگەندىن بېرى ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرغىنىڭنى كۆرمىدىم. . .

— شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، ساۋۇر روزى، ئىمىن سوپىلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، چوقامدىن كىرگەن قورقاق تاپىنىمدىن چىقىپ كەتتى دېمەمسەن، — دېدى كېرىموف، ئىشكاپ ئەينىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بوتۇلكىغا كۆز تاشلاپ، — ھېلىقى زەيىنىدىن دېگەن كاپ - كاپ گاچىنىڭ چالۋاقاپ كېتىشلىرىچۇ تېخى. . . خەپ بوستانغا چىقىپ، يېگەن - ئىچكىنىنى بۇرنىدىن بۇلاق، ئارقىسىدىن يۇملاق قىلىپ چىقارمىسام. . .

— ھەي، ھەي، كونا جۇۋىنى ياز كەلدى دەپ تاشلىغۇلۇق ئەمەس. . . ئۇ كېيىن يەنە ئەسقاتىدۇ. . . ھېلىقى ھېكمەت دېگىنىڭ شۇنىڭ قولىدا

ئەمەسمۇ! . . .

كېرىموفنىڭ ئىشكتىن كىرگەن ۋاقتىدىكى ئەلپازىنى كۆرۈپ، تەھدىتلىرىنى ئاڭلاپ، ئەيمەنگىنىدىن ھەمدەم پىكىر بولۇپ قالغان قاقباش جامال توختىنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. ئۇ ئىشكاپ تەكچىلىرى ئۈستىدە كۆزلىرى يۈگۈرۈپ يۈرگەن كېرىموفنى كۆرۈپ، پۇسۇقتىدە كولۇۋەتتى ۋە بىر بوتۇلكا هاراقنى ئېلىپ كېلىپ، گىلەم ئۈستىگىلا تىكلىدى. ئىككى پىيالىگە تەڭشەپ قويۇپ، «قېنى، بۈگۈنكى ئىشىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن!» دېيىشىپ كۆتۈرۈشتى.

جامال توختى بىلەن كېرىموف بىر قولىدا تاماكا، بىر قولىدا پىيالە، قۇرۇق هاراق ئارقىلىق ئۆز ئىشلىرىغا خەيرلىك تىلەۋاتقان مۇشۇ كەچتە، هېكمەت ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، خېلى بۇرۇنلا بىكار بولغان بولسىمۇ، يولدا ئۇنى تونۇيدىغان بوستانلىق بىر دېھقان ئالدىنى توسۇۋالدى. ئۇ دېھقان ئۆزى توقۇغان بىر پارچە گىلەمنى توغقىنىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭغانىكەن. جۇسادۇيدىكىلەر ئۇنى هايانكەش دەپ، گىلەمنى تارتىۋاپتۇ. هېكمەت گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بېرىش ئۈچۈن، جۇسادۇيگە قاراپ مېڭىۋىدى، يولدا تۇرا كاللا بىلەن مەتروزى پەشۋا يولۇقۇپ قالدى. هېكمەت ئۇلار بىلەن مەدەنىيەت يۇرتىدىكى تانسىدا پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئابلىز نەۋانىڭ تويىدا بىللە ئوينىغانىدى. بۇ جىگەرلىك باللار ئەھۋالنى ئۇقۇپ، جۇسادۇيگە بىللە بېرىشتى. جۇسادۇينىڭ چاپارمەنلىرى ئۇلارنى كۆرۈپ سەل بوشاپ قالدى ۋە بىر مۇنچە قائىدە ـ نىزاملارنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، گىلەمنى دېھقانغا قايتۇرۇپ بەردى.

هېكمەت كەلگەن، ئازادە بالنىستقا كىرگەندە، ھەممە دوستلىرى شۇ يەردە ئىدى. مۇراتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، سىڭىل ـ ئىنىلىرىمۇ كەلگەنىدى. تېلىۋالدى دوختۇر ئۇلارغا نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى. هېكمەت ئالدى بىلەن، قۇتلۇق خۇيجاڭغا سالام بەرگەندىن كېيىن، ئالىمجان، ئامانىللا بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن لۇتپىيە، سائادەت، گۇلباهار، روشەن، بائۇممەلەرگە باش ئېگىپ سالام قىلىپ هال سورىدى. مۇرات، نائىبى،

شادىمان، ئابلىز نەۋلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولغان بولغاچقا، ئۇلارغا كۆز سالمى قىلىپ قويدى. ئۇ زۇمرەتنىڭ كارىۋىتىنىڭ قېشىدا، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئايالى گۈلزىبانى كۆرگىنىدە، ئۆزىنى ئاران-ئارانلا تۇتۇپ تۇردى. بىراق، گۈلزىبا كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، دەرھال زۇمرەتنى قۇچاقلىۋالدى. زۇمرەتنى گۈلزىبا، روشەن، بائۇممەلەر مۇنچىغا ئاپىرىپ يۇيۇندۇرۇپ كەلگەنىدى. سىپتىرا قىزلار ئۇنىڭ چالا قىرقىلغان چاچلىرىنى چۇشۇرۇپ، بىمارلار كىيىمىنى كىيگۈزۈپ قويغان بولغاچقا، ئۇ پاكىزە ھەم ئوماق كىچىك بالىدەك تىزلىرىنى قۇچاقلاپ كارىۋاتتا ئولتۇراتتى. مۇراتنىڭ ئۆگەي ئانىسى زۇمرەتنىڭ بېشىغا يۇمشاق سۇت رەڭ يىپەك ياغلىقنى چېكىلەپ تېگىپ قويغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇ تالىپەلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. ھېكمەت دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، دوختۇر تېلىۋالدىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، يىگىت - قىزلار بىردەك كۈلۈۋەتتى. چۈنكى، ھېكمەت نەبىند دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەندە، تېلىۋالدى بىلەن قىلىشقان چاقچاقلىرىنى ھەممىسىگە سۆزلەپ بەرگەنىدى. «قوي ئارىسىغا كىرىۋالغان ئۆچكە»، «يامغۇر ياغسا دۈمبىسىدە سازاڭ قايناپدىغان سەھرالىق داڭگال» دېگەن بۇ يۇمۇرلۇق چاقچاقلار ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتكەنىدى.

— ھە، توپىدىن ئايرىلغان ئۆچكىدەك يەنە كېلىپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى چاقچاق خۇمار تېلىۋالدى، — يېگۈدەك ئوت تاپالمىغان ئوخشايسەن. . .

— شۇنداق، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — نەچچە كۈننىڭ ياقى يامغۇر يېغىپ، ئېتىزلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سازاڭ بېسىپ كېتىپتۇ. . .

بالىنىست ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بۇ ئاۋازدىن چۆچۈگەن زۇمرەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھەممىگە تەكشى قاراپ چىقتى. بۇ ئالامەتتىن ھەيران بولغان تېلىۋالدى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، بىر ھازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، مۇراتقا شەرەت قىلدى.

— سىز زۇمرەتنىڭ خاتىرىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بىرەر سۆز ياكى ھەرىكەت قىلىڭ! . . .

مۇرات تېلىۋالدىدىن بىر تال تاماكا ئالدى ۋە بىر ئورام داكىنى ئېلىپ

كارىۋاتنىڭ ئاياق تەرىپىدە ئولتۇردى. ئاندىن زۇمرەتنىڭ زەنجىر يالاپ جاراھەت ئىزى قالغان ئوشۇقىنىڭ ئۈستىنى داكا بىلەن ئورىدى. ئۇ قىزنىڭ ئىككىنچى پۇتىنى ئوراۋاتقاندا، زۇمرەت خۇددى بوز يەردە پۇتىنى كۆڭلەكنىڭ پېشىدە تېڭىۋاتقاندا قىلغاندەك، مۇراتنىڭ بۇرنىنى سىيلىدى. مۇرات ئاندىن ئۇنىڭ قولىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، قول بېغىچىغا تېلىۋالدى بەرگەن ئوتىسىز تاماكىنى ئاستا ياقتى... زۇمرەت كۈلدى... مۇراتقا تىكىلىپ قارىدى... ئاندىن «بۇلاق... بۇلاق... بۇلاق...» دەپ تەكرارلىدى. بۇ ئىشلار بولۇۋاتقاندا، كامىل تېلىۋالدى دوختۇرغا بۇنىڭ سىرلىرىنى يېشىپ بېرىۋاتاتتى. خۇشال بولۇپ كەتكەن مۇرات ئاستا شىۋىرلىدى:

— زۇمرەت بۇ مەن... مۇرات... مۇرات دەپ بېقىڭا؟...

— بۇلاق... بۇلاق... مۇرات... مۇرات!...

زۇمرەت سەكرەپ تۇرۇپ سىرتقا يۈگۈردى. قىزلار ئۇنى تۇتۇۋالدى. ئۇ: «بۇلاق... بۇلاق... مەن بۇلاققا بارىمەن...» دەپ ۋارقىرايتتى. تېلىۋالدى ئۇنىڭ بىلىكىگە كىچىك ئوكۇل سۈيۈقلۇقىنى ماڭدۇرغاندىن كېيىنمۇ، ئۇ «بۇلاق... بۇلاق... مۇرات...» دەپ ھاسىراپ تۇردى.

— بۇ قىزنىڭ ھېسسىي سېزىملىرى تېخى ئۆلمىگەن... بۇ خۇددى تاسادىپىي پاجىئەدىن ياكى ئېغىر روھىي زەربىدىن خاتىرىسىنى يوقاتقان ئەھۋالغا ئوخشاپ كېتىدۇ، — دېدى تېلىۋالدى ھەممىگە تەكشى قاراپ، — بۇ تىببىي ئىلىمدە «تەپەككۇر ھارغىنلىقى»، «تەپەككۇرنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى» دېيىلىدۇ. زۇمرەتنى داۋالاشتا، سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار ئەڭ مۇھىم. ئۇنىڭ ھاياتىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە كۈنلەرنى سۆزلەش، ئەسكە سېلىشنىڭ رولى كۆپ بولىدۇ... بولۇپمۇ مۇرات كۆپىنچە زۇمرەتنىڭ قېشىدا بولۇشى كېرەك...

ھەممىسى بىردەك بىر - بىرىگە قاراشتى. ئەلۋەتتە رىجىم ئاستىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگىرىۋاتقان مۇرات ئۈچۈن بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە، دوستلارنىڭ ھەممىسى بولۇپمۇ قىزلار نۆۋەتلىشىپ زۇمرەتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. قۇتلۇق

خۇيجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئۇلارغا چىن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداقتىمۇ، مۇراتنىڭ ئىنى - سىڭىللىرى ئۆزلىرىنىڭ زۇمرەت ساقايغىچە قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قۇتلۇق خۇيجاڭ خوتەندىكى ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق، پەزىلەت بابىدا كۆزگە كۆرۈنگەن بۇ ياشلارنىڭ ئوغلىغا كۆرسىتىۋاتقان ھىممەتلىرىنى كۆرۈپ، ناھايىتى تەسىرلەندى ۋە ئوغلىنىڭ مۇشۇنداق دوستلىرىنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلەندى. كېيىنكى كۈنلەردە، ئۇ شەھەردىكى خېلى ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرىنى سايە قىلغان بولسىمۇ، مۇرات رەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ زۇمرەتكە بولغان ۋاپادارلىقىنىڭ مۇشۇنچىلىك دەرىجىدە يۈكسەك ۋە ئۇلۇغلۇقىنى كۆرۈپ، ئوغلىنىڭ ئەخلاقىغا ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇدى. بىراق ھازىر ئۇ ھەرىكەتنىڭ قۇربانى بولۇپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگىرىۋاتىدۇ. قۇتلۇق خۇيجاڭ بۇنى توغرا چۈشىنەتتى. چۈنكى ئۆزىمۇ ھەرىكەت باشلىنىشى بىلەن، ياشلىقىدا سودىگەرچىلىك بىلەن چەت ئەللەرگە چىققان «جىنايىتى»دىن ھېساب بەرگەنىدى.

— مۇراتنىڭ زۇمرەتكە داۋاملىق ھەمراھ بولۇش ئىشىنى مەن ئامال قىلاي، — دېدى ھېكمەت خېلى ئويلانغاندىن كېيىن...

— يەنىلا ئالدىدا ماڭسەن - دە، — تېلىۋالدى ھېكمەتنى ئۆچكىگە ئوخشىتىپ چاقچاقتا ئۇردى، ئەمما ھېكمەتمۇ تېلىۋالدىنىڭ «سەھرالىق داڭگال مەن» دېگەن سۆزىنى چالمىغا ئوخشىتىپ يانپاشقا ئالدى.

— شۇ ئەمەسمۇ، توختام سۇ چالمىدىن قورققاندەك، ھەممىمىز سېنىڭدىن چۆچۈپ تۇرساق...

يىگىت - قىزلار، قۇتلۇق خۇيجاڭ ۋە ئۇنىڭ قىز - ئوغۇللىرى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. گۈلزىبامۇ مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن ئېرىگە قارىدى.

— يائاللا، نەدىن كەلسەم، شۇ يەردىن چىقىپ تۇرىسەن... يا زۇمرەتنى چاقچاق بىلەن ساقايتىۋالامسەن؟...

يەنە كۈلۈشمەك كۆتۈرۈلدى.

— چاقچاقمۇ قىلىشتۇق، لېكىن ھېكمەتكە ئىشىنەيلى، — كامىل قۇربان ھاكىمنى ئويلىغانىدى، — ئۇنىڭ ھەل قىلىشىغا كۆزۈم يېتىدۇ.

زۇمرەتنىڭ قېشىدا مۇراتنىڭ ئىككى سىڭلىسى قالدى. قالغانلار سىرتقا چىقىشتى. تېلىۋالدى دوختۇر ئۇلارنى بالنىست بىناسىنىڭ پەلەمپەيگىچە ئۇزىتىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. لوتېيە، سائادەت، گۇلباھار، بائۇمە، روشەنلەر قايسى كۈنى كىمنىڭ تاماق ئەكىلىدىغانلىقىنى مەسلىھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت ۋە ئەرلەرنى ئېلىپ كېتىپ قېلىشتى.

— مەن ئەمدى مەكتەپكە چىقمايمەن، — دېدى مۇرات قاياقتىدۇر قاراپ، — بېشىمغا كەلگەننى كۆردۈم.

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، — دېدى كامىل، — بۇگۈن كېچە زۇمرەتكە ھەمراھ بول. ھېكمەت ئىككىمىز ئەتە سەھەر يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا چىقىپ كېتىمىز. قۇربان ھاكىم زەيىنىدىنگە قارىتىپ بىر پارچە خەت يېزىپ بەرسۇن، سېنىڭ رۇخسەت ئىشىڭنى شۇ ئۇسۇلدا ھەل قىلايلى. شۇڭا، سەن ئەتە ئەتىگەن مەكتەپكە قايت. قانداق دېدىم قۇتلۇق خۇيجاڭ؟

— توغرا، ئىنتىزامسىزلىق قىلىپ، يەنە ئۇلارنىڭ تىزىكىنى قاتۇرۇپ قويمايلى، — قۇتلۇق خۇيجاڭ چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى، — بىلىلىرىم، مۇراتقا مۇلچەرلىگۈسىز ياخشىلىق قىلدىڭلار... ئەگەر قۇربان ھاكىمدىن خەت ھەل قىلالىساڭلار، ئېرىنمەي ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىشكەن بولساڭلار. مەن ئانىسى بىلەن ئازراق ئادىمەتچىلىك قىلىپ، زەيىنىدىننىڭ ئۆيىگە چىققان بولساق...

— ئاشۇ ئىپلاس جاغدىغا يالۋۇرماقچىمۇ سەن؟ — مۇرات ئاچچىقلاپ قالدى، — رۇخسەت ئىشىنى ئۆزۈمگە قويۇپ بېرىڭلار.

— بالام، بېسىم بىلەن ھەل قىلغان ئىشنىڭ ئۆمرى كۆتە بولىدۇ، — دېدى قۇتلۇق خۇيجاڭ، — ھەتتا ئىشلارنى ئەكسىگە ياندۇرۇپ قويىمىز... بۇ يالۋۇرۇش ئەمەس... تۇرمۇشتا توشقانمۇ بۆرىگە قىلتاق قويىدىغان ئىشلار بولىدىغۇ؟...

— مۇرات، داداڭنىڭ گېپى يوللۇق، — دېدى ھېكمەت، — رۇخسەت مەسىلىسىدە، ئاددىي، قوپال ئۇسۇللارنى قوللانساق بولمايدۇ.

كامىل ئىككى كۈن ئىچىدە قۇربان ھاكىمنىڭ خېتىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە ۋەدە قىلغاندىن كېيىن، قۇتلۇق خۇيجاڭ ئايالىنى ئېلىپ كېتىپ قالدى. مۇرات ئىككى دوستى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ، بالنىستقا كىرىپ كەتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئاسمان گۈمبىزى گويا ساندۇق - ساندۇق ئۈنچە - مەرۋايىتلار چېچىلغاندەك، يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغان بولسىمۇ، ئاي تۇغۇشقا خېلى بار ئىدى. ئىيۇننىڭ يىگىرمىلىرى بولۇپ قالغاچقا، بەزى كېچىلىرى شامالسىز ناھايىتى تىنجىق بولاتتى. كامىل، ھېكمەت، گۈلزىبالار قولياغلىقلىرىدا ئۆزىنى يەلپۈپ، دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىشتى. كامىل ئالىمجان زىھرۇللانىڭ ئۆيىگە بارماقچى ئىدى. بايا دوستلار شۇ يەرگە يىغىلىپ كۆڭۈل ئېچىشنى مەسلىھەت قىلغانىدى. ئەمما كامىل ھېكمەتنىڭ بارالمايدىغانلىقىنى، چۈنكى، ئۇنىڭ ئايالى بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئىككى يېرىم ئايدىن ئېشىپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. كامىلنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا بەكمۇ رازى بولۇشتى.

— گۈلزىبا، سىز ئۆيدىكىلىرىڭىزگە «بۈگۈن زۇمرەتكە قاراش نۆۋىتى ماڭا كەلدى» دەمسىز، ئىش قىلىپ دەپ قويۇپ چىقىڭ، — دېدى كامىل ئۇياتقىنىدىن يەر بېقىپ تۇرغان گۈلزىباغا، — ئاندىن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ مۇڭدىشىۋېلىڭلار...

كامىل ئەتە سەھەر يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا ماڭىدىغانلىقىنى تاپىلاپ قويغاندىن كېيىن، كېتىپ قالدى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا دوختۇرخانىنىڭ بېقىنىدىكى پەس توپا يولغا قايرىلىپ مېڭىشتى. يولنىڭ سول تەرىپىدىكى ئېگىز يارلىق مۇساپىر زەرەتكارلىقى ئىدى. ئۇلار يېقىن كوچىلار بىلەن بىردەمدىلا جامەنىڭ ئايىقىغا چىقىپ قالدى. گۈلزىبا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ھېكمەت كۆمۈر بازىسىنىڭ يېنىدا ئۇنى ساقلاپ تۇردى. ھېلىقى شۇۋۇرغانلىق كېچىسى ھېكمەت نەق مۇشۇ يەردە مەست كېرىموف بىلەن مۇشتلاشقان، ئۇنىڭ بېشىنى يەرگە نەچچە قېتىم ئۇستۇرۇپ، پېشانىسىنى يېرىۋەتكەنىدى. دۆڭدىكى كونا مەسچىتنىڭ ئىشىك -

دېرىزىلىرىنى بىرسى قومۇرۇپ ئېلىپ كەتكەنمۇ، ئۇنىڭ ئورنى گۆردەك قاراڭغۇ تۇراتتى. نەبى بىر كېچە ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئۆي ئىچىدە جىنازا ئۈستىدە قورقماي تۈنىگەنىدى. ھېكمەتنىڭ كۆزى پەستىكى يوغان قوش قاناتلىق دەرۋازىغا چۈشتى، «ئانا، ئۇنىڭغا رەھىم قىلىڭا!» دېگەن ئون ئالتە — ئون يەتتە ياشلاردىكى ئەتلەس كۆڭلەكلىك قىز كۆز ئالدىغا كەلدى. بىراق، ئۇنىڭ جادۇگەر دوڭغاق ئانىسى ئۇزۇن ھاسىسىدا ھېكمەتنىڭ مەيدىسىگە ئۇرۇپ: «ئوغرى، قاراقچى، كاپىر، دىۋانە، بوسۇغامغا دەسسىگۈچى بولما!» دەپ ئۇنى تىللاپ ھەيدىۋەتكەنىدى.

گۈلزىبا ئانچە ھايال بولمايلا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولتۇقىدا ئوراقلىق بىر نەرسىمۇ بار ئىدى. ھېكمەت ئۇنىڭ ئەدىيال ئىكەنلىكىنى بىلىپ گەپ قىلمىدى. لېكىن چېچەن قىز دەرھاللا: «زۇمرەتكە بۈگۈن كېچە مەن قارايدىغان بولدۇم دېسەم، ئانام ‹ئەمىسە يېپىنىپ يېتىڭ!› دەپ تۇتقۇزۇپ قويدى»، دېدى ـ دە، يۈزىنى ئېلىپ قاچتى. گۈلزىبانىڭ ئىزا تارتىپ قالغانلىقىنى سەزگەن ھېكمەت دەرھاللا ئەنجان تاملىق قورۇنى كۆرسەتتى.

— قاراڭ گۈلزىبا، ھېلىقى كېچىسى بىر موماي مېنى تىللاپ كەتكەن قورۇ مۇشۇ...

— بۇ ئەسلى ئەنجانلىق كاتتا، باي سودىگەرنىڭ ئۆيى، — دېدى گۈلزىبا، — شىڭ شىسەي بايلارنى تۇتقاندا، ئۇنىمۇ تۇتۇپ كەتكەنىكەن. لېكىن ئۇ نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپ قۇتۇلۇپ چىقىپ، 1952 ـ يىلى قازا قىپتۇ. سىزگە ئىچ ئاغرىتقان قىز دادىسىدىن تۆت ياشتا قاپتىكەن.

— ئۇنداقتا ئۇلار ئۆزبېككەن ـ دە؟...

— شۇنداق، ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن ئۆزبېكلەر، دادىسىنى سەلىمجان ئەنجان، ئانىسىنى نۇسرەتخان ئەنجان دەپ ئاتىشىدۇ.

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا كامىلنىڭ ئۆيىگە بېرىشتىن نومۇس قىلىپ، پىنھان دەريا بويىغا كېتىشتى. يوللاردا بىرەر ـ يېرىم ئادەم ئۇچراپ قالاتتى. لېكىن قاراڭغۇدا تونىغىلى بولمايتتى. گۈلزىبا نېمە ئۈچۈندۇر

دەرياغا يېتىپ كېلىش بىلەن، ھېكمەتنى ھېلىقى مۆڭلۈق توي كۈنىدىكى خاتىرە دەرەخ تۈۋىگە باشلاپ كەلدى. بۇ سىرلىق مەنانى سەزگەن ھېكمەت سەرەڭگىنى چاقتى. يورۇقتا بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن قوش يۈرەك ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە يېزىلغان ئىسىملارنىڭ باش ھەرپى ئاشكارا كۆرۈندى. بۇ سائادەتلىك كۈن خاتىرىسى ئىچىدىن سۇ قايناپ چىقىپ، ئۇ قاپارتما نەقىشتەك بولۇپ قالغانىدى. گۈلزىبا ئۇنى قولىدا سىيلىدى ۋە بىردىنلا ھېكمەتنىڭ كۆكرىكىگە تاشلاندى. ھېكمەت، كۆزىدىن ئۇچۇپ كەتكەن ياش ئايالىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، ئۇنى قانماي - قانماي سۆيدى. چاچلىرىنى ھىدلىدى، نازۇك بويۇنلىرىنى سىيلاپ، يۈزلىرىگە ساقاللىرى ئەمدىلا ئېگىزلىغان ئېگەكلىرىنى سۈۋدى. . .

— ئاھ، مېنىڭ گۈلۈم. . . خۇشپۇراقلىق قىزىل گۈلۈم! . . . — ھېكمەت شۇۋىرلىدى، — مېنىڭ مېھرىبان، كۆيۈمچان، دەردلىك ئايالىم! . . .

— ھېكمەت! . . . مېنىڭ ھېكمىتىم. . . مېنىڭ ھېكمەتلىك ۋاپادارىم. . . — قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى. — سىز بۇ جاھاندا بارمۇ؟ . . . نېمانچە يا داپ كەتتىڭىز؟ . . . مېنىڭ سىزنىڭ ئاشۇ سىمايىڭىزنى، خۇش خۇيلۇق كەتمىگەن چىرايىڭىزنى، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ بۇلىقى بولغان كۆزلىرىڭىزنى، شېرىن - لەزىز سۆزلىرىڭىزنى قانچىلىك بىتاقەت بولۇپ سېغىنغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ . . . مەن سىزنى سېغىندىم. . . شۇنداق بەكمۇ سېغىنىپ كەتتىم. . .

گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ باغرىدا بۇلجىناتتى، تىپچەكلەيتتى، يىغلايتتى. . .

— گۈلزىبا، مېنى سېغىنمىدى، ھىجران ئوتىدا كۆيمىدى دەمسىز؟ — ھېكمەتنىڭمۇ كۆز چاناقلىرى يالتىرايتتى، — سىزنىڭ سەرۋىدەك بويلىرىڭىز، شەھلا كۆزلىرىڭىز، ئاشۇ ئۇقۇتتەك قىزىل خالىڭىز. . . ھەتتا چاچ تۇمارلىرىڭىز خۇددى ئۆزۈمنىڭ سايىسىدەك بىرەر نەپەسمۇ مەندىن نېرى كەتمەيدۇ. . . سىز مېنىڭ خىيالىم! . . . سىز مېنىڭ بارلىقىم! . . . سىز مېنىڭ ئېزىز جېنىم! . . .

ھېكمەت گۈلزىبانى تېخىمۇ قاتتىق باغرىغا باستى! . . .

— ۋاي ئاستىراق! . . . ئۇ. . . ئۇ. . .

— بىلىمەن پەرىشتەم... ئۇ... ئۇ... بىزنىڭ بالىمىز...
ئىككىمىزنىڭ بالىسى!... ھەسرەتلىك مۇھەببىتىمىزنىڭ شاھىدى!...

— سىز؟... — گۈلزىبا دەرھاللا يەرگە قارىۋالدى.

— كامىل ماڭا ھەممىنى ئېيتتى!...

دەريانىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس ئاخىرقى ئېقىنلىرى تەرەپتىن ئاي كۆتۈرۈلدى. چىغىر يوللاردەك گىرەلىشىپ كەتكەن تاراملار كۈمۈش لېنتىدەك يالتىراپ، چاھارباغ، جىيا، گىجى كەنتلىرىنىڭ بۈك باغلىرى سۈزۈك ھاۋا رەڭ نۇر ئىلكىدە ئېپتىدائىي ئورمانلار ئىزنىسىنى پەيدا قىلدى...

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا بو غەنىيمەت پۇرسەتتە يۇرۇڭقاش دەريا بويلىرىنى خېلى ئۇزۇن ئايلاندى. ئۇلار يۇمشاق قۇملۇق قىرغاقلاردا ئىز قالدۇرۇپ ئاستا قەدەم تاشلايتتى. ھېكمەت قۇربان ھاكىمنىڭ بوز يەردىن زۇمرەتنى ئېلىپ چىقىشقا ۋە داۋالىنىشقا ياردەم قىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ كېرىموفنىڭ ساختا توي خېتى ئالغانلىق مەسىلىسىنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنغانلىقىنى ئېيتىپ، گۈلزىبانى بەكمۇ خوش قىلىۋەتتى. ئۇلار ئىككىسى قۇربان ھاكىمنىڭ خاسىيەتلىك ئىشلىرىنى سۆزلە ـ سۆزلە بەكمۇ ئۇزاپ كەتتى. ئەگەر مۇشۇنداق مېڭىۋەرسە، ئۇلار ئىگەچىگە چىقىپ قالاتتى. ئاخىرى ئۇلار يەنە ئارقىسىغا قايتىپ، بىر جۈپ يۇرەك ئۇيۇلغان تېرەك تۈۋىگە كەلدى. نېرىراقتا بۈككىدە چاتقاللىشىپ كەتكەن ئازغان بار ئىدى. ئۇ، تۈۋىدىن ئۇچىغىچە يوپۇرمىقى كۆرۈنمىگۈدەك دەرىجىدە ئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەچكە، ھەسەل ھىدى كېلىپ تۇراتتى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئازغان گۈللىرى ئارىسىدىكى قېلىن چۆپكە ئەدىيالنى سېلىپ، يانمۇ يان ئولتۇرۇشتى. ئاي ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئاپئاق گۈللەر ئارىلىرىدىن ئالا كۆلەڭگىلەرنى چۈشۈرگەندى. دەريا سۈيىنىڭ خاسىيىتىمىكىن، ھاۋا تەنلەر ھۇزۇرلانغۇدەك ئىللىق بولۇپ، شەھەردىكى دىمىقلىق بۇ يەردە يوق ئىدى. گۈلزىبا گويا بىر كىم ھېكمەتنى ئېلىپ قاچىدىغاندەك، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ، ئۇنى بەللىرىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى. ئۇ يەنىلا

خاتىرجەم ئەمەستەك قىلاتتى. يېقىندىن بۇيان، ئوتتۇرا كېچىگىچە ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ جېدەللى بېسىقمىسا، ئوتتۇرا كېچىدىن كېيىن، بۇمەرەمخانىنىڭ بېسىمى باشلىناتتى. ئۇ قورۇ - جايىنىڭ قولدىن كېتىشى، ئاجرىشىپ ئائىلىنى ۋەيران قىلىش، ماھىگۈل، نەبىلەردىن ئايرىلىشتەك ئېغىر پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى سۆزلەيتتى. ئەمما، بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تاقەتسىزلىك ئىچىدە قايتا - قايتا تەكرارلايدىغىنى گۈلزىبانىڭ قورسىقىدىكى بالا ئىدى. ئەگەر بىرەر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، بالىنى «هالاللاپ» ئالمىسا، كېيىنكى ئاقىۋەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلماقنىڭ تەسلىكىنى ئېيتىپ يىغلايتتى. چاچلىرىنى يۇلاتتى، ئۆزىنى كاچاتلايتتى. «بالىنى چۈشۈرۈۋېتەيلى» دەپ يالۋۇراتتى. گەرچە ئانىسىنىڭ ئېيتقانلىرى يوللۇقتەك بىلىنسىمۇ، گۈلزىبا ھەرگىز ئېرىمەيتتى. ئۇ، ھەتتا نىكاھ ئوقۇغان ئاقمۇللا ئىمام ۋە شاھىدلار بىلەن سۆزلىشىپمۇ قويغانىدى. ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلارنى گۇۋاھلىققا تارتماقچى ئىدى. گۈلزىبا شۇنداق ئىرادىگە كەلگەن بولسىمۇ، جەمئىيەتتىن، ئەل - مەھەللىدىن كېلىدىغان زەربىنى، غەيۋەت - شىكايەتنى بىلەتتى. ئۆزىنىڭ قانچىلىك شەرمەندە بولىدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلىپ بولغانىدى. لېكىن، ھەرقانچە قۇربان بېرىش، ئۆزى سۆيگەن يارى ئالدىدا، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى.

بۇگۈنكى ۋىسالغا يەتكۈزگەن تەڭرىگە شۈكرى - سەنا كەلتۈرۈۋاتقان ھېكمەتنىڭ گەرچە يارى باغرىغا تېڭىقلىق تۇرسىمۇ، قەلبىنىڭ بىر يەرلىرى قاراڭغۇ ئىدى. توغرا، ئۇ مۇسۇلمان شەرئىتى بويىچە نىكاھ قىلدى. قەدىم - ئايەمدىن تارتىپ شۇنداق بولۇپ كەلگەن!... ئەمما ھازىر ئۇنى ئېتىراپ قىلىشمايدۇ... ھېكمەت بىر يىللىق سۈرگۈننى تۈگىتىپ كەلگۈچە، بالا دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ، بارلىق كەلگۈلۈك گۈلزىباغا كېلىدۇ. بۇ زادى كىمنىڭ سەۋەنلىكى؟... ھېكمەتنىڭمۇ ياكى ئۆز سۆيگىنىگە ئەقىدە باغلىغان بىر قىزنىڭمۇ؟... ياكى بولمىسا بۇ ھايات تارازىسىنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقىمۇ؟...

— توۋا، — دېدى گۈلزىبا پىچىرلاپ، — ئاجايىپ بىشارەت، قۇمقايىغاندىكى ئورنىدا، مۇرات كۆرگەن چۈشنى سۆزلەپ، ئىككىمىزنىڭ

توي قىلغانلىقىمىزنى، بىراق كىمدۇر بىرىنىڭ جامائەت ئارىسىدىن ۋارقىراپ: «ئۇلار قىزىل قەغەز ئالمىغان» دېگەنلىكىنى، قانداقتۇر ياخشى نىيەت كىشىلەرنىڭ «ئەلمىساقتىن تارتىپ نىكاھ شەرئى بىلەن جۈپتى ھالال بولۇپ كېلىنىۋاتىدىغۇ» دەپ تەبىر بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. مانا ئەمدى. . .

— بۇ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن قىسمەت ئوخشايدۇ، — دېدى ھېكمەت ئايالىنىڭ يۈزىنى سىيلاپ، — مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم پەقەت سىز. . . مەن قايتىپ كەلگۈچە، يەنە قانداق كۈنلەرگە دۇچار بولارسىز؟. . .

— قورقمايمەن. . . بالام بار، — «بالام» سۆزى ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەن گۈلزىبا خىجىل بولغىنىدىن يۈزىنى ھېكمەتنىڭ كۆكرىكىگە يېقىۋالدى، — ئىككىمىز ھەرقانداق بالا - قازاغا تاقابىل تۇرالايمىز. . .

— ھازىر ئىككى يېرىم ئايدىن ئاشتىغۇ دەيمەن؟ — ھېكمەت ئايالىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس كۆتۈرۈلگەن قورسىقىنى سىيلىدى، — مىدىرلامدۇ؟

— ياق، ئانامنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قىز بولسا ئۈچ ئايدا، ئوغۇل بولسا تۆت ئاي ئەتراپىدا تەۋرەيدىكەن. . . — دېدى گۈلزىبا يۈزىنى ئالقانلىرىدا توسۇۋېلىپ، — بولدىلا، — بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىشمايلى. . . ئادەم. . .

ھېكمەت گۈلزىبانىڭ ئەسنەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىكىنى سالدى - دە، قاتلاپ ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ بەردى. گۈلزىبا ئالقانلىرىغا بېشىنى قويۇپ شاخلار ئارىسىدىن ماراۋاتقان ئايغا قاراپ، ئۇخلىغىلى ياتاتتى. ھېكمەت گۈلزىبانىڭ يېنىدا يانپاشلىدى ۋە ئايالىنىڭ پېشانە، يۈز، لەۋلىرىگە سۆيدى.

— گۈلزىبا ئېيتىڭا، — پىچىرلىدى ھېكمەت، — بالىمىز ئوغۇلمىدۇر ياكى قىزمىدۇر؟. . .

— بىلمەيمەن، لېكىن ئانام يۈزلىرىمدىكى ئالامەتلەرگە قاراپ ئوغۇل ئوخشايدۇ، دەيدۇ، — گۈلزىبا ئۇيۇلۇپقىنا كۈلدى، — ھە راست، مەيلى ئوغۇل بولسۇن، مەيلى قىز بولسۇن، ئىسمىنى ئويلىشىپ كۆردىڭىزمۇ؟. . .

— كامىلدىن ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەس - يادىم شۇنىڭدىلا بولدى، — ھېكمەت

گۈلزىبانىڭ بۇرنىنى چىمدىپ قويدى، — ئەگەر ئوغۇل بولسا «ئەزىمەت»، قىز بولسا «گۈلرەبا» قويساق قانداق؟ بۇ ئىسىملار سىزگە يارامدۇ؟

— «ئەزىمەت»، «گۈلرەبا»؟ — گۈلزىبا چىمچىلاق قولىنى چىشلىدى، — بولغۇدەك، ھەر ئىككىلىسى مەنىلىك ھەم چىرايلىق ئىسىملار ئىكەن... بولۇپمۇ «ئەزىمەت» دېگەن ئىسىمدا «زىبا» دىكى «ز»، «ھېكمەتنىكى» «ت» بار ئىكەن...

ھېكمەت تاقەتسىزلىك ئىچىدە ئايالىنى ئۆزىگە تارتتى...

شىشىدەك تازا كۆك ئاسماننىڭ ئېگىز بىر يېرىدە ئېسىلىپ تۇرغان ئاي نېپىز بۇلۇتلار ئىچىگە يوشۇرۇندى. يۇلتۇزلار نومۇسچان قىزلاردەك كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشتى. ئەتراپ سىرلىق سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. قېلىن ئوتلار ئارىسىدىن چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. دەريا تاراملىرى بىر خىلدا شاۋۇلدايتتى. ناگان ـ ناگاندا، ئىتلارنىڭ سۇس، بوغۇق ئاۋازدا قاۋشى يىراقلاردىن ئەكس سادا بېرەتتى. كېچە قانداقتۇر سىرلىق ئاۋازلارغا تولغانىدى.

گۈلزىبا بىردىنلا مۈگدەپ چۆكۈپ ئېسەدەپ يىغلىدى. دەقىقە ئارىلىقىدا ئۇنىڭ سۇنۇق كۆڭلىنى قايغۇلۇق خىياللار لەرزىگە سالغانىدى. توغرا، ئۇلار ئەر ـ خوتۇن تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق كۈنلەرگە قالىدۇ؟... ئەقەللىسى ئۇلار ئوچۇق ـ ئاشكارا ئۇچرىشالمىسا، يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىپ مۇڭدىشالمىسا، ھېرىپ ـ چارچاپ كەلگەن ئېرىنىڭ ئالدىغا ئىسسىققىنا بىر چىنە تاماقنى قويۇپ، دەردىگە دەرمان بولالمىسا، شۇنىمۇ تۇرمۇش، ھايات دېگىلى بولامدۇ؟... ئەگەر بۇ دۇنيادا «جەننەت» ھەم «دوزاق» مەۋجۇت بولسا، چىن سۆيۈشكەنلەر يۈرەكلىرىنىڭ پىچىرلاشلىرىنى يېقىندىن ئاڭلىيالىسا، كۆڭۈل ـ كۆڭۈلدىن سۇ ئىچسە، قەلبىڭ ـ قەلب گۈلخانىدا گۈل بولۇپ ئېچىلسا، بىر چىنە سۇ، بىر بوردا نان بىلەنمۇ جەننەت ھۇزۇرىنى سېزىسەن!... مىگەر، ئالتۇن ـ كۈمۈش، زىبۇ ـ زىننەت بىلەن ھەل بېرىلگەن باياشات تۇرمۇش، نازۇ نېمەت ھۇزۇرىدا ئۆزۈڭ ياخشى كۆرمىگەن كىشى بىلەن ياشىساڭ، مانا بۇ دوزاق ئازابىدۇر...

— گۈلزىبا سىزگە نېمە بولدى؟... نېمىشقا يىغلايسىز؟...

— ئاھ ھېكمەت! — گۈلزىبا ئېرىنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى، — بۇ كۈنلەر قاچانمۇ ئاياقلىشار؟... مېنىڭ سىزگە كۈنلەپ، ئايلاپ، ھەتتا ئۆمرۈم بويى قاراپ ئولتۇرغۇم كېلىدۇ... يېنىڭىزدىن پەقەتلا يىراقلاشقۇم يوق... توۋا، ئاياللار ھەرخىل نەرسىلەرگە سېزىك بولىدىكەن... لېكىن مەن سىزگە... ياق... ياق... زىنھار چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى... مەن يۈرىكىمنىڭ سىزنىڭ ئوتلۇق نەپەسىڭىزدە ئېرىپ كېتىشىگە شۇ قەدەر تەشنا!...

— مېنىڭ ناتىۋان گۈلۈم!... مەن سىزگە كۆز قارىچۇقلىرىم ئېقىپ كەتكۈچە تىكىلىپ ئولتۇرسامۇ، جامالىڭىزغا تويمايمەن... — ھېكمەت ئايالىنىڭ نازۇك بەللىرىدىن قۇچاقلىدى، — ئاڭلاڭ گۈلزىبارىم، قەلبىم گۈلى!... مۇھەببەت لەززىتى شۇ مۇھەببەت يولىدا چەككەن ئازاب-ئوقۇبەت بىلەن تېخىمۇ ئەزىز بولىدۇ...

— بىراق مېنىڭ ئارتۇقچە تاقىتىم قالمىدى!... ئامالىم يوق...

— غەيرەتلىك بولۇڭ گۈلۈم، — دېدى ھېكمەت ئۇنى سۆيۈپ، — قۇربان ھاكىم ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا كىرگىنىگە بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى. بەلكىم تەكشۈرۈش ئۈستىدە بولۇشى كېرەك. ئەمدى كېرىموف سىزگە زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ...

— مەن ئۇ ھايۋانغا قورسىقىمدا بارلىقىنى ئېيتتىم...

— ئېيتتىم؟... — ھېكمەت چۆچۈپ كەتتى، — ئەگەر پۈتۈن جەمئىيەتكە يېيىۋەتسىچۇ؟...

— يېيىۋەتسە مەيلى، — دېدى گۈلزىبا پەرۋايى-پەلەك ھالدا، — مەن ھازىر ھېچنېمىنى ئويلىمايمەن... پەقەت سىزنىلا ئويلايمەن!...

ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىنى ياش قاپلىۋالدى. گۈلزىبا ئۆز مۇھەببىتى ئۈچۈن يۈزىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن، كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقماي، كۈرەشكە ئاتلانغانىدى. شۇنداق ئىكەن، ھېكمەتمۇ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەك. ئۇ، كېرىموفنىڭ ساختا توي خېتى ئېلىش ئىشى بۈگۈن-ئەتە ھەل بولغان ھامان، قۇربان ھاكىم ئارقىلىق توي خېتى ئېلىشى

كېرەك. ھاكىم بۇنىڭغا چوقۇم ياردەم قىلالايدۇ. . . ئۇنداقتا، گۈلزىباغا شەھەردىن ئۆي تۇتۇپ بېرىپ، ئۆزى سورگۈن ۋاقتى تۈگىگىچە ئۇنى يوقلاپ تۇرىدۇ. . .

ھېكمەتنىڭ پىلانى گۈلزىبانى قەۋەتلا خوش قىلىۋەتتى. ئۇ ئېرىنىڭ كۆكرىكىگە باش قويۇپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى، ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. . . شادلىق ياشلىرىنى تۆكەتتى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ ياتقىنىچە، خىيلى ئۇزۇنغىچە كەلگۈسى تاتلىق كۈنلەر ھەققىدە پىچىرلاشتى. . . خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە تويماي قاراشتى. . .

ئاي پېتىپ، ئاخىرقى يۇلتۇزلارمۇ ئۆچتى. كۈن چىقىش تەرەپ ئاقىرىپ كېلىۋاتاتتى. تاڭ خەۋەرچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن چىللاپ، پۈتۈن ھاياتلىقنى ئىش ـ ئەمگەككە، تىرىكچىلىككە چاقىرماقتا ئىدى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، دەريا بويىدا يۈزلىرىنى يۇيۇشتى. بۇ ئايرىلىش پەيتىدە گۈلزىبانى يەنە ئەلەملىك مۇڭ بېسىۋالدى. ئۇ گويا ئېرى مەڭگۈلۈككە كېتىۋاتقاندەك، ئەمدى زادى دىدارلىشالمايدىغاندەك، قايغۇ بىلەن دەريا بويىدىكى بىر تاش ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

— ئاھ خۇدا، يۈرىكىمنى يەنە قانداقتۇر ئەنسىزلىك قاپلىۋالدى، — دېدى گۈلزىبا دەريا تاراملىرىغا قاراپ، — سىز بىلەن كۆرۈشۈش يەنە نېسىپ بولارمۇ؟ . . . يۈرىكىم بېغىچىدىن ئۈزۈلۈپ، گويا لەھەتكە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن. . . سىز كەتمەڭ. . . مېنى تاشلاپ كەتمەڭ. . . سىز بالامنىڭ دادىسى ئەمەسمۇ؟ . . . مەن ئەمدى ئايرىلىپ چىدىمايمەن. . . مېنىڭدەك ھىماتى يوق، يۆلەنچۈكسىز، تىكەندەك يالغۇز ئايالىڭىزنى يىگانە قالدۇرماڭ. . . ئاھ خۇدا. . . ئاھ خۇدا. . . يەنە ئايرىلىش دېگەن بۇ رەھىمسىز مىنۇتلار يېتىپ كەلدى. . . سىز يەنە بىر كەلگۈچە، مەن بۇ دۇنيادا بارمۇ ـ يوق؟ . . .

ئېغىر بوي گۈلزىبانىڭ ئاۋازىدىن روھسىزلىق ۋە بىچارىلىك چىقىپ تۇراتتى. ھېكمەت ئايالىنىڭ چىرايىدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد ـ ئەلەمنى، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۆتۈنۈشنى كۆردى. ھېكمەتنىڭ يۈرىكى ئاچايىپ ئېچىشىپ كەتتى.

— گۈلزىبا، ئۈمىدسىز بولماڭ. . . ئۈمىدسىز ئادەم تومۇزدىمۇ توڭلايدۇ. . . — ھېكمەت ئايالىنىڭ چاچلىرىنى سىيلىدى، — بىزنىڭ مەڭگۈلۈك قوشۇلۇشىمىزغا ئازلا قالدى. مەن سىزنى پات - ئارىدا يوقلاپ كېلىمەن. . .

— ئاھ، ھېكمەت، مەن سىزنى سۆيىمەن! . . . ئەبەدىلئەبەد مەن سىزنىڭ! . . . مېنى ئۇنتۇماڭ. . . پات - پات كېلىڭ! . . .

ئوتلۇق نەپەس گۈلزىبانىڭ يۈرەك قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىقتى. . .

— خوش گۈلزىبا! . . .

— خوش، ھېكمەت، ئامان بولۇڭ! . . .

ئاسماندىكى قىپقىزىل ئوت يالقۇنىدەك تاۋلانغان كۈن قىزىللىقىدا ئىككى ھەسرەتلىك يۈرەك بىر گەۋدىدەك قوشۇلۇپ، تەستە ئايرىلىشتى. يىراقتىن ئۇلار ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتقان بىر جۈپ قەقنۇستەك كۆرۈنەتتى. ھېكمەت قول پۇلاڭلىتىپ، سۆيۈملۈك ئايالىنى ئۇزىتىپ قويدى.

ھېكمەت سۇ ئىدارىسى ئالدى بىلەن يۇگۇرۇپ، گۈجان مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. دەرۋازا ئوچۇق تۇراتتى. ھويلىدا كامىل ئېشەكنى ھارۋىغا قېتىۋاتاتتى. ئۇ ھېكمەتنى كېلىدۇ دەپ دەرۋازىنى ئەتمىگەنىدى. ئۇلار سەھەر سالقىنىدا يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا يۈرۈپ كەتتى. . .

## يېنىپ تەگكەن تاش

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. زۇمرەتنى يوقلاپ، شەھەردىن پىيادە قايتقان كامىل بىلەن نەفىسە بوستان بازىرى ئارقىلىق ماڭماي، پايناپ يولىدىن ئايلىنىپ ئامۇتلۇققا كېتىپ باراتتى. ئۇلار ئەللامەگە يېتىپ كەلگەندە، ئەزالار كېچىلىك دولقۇندىن قايتقان چاغ ئىدى. نەفىسە يۈيىدىغان كىيىملەرنى ئالغاچ كېتەيلى دەپ تۇرۇۋالغاچقا، كامىل ئۇنى ياتىقىغا باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئىككى سائەتتىن ئارتۇق يول ماڭغاچقا، ئۇلار ھېرىپمۇ قېلىشقانىدى. سىرتتىكى شەپىنى ئاڭلىغان گۈلنىساخان دەرھال چىقىپ، نەفىسەدىن ھال - ئەھۋال سورىدى. ئاندىن

دەرھال چاي دەملەپ ئېلىپ كىردى. كامىل، نەفىسەلەر ھاردۇق چېيىنى ئىچىۋاتقاندا، ئۇ ئېرىنىڭ ئىككى بالىسىنى باشلاپ كېلىپ تاماق يەپ مېھمان بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ تېخى ھېلىراقتا قاشىغا كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. كامىلنىڭ بۇ ئىشتا كۆپ ئەجىر تارتقانلىقىنى ئېيتىپ، كۆز يېشى قىلدى.

نەفىسە ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن، كىر كىيىم ۋە ياستۇق قاپلىرىنى سومكىغا قاتلاپ سالدى. ئاندىن ئۇلار يولغا چىقىشتى. كامىل قول چىرىغىنى ئېلىپ، خەنجىرىنى چاپان ئىچىگە ئاستى. ئۇلار كەنتتىن چىقىپ، يارلىق ئىچىگە چۈشكەندە، نەفىسەنىڭ تېنى شۈركىنىپ، كامىلنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى. تۆت تەرەپتىن قورشاپ تۇرغان ئېگىز يارلىقلار، يار ئۆڭكۈرلىرى، ھەرخىل شەكىللەردە چۈقچىيىپ قالغان توپا چېقىللار، يارلىقلارنىڭ قاق بەللىرىدە پەسكە ساڭگىلىغان قېرى قارىياغاچ، چىلان، سەندىلەچ دەرەخلىرىنىڭ ھەر تەرەپكە شاخارىغان غول شاخلىرى گويا رىۋايەتلەردىكى قورقۇنچلۇق مەخلۇقلارغا ئوخشايتتى. يار ئاستىدىكى قېلىن قومۇشلۇق ۋە شاللىقلاردىن تۇيۇقسىزلا چاڭىلداپ سايرىغان يېكەن توخۇلىرىنىڭ ئاۋازى كېلىپ، يۈرىكىگىنى خۇددى ئامبۇردا قىسقاندەك ئاغرىتىپ، ۋۇجۇدۇڭنى تىترەك باساتتى. نەفىسە كامىلنىڭ كېچىلىرى داۋاملىق قورقماي مۇشۇ يوللاردىن بېرىپ يەنە قايتىپ كەتكىنىگە ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇيتتى ۋە ئىشقى - مۇھەببەتنىڭ ئادەمنى قورقماس، جەسۇر، قاتتىق ئىرادىلىك قىلىۋېتىدىغان ئاجايىپ روھىي كۈچ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. نەفىسە ساسلىق ئىچىدىكى ئوتتۇز قەدەمدەك پاتقاقلىقتىكى دۆمچەك - دۆمچەك بەز لاۋىلارغا سەكرەپ - ئاتلاپ ماڭغاندا، كامىل ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆتكۈزدى. ئۇلار ساسلىقتىن تەسلىكتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قاسناقتىكى ئېگىز يارلىقنىڭ چىغىر يولىغا ياماشتى. ئۇلار يەنە چوڭقۇر يار ئىچىدە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، كەنتكە چىقتى. بۇ چاغدا ئايمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، يېزا يوللىرىنى ئاپئاق يورۇتۇۋەتكەندى، كامىل قول چىرىغىنى سومكىسىغا سېلىۋەتتى.

نەفىسە چوڭقۇر خىيالغا چۆككەندى. ئۇ بۈگۈن زۇمرەتنى يوقلاپ،

نۇرغۇن تەسىراتلارغا ئىگە بولدى. دۇنيادا ھەقىقىي چىن دوستلۇقتىنمۇ ئارتۇق ئۇلۇغ بىرلىك يوق ئىكەن. كامىل، ھېكمەتلەر ئۆزلىرى ئوت ئۈستىدە كۆيۈپ تۇرۇقلۇقمۇ، دوستى ئۇچۇن زۇمرەتنى بوز يەردىن ئېلىپ چىقىپ، خاسىيەتلىك ئىش قىلدى. قۇربان ھاكىمنىڭ خېتى ئارقىلىق مۇراتنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈردى. دوستلار بولۇپمۇ قۇتلۇق خۇيجاڭ، ئۇنىڭ ئايالى، مۇراتنىڭ ئىنى - سىڭىللىرى بۇ ئىشتىن تولىمۇ خۇشال. ئۇلار كامىل بىلەن ھېكمەتنى ھەر ئېغىز سۆزىدە مەدھىيىلىشىدۇ، ماختىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلىتىدىن پەخىرلىنىدۇ. خالىقنىڭ تۇرلۇك - تۇمەن دۇشمەنلىكلىرىدىن ئاجايىپ ئازاب تارتقان زۇمرەت ھازىر ياخشى كۇنلەرگە ئېرىشتى. ئالىمجان زېھرۇللا، ئابلىز نەۋالار ئاياللىرى بىلەن چۇشتە، كەچتە كېلىپ، زۇمرەت، مۇراتلارغا ھەمراھ بولىدۇ. سائادەت، گۇلباھار، روشەن، گۇلزىبالار نۆۋەتلىشىپ تاماق ئېلىپ كېلىدۇ. مۇراتنىڭ ئۆگەي ئانىسى ھەر كۇنى دېگۇدەك زۇمرەتنىڭ يۇزلىرىنى يۇيۇپ، باشلىرىغا كۆيدۇرۇلگەن بادام، شاپتۇل مېغىزلىرىنى سۇۋايدۇ. . . سىڭىللىرى بولسا، چىرايلىق كۆڭلەكلىرىنى كىيگۇزۇپ، ئۇستىگە بىمار كىيىمىنى يېپىندۇرىدۇ، مۇرات ھەممىسىنىڭ پاتراق كېتىشىنى تىلەيدۇ. يالغۇز قالغان ھامان، زۇمرەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ھاياتىدىكى بارلىق خاتىرىلەرنى — پوچتىخانىدىكى قول كۆيدۇرۇش ئارقىلىق ئىزھار قىلىنغان مۇھەببەت، مۇرات سولىنىپ قالغاندا، زۇمرەتنىڭ خالىقنى بىر ئېغىز سۆزى بىلەن ئوخشىتىۋەتكەنلىكى، ئالاقەتلىكتىكى بۇلاق، مۇراتنىڭ قولىنى كۆيدۇرگەندە زۇمرەتنىڭ نېمە دەپ قاچقانلىقى. . . ئورمىغا ماڭغان كۇنىدىكى چاقچاقلار. . . قۇمقايغاندا ئويلىغانلىرى. . . ئىش قىلىپ ئىگەچى باغچىسى، قۇرۇم كۆلى قاتارلىق سائادەتلىك كۇنلەرنى سۆزلەيتتى. زۇمرەت پات - پاتلا «بۇلاق، مۇرات. . .» دەپ قويۇپ، يەنە جىمىپ كېتەتتى. قۇتلۇق خۇيجاڭ ئايالى بىلەن ھاكىمنىڭ خېتىنى ئېلىپ بوستانغا چىقتى. بىر مۇنچە سوۋغا - سالام ۋە ھاكىمنىڭ خېتىنى كۆرگەن زەينىدىن مومدەك ئېرىپلا كەتتى. ئۇ: «مەيلى، مەيلى، زۇمرەتنىڭ كېسىلىنى باقسۇن. . . ھاكىم خېرىندارلىق قىلىۋاتقان يەردە،

مەن نېمىمۇ دەيتتىم؟ » دېدى. شۇنداقتىمۇ دوستلار مۇراتقا ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر نۆۋەت بوستانغا چىقىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ قويۇشنى تاپىلىدى. ئەلھال، مۇراتنىڭ بەختى ئۆز ئالقىنىدا ئىدى.

هايات قىيانلىق دەرياغا ئوخشايدۇ... چەكسىز ئۈمىدۋار ۋە شىجائەتلىك كىشىلەرلا ئۇنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىدىن، سۈرلۈك قايناملىرىدىن، قورقۇنچلۇق شاۋقۇنلىرىدىن قورقماي، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن، بەخت قىرغىقىدا ياشىيالايدۇ... ھېچنەرسە بىلەن ھەپىلىسى يوق ئۈمىدسىز، شىجائەتسىز، ناباپ كىشىلەر ئۇنىڭ لاي ـ لاتقا قىيانلىرىدا غەرق بولىدۇ... مانا بۇ ھاياتلىقنىڭ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان فورمۇلىسى... رەھىمسىز رېئاللىق!... مۇرات نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى؟... ھايات قارىغۇنىڭمۇ كۆزىنى ئاچار، دېگىنى بىكار ئەمەس ئىدى. زۇمرەت كىچىككىنە جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، دادىسىنىڭ تىل ـ تاياقلىرىدىن قورقماي، خالىق، مەتمۇسادەك يولۋاس، بۆرىلەر بىلەن ئېلىشتى... شۇنداق، ھېرىپ ـ چارچاپ ھالىدىن كەتكۈچە تىرىشتى. تىرماشتى، يىقىلدى، بىراق يىقىلغان يېرىدىن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ يەنە دەست تۇردى!... ئۇستىدە كۇرەك جۇۋا، بەللىرى ئارغامچىدا باغلانغان، چاچلىرى چاڭگا، يۈزلىرى مەينەت، قول بېغىشلىرى جاراھەت، پۇتلىرىدا زەنجىر سۆرۈلۈپ يۈرگەن شۇ ئەسەبىيلىكىدىمۇ ئۆز رەقىبلىرىنى قوغلاپ سۈر ـ توقاي قىلىپ، دىلىدىكى نەپرەتنى نامايىش قىلدى!... ئاھ خوتەن قىزى زۇمرەت!... سېنىڭ تومۇرلىرىڭدا ئەجدادىڭنىڭ قانلىرى بار!... يۈرىكىڭ ئۆز ئىسمىڭدەك پاك ھەم تازا!... قەلبىڭ خوتەن ئاسمىنىدەك سۈزۈك!... سەن ھاياتلىق قىيانلىرىدا كۆپ دىشۋارچىلىق تارتقانىدىڭ!... مانا ئەمدى بەخت قىرغاقلىرىغا ياماشتىڭ. قادىر ئاللاھ كېيىنكى بەختىڭنى ئۆزۈڭگە يار قىلغاي... ئىشلىرىڭ خەيرلىك بولسۇن!...

— نەفىسە، جىمىپلا كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى كامىل ئاي نۇرىدا تېخىمۇ لاتاپەتلىك بولۇپ كەتكەن قىزغا قايرىلىپ، — نېمە خىيال قىلىۋاتىسىز؟

— ئۆمۈرنىڭ يولى قاراڭغۇ، ئادەم دېگەننى بىر قىلىپتا ئۆتۈپ

كېتىدۇ دېيىشكە زادى بولمايدىكەن، — دېدى نەفىسە مۆگۈلنىپ، — زۇمرەت بىلەن مۇراتنىڭ ئازغىنا ياشلىقىدا بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقاي يوللىرىنى ئويلاۋاتىمەن، دۇنيادا ياشىماق ناھايىتى مۇشكۇل ئىكەن.

— شۇنداق، ئۇلارنىڭ ھاياتى مۇھەببەت ۋە نەپرەت مۇجەسسەملەنگەن جەڭگىۋار ھايات بولدى، — كامىل ئېغىر تىندى، — قايسىندۇر بىر مۇئەللىپ: «ئىنسانلار ئەقىل - ئىدراكىنى ھېسسىياتقا يەم قىلىپ يۈرمىسىلا، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنى مەڭگۇ داۋاملاشتۇرالايدۇ. . . » دېگەنىكەن.

— تەقدىر ئىلاھى نېمىشقا چاكىنا، قابىلىيەتسىز چۈپرەندىلەرگە كاتتا ئورۇن، چەكسىز ئىمتىياز، مەئىشەت ئىلتىپات قىلىپ، — دېدى نەفىسە بېشىنى چايقاپ، — تالانتلىق، پەزىلەتلىك، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنى بولسا خار - زارلىققا مۇپتىلا قىلىدىغاندۇر؟ . . .

— ئىنسانلار ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ باراۋەر، — دېدى كامىل ئېغىر تەلەپپۇزدا، — ئەخلاق - پەزىلەت ئىنسانلارنىڭ ياخشى - يامان ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرىدىغان مىزان. . . بۇ تۇپكى قانۇننى يامان ئادەملەر ئۆجۇقتۇرۇۋەتكەن. ئەسلىدە پەزىلەتلىكلەر ئەزىز، پەزىلەتسىزلەر خار بولۇشى كېرەك ئىدى. . . لېكىن، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ياخشىلىق جەۋلان قىلىدۇ. . .

نەفىسە كامىلنىڭ پەلسەپىۋىلىك پىكىرلىرىدىن رازىمەن بولغان بولسىمۇ، ھەق ۋە ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنىڭ شۇنچە چوڭقۇر ھەم تېرەن بولۇشىغا ئەقلى يەتمەيتتى. ھېكمەت ۋە گۈلزىبا ئەخلاق - پەزىلەتلىك ياشلاردىن ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغىمۇ ئىگە بولالمىسا، ئەقەللىسى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ تۇرۇقلۇق مۇرادىغا يېتەلمىسە، تۈرلۈك پىتنە - پاسات، تۆھمەتلەر ئارتىلىپ جازالانسا، ۋەيران بولۇپ دەرد - ھەسرەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانسا. . . بۇ ناھەقچىلىكنىڭ زادى چېكى بارمۇ؟ . . . نەفىسە بىلەن كامىل بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ، كۆڭۈل ئىزھار قىلىشتى. . . بىراق، بۇ پاك مۇھەببەتكە قارا قوللار ئۇزىتىلدى! . . . بۇ ئىككى تالىپ ۋە تالىپەلەرنىڭ

باشلىرىغا كېيىن يەنە قانداق مۇسىبەتلەر كېلەر؟ . . . بۇنى بىلىپ بولمايدۇ. . . ھەي قىسمەت، سېنىڭ يولۇڭ نېمانچە تار ھەم قاراڭغۇ! . . . ياخشىلارنىڭ يول تېپىپ مېڭىشى شۇنچىۋالامۇ مۇشكۈل! . . . ئاشۇ ئۈزىتىلغان ئىپلاس قوللارنىڭ ئۈزۈلۈپ چۈشىدىغان كۈنلىرىمۇ بولارمۇ؟ . . . ئۇلارنىڭ ئاچچىق - ئاچچىق ياش تۆكىدىغان تۈنلىرى كېلەرمۇ؟ . . .

— كامىل، — دېدى نەفىسە مۇڭلۇق ۋە مىسكىن ئاۋازدا، — گۈلزىبا بىلەن ھېكمەت پات ئارىدا بىر ئۆيگە كىرىۋالمىسا، گۈلزىباغا كېلىدىغان ئاقىۋەت بەكمۇ ئېغىر بولىدۇ. . .

— توغرا دېدىڭىز نەفىسە، — دېدى كامىل ئويغا پېتىپ، — مېنىڭمۇ پۈتۈن ئەس - خىيالىم شۇنىڭدا. ھازىر كېرىموفنىڭ ساختا توي خېتى ئېلىش ئىشىنى تەكشۈرۈۋاتقان بولۇشى كېرەك. ئېنىقلىنىپ بولغان ھامان دەرھال ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىمىز.

— قۇربان ھاكىم، ئىككىسىنىڭ نىكاھ قىلغانلىقىنى، گۈلزىبانىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەمدۇ؟

— مەن بارلىق جەرياننى تەپسىلىي ئېيتتىم. ھاكىم ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە ئېچىندى، ئۇ، كېرىموفنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولغان ھامان، توي خېتى ھەل قىلىپ بەرمەكچى.

— بەك ئوبدان بوپتۇغۇ؟ — نەفىسە خۇشاللىقىدا لەپپىدە كامىلغا قارىدىيۇ، كۆزىنى ئېلىپ قاچتى، — بىچارە گۈلزىبا ئاڭلىسا قانچىلىك خوش بولۇپ كېتەر؟ . . .

— شۇنداق، قۇربان ھاكىم باھاسىز گۆھەردەك ئادەم ئىكەن! . . .

— ھەممە ئەمەلدارلار قۇربان ھاكىمدەك بولسا، بىزنىڭ بۇ خوتەن مىسلى بىر جەننەت بولار ئىدى! . . .

— ئەلۋەتتە دۆلەتنىڭ خاراپ ياكى ئاۋات بولمىقى شاھقا باغلىق بولغىنىدەك، يۇرتنىڭمۇ گۈللىنىشى ياكى زەبۇن بولمىقى يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا باغلىق! . . . ئاۋامنىڭ ئاچ - توق ئۆتۈشى، كۆڭلىنىڭ خوش ياكى خامۇش بولۇشى، تۇرمۇشىنىڭ پاراۋان ياكى نامراتلىقتا ئۆتۈشىمۇ شۇلارنىڭ ھىممەت - ساخاۋىتىگە باغلىق.

— تۇۋا، بىر ئىشقا ھەيرانمەن، — نەفسە ياقىسىنى تۇتتى، — بوۋاي قەمبەرگە ياكى كەنتىمىزگە بولسۇن، تۇراپ ئىمىن، خالىقلار كېلىپ قالسا، بىچارە دېھقانلار كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي قالىدۇ، يۈرەكلىرى يوپۇرماقتەك تىترەپ، باشلىرىنى سىلىپ، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ «خوش» تىن باشقىغا تىلى كەلمەيدۇ... لېكىن، ۋاڭ لىمىڭ كېلىپ قالسا، چوڭلار ئەمەس، ئۇششاق باللارمۇ «ياما شۇجى» كەلدى، دەپ يۈگۈرۈشۈپ كېتىدۇ. ۋارقىرىشىدۇ، جارقىرىشىدۇ... چاقچاق - مىتەۋىلەرنى قىلىشىدۇ... كۆڭلىدىن چىقىرىپ كۈلۈشىدۇ...

— شۇنداق، ئۇ ئادەمدە ئەمەلدارلىق كىبىرى يوق، — دېدى كامىل، — زەڭ سالدىڭىزمۇ، قىش - ياز پۇتىدا پۇرمە چورۇق، تىزلىرىغىچە جاۋا ئورىغان، بېشىدا دېھقانلار تەلپىكى، يولدا تۆكۈلۈپ قالغان تېزەكلەرنى ئېتىزلارغا تاشلاپ مېڭىۋاتقان... نامرات دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئالدىغا كەلگىنىنى تاللىماي يەيدۇ، ئۇلار بىلەن ئېتىز - ئېرىقلاردا بىللە...

— بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىمىزغا، شۇنداق بولۇشىغا نېمە يېتىشمەيدىغاندۇر؟

— سەۋىيە ھەم پەزىلەت!...

كامىل بىلەن نەفسە قىزغىن پاراڭغا بېرىلىپ، ئامۇتلۇققا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇلار ئالدى تال بوستانلىق دەرۋازا ئالدىدا توختاشتى ۋە ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، ئۈن - تىنسىز بىر - بىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى. تال بوستاندىن چۈشكەن ئالا - كۆلەڭگىلەر قىزنىڭ تۇخۇمسىمان ئوماق يۈزىنى سۆيۈپ ئوينايتتى. ئۇنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس يۇمران قوش ئېڭىكى ھايادىن تىترەيتتى. قان تەپچىپ تۇرغان كىچىك لەۋلىرى چىڭ يۇمۇلغان بولۇپ، قېلىن كىرپىكلەر چۈمبەردىدەك يېپىۋالغان سىياھدەك قارا كۆزلىرى ئاپئاق توپلىيىنىڭ ئۇچىغا تىكىلگەنىدى. كامىل تۇخۇمدىن ئەمدىلا چىققان يۇمران چۆجىدەك قوش ئېڭەكنى ئاستا يۇقىرىغا كۆتۈردى ۋە قىزنىڭ چىرايلىق لەۋلىرىگە تەلمۈردى...

— كامىل ئۇنداق قىلماڭ... مەن... مەن... ئۆتۈنۈپ قالاي!...

— ماڭا رەھىم قىلىڭ!... — كامىل ھاياجان ئىزتىرابىدا تىترىدى، — ھېچكىم يوقمۇ!..

— يەدىكىنى، قارالغ، ئاي بىزگە قاراپ تۇرمامدۇ!...

كامىل تومۇرلىرىغا پاتماي چاپىنكەشلىك قىلىۋاتقان يىگىتلىك قانلىرىنىڭ زورىدا ھاياسىزلىق قىلىپ قويغانلىقىنى بىلدى - دە، دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئادەتتىكىدەك قىزنىڭ پېشانىسىگە لەۋلىرىنى بوشراق تەگكۈزدى...

— خوش...

— خوش كامىل... مەندىن رەنجىدىڭىزمۇ؟

— يوقسۇ... مەن ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن... ئەپۇ قىلىڭ!...

نەفىسەنىڭ نۇرانە كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە بەگباش ياش يۇزلىرىنى سۆيۈپ دومىلىدى. ئۇ ئايدىڭدا كېتىۋاتقان كامىلنى ياخشى تىلەك بىلەن ئۇزىتىپ قويدى - دە، دەرۋازىنىڭ ئارىلىقىغا قولىنى تىقىپ، زەنجىرنى بوشاتتى. بۇ چاغدا، كامىل خىيىلا ئۇزاپ، نەفىسە بىلەن داۋاملىق پاراڭلىشىدىغان ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئەمدىلا چوڭ يولغا قايرىلىۋىدى، خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا، ئۈچ - تۆت قارا كۆلەڭگە ئۇنىڭغا يېپىشتى. كامىل خەنجىرىنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ قوللىرىنى ئۈستىدىن قۇچاقلىۋالغانىدى.

— قويۇۋەت مېنى... سەنلەر نېمە قىلىشماقچى؟ — ۋارقىرىدى كامىل.

تۆت ئادەم كامىلنى باغلىۋالدى. ئەمما بەشىنچى ئادەم يېقىن كېلەلمەي، كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇراتتى. بۇ خالىقنىڭ لالمىسى تۇردى ھېكىم ئىدى. ئامۇتلۇقنىڭ بىر بوردا نېنىنىڭ قۇلى بولغان تۆت ئالا قانات مىنىبىگى كامىلنى سۆرەپ، يول چېتىدىكى ياغاققا ماتاپ باغلىدى. بۇ چاغدا، كامىل ئالدىدا تۇرغان دوزاق شوتىسىدەك ئېگىز بىرسىنىڭ ئالدىغا تىپىۋەتتى. ئۇنىڭ ۋايجان دەپ ۋارقىرىغان سەت، چىرقىراق ئاۋازى كېچىكى تۈننىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى.

— ئۇرە بۇ پاشۋاز ئەپەندىنى! نېمىگە قاراپ تۇرسەن؟..

تاياق، بەل تاسما، قاتلانغان ئارقانلار قارا - قويۇق چۇشۇشكە باشلىدى. كامىلنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇشقىمۇ ئامالى يوق ئىدى. ئۇ تۇردى ھېكىمنى تونىغان ھامانلا، بۇ خالىقنىڭ زەھەرلىك قول سېلىشى ئىكەن - دە! دەپ بىلدى. ئۆتكەندە، نەفىسە بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغاندىمۇ، ئۆستەڭ ياقىلاپ قاچقان ئادەمنىڭ يەنىلا تۇردى ھېكىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان كامىل غەزەپ ئاچچىقىدا تىللاشقا باشلىدى:

— ۋۇي مۇناپىق دالتەك... خالىقنىڭ كۇچۇكــى ... مەرد بولساڭ، يەكمۇ يەك چىقمامسەن؟... جېنىم تېنىمدە بولسا، مەن سېنىڭ قېنىڭنى ئىچىمەن، ئىچمەي قويمايمەن!...

— ۋارقىرا بۇزۇق ئەپەندى، — دېدى بايىقى تېپىپ يېگەن ئىگىز مىنبىــڭ، — ۋارقىرىغىنىــڭ بىلەنمۇ سېنى ھېچكىم قــۇتۇلدۇرالمايدۇ... توختىماي ئۇرۇڭلار!...

— سەنلەر بىلەن مېنىڭ ئاداۋىتىم بولمىسا، نېمىشقا ئۇرۇشىسەن؟...

— ئامــۇتلۇققا كەلگىنىڭنىــڭ ئــۆزى جىنايەت، — دېــدى ئىگىز مىنبىــڭ، — بىلەمسەن، نەفىسە دېگــەن ئامــۇتلۇقنىڭ قىزى، ســەن شەھەرلىك سولتەككە قانات سۆرەشنى كىم قويۇپتۇ؟... يەنە ئىككىنچى قەدەم ئالامسەن - يوق؟

— سەنلەر مېنى توسيالمايسەن... مەن ئەمدى كۇندە كېلىمەن!...

تارسىلداپ چۇشۇۋاتقان تاسما، ئارقانلار بىردەمدىلا كامىلنىڭ يۈز - پېشانىلىرىنى يېرىپ، ئۇنى قان بىلەن بوياۋەتتى. ئەمما تۇيۇقســـىز «قولۇڭنى تارت!» دېگەن زىل ۋە دەھشەتلىك ۋارقىرىغان ئاۋازدىن ھەممە چۆچۈپ قاراشتى. نەفىسە ئــۇچقاندەك كېلىپ، باغــلاقلىق كامىلنــى قۇچاقلىۋالدى. ئىگىز مىنبىڭ نەفىسەنىڭ دۇمبىسىگە تاسما بەلباغ بىلەن بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى.

— ئۆت دەيمەن ھەي بۇزۇق خوتۇن!... — ۋارقىرىدى ئىگىز مىنبىڭ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ۋۇي شەرمەندە، سەن ئامۇتلۇقنى بۇلغىماقچىمۇسەن؟...

— ئۇرە قېنى، ئۇرمامسەن؟ — نەفىسە شارتلا ئۆرۈلۈپ كامىلنى

توستى ۋە بىردىنلا ئېگىز مىنبىگىنى تونۇپ قالدى، — ھىم، سەن مەتنىياز قولتۇققۇ؟. . . ھەي ئوغرى، ئامۇتلۇقتا سېنىڭ قىلغان ئەسكىلىكىڭ ئازمۇ؟. . . «قولتۇق» دېگەن لەقىمىڭنىڭ ئۆزىلا پېشانەڭدىكى بىر تامغىغۇ. . . ئەمدى يولدا ئادەم توسۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلماقچى بولدۇڭمۇ؟. . .

مەتنىياز ئەسلىدە ئامۇتلۇق كەنتى بويىچە داڭلىق ئوغرى ئىدى. ئۇ نەچچە قېتىم كەنت بويىچە ئوتتۇرىغا ئېلىنىپ، بويىنغا ئات - ئۇلاغ جابدۇقلىرى، ئورغاق، غەلۋىر، كەتمەن دېگەندەك نەرسىلەر ئېسىلىپ سازايى قىلىنغانىدى. ئۇ قەيەردە ئىشلىمىسۇن، بىر نەرسىنى ئوغرىلىماي قويمايتتى. شۇڭا، ئەترەت باشلىقلىرى ئىشتىن چۈشكەندە، ئۇنى ئاختۇراتتى. خامان سورىسا، قولتۇقىدىن بۇغداي، مايلىق دان، گۈرۈچ؛ كېۋەزلىكتە ئىشلىسە، پاختا؛ ئېتىزدا ئەمگەك قىلسا، باش قوناق، چامغۇر، سەۋزىلەر چىقاتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا قولتۇق دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغانىدى.

— كىم بۇلاڭچىلىق قىپتۇ؟ — ۋارقىرىدى مەتنىياز قولتۇق، — ئەمىسە ناشايان قىلىقلارنى قىلىشساڭ، تۇتمىساق بولامدۇ؟ . . . ئامۇتلۇق پاسكىنا بولسا، دېھقانچىلىقتا بەركەت بولامدا؟. . . ئەزالىرىمىزنى دوملى باسمامدا؟ . . .

مەتنىياز قولتۇق نەفسەنى تارتماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىۋىدى تەتۈر تەستەكتىن بىرسى ئېڭىكىگە چاڭگىدە تەگدى. بۇنداق زەربىنى كۈتمىگەن بۇ ئوغرى ئارقىسىغا نەچچە قەدەم داجىپ كەتتى. نەفسەنىڭ نازۇك قولىنىڭ قانچىلىك ئېچىشىپ كەتكەنلىكى ئۆزىگە زادىلا بىلىنمىدى. مەتنىياز قولتۇق مۇشتىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋىدى، كامىل قاتتىق ۋارقىرىدى:

— قولۇڭنى تارت ئىپلاس!. . . قىز بالىنى ئۇرىدىغان قانداق ھەزىلەكسەن؟. . . ئەگەر بىر تاياق سالىدىغان بولساڭ، مەن سېنى بوغۇزلىۋېتىمەن. . . ئۇرساڭ مېنى ئۇر. . . قېچىڭ نەفسە!. . .

— ياق، قېنى ئۇرسۇن!. . .

— ھەي تۇردى دالتەك، يامان بولساڭ چىق بۇياققا! — كامىل چاتقال





ئارىسىغا مۆكۈۋالغان تۇردىغا ۋارقىرىدى، — قېنى ئادەملىرىڭگە ئۇرغۇزمامسەن؟...

— سەن... سەن... تو... تولا هارامزادىلىك قىلما، — تۇردى بىر قەدەم - بىر قەدەم ئالدىغا كەلدى، — خا... خالىق كاتىپ، سا... ساڭا تېتىيالامدا؟... خا... خا كاتىپ پا... پاچىقىنى چىقىۋېتىڭلار دېگەن... ئۇ... ئۇرۇڭلار...

مەتنىياز قولتۇق نەفسەنى قولىدىن سۈرەپ تارتتى. تۇردى بىر مىنبىگىنىڭ قولىدىكى تاسمىنى شارتلا تارتىۋېلىپ، يۈگۈرۈپ كەلدى، كامىل بىر بۇلجۇنىۋىدى، ئۇ دەرھاللا ئارقىغا چېكىندى - دە، — ئۇرۇشمامسەن! — دەپ مىنبىگىلارغا ۋارقىرىدى. بۇ ئەسنادا، لايقا گۆگشىسى تەرەپتىن ئېشەك هارۋىسى هەيدىگەن بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئېشىكىنى يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا توختىتىپ، جىدەل ئۈستىگە يۈگۈرۈپ كەلدى. بۇ ئېزىز تارمۇش ئىدى. ئۇ يىراقتىنلا نەفسە، كامىللارنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ قالغاچقىمۇ، كېلەر - كەلمەيلا، بىر مۇشت بىلەن مەتنىياز قولتۇقنى تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى. ئېزىز تارمۇشنى تونۇپ قالغان مەتنىياز ئورنىدىن قوپسىلا يەنە تاياق يەيدىغانلىقىنى بىلىپ، توپىدا لاللىيىپ ئولتۇراتتى.

— هەي سولامچى ئوغرى، كامىل مۇئەللىمنى نېمىشقا باغلىدىڭا؟

— ئامۇتلۇقتا پاھىشىۋازلىق قىپتىكەن بۇ ئىككىسى، — دېدى مەتنىياز قولتۇق كاسىسىغا ئۇرۇپلا، — تۇتۇۋالدۇق.

— يالغان! — نەفسە نومۇسقا چىدىماي يىغلىۋەتتى، — بىز شەھەرگە كىرىپ، زۇمرەتنى يوقلاپ چىققاندۇق، كەچ بولۇپ كېتىپ، كامىل مېنى ئۆيۈمگە ئەكىلىپ قويغان...

— هەي ئەركەك تۆكى يوق موتمۇت، — دېدى ئېزىز كامىلنى يېشىۋېتىپ، — سېنى كىم بىلمەيدۇ؟... سەن هەممىدە بار ئادەمسەن... بۇلتۇر دەريا قۇرۇلۇشىدا خەقلەر بىلەن خوتۇن ئالماشتۇرۇپ بىر رەسۋا بولدۇڭ، يالغان دەپ باقە قېنى؟... داۋاملىق ئاشنا ئوينايسەن... كېچۈەزلىكتە، بولجالىقتا، ئېلەكتە بولۇپ قانچە قېتىم تۇتۇلۇپ قالدىڭا؟... هەممە

كىشىنى ئۆزۈڭگە، بۇزۇق خوتۇنۇڭغا ئوخشىتىدىغان ئوخشىمامسەن؟

— سەن...

— كىلە ئەمسە... مېنىمۇ باغلا...

ئېزىزنىڭ ھۆردەك قاپاقلىرىغا، بازغاندەك مۇشتۇملىرىغا قاراپ، مەتنىياز قولتۇقنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى...

— مەن ساڭا دەپ قوياي قولتۇق، — دېدى ئېزىز كامىلنىڭ پۇتلىرىنى يېشىۋېتىپ، — نەفىسە خانىم، كامىل مۇئەللىم ماڭا بەش قولدەك ئايان... سەن ئۇلارغا قانچە لاي ئاتقىنىڭ بىلەن پوكۇلداپ چۇشۇپ، ئۆزۈڭنىڭ يۈزىگە چاپلىشىدۇ.

— خەپ بۇ... بۇ... دېگەن خا... خالىق كاتىپنىڭ، — تۇردى دالتەك ئېزىزغا قورقاق سالماقچى بولدى، — بۇ ... بۇيرۇقى ...

— ۋوي، سېنىڭ شۇ خالىقىڭنىڭ كۆتىگە قايناق سۇ...

كامىل بوشىنىشى بىلەن، خەنجىرنى سۇغىرىۋالدى ـ دە، مەتنىياز قولتۇقنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. ئايدىڭدا يالىلداپ تۇرغان خەنجەر بىسىنى كۆرگەن قولتۇق غال ـ غال تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىشتان بېغىمۇ بوشاپ كەتتى.

— بولدى قىلسىلا مۇئەللىم، — دېدى ئېزىز تارمۇش، — پوقىقا چالما ئاتساڭ، يۈزۈڭگە چاچرايدۇ، دېگەن گەپ بار...

— بىردەم سەۋرى قىل ئېزىز! — دېدى كامىل مەتنىيازنىڭ ياقىسىدىن چىڭ بوغۇپ، — خالىققا سېنىڭ بۇرنۇڭنى تاپشۇرايمۇ ياكى قۇلىقىڭنىمۇ؟

— بۇ... بۇ... ئاھ، خۇدا! — مەتنىياز دەرھال بۇرنى بىلەن قۇلىقىنى تۇتۇۋالدى، — بىلمەيتىمەن... ئەمدى... تۇردى مۇئەللىمنىڭ كەينىگە كىرىپ... پو... پوق يەپ سايتىمەن...

— مېنىڭما؟...

تۇردى ھېكىم ئارقىغا داجىدى، بىراق ئارقىسىدىكى ئېزىز تارمۇشنى كۆرۈپ، ئورنىدا قىمىرلىيالماي قالدى. كامىل مەتنىياز قولتۇقنىڭ يەكتىكىنىڭ بىر پېشىنى شارتلا قىلىپ كېسىپ تاشلىدى ـ دە، تۇردىنىڭ

قولىدىن كاپلا قىلىپ تۇتتى.

— تۇردى، خوجايىنىڭغا دەپ قوي، ئەللامەدە كۆرسەم، بوۋاي قەمبەردە ئۇچراتسام، ئامۇتلۇققا كەلسە، قىسقىسى خالىي جايدا ئۇچراپ قالسا، مانا مۇشۇ خەنجەردە بوغۇزلايمەن...

— خا... خالىق كاتىپنىما؟ — تۇردىنىڭ چىمچىقلاپ تۇرغان كۆزلىرى خەنجەر بېشىغا تىكىلىپ قالغانىدى.

— ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى، مېنىڭچە، سېنىڭ قۇلىقىڭ ناھايىتى يۇمشاق، خالىقنىڭ گېپىنى بەك ئاڭلايسەن، — دېدى كامىل ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي، — بۇرنۇڭ بولسا تېخىمۇ سەزگۈر، مەن نەدە بولسام ھىدلاپ تاپىسەن. شۇڭا، مەن ھەر ئىككىلىسىنى كېسىۋېتەيمىكىن دەيمەن...

— يا... ياق، كامىل مۇئەللىم، ئۇنداق قىلمىسىلا... مەن سىلىگە ئۇنداق قىلمىسىلا دەۋاتىمەن... بۇرنۇم بىلەن قۇلىقىمنى كېسىۋەتسىلە، ئېيتماق بولۇپ قالىمەن، — تۇردى ئارقىغا داجىپ ئۆزىنى قاچۇردى.

— قاچما دالتەك... بىردەم جىم تۇرۇپ بەرسەڭ، تۈيمايلا قالىسەن، خەنجەر بەك ئىتتىك... ناھايىتى چىملا قىلىپ قالىدۇ... — كامىل خەنجەرنى كۆتۈردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن باشقا مىنبېگلار ئارقان، تاسمىلىرىنى تاشلاپ، بەدەر تىكىۋەتتى. تۈكلۈك قورساقلىرى ئېچىلىپ قالغان مەتنىياز قولتۇقمۇ بىر پېشى يوق يەكتىكىنى پۇلاڭلىتىپ قېچىپ كەتتى. ئېزىز تارمۇش تاماشا كۆرۈپ جىم تۇراتتى. بۇ قىزىق كومېدىيىلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەن نەفسە بايىقى قورقۇنچلۇق پاجىئەنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— ۋاي، ئۇنداق قىلمىسىلا مۇئەللىم... جۇگۇ، جۇگۇ دەپ كېتەي...

تۇردى ھېكىم دوڭغايغىنچە بېشىنى قاچۇردى. ئەمما خەنجەر بارغانسېرى يېقىنلاپ، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە توختىدى. ئۇ: «ۋاي ئانام...» دېگىنىچە، ئۆزىنى گۈپلا تاشلىۋېتىۋىدى، قولى سۇغۇرۇلۇپ كېتىپ، كامىلنىڭ قولىدا كۆڭلىكىنىڭ يېڭىلا قالدى. كامىل يەڭنى شارتلا قىلىپ

قولتۇقىدىنلا كېسىپ تاشلىدى. تۆردى ھېكىم خۇددى پېيىنى بوغمىغان چاڭچى تەخەيدەك نەچچە ئون قەدەم يەرگىچە تۆت پۇتلاپ شۇنداق تېز يۈگۈردىكى، ئۇنىڭغا يەتمەكمۇ تەس ئىدى. ئۇ يىقىلا - پۇتلىشا، «ۋايجان، ۋايەي» دەپ تۇۋلاپ، پەسكە يۇمۇلغان پومزەكتەك كېتىپ باراتتى. ئېزىز تارمۇش، نەفسەلەر قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىشتى.

— مۇئەللىم، بۇلارنى راسا بابلىدىلا، — دېدى ئېزىز يەردە ياتقان يەكتەك پېشى، كۆڭلەك يەڭلىرىگە قاراپ...

— بۇنى مەن قەستەن قىلدىم. ماڭا چېقىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى خالىق بىلىپ قويسۇن... بۇ دالتەك ناھايىتى يارامىلىق تەشۋىقاتچى...

— مەن دەسلەپتە يىراقتىن نەفسە خانىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈمگە يەتمىگەن ئىشلار يېتىپ كەتتى، — دېدى ئېزىز تارمۇش، — قارىسام ئۆزلىرى باغلاقلىق تۇرىدىلا.

— رەھمەت ساڭا، بۇ كېچىدە نەدىن كېلىشىڭ؟

— ئۆتكەن بازار كۈنى لايىقلىق بىر دېھقاننىڭ ئاشلىقىنى ئالغان، كۈندۈزدە يۆتكىيەلمەي، بۈگۈن كېچە ئېلىپ مېڭىشىم...

— ھارۋاڭدا ئاشلىقىڭمۇ بار ئىكەن، سەن كېتىۋەر. مەن نەفسەنى ئۆيىگە ئەكىرىۋېتىپ، بۇ تار يول بىلەن ئەللامەگە كېتىمەن، — دېدى كامىل چوڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چىغىر يولنى كۆرسىتىپ:

ئېزىز تارمۇش كەتكەندىن كېيىن، كامىل ئۆستەڭدە يۈزلىرىنى يۇيدى. نەفسە ئۇنىڭ يېرىلغان پېشانىسىنى قول ياغلىقتا تاڭدى، ئاندىن ئىشەك ئالدىغا كېلىشتى. قورقۇپ كەتكەن نەفسە ئۇنىڭ قونۇپ قېلىشىنى ئېيتقانىدى، كامىل كېچىدە ئاۋارە قىلىشنى خالىمىدى.

— مەن ئەتە گۇڭشېغا كىرىمەن، — كامىلنىڭ ئاچچىقى يانمىغانىدى، — قېنى خالىق بىلەن بىر تۇتۇشۇپ باقاي... ئۇ مەلئۇن نېمە دەيدىكىن؟...

— مەن ۋاڭ شۇجى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي دەيمەن، — دېدى نەفسە.

— بولىدۇ. ئەتە يەكشەنبە، ئۇلار ئىشخانىسىدا يوق، ئۆدۈللا ئۆيىگە كىرەيلى...

كامىل نەفسە بىلەن خوشلىشىپ چوڭ يولغا چىقتى. ئۇ ھېلىلا

غەليان كۆتۈرۈلگەن سورۇنغا بىر قۇر قارىدى ـ دە، سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ، يولىغا ماڭدى. لېكىن نېمىدۇر كۆڭلىگە كەلدى بولغاي، دەرھال ئارقىسىغا قايتىپ، كۆڭلەك يېڭى، ئارغامچا، تاسمىلارنى يىغىپ، يەكتەك پېشىگە ئوراپ باغلىدى ـ دە، يولىغا راۋان بولدى. كامىل ئەللامەگە كېتىدىغان تار تـوپىلىق يـولغا قايـرىلىپ كېتىۋېتىپ: «خەپ! تـۇردى دالتەك، سېنىڭ بىلەن ھېساب ـ كىتابىمىز تېخى تۈگىمىدى. . .» دەپ پىچىرلاۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، تۇردى ھېكىم خالىقنىڭ قاپارتما نەقىشلىق ..رۋازىسىنىڭ ھالقىسىنى توختىماي شاراقلىتىۋاتاتتى. بىـــر چاغدىلا، هويلىدىن خالىقنىڭ «كىمۇ؟» دېگەن ئۇيقۇلۇق ئاۋازى كەلدى ۋە «مەن!» دېگەن تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئىشىكنى ئاچتى. خالىق بىر يەڭلىك كۆڭلەك كىيىۋالغان تۇردىنىڭ قورقۇشتىن كاسىلداۋاتقان ئېڭەكلىرىگە قارىدى. ئۇ كۆرگەنلىرىگە ئىشەنمىدى بولغاي، ئۇيقۇدىن ئىششىپ قالغان قاپاقلىرىنى تەستە ئېچىپ، چەكچەيدى. دەرۋەقە راست ئىدى. تۇردى ھېكىم بىر يېڭى يوق غەلىتىلا كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. گەرچە كېچە تىنجىق ئىسسىق بولسىمۇ، ئۇ ئېڭەك ـ ئېڭەكلىرىگە تەگمەي كاسىلدايتتى، قارىمـۇتۇق چــرايى قانداقتۇر ئەنســزلىكتىنمۇ ياكــى ئاينىڭ ســوغۇق نـۇرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئاقــرىپ، كـ(ۈل رەڭ تۇسكە كــرىپ قالغانىدى. يەڭسىز، كۆسەيدەك قارا بىلەكلىرىنى قامالىنىۋالغان يەڭلىك قولـــى تىترەيتتى. . . ئۇنىڭ پاناھلىق تىلىگەن دىۋانىدەك، ئېڭىكىنى ئۇچلاپ، كۆزلىرىنى مۆلىلدىتىپ قاراپ تۇرۇشى خۇددى خوجايىنىنىڭ قولىدىكى نانغا تەلمۈرۈپ تۇرغان پىستە كۈچۈككە ئوخشايتتى. . . خالىقنىڭ يالىڭاچلا يېپىنچاقلىۋالغان چاپىنى چۈشۈپ كەتتى.

— ۋۇي. . . سا. . . ساڭا نېمە بولدى؟ — خالىق ئۆزىمۇ مەڭدەپ قالدى، — كۆڭلىكىڭنىڭ بىر يېڭى قېنى؟. . .

— ۋاي. . . خالىق كاتىپ سورىمىسلا. . . ھۆ. . . ھۆ. . . — تۇردى بىر قىسمىلا يىغلاپ سالدى، — تاس ـ تاماس قالدىم قۇلاق ـ بۇرنۇمدىن ئايرىلىپ قالغىلى! . . . ۋايەي. . . ۋاي توۋا. . . ئىسىت خۇدايىم. . .

— جۇر، جۇر، ئۆيگە كىرەيلى، ئانام بىلەن دادام ئويغىنىپ كەتمىسۇن.

تۇردى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ بىر هازا ئەسلىگە كېلەلمىدى. ئۇ بىر چىنە يىلمان قايناق سۇنى غۇرتىلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، سەل پەسكارىغا چۈشتى ۋە ئامۇتلۇقتا بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي سۆزلىدى. ھەتتا ئۇ ئېزىز تارمۇشنىڭ «ۋۇي سېنىڭ خالىقىڭنىڭ كۆتىگە قايناق سۇ. . .» دېگەن سۆزىنىمۇ قالدۇرمىدى. غەزەپلەنگەن خالىقنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ كەتتى.

— مېنى شۇنداق دېدىما؟ — سورىدى خالىق.

— ھەئە، كۆتلىرىگە قايناق سۇ قۇيىمەن دەيدۇ. . .

— مەتنىياز قولتۇقمۇ قاچتىما؟ . . .

— قۇلىقى بىلەن بۇرنىنىڭ ئامان قالغىنىغا خوش بولۇپ، بىر پېشىنى لەپەڭشىتىپ شۇنداق قاچتىكى، ئۇنىڭغا قويۇنتازمۇ يېتەلمەس! . . . ئەگەر يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشكەن بولسا، چوقۇم بىرىنچىلىكنى ئالغان بولاتتى! . . .

— باشقا مىنبىڭلارچۇ؟ . . .

— ئۇلار بەش كۈن بۇرۇنلا تىكىۋەتتى. . . ئۇ قېچىشىدا ئۇلارنى سىلىنىڭ چىلان تورۇقمۇ قوغلاپ يېتەلمىگەن بولاتتى. . .

— يەنچۇ؟

— كامىل ئۇ. . . ئۇ. . . — تۇردىنىڭ تىلى تۇتۇلدى.

— ھە، دېمەمسەن؟ ، تىلىڭنى چاينىماي. . .

— ئۇ سېلىنى «ئەللامەدە، بوۋاي قەمبەردە، ئامۇتلۇقتا. . . ئىش قىلىپ خالىي جايدا ئۇچراتسالا بوغۇزلىۋېتىمەن. . . يوشۇرۇنۇپ ماراپ تۇرۇپ ئۆلتۈرىمەن» دەپ، قەسەم ئىچكەندەك خەنجىرىنى ئېگىز كۆتۈردى.

— مېنى ئۆلتۈرمەكچىمىكەن؟ . . . ھېھى. . . ئۇخلاپ چۈشى. . .

— ھەي. . . خالىق كاتىپ، ئۆزلىرى ھېزى بولسىلا. . . پەيلى بەك يامان. . .

— سەنمۇ ئاغزىڭنى يىلىمدە يەملەپ قويمىغاندىن كېيىن، ئۆتكۈدەك گەپ قىلساڭ بولمامدۇ؟...

— گەپ قىلمامدىغان، — دېدى تۇردى كۆزلىرىنى مىتىلدىتىپ، — مەن: «تولا هارامزادىلىك قىلما، خالىق كاتىپ ساڭا تېتىيالمامدا؟...» دەپتىم، قورققاندەك بولدى.

— هە، يەنىچۇ؟

ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويغان بۇ دېۋەڭنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كەلگەن خالىق ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان ئوغىنى تەستە بېسىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. بۇ غەزەپنى كۆرگەن تۇردى هېكىم «گېپىم ياققان چېغى» دەپ چۇشەندى ـ دە، تېخىمۇ چوڭىنى چىقاردى.

— «خالىق كاتىپ پاچىقىنى چېقىۋېتىڭلار» دېگەن دەپتىم، ئۇلار...

— هە نېمە دېدى... دېمەمسەن؟...

— ئۇلار... خالىقنىڭ كۆتىگە... دېدى شۇ...

تۇيۇقسىز تەگكەن بىر كاچات تۇردى هېكىمنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. ئۇ ئارقىسىدىكى تامغا يۆلىنىپ قېلىپ، پۈتۈن جاهان قىپقىزىل كۆرۈنۈۋاتقان كۆزىنى تۇتتى ۋە گەز باغلاپ كەتكەن قاپقارا كالپۇكلىرىنى ئۇمچەيتىپ يىغلىۋەتتى.

— هەي لەتغۇ تەلۋە، پەپىلىقۇش دېۋەڭ، — خالىق بېگىز قولىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا تىرىدى، — ئۆزۈڭنى ئاشكارىلاشتىن سىرت، مېنىڭمۇ ئىسمىمنى چىقىرىپسىنا؟... مەن ساڭا «مىنبەڭلار كەتتنى قوغداۋېتىپ تۇتۇۋالغان بولسۇن، ئۆزۈڭ يوشۇرۇنۇۋال» دېمىگەنمىدىم؟ مانا ئەمدى ئىشنى بۇزۇپسەنغۇ؟...

— ئارقىمىزدا سىلىنىڭ بارلىقلىرىنى ئۇقسا، قورقامدىكى دەپتىمەن...

— ئارقىمىزدا؟...

خالىق ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇ تۇردى هېكىمنىڭ ياقىسىدىن بوغدى ـ دە، ئۇنى دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە ئېلىپ چىقىپ، كوچىغا تاشلىۋەتتى.

— ۋۇي زۇۋانسىز گاچا، ئەسكى جۇۋىنىڭ پىتى، قوتۇر ئىت، چوشقا

... كۆچۈكى.

خالىق ئۆيگە كىرىپ دەرھاللا تاماكا ئورىدى. پۇرلىشىپ كەتكەن يوتقان ئۈستىدىلا ئولتۇرۇپ، ئېغىر ھاسىرىدى. ئۇنىڭ غەزەپ - ئاچچىقتىن چارچاپ كەتكەن نېرۋىلىرى ھېچنېمىگە ئېشلىمەيتتى. نېمىگە شۇنچە بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئېسىگە ئالالمايتتى. ئۇ ئىككىنچى قېتىملىق تاماكىسىنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىنلا، ئۆزىنى سەل بېسىۋالدى. خالىقنىڭ يېقىندىن بېرى كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىدى. زەيىندىن «كېرىموفنىڭ ساختا توي خېتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدىن تەكشۈرۈلۈپ، ئەنزىلەر قايتىدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىكەن» دېگەن خەۋەرنى كۆتۈرۈپ كەلگەندىن بېرى، ئۇنىڭ كەيپى ئۇچۇپ يۈرەتتى، بولۇپمۇ بۇ ئىشقا قۇربان ھاكىمنىڭ قول سېلىشى خالىقنىڭ ئىشتىيىنى بوغۇپ، ئۇيقۇسىنى قاچۇرغانىدى، ھەتتا قولى ئىشقا بارماس، تېرىككەك، سەپرا مىجەز بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئەنزىسى قايتىدىن تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپلا قالسا، ئالتە ئاي يازدىن بېرى تەرگەن تېرىقى چېچىلىپ، بىر كۆشۈككە يارىماس بولۇپ قالاتتى. ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمەيتتى. قۇربان ھاكىم خالىقنى ھەرگىز بوش قويمايتتى. ئۇ مۇشۇنداق دەككە - دۈككىدە يۈرگىنىدە، زەيىندىن قۇربان ھاكىمنىڭ خېتىنى كۆرسىتىپ: «زۇمرەتنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەپتۇ... ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن مۇراتقا رۇخسەت قىلدىم...» دەپ كەلدى. خۇددى كونىلار «ئىشتانغا چىققان، كۆڭلىگە تايىن» دېگىنىدەك، خالىقنىڭ زۇمرەتكە سالغان زۇلۇملىرى ئۆزىگە ئايان ئىدى. بۇ ئادەتتىكى سەۋەنلىك، ئۇقۇشماسلىق، خىزمەتتىكى خاتالىق بولماي، بەلكى پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلگەن سۈيىقەستلىك جىنايەت بولۇپ ھېسابلىناتتى. چۈنكى، خالىق شەخسىي غەرەز تۈپەيلىدىن، ئۆچ ئېلىپ، ياقۇپنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىگە، زۇمرەتنىڭ ساراڭ بولۇشىغا سەۋەب بولغانىدى.

خالىق مۇزدەك تامغا يۆلەندى - دە، تۈتۈننى تورۇسقا قارىتىپ ھالقا - ھالقا قىلىپ چىقاردى ۋە ئارقىدىن بىرلا پۈدەپ ھەممىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇ

قىشتا بوز يەر مەيدانىنى تەكشۈرۈپ كىرگەن چېغىدىكى ۋەقەنى ئەسلىمەكتە ئىدى... چىگىش ھەم پاخپاق چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، يۈزلىرىنى بېسىۋالغان، مەينەتلىكىدىن چوڭ كۆزلىرىنىڭ ئىپىلا پارقىراپ تۇرغان، يىرتىق كۆرەك جۇۋىسىنى كولا ئاغامچىدا باغلىغان، يالاڭئاياق زۇمرەت بىر پۇتىغا چىتىلغان زەنجىرنى باش ئۈستىدە پىقىرىتىپ يۈگرەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ خالىقنىڭ ئىتىنىڭ چۇلۇۋۇرىغا ئېسىلىپ، ئۇنى ئاتتىن يىقىتتى... ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى ئاستىغا باستى - دە، يۈزىگە قامال سالدى...

... خالىق چۆچۈپ ئويغانغاندەك كۆزىنى يوغان ئاچتى ۋە بېشىنى سىلكىدى. توۋا، ئەسەبىيلىكىدە رەقىبىنى تونۇۋالغان بۇ قىز ئەگەر ساقىيىپ قالسا، نېمە بالالارنى تېرىۋېتەر؟... ئۇنىڭ دىلىدىكى ئۆچمەنلىك تاشقا موھۇر باسقاندەك بولۇپ كەتتى - دە!... ئەگەر، شۇ چاغدا، ئېزىز تارمۇش قۇتقۇزۇپ قالمىغان بولسا، مۇرات دېگەن تەلۋە يەرنى خالىقنىڭ قېنى بىلەن بويىغان بولاتتى...

خالىق «ئۇھ» دەپ ناھايىتى ئېغىر تىندى - دە، يەنە تاماكا ئورىدى. ئۇ مۇشۇنداق ئىسكەنجىدە قالغان بىر پەيتتە، ماۋۇ تۇردى ھېكىم دېگەن دەلتىنىڭ ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك بۈگۈنكى ئىشنى خالىقنىڭ شىللىسىگە ئارتىپ قويۇپ كەلگىنىنى كۆرمەمدىغان؟... ئەسلىدە، كەچكە يېقىن، تۇردى ھېكىم كامىل بىلەن نەفسەنىڭ بىرلىكتە شەھەرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ كەلگەنىدى. خالىق دەرھاللا ئامۇتلۇقنىڭ شۇجىسى ھەسەن تازغا ئىككىلىك خەت يېزىپ بېرىپ: «بۈگۈن كېچە پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇڭلار!» دېگەنىدى. بۇ ئارقىلىق كامىلنى رەسۋا قىلىپ، ئۇنى ئامۇتلۇقتا ئىككىنچىلەپ قەدەم ئالالماس قىلىۋەتمەكچى ئىدى. لېكىن، دېۋەڭ دالتەك «ئارقامدا كاتتا ھىماتىم بار» دەپ يوغانلىق قىلىپ، خالىقنى سېتىۋەتكەنىدى. بۇ ئىشنى كامىل، نەفىسەلەر ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى قۇربان ھاكىمغا ياكى ۋاڭ شۇجىغا دېيىشى تۇرغانلا گەپ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، زادى قانداق قىلغۇلۇق؟...

ئىش خالىقنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك بولدى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا كامىل

بىلەن نەفىسە ۋاڭ لىمىڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. گۇڭشې كادىرلىرىنىڭ كوچىسىغا سېلىنغان بۇ ئىككى قاتار قورۇلار خۇددى بىر قېلىپتىن چىققاندەك ئوخشاشلا ئىدى، ئۆيلىرى يورۇق ھەم ئازادە بولۇپ، كۆك سىرلانغان دۇمباق ئىشىكلىرى سالاسۇنلۇق پېشايۋانغا قاراپ تۇراتتى. ھويلا سەيناسىدىكى تال بوستان پېشايۋان لاپسىغا تۇتىشىپ كەتكەنىدى. تال بوستانلىقنىڭ ئارقىسى قىزىل سىرلىق رېشاتكا بىلەن ئىهاتە قىلىنغان چاققانغىنە باغ ئىدى. ۋاڭ لىمىڭ مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ ئارىسىغا ھەرخىل كۆكتاتلارنى تېرىۋەتكەنىدى. ئۇ كامىل بىلەن نەفىسەنى ناھايىتى قىزغىن كۇتۇۋالدى، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كىچىككىنە خانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ ئايالى قىرىق ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، قاپقارا چاچلىرى دولىسىنى يېپىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىدەك كۆك شىپىڭ دۇخاۋا كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ھەرىكەتلىرى چاققان، ئاق پىشماق يۈزىدىن كۈلۈمسىرەش كەتمەيدىغان بۇ ئايال بىردەمدىلا چاي دەملەپ ئېلىپ كىردى.

— چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ ساپ خوتەن شىۋىسىدە، — مەن باغدىن ئۇرۇك ئەپكىرەي.

— بولدى كايىماڭ، — دېدى نەفىسە ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىز ھازىرلا تۇرىمىز.

— ۋايەي، كايىيدىغان ئىش يوق. . . بىرلا ئېغىتسام توكۇرلاپ چۈشىدۇ.

ئايال چىقىپ كەتتى. ۋاڭ لىمىڭ نەفىسەنىڭ سۇلغۇن چىرايىغا، كامىلنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى ئىششىپ كۆكىرىپ قالغان يۈزلىرىگە سەپسېلىپ قارىدى - دە، ئۇلارنىڭ ئەھۋال ئېيتقىلى كەلگەنلىكىنى پەملىدى. ئۇ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا كۆرۈلگەن چارىنى «سەل ئېغىر بولۇپ كېتىپتۇ» دەپ، ئۆز ۋاقتىدىلا خەيرىخاھلىق قىلغان بولسىمۇ، ناھىيىلىك دائىمىي ھەيئەت كومىتېتىنىڭ قارارىغا قارىتا بىر نېمە دېيەلمىگەنىدى. چۈنكى، شيۇجېڭجۇيىغا قارشى ھەرىكەت مەزگىلى بولغاچقا، ۋەزىيەت ناھايىتى زىل ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ياكى ئۇنداق ياكى

مۇنداق سولچىلىق خاتالىقىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى.

— كامىل مۇئەللىم، پېشانىڭىزگە نېمە بولدى، تېڭىۋاپسىزغۇ؟ — دېدى ۋاڭ لىمىڭ، — بىرەر جاراھەت چىقىپ قالدىمۇ — يە؟

— يوقسۇ ۋاڭ شۇجى، — كامىلنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — ئۆزلىرى ئوتتۇز نەچچە مىڭ نوپۇسنىڭ ئاتىسى، ئاڭلاشنى خالاملا ياكى خالىماملا بىلمىدۇق. . . بىز خالىق ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كىردۇق.

— خالىق كاتىپنىڭ ئۈستىدىن؟ . . . قېنى سۆزلەڭلار. . .

كامىل نەفىسەگە قاراپ قويدى. سەل ھودۇقۇپ تۇرغان بۇ نومۇسلۇق قىز گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي، بىردەم تۇرۇپ قالدى.

— قېنى تارتىنماڭ نەفىسە خانىم، سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى ۋاڭ لىمىڭ كۈلۈپ قويۇپ.

نەفىسە دەسلەپتە تەمتىرەپ قالغان بولسىمۇ، كېيىن بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ سۆزلىدى. ئۇ «خالىقنىڭ ياردەم قىلىش نىقابى ئاستىدا ياقۇپنى قانداق قولغا كىرگۈزۈۋالغانلىقى، زۇمرەتنى نېمە ئۈچۈن پوچتىخانىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى» دىن باشلاپ رەزىل مەقسىتى ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن، زۇمرەتنى مەتمۇساغا سىرتىدىن سېتىۋەتكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنى بوز يەرگە سۈرگۈن قىلىپ، بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىنى بايان قىلدى. نەفىسە ئۆز ئىشىغا كەلگەندە، نومۇس كۈچىدىن بىر ھازا جىمىپ كېتىپ، كامىل بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېپىقراق سۆزلىدى. بىراق خالىقنىڭ ھوقۇق، مەنسىپىدىن پايدىلىنىپ قىلىۋاتقان رەزىللىكلىرىنى دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن پاش قىلدى. ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشام ئامۇتلۇقتا يۈز بەرگەن ۋەقەنى سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ سالدى. ۋاڭ لىمىڭ خاتىرىسىنى ئېلىپ، مۇھىم دەپ قارىغان تەرەپلەرنى يېزىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئايالى بىر تەخسە جانانە ئۆرۈكنى ئۈستەلگە قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— مانا كۆرۈڭ، — دېدى كامىل سومكىسىدىن ئارقان، تاسما، يەكتەك پېشىنى، كۆڭلەك يەڭلىرىنى ئېلىپ، — بۇ ئۇلارنىڭ نەرسىلىرى. . .

ۋاڭ لىمىڭ يەكتەك پېشى بىلەن كۆڭلەك يېڭىنىڭ كېسىلىش جەريانىنى نەفىسەدىن ئاڭلاپ، نە كۇلۇشنى، نە ئاچچىقلاشنى بىلمەي قالدى. ئۇ كامىلنىڭ ئىرادە ۋە غۇرۇر مۇجەسسەملەنگەن چىرايىغا قاراپ، ئىچىدە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى. بىراق، خالىقنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمىگەن بىر قىزنىڭ پېيىغا چۈشۈپ قىلىۋاتقان ھەرخىل رەزىللىكلىرى ئۇنى قاتتىق غەزەپكە سالدى. 60 - يىللارنىڭ بىر ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيسىنىڭ تۇرمۇشتىكى مۇھەببەت، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈش، بىر - بىرىنى سۆيۈشتەك كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىكنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆتمۈشتىكى فېئودالىزم قائىدە - يوسۇنلىرىغا چىرمىلىپ قېلىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش ئىدى. بۇنداق ئەلچى كىرگۈزۈش، قايتا - قايتا بېسىم ئىشلىتىش، ئاتا - ئانىنىڭ زورى بىلەن بىر - بىرىنى كۆرمىگەن، ئۆزئارا چۈشىنىشمىگەن قىز - يىگىتلەرنىڭ توي قىلىشى شەھەر - يېزىلاردا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئىدى، بىراق، خالىقتەك ئالىي مەكتەپ يۈزىنى كۆرگەن، بىلىملىك بىر زىيالىينىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمىگەن، يىگىتى بار بىر قىزنى مەجبۇرىي قولغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇشى ھەرقانداق كىشىنى ئويغا سالاتتى.

— ئويلاپ كۆرۈڭ ۋاڭ شۇجى، — دېدى نەفىسە قول ياغلىقىدا كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، — زۇمرەتنىڭ ھازىر ئەقلىي - ھوشى جايىدا ئەمەس، جۇڭچاڭنىڭ پېشقەدەم بوغالتىرى خارلىق - زارلىقتا ئۆلدى... ئەمدى بولسا، زەھەرلىك قولىنى ماڭا سوزۇۋاتىدۇ...

— مەن خالىقنىڭ تۇرمۇش ئىستىلى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىگە تەنقىد بېرىپ تۇرغان بولسامۇ، — دېدى ۋاڭ لىمىڭ قەلىمىنى قويۇپ، — بۇنچىلىك دەرىجىدە ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن. سىلەر بۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي ماتېرىيال يېزىپ ئەكىرسەڭلار. مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرىمەن ياكى ئۇنىڭ مەسىلىسىنى پارتىيە تۇرمۇش يىغىنىدا ھەل قىلىمىز.

— ۋاڭ شۇجى، بىز سىزگە ئىشىنىمىز، — دېدى كامىل قاتتىقراق تەلەپپۇزدا، — ئەگەر خالىق بۇنىڭدىن كېيىن نەفىسەگە زورلۇق

ئىشلىتىدىكەن، كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتكە ئۆزى ئىگە بولىدۇ... مەن بۇنى ئالدىن ئەسكەرتكىنىمنىڭ تېگىگە يەتسىڭىز كېرەك...

— چۈشىنىمەن، خاتىرجەم بولۇڭلار... مەن بۇنى ياخشى ھەل قىلىشقا تىرىشىمەن...

كامىل بايىقى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ سومكىسىغا سالدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ۋاڭ لىمىڭنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش كەلدىمۇ، كامىلغا قارىدى.

— بۇ نەرسىلەرنى نېمە قىلماقچىسىز؟ — دېدى ۋاڭ لىمىڭ.

— سىز بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈۋالدىڭىز... ئەمدى خالىققا تاپشۇرۇپ بەرمەكچىمەن.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسىڭىز قانداق؟ — ۋاڭ لىمىڭ ئەنسىرەپ قالغاندى، — تاسادىپىي بىر ۋەقە تۇغۇلۇپ قالمىسۇن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بىر مەلئۇنغا قول تەگكۈزۈپ، ئۆزۈمنى پاسكىنا قىلمايمەن...

ۋاڭ لىمىڭ، كامىل بىلەن نەفسەنى تالاغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. خالىقنىڭ قورۇسى كوچىنىڭ باش تەرىپىدە بولۇپ، تۇراپ ئىمىنگە پاسىلداش ئىدى. نەفسە ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىمىدى. ئۇ كامىلنى كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزى كوچىدا قالدى. كامىل دەرۋازىنى ئۇرماي، ئىتتىرىپلا ھويلىغا كىردى. تاراقلىغان شەپىدىن يۈگۈرۈپ چىققان خالىق كامىلنى كۆرۈپلا تاتىرىپ كەتتى. چۈنكى تۇردىنىڭ «ئۆزلىرىگە ھېزى بولسىلا، پەيلى بەك يامان» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئۇيۇپ قالغاندى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، كامىلنىڭ ئۆز ھويلىسىدا ئۇنىڭغا قول سالالماسلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، چىرايىغا دەرھاللا ئەمەلدارلىق كىبىرى ياماشتى.

— ھە كېلىپ قاپتۇققۇ؟ بىرەر ھاجەت بارمىدى؟ — دېدى خالىق كامىلغا يېقىن كېلەلمەي.

— سەن ھاجىتىم چۈشكۈدەك قانچىلىك نېمىتىڭ؟ — دېدى كامىل قوپال تېگىپ، — بۇ نەرسىلىرىڭنى تاپشۇرۇۋال، كالتەكچىلىرىڭ

يەڭسىز، پەشسىز، ئارغامچا ـ توقىناقسىز قالمىسۇن. . .

كامىل سومكىدىكى نەرسىلەرنى ھويلىغا تاشلىدى. دەسلەپتە ھودۇقۇشتىن خالىقنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنە دەرھاللا ھېچنېمە بىلمەس ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالدى.

— بۇ. . . بۇ. . . زادى نېمە ئىش؟. . . مەن ساڭا ئارغامچا ـ توقىناق، لاتا ـ پۇتا بەرمىسەم. . .

— ئەمدى بۇ قېتىم يېڭىنى ئەمەس قولىنى، پېشىنى ئەمەس بېشىنى كېسىپ ئەكىلىپ ئالدىڭغا تاشلايمەن. . . — كامىل تۈگمىلىرى يېشىلگەن چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى قايرىپ بېلىنى تۇتتى. كۈمۈش دەستىلىك قاپارتما نەقىش ئويۇلغان خەنجەر ئۇنىڭ ئوڭ بېقىنىدا ئېسىلىپ تۇراتتى. خالىق بىردىنلا قورقۇپ قالدى. چۈنكى رەشىق دېگەننىڭ ئاداۋىتى يامان نېمە ئىدى. كۈندەشلىك تۇپەيلىدىن، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. نەفسەدەك ھۆر ئۈچۈن، بىر جېنىنى ئەمەس، ئون جېنىنى پىدا قىلسىمۇ ئەرزىيدۇ ـ دە!. . .

— كامىل مۇئەللىم بۇ. . . بۇ. . . ئىشلارنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم، — دېدى خالىق پەلەمپەيگە چېكىنىپ، — زادى نېمە گەپ بۇ؟. . .

— سەن تولا خۇپسەنلىك قىلما، — كامىلنىڭ مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى، — نەفسەنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قىلمىغان ئەسكىلىكىڭ قالمىدى. كۈرەشلەرگە تارتقۇزدۇڭ. . . ئائىلىسىگە زورلۇق ئىشلەتتىڭ. . . يوللاردا ئالدىنى توستۇڭ. . . نىيىتىڭ ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، ئادەم ياللاپ، كېچىلەردە قاتىللىق قىلماقچى بولدۇڭ. . . سېنىڭ مەقسىتىڭ نەفسەنىڭ يۈزىنى تۆكۈش ئارقىلىق ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش. . . سەن بۇنىڭدىن تانالمايسەن!. . .

— كامىل مۇئەللىم، كېچىدىكى ئىشتىن راستىنلا مېنىڭ خەۋىرىم يوق. . . — ھودۇقۇپ تۇرغان خالىق ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويدى، — بۇ ئامۇتلۇقلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. . .

— ئامۇتلۇقتىكى قايسى ئىشنى دەيسەن؟. . . خەۋىرىڭ يوق ئادەم ئەجەپ بىلىدىكەنسىنا؟ — دېدى كامىل ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ، —

بىلىپ قوي، تۇردى دالىنىڭ يەتتە ئادەم ئالدىدا پەردە ئارقىسىدىكى ئادەم خالىق! دەپ جاكارلىدى.

— ئۇ. . . ئۇ. . . يالغان ئېيتىپتۇ. . . — سۆزدە كەتكۈزۈپ قويغان خالىق مەڭدەپ قالدى، — مەن ھېچنېمە قىلغىنىم يوق. . . ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. . .

— سەن ھېچنېمە قىلمىدىڭما؟ ئەمىسە ئاڭلاپ قوي، — كامىل قىستاپ كەلدى، — سەن ئاچكۆز مەلئۇن زۇمرەتنى چاڭگىلىڭغا ئېلىش ئۈچۈن قانداق ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلەتتىڭ؟ ئۆزۈڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان قارا ماتېرىياللارنى ئۈستىلىڭگە يېيىپ قويۇپ، ساددا ياقۇپنى قاپقانغا دەسسەتتىڭ. . . بۇ ئارقىلىق ئۇنى ئۆلۈۋېلىشقا قىستىدىڭ. . . تۆھمەت ئارقىلىق ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىدىڭ، زۇمرەت ساراڭ بولدى. مەن ۋە دوستلىرۇم ئۈستىدىن يالغان ئەنزە پەيدا قىلىپ، جازالاتقۇزدۇڭ. . . بىلەمسەن، ياقۇپ ئۆلۈش ئالدىدا يېزىپ قالدۇرغان خەت ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا! . . .

خالىقنىڭ تىزلىرى تىترىدى. ئۇ ياقۇپتەك ئايىقىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان ياۋاش، مۆمىن، ساددا ئەخمەقنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا خەت قالدۇرغانلىقىغا ئەقلى يەتمەيتتى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىش ياقۇپ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىر ئىدى. توغرا، بىر قېتىم مەست بولۇپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ قۇدرەت - كامالىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئۇ مەتمۇساغا ماختانغانىدى. لېكىن، ئۇ ھازىر ئاغزىنى يىرتىۋەتسىمۇ مۆرەپ قويمايدىغان ھالغا كەلدى. چۈنكى، قانچە قېتىم مۆرىسە، شۇنچە قېتىم زىيان تارتىپ، پۇل، مال - مۈلكىدىن ئايرىلدى. . . شۇنىڭغا قارىغاندا، ياقۇپنىڭ خەت قالدۇرغانلىقى ئېنىق. بولمىسا كامىل خۇددى ئۈستىدە قاراپ تۇرغاندەك ئويدۇرۇلغان ماتېرىياللارنىڭ سان - تۈرلىرى، ھەتتا «ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تىزىملىكى» لىرىگىچە دەپ بېرەلەمتى؟

— سېنىڭ توقسىنىڭ تولدى! — ۋارقىرىدى كامىل، — مېنىڭ سېنى ھازىرلا ئۆلتۈرۈۋەتكۈم بار. . . ئەمما سەندەك ناكەس، ئىبلىسنىڭ پاسكىنا قېنى بىلەن خەنجىرىمنى بۇلغاشنى خالىمايمەن. بۇنداق دېسەم،

ئۆلتۈرمەمدىكىن دەپمۇ قالما. . . دوستلىرىمنىڭ ئەنت ـ قىساسى يۈرىكىمگە تاشتەك ئورناپ كەتتى (كامىل خەنجىرىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ ئالدىغا ماڭدى. خالىق دەرھال چېكىنىپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىۋالدى) . مەن ھامان بىر كۈنى سېنىڭ جېنىڭنى قىيىمەن. . .

— ئەگەر قاتىللىق قىلساڭ، ئۆزۈڭمۇ ساق قالمايسەن، — دېدى خالىق قورقۇۋاتقانلىقىنى چاندۇرماي، — پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى يوقمىكى دەپ قالما. . .

— بىلىمەن، — كامىل ئىستېھزا بىلەن كۈلۈۋەتتى، — دوستلىرىم ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلىش مەن ئۈچۈن ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى توي بولىدۇ! . . . بىلەمسەن، خۇشاللىق تويى! . . .

كامىل چىقىپ كەتتى. خالىق پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېلىپ دەرۋازا يوچۇقىدىن قارىدى. كامىل ئۇنىڭ يوشۇرۇن مارايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ بولغاچقا، قەستەن نەفسەنىڭ يۇملاق مۈرىلىرىدىن قۇچاقلاپ كېتىۋاتاتتى.

بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، بوستان بازىرى بالدۇرلا قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇلاغلارغا تاشتۇز، بادىرىلارنى ئارتىۋالغان دېھقانلار ئالىمان ئارىسىدا ۋارقىرىشاتتى. قويلار مەقىرىشىپ، كالىلار مۆرەيتتى. تۇرۇپلا جارچىنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن، سۈيدۈك پۇرىغان ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى قېتىلىپ كېتەتتى. دوغاپچىلار مۇزلىرىنى چوقۇپ، «يۈرەكنىڭ داۋاسى» دەپ خېرىدار چاقىرسا، لەڭپۇڭچىلار «سېرىك خوتۇننىڭ شىپاسى» دەپ كاركىرايتتى. يەل ـ يېمىش بازىرىدىكىلەر ئۆرۈك، تەكە، قىزىل غەزىمەت ئالمىلىرىنى ماختىشىپ، بازارنى بېشىغا كىيىشكەنىدى. بەزى شىتىلى ياش دېھقانلار: «ھەي. . . ئۈز چوكاننىڭ شورىۋالىدىغان مەڭزىمۇ بۇ! . . . » دەپ قىپقىزىل ئالا راھەتلىرىنى داملىشاتتى. قىسقىسى بازار قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ، ۋاڭ ـ چۇڭغا تولغانىدى. ئاياغ ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان يەنە ئاستا ـ ئاستا يەسلەپ، تۈك باسقان ئوچۇق مەيدىلەرگە، قىز ـ چوكانلارنىڭ قاش ـ كىرپىكلىرىگە، ئۈستىگە قىزىل لازا قوندۇرۇلغان سوغۇق سەي داسلىرىغا

قوناتتى.

چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. كامىل بىلەن نەفىسە ئالىمان ئارىسىدا قىستىلىشىپ، تۇسۇلۇپ دېگەندەك، ئېزىز تارمۇشنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بېقىنىدىكى لاسكوي يولىدا، ئىشەك هارۋىسى ئارانلا پاتقۇدەك تار قورۇ ئىچىدە ئولتۇراتتى. لېكىن ئۆي بىر ئىگىسىز بولغىنى بىلەن، خېلىلا چوڭ ئىدى. كامىل بىلەن نەفىسە كىرىپ كەلگەندە، نازىلخان قازانغا لەغمەن تاشلاۋاتاتتى. ئېزىز تارمۇش ئۆينىڭ تۆر تەرىپىگە قويۇلغان چوڭ كات ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى شىرەدە يېرىم بوتۇلكا هاراق ۋە بىر پىيالىدە لەگمەن قورۇمىسى بار ئىدى. ئۇ قورۇمىدىن يېگەچ، رومكىدىكى هاراقنى ئاز - ئازدىن ئوتلاۋاتاتتى.

— ئەي - هەي، بۇ كامىل ئەپەندىغۇ؟ — ئېزىز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ تارغا چۈشتى، — ئەجەپ چىرايلىق كىرىپ كەلدىڭلار، ئاي بىلەن يۇلتۇزدەك. . . قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭلار.

— سەنزە، ئېزىز پومېشچىكنىڭ ئۆزىلا بولۇپسەن، — دېدى كامىل تاغارلاردىكى ئاشلىققا قاراپ قويۇپ، — تاغارلاردا ئاشلىقنى تىكلەپ قويۇپ، ئۆزۈڭ تۆردە هاراق ئىچسەڭ، نازىلئايغا قارىشىپ بەرمىسەڭ. . .

— ئىچمەي قانداق قىلىمىز؟ يا ئوقۇيدىغان كىتاب بەرمىسىلە. . .

نەفىسە تاماققا ياردەملىشىپ كاتقا چىقمىدى. كامىل كۆرپىدىن ئورۇن ئالدى. نازىلخان نەفىسەنى يۇقىرىغا چىقىشقا قانچە قىستاپ باققان بولسىمۇ، ئۇ پەقەتلا ئۇنىمىدى. نازىلخان تاشپۇرچاقتەك بەدىنى چىڭ، ئۆزى دۇمىلاققىنا، نازى ئوتلۇق، ئايدەك چىرايلىق قىز بولغاچقا، كامىل، هېكمەت، مۇراتلار ئۇنى «نازىلئاي» دەپ ئاتايتتى. بۇ ئىسىم نازىلخاننىڭ ئۆزىگىمۇ ياقاتتى.

— سەن كىتاب، كىتابلا دەيدىكەنسەن، — دېدى كامىل جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، — گاچىنى ئىت قوغلىغاندەك ئوقۇساڭ، ساڭا كىتاب توشامدۇ؟

— سىلىمۇشۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ قارىچىلاپ گەپ قىلىدىكەنلا، — دېدى ئېزىز تېرىككەندەك قىلىپ، — بىر كىتابنى نەچچە ياندۇرۇپ ئوقۇپ

ۋەتۆەرىكىنى چىقىرىۋېتىمەن... مۇشۇ كۈندە، ئۆزلىرىمۇ سىقمىسا چىقمايدىغان سىقماق ئاشنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قاللا...

— توغرا دەيسەن، كىتابقا كەلگەندە مەن بىخىل، — كامىل كۈلدى، — سېنىڭ كىتابىنى پاكىز، ئاسراپ ئوقۇيدىغانلىقىڭنى بىلگەچكە، بېرىپ كەلدىم. بولمىسا، ساڭا نەدە كىتاب؟...

— زادى كىتاب بېرەملا ـ بەرمەملا؟... مەن تېخى ئەللامەگە چىقماقچى بولۇپ تۇراتتىم.

— هەي، بىر تەخسە لەڭمىنىڭنى بېرىپ بولغۇچە، بەش تەڭگەمنى بەر دەپ كارنايدىن سىققىلى تۇردۇڭغۇ؟... ماۋۇ تاماق سىڭسۇنمۇ ياكى يېمەيمىزمۇ؟...

كامىل بىلەن ئېزىزغا تاماق كەلگەنىدى. ئۇلار ئاچچىقسۇ، لازا قىيامىلىرىنى سېلىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. نەفىسە بىلەن نازىلئاي تاردىلا كىچىك شىرەدىن بىرنى قويۇپ ئولتۇرۇشتى.

— قېنى، كامىل مۇئەللىم، بۇنى كۆتۈرۈۋەتسىلە، — ئېزىز بىر رومكا هاراقنى كامىلنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، — تاماق سىڭدۈرىدۇ.

— ئەمىسە مۇشۇ بىر جۇمۇ! — دېدى كامىل، — گېپىڭدە تۇرسەن...

— ئەمدى هەممە نەرسە جۈپتى بىلەن دەپتىكەن، جۈپ بولۇپ كېتىدۇ ـ دە!

— جۈپ بولغاندىن كېيىن، مەرتەم، مەرتەم — ئۈچ مەرتەم دەيدىغىنىڭنى مەن ئوبدان بىلىمەن، — كامىل چوكىنى تەخسىگە يۆلىدى، — لەڭمەن ئوخشاپتۇ جۇمۇ... نازىلئاي تاماققا ئۇستىكەن ئەمەسمۇ!...

— يوقسۇ، نەفىسە خانىمنىڭ قولى تەگكەن ئوچۇندۇر؟...

— يائاللا ئېزىز، سىزنىڭمۇ ئاغزىڭىز مۇراتىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، — دېدى نەفىسە قىزىرىپ.

— هەي ئېزىز، گەپنى ئاز قىل، سەنمۇ بازارغا چىقىدىغان ئوخشايسەن، — دېدى كامىل تاغارلارنى ئىشارە قىلىپ، — بىزمۇ قايتىمىز...

— ئالدىرىمايمەن، ئاشلىق بازىرى كەچ تەرەپتە قىزىيدۇ. ئۇ چاغدا جۇسادۇيلەر ئىشتىن چۈشۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئېزىز نازىلئاينىڭ چىنىدە

سۈنغان ئاش سۈيىنى ئىلىۋېتىپ، — ھە، راست، زۇمرەتنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ بىز نازىل ئىككىمىز يوقلاپ بارماقچىدۇق.

— بۇرۇنقىدەك ئەسەبىيلىكى يوق. لېكىن ئەسلىگە كېلىشى تەس ئوخشايدۇ.

— ئۆتكەندە، بازاردا، خالىق بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدۇق، تۇمشۇقىغا بىرلا قويۇپ تىك چۈشۈرۈۋېتەي دېدىمۇ، بىراق ئۆزلىرىنى ئاچچىقلاپ قالامدىكىن دەپ پەيلىمدىن ياندىم.

— ئۇنداق قىلساڭ، بىكاردىن - بىكار ئىش تېرىپ قويىسەن، — دېدى كامىل ئاش سۈيى ئىچىۋېتىپ، — بىز ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىدىن كېلىشىمىز.

كامىل، ۋاڭ لىمىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەنلىكىنى ھەم خالىقنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئېزىزنىڭ دەسلەپتە مۈشتۈملىرى تۈگۈلۈپ، چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، كېيىن خالىقنىڭ كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي قالغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا، چىرايى بىر ئاز ئېچىلدى.

— مانا بۇنى كامىل مۇئەللىم، يېنىپ تەگكەن تاش دەيمىز، — دېدى ئېزىز شىرەگە مۈشتلاپ، — خالىق ئۆزىنى پايلىماي، تاشقا - تاش ئاتقانىدى، تاش قاڭقىپ ئۆزىگە تەگدى...

— سەن كىتاب خالتىسىمۇ گەپكە كۆز چىقىرىدىغان بولۇپ قاپسەن جۇمۇ!...

— كامىل مۇئەللىم، — دېدى ئېزىز كامىلنىڭ يۈزىدىكى جاراھەت ئىزلىرىغا قاراپ، — مەتنىياز قولتۇق ھەر يەكشەنبە ئەتىگەن شەھەرگە كىرىپ، ئاشلىق ھەم رەخت بېلىتى ئېلىپ ساتىدۇ... كەچتە يالغۇز قايتىدۇ... راسا بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويايمۇ؟...

— ياق بولمايدۇ...، — دېدى كامىل ئېزىزنىڭ پەيلىدىن ئەنسىرەپ، — ئۇ گۇلدۇرى بار، يامغۇرى يوق ئىچى كۇراڭ بىر نېمىكەن، سېنىڭ تايىقىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ...

كامىل تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىردەم پاراڭلىشىپ

ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. ئىزىز تارمۇش بىلەن نازىلىئاي ئۇلارنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقىشتى. كامىل، يېقىندا شەھەرگە كىرگەندە، ئۇنىڭغا بىرنەچچە كىتاب ئالغاچ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئىزىز بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە كامىلغا:

— ھەر كەچتە نازىلغا ئوقۇپ بەرسەم، ئۇ پوتلا - مىشىقلىرىنى ئېقىتىپ، تۆكۈلۈپلا كېتىدۇ، — دېدى.

— پوتلا - مىشىقلىرىنى دەپ كەتكىنىنى! — دېدى نازىلىئاي دومسىيىپ، — ناھايىتى يىغلاپ سالدىم شۇ. . .

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. نەفىسە نازىلخاننى قۇچاقلاپ، ئىزىزغا ئاچچىقلىدى.

— ئىزىز گېپىڭىز بەك قوپال ئىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىلسىڭىز، — دېدى نەفىسە ياسىما ئاچچىقلاپ، — بوسۇغىڭىزغا دەسسىمەيمەن. . .

— بۇ گەپچە، كىتاب ئوقۇپ بەرسە راستىنلا يىغلاپ سايسىز - دە، — دەپ سورىدى كامىل نازىلىئايدىن.

— ئەمدى. . . ئەمدى، غېرىب يەرلىرى چىققاندىن كېيىن، ئادەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىكەن. . .

ئۇلار بىردەم كۈلۈشۈپ چاقچاقلاشقاندىن كېيىن، كامىل بىلەن نەفىسە خوشلىشىپ ئەللامە تەرەپكە يول ئالدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، رەجەپ كارناي كامىلغا بىر خەۋەر يەتكۈزدى. مەتنىياز قولتۇق كېچىدە شەھەردىن قايتىپ چىقىۋاتقاندا، نىقابلانغان كىمدۇر بىرسى ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ. . . بۇ ۋەقە بوستاننىڭ پاسىلى ئىچىدە بولماي، ئاتچۇي كۆۋرۈكىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بوپتۇ، ئوتتۇرا كېچىدىن ئاشقاندا، ئۇنى ھارۋىكەشلەر يولدىن تېپىۋېلىپ، ئامۇتلۇققا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. . . بۇ ۋەقە كامىل بىلەن نەفىسە ئىزىزنىڭ ئۆيىگە كىرگەن يەكشەنبە كۈنى كېچىسى يۈز بەرگەنىدى. بۇ خەۋەرنى خالىقمۇ ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئەتىسى گۈگۈمدە دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلگەن مەتنىياز قولتۇقنىڭ مۇشتۇمدەك قان ئۇيۇپ كەتكەن سول كۆزىنى، تونىغۇسىز ھالدا ئىششىپ، كۆكەرگەن

يۈزىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. خالىق ئېڭىشىپ: «ئۇرغان ئادەمنى تونىيالىدىڭمۇ؟ . . .» دېگەنىدى. مەتنىياز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قان ئارىلاش تۈكۈرۈۋەتتى. بۇ ۋەقە خالىقنى تېخىمۇ چۆچۈتىۋەتتى. . .

# باغرى قان گۈل

كامىلنىڭ قۇربان ھاكىمنىڭ زەيىندىنگە قارىتىپ يېزىپ بەرگەن خېتىنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ كەتكىنىگە ھەپتە بولۇپ قالدى. ھېكمەت كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ، ئاشخانىدا يالغۇز تاماق يېدى. ھاكىم تېخى ئىشتىن چۈشمىگەنىدى. ئۇ بەزى كۈنلىرى تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ، بىر كېچىلەرگىچە زاكۇ قۇرۇلۇشى ياكى توسما ئۈستىدە بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا، ھېكمەت ئۇنىڭ تامىقىنى ياتاققا ئەكىرىپ قوياتتى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ھاكىم تاماقنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇقى بىلەن ھېسابلاشماي يەۋېرەتتى. ھېكمەت روزاخۇن ئاشپەز تەييارلاپ بەرگەن تاماقنى ئېلىپ ياتاققا قايتىپ كەلگەندە، ھاكىم تېخى كەلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ پاراڭلىشىپ ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ قونالغۇلىرىغا كەتتى. ھېكمەت ئۇنىڭدىن ھال سوراپ، بۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ بوستان، لايقا دېھقانلىرىنىڭ ئايدالاغا سېلىنىپ كەتكەن قونالغۇلىرىنى ئايلىنىپ، ئاخىرى كېرىم بوۋاينىڭ قېشىغا كەلدى. بوۋاي تۆگۈلۈۋالغان بولۇپ، ئىنجىقلاپ ياتاتتى، ئۈستىگە كونا ماتا يەكتىكىنى يېپىنىۋالغانىدى. ھېكمەت ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىپ، قىزىپ قالغانلىقىنى بىلدى. لېكىن ئۇ داۋالاش پونكىتىغا بارمىغانىدى. بارغان بىلەنمۇ، پونكىتتىكىلەر ئادەتتىكى دورىلارنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئوبدانراقمۇ تەكشۈرمەيتتى. شۇڭا، ھېكمەت يۈگۈرگەن پېتى ياتاققا كەلدى ۋە ھاكىمنىڭ ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلاپ قويغان باش ئاغرىقى دورىسى، ئىسسىتما ياندۇرىدىغان دورىلىرىدىن قەغەزگە بولاپ، چايداننى كۆتۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى. كېرىم بوۋاي دورىلارنى تەستە ئىچتى. ھېكمەت زورلاپ بىر چوڭ چىنە قايناق سۇنى ئۇنىڭغا ئىچۈرۈۋەتتى. ئۇ

پۆژژىدە تەرلىگەندىن كېيىن، ئۇنى يوتقان ۋە چاپانلاردا قىپچىپ يۆگەپ قويدى.

— كېرىمكا، ھەرگىز ئېچىۋەتمىسلە... مۇشۇنداق تەرلەپ ياتسىلا، — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، — ئەتە يىپ - يېنىك تۇرۇپ كېتىدىلا.

— شۇ تۇرقۇممۇ ياخشىلا بولۇپ قالدىم، — دېدى بوۋاي ئىنجىقلاپ، — ھاكىمنىڭ دورىسى بولغاچقا شۇنداقمىكىن تاڭ؟...

ھېكمەت ئاي نۇرىدا ئوڭدىسىغا ياتقان بوۋاينىڭ ئاپئاق ساقاللىرىغا، يادائىغۇ قاپقارا چىرايىغا قارىدى. ئۇ شالاڭ ئۇزۇن قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ياتاتتى. تۇرۇپلا، ھېكمەتنىڭ قىزىق گەپلىرىگە چىشىسىز ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۈلۈپ قوياتتى. ئۇنىڭ تۇرقى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. كېرىم بوۋاي بىر قېتىم گەپ ئارىلىقىدا: «ئىككى قىزىم ئەردە، بىر ئوغلۇم يېنىمدا» دېگەنىدى. شۇنداق ئىكەن، ئوغلى بۇنداق ئېغىر ھاشارلارغا دادىسىنى ئەۋەتىپ قويغۇچە، ئۆزى كەلسە بولمامدۇ؟... ئوغۇل بالا دېگەن ئاتىسىنىڭ ئوق يىلتىزى، تۈۋرۈكى ئەلۋەتتە. مۇشۇنداق چاغلاردا، ئاتىسىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولمىغان بالىنى ئېتىزلىقتا قارانچۇق قىلغىلى باقامدۇ؟...

بوۋاي ھېكمەتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۈنسىز ياش تۆكتى. ئۇنىڭ چاناقلىرىنى قورۇقلار بېسىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشلار قۇلىقىنى بويلاپ، مايلىشىپ كەتكەن سامان تەكىيىگە تۆكۈلمەكتە ئىدى. ھېكمەت قىلىپ قويغان گېپىگە پۇشايمان قىلدى. ئەسلىدە، كېرىم بوۋاينىڭ ئوغلى سەمەتنىڭ بويىنى قاتتىقراق بالا بولۇپ، دادىجاڭ، شۇجىلارغا ئېگىلىپ، پۈكۈلۈپ، خۇشامەت قىلىپ كەتمەيتتى. شۇڭا ئۇ دەريا ئەمگىكى، قۇم تۇغ ھاشىرى، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، يول ياساش دېگەندەك سىرتنىڭ ئالۋان - سەيسىسىدىن كېلەلمەيتتى. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا، ئۇنى دەريا ئەمگىكىگە ئەۋەتمەكچى بولۇشتى. ئۇنىڭ ئاستىغا سېلىپ ياتقۇدەك بىر نەرسىسى بولمىغاچقا، دۆي ئامبىرىدىن ئۇنىڭغا بىر پارچە كىگىز بەردى. لېكىن، بىر يىل ئۆتكەندە، سەمەت خاماندا قوناق سوقۇۋېتىپ، كەنتنىڭ شۇجىسى بىلەن تاكاللىشىپ قالدى. ئېگىلىش،

پۈكۈلۈش، خۇشامەتكە كۆنۈك شۇجىغا بۇ ئىش هار كەلدى بولغاي، ئەتىسىلا خامانغا ئەزالارنى يىغىپ، سەمەتنىڭ بوينىغا هارۋىنىڭ بۇغا - جاۋاڭلىرىنى ئېسىپ كۈرەش قىلدى. بەزىلەر بىر يىلنىڭ ئالدىدىكى كىگىزنى قايتۇرسۇن دەپ ۋارقىراشتى. لېكىن شۇجى ئالدىغا چىقىپ:

— بۇلتۇر بەرگەن كىگىزنى قايتۇر دېسەك، بەلكىم ئۇ كىگىز يىرتىلىپ بەش پارە بولۇپ كەتكەندۇر؟ شۇڭا، ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەتسەك قانداق؟ چۈنكى پۇلىسى تېخى قىمز... — دېدى.

... كېرىم بوۋاي يوتقاندىن قولىنى چىقىرىپ، ئېكەكتەك يىرىك ئالقانلىرىدا ياشلىرىنى سۈرتتى ۋە كۆكتىكى ئايغا قارىغىنىچە، ئاستا سۆزلىدى:

— ئۆتكەندە مەن «ئوغلۇم يېنىمدا» دەپ يالغان ئېيتقانىدىم مۇئەللىم، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، — دېدى بوۋاي ئۆكسۈپ، — ئوغلۇم بېشىنى شۇ ئېلىپ چىقىپ كەتكەنچە، ئىككى يىل بولدى، خەت - خەۋىرى يوق... قەشقەر، ئاقسۇلارغا كەتتىمۇ ياكى تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتىمۇ بىلمەيمىز...

هېكمەتنى بىردىنلا غەملىك تۇيغۇلار چىرمىۋالدى. ئىشچى - خىزمەتچى، كادىر ياكى ئوقۇتقۇچى، كاسىپ - هۈنەرۋەن بولسۇن، ئۇلارنىڭ يەكشەنبىلىرى، هېيت - ئايەملەردە دەم ئېلىش كۈنلىرى، تەتىللىرى بار... بىراق، دېهقانلار ئۇنداق ئىمتىيازلاردىن بەهرىمەن ئەمەس... ئۇلارنىڭ پېنسىيە يېشى بىر ئۆمۈر توشمايدۇ... پۈتۈن ئۆمرى بويىچە هاياتلىق ئۈچۈن قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، يەردىن دان يىغىدۇ... دان ئەمەس، جان يىغىدۇ... دېهقانلارنىڭ شادلىقى، كۆڭۈل خوشلۇقى، بايرىمى، هېيتلىرىنىڭ هەممىسى قولىغا تەگكەن تۆت تال ئاشلىق... زەڭ سېلىپ قارىساڭ، چىرايىدىكى قورۇقلار ياشلىرىغا ماس كەلمىگەن!... ئۇلارنىڭ سىياقى بەئەينى قارا تاشتىن ئويۇلغان گىگانت هەيكەل!... ئەگەر بىلسەڭ، ئۇلار تەبىئەتكە، بارلىق مەۋجۇداتقا هاياتلىق ئاتا قىلىۋاتقان پىداكار ساخاۋەتچىلەر!... ئاللاهمۇ بەندىلىرىگە: «يەر كۆكەرتىشتىن ئۇلۇغ، ساۋاپلىق ئىش يوق...» دېگەن. شۇنداق

تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممىتى نېمە ئۈچۈن يوق؟... خارلىنىدۇ... باشقىلارنىڭ خۇداسى بار، دېھقانلىنىڭلا خۇداسى يوقمۇ؟...

ھېكمەت كېرىم بوۋاي بىلەن يەنە بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، قەغەز بولاقتىكى دورىنى ئەتە ئەتىگەن تاماقتىن كېيىن ئىچىشنى تاپىلاپ قويۇپ قايتتى. ئۇ ياتاققا كەلگەندە، ھاكىم تامىقىنى يەپ بولۇپ، گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— چاي ئىچەي دېسەم، چايدان يوق تۇرىدۇ، ئەسلىدە سەن ئېلىپ كېتىپتىكەنسەن - دە؟ — دېدى ھاكىم گېزىتتىن كۆز ئۈزمەي، — ھە، نەگە ئاپاردىڭ؟

— بۇزاقلىق كېرىم بوۋاي كېسەل بولۇپ قاپتىكەن، — دېدى ھېكمەت ھاكىمغا قايناق سۇ قۇيۇپ بېرىۋېتىپ، — دورىلىرىڭىزدىنمۇ ئالدىم...

— مەنغۇ تەن دۇرۇس ئادەممەن، لېكىن ئايالىم سەل ئەنسىزرەك، ئاشۇنداق باش ئاغرىقى، قورساق ئاغرىقى دورىلىرىنى سومكامغا سېلىپ قويىدۇ، — دېدى ھاكىم كۈلۈپ قويۇپ، — ھە، نېمە كېسەلكەن ئۇ بوۋاي؟

— بېشى ئاغرىپ، ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ قاپتۇ...

— دېھقانلار دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە بەك قېرىق، ئۇلار كېسەل بولۇپ قالسا، كاشكاپ، دورا چاي قايىنتىپ ئىچىدۇ، — ھاكىم گېزىتنى قويۇپ، ھېكمەتكە قارىدى، — مەن ئەتە زاكۇ قۇرۇلۇشىنى بىر قۇر تەكشۈرۈۋېتىپ شەھەرگە كىرىمەن... شەھەردىن ئېلىپ چىقىدىغان نەرسىلىرىڭ بارمۇ؟

— يوق، — ھېكمەت ھاكىمنىڭ كۆزىگە قارىدى، — بىرەر مۇھىم ئىش بىلەن كىرەمسىز؟

— قارىسام، سەن سەل خاتىرجەم ئەمەستەك قىلىسەن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا كىرىپ، كېرىموفنىڭ ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلدى، ئۇنى ئۇقۇشقاچ، پولات چىۋىقچىلار تۇگەپ قالدى، بۇنى سۆزلىشىمەن.

ھېكمەت بۈگۈن كېچە شېرىن خىياللار ئىلكىدە زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ساختا توي خېتى يېزىپ كەتسە، ھاكىم ئۆزى شەھەر گۇڭشېدىن توي خېتى ئېلىپ بېرىشكە ياردەم قىلماقچى ئىدى. دوستلارمۇ ئاددىيغىنا توي چېيى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئابلىز نەۋانىڭ قورۇسىدىكى بىر ئېغىز ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويماقچى بولغانىدى. ئۇنداقتا، ھېكمەت بىر يىل ئەمەس، ئون يىل سۈرگۈندە يۈرسىمۇ كۆڭلىنى توق تۇتۇپ يۈرەتتى. بالىسى تۇغۇلسا، ئۇنى گۈلزىبا ئىككىسى تەڭ بېقىپ چوڭ قىلسا، بۇ نېمىدېگەن بەخت!... ئۇلار بالىسىنى چىرايلىق ياساپ، دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بارىدۇ... بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنى سۆزلىشىدۇ. ھېكمەت گۈلزىبانىڭ يۈرەك جاراھەتلىرىنى، تارتقان ئازابلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مېھرىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىپ، ئۇنى ئاسرىسا، ئەركىلەتسە، كۈلدۈرسە، بۇ نېمىدېگەن مەنىلىك ھايات ـ ھە؟... ئەسلىدىمۇ قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن، يېشىللىققا پۈركەلگەن بۇ دۇنيا گۈزەل ھەم ماتانەتلىك ئىدى. بىراق، يامان ئادەملەر ئۇنى چەيلەپ، پايخان قىلىۋەتكەن... خالىق، كېرىموف، زەينىدىن، گۈلرۇزلار مانا شۇنداق باھار ۋە ياز گۈلۈستانلىرىدىن رەڭ ھەم نۇرنى قوغلايدىغان كۈزنىڭ سوغ شامallىرى ئىدى!... قۇربان ھاكىم بولسا، گۈزەللىك ۋە ھەقىقەتنىڭ قوغدىغۇچىسى!... ئۇ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ تۇغقىنى ياكى قېرىندىشى ئەمەس، ئۇلاردىن بىرەر تامايىمۇ يوق!... لېكىن ئۇنىڭ ھەققانىيەت ئىشقى، ساپ ۋىجدانى، پاك كۆڭلى ئۇنى ناھەقچىلىك قۇربانلىرىغا خەيرىخاھلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ... مانا بۇ ھەقىقىي ئىنساننىڭ ئادىمىيلىك بۇرچى!... زۇمرەت، گۈلزىبالارنىڭ چەككەن دەرد ـ پىغانلىرى ئۇنى ئازابقا سالدى. ياقۇپنىڭ خېتى ئۇنىڭ قەلبىدە ئادىمىي ھايۋانلارغا قارىتا نەپرەت ۋە غەزەپ يالقۇنىنى ئۆرلەتتى! شۇنداق، ھەر بىر ۋىجدانەن ياشىغان ئىنسان بىلەن قاباھەت مەلئۇنىنىڭ پەرقى ئۇلارنىڭ ھەق بىلەن ناھەق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئالىيجاناپلىق بىلەن رەزىللىك، مەردلىك بىلەن نامەردلىك ئوتتۇرىسىدىكى مىزانلاردا سىنىلىدۇ ھەم ئايرىلىدۇ.

خۇدا بەندىلىرىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى يارىتقاندىلا دىلىغا ئاپىرىدە قىلىنغۇدەك بولسا كېرەك. بىر ئاتا ـ بىر ئانىدىن بولغان ماھىگۈل، نەبى، گۈلرۇزلارنىڭ دىلى نېمە ئۈچۈن بىرسىنىڭ ئاق، بىرسىنىڭ قارا؟... گۈلزىبا، ھېكمەتلەرگە ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان زىيانكەشلىك، سۇيىقەست، تۆھمەت گۈلرۇزدىن كېلىۋاتامدۇ؟... لېكىن، ماھىگۈل ھەم نەبىلەر كىچىك بولسىمۇ، ھەقىقەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بولۇپ كەلدى. ئۇلار، گۈلزىبا بىلەن ھېكمەتنىڭ تويىنى كۆرسە، نەقەدەر خۇشال بولۇپ كېتەر ـ ھە؟

كېچىچە ياخشى ئۇخلىيالمىغان ھېكمەت ئەتىسى كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ھاكىم ئىككىسى ئاشخانىدا تاماق يېگەندىن كېيىن، ئۆز ئىشلىرىغا كېتىشتى. ھېكمەت چۈشكە يېقىن ياتاققا قايتىپ كەلگەندە، ھاكىم شەھەر تەييارلىقىنى قىلىپ، سومكىسىغا كىر كىيىم، لۆڭگىلىرىنى سېلىۋاتاتتى. ئۇ ھېكمەتكە دوختۇرخانىغا كىرىپ زۇمرەتنى يوقلايدىغانلىقىنى، مۇراتقا ئەۋەتىدىغان خەت بولسا، ئالغاچ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما شۇ چاغدا، ياتاققا ياش بىر دېھقان يىگىت پالاق ـ پۇلۇق يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە، ھاسىرىغىنىدىن نەپەس يېتىشتۈرەلمەي، گېپىنىمۇ ئوڭلاپ قىلالمىدى.

— ھاكىم، چاتاق... چاتاق بولدى. توسما... توسما ئۈستىدە ئا.. ئادەم ئۆلىدىغان بولدى... تېز... تېز بولسىلا...

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ — ھاكىم جىددىيلىشىپ كەتتى، — تېز بول...

— ئىككى كەنت مۇشتلىشىۋاتىدۇ... ئىككى... ئىككى گۈڭشېنىڭ دېھقانلىرىمۇ تۇپلىشىۋاتىدۇ...

ھاكىم سومكىسىنى تاشلاپلا، سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى. ئارقىدىن ھېكمەتمۇ يۈگۈردى. يىراقتىنلا توسما ئۈستىدە كاللەكلىشىپ جەڭگە چۈشكەن ئادەملەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار كەتمەن دەستىسى، ئۈچى كاللەكلەنگەن پوتا، تاياق، مۇشتلار بىلەن بىر ـ بىرىنى قارا ـ قويۇق ئۇرۇشاتتى. بەزىلىرى يەردە قۇچاقلىشىپ دومىلىشاتتى. ياردار بولۇپ

يىقىلغانلارمۇ بار ئىدى. يۈز - باشلىرى يېرىلغانلار ئىڭرىشىپ يېتىشاتتى. يۈز، بويۇن، مەيدىلىرى، ئاپئاق ماتا كۆڭلەك ھەم يەكتەكلىرى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ، چىرايىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان دېھقانلار ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي، بىر - بىرىنى ۋاقىلدىتىپ سېلىشاتتى... جىدەلگە مۇناسىۋەتسىز گۆڭشىلارنىڭ دېھقانلىرى دەسلەپتە ئاجرىتىپ باققان بولسىمۇ، كېيىنچە، ئۇلارمۇ ئامال قىلالماي قالغانىدى، ئۇلار بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتاتتى. خالايىق قەيەردە كاللەك جەڭ شىددەتلىك بولسا، شۇ يەرگە دۈكۈرۈشۈپ يۈگۈرەيتتى. ئىككى تەرەپتىن ئۇرۇشۇۋاتقانلار بىرەر يۈزگە يېتىپ قالغانىدى. ھاكىمنىڭ كېلىشى بىلەن، قاراپ تۇرغانلار ھەرىكەتكە كېلىشتى. ھېكمەتمۇ ئوتتۇرىغا چۈشتى. ئۇلار ۋارقىراپ - تىللاپ، سوقۇشۇۋاتقانلارنى ئاجرىتىشقا باشلىدى، ئۇلار ئادەملەرنى تۇسىمىدىن ئىتتىرىپ پەسكە ئاتاتتى، ئۆزلىرىگىمۇ ھارام تاياق تېگىپ كېتەتتى. يەردە بوغۇشۇپ ئېلىشىۋاتقانلار ھاسىرايتتى، خىرقىرايتتى، ئۇلارنىڭ ئاغزى - بۇرۇنلىرىغا لاي تىقىلىپ، ئۇستۇېشى قاپقارا لاۋىدا بۇلغىنىپ كەتكەنىدى، كۆڭلەك - يەكتەكلىرى ئىت تالىغاندەك يىرتىلىپ، تامباللىرى تىكىشلىرىدىن بۆسۈلۈپ، ئەڭ ئۇياتلىق يەرلىرى «مانا مەن» دەپ كۆرۈنۈپ قالغانىدى. يارىدارلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، توسما ئۇستى قان بىلەن بويالماقتا ئىدى. ئەمدىلا ئاجرىتىپ قويغانلار يەنە قايتىدىن ۋاق - ۋۇق قىلىپ سېلىشاتتى. كاللا موللاق بولۇپ تۇتۇشۇپ، تاقىر باشلار پاتقاقا پېتىپ، يۈزلەردىن سىزىق - سىزىق قانلار تەپچىرەپ چىقاتتى. ئۇلارنى مۇشۇ تۇرقىدا ئاجرىتىش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كىمنىڭدۇر باش ئۇستىدىن چۆرىدىگەن كالتىكى ھېكمەتنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ كېتىپ، بىردەمدىلا ئۇنىڭ يۈزىدىن يول - يول قان ساقىپ چۈشۈپ، كۆڭلەكلىرىنى بوياۋەتتى.

ئۇرۇشۇش بارغانسېرى جىددىيلىشىپ، كەتمەن - كۈرەكلەر، زەمبىل تۇتقۇچلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدىلا، «تاڭ... تاڭ... تاڭ...» قىلغان كۈچلۈك ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. ھېكمەت چۆچۈپ قارىدى، قۇربان ھاكىم توپ ئوتتۇرىسىدا تاپانچا تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ

تۇراتتى. ئۇ، ئاسمانغا قارىتىپ ئۈچ پاي ئوق ئۈزگەنىدى. ھېكمەت «قانۇنغا مەسئۇل ھاكىملاردا قورال بولىدۇ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، قۇربان ھاكىمدا ئۇنداق نەرسىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى. پۈتۈن نوچىلىق ۋە پالۋانلىقىنى ئىشقا سېلىۋاتقان «قەھرىمانلار» بىردىنلا جىمجىت بولۇپ قېلىشتى. بەزىلىرى پارت - پۇرتلا توپىنىڭ ئارقىسىغا قېچىشتى. يەردە يومىلاقلىشىپ ئېلىشىۋاتقانلارنىڭ بىر - بىرلىرىنىڭ مەينەت چىرايلىرىغا تىكىلگىنىچە، گويا مۆڭگۈلۈك مۇزىكا ئاڭلاۋاتقاندەك بولۇپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى: جىدەللەشكەنلەر بۇزاق ۋە توساللا يېزىلىرىنىڭ ئىككى كەنتى ئىدى. ئۇلارغا ئايرىلغان چام پاسىلداش بولۇپ، توسمىنىڭ قاڭدىلىدىغان يېرىنى تىك چىقىرىش مۇمكىن بولمىغاچقا، قاڭداش ئىشى يانتۇ ئېگىزلەپ كۆتۈرۈلەتتى. بۇنداقتا ئىككى چام ئارىلىقىدا ئۈچ بۆلۈك شەكىلدە يوچۇق قالاتتى. توسما قانچە ئېگىزلىگەنسېرى، يوچۇقمۇ باشتىن - ئاخىر چوڭىيىپ ماڭاتتى. بۇ ئىككى كەنتنىڭ ئادەملىرى ئارىلىقتىكى يوچۇقنى تولدۇرۇشتا كېلىشەلمەي تۇتىشىپ قالغانىدى.

— قېنى، جېنىڭدىن تويغان بولساڭ، ئۇرۇشمامسەن؟ — ۋارقىرىدى قۇربان ھاكىم، — ئىككى كەنتنىڭ باشلىقلىرى ئالدىغا چىقىش... مەن سەنلەرگە ئالدىغا ئوت دەۋاتىمەن...

ئىككى تەرەپتىن شۇجى، دادۈيجاڭ بولۇپ ئالتە ئادەم چىقتى. ھاكىم شياۋدۈيجاڭلارنىمۇ چىقىشقا بۇيرۇق قىلىۋىدى، يەنە ئوندەك ئادەم ئالدىغا كېلىپ تىزىلدى. ئىككى تەرەپكە ئايرىلغان دېھقانلار قاش - قاپاقلىرى يېرىلغان، بۇرۇنلىرىدىن قان ساقىغان، يۈزلىرى لاي بىلەن بۇلغانغان ھالدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى.

— ھازىر ھەرقايسىڭ، — دېدى ھاكىم باشلىقلارغا، — ياردارلىرىڭنى داۋالاش پونكىتىغا يۆتكەپ بولۇپ، دەرھال ئادەملىرىڭنى تىزىلدۇرۇپ، قوماندانلىق شتابى ئالدىغا يىغىلىسەن. قايسىڭ كېچىكسەڭ، مەندىن يامانلىما... ئاڭلاشتىڭمۇ؟...

— ئاڭلىدۇق، — ھەممە بىردەك توۋلاشتى.

ھېكمەت تۇسما قىرىدا يېتىپ قالغان كېرىم بوۋاينى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ نەرىنىڭ ياردار بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. لېكىن يۈز، بۇرۇن، بويۇنلىرى قان بىلەن بويۇلۇپ كەتكەنىدى. ئاپئاق ساقاللىرىدىمۇ قان ئۇيۇپ قالغانىدى. ھېكمەت ئۇنى دەرھال يۆلىدى.

— كېرىمكا، سىلىگە نېمە بولدى؟ — دېدى ھېكمەت ئەندىكىپ، — نەلىرى ياردار بولدى؟

— بېشىمغۇ دەيمەن... بۇ ھايۋانلارنى ئاجرىتاي دەپ ئوتتۇرىغا كىرىپ ساپتىمەن، — دېدى كېرىم بوۋاي ئىنجىقلاپ، — قايسى بۇرنى كۆپكەن مۇناپىقكىن، بېشىمغا كالتەك بىلەن ئۇرۇۋەتتى. مۇئەللىم ئۆزلىرىمۇ؟...

— ھېچقىسى يوق، ئانچە ئېغىر ئەمەس...

ھېكمەت كىرىم بوۋاينى ھاپاش قىلىپ، تۇسمىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئوتتۇر داۋالاش پونكىتىغا كەلدى. بۇ پونكىت چوڭ يېشىل چېدىر ئىدى. ھېكمەت كېرىم بوۋاينى ئەپلىك بىر جايغا ياتقۇزدى ۋە دوختۇرنىڭ قۇلىقىغا: «بۇ ھاكىمنىڭ تۇغقىنى بولىدۇ» دەپ قويدى. ئۇمۇ ھېكمەتكە ھجىيىپ، باش لىڭشىتتى - دە، بوۋاينىڭ ئاستىغا دەرھال ماتراس ۋە ئەدىيال سېلىپ بەردى.

ھاكىم شۇ كۈنى كەچكىچە يىغىن ئېچىپ، ماجرانىڭ سەۋەبكارلىرىنى تېپىش، قانداق بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بولۇپ كەتتى. ھېكمەت ياردارلارنى يۆتكىدى، بەك ئېغىرلىرىنى شېغىل توشۇغان ماشىنىلارغا سېلىپ شەھەرگە يۆتكىدى. ھاكىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، بىر دوختۇر ياردارلارغا ھەمراھ بولۇپ بىللە ماڭدى.

ھېكمەت، مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، قۇربان ھاكىمنىڭ نەقەدەر ئىقتىدارلىق بىر رەھبەر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ كەنت رەھبەرلىرىگە تەكشۈرۈش ماتېرىيالى يېزىپ، كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى، ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى سۆزلەشنى، ئەگەر ئۆزىنى تەكشۈرۈش يۈزەكى ياكى ياخشى بولمىسا، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى، جېدەل جاۋابكارلىرىغا خاتالىقىنىڭ

ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ چارە كۆرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، بۇ ئارقىلىق، ماجىرانى دەرھال تىزگىنلىۋالدى. جىدەل چىقمىغان گۇڭشېلاردىن ئادەم ئۇيۇشتۇرۇپ، كېچىلەردە نۆۋەتچى قاراۋۇللارنى قويۇشنى يولغا قويدى. چۈنكى، تاياقنى كۆپرەك يەپ كەتكەنلەرنىڭ ياكى ئۇرۇش خۇمارى بېسىقمىغانلارنىڭ كېچىلەردە يوشۇرۇن كېلىپ، ئادەم ئۇرۇشى ھەتتا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. ھېكمەت ئادەتتە شۇنداق مۇلايىم، ساددا، ياۋاش يۈرىدىغان دېھقانلارنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە شىرغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ يەتمىگەنىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە ھەرگىز يول قويۇشمايتتى. كۆزلىرى قانغا تولاتتى - دە، ئاقىۋەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى. ئۇلاردىكى جاھىللىق قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. خوتەن دېھقانلىرىدا، تار رامكىدىكى يۇرتۋازلىقمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇلار «لايىقلىق»، «توساللىق»، «بۇزاقلىق» دېيىشىپ، كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ئايرىمايلا، بىر - بىرىنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، ئېرىقىنى ياقىلايتتى. بۇ ئىللەت خوتەنلىكلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مىللەتنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن بىر مەرەز ئىدى!... ئۇلار، ھەرگىز ئاق كالا، قارا كالا، ئالا كالا ھەممىسى بىر كالىغۇ دېيىشمەيتتى. بۇ ئەجەللىك ئاجىزلىقنىڭ ئاخىر بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى شۇم قىلىپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى ئۇلار ئويلاپ يېتەلمىسە كېرەك!...

ھاكىم بىلەن ھېكمەت دېھقانلارنىڭ قونالغۇلىرىنى، قاراۋۇللارنى تەكشۈرۈپ يۈرۈپ، ئوتتۇرا كېچىدە ياتىقىغا قايتىپ كېلىشتى. ئىككىسى پۇتلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئازراقتىن چاي ئىچىشتى. ھاكىم جىددىيچىلىك، ئاچچىقلىنىش ۋە ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈش نەتىجىسىدە ناھايىتى چارچاپ كەتكەنىدى. ھېكمەتمۇ ئۆزىنىڭ نەقەدەر ھېرىپ كەتكەنلىكىنى قىزىق چاينى ئىچىۋاتقاندىلا بىلدى. ئېگىز توسمىغا نەچچە نۆۋەت يۇگۈرۈپ چىقىش، ياردارلارنى يۆدەپ، داۋالاش پونكىتىغا ئەپكىلىش، ماشىنا كوزۇپىغا يۆلەپ سېلىش ئارىلىقلىرىدا چېپىپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭ يوتىلىرى سىرقىراپ ئاغرىيتتى.

— سەن نېمە بولۇپ باش - كۆزۈڭنى قان قىلىۋالدىڭ؟ — دېدى
هاكىم ھېكمەتنىڭ تېڭىلغان پېشانىسىگە قاراپ، — سېنى ئۇرغان ئادەمنى
تونۇمسەن؟

— ۋاي تاڭەي، ئۆزۈممۇ بىلەلمىدىم، «تاڭلا» قىلىپ قالدى، ئىم، تاۋۇز يېرىلدى دەپ ئويلىدىم، دېگەندەك يۈزۈمدىن قان ساقىۋاتىدۇ، — دېدى ھېكمەت چېپىنى پۇۋۇلەۋېتىپ، — دەسلەپتە مەن بۇ خەقنىڭ پەيلىگە قاراپ، راستىنلا قورققاندىم.

— ھەي... جاھىللىق... نادانلىق... دېمەمسەن! ئىككى چام ئوتتۇرىسىدىكى يوچۇقنىڭ ئالدىنى ئالدى نېمە؟ كەينىنى ئالدى نېمە؟...

— ئوتتۇرىدىن تەڭ ئىككىگە بۆلۈۋالغاندىن كېيىن بولمىدىمۇ؟

— ئالدى توپا ئەكىلىدىغان يەرگە بىر قەدەم يېقىن - دە!... — هاكىم بېشىنى چايقىدى، — ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، كۆلىمى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولغان ۋەقە سادىر بولغان، ئۇ چاغدا، سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا مەتتوختى روزى هاكىم مەسئۇل ئىدى.

— بۈگۈنكى ۋەقەدىنمۇ چوڭ دېدىڭىزمۇ؟ مەتتوختى روزى هاكىم قانداق بېسىقتۇرغاندۇر؟

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، توپا ئالىدىغان يەرنى تالىشىپ، ئىككى ئادەم مۇشتلىشىپ قالغان، بىردەمدىلا ئادەم يىغىلىپ، ئىككى شياۋدۈينىڭ ئادەملىرى تۇتۇشۇپ كەتكەن. بۇ سوقۇش كېڭىيىپ كەتتكە ۋە ئاخىرىدا ئىككى گوڭشېنىڭ ئادەملىرىگە كېڭەيگەن، ئۇلار كەتمەن، كۆرەك، كالتەكلەرنى ئىشقا سېلىشقان، توسما ئۈستى بەئەينى قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ جەڭ مەيدانىغا ئايلانغان... مەتتوختى هاكىم ئۆزى كۈچتۈڭگۈر، تەمبەل، پۇت - قولىدا تېۋى بار ئادەم بولغاچقا، چاپان - كۆڭلەكلىرىنى سېلىۋېتىپ، مەيدانغا چۈشكەن. ئۇ ئۇرۇشۇۋاتقانلارنى بېلىدىن تۇتۇپ توسما ئاستىغا ئاتسا، بەزىلىرىنىڭ ئىشتان باغلىرىنى بىرلا تارتىپ سۇغۇرۇۋالغان، ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن دېھقانلار هاكىم ئۇرۇپ يىقىتىپ قويغان، ياكى ئايرىۋەتكەنلەرنى ئۆزىنىڭ ئىشتان باغ، پوتىلىرىدا باغلاپ ماڭغان، بەزىلىرىنى بىر - بىرىگە تەتۈر قارىتىپ چېتىۋەتكەن.

بۇ ئىشتىن غەيرەتلەنگەن بىر قىسىم ئادەملەر ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، جىدەلنى بېسىقتۇرغانىدى.

— ناھىيىنىڭ ئون بىر كىشىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى تەۋەككۇل، ئىسلامئابادقا ماڭغاندا، — دېدى ھېكمەت، — مەتتوختى روزى ھاكىم بىزنى روزاخۇننىڭ ئاشخانىسىدا بىر كېچە قالتىس مېھمان قىلغانىدى.

— شۇنداق، ئۇ قولى ئوچۇق، ئىنتايىن مەرد، خۇشپېئىل ئادەم! — دېدى قۇربان ھاكىم، — «ھاكىم كەپىسى» دەپ ئاڭلىغانمۇسەن؟

— ئاڭلىغان. . .

ھاكىم كەپىسىنىڭ ئورنى بۇرۇن قىياقلىق، ياۋا قومۇشلار بېسىپ كەتكەن بىر چۆل ئىدى. كوپىراتسىيىلىشىش ۋاقتىدا، مەتتوختى روزى ھاكىم بىر تۇركۇم پومېشچىك، باي دېھقانلارنى ئۇ يەرگە كۆچۈرۈپ چىقىپ، تۇنجى قېتىم يەر ئاچقان. ئۇنىڭ ياۋا قومۇشلاردىن ياسىغان كەپىسى شىۋاق، ياتاق قاپلىغان دۆڭلۈكتە قىش ـ ياز چۇقچىيىپ تۇراتتى. ئۇ كەپىسى ئالدىدا ئېچىۋالغان بىر تاختا يەرگە قوناق، بۇغداي، ئارپا، كېۋەز، مايلىق دان ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، ئۇلارنىڭ ئۈنۈش، يېتىلىش جەريانلىرىنى كۆزىتەتتى. ئۇ، بۇ چۆللۈكنى ئاۋات قىلىش جەريانىدا، ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان مۇشكۇلاتلارغا دۇچ كەلگەن. شۇنداقلا كۆپ پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئىسلامئاباد، تەۋەككۇل، ھوك، يامان بۇككە ماڭغان ـ كەلگەن يولۇچىلار، ئوتۇنچىلار ۋە سەپەرچىلەر ھاكىم كەپىسىگە كېلىپ قاپتۇق دېيىشەتتى ياكى بولمىسا «ئاشۇ ئىس چىقىپ تۇرغان ھاكىم كەپىسى» دەپ كۆرسىتەتتى. ئاخىرى ھاكىم كەپىسى ئاۋات، مول ھوسۇللۇق ئېتىزلار بىلەن قاپلانغان، يەل ـ يېمىشلىرى شىرلىق، قىز ـ چوكانلىرى شۆللۈك كۆجۇم كەنتكە ئايلاندى. شۇڭا، دېھقانلار مەتتوختى روزى ھاكىمغا ئۆلمەس ئابىدە تىكلىدى. ئۇ بولسىمۇ، كەنتنىڭ ئىسمىنى «ھاكىم كەپىسى» دەپ ئاتاشتى.

چارچاپ كەتكەن قۇربان ھاكىم ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسنەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلگەنىدى. ھېكمەت ياتىقىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ ياستۇققا باش قويۇشى بىلەن، قۇربان ھاكىم ۋە مەتتوختى روزى ھاكىملارنىڭ سىماسى كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. بۇ ئادەملەر جاپا ـ مۇشەققەت، ئېغىر

خىزمەت، ناچار شارائىت ئىتەكلىرىگە تۇغۇلغان خەلق ئوغلانلىرى ئىدى!.. ئەمەل تاجىسىنى كىيىپ، مۆمىن ئاۋامغا ھەيۋە كۆرسىتىپ، زۇلۇم سېلىپ، ئىمتىيازنىڭ ئارقىلىق ئازغىنا ھاياتىڭنى بەھۇزۇر راھەتتە ئۆتكۈزۈشكىمۇ مۇمكىن... ماڭلىيىڭدا چاقنىغان مەنسەپ يۇلتۇزى بەلكىم شۆھرەت ۋە كىبىرنىڭ ھامىيسى بولۇپ قالار!... شۇنداق!... بېشىڭغا ھومايۇن قۇشى قونغانىكەن... سەن ئۇنىڭدىن قانداق بەھرە ئالساڭ، بۇ سېنىڭ ئىلكىڭدىكى ئىش!... بىراق شۇنى ئۇنتۇما، بۇ پانىي ئالەم ساڭا باقىۋەندە ئەمەس!... ئۆمۈرنىڭ مەنزىلى بەكمۇ قىسقا، گويا ئۇ تاماقتىن كېيىنكى دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ يۈز سىيپىغانچىلىكلا پۇرسەتتۇر؟... زالىم بولساڭمۇ، ئالىم بولساڭمۇ، بەرىبىر كېتىسەن!... ۋاقتى كەلگەندە، سېنى بىر يۇتۇم سۇ ئىچكىلىمۇ قويمايدۇ... لېكىن تارىخ ئۆتىدۇ... سېنى خەلقىڭ نېمەڭ بىلەن ئەسلەر؟... سالغان زۇلۇم - ستەملىرىڭ بىلەنمۇ؟... ئېھتىمال «ئۆلگەندىن كېيىن ھەممە ئىش ئۇنتۇلىدۇ... ھېچنېمىنى سەزمەيسەن...» دەپ ئۆزۈڭنى بەزلىشىڭ، ئالدىشىڭ مۇمكىن... توغرا، سەن خۇددى قۇمغا يازغان خەتتەك خەلق كۆڭلىدىن ئۆچۈپ كېتىسەن، ھېچ بولمىغاندا سېنى نەپرەت بىلەننىغۇ تىلغا ئېلىشار؟... «بۇ ھېلىقى بەتبەشىرە زالىمنىڭ ئوغلى، قىزى، نەۋرىسى باكى ئۇرۇق - پۇشتىكەن» دېگەن تامغىلار ئەۋلادىڭنىڭ پېشانىسىگە مەخمەل تۇماردەك پۈتۈلىدۇ... بالىلىرىڭمۇ سېنى نېمىلەرنى دېيىشەر؟... «ئەجەپ بىر پوشتى پاناھنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن ئىكەنمىز!...» دەپ، ھەسرەت - نادامەت چېكىشمەسمۇ؟... ئەۋلادىڭنىڭ بەرگەن باھاسى شۇ بولىدۇكى، باشقىلاردىن گەپ ئاچمايلا قويايلى، قىسقىسى ئۆمەر ھەييام:

دۇنياغا كېلىشىڭ، كېتىشىڭ نېمە؟...
بىر چىۋىن تۇغۇلدى يا ئۆلۈپ كەتتى...

دېگەندەك، دۇنيادىن قەدىر - قىممەتسىز، نام - دېرەكسىز يوقىلىسەن...
شۇنداق! دۇنيادا ئۆلىدىغان ئادەم بار... ئۆلمەيدىغانمۇ ئادەم بار!...

قۇربان ھاكىم، مەتتوختى روزى ھاكىملاردەك كىشلەر مەڭگۈ ئۆلمەس ئادەملەر! . . . ئۇلارنىڭ ناملىرى، ئىش ـ ئىزلىرى تىللاردىن ـ تىللارغا، دىللاردىن ـ دىللارغا كۆچۈپ، خەلقىمىز كۆڭلىدە ئەبەدىلئەبەد زىكرى قىلىنىدۇ! . . .

قۇربان ھاكىم ئەتىگەندە ھېكمەتنى ئويغاتتى. بولمىسا ئۇ ئۇخلاۋەرگەنمۇ بولاتتى. ئۇلار قاتتىق ـ قۇرۇق نانلار بىلەن ئەتىگەنلىك ناشتا قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئىشلىرىغا مېڭىشتى. سۇ ئامبىرىدا كۆتۈرۈلگەن جىدەلنى بىر تەرەپ قىلىش، جاۋابكارلارنى سۈرۈشتە قىلىپ ئۇلارغا چارە كۆرۈش، ياردارلارنى يوقلاش، كەنت مەسئۇللىرىنى تەكشۈرۈش دېگەندەك ئالدىراشلىقلار بىلەن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. قۇربان ھاكىم تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە شەھەرگە ماڭدى.

ھېكمەت شىغىل ۋە قۇملارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، دېھقانلارغا تالون كېسىپ بەردى. ئاندىن داۋالاش پونكىتىغا بېرىپ، كېرىم بوۋاينى يوقلىدى. ئۇ خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغانىدى. دوختۇر ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپتۇ. . . بىراق بوۋاي: «ھاكىمنىڭ تۇغقىنى» دېگەن سۆزدىن سەل قورقۇپ قاپتۇ. چۈنكى، ھاكىم بىلىپ قالسا، بەكمۇ سەت ئىش بولاتتى. ھېكمەت بوۋاينىڭ سۆزلىرىگە كۈلۈپ كەتتى، بۇ ئىشتىن ھاكىمنىڭ خەۋىرى بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ قويدى.

ھېكمەت كېرىم بوۋاينىڭ قېشىدىن قايتىپ قۇم ئالىدىغان يەرگە كەلدى. ئۈچ دېھقان ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ دېھقانلارنى يولغا سالغاندىن كېيىن، توسما ئۈستىگە چىقتى ۋە سۇ ئامبىرى قىرغىقىغا بېرىپ، كۆپكۆك ئاسمانغا قاراپ، تاتلىق خىياللارغا پاتتى. بۇنداق ئايلىنىپ يۈرۈشمۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭ كەيپى چاغ، كۆڭلى شادلىققا تولغانىدى. ھېكمەت سېرىق سومكىسىدىن خاتىرىسىنى ئالدى ۋە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، تىزىغا قويۇپ قەلب بوستانلىرىدىن چېچىلىپ چىقىۋاتقان چېچەكلەرنى گۈل چەمبەر قىلىپ تىزىشقا باشلىدى. . .

. . . «ماڭا نېمە بولدى؟ نېمانچە تەقەززا بولىمەن؟ . . . نېچۈن كۆڭۈل قۇشۇم كۆكلەردە قانات قېقىپ، يار تامان ئۇچۇپ كېتىدۇ؟ . . . بىر

ئىللىق شامال قەلب باغلىرىمنى ئايلىنىپ، مۇشكى - ئەمبەر ھىدلىرىنى دىماغلىرىمغا ئۇرىدۇ... ئەجىبا، بۇ مەھبۇبەمنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنىڭ تېنىمگە شىپا بەرگۈچى پۇراقلىرىمۇ؟... ئېھتىمال ئۇ تاڭ ساباسىدىن ماڭا ئوتلۇق سالام يوللىغاندۇر... پات ئارىدا دىدارلىشىشىمىزدىن بىشارەت بېرىۋاتقاندۇر... ئاھ ئۇنىڭ گۈزەل سىما بېغىنىڭ پۇراقلىرى... ئوتلۇق نەپەس يالقۇنىنىڭ جانغا ئارام تەپتى... نۇرانە كۆزلىرىنىڭ مىسكىن كۆڭۈللەرنى يورۇتقۇچى زەر ئۇچقۇنلىرى... تەشنا يۈرەكلەرگە ئابى زەمزەم — ھال رەڭ كىچىك لەۋلىرى... تارتىنىپ كۈلۈشلىرى... قايرىلىپ بېقىشلىرى... شۇنداق! ئۇ مېنىڭ گۈلۈم!... ئۇ مېنىڭ زىبارىم!...

قۇربان ھاكىم قاچانمۇ قايتىپ كېلەر؟... يېرىم كۈندىمۇ، يېرىم ئەسىردىمۇ؟... ئاھ، نېمانچە ئۇزاق؟... ئۇ ماڭا يارنىڭ سالىمىنى، خۇش خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ... بىز توي خېتى ئالىمىز... مەن: «گۈلزىبا مېنىڭ! ئۇ مېنىڭ ئايالىم!...» دەپ، پۈتۈن جاھانغا جاكارلايمەن... بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرايمەن... زىبانى باغرىمدىن ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ!... ھېكمەت يازنىڭ گۈزەل كۈنلىرىنىڭ بىرى گۈلزىبا بىلەن بالىسىنى ئېلىپ يۇرتى غۇلجىغا بارىدۇ... قەشقەرنىڭ ھېيتكاسىنى ۋە تۈمەن دەرياسىنى زىيارەت قىلىدۇ... گۈلزىبانى ئۈرۈمچىنىڭ خەلق باغچىسىدا پوخادىن چىققۇچە ئوينىتىدۇ... قولۋاققا چۈشۈپ، كۆلنىڭ مەجنۇن تاللار قاپلىغان پىنھانلىرىغا كىرىپ كېتىدۇ... بالىسى قىن - قىنىغا پاتماي كۈلىدۇ... ئاھ سايرام بويلىرى... تەلكىنىڭ يىلان باغرى داۋانلىرى... كەڭسايىنىڭ قارىغاي قاپلىغان ياپيېشىل تاغلىرى... تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ چۈشۈۋاتقان سۇلىرى... يېشىل مۇخ قاپلىغان قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇۋاتقان ئاپئاق بۇژغۇنلار!... گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن ئېدىرلار... گۈلزىبانىڭ بۇ چاقىقچە ئۇرغان ئاھلىرى، چەككەن پىغانلىرى، خورلۇقلىرى ئىلى دەريا سۇلىرىدا ئېقىپ كېتىدۇ... ئۇزۇن يوللار چاڭ - توزانلىرىغا قېتىلىپ يىراقلاردا قالىدۇ!... گۈلزىبا بۇ دۇنياغا كېلىپ، نېمە خۇشلۇق كۆردى؟... كىچىككىنە ھاياتى

يۇپۇرماق ئۇستىدىكى شەبنەم تامچىسىدەك تىترەپلا ئۆتتى. . . يىغا، دەرد ـ ئەلەم ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، ئايرىلغان دوستلىرى بولۇپ قالدى. كىچىكىدىن تارتىپ ئانىسىنىڭ تارتقان خورلۇق ـ ئازابلىرىنى كۆرۈپ، تۈنلەرنى ـ تاڭغا ئۇلاپ، خۇداغا يىلىندى، سىغىندى. . . قايتقا ئىنساپ، ئانىسىغا ئامانلىق تىلىدى! . . . بۇمەرەمخانىنىڭ يۈرىكىدىكى جاراھەت بارا ـ بارا گۈلزىبانىڭ يۈرىكىگە كۆچتى. . . قايىت ئۇنىڭ كۆڭۈل بېغىدا ئەمدىلا بىخلانغان مۇھەببەت بىخلىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ، ئۇنى قىمارنىڭ تاۋكا مەيدانلىرىدا دوغا تىكمەكچى بولدى. . . ئۇنى قانداقتۇر بۇيۇم قاتارىدا ساتتى. گۈلرۇز بولسا، دادىسىنىڭ تۆتەپ تۇرغان چىلىمىغا چوغ تاشلاپ، ئۇنىڭ نەپسى بالاسىنى ئوت ئالدۇردى. ھايا ـ نومۇس، ئىنساپ ـ دىيانەتنى بىلمىگەن بۇ قارا كۆڭۈل ئاتا ـ بالا گۈلزىبانى گويا قەپەزگە سولىۋالغان قۇش بالىسىدەك قىينىدى، ئازابلىدى. . . قايىت ئۇنى قەرزىنىڭ قۇربانى قىلماقچى بولسا، گۈلرۇز بۇ كىچىككىنە قۇش بالىسىنى مۇشۇككە تاشلاپ بېرىپ، كەپتەرگە چاڭگال سالماقچى بولدى! . . . كەپتەر گۈلرۇزنىڭ قولىغا قونمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يۈرىكىدىكى ئۆچمەنلىك ـ دۈشمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچتى. . . گۈلزىبانىڭ پاك ۋە مەسۇم قەلبى خۇددى غەلۋىردەك ھۆتمۇ ـ تۆشۈك بولۇپ كەتتى! . . . ئۇ دۇنيادا بىردىنبىر ھىماتىم، دەردلىرىمگە مەلھەم بولىدىغان شاپائەتچىم دەپ، ئانىسىغا ئىشەنگەنىدى، لېكىن ئۇمۇ خاتىرجەم ھاياتى ئۈچۈن، قىزىنى قۇربان قىلماقچى بولدى! . . .

ئاھ گۈلزىبا، ئىبدىرلاردا ئۆسكەن تەنها گۈل! . . . سېنى كەچكۈزنىڭ سوغ شامالىلىرى قامچىلاپ ئۆتسە، ئەتىيازنىڭ جۇدۇنلىرى ياپراقلىرىڭنى تۆكتى! . . . سەن دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان كېيىك بالىسى ئىدىڭ. . . يىرتقۇچلارنىڭ تىرناقلىرىدا يۇمران بەدەنلىرىڭ تىتىلدى. . . مەدەت ۋە شاپائەت تىلەپ، كۆكلەرگە بويۇن قىسىپ باقتىڭ. . . ئەمما بىرەر قىسمەت ساڭا ھىممەت قولىنى سوزمىدى! . . .

ئەقىللىق يالغۇز گۈلۈم، ئەمدى ئۇ كۈنلەرگە خاتىمە بېرىلىدۇ. . . بۈگۈن ـ ئەتىلا سېنىڭ قېشىڭغا ئۈچۈپ بارىمەن. . . ھاياتقا، گۈزەل

تۇرمۇشقا ياشلىق كۆزلىرىڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى بەخت نۇرلىرى چاقنىغان نۇرانە كۆزلىرىڭ بىلەن باقىسەن! . . .»

. . . ھېكمەت كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خاتىرىسىگە ئەھدۇ ۋاپالىرىنى، دىل ئىزھارلىرىنى سۈرەتتەك سىزماقتا ئىدى. ئەمما، تۇيۇقسىز يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ ئارقىسىغا قايرىلدى. ئېگىز توسما ئۈستىدىن ماھىگۈل يۈگۈرۈپ چۈشمەكتە ئىدى. . .

— ھېكمەت ئاكا؟ . . .

— ماھىگۈل! . . .

چىرايى تاتىرىپ، يۈزلىرىدىن توختىماي تەر قۇيۇلۇۋاتقان ماھىگۈل ۋارقىراپ يىغلىغىنىچە، ھېكمەتنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ھاسىرايتتى. تېلىقاتتى، مۈرىلىرى توختىماي تىترەپ سىلكىنەتتى. ھېكمەتنىڭ قوللىرىغا، مۈرىلىرىگە ئېسىلىپ، بار ئاۋازى بىلەن يىغلايتتى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا ئاچچىق ھەسرەت، پۇشايمان، ئۆكۈنۈش ئارىلىشىپ كەتكەندى. گۈلزىبانىڭ بىرنەچچە قېتىم قان تۈكۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدىن قانداقتۇر ۋەھىمىلىك بىر ئوي چاقماق تېزلىكىدە كېزىپ ئۆتتى.

— ماھىگۈل! . . . — ۋارقىرىدى ھېكمەت، — ئېيتقىنا، گۈلزىباغا نېمە بولدى؟ . . . ئۇنىڭغا زادى نېمە بولدى؟ . . .

— ئاچام. . . ئاچام. . . ئۇ. . . ئۇ. . . — ماھىگۈل ھېكمەتنى قۇچاقلاپ، باشقىدىنلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. . .

— ماھىگۈل، تېز دەڭا. . . گۈلزىبا ھاياتمۇ؟ . . .

— ئاچامنى. . . ئاچامنىڭ تويىنى قىلىپتۇ! . . .

— نېمە؟ . . .

— ئاخشام. . . ئاخشام بوستاندىن كەلسەم، كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىپتىكەن. . .

بىردىنلا ئوچۇق ئاسماندا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاققاندەك، چەكسىز يېشىل كۆل دۇمكۆمۈرۈلۈپ، ئالەم ئاستىن ـ ئۈستۈن بولغاندەك،

ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، تېز - تېز ھاسىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايى، ھەرىكەتلىرى سۇر باسقۇدەك دەرىجىدە قورقۇنچلۇق ئىدى...

— ياق!... ياق!... — ھېكمەت ماھىگۈلنى ئىتتىرىۋەتتى ۋە ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ قاتتىق ۋارقىرىدى، — ياق!... بۇ يالغان... سىز ماڭا يالغان ئېيتىۋاتىسىز... ئىشەنمەيمەن!... مەن ئىشەنمەيمەن!...

خاتىرە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ھېكمەت قىر ياقىلاپ يۈگۈرۈپ، سۇ ئامبىرىنىڭ ئېدىر پاسىللىرى تەرەپكە ئۇزاپ كەتتى. ماھىگۈل خاتىرىنى قول سومكىسىغا سېلىپ، ئۇنى ئارقىدىن قوغلىدى. ئۇ يېتىپ بارغاندا، ھېكمەت لاتقىلىق قىرغاقتا تىزلىنىپ، سۇنى شالاپلىتىپ ئۇرماقتا ئىدى. لېيىپ كەتكەن سۇ ئۇنىڭ كىيىم ۋە يۈزلىرىنى بۇلغىۋەتكەنىدى. ئۇ ھېچنېمىنى تۇيماي ۋارقىرايتتى. ئەسەبىيلەرچە مەيدىلىرىگە ئۇراتتى. ئاچچىق ياشلار بۇلغانغان سۇ بىلەن قوشۇلۇپ، ئېڭەك، بويۇنلىرىدىن ئاقماقتا ئىدى!... ئۇنىڭ يۈرىكىگە خۇددى ئۆتلۈك خەنجەر سانجىلغاندەك بولۇپ، بىردىنلا دېمىنى تىنزەك قىستى، ئىسسىق قان دولقۇنى يۈزىگە ئۇردى!...

— گۈل... زىبا!... — ھېكمەت گويا قۇياشتىن مەدەت تىلىگەندەك ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆپكۆك ئاسمانغا قاراپ ۋارقىرىدى، — قېنى سىز؟...

ھېكمەت پاتقاققا يۈزىنى يېقىپ يىغلىماقتا ئىدى!...

— خۇدا! سەن نەدە؟... مېنى كۆرۈۋاتامدىغانسەن؟ مەندەك باغرى قان يىگانە مۇساپىرنى كۆرۈۋاتامسەن؟... مېنىڭ نالە - زارلىرىم ساڭا يەتمىدىمۇ؟... سېنىڭ نېمانچە باغرىڭ تاش؟... سەن مېنى ۋەيران قىلدىڭ... گۈلزىبا ھاياتىم ئىدى، سەن ھاياتىمنى تارتىۋالدىڭ!... گۈلزىبا ئۆتمۈشۈم، بۈگۈنۈم ھەم ئەرتەم ئىدى. سەن ئۇنى دوزاق ئوتىڭدا كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدىڭ!... مەن يورۇق يۇلتۇزۇمدىن ئايرىلدىم!... ئۇ نەلەرگىدۇر ئېقىپ كەتتى. ئېيتقىنا، شەمس - قەمەرىمنىڭ نۇرلىرىسىز مەن بۇ زۇلمەتلىك جاھاندا قانداق يول تېپىپ ماڭاي؟... مەن ئۇنىڭسىز ئەما بولدۇم!... ئۇنىڭ ئىشقىسىز دىۋانە بولدۇم...

— ھېكمەت ئاكا!...

ھېكمەت ماھىگۈلنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئورنىدىن قوللىرىغا تايىنىپ ئارانلا تۇردى ۋە سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ، قۇم تۇپىلىق دۆڭگە كېلىپ ئولتۇردى. ماھىگۈل قولياغلىقىنى ھۆل قىلىپ ئۇنىڭ يۈز - قوللىرىنى سۈرتتى. ئاندىن ئۇنى قولتۇقلاپ، ئاستا -ياتاققا قايتتى. ھېكمەت تۇرۇپ - تۇرۇپلا نېمە ئىش سادىر بولۇپ، ئارىدىن قانداق گەپ - سۆزلەر ئۆتۈلگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمايتتى. ئەمما، يۈرىكىدە چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق بار ئىدى. ئۇلار ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزۇنغىچە جىم ئولتۇرۇشتى. ماھىگۈل توي توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرىنى مۆل - مۆل ياش تۆككىنىچە، ئاستا سۆزلىدى:

... تۈنۈگۈن چۈشتە، گۈلزىبا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا، ئىچكەركى، تاشقارقى ئۆيلەردە مېھمانلارنىڭ داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغىنىدىن دەلىزدە تۇرۇپ قالدى. قايىت، بۈمەرەمخان، گۈلرۇزلار پاكىزە كىيىنىۋالغانىدى. ئۇلار يەنە بىرمۇنچە تونىمايدىغان كىشىلەر بىلەن ئويۇر - تويۇر بولۇشۇپ، لېگەن - تاۋاقلارنى سۈنىشاتتى. چاي چۆگۈنلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئالدىرىشىپ يۈرۈشەتتى. تونۇرنىڭ قېشىغىلا، يەرنى ئويۇپ ياسىغان ئوچاقتا، ئانچە چوڭ بولمىغان بىر قازان ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ تۈۋۈقى ئۈستىگە يېپىپ قويغان داستىخان ھوردىنىپ كەتكەنىدى. تۈنۈگۈن ياكى بۈگۈن ئەتىگەن مەكتەپكە مېڭىش ئارىلىقىدا بولسۇن، مېھمان چاقىرىش توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ - سۆز بولۇنمىغانىدى. دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ غەلىتە خۇشامەتلىرى، تۇزدەك ياسىنىۋالغان گۈلرۇزنىڭ سەت ھىجىيىشلىرىدىن، گۈلزىبانىڭ يۈرىكى «قارتلا» قىلىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. چۈنكى تۆت - بەش كۈندىن بېرى، ھەر كەچتە، چۈشتە قايىت، بۈمەرەمخانلار ئۇنى كېرىموف بىلەن توي قىلىشقا قىستاۋاتاتتى. ئۇلار ئۆسۈمنىڭ ئىككى مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنلىكى، قورۇ - جاينىڭ قولدىن كېتىپ، ئائىلىنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقى، ئىنى - سىڭىللىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەيتتى، يىغلاپ،

قاقشايتتى. قورقاق سىلىپ، گۈلزىبانى تەڭلىك ئىسكەنجىسىدە قىساتتى... ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن گۈلزىبا شارتلا ئارقىسىغا قايرىلغانىدى، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان ناتونۇش تۆت خوتۇن ئۇنىڭ بىلەكلىرىدىن كاپلا قىلىپ تۇتتى ۋە ھەرخىل سۆز - ھەرىكەتلەرگە يۆلەپ ئۇنى ھوجرا ئۆيگە سۆرىدى. گۈلزىبا: «مەن سەنلەرنى تونىمايمەن... مېنى قويۇۋەت؟...» دەپ ۋارقىرىدى، سىلكىنىپ باقتى. ئېلىشتى لېكىن كۈچى يەتمىدى. ئۇلار ئۇنى ئىتتىرىپ، تارتىشتۇرۇپ ھوجرا ئۆيگە ئەكىرىۋالدى. ئۆي ئىچىدە ۋاڭ - چۇڭ، قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى. ۋارقىرىغان، چىرقىرىغان، نېمىلەرنىڭدۇر گۈلدۈر - غالاپ قىلىپ ئۆرۈلگەن، يىقىلغان ئاۋازلىرى مېھمانلار بار ئۆيلەرگىمۇ ئاڭلاندى. بۇ سەتچىلىكتىن خىجالەت بولغان بۇمەرەمخان ھوجرا ئۆيگە كىردى - دە، گۈلزىبانىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلدى. ئۇ يىغلايتتى، يالۋۇراتتى، مېھمانلار ئالدىدا رەسۋا قىلماسلىقنى ئۆتىنەتتى. توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقىنىغا، بەرگەن ئاق سۈتىگە ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ بېسىم ئىشلىتەتتى. كۆڭلىدىن قانداقتۇر ئۆي كەچكەن گۈلزىبا بىردىنلا جىمىپ قالدى، قاراپ تۇرغانلارمۇ بىر - بىرىگە باشلىرىنى لىڭشىتىشتى.

— بوپتۇ ئانا، سىزلا خوش بولسىڭىز مەن رازى، — گۈلزىبا ئانىسىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى، — مەن يۈزلىرىمنى يۇيۇۋالاي...

ناتونۇش تۆت خوتۇننىڭ بىرسى چىلاپچىغا، بىرسى لۈڭگىگە يۈگۈرۈشتى. قالغانلىرى سومكىلىرىدىكى ئوپا - ئەڭلىك، سۈرمىلەرنى ئىزدىشىۋاتقاندا، گۈلزىبا ئىشىكتىن چىقتى - دە، مېھمانلار بار ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى. تويى بولۇۋاتقان قىزنىڭ ئەسەبىي ھالىتى، ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرى، يىغىدىن ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرى ھەممىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. بۇ ئەسنادا، كەينىدىن قوغلاپ كىرگەن تۆت خوتۇن ئۇنىڭغا ئېسىلغانىدى، گۈلزىبا ئۇلارنى ئىتتىرىۋەتتى.

— مېنى تارتىشما، — دېدى گۈلزىبا دەھشەتلىك چىرقىراپ، — مەن رازى بولدۇمغۇ؟ لېكىن ئىككى ئېغىز گېپىمنى قىلغىلى قويۇشمامسەن؟...

— ئۇنى گەپ قىلغىلى قويماڭلار!...، — ۋارقىرىدى بۇمەرەمخان، — ئۇ گەپ قىلمىسۇن!...

— هاي - هاي، غەلۋە قىلماڭلار، — مېھمانلار ئارىسىدىكى مويسىپىت بىر ئادەم ئاچچىقلاپ قالدى، — تويمۇ بۇ، هازىمۇ؟... نېمە ئۈچۈن گۈلزىبا قىزنى گەپ قىلغىلى قويمايسىلەر؟...

— ئاتىلار... قۇلۇم - قوشنىلار، — دېدى گۈلزىبا هاسىراپ، — مەن توي قىلغان ئايال... هازىر قورسىقىمدا ئۈچ ئايلىق بالام بار... ئېرىم هېكمەت هازىر سۈرگۈندە... ئىشەنمىسەڭلار ئاقمۇللا ئىمامدىن سوراڭلار، ئۇ نىكاھ ئوقۇغان!... شاھىدلارمۇ قاتناشقان... دادام، ئانام مېنى كېرىموفقا...

شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن گۈلرۇز گۈلزىبانىڭ ئارقىسىدىن قول ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى - دە، ئۇنى ئارقىچە سۆرەپ ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قالغان خوتۇنلارمۇ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ھۇجرىغا ئەكىرىۋالدى.

— ھىم ماقۇل، — دېدى بايىقى مويسىپىت، — تام قوشنا تۇرۇپ ئاقمۇللا ئىمامنى نېمىشقا چاقىرمىدىكىن دېسەم، ئىش مۇنداقكەن - دە... بىر ئەرنىڭ نىكاھىدىكى مەزلۇمغا ئۇستىلەپ نىكاھ ئوقۇيدىغان بۇنداق گۇناھلىق سورۇندا ئولتۇرالمايمەن... مېنى ئەپۇ قىلىڭلار...

مويسىپىت چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە بىرمۇنچە ئادەم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. باياتىندىن بېرى جامال توختىنىڭ بېقىنىدا تاتىرىپ، سارغىيىپ، كۆكىرىپ ئولتۇرغان كېرىموف ئۆزى تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى ئارانلا تۇتۇپ قالالىدى. قايىت بىلەن بۇمەرەمخانمۇ قۇلۇم - قوشنىلىرىغا يالۋۇرۇپ: «يىگىت تەرەپتىن قىزغا ئەۋەتمەكچى بولغان ئالتۇن پۇپۇزا بىلەن بىر تال قۇيما ئۈزۈكنىڭ تېخى پۈتمىگەنلىكىنى، شۇڭا گۈلزىبانىڭ ئاچچىقىدا بۇ گەپلەرنى قىلغانلىقىنى» ئېيتىپ، بۇ يالغان - ياۋىداقلىرى بىلەن ئۇلارنى تۇتۇپ قالدى. ئەمما ھۇجرا ئۆيدە كۆتۈرۈلۈۋاتقان غەلىيان شۇ چاققىچىلا بېسىقمايۋاتاتتى. گۈلزىبا ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، بىر - بىرىدىن يوغان،

ھەرىكەتلىرى قوپال بەش - ئالتە خوتۇن بىلەن ئېلىشىپ، بار ئاۋازدا ۋارقىراپ، چىرقىراپ، تىللاپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ بېشى چىگىقىلىپ، ئىككى چېكىسى ئېتىلىپ كەتكۇدەك ئاغرىيتتى. مۇشۇ پەيتتە، گۇلرۇز كىرگەنچە، گۇلزىبانىڭ ئاغزىغا بىرنى سالدى...

— ھەي رەسۋا جالاپ، زۇۋانىڭ بېسقامدۇ - يوق؟ — گۇلرۇزنىڭ تۇكۇرۇكلىرى چاچرىدى، — جامائەت ئالدىدىغۇ بۇزۇقلىقىڭنى ئاشكارىلىدىڭ... ئەمدى ھازازۇللىقىڭنى جاكارلىماقچىمۇ سەن؟...

— ۋۇي بۇزۇق شاپاقچى! — گۇلزىبا گۇلرۇزنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى، — سەن... سەن كونا ئاشناڭنى ماڭا تاڭماقچىمۇ... ئۆزۈڭ تەگ...

— بىلىپ قوي، سېنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۇ سېسىق پورغا تېگىدىغانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوينىدىم... ئەمدى مەندىن ئاشقىنى ساڭا قالدى!...

— ھەي ئىپلاس، سەنمۇ بىلىپ قوي، مەن ئۇنىڭغا ھېكمەت تۇتقان قوللۇرۇمنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمايمەن...

ئۇلار ئۆي ئوتتۇرىسىدىلا يومىداقلىشىپ كەتتى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن گۇلزىبانى گۇلرۇز ئاستىغا بېسۋېلىپ، كاچىتىغا بىر - ئىككىنى سېلىۋەتتى. گۇلزىبانىڭ كالپۇكى يېرىلىپ ئاغزى قاناپ كەتتى.

— نەبى؟... نەبى ئۇكام!... — كارنىيى بوغۇلۇپ قالغان گۇلزىبا ئارانلا ۋارقىرىدى، — جېنىم ئۇكام، قېنى سەن؟...

— ۋارقىرا، ھە، ۋارقىرا! — دېدى گۇلرۇز گۇلزىبانىڭ بوينىنى سىقىپ، — ئۇ دالتىكىڭنى ئانام ئالىقاچان لوپ سامپۇلغا ئەۋەتىۋەتكەن... ئەمدى ئۇ سېنى قۇتقۇزالمايدۇ...

— تارت قولۇڭنى! — ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىرگەن گۇلشەن خانىم گۇلرۇزنى ئىتتىرىۋەتتى، — قانداق بىشەم، ياۋۇز نېمىسەن؟...

— گۇلشەن دوستۇم! — گۇلزىبا ئۇنىڭ بويۇنلىرىدىن قۇچاقلىۋالدى، — مېنى... مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كەت... مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن...

— خاپا بولما دوستۇم، مەن ئاڭلاپلا كېلىشىم، — گۈلشەن خوتۇنلارغا قارىدى، — گۈلزىبا شۇنچىۋالا بولۇپ كەتكۈچە، تاماشا كۆرۈپ تۇردۇڭلارما؟ . . . سىلەر نېماندااق قارا كۆڭۈل خەق؟ . . .

گۈلشەن گۈلرۇزنى تىللاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، قولياغلىقىدا گۈلزىبانىڭ ئاغزىدىن ساقىغان قاننى سۈرتتى. چۇۋۇلغان چاچلىرىنى ئوڭلاپ، يۈزلىرىنى سىيلىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا تۇيۇقسىز چۆچۈپ كەتكەندەك بولدى.

— ۋۇي، بېشىڭ قىزىپ كېتىپتىغۇ؟ . . .

— بېشىم يېرىلىپ كەتكۈدەك ئاغرىپ كېتىپ بارىدۇ. . . — گۈلشەننىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ تىترەۋاتقان گۈلزىبا ئاستا ئىڭرىدى، — مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەتكىن، مەن سەندىن خوش بولۇپ كېتەي. . .

— بېشىڭ بەك قىزىپ كېتىپتۇ. . . بۇ تۇرقۇڭدا مەن سېنى قانداق ئېلىپ كېتىمەن؟ ئازراق دورا ئىچىۋالغان بولساڭ. . .

— ياق، ياق، دورا ئىچمەيمەن. . . چاپسانىراق. . . بول. . . كېتەيلى. . . ، گۈلزىبا بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

— دورا ئىچمىسەڭ قانداق بولىدۇ؟ . . . ئۆيۈڭدە باش ئاغرىقى دورىسى يوقمۇ؟ . . .

— ئانامنىڭ دورىلىرى ئارىسىدا بار. . . ئۇ. . . ئۆيۈقتا، قاراپ باققىن. . .

— سىلەر نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ — گۈلشەن ئاياللارغا ۋارقىرىدى، — دەرھال قايناق سۇ ئەكىلىڭلار! . . .

گۈلشەن بىرمۇنچە قەغەز خالتا، قۇتىلاردىكى دورىلارنىڭ ئىسمىلىرىغا قاراپ چىقىپ، بىر قەغەز بولاقنى كۆرسەتتى. گۈلزىبا باش لىڭشىتقاندىن كېيىن ئۇ بولاقنى شىرىقلىتىپ ئاچتى ۋە يەنە قايتىدىن ئوراپ ئۆيۈققا قويدى. ئۇ بارماقلىرى ئارىلىقىدىكى ئىككى تال ئاق تابلېتكىنى گۈلزىبانىڭ ئاغزىغا سېلىپ، بىر پىيالە قايناق سۇنى ئۇنىڭغا زورلاپ يۇرۇپ ئىچۈرۈۋەتتى.

— ياخشى بولۇپ قالىسەن، — دېدى گۈلشەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، — ئەمدى

بىردەم ئارام ئېلىشۋالغىن. . .

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، گۈلزىبانىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، قاپاقلىرىنى كۆتۈرەلمەيلا قالدى. ئۇ بارا ـ بارا جىمىپ كەتتى. ھەتتا ئۇنى تۆت ئادەم گىلەمگە سېلىپ كۆتۈرۈپ، ئۆتتىن ئاتلاتقاندىمۇ، لاتا پىكاپقا سېلىپ ماڭغاندىمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى.

. . . ماھىگۈلنىڭ توي توغرۇلۇق بايانىنى ئاڭلىغان ھېكمەت تۇيۇقسىزلا تامغا شۇنداق ئۇردىكى، ئۇنىڭ مۇشتۇمىنىڭ تېرىلىرى سويۇلۇپ، ئۇگە ـ ئۇگىلىرىدىن قان تەپچىرەپ چىقتى. ئۇ گۈلزىبانى دورا ئارقىلىق بىھوش قىلىپ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. دورىنى ئۇيۇققا زادى كىم قويۇپ قويغان؟ قايىت بىلەن بۇمەرەمخانمۇ؟ ياكى كېرىموفمۇ؟. . . بۇ ئەلۋەتتە ئالدىنئالا تەييارلانغان سۇيىقەست! . . . توغرا، بۇ گۈلرۇزنىڭ ئىشى بولۇشى مۇمكىن. . . چوقۇم شۇ! . . .

ھېكمەتنىڭ بۇ پەرەزلىرىگە ماھىگۈل قېتىلمىدى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارغا ئۇقتۇرۇلمىغان بۇ يوشۇرۇن تويىنى گۈلشەن كىمدىن ئۇقۇپ يالغۇز كېلىدۇ؟ ئەجىبا شۇنچە زوتا، يامان خوتۇنلار، ھەتتا لۈكچەك گۈلرۇز ئۇنىڭ ۋارقىراپ تىللاشلىرىغا سۈكۈت قىلىپ، بۇيرۇقلىرىغا بوي سۇنىدۇ؟. . . ئەگەر گۈلشەن خانىم دوستىنىڭ بەختسىزلىكىگە ھەقىقىي ئېچىنسا، مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ياكى مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتامدۇ؟ ئۇنىڭ گۈلزىباغا دورا ئىچۈرۈشتە شۇنچە چىڭ تۇرۇۋېلىشى ئادەمنى گۇمانغا سالامدۇ؟ . . .

ھېكمەت ماھىگۈلنىڭ سۆزلىرىدە ھەقىقەت بارلىقىغا ئىشەندى. گۈلشەننىڭ گۈلزىباغا يېقىن دوست ئىكەنلىكىنى بىلگەن كېرىموف ئۇنى سېتىۋالغان. گۈلشەن قەغەز بولاقنى ئالغان بولۇپ، ئالدىن تەييارلانغان دورىنى ئىچۈرۈۋەتكەن. . .

— ھېكمەت ئاكا، ئەمدى. . . ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟ — دېدى ماھىگۈل يىغلاپ تۇرۇپ.

— نېمە قىلىشنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. . . — دېدى ھېكمەت ئېغىر خىيالغا چۆكۈپ، — قۇربان ھاكىم كەلگەندە بىرگەپ بولار. . .

— ھېلى كۈن ئۆلتۈرىدۇ. . . مەن قايتاي، — دېدى ماھىگۇل ئەسەبىــــي ھالەتتە گاراڭ ئۆلتۈرغان ھېكمەتكە، — ئاچامغا دەيدىغان گەپلىرىڭىز يوقمۇ؟ . . .

— ئەمدى نېمىمۇ دەرمەن؟ . . . — ھېكمەت سائىتىگە قارىدى، — جۇرۇڭ، ئاشخانىغا بارايلى، قورسىقىڭىز ئاچقاندۇر؟

— ياق، گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمەيدۇ. . . مەن كېتىمەن. . .

ياتاقنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، يۈزلىرىنى قاپقارا ساقال بېسىپ كەتكەن بىــر شــوپۇر بوسۇغىدىلا تــوختاپ: «ھېكمەتجان، شېغىلنى ئېلىۋالغان بولسىلا!» دەپ قويــۇپ چىقىپ كەتتــى. ھېكمەت ماھىگــۇلنى باشــلاپ چىقتى. گەرچە ئۇ ئەتىگەن چاي ئىچكەن بولسىمۇ، قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنى تۇيمايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇمانلىق بولۇپ، ئەتراپتىكى ھەممە نېمە گويا ئازاپ رەڭگىدە بويالغاندەك، ساپ - سېرىق كۆرۈنەتتى. ئۇچرىغانلىكى ئادەم خــۇددى ئــۈزۈن يىل كېســەل تارتقاندەك، ھەرىكەتلىرى ســۇس، چىرايلىرىدا قان دىدارى قالمىغاندەك بەترەڭ ئىدى.

شوپۇر كۆرستىلگەن يەرگە شېغىلنى تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن، ھېكمەت ماھىگــۇلنى ئــۇنىڭ كابىنكىسىغا سېلىپ قــويدى. ھېكمەت ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن قانچىلىك تىكىلىپ قاراپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى. تا ئۇنىڭ قارىسى توپا - توزانلار ئىچىدە يوقالغۇچە، ئورنىدىن قوزغالمىدى ۋە بىــردىنلا كۆڭلىدە ماھىگــۇلنى كەتكۈزمەي، ئــۇنىــڭ گەپلىرىنى كۆپرەك ئاڭلاش، ئۇزاقراق مۇڭدىشىش ئىستىكى تۇغۇلدى. ئىش قىلىپ گەپ قايىت، كېرىموف، گۇلرۇز توغرۇلۇق بولمىسىلا مەيلى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا گەپلەرمۇ يېتەرلىكقۇ. . . ئائىلىــى، مەكتەپ، ئوقۇش، ئىمتىھان، دوستلار ھەققىدە سۆزلىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. . . ھە راست، گۇلزىبا بىلەن ئاچچىق ئالاراھەتنى يەپ چىرايلىرىنىڭ قورۇلۇپ كەتكەنلىرى، كېسەك قۇيغاندا، مۇراتنىڭ ئەكەلگەن تاماقلارنى تېپىش توغرۇلۇق ئويۇن چىقارغانلىقى. . . توغرا، قوشكۆل يولىدا ئوغرىلارنى قوغلىغانلىقى. . . مۇراتنىڭ زۇمرەتنىڭ قولىغا ئوت يېقىپ سولىنىپ قالغانلىقىچۇ تېخى. . .

ھېكمەتنىڭ كۆڭلى بۆلەكچىلا ئەلەمزادە بولدى. . . تېخى ئۇ ئىككى سائەتنىڭ ئالدىدىلا ئاجايىپ خىياللارغا چۆككەنىدى. ئۇ چاغدا ھايات ۋە بەخت بارلىق ئۇنچە چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىغانىدى. راست، خاتىرىسىگە نېمىلەرنىدۇر يازغاندەك قىلىۋىدى. . . ئەمدى. . . ئەمدى. . . ئۇنىڭ نېمە كېرىكى قالدى؟. . . سومكىدا خاتىرىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. . . بەلكىم ئۇ ھازىر سۇ ئامبىرىنىڭ تېگىدە پاتقاقتا پېتىپ ياتقاندۇر؟. . .

پۈتۈن ۋۇجۇدى تاشقا ئايلىنىپ قالغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن ھېكمەت مەقسەتسىزلا تۇسمىنىڭ ئادەمسىز چەت ياقىلىرىدا، سۇ ئامبىرىنىڭ يىراق پاسىللىرىدا ئايلىنىپ يۈردى. كىملەردىندۇر مەدەت تىلىگەندەك، ئېگىز ئاسمانغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. دۆڭلۈكلەر ئارا قىزىرىپ كەتكەن يۇلغۇن چېچەكلىرىگە تىكىلىپ قالاتتى. بىرەر ئىشنى ئويلاپ، ئاخىرىغا يەتكۈزەلمەيتتى. قانداقتۇر بىر ـ بىرىدىن چېگىش ھەم دەپ بەرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر ئۇنىڭ بېشىنى گاراڭلا قىلىپ قويغانىدى. ھېكمەت ئەڭ ئېگىز قۇم دۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. بۇ يەردىن سۇ ئامبىرىنىڭ چەكسىز كەتكەن كۆپكۆك سۈيى، تۇسمىدا قارا چۆمۈلىلەردەك مىدىرلىشىپ يۈرگەن دېھقانلار، يىراق قىرغاقتا خۇددى كۆپۈكتەك لەپەڭلەپ تۇرغان بېلىقچىلار قولۋاقلىرىغىچە كۆرۈنەتتى. ھېكمەتنىڭ بېشى ئىككى تىزى ئارىسىغا ئېگىلىپ، يىغلىۋەتتى. ئۇ ئۆمچىيىپ، ئىسەدەپ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق يىغلىدى. كۆزلىرىنى تۇتاش مانانلاشتۇرغان سۈزۈك ياش پەردىلىرى ئارا مېھرىبان ئاپىسى، كۆيۈمچان دادىسى، قېرىنداشلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇ، ئۆزىنى قانچە قىلىپمۇ تۇتۇۋالالمىدى. بۇ يىغا نە ـ نەلەردىندۇر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى. ئاچچىق ھەم تۇزلۇق ياشلار ئۇنىڭ لەۋ سىزىقلىرىغا سىڭىپ، ئېڭەكلىرىدىن توختىماي ئاقاتتى. . .

تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى! . . . ئەمدى ھاياتنىڭ نېمە لەززىتى قالدى؟ بۇرۇن تاغدەك بالايىئاپەتلەر، ئادەملەر سالغان تۈرلۈك ـ تۈمەن خورلۇقلار، خىزمەتنىڭ ئېغىر بازغىنى ھېچنېمىگە دال بولمايتتى. چۈنكى

گۈلزىبادىن ئىبارەت بەخت قۇشى ئۇنىڭ كۆڭۈل قەپىزىدە ئىدى! . . . ئۇ چاغدا، ھېكمەتنىڭ يۈرىكى پۈتۈن، قەلبى ئۈمىدلەرگە تولغانىدى! . . . بەخت قۇشى ئۇنىڭغا مەدەت ۋە ئىلھام بېرەتتى. . . ھەر قېتىم كۈلۈپ باققىنىدا، كۈچ ـ قۇدرەتكە تولاتتى. ئۇلار بىلەن بۇ قۇياشلىق جاھان شۇنچە گۈزەل، شۇنچە ماتانەتلىك ھەم مەنىلىك ئىدى! . . . ئەمدى ئۇ قۇش ئۇچۇپ كەتتى! . . . بارسا ـ كەلمەس يەرلەرگە قانات قېقىپ، ھېكمەتنى بەكمۇ يىراقلاپ كەتتى! . . . قەلبىنىڭ پىنھان سارىيىدىكى گۈل بەدەننى كىملەردۇر تارتىپ ئېلىپ كەتتى. . . گۈلزىبا، ھېكمەتنىڭ شادلىقى، ھاياتى، بەختى ئىدى. ئەمدى بۇلارسىز ئۇ كىملەر بىلەن سىردىشار؟ كىملەرگە مۇڭلىرىنى تۆكۈپ، يۈرىكىدىكى دەرد ـ ئەلەملىرىنى بوشىتار؟ شادلىقىنى، پىراقلىرىنى ناخشىلىرىغا قېتىپ، كىملەر بىلەن ئورتاقلىشار؟ . . .

ھېكمەت ئىسسىق ئەيلىگەندەك بېشىنى چايقاپ يىغلىماقتا ئىدى. . . شۇنداق، ئۇنىڭ كۆڭۈل بوستانى ھازىر چۆلدەرەپ قالدى. گۈللەر سولاشتى. . . يوپۇرماقلار سارغىيىپ تۆكۈلدى. . . ئېرىقلاردا شىرقىراپ ئېقىپ تۇرغان سۇلىرى قۇرىدى! . . . غۇۋۇلداپ قالغان باغلار ئارا سوغ شامماللار ئۇچۇپ يۈرمەكتە! . . . بىر زامانلار بۇ قەلب جەننىتىدە گۈلزىبا ئاتلىق بىر ھۆر ياشايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل رۇخسارى، ئەقلىي ـ پەزىلىتى، شېرىن ـ لەزىز خۇلقى كامالى بىلەن بۇياققا بەخت ۋە سائادەت ئاتا قىلغانىدى! . . . ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدا كۆڭۈلسىز بىر خارابىلىقلا قالدى! . . .

قۇياش يىراق قۇم دۆڭلۈكلىرىنىڭ تەسكەيلىرىگە سۆسۈن رەڭ سايىلارنى تاشلاپ ئاستا پاتماقتا ئىدى. سۇ ئامبىرى قىزىل يېتلەس تالالىرىدەك چاقناپ ئاستا تەۋرىنەتتى. قولۋاق ئۈستىدە تور تاشلاۋاتقان بېلىقچى گويا قان ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەندەك قىپقىزىل نۇر ئىلكىدە قالغانىدى. ھېكمەت ئەلەملىك خىياللار بىلەن ئولتۇرۇۋەرگەنمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىر قول چۈشتى. بۇ قۇربان ھاكىمنىڭ قولى ئىدى. ھاكىمنىڭ كۆزلىرىدىكى «تەقدىرگە تەن بەر. . . بەردەمرەك بول. . .»

دېگەن مەنانى سەزگەن ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭغا تاشلىنىپ يىغلىۋەتتى. . .

— بۇ قانداق رەھىمسىز تەقدىر؟ . . . مېنىڭ ھالىمغا يېتىدىغان ئادەممۇ چىقارمۇ؟ . . . قۇربانكا ماڭا جاۋاب بېرىڭ. . . ئۆزلىرىدەك ئاق كۆڭۈل ئادەملەر تۇرۇقلۇق، مەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇ كۈنلەرگە قالدىم؟ . . . گۈلزىبا نېمە خورلۇقلارنى تارتىۋاتىدۇ؟ . . .

ھاكىم باغرىغا چاپلىشىپ تۇرغان ھېكمەتنىڭ دۈمبىسىگە بوش پەپىلىدى ۋە ئۇنى باشلاپ ئېلىپ كەتتى. ئۇلار يول بويى ئۈن - تىن قىلىشماي جىمجىت مېڭىشتى. ھاكىم شەھەردىن خېلى بالدۇرلا چىققانىدى. ئۇ قۇم ئالىدىغان يەر، توسما، زاكۇ ۋە دېھقانلار ئارىسىدىن ھېكمەتنى تاپالماي ئاشخانىغا كەلدى. زوراخۇن ئۇستام ھېكمەتنىڭ چۈشلۈك تاماقتا كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاخىرى ئۇ شېغىل يۇيۇۋاتقان ياش باللاردىن، «شەھەردىن بىر كىچىك قىز چىققاندىن كېيىن، ھېكمەتنىڭ بىر قىسمىلا بولۇپ يوقاپ كەتكىنىنى ئاڭلىدى. ھاكىم توسما ئۈستىگە چىقىپ، سۇ ئامبىرىنىڭ قىرغاقلىرىغا قاراۋېتىپ، يىراقتىن دۆڭ ئۈستىدە قارىيىپ كۆرۈنگەن كىچىككىنە گەۋدىنى كۆرۈپ، ئىزدەپ بارغانىدى.

قۇربان ھاكىم ھېكمەتنى ئاشخانىغا باشلاپ ئاپىرىپ، ئۇنىڭ «گېلىمدىن بىر نېمە ئۆتمەيدۇ» دېگىنىگە ئۇنىماي، تاماق يېگۈزدى. ئاندىن ياتاققا باشلاپ كەلدى. ھاكىم بىردەمدىلا چاي دەملىدى. ھېكمەتنىڭ چىرايى يېرىم كۈن ئىچىدىلا تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، خۇددى ئون يىل كېسەل تارتقان ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ھېكمەت ھەممە ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بولغاچقا، ھاكىم نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. ئۇ بۈگۈن چۈشكە يېقىن شەھەرگە كىرىپ، ئۈتتۈرلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا باردى. ئىشتىن چۈشۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغان ئىمىن سوپى ئۇنى كۆرۈپلا ھودۇقۇش، تەمتىرەش ئىچىدە قارشى ئالدى. چۈنكى ھاكىمنىڭ كىرىموفنىڭ ساختا توي خېتى ئالغانلىق مەسىلىسىنى «باشقا ئىشنى

توختىتىپ دەرھال تەكشۈرۈڭلار» دەپ تاپىلاپ قويغىنىغا ئىككى ھەپتە بولغانىدى. ئىمىن سوپى «ئۆز ئوقۇغۇچىسىغا باسقۇنچىلىق قىلغان بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ۋاقىت ئاجرىتالمىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن ساۋۇر روزىنىڭمۇ خەۋىرى بارلىقىنى ئېيتىپ، ھاكىمدىن كەچۈرۈم سورىدى. قۇربان ھاكىم بۇ ساختا توي خېتى گۈلزىبانىڭ تەقدىرىگە تەھدىت سېلىپ، تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، قاتتىق چېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئىمىن سوپىدىن گۈلزىبانىڭ تونۇگۈن توي قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، ئىككىنچى باشلانغۇچ مەكتەپكە باردى. ئوقۇتقۇچىلار ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكىلەر ئۇنىڭغا: «گۈلزىبا خانىم تاڭ سەھەردە قېچىپ كەلدى، ئۇنى مەكتەپ مۇدىرى چىنار خانىم ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى» ، دەپ ئېيتىشتى. چىنار خانىمنىڭ يولدىشى يەرلىك كومىتېتتا ئىشلەيتتى. ئۆيىمۇ ئىدارە قورۇسى ئىچىدە ئىدى. چىنار خانىم قۇربان ھاكىمنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. چۈشلۈك تاماق يېيىلىپ بولغان بولغاچقا، دەرھال چاي دەملىدى. ئۇنىڭ يولدىشى كاماندۇرۇپكىغا چىقىپ كەتكەچكە، ئۇ ئۆزى يالغۇز ئىدى. باللار بولسا تامىقىنى يەپلا مەكتەپلىرىگە مېڭىشقانىدى. ھاكىمنىڭ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى بىلگەن چىنار خانىم ئىچكىركى ئۆينى ئىشارە قىلدى ۋە گۈلزىبانىڭ تويى بولۇش جەريانىدىن تارتىپ ئۇنىڭ قانداق قېچىپ چىققانلىقىغا قەدەر ئەھۋالنى پەس ئاۋازدا سۆزلەپ بەردى.

... گۈلزىبا ئوتتۇرا كېچە بىلەن ھوشىغا كەلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا، ئۆزىنىڭ قانداقتۇر يات بىر ئۆيدە يېرىم - يالىڭاچ ھالدا ياتقانلىقىنى بىلدى. يېنىدا بولسا كېرىموف ئاغزى ئوچۇق ھالدا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يوغان قورسىقى خۇددى تەگنىدىن تېشىپ چىققان خېمىردەك، ئىككى تەرىپىگە ئېسىلىپ تۇراتتى. گۈلزىبا بىردىنلا چىرقىراپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، كېرىموفنىڭ يۈزىگە چاڭگال سېلىپ، ئۇنى بوغۇۋالدى. بىردەمدىلا، ئىككىسى ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ ئېلىشتى. دەرھال كىيىملىرىنى كىيىۋالغان گۈلزىبا ۋارقىرايتتى، چىرقىرايتتى.

چىنە ـ قاچا، چايدان، ئەينەكلەرنى چېقىپ، دېرىزە پەردىلىرىنى يىرتىپ، يوتقان ـ كۆرپە، ياستۇقلارنى ئېتىپ، بىردەمدىلا ئۆينى خۇددى ئېغىر يەر تەۋرىگەندىن كېيىنكى خارابىلىققا ئوخشىتىپ قويدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ گۈلزىبانىڭ ئەسەبىيلىكىنى، قاتتىق ئاۋازىنى چەكلىيەلمىگەن كېرىموف بۇ كېچىدە قۇلۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا يالۋۇردى، يېلىندى... قانداقتۇر ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. بىراق، گۈلزىبا توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئېتىلىپ كېلىپ، كېرىموفقا قول سالاتتى. يۈزلىرىگە تۈكۈرەتتى، تاتىلايتتى. كۆزگە ئىلىنغانلىكى نەرسىلەرنى يەرگە، تاملارغا ئېتىپ، پارە ـ پارە قىلىۋېتەتتى. تۇيۇقسىزلا يۈزىگە تەگكەن بىرنەچچە مۇشتتىن، گۈلزىبانىڭ بۇرنى قاناپ، يۈزلىرىگە كۆك چۈشتى:

— ھە، بۇزۇق جالاپ، — دېدى كېرىموف غەزەپكە كېلىپ، — مەن سېنىڭ پۇۋلىگەن دوۋساقتەك تومپىيىپ قالغان قورسىقىڭنى كۆرۈپمۇ ئېغىر ئالمىسام، سەن تېخى شۇنچىۋالا ھەددىڭدىن ئاشامسەن؟...

— ۋۇي، ئەركەكتەك غۇرۇرى يوق لامزەللە، — گۈلزىبا نومۇس قىلىپ ئولتۇرمىدى، — بىلەمسەن، قورسىقىمدىكى ھېكمەتنىڭ بالىسى!... ئۇ تۆت ئايلىق بولاي دېدى... شۇنچە خوتۇندىن بالا تاپالماي، ئەمدى باشقىلارنىڭ تەييار بالىسىغا ئىگە بولماقچىمۇسەن؟... سەن خوتۇن ئالىمەن دېگۈچە ئەرگە تەگ!...

كېرىموف گۈلزىبانىڭ ئاغزىغا يەنە بىر مۇشت سالدى. ئاغزى ـ بۇرنىدىن چىققان قان قوشۇلۇپ بىردەمدىلا ئۇنىڭ يۈز ـ بويۇن، كۆڭلەكلىرىنى بويىۋەتتى. ئۇلار جېدەل بىلەن تاڭنى ئاتقۇزۇۋەتتى. سەھەرگە يېقىن، كېرىموف سىرتقا چىقتى ـ دە، ئىشىككە سىرتتىن قۇلۇپ سېلىۋەتتى. كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تۈرنەكلەپ قولتۇقىغا قىستۇرغان گۈلزىبا دېرىزە ئەينىكىنى چېقىپ كوچىغا سەكرىدى. ئۇ ئۆيىگىمۇ بارماي، ئۇتتۇر مەكتەپكە كەلدى. دەرۋازىنى ئېچىپ بەرگەن خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى نۆۋەتچى ئۇنىڭ قانغا بويۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قورقۇپ كەتتى. گۈلزىبا گەپمۇ قىلماي يۈگۈرگىنىچە ئىشخانىسى ئالدىغا كەلدى.

— ئەسلىدە گۈلزىبا ئۆلۈۋېلىش ئالدىدا خەت قالدۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپكە كەلگەنىكەن، — دېدى چىنار مۇدىر، — لېكىن ئۇنى نۆۋەتچى سىرتقا چىققىلى قويماي، خەۋەرلىشىش بولۇمىگە سولاپ قويۇپتۇ، مانا ئۇنىڭ يازغان خېتى. . . كۆرۈپ باقسىلا!

هاكىم ئۈچ بەتلىك خەتنى قولىغا ئالدى ۋە ئىچىدە ئوقۇپ چىقتى. خەتنىڭ باش تەرىپىدە كېرىموفنىڭ بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە چىققاندىن كېيىنكى ئۆزىگە قانداق بېسىملارنى ئىشلەتكەنلىكى، مەقسىتى ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن، قىمارۋاز قايىتنى پۇلغا سېتىۋېلىپ، «ئۆسۈم»، «قورۇ - جاينى تارتىۋېلىش» دېگەندەك زورلۇق ئارقىلىق، گۈلزىبانى توي قىلىشقا قىستىغانلىقى، هېكمەتكە ئېرىشەلمىگەن گۈلرۇزنىڭ ئۆچمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ساختا تويى خېتى ئالغانلىقى، مۇشۇنداق ۋەھىمە، تەھدىت بىرلىكتە هۇجۇم قىلغان شارائىت ئاستىدا، هېكمەت بىلەن قاچان، كىملەرنىڭ شاهىدلىقىدا نىكاھ قىلغانلىقى قاتارلىق جەريانلار يېزىلغانىدى. خەتنىڭ ئاخىرى تەرىپى جەمئىيەتكە، ئادەملەرگە، مەنسەپدارلارغا نىسبەتەن كۆتۈرگەن چۇقان ھەم ئىسيان ئىدى. . .

. . . «بۇ ناهايىتى رەزىل دۇنيا ئىكەن. . . پەقەت پۇلدارلار، ئەمەلدارلار، شۇم نىيەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن بەجايىكى جەننەت! . . . ئۇلار ئۆز ئىمتىيازلىرى بىلەن بارلىق ئەسكىلىكلەرنى قىلالايدۇ. . . رەزىل مەقسەتلىرىگە يېتەلەيدۇ. . . خەلق بەرگەن هوقۇق، ئەمەلنى قانلىق قىلىچ قىلىپ، بىچارە ئاۋامنىڭ بوينىغا سالىدۇ. . . مەنپەئەت، تاما، شۆھرەت كويىدا ھەقنى ناھەق، ئاقنى قارا، توغرىنى خاتا قىلىپ، بىچارىلەرنى كۆيدۈرىدۇ. . . ئۇلارنىڭ نالە - پىغانلىرىدىن لەززەت تاپىدۇ، هۇزۇرلىنىدۇ. . . بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، هېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان، جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئوشۇقچىلا بىر ئەخلەت دۆۋىسى ئوخشايدۇ! . . . «مۇئەللىم» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدۇ. . . ئەسلىدە

شۇلارمۇ ئۇستاز ئەجرىدىن ئەمەل ئېتىغا مىــــنگەنغۇ؟...
ئۇستازنىڭ بىلىم بۇلاقلىرىدىن سۇنغان شەربەتلىرىنى ئىچىپ
ئادەم قاتارىغا كىــرگەنغۇ؟... بىــز ئــوقۇتقۇچىلار ئۆزۈڭلار
تۈزۈۋالغان قانۇن ـ نىزامىڭلارنى يىرتىۋەتمىدۇق... سىلەرنى
سەمــرىتىۋاتقان هارام مەئىشەتلىرىڭــلارنى تارتىۋالمىدۇق...
بىزنىــڭ كــۆزىمىزنىڭ ئوچۇق بــولغانلىقى، نېمىنىڭ تۈز،
نېمىنىڭ قىڭغىر ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىمىز گۇناهمۇ؟...
هەرقانداق هەرىكەتنىڭ نىشانى ئوقۇتقۇچى!... رەڭگا ـ رەڭ
قالپاقنىــڭ ئىگىسى ئوقۇتقۇچى!... سىنىپىي كــۈرەشنىڭ
قۇربانى ئوقۇتقۇچى!... بىراق، ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن كەلگەن
نېمەتلەر سىلەرنىڭ، هەتتا خوتۇن ـ قىزلىرىمۇ سىلەرنىڭ!...
ئاھ، خۇدا، بۇ قانداق ئادالەت؟ بۇ قانداق هايات؟...
سېنىڭ دادىڭنى ئاڭلايدىغان، هالىڭغا يېتىدىغان بىرەر دارىخاھ
بارمىــدۇ؟... بىچارە ناتــۇۋان قىــزلار پــۇچەك پــۇلغا
سېتىلىــۋاتسا، گــۇناهسىز ئوقۇتقۇچىــلار قالپاق كىيىـــپ،
سۆرگۈندە يۈرسە... ساراڭلىق گىردابىدا ئازاپلانسا، ساقايماس
كېسەللەرگە مۇپتىلا بولسا... قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار يامانغا
يانتاياق بولۇپ پارا يېسە!... ئەمەلدارلار سۇيىقەست، هىيلە ـ
مىكىر بىلەن شۇغۇللانسا... زادى بىزدەك ئاددىي ئادەملەر بۇ
دۇنياغا ئارتۇقچە كېلىپ قالدۇقمۇ؟...
ئەلۋىدا دوستلار، ئەلۋىدا هېكمەت!... مەن نومۇسۇمنى
ئاقلاش ئۈچۈن مۇشۇ يولنى تاللىدىم!... هېكمەت مېنى يەنە
بىر قېتىم ئەپۇ قىلىڭ... بالىمىز مەن بىلەن بىللە كېتىدىغان
بولدى... ئۇ ماڭا هەمراھ بولسۇن!...
سىزنىڭ باغرى قان ئايالىڭىز: گۈلزىبادىن...

— بۇ خەت مەندە قالسۇن، — دېدى هاكىم چىنارخانىمغا، — هازىر گۈلزىبا بىلەن سۆزلەشكىلى مۇمكىن بولارمۇ؟

— جۇرسىلە، بىللە كىرىلى.

چىنار خانىم ھاكىمنى ئىچكەركى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. گۇلزىبا كىچىككىنە بوپىسىنى قۇچاقلاپ بىر بۇلۇڭدا تۇگۇلۇپلا ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككى تىزىغا ئېڭىكىنى تىرەپ، بىر چېكىتكە تىكىلىپلا قالغانىدى. ئۇ، ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ھاكىم بىلەن مۇدىرغىمۇ قارىمىدى. قۇربان ھاكىم ناھايىتى سىيلىق، يۇمشاق تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى يوللۇق ئىدى. ئەلۋەتتە گۇلزىبا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا، بىر نارەسىدىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. بۇنى ھېكمەت مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ... بىر - بىرىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈشنىڭ ئۆزى ھەرگىز بىردەملىك قىزغىنلىقتا، تۇراقسىز ھېسسىيات ئۈستىگە قۇرۇلمايدۇ... ھېكمەت يەنىلا ئەبەدىلئەبەد گۇلزىبانى سۆيىدۇ.

گۇلزىبا ھاكىمغا ئۆزىنى ئېتىپ ئەلەملىك ياشلىرىنى تۆكتى. ھاكىم ئۇنىڭغا بىرمۇنچە نەسىھەت ۋە ۋەدىلەرنى قىلغاندىن كېيىن، سىرتقا چىقتى. ئۇ، چىنارخان مۇدىرغا مەكتەپتىن بىر ئېغىز ئۆي بىكار قىلىپ گۇلزىبانى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى تاپىلاپ، ئۆزى قوراللىق بۆلۈمنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەتتى.

... ھېكمەت، ھاكىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يا خوش بولۇشنى، يا قايغۇرۇشنى بىلمىدى. ئەمما گۇلزىبانى كۆڭلىدە ئاقلايتتى. كىچىككىنە بىر ياۋاش قىز بۇنداق مۇرەككەپ، ھىيلە - مىكىر، تەجرىبىلىرى مول، بىر - بىرىگە چىگىلىشىپ كەتكەن ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ سۇيىقەست، تۆھمەتلىرىگە قانداقمۇ تاقابىل تۇرالىسۇن؟.. دەرۋەقە، ھېكمەت ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنىڭ بۇ يەرنىڭ مەنزىرىلىرىدەك گۈزەل، چىرايلىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى... گۇلزىبانىڭ خېتىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى تىترىگەن قوللىرى بىلەن قاتلاپ، يانچۇقىغا سالدى.

— كۆڭلۈڭنى ھەرگىز يېرىم قىلما، بۇ ئىشلار ئەمدى ئىزىغا چۈشىدۇ، — دېدى ھاكىم چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ، — يىگىت ئىكەنسەن يىگىتتەك قەددىڭنى رۇسلا.. ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا نىمە كۈنلەر

كەلمەيدۇ؟ . . .

— رەھمەت قۇربانكا، — دېدى ھېكمەت باش ئېگىپ، — گۈلزىبانى مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ بەك ئوبدان قىپسىز. بولمىسا كېرىموف. . .

— ئەمدى ئۇ جاجىسىنى يەيدۇ، — دېدى ھاكىم ئىشەنچلىك ھالدا، — كېرىموف خىزمەت، تۇرمۇش ئىستىلى جەھەتتە بىرنەچچە قېتىم تەنقىد قىلىنىپ، تەكشۈرۈش ماتېرىيالىمۇ يېزىپتىكەن. بۇ قېتىم ئۇنىڭ قىلمىشى قانۇنغا ياتىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىشىنى سوتقا يوللىماقچى. مەست قىلىش دورىسى ئىچۈرگەن گۈلشەن خانىمنىمۇ مەكتەپتە تەكشۈرمەكچى. بەلكىم ئۇ سوتتا گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشى مۇمكىن.

— شەھەرگە كىرىپ، گۈلزىبا بىلەن كۆرۈشۈپ كەلسەم بولارمۇ؟

— ھازىرچە بولمايدۇ، — دېدى قۇربان ھاكىم، — ئۇلارنىڭ ئىشى سوتتىن بىر تەرەپ بولۇپ، ئاجراشمىغۇچە كۆرۈشمىگىنىڭ تۈزۈك.

بۇرۇختۇمچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن بىر ھەپتە ھېكمەت ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن بىلىندى. يەكشەنبە كۈنى ئىدى. قۇربان ھاكىم ھېكمەتنى ئېلىپ، بېلىق تۇتقىلى سۇ ئامبىرىنىڭ يىراق قىرغاقلىرىغا كەتتى. بۇ يەرلەرنى توسما ئورنىدا ئېگىز ـ پەس دۆڭ ـ ئېدىرلىقلار قورشاپ تۇراتتى. سۇ ئايلىنىپ كىرىپ كەتكەن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قولتۇقلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئەپلىك بىر جاينى تېپىپ ئولتۇرۇشتى. قارماقلىرىغا سازاڭ، قۇرت دېگەندەك نەرسىلەرنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، سوغا تاشلاشتى.

— بېلىق تۇتۇش بەكمۇ كۆڭۈللۈك دەم ئېلىش، — دېدى ھاكىم ھېكمەتنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ، — سەن بۇرۇن بېلىق تۇتۇپ باققانمۇ؟

— كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا بالىلار بىلەن ئىلى دەرياسىغا بېلىق تۇتقىلى باراتتۇق، — ھېكمەتنىڭ چىرايىدىن خىيالغا چۆككەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، — بىز شىپشىپ بىلەن تۇتاتتۇق. چوڭلار زاكىت تاشلايتتى:

— زاكىت، شىپشىپ دېگەنلىرىڭ نېمىسى؟

— شىپشىپ دېگىنىمىز ئىككىمىز بېلىق تۇتۇۋاتقان ئۇزۇن تاياققا بېكىتىلگەن قارماق. زاكىت دېگىنىمىز — يىگىرمە — ئوتتۇز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تانا يىپقا بېكىتىلگەن چوڭ قارماقلار، ئۇلارغا كىچىكرەك بېلىق ياكى گۆش ئۆتكۈزۈپ، دەريانىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە تاشلايدۇ. بۇنداق قارماقلارنى چوڭ بېلىقلارلا يۇتالايدۇ...

— مۇنداق دېگىن، تور بىلەن تۇتامتىڭلار؟

— ئورۇسلار سۆرەم تور، خالتا تورلارنى سالاتتى. بىز ئۇلارغا ياردەملىشىپ بېرىپ ھەق ئالاتتۇق. بەزىدە ئۇلار قارا سۇ ئېغىزلىرىغا تەتۈر سېۋەت بېكىتىپمۇ تۇتاتتى.

— كونا بېلىقچىمەن دېگىنە! — ھاكىم كۈلدى، تەتۈر سېۋەت دېگىنىڭ قانداق نەرسە ئۇ؟...

— تالدىن ئىككى قات توقۇلغان ناھايىتى چوڭ سېۋەت. بىرلا كىچىك ئېغىزى بولۇپ سۇ بېتىدىن يېرىم كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. بېلىق ئوزۇق ئىزدەپ كىرىدىيۇ چىقالمايدۇ... — ھېكمەت ھاكىمنىڭ قارمىقىغا قاراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — قۇربانكا تارتىڭ، تېز تارتىڭ، بېلىق ئىلىندى.

قۇربان ھاكىم قارمىقنى تارتىش بىلەن، بىر غېرىچ چوڭلۇقتىكى بىر بېلىق پىلتىڭلاپ ئاپتاپتا يالت - يۇلت پارقىراپ كەتتى. ئۇلار ئىككىسى كۈلۈشۈپ قارماقنى بېلىق ئېغىزىدىن ئاجراتتى - دە، بېلىقنى يېنىدىكى كىچىك كۆلچەككە قويۇپ بەردى. بۇ چاغدا ھېكمەتنىڭ قىرغاققا سانجىپ قويغان قارماق تايىقى ئاستا - ئاستا سۇغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— ھېكمەت تېز بول. قارمىقىڭنى ئەپقاچتى، — ۋارقىرىدى ھاكىم، — تاياقنى تۇتۇۋال.

ھېكمەت تايىقىنى كۆتۈرۈۋىدى. بايىقىدىنمۇ چوڭراق بىر بېلىق دەممۇ دەم چەمبەر ھاسىل قىلىپ پىلتىڭلاپ سەكرىمەكتە ئىدى. ئارقا - ئارقىدىن ئىلىنغان بىرنەچچە بېلىق ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈپ، خۇشاللىققا چۆمدۈردى. ھېكمەتمۇ غەم - ئەندىشىلىرىنى ئۇنتۇپ، بېلىق تۇتۇشنىڭ پەيزىگە بېرىلىپ كەتكەندى. قۇربان ھاكىمنىڭ بۈگۈن يەكشەنبە

ئۆيگە بارماي ھېكمەتنى بېلىق تۇتۇشقا ئېلىپ چىقىشى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، دەردلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ خۇش كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپى بار ئىدى. چۈنكى، ھاكىمنىڭ قىزى ماھىنۇرنىڭ شەنبە كۈنى توبى بولماقچى ئىدى. قىزىنىڭ دوستلىرى ياشلارنىڭ ئولتۇرۇشى ۋە قىز كۆچۈرۈشتە ھېكمەتنى گارمون چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى.

— قانداق بولامدۇ؟ ئۆزۈڭنىڭمۇ شەھەرگە كىرگۈڭ كەلگەندۇر... — دېدى ھاكىم ھېكمەتكە، — بارلىق دوستلىرىڭنىڭ تىزىمىنى بەرگىن، ئۇلار قانچە يىراقتا بولسىمۇ، باغقىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەن كاپالەتلىك قىلىمەن.

— شەھەرگىنغۇ كىرگۈم بار، — دېدى ھېكمەت سەل نارازىلىق بىلەن، — لېكىن ساز دېگەننىمۇ ئادەم خۇشال كەيپىياتتا چالسا باشقىچە بولىدىغان نەرسە...

— يەنە ئېچىلمايدىغان قانداق كۆڭۈل ئۇ؟... تولا كاجلىق قىلما... ئۇزۇن بولدى، دوستلىرىڭ بىلەنمۇ ئەسرا بولالمىدىڭ... بۇ بىر ياخشى پۇرسەت دېگىنە...

— ماقۇل تىرىشىپ كۆرەي...

ھېكمەت خۇددى سۇ ئامبىرىدەكلا كۆپكۆك ئاسمانغا قارىدى. كۆك قەھرىدە بىر كۆكىنەك قانداقتۇر بىر كىچىك قۇشنى قوغلاپ، ھېلى كۆكرەك بىلەن سوقسا، ھېلى قانىتى بىلەن ئۇراتتى. ئۇ كىچىك قۇشمۇ جېنىنىڭ بارىچە، كۆكىنەك بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى. بۇ ھال ھېكمەتنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە نۇرغۇن جاپا، خورلۇقلارنىڭ قۇربانى بولغان گۈلزىبانى نامايان قىلدى. ئۇ ئىچىدە «ئاھ باغرى قان گۈلۈم...» دەپ ئاستا پىچىرلىدى...

## قارا چايشاپ يېپىنغان قىز

ئىشىك ئالدى چىناردۇر،
ئەگسەم شېخى سۇنادۇر.

يار ئۈستىگە يار تۇتۇش،
ئوغۇل ـ قىزغا گۇناھدۇر.

ئاق لالە، قىزىل لالە،
يارنىڭ بېغى گۈلزارە.
يار ئىشقىدا مەن ئاۋارە،
يۈرەكىم بولدى پارە. . .

توي كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقان قىز ـ يىگىتلەر قىقاس ـ چۇقانلار بىلەن گۈلباغ رەستىسىدە بىردەم توختاشتى. گارمونىنىڭ شوخ، تېتىك، مۇڭلۇق ئاۋازى ھېكمەت، ئامانىللا، مۇراتلارنىڭ ياڭراق جىرلاشلىرى ھەممىنىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. يولدىكى ئۆتكەن ـ كەچكەن يولۇچى، بازارچىلارمۇ يىغىلىپ، چوڭ سورۇن ھاسىل بولدى. ھېكمەت بىردىنلا گارموننى ئادنۇشكىغا يۆتكەپ، جىرنى باشلىۋەتتى. سورۇن تېخىمۇ شادلىق، ھاياجان شوخلۇقىدا قىزىپ كەتتى. مۇرات گارمون ئاۋازىغا ماسلاشتۇرۇپ ھۇشقىتماقتا ئىدى. ئامانىللا بىر خىل رىتىمدا ئايىقىنى ئۇرۇپ، ھەرخىل ئاۋازلارنى چىقىرىپ، ئادنۇشكا ئۇسسۇلىغا چۈشتى. ئۇ قىزىغانسېرى، بىر قوپۇپ، بىر ئولتۇرۇپ، ئاياق، تىز، مەيدىلىرىگە «قارس ـ قۇرس، قارس ـ قۇرس» ئۇرۇپ، سورۇن مەيداندا قىقاس ـ چوقان كۆتۈرۈۋەتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ جۇشقۇن، قىزىقارلىق ھەرىكەتلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، گارموننى تېخىمۇ تېز ۋە شوخ چالماقتا ئىدى. قىز ـ يىگىتلەر قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. «بارىكاللا!» ، «ھەشقاللا!» دەپ تۇۋلىشاتتى. گارموننىڭ تىللىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاھاڭ، باس تۇپچىلىرىدىن چىقىۋاتقان بىر خىلدىكى گۈپۈلدەش ھەممىنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى.

قىز كۆچۈرگۈچىلەر قەدىمىي ئىلچى شەھىرىنى شادلىق ھاياجىنىغا تولدۇرۇپ، كوچىنى بىر ئالغان ھالدا، قوزغىلىشتى. ئۇلار پولات زاۋۇتىدىن ئۆتۈپ، يېڭى مەھەللىدىكى گۈللۈك بىر قورۇغا كىرىپ

كېلىشتى. تال ـ بوستانلىق چوڭ هويلىغا ئايلاندۇرۇپ كىگىز ـ گىلەملەر سېلىنغانىدى. يىگىت ـ قىزلار ئەدەپ ـ ئىكرام بىلەن كۆرپىلەردىن ئورۇن ئېلىشتى. هايال ئۆتمەيلا، تاماق تارتىلدى.

هېكمەت باشقىلارغا چاندۇرماي قىزلار توپىغا كۆز تاشلىدى. ئەمما بىراۋلار كۆرۈنمەيتتى. هاكىم ئۇنى «چوقۇم چاقىرمەن» دېگەنىدى. ئېهتىمال ئۇ هېكمەتكە كۆرۈنۈشتىن قاچقاندۇر؟ ۋىجدانى كۆرۈشۈشكە ئىجازەت بەرمىگەندۇر؟ ئەگەر هېكمەت دوستلىرى ئالىمجان، ئامانىللا، نائىبى، شادىمان، ئابلىز نەۋا، كامىل، مۇراتلار ۋە ئۇلارنىڭ مەهبۇبىلىرى بىلەن كۆرۈشمىگەن، بىرنەچچە ئېغىز شىرىن سۆهبەت، خۇشچاقچاقلار قىلىشقۇلىمىغان بولسا، بۇگۇنكى توي ئۇنىڭغا بەجايىكى هازىنىڭ تەسىرىنى بەرگەن بولار ئىدى. دوستلىرى هېكمەتكە «خەلق كويىدا پىشىپ كۆيۈۋاتقان قۇربان هاكىمدەك ئىنسانىي پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ هاجىتىدىن چىقىش، خىزمىتىنى قىلىش ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ بۇرچى» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، نەسىهەت قىلىشتى ۋە بارلىق هەسرەت ـ قايغۇلارنى ئۇنتۇپ، توينى قىزىتىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلدى. هېكمەت ئۆزىمۇ هاكىمنىڭ مېهماندوستلۇقىدىن ئاجايىپ تەسىرلەندى. ئۇ ئەللامەگە ئادەم ئەۋەتىپ، كامىل ۋە نەفىسەلەرنىڭ باغىقىنى يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. شەهەردىكى دوستلىرىنىڭ بىرسىمۇ قالماي تەكلىپ قىلىنىپتۇ. هەتتا هېكمەتنىڭ يېزىپ بەرگەن ئىسمىلىكىدىكى تۇرا كاللا، مەتروزى پەشۋالارمۇ كەپتۇ. شۇڭا، هېكمەت دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بۇگۇنكى تويدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. مۇرات ئىككى سىڭلىسىنى زۇمرەتنىڭ قېشىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى كەلدى. ئۇ قۇربان هاكىمنىڭ هويلىسىدىكى تويدا ئاجايىپ چاقچاق ۋە ئويۇنلار بىلەن مېهمانلارنى كۇلدۇرۇپ تېلىقتۇرۇپ قويدى. كۇلۇۋېرىپ قۇربان هاكىمنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. هەرهالدا ئۇ بەك خۇشال ئىدى. زۇمرەت هازىر بارغانسېرى هۆسنىگە تولۇپ، ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا، مۇرات يۆگەپ بەرگەن قەغەز تاماكىنى ئۆزىنىڭ قولىغا ياقماي، مۇراتنىڭ

بىلىكىگە تەگكۈزۈپ، كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن: «بۇلاق، بۇلاق...» دەپ پىچىرلىغىنىچە، ئۇنىڭ قولىغا سۆيدى. مۇرات، دوستى ھېكمەت، كامىل ۋە قۇربان ھاكىملاردىن بەكمۇ مىننەتدار بولدى، چۈنكى، ئاشۇلار ئۇنىڭ بەختىنى قوينىغا سېلىپ بەرگەنىدى.

تاماق يېيىلىپ داستىخانلار يىغىشتۇرۇلدى. قىز - يىگىتلەرنىڭ تەلىپى بىلەن، ھېكمەت گارمونىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى گارمونىنىڭ تىل ۋە باس توپچىلىرىدا ئويناپ، تاڭگۇغا چېلىنىۋەتتى. يىگىتلەر بىر - بىرىن تۇرۇشۇپ، قىزلارنى تانسىغا تەكلىپ قىلىشقا باشلىدى.

قارا، قارا قاغىلار قايرىلىپ ئۇچتى،
جېنىمغىنا شۇل يارىم كۆزۈمدىن ئۇچتى.
كىشىنىڭ يارى قاشىدا كۈندە مۇڭداشتى،
مېنىڭ يارىم يىراقتا يادىمدىن كەچتى.

ھېكمەت گارمون چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەتراپتا ئۆرە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان توپ ئارىسىدا تۇرغان بىر سىرلىق قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ، چۈچىلىق ئۇزۇن قارا چايشاپ رومال ئارتىپ، قارا گىرپىتىن كۆڭلەك كىيىۋالغاچقا، مۇناشكىلارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. رومالدا ئاغزى - بۇرۇنلىرىنى يۆگىۋالغاچقا، چوڭ كۆزلىرى گويا ھەسرەتلىك بۇلاقتەك يالتىرايتتى. قېلىن كىرپىكلىرى ھەر قېتىم پەسكە لەپ قىلىپ پەردىدەك يېپىلغاندا، كۆزىنىڭ ئاستىغا سايە تاشلايتتى.

بىرنەچچە قېتىم تانسا ئوينالغاندىن كېيىن، تەرلەپ - پىشقان قىز - يىگىتلەر جايلىرىغا كېلىپ ئارام ئېلىشتى. بەزىلىرى ئەتراپنى چۆرىدەپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. بۇ پۇرسەتتە، مۇرات، كامىل، ئابلىز، نەۋالار تەمبۇر، دۇتار ۋە ئىسكىرىپكىنى قولىغا ئېلىشتى. ئۇلار ئاستا پىچىرلىشىۋالغاندىن كېيىن، مۇرات قارا چايشاپلىق قىزغا تىكىلىپ قالغان ھېكمەتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— مەن بىر ئىشنى سېزىپ قالدىم. ئەمىسە، ئىلى ناخشىلىرى ئۆزۈڭدىن كەلسۇن.

مۇرات، كامىل، ئابلىز نەۋالار دۇتار، تەمبۇر ۋە ئىسكىرىپكىنى تەڭكەش قىلىپ، «ئاھ يارەي» ئاھاڭىغا چالدى. ھېكمەت سىرلىق قىزغا تەلمۈرگىنىچە، ناخشىنى باشلىۋەتتى:

گۈلىمدى ئاچىلغىنى،
غۇنچەمدى قايرىلغىنى؟
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلغىنى؟...

— رەھمەت، بارىكاللا! — ۋارقىراشتى سورۇن ئەھلى.

— قولۇڭلارغا دەرد بەرمىسۇن... ياشاپ كېتىڭلار، — دېدى كىمدۇر بىرى.

مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم،
ئۇ مېنى كۆردىمىكىن؟...
بار جېنىمغا ئوت تۇتاشتى،
ئۇ بۇنى بىلدىمىكىن؟...

قىز - يىگىتلەرنى تاڭ قالدۇرۇپ، قارا چايشاپلىق سىرلىق قىز توپ ئارىسىدىن بىر دەستە گۈلنى باغرىغا باسقىنىچە، كەڭ سورۇنغا سىيلىق قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلدى. يۈزلىرى، پېشانىلىرى يۆگۈلۈپ پەقەت كۆزلىرىلا ئوچۇق قالغان بۇ ناتونۇش قىزنى ھېچكىم تونۇمىدى. ئۇ، سازچىلار ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، ھېكمەتكە ئەدەپ - ئىكرام بىلەن، چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. سىرلىق قىزنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى ھېكمەتكە بەكمۇ تونۇشلۇق ئىدى.

— رەھمەت سىزگە... ئاددىي بولسىمۇ، مېنىڭ بۇ كۆڭۈل



سوۋغامنى قوبۇل قىلىڭ. . . — سىرلىق قىز گۈلنى قوش قوللاپ ھېكمەتكە سۇندى، — خۇدايىم سىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر، بەخت ئاتا قىلغاي! . . . بەختلىك بولۇڭ! . . .

ھېكمەت بۇ يېقىملىق ئاۋازنى تونۇپ قالدى ۋە ئورنىدىن دەست تۇردى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانىڭ پاجىئەسى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، شەھەر ياشلىرى ئىچىدە ھېكايە - داستانغا ئايلانغانىدى. شۇڭا، سورۇن ئەھلى بۇ ناتونۇش، قارا چاپاشلىق قىزنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك، جىمجىتلىققا چۆكتى.

— كەچۈرۈڭ، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت! . . . — دېدى ھېكمەت گۈلگە قول ئۇزاتماي، — ماڭا بەخت تىلەش يۈزىسىدىن تارتۇق قىلغان بۇ گۈلىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن. . . چۈنكى مەن ئاللىبۇرۇنلا بەختىمنى تاپقانمەن! . . .

— سىزنىڭ بەختىڭىز ئۆلگەن! . . . — قىز ئېسەدەپ كەتتى، — ئۇ چوڭقۇر قارا تۇپراققا كۆمۈلۈپ كەتتى. . . ئەمدى ئۇنى لەھەت ئىچىدە ئارامىغا قويۇڭ. . .

— ئەگەر بەختىم ئۆلگەن ئىكەن، مېنىڭ يۈرىكىممۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆمۈلىدۇ، — دېدى ھېكمەت بوغۇلۇپ، — ئۆلگەن يۈرەككە ئىككىنچى بەختنىڭ نېمە كېرىكى؟ . . .

قارا چاپاشلىق قىز سۆزلەشكە تەمشىلىپ تۇراتتى، توپ ئارىسىدا ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى. مەست كېرىموف ئۈچ - تۆت لۈكچەكنى ئارقىسىغا سالغىنىچە سورۇنغا ئېتىلىپ كىردى.

— ھۇ، بۇزۇق جالاپ. . . سەن. . . سەن دېگەن مېنىڭ خوتۇنۇم، — كېرىموف قارا چاپاشلىق قىزنىڭ قولىدىن بىر دەستە گۈلنى يۇلۇۋېلىپ يەرگە ئۇردى ۋە دەسسەپ، يەنجىپ چەيلىۋەتتى، — سەن تېخى كونا ئاشناڭغا گۈل تۇتماقچىمۇ؟ . . .

كېرىموف قىزنىڭ قولىدىن سۆرەپ ئېلىپ ماڭماقچى بولدى. بىراق قىز بىرلا سىلكىنىپ ئاجرىدى - دە، توپنى يېرىپ، سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. سورۇن قالايمىقانلىشىپ، ئالىمجان، ئامانىللا، ئابلىز

نەۋا، مۇرات، نائىبى، شادىمانلار مەيدانىغا چۈشۈپ، كېرىموف ۋە ئۇنىڭ چاپانچىلىرىنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. ئۇلار قوللىرىنى شىلتىپ، باشلىرىنى سىلكىپ، ۋارقىرىشىۋاتقاندا، توپ ئىچىگە ھېكمەت ئېتىلىپ كىردى - دە، كېرىموفنىڭ ياقىسىدىن بوغدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەرد - پۇخالىرىنى بىر يولىلا چىقىرىش مەقسىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىراق، كۆڭۈللۈك بىر تويىنى غەۋغا بىلەن ئاياقلاشتۇرۇشنى خالىمىغان تۇرا كاللا ھەم مەتروزى بەشۋالار ئۇلارنى توسۇپ قالدى.

— ئاغىنىلەر، ھېچ ئىش يوق، — دېدى تۇرا كاللا ياشلارنى تەرتىپكە چاقىرىپ، — ھەممىڭلار ئورنۇڭلارغا بېرىڭلار، ھە، ھېكمەت، مۇرات، ئابلىز، سىلەر نەغمە قىلىۋېرىڭلار. بۇ سوغۇق زەللە مېھمانلارنى بىز چىرايلىق ئۇزىتىپ قويىمىز.

تۇرا كاللا، مەتروزى پەشۋالار كېرىموف ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئالدىغا سېلىپ، بەزىلىرىنى ئىتتىرىپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار دەرۋازىدىن چىقا - چىقمايلا، نەق بوسۇغىدىلا ئىشنى باشلىۋەتتى. شەھەر بويىچە داڭقى بار بۇ قەھرلىك يىگىتلەرنى كۆرگەن ئىككى لۈكچەك بەدەر تىكىۋەتتى. كېرىموف ۋە يەنە ئىككى لۈكچەك كوچىدىكى توپىلارغا پۇچۇلىنىپ ئىنجىقلىماقتا، ئېڭىرىماقتا ئىدى... ئۇزۇلمەي تېگىۋاتقان پەشۋا، كاللا، مۇشت، دىسلاشلاردىن، بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ قاش - قاپاقلىرى يېرىلىپ، يۈزلىرى ئىششىپ چىقتى. تۇرا بىلەن مەتروزى شۇنداق چاققان ئىدىكى، قويۇندەك پىرقىراپ يۈرۈپ، نەق يۈز، بويۇن، قورساقلارغا پەشۋا ئۇراتتى. تۇرا ئالدىچە، ئارقىچە باش ئېتىپ، بۇرۇنلارنى ئېزىپ، كالپۇكلارنى يېرىۋەتتى. ئاخىرى ئۇلار توپىدا ئۆمىلەپ، تىزلىنىپ: «جېنىم ئاكىلار، ئۇز ئاكىلار... بىز بىلمەپتىمىز... يوق يەپ كەپ قاپتىمىز...» دېيىشىپ يالۋۇرۇشتى.

— ھازىرچە مۇشۇنچىلىك بولسۇن! — دېدى مەتروزى بىگىز قولىدا جۆنۈپ، — بۇگۇنكى بىر چىرايلىق تويىنى مالىمان قىلىشقىنىڭ ئۈچۈن، كېيىن تېخى جاۋاب بېرىشىسەن!...

— يوقال ھەزىلەكلەر، — ۋارقىرىدى تۇرا كاللا كۆزلىرىنى

ئالايتىپ، — بۇنىڭدىن كېيىن، ھېكمەت ئەپەندىگە چېقىلىدىغان بولساڭ...
قالغان ئىشنى مەن دېمەيلا قوياي...

توي باشقىدىنلا قىزىپ، ناخشا، ئۇسسۇل، تانسىلار ئوينالدى. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغاندى. كۈچلۈك چىققان مۇسەللەستىن يۈزلىرى قىزىرىشىپ كەتكەن ياشلار خۇشال ھالدا چاقچاقلار بىلەن قايتىشتى. كامىل، مۇرات، ئامانىللا، ئالىمجان، نائىبى، شادىمان، ئابلىز نەۋالار ھېكمەتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چوڭ يولغا چىقتى. قىزلاردىن نەفىسە، روشەن، لۇتپىيە، بائۇمە، سائادەت، گۈلباھارلارمۇ بار ئىدى. دوستلارنىڭ تەلىپى بىلەن، ھېكمەت گارمونىنى «باھار ۋالىسى»غا چېلىۋەتتى. قىز - يىگىتلەر جىمجىت ئايدىڭ كوچىلارنى شادلىققا تولدۇرۇپ ناخشا ئېيتماقتا ئىدى:

ۋەتەندە باھار، دىلىمدە باھار،
باھار ئىلھامى كۆكسۈمدە يانار...

ئالماستەك تازا كۆك ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلايتتى... يۇرۇڭقاش بويلىرىغا قىڭغايغان ئىنچىكە ئاي ئورغىقى خۇددى ھەسەت قىلىۋاتقاندەك، بەرنا قىز - يىگىتلەرگە يانتۇ قارايتتى. مەيىن چىقىۋاتقان شامال چاچلارنى تۇزۇتۇپ، قىزلارنىڭ ئېتەكلىرى بىلەن ئوينىشاتتى، يۇمران كۆكسىلىرىنى سۆيەتتى... ئاينىڭ سۇس ھاۋا رەڭ سىرلىق نۇرىدا بېزەلگەن قىز - يىگىتلەر بەجايىكى جەننەتنىڭ ھۆر - غۇلمانلىرىدەك ئىدى، چىرايلىرىدىن نۇر تاماتتى... ئاھ ياشلىق!... ياشلىق!... سەن ئۆمۈرنىڭ كۆكلىمى!... ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش... مېۋە بېرىش ئالدىدىكى چېچەك!... سەھەرنى كۈتكەن غۇنچە!... دۇررى - گۆھەرلەر ئىچىدىكى بىر ئالماسسەن!... كىشى بۇ دەۋرنى تۇتۇپ قالالىسا كاشكى!... ھەيھات! بۇ ھايات نېمىدېگەن مۆجىزىلىك بولار ئىدى!.
.. ئەپسۇس، رەھىمسىز يىللار ئۇنىڭغا باقمايدۇ.. ۋاقىت — ئۆمۈر ۋە ياشلىقنىڭ قاتىلىدۇر. لوتۇن ئېيتقاندەك، پۇرسەت ئۆتمەي، قىزلارغا

قورۇق، ئەرلەرگە ساقال سوۋغا قىلىدۇ!...

ناخشىنىڭ پەيزى بىلەن ھاياجانغا تولغان قىز - يىگىتلەر گۈلباغ رەستىسىگە يېتىپ كەلدى. ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن مەدەنىيەت سارىيىنىڭ قىپقىزىل تۈۋرۈكلىرى، قاپارتما نەقىشلىرى، كەڭ پەلەمپەيلىرى ھەيۋەتلىك تۈس ئالغانىدى. ئۇلار بىردەم چاقچاقلاشقاندىن كېيىن، ئۆيلىرىگە تارقىماقچى بولۇشتى. دوستلارنىڭ ھەممىسى ھېكمەتنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇشتى. بولۇپمۇ ئامانىللا چىڭ تۇرۇۋالدى. لېكىن كامىل «خان ئانىنىڭ ھېكمەتنى كەچتە بىللە ئالغاچ كېلىشنى تاپىلىغانلىقىنى» ئېيتىپ، ئۆزۈر سورىدى. سەئىدە بولسا، نەفىسەگە سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار، كەچتە قايتىپ كېلىڭ! دېگەنىدى.

— بىز ئەتە غازاخۇن ئاكىنى يوقلىغىلى بارىمىز، — دېدى ھېكمەت ئامانىللادىن كەچۈرۈم سوراپ، — دوستلارنىڭ خېرىدارلىقى ئالدىدا ناھايىتى ئۆزۈرلۈكمەن...

— كېرەك يوق، — دېدى دوستلار بىر ئېغىزدىن، — كېچىچە مۈگدىشىدىغان پۇرسەتلەر يەنە كېلىدۇ ئەمەسمۇ!...

ئۇلار خەيرلىشىپ تارقاشتى. مۇرات دوختۇرخانىغا كەتتى. ھېكمەت گارمونىنى ئالىمجان زىھرۇللاغا بەردى. چۈنكى ئۇ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ئارىيەت ئالغانىدى. بۈگۈن دوستلار ئەسرا بولغاچقا، ھەممىنىڭ كۆڭلى خوش ئىدى، پەقەت ئېزىز تارمۇش بىلەن نازىلئاي قارىقاشقا كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تويغا كېلەلمىگەنىدى.

كامىل، نەفىسە، ھېكمەتلەر گۈلباغدىن پەسلەپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ھېكمەت چاندۇرماي «ئۇھ» تارتىپ قويدى. گۈلزىبانىڭ كۆرۈشۈشتىن قېچىۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ «بەختلىك بولۇڭ»، «بەختىڭىز ئۈلگەن...» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. بۇ، «مەندىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈڭ» دېگەنلىكى ئىدى!... بۇ شۇنداق ئاسانمۇ؟ مۇھەببەت دېگەن يوچۇقنى تاپسا چىقىپ كېتىدىغان، كېچىسى كۆرۈنۈپ، كۈندۈزى ئاپتاپتا يوقايدىغان پارقىراق قوڭغۇزمۇ؟...

گۈلزىبانىڭ توېى بولغان كېچىسى ئۇنىڭ هوشىغا كەلگۈچىلىك ئارىلىقتىكى ئازغىنە پۇرسەتتىنىڭ هېكمەتتنى قانچىلىك ئازاپلارغا سالغىنىنى بىر خۇدا بىلىدۇ. . . بىر كۈن ئىچىدىلا كۆزلىرى گۆردەك ئولتۇرۇشۇپ، يۈرىكى قوقاس ئۇستىدىكى جىگەردەك ئۆرتەلدى. قانچە ـ قانچە كېچىلەر ئۇنىسىز ياش تۆكۈپ، ياستۇقلىرىنى بويىدى. بىراق، ئۇ گۈلزىبادىن رىشتىسىنى ئۈزەلمەيدۇ. . . ئۇنىڭ مۇهەببىتى ئەقىدىگە، ئېتىقادقا ئايلىنىپ كەتكەن! . . . گۈلزىبا بۇنى نېمە ئۈچۈن چۈشەنمەيدىغاندۇر! . . .

— هېكمەت، بىهۇدە خىياللارنى كۆپ قىلما، — دېدى كامىل دوستىنىڭ مىسكىن چىرايىغا قاراپ، — ئەتە گۈلزىبا بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، قانداق دەيسەن؟ . . .

— كامىل سىز بارماڭ، — دېدى نەفىسە گەپنى ئوچۇق قىلىپ، — هەرقانداق نومۇسچان قىز ئەرلەرگە ئىچكى گەپلىرىنى ئوچۇق ئېيتالمايدۇ. مېنىڭ بارغىنىم تۈزۈك.

— نەفىسە توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى هېكمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، — قىزلار بىلەن قىزلار ئوچۇق ـ يورۇق سۆزلىشەلەيدۇ. . .

— مەن بۇ قارا چايشاپ رومالىلىق قىزنى، — دېدى نەفىسە، — قىز كۆچۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، پوچتىخانا ئالدىدىكى چوڭ بىر تۈپ دەرەخ ئارقىسىدا كۆردۈم. مانا هازىر 2 ـ مەكتەپ ئالدىدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆتۈۋاتقىنىمىزدىمۇ، دەرۋازا دالدىسىدا يەنە شۇنداق قارا سايە كۆزۈمگە چېلىقتى.

— هەي بىچارە گۈلزىبا. . . — كامىل بېشىنى چايقىدى، — ۋىجدان ۋە رىشتە ئىسكەنجىسىدە قىينىلىۋاتقان ناتىۋان! . . . غۇرۇر، ۋىجدان كۆرۈشۈشكە ئىجازەت بەرمەيدۇ. . . كۆڭۈل رىشتى يۈرىكىنى تاقەتسىز ئۆرتەيدۇ. . .

ئۇلار گۇجان كوچىسىغا كىرىپ كېلىشتى. كامىل دەرۋازىنى ئېچىپ، دوستلىرىنى هويلىغا باشلىدى. هېكمەتنىڭ دىمىقىغا گۈپلا قىلىپ قىزىل غەزىمەت ئالمىسىنىڭ هىدى ئۇرۇلدى. بۇ ئېيۇلنىڭ ئاخىرلىرى بولغاچقا، ئۈرۈكلەر ئاياقلىشىپ، يازلىق مېۋىلەر شىرنە باغلاۋاتقان چاغلار

ئىدى. دەرۋازىنىڭ تاراقلىغان شەپىسىدىن يۇگۇرۇپ چىققان سەئىدە پەلەمپەي ئارقىلىق پەسكە چۈشتى ۋە تۈۋىنىڭ كۆڭۈللۈك بولغان - بولمىغانلىقىنى سورىدى. بۇ كېچىدە، خان ئانىنىڭ ئارامىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن، سەئىدە نەفىسەنى ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. كامىل ھېكمەتنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلىدى. ئىككى دوست بىردەم پاراڭلىشىپ يېتىپ قېلىشتى. ئۇلار ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، يۇيۇنۇپ، باغقا چىقتى. كۆلگە يېقىندىن سۇ قاچىلانغاچقا، قىرغاقلىرىغىچە توشۇپ كەتكەنىدى. «ئاشىق - مەشۇق» ئالمىلاردىن چۈشكەن قىزىل غەزىمەت ۋە ئاق سۈت ئالمىلار كۆلدە لەيلەپ يۈرۈشەتتى. يېتىلىپ قالغان كۆك شاپتۇل، سېرىق مىياڭساللار شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي، يەر باغاشلاپ تۇراتتى. بېغىچىنى غۇچچىدە قاپلاپ كەتكەن كىنجە جىنەستىلەرنى ئۈزمىگەچكىمۇ، پىشقان مېۋىلىرى يەرگە مەرۋايىتتەك چېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئاپتاپتا خۇددى قىزىل ھەم ئاق ئەينەك شارچىلاردەك ۋىلقىلدايتتى.

كامىل ھېكمەتكە ئەللامە، رەجەپ كارناي، خالىق توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. ئامۇتلۇقتىكى ۋەقەدىن كېيىن، خالىق جىمىپ قالغانىدى. ئېزىز تارمۇشنىڭ ئاڭلىغىنى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ پارتىيە تۇرمۇش يىغىنىدا ئۆزىنى تەكشۈرۈپتىمىش. لېكىن ۋاڭ لىمىڭ شۇجى بىلەن تۇراپ ئىمىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپلىرى بولغانمىش. ھېكمەت خالىقنىڭ ئامۇتلۇق ۋەقەسىنى قوزغاپ قويۇپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ رەسۋا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، يۈزىدىن چىققاندەك بولدى.

ئىككى دوستنىڭ سۆھبىتى راسا قىزىۋاتقاندا، نەفىسە ئۇلارنى چاقىرغىلى كەلدى. ئەتىگەنلىك چاي تەييار بولۇپ قالغانىدى. كامىل بىلەن ھېكمەت ئۆزلىرىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ، ياقىلىرىنى ئېتىپ، خانىمزاتخان ئانىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىشتى. ئاپئاق يىپەك كۆڭلەك، رۇماللارغا پۈركەنگەن پەرىشتە ئانا قوش پەي ياستۇققا يۆلىنىپ، نېپىز پارقىراق پاكىستان ئەديالىدا تىزلىرىنى يېپىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مۇبارەك نەپەسلىرى تارقالغان بۇ خانىدىن سەندەلنىڭ ئىللىق ھىدى كېلىپ تۇراتتى. نەفىسە ئەتىگەندىلا سالام بېرىپ بولغاچقا، ھېكمەت «ئەسسالامۇ

ئەلەيكۇم خان ئانا! . . . » دېگىنىچە، ئېگىشىپ ئۇنىڭ كەڭ ئېتەكلىرىنى كۆزىگە، پېشانىسىگە تەگكۈزدى. . .

— تەنلىرى ساق، كۆڭۈللىرى شادمىكىن خان ئانا؟ — دېدى ھېكمەت تەزىم بىلەن، — ئۆزلىرىنى ۋاقتىدا يوقلاپ تۇرالمىدىم! . . .

— بىرىكە تاھىر بالام. . . رىيازەت ئېتەكلىرىگە تۇغۇلغان مۇساپىر بالام، — موماي ھېكمەتنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، — ئىتتىگىدىن چۈشۈپسەن، قارىداپسەن. . . قوللۇرۇڭ تارشىدەك قېتىپتۇ. . .

مومايىنىڭ «رىيازەت ئېتەكلىرىگە تۇغۇلغان مۇساپىر بالام. . . » دېگەن سۆزىدىن ھېكمەتنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى ۋە يۈرىكىدىن ئۆرتىلىپ كەلگەن بىر پىغان ئۇنىڭ دىمىغىنى ئېچىشتۇرۇپ، كۆزلىرىنى مانانلاشتۇردى. خان ئانا، شىرە قويۇلۇپ چاي كەلگۈچە، زۇمرەت بىلەن گۈلزىبانىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت ـ نادامەتلەرنى سۆزلەپ، ئۇلارغا ئاسايىشلىق تىلىدى، بۇ پاك مەسۇمەلەرگە چوڭقۇر ھېسداشلىق تۇيغۇسى بىلەن ئېچىندى.

چاي كەلدى. ھەممەيلەن يۇمىلاق شىرە ئەتراپىدا بەدەشقانلىرىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. سەئىدە ھەر بىرسىنىڭ ئالدىغا بالا تەخسىلەردە ھالۋا كەلتۇردى. ئادەت بويىچە، خان ئانىغا كات ئۇستىگە كىچىك شىرەدىن بىرنى قويۇپ بەردى. ئۇلار ئەتىگەنلىك ناشتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خان ئانا دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— مەن بىر ئىشقا دىققەتمەنكى، — دېدى خان ئانا ئاپئاق لۆڭگىدە ئېغىزلىرىنى سۇرتۇپ، — بىلىم پۈتۈن كائىناتقا ئورتاق مەرىپەتتۇر. ئاق خان، قارا خان، چىنماچىن، روم دەپ ئايرىلمايدۇ. . . بىراق تېتىقسىز غەۋغاچىلار «ئۇ يەرنىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇڭ، بۇ يەرنىڭ بىلىمىنى ماختىدىڭ» دەپ ئايرىۋاتىدۇ.

— شۇنداق خان ئانا، ئېيتقانلىرى توغرا، — دېدى ھېكمەت ئەدەپ بىلەن، — مانا بىز شۇنىڭ ئۈچۈن جازالاندۇق ئەمەسمۇ! . . .

— مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن، بۇ جازا ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ نام ـ

ئەمەلىڭلارغا بېرىلگەن ئىنئامدۇر، — خان ئانا ئىستىھزا بىلەن كۈلدى، — ھەقىقىي تۆرمە — ئەلنىڭ غەزەپلىك قارىشىدۇر، ھەقىقىي جازا — ئەلنىڭ نەپرىتىدۇر. دۇنيادا تاتلىق نەرسىلەر ئاز ئەمەس، ھەممىدىن تاتلىقى ئادالەتكە بولغان تەلپۈنۈشتىكى شىكايەتتۇر. سىلەر كۈرەش مەيدانلىرىدىمۇ باش ئەگمىدىڭلار. ھەقىقەتنى سۆزلىدىڭلار، بىلىم كويىدا ئۆزۈڭلارنى ئويلىمىدىڭلار. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئۇلۇغلۇق بولامدۇ؟...

— ئۇلارنىڭ ھەقىقىتى، — دېدى نەفىسە سۆز قىستۇرۇپ، — ئۆز مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولغان بارلىق قاباھەتلىك ئىشلار...

— ئۇلار ئۇچىغا چىققان مەلئۇنلار، ئىپلاس، مۇناپىقلار، — دەردمەن ھېكمەت ئۆزىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئۇنتۇغانىدى، — كەچۈرسىلە خان ئانا، مەن... ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپتىمەن...

— يوقسۇ ئوغلۇم، بۇ تىللار يامانلارغا بولغان نەپرەتتۇر، — دېدى خان ئانا ھېكمەتكە مەدەت بېرىپ، — دەردمەن تىللىق كېلىدۇ، غەزەپلىك ئېغىزدىن نېمىلەر چىقمايدۇ؟...

خان ئانا تورۇسقا تىكىلگىنىچە، بىردەم جىمىپ قالدى. ئۇ ھېكمەتنىڭ قارچۇغىنىڭكىدەك بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆزلىرىگە، غەزەپتىن يىغىلغان قارا قاشلىرىغا، يادىغان چىرايىدىكى يىلىنجاپ تۇرغان نەپرەت ئۇچقۇنلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئىچىگە پاتماي ۋاتقان بىر دەرد تۈگۈچىنى كۆرگەندەك بولدى. ئەلۋەتتە ئىسلام شەرئىتى بويىچە نىكاھلاپ ئالغان ئايالىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى بىلگەن ھەرقانداق ۋىجدانلىق ياشنىڭ بۇنداق خورلۇقنى ئىچىگە سىڭدۈرەلمەسلىكى ناھايىتى روشەن. ھېكمەتنىڭ غۇرۇرى زەھەرلەنگەنىدى. ئەمدى ئۇ، ياۋاش بىر مەسۇمەنى ئوتقا تاشلارمۇ؟... ھېكمەتنىڭ ئىشقىدا بارلىقىنى قۇربان قىلغان بۇ پىداكار قىز ياخشى كۆرگەن ئېرىدىن ئايرىلىپ چىدالارمۇ؟... ياق، ھېكمەت پەزىلەتلىك بالا، خان ئانىسىنىڭ ئىككى ئېغىز لەۋزىنى يېرمايدۇ...

— بالام ھېكمەت، شەمس - قەمەرنىڭ تۇتۇلۇشىمۇ قوغدانغىلى بولمايدىغان ھادىسىدۇر، — دېدى خان ئانا نەسىھەت قىلىپ، — گۈلزىبا

سىنىڭ ھالال جۈپتۈڭدۇر. پەرزەنتىڭمۇ پات ـ ئارىدا دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. بىراق ئۇ يامانلارنىڭ قۇربانى بولدى... سىنىڭدىن ئۆمىدىم، بۇ ئىشتا دىلىڭنى سەممىيەت نۇرى بىلەن بېزىگەيسەن... ھىممىتىڭنىڭ ئاسمىنىنى ھەرگىز بۇلۇت قاپلىمىسۇن...

— خاۋاتىرلەنمىسىلە خان ئانا، نەسىھەتلىرى دىلىمنىڭ قات ـ قاتلىرىدا!... ئۆزلىرىنىڭ لەۋزىلىرىنى ئالمىسام، بۇ دۇنيادا قارا يۈز بولۇپ كەتمەمدىمەن؟ — دېدى ھېكمەت خان ئانىغا قاراپ، — مەن گۈلزىبانى ھەرگىز داغدا قويمايمەن.

— ھەببەللى ئوغلۇم، بۇ سۆزلىرىڭ مېنى بەكمۇ خوش قىلىۋەتتى. ئۆمەر ھەييام ھەزرەتلىرى ئۆز روبائىيسىدا مۇنداق دېگەن:

بىر غېرىپ كۆڭۈلنى قىلالىساڭ شاد،
ياخشىدۇر يەر يۈزىن قىلغاندىن ئاباد.
لۇتپۇڭ ـ لە بىر دىلنى قۇل قىلالىساڭ،
ئەۋزەلدۇر يۈز قۇلنى قىلماقتىن ئازاد...

— بىراق خان ئانا، — دېدى نەفىسە ھۇپپىدە قىزىرىپ، — گۈلزىبا ھېكمەت بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ. بەلكىم ئۇ...

— ئەي ـ ھەي....، — خان ئانا باش لىڭشىتتى، — ھەقىقىي پاك مۇسۇلمان قىز، ئۇ نومۇس، غۇرۇر، ۋىجدان ئازابىدا ئۆرتىنىۋېتىپتۇ... ياخشىنىڭ يۈرىكى يامانلىقتا يات دېگەن شۇ، سىلەر ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرمىدىڭلارمۇ؟...

— مەن بارماقچى بولۇپ تۇراتتىم، — نەفىسە ئورنىدىن تۇردى، — سۆزلىرىنى بۆلۈۋەتمەي دەپ...

— بېرىڭ قىزىم، بېرىڭ... بۇنداق ساۋاپلىق ئىشقىمۇ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرغان بارمۇ!...

— ئەمىسە، نەفىسە بىز سىزنى دوختۇرخانىدا ساقلايمىز، — دېدى كامىل ئۇنى ئۇزىتىۋېتىپ، — ئۇدۇل زۇمرەتنىڭ ياتىقىغا بېرىڭ!...

سەئىدە بىلەن كامىل نەفىسەنى ئۇزىتىپ قويغىلى چىقىپ كەتتى. خان ئانىنى يالغۇز قالدۇرۇش تەركىي ھۆرمەت بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھېكمەت خاندا يالغۇز قالدى.

— ھېكمەت بالام، گۈلزىبا خېنىمنى سەن بىلەن كۆرۈشكىلى قويمايۋاتقان نېمە ئۇ، بىلەمسەن؟...

— بىلىمەن خان ئانا... ئىنسانىي پەزىلەت...

— بارىكاللا زېھنىياتىڭغا!... ئەگەر ئەخلاقسىز بىرەر قىز بولسا، ئون مىڭ يالغاننى ئېيتىپ، سېنى ئىشەندۇرگەن بولار ئىدى!... شۇنداق بالام، ئالتۇن ئايسىز تۇندىمۇ پارقىرايدۇ... سەۋر قىلغىن، قۇرئاننىڭ بەقەرە سۈرىسىدە: «تەڭرى سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىرگىدۇر» دېيىلگەن...

— خان ئانا، ئۆزلىرى داۋاملىق «ھاياتتا تۇراقلىق بولۇش پەزىلەتتۇر. بۇ پەقەت غەيرەت ۋە سەۋر بىلەن بولىدىغان ئىش» دەپ نەسىھەت قىلاتتىلىغۇ؟ مەن بۇ سۆزلىرىنى مەخمەل تۇماردەك بوينۇمغا ئېسىۋالغانمەن...

كامىل قايتىپ كىردى. بۈگۈن ئۇلار يەكشەنبىلىك دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ، زۇمرەت بىلەن غازاخۇن ئاكىنى يوقلىماقچى ئىدى. شۇڭا ئۇلار خان ئانا بىلەن خوشلىشىپ، دوختۇرخانىغا كېلىشتى. ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋا تەنلەرنى ھۇزۇرلاندۇراتتى. ئاسماندا ئالقاندەكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھويلىلىرىغا پاسىلداش يوللارغا سۇ سېپىپ سۈپۈرۈپ تۇرغاچقا، كوچىلار پاكىزە ئىدى. بەزى قورۇلارنىڭ ئالدىدىكى سۇپىلاردا، ھاسىسىغا ئېڭىكىنى تىرەپ، ئاپئاق ساقال قېرىلار، قورۇق باسقان مومايلار ئەتىگەنلىك قۇياش تەپتىدىن سوغۇق قانلىرىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن، ئاپتاپ سىنىپ ئولتۇراتتى.

كامىل بىلەن ھېكمەت گۈلباغدا كېتىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، گۈلزىبا، نەفىسەنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاۋاتاتتى. دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، مەكتەپ ئىچى جىمجىت، ئادەمسىز چۆلدەرەپلا قالغانىدى. دوستىنىڭ ئىچى-ئىچىدىن ئۆرتىلىپ چىقىۋاتقان ياشلىرىغا چىدىيالمىغان نەفىسەمۇ يىغلىدى. ئۇ، ئۆزىنى قانچە قىلىپمۇ تۇتالمايۋاتاتتى. گۈلزىبا يۆتىلىپ

كەتتى. ئۇ، لۇڭگىنى ئېلىپلا ئاغزىغا تۇتتى. دوستىنىڭ كالپۇكلىرىدا قان يۇقىنى كۆرگەن نەفىسە دەرھاللا ئۇنىڭ قولىدىن لۇڭگىنى تارتىۋېلىپ، قورقۇپ كەتتى. ئاپئاق لۇڭگىدە تەڭگىدەك قان تۇراتتى.

— ۋاي خۇدايىم، دوختۇرغا بارمىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى نەفىسە جىددىيلىشىپ، — شۇنچىۋالا بولغۇچە، سىنەكىمەي يۇردىڭىزمۇ؟...

— ھېچقىسى يوق، دورا يەۋاتىمەن، — گۈلزىبا ھاسىراپ تۇراتتى، — ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىكى غۇلجىلىق دوختۇر تىلىۋالدى ئوبدان دورىلارنى بېرىۋاتىدۇ. بالنىستا يېتىڭ دېگەن، مەن ئۇنىمىدىم.

— ئۇ ھېكمەتنىڭ تونۇشى ئەمەسمۇ، سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى بىلەمدىكەن؟

— بىلىدىكەن، مۇرات دەپ بەرگەن ئوخشايدۇ...

نەفىسە گۈلزىباغا بىر سائەتتەك نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى ھېكمەت بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل كەلتۈرەلمىدى. گۈلزىبا: «مەن بۇلغانغان، ناپاك ئايال، ھېكمەتنىڭ پاك چىرايىغا قارىيالمايمەن...» دەپ، ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. نەفىسەنىڭ پاك سۆيگۈنىڭ قاتىللىرى كېرىموف، قايىت، گۈلرۇزلارغا بولغان غەزىپى بىردىنلا تاشتى، ئۇنىڭ ھەتتا بۇمەرەمخانغىمۇ ھېچقانداق مۇھەببىتى قالمىدى. ئۆزىنى ئويلىماي، ئاددىي - ساددا ياشاپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئائىلىسىگە ئاتىغان بىر ئاق كۆڭۈل قىزنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرگەن نەفىسە بۇ بىۋاپا دۇنياغا، رەزىل ئادەملەرگە ئىچىدە نەپرەت ئوقۇدى. ھازىر قايىت، بۇمەرەمخان، گۈلرۇزلار مەكتەپكە كىرەلمەيتتى. پەقەت نەبى بىلەن ماھىگۈللا ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى. گۈلزىبا نەبىنىڭ ئوقۇش راسخوتى ۋە خەجلەيدىغان پۇللىرىنى بېرىپ، قالغىنىنى ئانىسىغا چىقارتىپ بېرەتتى. بۇ پۇللار ئۇلارنىڭ گېلىدىن قانداق ئۆتىدىغاندۇر؟....

— گۈلزىبا، سىز دۇنيادا ئەڭ پاك قىز، — دېدى نەفىسە لۆڭگىنى يۇيۇۋېتىپ، — پاكلىق ئادەمنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتى، ساپ دىيانىتى، سەمىمىيلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ... سىز بۇنداق ئېغىر يۈكنى ئۆزىڭىزگە ئارتىۋالماڭ ...

— كۆڭلۈمنى ئاۋۇتماڭ نەفىسە، — دېدى گۈلزىبا ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — مېنىڭ تېنىمدا ھېچقانداق ئالامەتلەر سېزىلمىگەن بولسىمۇ، بىر ئەرنىڭ قوينىدا يېرىم كېچە بىللە بولدۇم... بۇ مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمغا يېتەرلىك ۋىجدان ئازابى پەيدا قىلدى، بۇنى ھېكمەتمۇ ئۇنتالمايدۇ...

— تۈنىسىز كۈن يوق، داغسىز لەيلى دېگەن گەپ بار. ھېكمەتمۇ تۈنجى ئىشقىنى ئىسكىرىپكىچى قىز ئامىنەگە بەرگەننغۇ؟... — دېدى نەفىسە گۈلزىبانى قايىل قىلىش ئۈچۈن، — بىلەمسىز، دۇنيادا ئەڭ تەس نەرسە پاك بولۇش، ھەممىمىزدىلا نۇقسان بار... ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ دۇنيا جەننەت، بىزلەر پەرىشتە بولۇپ كېتەرئىدۇق...

— ئېيتىلماققا شۇنداق دەيدۇ، — دېدى گۈلزىبا، — بىراق رېئاللىق ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ قالدىم دېگەندىمۇ چىرايىغا قانداق قارايمەن؟ ... ھەر قېتىم يادىمغا كەلگەندە، گۇناھكارلىقىمنى ھېس قىلىمەن... ھېكمەتقۇ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ۋاپادار يىگىت، يۈزۈمگە ھەرگىز سالمايدۇ... لېكىن يۈرىكىدە داغ بولۇپ قالىدۇ... بولۇپمۇ ئەرلەر بۇنداق ئىشنى ھەرگىز ئۇنتالمايدۇ...

— ئەمىسە، ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق ئۆتەمسىز؟...

— ئۆمۈر بويى؟... — گۈلزىبا ھەسرەتلىك كۈلدى، — قانچىلىك ئۆمرۈم قالدى دەيسىز؟... ھېكمەت بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر ئەڭ مەنىلىك، بەختىيار كۈنلىرىم بولدى. ئەمما تولىمۇ قىسقا بولۇپ قالغىنىغا ئېچىنىمەن... بۇ بەخت ئازغىنا قالغان ھاياتىمنى بېزەشكە يېتىپ ئاشىدۇ...

— بۇنداق ئۈمىدسىز بولماڭ، بىز دوستلار سىزنى داۋالىتىمىز، دەپ غېمىڭىزنى يەۋاتساق، — دېدى نەفىسە قاتتىقراق تەلەپپۇزدا، — سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۈزىڭىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى باشقا بىراۋلارنىمۇ ئازاپتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن لازىم... سىز ھېكمەت بىلەن زادى كۆرۈشمەمسىز؟...

— كەچۈرۈڭ دوستۇم نەفىسە، مېنىڭ قانچىلىك ئازاپلىنىۋاتقىنىمنى

بىلسىڭىز كاشكى، — گۈلزىبا ئالقانلىرىدا يۈزىنى توسۇپ يىغلىۋەتتى.
— بولدى يىغلىماڭ، — نەفىسە دوستىنى قۇچاقلىدى، — بولدۇ، سىز يەنە ئۆيلىنىڭ . . . سىزنى قىستىماي. . . ھازىر مەن بىلەن زۆمرەتنى كۆرگىلى دوختۇرخانىغا بارامسىز؟ . . .
— مەن ھەر كۈنى بىرىپ تۇرۇۋاتىمەن. بۈگۈن يەكشەنبە، يوقلايدىغانلارمۇ كۆپ. . . خاپا بولمىسىڭىز، ئەتە بارسام. . .
گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ ئۆچرىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى. بۇنى سەزگەن نەفىسە خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ دوختۇرخانىغا بارغۇچە خىيالدىن باش كۆتۈرەلمىدى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا بىر - بىرىگە تەن ھەم قانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ئاشىق - مەشۇقلار ئىدى. ھېكمەت قايىت، ماھىگۈل، نەبىلەرنى قۇتقۇزدى. ئاياز ئىسسىق، زىمىستان قىشلاردا ھاياتىنى دوغا تىكىپ، ئوغرى، قىمارۋازلار بىلەن ئېلىشتى، ئائىلىسىگە خەيرىخاھلىق قىلدى. بۇنى بەلكىم ئىنسانىي پەزىلىتىدىن بولدى دېيىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن تەكتىنى ئويلىغاندا، يەنىلا گۈلزىبا ئۈچۈن قىلدى. گۈلزىبامۇ زەھەرلىك سۇيىقەستلەرگە ئۇچراپ، تۆھمەتلەرگە قالدى. ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ قارا بۇلۇتتەك بېسىپ كېلىپ، ھېچ ئۈمىد قالمىغاندا، ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن «نىكاھ» قىلىشنى ئۆتۈندى! . . . بۇ نېمىدېگەن يەكدىللىق روھ. ھەتتا ئۇ يامان بەدناملارنىڭ كوچا - كويلارغا تارقىلىشىدىن، يۈزىنىڭ تۆكۈلۈپ، شەرمەندە بولۇشىدىن قورقماي، كېيىنموففقا، تويدىكى مېھمانلارغا ئۆزىنى ئاشكارىلىدى! مانا بۇ ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمى ئۈچۈن قۇربان بەرگىنى ئىدى! . . . ھېكمەت ھەم گۈلزىبا بىر - بىرىگە شۇنچىلىك ئەقىدە قىلىپ، بوران - چاپقۇنلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئەمدىلا بەختىنىڭ روجەكلىرى كۆرۈنگەندە، ئادەملەر ئۆلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆتكىلى بولمايدىغان سېپىل سوقۇپ قويىدى. ئىنسان دېگەن تەقدىر - قىسمەتنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ ئۆتىدىغان گول مەخلۇق ئوخشايدۇ. . . ئۇ، ئىگىسىنىڭ قولىدىكى قىزىل لاتىنى گۆش دەپ چۆرگىلەپ كېتەلمەيدىغان قۇرغۇيدەك، ئوت بىلەن ئويناشقان پەرۋانىدەك، ئۆز سايىسىنى تۇتالمايۋاتقان مۇشۇكتەك، بۇ دۇنيادىن ئالدىنىپلا ئۆتۈپ

كېتىدىكەن ـ دە! . . .

نەفىسە بالىنىستقا كىرىپ كەلگەندە، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. زۇمرەت بولسا، ئاپئاق پەرەستىنلەر ئىچىدە پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ چۇشۇرۇۋېتىلگەن چېچى قاپقارا بولۇپ ئېگىزلەپ چىققانىدى. ياخشى بېقىش تاپقانلىقتىن بولسا كېرەك، يۇزلىرى ھۇپپىدە تولۇپ، مەڭزىلىرى ئالمىدەك قىزىرىپ تۇراتتى. ئىلپىتەك تۇز قارا قاشلىرى، قايرىلما كىرپىكلىرى ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇزەللىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنىڭ نىشانى ئىدى. نەفىسە زۇمرەتنىڭ يۇزلىرىنى ئاستا سىيلىدى ۋە ئېڭىشىپ مەڭزىگە سۆيۇپ قويدى.

— نەفىسە، ئۇ يەرنىڭ ئاستىغا سۆيمەڭ، — دېدى مۇرات چاقچاق قىلىپ، — ئۇ يەرنىڭ ئىگىسى بار. . .

— ئۇياتسىز قېلىن! — دېدى نەفىسە قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، — كۆڭلىڭىز ئارامىغا چۇشۇۋىدى، ئاغزىڭىز يەنە بىزەپلەشكىلى تۇردى. . . سىزلا بولسىڭىز، قۇلاقلىرىمىز قېتىپ، يۇزلىرىمىز قېلىنلىشىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. . .

— كامىل قارىغىنا، — دېدى مۇرات كۇلۇپ، — نەفىسەنىڭ ئاشۇ دومسىيىشلىرى ئەجەپ ئوماق ـ ھە؟. . . شۇنداق ۋاقىتلاردا قانداق چىدايدىغانسەن؟ . . .

ھەممىسى كۇلۇشتى. ئەمما نەفىسە يۇزىنى تۇتقىنىچە كارىدورغا ماڭغانىدى، مۇرات ئۇنى تۇتۇۋالدى ۋە قايتا ـ قايتا كەچۇرۇم سوراپ، «مۇشۇ مېنىڭ ئاغزىمنىمزە. . .» دەپ، ئۆزىنىڭ ئاغزىغا بوشراق بىر ـ ئىككىنى ئۇردى.

— نەفىسە، گۇلزىبا بىلەن سۆزلەشتىڭىزمۇ؟ — سوردى كامىل، — ئۆزى قانداق تۇرۇۋېتىپتۇ؟

نەفىسە سۆھبەت جەريانىنى ئىخچام قىلىپ سۆزلەپ بەردى. لېكىن گۇلزىبانىڭ سالامەتلىكى ۋە بەزى ئىنچىكە تەرەپلەرنى ئېيتمىدى. بۇ قېتىمقى زەربىنىڭ گۇلزىبانىڭ روھىغا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىنى، شۇڭا، ئۇنىڭ روھىي ـ ھالىتى ئەسلىگە كېلىپ بولغۇچە، ھېكمەتنىڭ

سەۋر قىلىشىنى ئۆتۈندى. كامىل، مۇراتلارمۇ نەفىسەنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ، ھېكمەتكە تەسەللىي بەردى.

كامىل، ھېكمەت، نەفىسەلەر قايتماقچى بولۇشتى. مۇرات ئۇلارنى ئۇزىتىپ، دوختۇرخانا دەرۋازىسىغىچە بىللە كەلدى. كامىل يانچۇقىدىن ئاتمىش يۈەن پۇلنى ئېلىپ: «بۇ ئۇچىمىزنىڭ كۆڭلى، زۇمرەتنى ياخشى ئوزۇقلاندۇرغىن!» دەپ مۇراتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. مۇرات ئالغىلى ئۇنىماي، خېلى جاھىللىق قىلىپ باقتى. ھازىر ئۇ خېلىلا ئەركىنلىككە چىقىپ قالغانىدى. ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم بوستانغا چىقىپ، ئانچە ـ مۇنچە ئىش قىلىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇپ كېلەتتى. ھەر چىققىنىدا، دادىسى ئېلىپ بەرگەن بىر كىيىملىك رەخت، ئۆگەي ئانىسى تىككەن بالىلار كىيىملىرى، تاتلىق ـ تۈرۈم دېگەندەك نەرسىلەر ئارقىلىق زەينىدىنىنى يوقلايتتى. زۇمرەت بولسا، شەھەردىكى دوستلىرىنىڭ كىنىشكىلىرى ئارقىلىق داۋالىنىۋاتاتتى. بۇ ئىشتا، تېلىۋالدى دوختۇر ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. ئاش ـ تاماق ئېشىپ ـ تېشىپ تۇراتتى. ھەممە ئوغۇل ـ قىز دوستلىرى، سىڭىل ـ ئىنىلىرى نۆۋەتلىشىپ، ھەر خىل تاماقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. كېچىدە قاراشنى مۇرات ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇ، كۈندۈزلىرى زۇمرەتنى دوختۇرخانا باغلىرىدا ئايلاندۇراتتى. بەزى ئايدىڭ كېچىلىرى، كوچىلارغىمۇ يېتىلەپ چىقىپ، ھەر خىل گەپلەرنى قىلاتتى، زۇمرەت ئاڭقىرالماي قالمىسۇن دېگەندەك، بىر دېگەن گەپنى نەچچە تەكرارلايتتى. ئۇ، نۆۋەتچى سېستىرا قىزلار ئۇخلاپ قالغان جىمجىت كېچىلەردە، زۇمرەت ئۇقسۇن ـ ئۇقمىسۇن، ياقۇپنىڭ خېتىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇيتتى. بۇ خەت ئالتە ـ يەتتە قېتىم تەكرارلانغان بىر كېچىسى زۇمرەت: «دادا. . . دادا. . . دادام. . . » دەپ مۇراتنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. . . ئۇ شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچىلا «دادام. . . » دەپ جۆيلىدى. . .

— كامىل، — دېدى نەفىسە سومكىنى ئىشارە قىلىپ، — ھېلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ يەنە. . .

— ۋۇي راست، نەفىسە دېمىگەن بولسا يادىمدىن چىقىدىكەن، —

دېدى كامىل سومكىدىن ئىككى قۇتا دورىنى ئېلىپ، — بۇنىڭ بىرسى لوبۇبى كەبىر، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپتىمەن. ئىككىلىسى نېرۋا ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان خاپىغان، سەرئى كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدىغان دورىلار. بۇنى غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىم بەرگەنىدى.

— بەك بەلەن بولدى، — دېدى مۇرات قۇتىلارغا قاراپ، — تېلىۋالدى دوختۇرمۇ مۇشۇ دورىلارنىڭ گېپىنى قىلغانىدى، ئەجەپ ئەۋلىيادەك ئىش قىلدىڭ!...

كامىل، ھېكمەت، نەفىسەلەر مۇرات بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى. ئۇلار ھايال بولمايلا، غازاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. چۈنكى ئۇنىڭ قورۇسى مۇشۇ كوچىنىڭ ئايىقىدا ئىدى. دەرۋازىنىڭ ھالقىسى شاراقلىشى بىلەن، ئامانىللا يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە پەلەمپەيلەر ئارقىلىق ئۇلارنى پېشايۋانلىق ئۆيگە باشلىدى. ھويلا ئىچى چىنىدەك پاكىزە بولۇپ، سېرىق سەبدە، تاجى خوراز، قامچا گۈل، خېنە گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. گېزىت كۆرۈۋاتقان غازاخۇن ئاكا ئۇلارنى كۆرۈپ، قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ بېشىغا بېغىر رەڭ مانچىستىر دوپپا، ئۇچىسىغا چاڭ ياقىلىق ئاق كۆڭلەك، كەڭ ياسمانە ئىشتان كىيىۋالغاچقا، توغرىلىق، پاكار كۆرۈنەتتى. بۇ ئەسنادا مەلىكىخان ئاچىمۇ كىرىپ كەلدى. ھېكمەت غازاخۇن ئاكىنىڭ يۇمىلاق، نۇرلۇق چېھرىگە سەپسالدى. ئۇنىڭ چېكە چاچلىرى خېلىلا ئاقىرىپ، قورۇقلىرىمۇ كۆپىيىپ قالغانىدى. مېھمانلار تاختايلىق ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان كەڭ ئۈستەل ئەتراپىدىكى ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ ئائىلىدىكى چوڭ-كىچىكنىڭ ھەممىسى ئوقۇمۇشلۇق بولغاچقىمۇ، ئۆينىڭ بېزىلىشى ۋە جاھازلاردىن يېڭى زامان مەدەنىيىتى پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. مەلىكىخان ئاچا بىردەمدىلا تاتلىق-تۈرۈم، بال پېرەنىكلەرنى تىزىپ، ئۈستەلنى گۈللىتىۋەتتى.

— ھە، ئۇنسۇرلار! — دېدى غازاخۇن ئاكا ھېكمەت بىلەن كامىلغا قاراپ، — تېخىچە قىزىللىشىپ بولالمىدىڭلارمۇ؟...

— قىزىللىشىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس ئىكەن، — دېدى ھېكمەت.

— تىزغىچە، ئەگەر بولمىسا ئوششۇقىچە بولسىمۇ قىزىللاشمىغان بولساڭلار، بولماپتۇ، — دېدى غازاخۇن ئاكا تۇقاچلارنى ئۈشتۈۋېتىپ، — سىلەرمۇ راسا جاھىل ئۇنسۇرلاردىن ئىكەنسىلەر...

مەلىكىخان ئاچا پەتنۇسلاردا چاي سۇندى ۋە ھەربىرىنىڭ پىيالىسىگە قەنت سېلىپ قويدى.

— قېنى، قاتتىق - قۇرۇقلاردىن ئېلىڭلارچۇ ... تاماقمۇ ھازىرلا تەييار بولىدۇ، — دېدى مەلىكىخان ئاچا، — بۇ ئادەمنىڭ ئەتىگەندىن بېرى يولۇڭلارغا قاراپ، كۆزى تېشىلەي دېدى.

ئۇلار چاي ئىچكەچ، بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ، «شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش» ھەرىكەتلىرىدە يۈز بەرگەن چەكتىن ئاشقان سولچىللىق خاتالىقى، زەربە بېرىش دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇپ كەتكەنلىكى، ئىنتىپاقلىشىشقا تېگىشلىك كۆپلىگەن دۈشمەن قاتارىدا چارە كۆرۈلگەنلىكى، بۇ مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ۋە ماتېرىياللىرىغا تۈپتىن ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشتى. غازاخۇن ئاكا «چەت ئەل كىتابلىرىنى كۆپلەپ توپلاش، قەدىمىي كلاسسىك ئەسەرلەرنى يىغىش» جىنايىتىدىن ئۆزىنى تەكشۈرگەنىدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈش قارارىنى چىقارغان بولسىمۇ، غازاخۇن ئاكا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە، تەشۋىقات بۆلۈمىگە تېلېفون بېرىپ، ئۇ كىتابلارنى ئارخىپ قىلىپ ساقلاپ قېلىش بۇيرۇقىنى ئالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنى: «چەت ئەل كىتابلىرىنى يىغىپ، كۆپلەپ ئارىيەت بېرىپ، باشقىلارنى زەھەرلەشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟» ، «نېمىگە يەتمەكچىدىڭ؟» دېگەندەك بىمەنە سوئاللار بىلەن خېلىلا قاتتىق تۇتتى. غازاخۇن ئاكا كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ كۈرەش مەيدانىدىكى جاسارىتىنى، پاكىت سۆزلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زۇۋانىنى ئاچالماس قىلىپ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەكمۇ مىننەتدار بولدى، ئۇلارنى سىلەر دەۋرىمىزنىڭ شىجائەتلىك زىيالىيلىرى دەپ ماختىدى. ھېكمەت ئامۇتلۇقتىكى ۋەقەدە، خالىق ۋە ئۇنىڭ لۈكچەكلىرىنىڭ قانداق ئەدىپىنى يېگەنلىكىنى كۈلكىلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرىۋىدى، غازاخۇن ئاكا بەكمۇ

خۇشال بولۇپ كەتتى.

— كامىل بەلەن ئىش قىپتۇ، — دېدى ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ، — ياردىن غولىساڭمۇ، ياۋغا بوي بەرمە دېگەن گەپ بار. ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن ھەرقانداق ئادەم ئۆلۈك بىلەن تەڭ. . . يانپاشقا چىققان ئىكەن، غولىتىپ ئېتىش كېرەك.

— دادا، سەن شۇنداق دەيدىكەنسەن، تاش بىلەن ياڭاقنىڭ تەڭ بولغىنى نەدە بار؟ — دېدى ئامانىللا سۆز قىستۇرۇپ، — ئالايلى، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە يېگىلىق يارانقۇچىلاردىن ئىدى. ئەمما خالىق، زەينىدىن، كېرىموفلاردەك سۇيىقەستچى، تۆھمەتخور ئوغرىلار قارا ماتېريال، قارا ئەنزە پەيدا قىلىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا ئەۋەتىۋىدى، دائىمىي ھەيئەت كومىتېتى تەكشۈرمەي، تەتقىق قىلماي، ئۇلارنى جازالىۋەتتىغۇ؟ . . . ھەقىقەت دېگەن نەرسە زادى بارمۇ ـ يوق؟ . . .

— توغرا دەيسەن بالام، — دېدى غازاخۇن قايناپ، — دۇنيادا «ھەقىقەت» دېگەن سۆزدەك قولاققا يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان ئىككىنچى بىر سۆز بولمىسا كېرەك. ئەمما ھازىرقى ۋاقىتتا، بۇ سۆزنىڭ قىممىتى قولاققا يېقىملىق ئاڭلىنىشىدىلا! . . .

— خەلق بېشىغا چىقىۋېلىپ ناغرا چېلىۋاتقان بۇنداق ھەقىقەت قارىغۇلىرى، — دېدى كامىل ئاچچىقى بىلەن، — ئاخىرى بىر كۈن خەلق تەرىپىدىن تۈكۈرۈپ تاشلىنىدۇ.

— ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز: «ھەرقانچە ھەشەمەتلىك زىياپەتمۇ ئاخىرى تۈگەيدۇ» دېگەن، — دېدى نەفىسە سەل تارتىنىپ، — ئۇلارنىڭ داپلىرى يېرىلىدىغان، ئاچچىق ـ ئاچچىق ياش تۆكۈدىغان كۈنلىرى كېلىدۇ.

— توغرا دېدىڭىز قىزىم. . . ئادەم دېگەن ئەنە شۇنداق ئۈمىدۋار ياشاش كېرەك، — دېدى غازاخۇن ئاكا، — بۇ ھەقتە شەيخ سەئىدىنىڭ مۇنداق مىسرالىرى بار:

بۇ دۇنيادا زالىم قالالماس ئەبەت،

### ئۇنىڭغا قالىدۇ مەڭگۈلۈك لەنەت...

نەفىسە مەلىكىخان ئاچىغا ياردەملىشىپ، چىنە - قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئۈستەللەرنى سۈرتتى ۋە ئىككى لىگەن مانتىنى ئۈستەلگە قويدى. ئۇلار بالا تەخسىلەرگە لازا قىيامى، ئاچچىق سۇلارنى تەڭشەپ مانتىغا تۇتۇش قىلىشتى. غازاخۇن ئاكا تارتىنىپ قالغان نەفىسەنىڭ تەخسىسىگە ئۆز قولى بىلەن ئىككى مانتىنى سېلىپ بەردى. مېھماندوست مەلىكىخان ئاچا: «ئېلىڭلار، بېقىڭلار، ئوخشىماپتىمۇ - يە؟» دەپ يۈرۈپ، زورلاپ يېگۈزدى. مانتىمۇ راسا ئوخشىغانىدى، قىيمىلىرىنىڭ دورا - دەرمانلىرى تېتىغان، شورپىلىرى ئېقىپ تۇراتتى.

تاماقتىن كېيىن، قىزىق دەملەنگەن چايدىن بىر پىيالىدىن ئىچىشتى. ئاندىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. ئۇلار غازاخۇن ئاكا بىلەن يەنە بىردەم ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ۋاقىت چۈشتىن ھالقىغانىدى. ھېكمەت سۇ ئامبىرىغا، كامىل بىلەن نەفىسە بوستانغا قايتمىسا بولمايتتى. غازاخۇن ئاكا ئۇلارغا ئامانلىق تىلەپ، كوچىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

كامىل، ھېكمەت، نەفىسەلەر مىرزاپىشانىڭ ئۆيىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە توختاشتى. ئۇلار مەشەدە ئايرىلمىسا بولمايتتى. ھېكمەت قارىقاش ناھىيىسىگە قاتنايدىغان ماشىنىغا چىقىپ لاسكويدا چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىگە ھارۋا، ئۇلاغ ئۇچراپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ كامىل، نەفىسەلەر بىلەن خوشلاشتى. دوستىنىڭ مىسكىن چىرايىغا قاراپ، كامىلنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى. چۈنكى، ھېكمەت ئىككى كۈن شەھەردە تۇرۇپ، گۈلزىبا بىلەن كۆڭلى سۇ ئىچكۈدەك مۇڭدىشىۋالالمىغانىدى.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما! — دېدى كامىل دوستىنىڭ ئىككى مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، مەن ئارىلىقتا نەفىسە بىلەن شەھەرگە كىرىمەن، دوستلار جەم بولۇپ، گۈلزىباغا نەسىھەت قىلىمىز...

— رەھمەت ساڭا!... سىلەردەك دوستلىرىم بولغاچقا، ئەلەم چېكىپ يۈرمەيمەن...

هېكمەت ماشىنىدىن لاسكويدا چۈشۈپ قېلىپ، باش لاسكوي ئۈستىگى بويلاپ توپا يولغا قايرىلدى. بۈگۈن بازار كۈنى بولغاچقا، بىرمۇ بوش هارۋا ياكى ئۇلاغ يوق ئىدى. بورا، خام مال، ئوتۇن باسقان هارۋىلار، تاشتۇز، بادرا ئارتقان ئۇلاغلار قەدەمدە بىر ئۆتىشىپ تۇراتتى. شۇڭا هېكمەت قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېڭىئېرىققا پىيادە يۈرۈپ كەتتى.

قوياش ئالامەت زور ئوت شارىدەك كۆجۈم كەنتلەر ئارقىسىغا پېتىۋاتقان، ئۇنىڭ قىيپاش چۈشكەن قىپقىزىل زەر نۇرلىرى يەر يۈزىنى سۆيۈپ تۇرغان، هېكمەت چەكسىز شال تىگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يوللاردا گۈلزىبانىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، قارا چايشاپلىق بىر قىز يۈرۈڭقاش دەريا بويىدىكى يالغۇز تېرەكنى قۇچاقلاپ، يامغۇردەك ياش تۆكمەكتە ئىدى. مانا بۇ كىچىككىنە نازۇك ۋۇجۇدى كۆتۈرەلمىگۈدەك هەسرەت ـ نادامەت تاغلىرى باسقان باغرى قان، يۈرىكى زەرداپ بىر ناتىۋان ئىدى. ئۇ، چىن مۇهەببەتكە، پاك ئەقىدىگە، ئىنسانىي ۋىجدانغا سادىقلىقى بىلەن بۇ دۇنيادىن كەتمەكچى... قوياش ۋە يېشىل كائىناتقا خوش دېمەكچى... تاتلىق ئۆتكەن خاتىرىلەرنىڭ شاهىدى — ئەزىم دەريا يۈرۈڭقاش بىلەن ئاخىرقى قېتىم خەيرلەشمەكچى!... قىسقىسى بۇ قارا چايشاپلىق قىز ئۆزىنىڭ ياش هاياتىغا خاتىمە بېرىش ئالدىدا تۇرغان گۈلزىبا ئىدى.

نەفىسە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گۈلزىبا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئۇ هېكمەتكە زادىلا چىدىمىدى!... ئاخشام قىز كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقاندا، توي سورۇنىدا، ئىككىنچى مەكتەپ ئالدىدا ئۆزى تىكىپ كىيگۈزۈپ قويغان ئاق كانۋا كۆڭلەكلىك يىگىتنى، ياق، ۋاپادار ئېرىنى يوشۇرۇن كۆردى!... پىغانلىرى ئۆرلىدى... قەلب پىنهانلىرىدىن: «ئاه ئۇ مېنىڭ ئېرىم... ئۇ بالامنىڭ دادىسى... ئۇ مېنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىم...» دېگەن نىدا كەلدى. كاشكى ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ بويىنىغا ئېسىلسا، هىدلىرىنى هىدلىسا، ئۇنىڭ ئايالى، بالىسى ئۇچۇن ئۇرۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ ئۇستىگە بېشىنى قويسا... هەم شۇنداق مەڭگۈ ئۇخلاپ قالسا!... ئۇ نەقەدەر بەختلىك بولار ئىدى ـ هە؟

ياق! گۈلزىبا ئەمدى ئۇنداق قىلالمايدۇ. . . بىغۇبار يۈزلەرگە ناپاك يۈزلەر بىلەن قانداق قارىسۇن؟ . . . ئەمىسە ئايرىلىپ كەتسۇنمۇ! . . . ياق، ياق! . . . بۇ نېمىدېگەن دەھشەت! . . . ئاجايىپ دەھشەت! . . . دەپ ئېيتقۇسىز دەھشەت! . . .

مانا مۇشۇنداق بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى شىددەتلىك ئوي ـ خىياللار گۈلزىبانى بۇ دۇنيادىن ۋىدالىشىشقا مەجبۇرلىغانىدى. . .

گۈلزىبا يالغۇز تېرەكنى قۇچاقلاپ يىغلىماقتا ئىدى. . . ئۇنىڭ سىيلىق قوۋزاقلىرىدىكى قوش يۈرەك سۈرىتى ئۆز شەكلىنى ھېلىھەم ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ گويا يۈرەكتىكى كونا داغنى ئەسكە سالاتتى. گۈلزىبا ئۇنى سىيلايتتى، يۈزلىرىنى ياقاتتى. . . كۆز ياشلىرى بىلەن يۇياتتى.

. . . — بۇ قەلەمتىراش سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ماڭا ھەمراھ بولسۇن! . . .

— بولىدۇ گۈلۈم. . . مېنىڭ جېنىممۇ سىزگە تەسەددۇق. . .

گۈلزىبا دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىسەرەمجان كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا قارىدى، دەريا تەرەپلەرگە تەلمۈردى. . . بويىنىغا يىپەك يىپ بىلەن تۇماردەك ئېسىۋالغان كىچىك قەلەمتىراشنى ياقا چېكىدىن ئېلىپ كۆردى! . . . ۋە بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى:

— ھېكمەت! . . . ھېكمەت! . . .

جاۋاب سادا ئاڭلانمىدى، گۈلزىبا دەريا بويلىرىدا گويا ھېكمەتنىڭ ئىزلىرىنى تاپماقچى بولغاندەك يۈگۈرىلەپ ماڭدى. ئۇ ماڭا ـ ماڭا، كۆۋرۈكتىن خېلىلا ئۆزاپ كەتتى ۋە قۇرۇم كۆلىگە كېتىدىغان بىر چىغىر يول ئېغىزىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ بى ئىختىيار شۇ ياققا قايرىلدى. ئەتراپنى كۆكۈم پەردىسى قاپلىدى. قاراڭغۇ چۈشۈۋاتاتتى. ئاينىمىغان جىگدە كۆچەتلىرى ئارىسىدىن باشلانغان بۇ يول ئادەمسىز جىمجىت بولۇپ، بارغانسېرى قىرى قارىياغاچ، پور توغراقلار ئىچىگە ئېلىپ باراتتى. قەدەمدە بىر دېگۈدەكلا، ئىچىنى ئوت بېسىپ كەتكەن چوڭقۇر ئورەكلەر ئۇچرايتتى. ئېھتىمال ئۇلار ئوتتۇن ئۈچۈن قېزىۋېلىنغان دەرەخ يىلتىزلىرىنىڭ ئورنى بولسا كېرەك. گۈلزىبانىڭ تېنى شۈركۈنۈپمۇ قويماي كېتىپ باراتتى. پەقەت ئۇنىڭ كۆڭلىدە قۇرۇم كۆلىدىكى يالغۇز

ئارال ئابىدىدەك تىكلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئارال ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ مۇقەددەس ئىدى. ھېكمەت ئىككىسى تۇنجى مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى شۇ يەرگە چاچقانىدى...

گۈلزىبا قۇرۇم كۆلى ئورمانلىقىغا يېتىپ كەلدى ۋە ھېلىقى يىلى يازدا دوستلىرى بىلەن دالا ساياھىتى قىلىپ چۈشكەن يېرىنى ئىزدەپ تاپتى. قازان ئاسقان ئوچىقى تۈزلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، قارىيىسىپ تۇراتتى. مانا بۇ يەردە ھېكمەت گارمون چالغان... ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا مۇرات بىلەن كامىل ئولتۇرغان... ئۇلار قايسى ناخشىنى ئېيتقان بولغىيتتى؟ توغرا «باھارىم گۈزەل، كۆڭلىرىم گۈزەل...». مانا تاپتىم، نەفىسە ئىككىمىز مۇشۇ يەردە كۆكتاتلارنى يۇيغانىدۇق. زۇمرەت ئۇچاقتا ئوت قالىيالماي: «مۇرات، كۆزۈمگە ئىس كىرىپ كەتتى...» دەپ تولغانىدى.

گۈلزىبا داستىخان سېلىنغان، «كىم ئۇردى؟» ئوينىغان يەرلەرنى مۇسەللەپ، يۈرىكى مۇجۇلدى. سەيلىگاھلار كۆكىرىپ، ياشىرىپ تۇرۇپتۇ... لېكىن كۆڭۈللۈك خاتىرىلەرنىڭ ئىزناسىمۇ قالماپتۇ!... گۈلزىبا بۇ يەردىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايرىلىپ، قۇرۇم كۆلى توسمىسىغا ياماشتى. بۇ چاغدا، قۇرۇم تاغلىرى ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ھىلال ئاي گويا بىر پارچە مۇزدەك يالتىراپ تۇراتتى. پەسلىكتىكى ئورمان، كۆل ئوتتۇرىسىدىكى پارچە - پارچە قۇمۇشلۇقلار ئاي شولىسىدا تېخىمۇ مۇڭلۇق، غېرىبانە تۇيۇلاتتى. پەقەت مەخمەلدەك تىنىق ئاسماننى تولدۇرغان تۇركۇم - تۇركۇم يۇلتۇزلار ئىلگىرىكىدەكلا جەلپ قىلاتتى ۋە چاقنايتتى.

گۈلزىبا كۆز قارىقى ئېقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، بۇكىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئارالغا قارىدى، ئۇنىڭغا خۇددى ھېكمەت پالاق ئۇرۇپ چىقىپ كېلىدىغاندەك تەلمۈردى، لېكىن ھېكمەتمۇ چىقمىدى، ئارالمۇ يېقىن كەلمىدى. قۇندۇزلارنىڭ قۇرۇق شاخ - شۇمبىلاردىن ياسىۋالغان ئۇۋىلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەگەر مۇرات بولغان بولسا، قولۋاقتىن بىرنى تېپىپ كەلگەن بولاتتى. گۈلزىبا تۇنجى مۇھەببىتىنى ئاتىغان ئاشۇ يەردە،

يۈرىكى تولتىغىچىلىك ئېرىنىڭ خىيالىنى قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە سۆزلىشىپ، ھېكايىلىرىنى تىڭشاپ، مۇڭلۇق ناخشىلىرىغا مەھلىيا بولۇپ ئولتۇرسا... ئۇلارنىڭ تۇنجى سۆيۈشۈشلىرىنى كۆرگەن دەل ـ دەرەخلەر ئاستىدىكى تۇپراققا باش قويۇپ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتسە... بۇ چۇقچايغان يالغۇز ئارال ئۇنىڭ مۇبارەك تېنى ياتقان، دەردلىك يۈرىكى تولتىغان قەبرىگاھى بولۇپ قالسا... شۇنداق، ئاخىر بىر كۈن ھېكمەت ئۇنى مۇشۇ يەردىن تاپىدۇ... ئۇلار يەنە مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى قايتا ئېيتىشىدۇ... «مۇھەببىتىمىزنىڭ شاھىدى بولغان بۇ ئارالنى يات ـ يات يوقلاپ تۇرىمىز...» بۇ سۆز ھېكمەتنىڭ ئەھدىسى ئىدى. «مۇشۇ جايىمىزدا ئولتۇرۇپ، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس دەقىقىلەرنى ئەسلەيمىز...» گۈلزىبامۇ ئاشۇنداق ئارزۇ قىلغانىدى... قېنى شۇ گۈزەل كۈنلەر؟ قېنى شۇ ياشلىق كۈيى ياڭرىغان دەقىقىلەر؟... نەلەرگە يوقالغاندۇر مۇھەببەتنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرى ئېچىلغان چاغلار؟... ئاھ... شۇم زاغلار ئۇ چىمەنلىككە زىمىستان چىللاپ كەلدى!... گۈلزىبانىڭ ق... بېغى قۇرۇق ـ قاقشال مازارلىققا ئايلاندى... ئەمدى بۇ گۆرۇستان... بۇلبۇل قۇشى ئۇچۇپ كېتىدۇ... قىسمەت ـ تەقدىر بىلەن كىملە...ۇر ئۇنى ئۆز بېغىغا چىللايدۇ... شوخ كۈلكىسى، خۇش خۇ... چىرايى، مۇڭلۇق ناخشىلىرى بىلەن گۈلزىبانىڭ بوستانىغا ھاياتىي ك... ...خشەندە قىلىدىغان ھېچنېمىسى قالمايدۇ... ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىر...ى سىيلىغان قوللار باشقا بىرىۋلارنىڭ باشلىرىنى سىيلايدۇ... كۈلۈپ قارىغان چىرايلار كىملەرگىدۇر تەبەسسۇم ئەيلەيدۇ... گۈلزىبا ئۈچۈن ئۇرغان يۈرەكلەر قېتىغا كىملەردۇر سىڭىپ كىرىدۇ... ئۇ تىڭشىغان كۆكرەكلەر ئۈستىگە قانداقتۇر ياتلار باش قويىدۇ!...

— ياق!... ياق!... مەن ھېكمەتنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن... — گۈلزىبا ئەسەبىيلەرچە توۋلىدى، — ئۇ مېنىڭ... ئۇ بالامنىڭ دادىسى... ئۇ ماڭا تەئەللۇق!...

— ئەمىسە، ئارقاڭغا قايت... دەرد ـ ئەلەم، خورلۇقلارنىڭ قۇربانى بولغان، سەن ئۈچۈن تارتمىغان ئازابى، كۆرمىگەن كۆرمىشلىرى قالمىغان

ئاشۇ مۇساپىر بىچارىنى باغرىڭغا ئال!... — غايىپتىن كىمدۇر بىرى ۋارقىرىغاندەك قىلدى. گۈلزىبا يان - يېنىغا، يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارىدى، — يەنە نېمىگە ئىككىلىنىسەن؟... ئۇ سېنى، دۇنياغا كۆز ئاچمىغان پەرزەنتىنى كۈتۈۋاتىدۇ... بىر غېرىپ كۆڭۈلنى ئۇۋلا!... ئۇنىڭ ئېزىز بېشىنى سىيلا!...

— ئۇياتسىز، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ھېكمەتكە قارايسەن؟ — يەنە كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى ئالايتىپ، قول شىلتىۋاتقاندەك قىلاتتى،— بىلەمسەن، سەن دېگەن ناپاك ئايال، ھالال جۈپتىڭ تۇرۇقلۇق، ياتلارنىڭ قوينىدا ياتتىڭ!...

— ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىما، — دېدى بىرىنچى ئاۋاز، ئۇ سېنىڭ گۇناھىڭ ئەمەس، ھېكمەت سېنى كەچۈرگەن!... ئۇ سەندىن ئۆزگىگە ھەرگىز كۆڭۈل بەرمەيدۇ... بۇنى چۈشەن... بولمىسا، بىر ئۆمۈر داغدا قالىسەن!...

— يالغان، ئۇ سېنى ياسالما بەختكە دالالەت قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئىككىنچى ئاۋاز، — ئېرىڭ سېنىڭ بىلەن بىرگە بولغىنىدا، تىنىقلىرىڭدىن ياتلارنىڭ ھىدى كېلىۋاتقانلىقىنى، تەنلىرىڭدە قانداقتۇر ئىزلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلماسمۇ؟... ئۇنىڭ غۇرۇرى زەھەرلىنىدۇ ... كۆڭلى بارا - بارا سوۋۇيدۇ.. كۆڭلۈڭ ئۇچۇن ھىجىيىدۇ... بىچارىلىكىڭگە ئىچ ئاغرىتىدۇ... بىلەمسەن، ھىجايغىنى يالغان، ئىچ ئاغرىتقىنى راست. ئەمما ئىچ ئاغرىتىش — مۇھەببەت ئەمەس!...

— ئاھ خۇدا!... — ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرگەن گۈلزىبا كۆككە قاراپ قاتتىق ۋارقىرىدى، — مەن قانداق قىلاي؟... ماڭا يول كۆرسەت!... سەن بۇ دۇنيادا بارمۇ - يوق؟...

غايىپتىن كەلگەن ئىككىنچى ئاۋازنىڭ سۆزلىرى گۈلزىبا ئۈچۈن يوللۇق بىلىندى. بولۇپمۇ «ئىچ ئاغرىتىش — مۇھەببەت ئەمەس!...» دېگەن بىر جۈملە سۆز خۇددى قارا قويۇندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلاشتۇردى... ئۇ ئاستا قەدەملەر بىلەن سۇغا ئىچكىرىلەپ كىردى. سۇ سوغۇق ئىدى. بىراق ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىدى. ئۇنىڭ ئۇبدانلا

تومپيىپ قالغان قورسىقى سۇغا چىلاشقاندا، تۇيۇقسىزلا سىلكىنىپ، بەدىنى قالتىراپ كەتتى. چۈنكى بالا تەۋرىگەنىدى! . . . مانا بۇ گۈلزىبا ھامىلىدار بولۇپ، ھامىلىنىڭ تۇنجى قېتىم شەپە بېرىشى ئىدى. نەچچە كۈنلەردىن بېرى تۈزۈك بىرنېمە يېمىگەچكە، بالىغا ئوزۇقلۇق يېتىشمىدىمۇ، سوغۇق سۇ تەسىر قىلدىمۇ ياكى پانىنىڭ قىسمەتلىرىنى كۆرمەي كېتىشكە كۆزى قىيمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر بالا ئارقا ـ ئارقىدىن تەۋرەشكە باشلىدى.

— بالام! . . . جېنىم قوزام! . . . — گۈلزىبا قورسىقىنى سىيلاپ ئاستا پىچىرلىدى، — سەن مېنى ئۆلگىلى قوي. . . سەنمۇ بۇ بالايىئاپەتلىك دۇنياغا كۆز ئاچساڭ. . . . پۇشايمان قىلىسەن. . . «ئانام مېنى نېمىشقىمۇ تۇغقان بولغىيتتى؟» دەپ مېنى قارغايسەن. . . بىز ئىككىمىز بىللە كېتەيلى، بولامدۇ بالام؟ . . . بىللە كېتەيلى! . . .

— ئانا، ئۆلۈۋېلىش نامەردلىك، — قورساقتىن سادا كەلدى، — بۇ دۇنيا ئۆزىنىڭ ئاشۇ تۈگىمەس ـ پۈتمەس غەۋغالىرى بىلەن كۆڭۈللۈك! . . . بولمىسا، بەكمۇ زېرىكەرلىك بولۇپ قالامدۇ؟ . . . «بەختسىزمەن» دەپلا، مېنىڭ ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئېلىپ كېتەرسىز. . . ئۇ دۇنيادا دادامغا يۈز كېلەلەمسىز؟ . . . بىلەمسىز ئانا، تولىمۇ پاراۋان، بەختلىك، غەمسىز كىشىلەر ئۆزىدىن باشقىنى ئويلىمايدۇ. . . ئۇلار گۇناھقا يېقىن، خۇداغا يىراق بولىدۇ. . . بەختسىزلەر ئاللاغا سېغىنىپ تۇرىدۇ! . . .

— بولدى قىل، ئەمدى سۆزلىمە! — گۈلزىبا سۆلارنى شالاپلىتىپ قورسىقىغا ئۇردى، — ئۇنىڭسىزمۇ ئازابلىرىم ئۆزۈمگە يېتىپ ئاشىدۇ. . . سەن ئادەملەرنى چۈشەنمەيسەن! . . . رەزىل دۇنيانى كۆرمىدىڭ. . .

— ياق ئانا، — بالا قورساقتا ۋىلىقلاپ مەسخىرىلىك كۈلگەندەك قىلدى، — مەن دۇنياغا تۆرەلسەم، «كەلسەم ـ كەتمىسەم. . .» دېگەندەك ياشايتتىم. . . سىز ئىچىڭىزدە بىر ئىدىش سۇ باردەك يىغلاۋېرىدىكەنسىز. . . بىلىپ قويۇڭ، يىغا بىلەن ھاياتنى كۆكەرتكىلى بولمايدۇ! . . . كۆز ياشتىن بەخت تۇغۇلمايدۇ! . . .

— گۈلزىبا! . . .

دەھشەتلىك ۋارقىرىغان ئاۋاز گۈلزىبانى چۆچۈتىۋەتتى. تۇسما ئۈستىدىن ئېگىز بىر سايە يۈگۈرگىنىچە پەسلەپ چۈشمەكتە ئىدى.

— جېنىم ئاچا!...

— ئاچا!...

ئارقىدىن تۇسما ئۈستىدە يەنە ئىككى كۆلەڭگە پەيدا بولدى. ئۇلارمۇ ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇلار مۇرات، ماھىگۈل، نەبىلەر ئىدى. مۇرات كىيىملىرى بىلەنلا سۇغا شالاپلاپ كىردى - دە، گۈلزىبانىڭ مۇرىلىرىدىن قۇچاقلاپ، قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. ماھىگۈل بىلەن نەبى ئاچىسىنى قۇچاقلاپ يىغلىماقتا ئىدى.

— ئاچا، سەن ئۆلمىگىن... مەن... مەن... گۈلرۇزنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — نەبى مۆلدۈردەك تۆكۈلۈپلا كەتتى، — تويى كۈنى ئۇلار مېنى ئالداپتۇ... سەن... سەن... مېنى چاقىرىپسەن!...

— جېنىم ئاچا... ئۆز ئاچا... سەن مۇنداق قىلساڭ، مەن قانداق قىلىمەن؟... — ماھىگۈل ئېسەدەپ كەتتى، — ئاھ خۇدا، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!...

مۇرات ئۇلارنى باشلاپ كۆچەت ئورمانلىقىغا ئېلىپ كەلدى. ئاچچىقىدىن تىترەپ، ئۇنىڭ يۈزلىرى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئىشتانلىرىدىن سۇ ساقىپ، ئاياقلىرىدىن لاي ئېقىۋاتاتتى...

— سىز... سىز... — مۇرات غەزەپ ۋە ئەلەمدىن قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي قالدى، — ئۆلۈۋالماقچىمۇ؟ مېنىڭ، بېرىپ ئۆلۈڭ!... ۋويۋاپاسىز... قورقۇنچاق، ئىرادىسىز!... ھېكمەتنىڭ ئەقىدىلىرىگە مۇشۇنداق جاۋاب بەرمەكچىمۇ؟... مۇشۇ غۇبارسىز ئۇكىلىرىڭىزنى قىمارۋاز قايىتىنىڭ، لۈكچەك گۈلرۇزنىڭ يىرتقۇچ ئالقانلىرىغا تاشلاپ كېتىشكە يۈرىكىڭىز قانداقمۇ چىدىدى؟... مەن سىزنى بۇرۇن تولۇق چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن... سىز ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى... ھاماقەت ئىكەنسىز...

— مۇرات مەن... — مۇراتنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى گۈلزىبانى ئويغا سېلىپ قويغانىدى، — ھېكمەتكە...

— بولدى چۈشەندۈرمەي قويۇڭ، — مۇرات قولىنى سىلتىدى، —

سىز ئۆلسەم ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز ئۇخلايمەن. . . ماھىگۈل، نەبىلەر نېمە كۆنلەرنى كۆرسە كۆرمەمدۇ. ھېكمەت قانداق كۆلپەتلەرنى چەكسە چەكمەمدۇ، كۆز ۋەمۇ كۆرمىسۇن، قۇلىقىمۇ ئاڭلىمىسۇن دېمەكچى. . . پانىنىڭ بارلىق دەرد - بالالىرىنى تىرىكلەرگە قالدۇرۇپ، باقىدا سەيلە قىلماقچى! . . .

— مۇرات مېنىڭمۇ ئامالىم. . . — دېدى گۈلزىبا خىجالەت ئىلكىدە. . .

— بولدى قىلىڭ، سىزنىڭ بۈگۈنكى مۇشۇ ئىشىڭىزنى ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشلەر ئاقلىيالمايدۇ. . . ، — مۇرات تىترەپ تۇرۇپ سۆزلىمەكتە ئىدى، — قېنى، سىزدىكى ۋىجدان، قېنى سىزدىكى دىيانەت؟ ئادىمىلىك پەزىلىتىڭىز نەگە كەتكەن؟ . . . باشقىنى ئويلىمىسىڭىزمۇ، بالىڭىزنى ئويلاپ قويمىدىڭىزمۇ؟ . . . بىغۇبار بىر نارەسىدىنىڭ قاتىلى بولۇشقا دىلىڭىز ئۆرتەنمىدىمۇ؟ . . . بىلىپ قويۇڭ، سىز ھەممىگە ئۆلگە بولغۇچى بىر ئوقۇتقۇچى! . . . ئويلاپ بېقىڭا، زۇمرەت قىل ئارقانلاردا باغلاندى. . . زەنجىرلەر بىلەن چىرمالدى. . . ئىتتا ئوخشاش تۆۋرۈكلەرگە چېتىلدى. . . بوز يەرنىڭ گۆردەك قاراڭغۇ قازناقلىرىغا سولاندى. . . شۇنداقتىمۇ ئۇ مۇھەببەت - نەپرەتنى ئەسەبىي دىلىدا ساقلاپ كەلدى. . . بوز يەر مەيدانلىرىدا خالىقنى پۇتىدا سۆرۈلۈپ يۈرگەن زەنجىر بىلەن ئۇردى! . . . ئاتتىن غۇلىتىپ چۈشۈردى. ئۇنى بوغدى! . . . مەن ئۇنىڭ لەۋلىرىنى چىشلەپ قان چىقىرىدىغان. . . بىراق ياش تۆكمەيدىغان يۈرىكىنى ياخشى كۆرىمەن! . . . سىز بولسىڭىز، دوستلارنى يىغلىتىپ، دۈشمەننى كۈلدۈرمەكچى! . . .

مۇرات بەش - ئالتە قەدەم مېڭىپ، قېلىن ئوتلۇق ئۈستىدە توختىدى ۋە بىردىنلا ئىككى مۇشتۇمىنى ھاۋادا سىلكىپ، خۇددى چۆلدە قالغاندەك شىددەت بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھېك . . . مەت! . . .

مۇرات گۈپپىدە يەردە تىزلىنىپ، مەجنۇنلاردەك ئوت - خەسلەرنى يۇلۇپ، يەرگە مۇشتلاپ، پېشانىلىرىنى شەبنەملىك چۆپلەرگە ئۇرۇپ، يىغا ئارىلاش تولۇلماقتا ئىدى:

— ئاھ، دوستۇم ھېكمەت!... سەن نېمىدېگەن بىتەلەي،... سېنىڭ ئەقىدىلىرىڭ تۇزغاقتەك توزۇپ كەتتى... سەن نېمىشقىمۇ يۇرتۇڭغا كەتمىگەن بولغىيتتىڭ؟... مېھرىبان ئاناڭنى، كۆيۈمچان داداڭنى، قېرىنداشلىرىڭنى تاشلاپ، بۇ يەردە نېمە خوۋلۇق كۆردۇڭ؟... نېمە تاپتىڭ؟... بىلەمسەن، سەن گۆھەر دەپ قوينۇڭدا ساقلىغان بايلىقىڭ ئەرزىمەس بىر تاش ئىكەن!... ئۇلار سېنىڭ بالاڭنى ئۆلتۈرمەكچى!... ئاڭلاۋاتامسەن دوستۇم... بالاڭنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى!... ئاھ ئۇلار نېمىدېگەن قارا نىيەت!... تېخى دۇنياغا كۆز ئاچمىغان ئۆز پەرزەنتىگىمۇ رەھىمى كەلمىسە!... — مۇرات چۆپلەرگە بېشىنى قويۇپ، ئالقانلىرىدا ئوت ـ خەسلەرنى تۇتاملىغان ھالدا جىمىپ قالدى ۋە يەنە بىردىنلا بېشىنى كۆتۈردى، — ھېكمەت... ھېكمەت، ئاق كۆڭۈل، قولى ئوچۇق، سەمىمىي دوستۇم!... ئىستقا نان بەرسەڭ، قاۋاپ ھويلاڭنى ساقلايدۇ... كالىغا يەم بەرسەڭ، سۈت بېرىدۇ... ئۇلاققا بوغۇز بەرسەڭ، جېنىڭغا ئەسقاتىدۇ!... بەدىنىڭدىكى جاراھەت ئىزلىرىنى ساناپ باققىنا؟... ئۇ نېمىنىڭ يالدامىسى؟ نېمە ئۈچۈن، كىملەر ئۈچۈن شۇنداق بولغان؟... ئۇلار سېنىڭ بۇ جان پىدالىقىڭغا قانداق جاۋاب قايتۇردى؟... تۆلىگەن بەدەللىرىڭ بەدىلىگە بەختىڭنى تارتىۋالدى!... پۈتۈن ئۆمرۈڭگە يەتكۈدەك ھەسرەت ئاتا قىلدى!...

— مۇرات، مېنى تىڭلاڭ، مېنى ئۇرۇڭ! — گۈلزىبا مۇراتنىڭ قولىدىن تارتتى، — مەن ئەسكى، مەن ھاماقەت، پەقەت ئۆزۈمنىلا ئويلاپتىمەن. ھەقىقەتەن ھېكمەتكە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ھەممىلا ئىشنى ئەقىل بىلەن ئەمەس، گاھىدا ھېسسىيات تۈپەيلىمۇ قىلىپ قويىدىغان چاغلار بولىدىغۇ؟...

— مۇرات ئاكا!... — ماھىگۈل مۇراتنىڭ قېشىغا تىزلاندى، — سۆزلىرىڭىز يۈرەك ـ باغرىمنى ئېزىۋەتتى. مەن سىزدىن خوش بولۇپ كېتەي، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ...

— جېنىم مۇرات ئاكا، تۇرىڭا!... — نەبى ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ يىغلاۋاتاتتى.

ماھىگۈل مۇراتنىڭ ھېكمەت توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇ دۇنيادا مۇنداقمۇ دوستلارنىڭ بارلىقىغا ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇماقتا ئىدى. مۇرات دوستىنى ئۈچۈن قايغۇرماقتا، دوستىغا ياش تۆكمەكتە... گويا ھېكمەت بىلەن مۇراتنىڭ يۈرىكى بىر بېغىشتا چۈشكەن قوش ئالمىدەك، بىرسىگە چۈشكەن قۇرت يەنە بىرسىنىمۇ نابۇت قىلماقتا ئىدى.

ئەقىللىق كىتابخانلىرىم، بەلكىم «مۇرات، ماھىگۈل، نەبىلەر قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟ ئۇلار گۈلزىبانىڭ ئۆلۈۋالماقچىنى بولغانلىقىنى نەدىن بىلدى؟» دەپ ھەيران بولۇشۇڭلار مۇمكىن. شۇڭا سىلەرگە سۆزلەپ بېرىۋاتقان ھېكايەمنىڭ تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، بىرئاز ئارقامغا چېكىنىشىمگە رۇخسەت قىلىڭلار.

... گۈلزىبا ياتىقىدىن چىقىپ كېتىپ، بىرەر سائەت ئۆتمەي، ماھىگۈل بىلەن نەبى ئۇنىڭغا بىر قاچا تاماق ئېلىپ كەلدى. گۈلزىبا ياتاققا كۆچكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ماھىگۈلگە بىر ئاچقۇچ بەرگەنىدى. نەبى ئىككىسى ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەندە، ئۈستەلدە بىر پارچە خەت تۇراتتى. ماھىگۈل خەتنى ئىچىدە ئوقۇپ تۈگەتمەيلا چىرقىرىۋەتتى. بۇ گۈلزىبانىڭ قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىسى ئىدى. نەبى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن خەتنى ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى:

... «ئوماق سىڭلىم ماھىگۈل، مەن ھەپتىدىن بېرى كېچە - كۈندۈز ئويلىنىپ، ئاخىرى بۇ دۇنيادىن ۋىدالىشىش قارارىغا كەلدىم. دادام، ئانام، گۈلرۇزلار مېنى مال ئورنىدا بىر ئېبلىسقا ساتتى. بۇ خورلۇقنى مېنىڭ غۇرۇرۇم زادىلا كۆتۈرەلمىدى. سىز ۋە باشقىلار مېنى ئەيىبلىشىڭلار مۇمكىن. لېكىن ئامالىم يوق، مەن قايسى يۈزۈم بىلەن ھېكمەت ئاكىڭىزغا قارايمەن؟ سىڭلىم، سىز ئەقىللىق چوڭ بولدىڭىز... مېنىڭ دەردىمگە يېتەلەيسىز!... ھېكمەت ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسىدەك، بىر تۇغقان قېرىنداشىمىزدەك، مېھرىبان ئاكىدەك

ھەممىمىزگە قولىدىن كېلىدىغان بارلىق ياخشىلىقنى قىلدى. دادام قانغا مىلىنىپ ياتقاندا، ئۇنى كېچىلىرى قۇتقۇزۇپ، جاراھەتلىرىنى تېڭىپ، ئۆز ئاتىسىغا كۆرسەتمىگەن ھىممەتنى كۆرسەتتى. . . ئانامنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، ئۇنى ئۆز ئانىسىدەك ھۆرمەت قىلدى. گۈلرۇزغا يۇرتىدىن كىيىم-كېچەكلەرنى ئەكەلدۇرۇپ، ئۆز سىڭلىسىدەك ياساپ قويدى. . . بىراق ئۇلار بەكمۇ شەپقەتسىزلىك قىلدى. بۇ بىۋاپا دۇنيادا ھەربىر ياخشىلىققا يامانلىق قايتامدۇ؟ . . . بىلمىدىم. ئۇلارنىڭ دىلىنى قارايتىۋەتكەن زادى نېمىدۇر؟ تاتلىق سىڭلىم ماھىگۈل، سىز ھەم ئۇكام نەبىگە ھېكمەت بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىدىن قورقماي، ئىككىڭلارنى ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتقۇزدى. ئېسىڭىزدىمۇ، قوشكۆل يولىدا ئۇنىڭ تېنى قانغا بويۇلۇپ، كىيىملىرىنىڭ تىتىلىپ كەتكىنى؟ . . . جېنىم ئۇكام نەبى، سەن ھايات تۇرۇپلا جىنازىدا ياتقاندىڭ. . . شۇ شىۋىرغانلىق كېچىدە ھېكمەت سېنى كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، شارپىلىرىدا ئوراپ، بوران ھۇۋلىغان كوچىلاردا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتكەندى! . . .»

نەبى خەتنى ئوقۇۋېتىپ مىچىلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇ كۆڭلىكىنىڭ يېڭىدە كۆزىنى سۈرتۈپ، بۇرنىنى تارتقىنىچە، خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

. . . «سىڭلىم ماھىگۈل، ھېكمەت ئاكىڭىزنىڭ ۋاقتى-ۋاقتىدا كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىڭ. ئۇ تولىمۇ پاكىزە يۇرۇشنى خالايدۇ. . . ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭ. ياخشى ئوقۇڭ. . . ھېكمەت سىزنى ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكۈچە، ئۆيگە كەلمەڭ. . . كەلسىڭىزمۇ قونماڭ. . . سىز بەك ياۋاش، يۈزىڭىز تۆۋەن. . . گۈلرۇزنىڭ نىيىتى يامان، مەن سىزدىن ئەنسىرەپلا يۈرۈيمەن. . . ئەگەر سىزگە بىرەر مالاللىق كېلىپ قالسا، مەن گۆرۈمدە خاتىرجەم ياتالمايمەن! . . .»

ماھىگۈل ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. نەبىنىڭمۇ كۆز

ياشلىرى توختىماي تۆكۈلمەكتە ئىدى.

. . . «ماھىگۈل، نەبى تېخى كىچىك، لېكىن ئاق كۆڭۈل، جىگەرلىك چوڭ بولدى. ئاشۇ كۈنى گۈلرۇز مېنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ، كارنىيىمنى بوغۇپ ئۇرغاندا، نەبىدىن مەدەت تىلەپ، قانچە قېتىم چاقىرغىنىمنى بىلمەيمەن. . . بىراق ئۇنى لوپ سامپولغا ئالداپ ئەۋەتىۋېتىپتىكەن. ئەگەر نەبى بولغان بولسا، ئۇلار مېنى ئۇنچىۋالا بوزەك قىلالمىغان بولاتتى، نەبى ھەتتا مېنىڭ قېچىپ چىقىپ كېتىشىمگە ياردەم بېرەتتى. بۇنداق پاجىئەمۇ يۈز بەرمەس ئىدى. ئاھ، بولدىلا، چىققان كۆز ئورنىغا چۈشەرمىدى؟ . . . ماھىگۈل، چامادانىمنىڭ ئاچقۇچى ياستۇقنىڭ ئاستىدا، مەن تويۇمغا ئاتاپ ئىككى يۈز يۈەن پۇل يىغىپ قويغان. سىز نەبىگە بىر قۇر كىيىم قىلىپ بېرىپ، قالغىنىنى ئىككىڭلار ئوقۇشۇڭلارغا ئاۋايلاپ ئىشلىتىڭلار. . . ئاخىرقى قېتىم سىلەرنى باغرىمغا بېسىپ دىدارىڭلارغا قېنىۋالغان بولسام، ئارمانىم يوق ئىدى! . . . خەير ـ خوش! بىۋاپا ئاچاڭلارنى كەچۈرۈڭلار. . . »

— خەپ گۈلرۇز بۇزۇق! — دېدى يۈزلىرى ياش بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن نەبى، — مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم، ئوغۇل بالا بولماي كېتەي. . .

— نەبى ئۇكام، — دېدى ماھىگۈل جىددىيلىشىپ، — بىز دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىپ، مۇراتكامنى تاپايلى. . .

قويۇندەك ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەن ئىككى قېرىنداش دوختۇرخانىنىڭ بالىنىستىغا تەرگە چۈمۈلگىنىچە كىرىپ كەلدى. بارلىق ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مۇرات قول ئېلېكتىرىنى ئېلىپ دەريا تەرەپكە يۈگۈردى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە تويۇقسىز «قۇرۇم كۆلى» كەلدى. چۈنكى مۇرات، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانى تۇنجى قېتىم شۇ يەردە باغلىغانىدى. . . ھەرقانداق جان سەكراتىدا ياتقان بىمارمۇ ئۆلۈش ئالدىدا ھاياتىدىكى ئەڭ مەنىلىك خاتىرىلەرنى ئەسلەيدۇ. . . يۈرەككە ئىز سالغان جايلارغا تەلپۈنىدۇ. . . ۋە ئۇ يەرلەرنى بىر كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. . .

شۇڭا، ئۇ قۇرۇم كۆلگە كەلگەندى.

... قۇرۇم كۆلى ئۇرمانلىقنىڭ ئوت باسقان ئوچۇقچىلىقىدىكى تۆت گەۋدىنى ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلار خۇددى ياردار بولغان بىر جەڭچىنى يۆلەپ، قالغانلىرى كۆز ياش تۆكۈۋاتقان قىياپەتتىكى ھەيكەللەرگە ئوخشايتتى.

## «مۇڭ دەرۋىش»

... «سالام ھېكمەت! مەن بۇ خېتىمنى كۆز ياشلىرىمنى توختاتقان، ۋە كۆپ ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلغاندىن كېيىن يېزىۋاتىمەن. ئايرىلىش خېتى يېزىش تولىمۇ قىيىن ئىكەن... لېكىن، كۆڭلىدىكىنى ئېيتالماسلىق ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازابلىق ئىش ئىكەن!... مەن بۇ خېتىمنىڭ، بىزنىڭ ئوچۇق - يورۇق ھالدا ئايرىلىپ كېتىشىمىزگە ۋە بۇ ئايرىلىشنىڭ ھەر ئىككىمىزگە ئارتۇقچە ئازاب ئېلىپ كەلمەسلىكىگە ياردىمى بولۇپ قالار دېگەن ئارزۇدىمەن!... بۇ قانداق ئايرىلىش؟ ھايات تۇرۇپ ئايرىلىش، چېكى يوق ئايرىلىش... ئايرىلغاندىن كېيىن، يەنە دىدارلىشىدىغان كۈنلەر بولامدۇ؟... ياق، بۇ ھەر ئىككىمىزگە تۈگىمەس - پۈتمەس ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ! كونا جاراھەتلەر قوزغىلىدۇ!... يۈرەك بۇ زەربىنى كۆتۈرەلمەيدۇ...

ھېكمەت، مېنىڭ مۇشۇ ئايرىلىش خېتىنى يېزىۋېتىپ، خۇددى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم جازا مەيدانىغا كېتىۋاتقاندەك، ھاياتىمدىكى شادلىق، ئۈمىد، ئازاب ئارىلىشىپ كەتكەن خاتىرىلەرنى ئەسكە ئېلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلالامسىز؟... مەن تۈنجى قېتىم ئارزۇ - ئارمانلىرىمغا قارشى مېڭىۋاتىمەن!... ئويلىسام، مۇراتنىڭ مېنى تىللىشى بەكمۇ توغرا ئىكەن... كېرىموف مېنى بىھوش قىلىپ ئېلىپ

كەتكەندىن كېيىن، كاللامدا: «بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاقىۋىتىم قانداق بولۇپ كېتەر؟ شۇنچە يىل دەردىمنى تارتقان ھېكمەتكە نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمەن؟...» دېگەن ئوي بولغاچقا، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە ئېيتقىلى بولمايدىغان بىر خىل ئەندىشە، ۋەھىمىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شۇڭا، «ئۆلۈم بىلەن گۇناھىمنى يۇيىمەن» دەپ ئويلىدىم!... يۈرىكىمنى ئامبۇردەك قىسقان خورلۇقلار تۈپەيلى، ئۆزۈمنىلا ئويلاپ، سىزنىڭ بالىڭىزنى ئېسىمدىن چىقىرىپتىمەن... قاتىل بولۇپ قېلىشىمنى ئەسلا ئويلىماپتىمەن!... بىر نۇرە ئېيتقاندا، مۇراتنىڭ تىل - ئاھانەتلىرىمۇ ياخشى بولدى. ئۇ مېنىڭ ئېسىمنى كىرگۈزدى... بولمىسا، مەن گۇناھ ئۈستىگە گۇناھلىق بولۇپ، ئۇ دۇنياغا قارا يۈز كېتەر ئىكەنمەن!... ھېكمەت. تەقدىر - قىسمەتنىڭ ئويۇنلىرىغا ھېچنېمە دېگىلى بولمايدىكەن. ئويلىسام، تۇنۇگۇنلا بەختىم قولۇمدا ئىدى. مانا ئەمدى ئارىمىزدا ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا پەيدا بولدى. ئاينىڭ ئونبەشى قاراڭغۇ، ئونبەشى يورۇق دېگەن شۇ ئىكەن. ئادەمنىڭ ئۆمرىدە نېمە كۈنلەرنى كۆرىدىغانلىقىغا بىر نېمە دېمەك بەكمۇ تەس ئىكەن. كونىلارنىڭ: «ئۆمۈرنىڭ يولى قاراڭغۇ، ئادەم دېگەننى بىر قېلىپتا ئۆتۈپ كېتىدۇ دېيىشكە زادى بولمايدۇ» دېگىنى بەرھەق ئىكەن. ھازىر مەن ئۆز سايەمگە ھەمراھ بولۇپ ياشاۋاتىمەن... كېچىكى تۈنلەردە بالام بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن مۇڭدىشىمەن... ئۇنىڭغا ھال - مۇڭلىرىمنى تۆكىمەن... «داداڭ باھاسىز ياخشى ئادەم ئىدى، لېكىن مەن ئۇنى بەختسىز قىلىپ قويدۇم...» دەپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايمەن... ناگان - ناگاندا، غېرىپلىق ئەسىر قىلىپ، سەۋدايىدەك بولۇپ قالىمەن. بۇنداق چاغلاردا، نېمىگىدۇر: تاشقىمۇ، ياغاچقىمۇ، ئىتقىمۇ، مۈشۈككىمۇ، ئىش قىلىپ گەپ قىلغۇم، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق مۇڭداشقۇم،

كۆڭلۈمنىڭ پىنھانىدىكى مۇڭلۇرۇمنى تۆككۈم كېلىدۇ. بەزىدە بولسا، قۇرۇپ تۈگىگەن ياشلىرىم كەلكۈن سۇدەك كۆز قىرغاقلىرىمغا ئۇرىدۇ... داۋالغۇيدۇ... «يىغلىمايىيا، بۇ ئاجىزلىقنىڭ نىشانى» دەيمەن. ئەمما كىمگىدۇر ئېسىلىپ ھاردۇغۇم چىققۇچە، يۈرەك ـ باغرىم بوشىغۇچە يىغلىۋالغۇم كېلىدۇ!...

ھېكمەت، مېنىڭ بۇ ئاخىرقى ۋىدالىشىش خېتىمدە، ئىچىمدىكى گەپلىرىمنى كۆپرەك تۆكۈۋالغۇم كەلدى. ئاچچىقىڭىز كەلمەيدىغاندۇر؟ بىلىمەن، بەلكىم سىز مۇسا جېلىلنىڭ:

ئايرىلىمەن دەپ يازغان شۇ خېتىڭ،
مېنى قايغۇغا سالمىدى ئانچە.
ئايرىلىمەن دەپسەنۇ بىراق،
خېتىڭنى سوزۇپ يېزىپسەن شۇنچە...

دېگەن شېئىرىنى ئەسكە ئېلىپ، مەسخىرە قىلارسىز... مەيلى خېتىمدىن كۈلەمسىز، ئاچچىقلامسىز، مەن ئۈچۈن بەربىر... ئىچىمدىكىنى تۆكۈۋالسام بولدى... مەن ھالال جۈپتۈم، مېھرىبان ئېرىمدىن ئايرىلىش ئالدىدا، يىغلاپ تۇرۇپ، دەردلىرىمنى تۆكسەم بولمامدىكەن؟... مەن سىزدىن باشقا يەنە كىمگە ئىچ ـ سىرىمنى ئېيتاي؟...

ئەقىللىقىم ھېكمەت، مەن ئۆلۈشكۈن كېچە سىز بىلەن بىللە ئۆتكەن شېرىن خاتىرىلەرنى ئەسلەپ، ھەسرەتلىك مۇڭلارغا چۆككىنىمچە، قانچىلىك ئولتۇرۇپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن... ھېلىدىن ـ ھېلى بۇرنۇمغا ئۆلۈم پۇرايلا تۇراتتى. مەن مەقسەتسىزلا كوچىغا چىقىپ كېتىپ، «مۇساپىر زەرەتكارلىقى»غا بېرىپ قاپتىمەن. ئىيۇلنىڭ كېچىلىرى تولىمۇ يورۇق

بولىدۇ. پۈتۈن كائىنات سۈس ھاۋا رەڭ نۇرغا پۈركىنىپ، ھەممە نەرسە سېھرىي كۆچكە تولىدۇ. . . گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن گۈرلەر، ئېچىلىپ قالغان لەھەت ئېغىزلىرى، قۇرۇق - قاقشال خادىلاردىكى توغ - ئەلەملەر. . . قەدىمدە بىر ئۇچرايدىغان شەددە - ئىسرىقدانلاردىن ئەجەل پۇرىقى كېلەتتى. . . زەرەتكارلىق بۇ كېچىدىكى تۇندە ئېغىر تىنغاندەك شەپە بېرەتتى. . . كۆڭلۈمدىن ئاجايىپ ۋەھىملىك ئوي كېچىپ ئۆتتى. . . ئەسىرلەر بويى ئادەم يەپ تويمىغان يەر ئۆز لوقمىسىنى سىڭدۈرەلمەيۋاتقاندەك ئېگىرايتتى. . . ئىككى غۇلاچ سوغۇق يەر تېگىدە ياتقان، بىر - بىرىگە قوشنا ئاشۇ جەسەتلەر تاڭلا مەھشەرگىچە ئۆزئارا باردى - كەلدى قىلىشالمايدۇ. . .

قاياقتىندۇر ئۈزۈن مەللە تون كىيىپ، كىر سەللە ئورىغان، چېگىش ساقال مازار شەيخى كەشىنى شاقىلدىتىپ يېتىپ كەلدى ۋە مېنىڭ تۇرقۇمغا سىنچىلاپ قارىدى.

— قىزىم، — دېدى ئۇ خىرقىراپ، — مەزلۇم كىشى مازارغا قەدەم ئالسا گۇناھ بولىدۇ. . . دەرھال كەتسىلە. . . بۇ كېچىدە مازاردا نېمە ئىش قىلىلا؟ . . .

— ئەپۇ قىلسىلا بوۋا. . . مەن دادام ئىنايەتنى ئىزدەيمەن. . . ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى. . . ئۇ ماڭا قويىنىدىن ئورۇن بېرەرمۇ؟ . . . ئەگەر بولمىسا، قوشنا ياتسامۇ مەيلى ئىدى. . .

شەيخ ماڭا ئۈنسىز كۆزلىرىنى تىكىپ چەكچىيىپ قاراپ كەتتى ۋە بېشىنى چايقىغىنىچە مۇڭداق دېدى:

— قىزىم، قارىسام، باشلىرىغا بىر دەرد كەلگەندەك قىلىدۇ. . . ئائۈمىد بولمىسىلا، ھەممە ئۆتۈپ كېتىدۇ. . . ئۇنتۇلىدۇ. . . «ئۈمىدسىزگە ھايات زىندان» دېگەن گەپ بار. . . تېخى ياش يوپۇرماق ئىكەنلا. . . بىھۇدە خىياللاردا بولمىسىلا. . .

— بوۋا، ئاڭلىشىمچە، ئەرۋاھلار تولىمۇ ئىناق، ئۆم

ئۆتەرمىش، بۇ راستمۇ؟ ...

— ئەلۋەتتە قىزىم... ئەرۋاھلار ھەر ئۇلۇغ پەيشەنبە كۈنى بىر - بىرىنى يوقلىشىدۇ... ئادەملەر ئارىسىدىكى كۆرەلمەسلىك، غەيۋەت - شىكايەت، قەستلىك، دۈشمەنلىك ئۇلار ئارىسىدا زىنھار بولمايدۇ... بىز بەندىلەر گۇناھقا پاتقان مەخلۇقلارمىز...

راست، بۇ كائىنات، بۇ تەبىئەت، باغلار، ئېدىرلار، تاغ - دەريالار، كۆك ئاسمان ۋە دالىلار، قۇياش ھەم ئاي، يۇلتۇزلار نېمىدېگەن ساپ ۋە بىغۇبار!... ئادەملەر بولسا نېمە ئۈچۈن بۇنداق ۋەھشىي ۋە سەممىيەتسىز؟... ئۇلار بايلىق، شان - شۆھرەت، ئەمەل، نەپسى ئۈچۈن بۇ بىۋاپا دۇنيادا بىر - بىرىگە شۇنچىۋالا دۈشمەنلىك قىلىدۇ؟ كۆرەلمەسلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ؟... ئىنساپ ۋە ئادالەتنى ئويلاپمۇ قويۇشمايدۇ؟... ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئادەملەر ئۈستىدىن زورلۇق - زومبۇلۇق، ھۆكۈمرانلىق قىلىش، ھەممىنى ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇش، ئۆزۈملا ياشىسام، ئۆزۈملا يايرىسام، باشقىلار نېمە بولسا مەيلى دېگەن ھارام نىيەتنى كۆزىنى كور قىلىپ، ئەقىل - ئېدرىكىنى ئوغۇرلايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ تۆت كۈنلۈك ئالەمنىڭ باقىي ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇپ، مىسلىسىز رەزىللىكلەرنى قىلىدۇ؟...

ئەزىزىم ھېكمەت، مانا بۇ رەھىمسىز رېئاللىق!... بەختسىزلىكىمىزنىڭ مەنبەئى... ئادەملەردىكى نىيەتنىڭ خالىس بولماسلىقىدىن بىز مۇشۇ كۈنلەرگە قالغان. بىراق بىز خام سۈت ئەمگەن ئىنسانلار يىقىلساقمۇ تەن بەرمەي، بەختكە تەلپۈنىمىز... بەزىدە بەخت - تەلىيىڭ چۆلدىكى گۈلخاندەك يىراقلاردىن كۆرۈنىدۇ. ھېلىلا ساڭا زېرىكەرلىك تۇيۇلغان دۇنيا يەنىلا كۆلۈپ قارىغاندەك قىلىدۇ. سەن ئۇنىڭغا قاراپ تەلۋىلەرچە ئات سالىسەن. لېكىن بۇ گۈلخان سەندىن بارغانسېرى

ئۇزاقلايدۇ... پەرۋانىدەك كۆيۈپ ـ پىشىسەن، سەكپارە بولىسەن... گۈلخان يوقالمايدۇ، ئەمما ساڭا يېقىنلاشمايدۇ... ئاخىرى ھارىسەن، تالىسەن، تالچىقىسەن. ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئالدايسەن... بەزلەيسەن، سۇنغان كۆڭلۈڭگە تەسكىنلىك ئىزلەيسەن!... ئۈمىدىڭ بىخىچىدىن ئۈزۈلۈپ، دەرمانىڭ كەتكەندە، ئاجايىپ تاسادىپىيلىك، بەخت يېنىڭدىلا ساڭا كۆز قىسىدۇ... قىسقىسى، ئادەم ئۆزىنىڭ بۇ مەككار ھايات غەليانىنىڭ ئويۇنچۇقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ...

ھېكمەت قەدىرلىكىم، بىز «توي قىلىمىز» دەپ قانچە ـ قانچە قېتىملاپ ئەھدە قىلدۇق. بەخت گوياكى يورۇق يۇلتۇزدەك دەممۇ دەم كۆز ئالدىمىزدا چاقنىدى!... بىراق، ھەر قېتىمدا قانداقتۇر توسالغۇ، ھادىسىلەر يۈز بېرىپ، ئالدىمىزنى توسۇپ تۇردى!... ئەلھال، قۇربان ھاكىم توي خېتى ئېلىپ بېرىدىغان ھارپا كۈنلەردە، بەخت ئۈزۈل ـ كېسىل يۈز ئۆردى!... مەن قىسمەتتىن: «نېمە ئۈچۈن شۇ كۆڭۈللۈك چاغلاردىن، بەخت پەرىشتىسىنىڭ مېھرىبان قاناتلىرى ئاستىدا ئۆتكەن يورۇق كۈنلەردىن مېنى مەھرۇم قىلدىڭ؟» دەپ سورىغۇم كېلىدۇ... شۇنداقتىمۇ، مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن... گەرچە بىللە ئۆتكەن ھاياتىمىز قىسقا بولسىمۇ، تولىمۇ مەنىلىك ئۆتتى!... مەن سىزنىڭ ئايالىڭىز بولدۇم!... ھەتتا بىر بالىمىزمۇ بار... مەن بۇلاردىن ئۆزۈمنى پەخىرلىك ھېس قىلىمەن... ھېكمەت، مېنىڭ سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، مېنى سىرتىمدىن «تالاق» قىلىۋەتمىسىڭىز!... بۇنداق دېسەم، «مېنى مەڭگۈ بويتاق ئۆتۈپ كەت دېمەكچىمۇ؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن. مېنىڭ ئۇنداق دېيىشكە ھەددىممۇ؟... شەرىئەتتىمۇ بىر ئەرگە تۆت خوتۇن راۋا ئىمىشقۇ؟... سىز ئۆيلىنىۋېرىڭ... لېكىن مەن «ھېكمەتنىڭ ھالال رەپىقىسى»

دېگەن نام بىلەن ياشاشنى خالايمەن ھەم شۇنداق ئۆتۈپ كېتىمەن! . . . ھەر قېتىم شەنبە - يەكشەنبىلەردە، پىنھان رۇجەكلەردىن سىزنى يوشۇرۇن كۆرۈۋالساملا، ماڭا شۇ كۇپايە! . . . ھەتتا سىز دۇنيانىڭ بىر چېتىگە كەتسىڭىزمۇ، سىزنى كۆڭۈل تەختىمنىڭ سۇلتانى دەپ بىلىمەن. . . «ئۇ مېنىڭ ئېرىم، بالامنىڭ دادىسى» دېگەن بىر جۇملە سۆز مەن ئۈچۈن مەدەت ۋە ئۇلۇغ مۇكاپات بولىدۇ! . . . بىلەمسىز ھېكمەت، مەن خۇدادىن بالامغا ئۇنىڭ ئامان - ئېسەن تۇغۇلۇشىنى، ئۆزۈمگە بولسا، ئۇنى تەربىيىلەپ، سىزدەك ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل، دىيانەتلىك قىلىپ تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقۇدەك ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدىم. . . ئانام مەندىكى ئۆزگىرىش، ئالامەتلەرگە قاراپ، «ئوغۇل تۇققۇدەكسىز» دېگەنىدى. ئەگەر شۇنداق بولسا، سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز بويىچە، ئۇنىڭ ئىسمى «ئەزىمەت» بولىدۇ. . . ئېسىڭىزدىمۇ زۇمرەتنى ئېلىپ كەلگەن كېچىسى ئىككىمىز يۇرۇڭقاش دەريا بويىدا بىر كېچە تۈنىگەنىدۇق. شۇ چاغدا سىز: «ئوغۇل تۇغسىڭىز ئەزىمەت، قىز بولسا گۈلرەبا بولسۇن» دېگەنىدىڭىز. . . مەن ھېلىقى مۇدۇك قەلەمتىراشنى كىچىك ئەزىمەتنىڭ بويىنىغا تۇماردەك ئېسىپ قويىمەن. . . ھەم بۇ بوۋاڭدىن داداڭغا قالغان تەۋەررۈك، داداڭ ساڭا بەردى. ئوبدان ساقلا!» دەپ نەسىھەت قىلىمەن. . . ھېكمەت، مەن سىزنىڭ بالىڭىز ئۈچۈن ياشايمەن! . . . شەيخ: «ھەممە ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېدىيۇ، بىراق شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئۆمۈرنىڭمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى دېمىدى! . . . شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ «ئۈمىدسىزگە ھايات زىندان» دېگەن سۆزلىرى مېنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. مېنىڭ قەلبىمدىكى ئۈمىد گۈلۈم، كۆز نۇرۇم — بالام! . . . كۆڭۈل خوشۇم — ئوقۇغۇچىلىرىم! . . . سۇنۇق كۆڭلۈمگە تەساننا — سىزنىڭ خىيالىڭىز. . . مەن نېمىشقا مۇشۇنداق دۇررى - گۆھەرلىرىمنى تاشلاپ كەتكۇدەكمەن؟ . . . ياق

مەن ئۆلمەيمەن! . . . ئېرىم ئۇچۇن! . . . بالام ئۇچۇن ياشايمەن! . . .

مېنىڭ ھېكمىتىم! خېتىم سىزنى زېرىكتۇرۇپ قويدىمۇ؟ . . . زېرىكتىڭىزمۇ؟ مەندىن بىزار بولدىڭىزمۇ؟ . . . ئەمدى سىز مۇسا جېلىلنىڭ شېئىرىنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتىنى راستىنلا ئەسلەپ قالدىغان بولدىڭىز. دېمىسىمۇ مېنىڭ خېتىم:

خەت ئەمەس گويا كى يېزىپسەن داستان،
ئۇن ئىككى بەتكە تېغىز ۋە قىستاپ.
ئېيتقىنا، كىشىلەر راستىنلا ئايرىلسا،
خېتىنى سوزۇپ يازامدۇ شۇنداق؟ . . .

دېگەندەك بولدى. قانداق قىلاي؟ سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم تۈگىمىسە؟ . . . بۇرۇنلاردىغۇ قولىڭىزنى تۇتۇپ تۇرۇپ. . . مېھرىبان كۆزلىرىڭىزگە قاراپ تويماي. . . بويۇنلىرىڭىزغا ئېسىلىپ. . . كۆكرىڭىزگە باش قويۇپ. . . بىلەكلىرىڭىزنى چىڭ ئۇچلاپ، ئەركىلەپ. . . قېيداپ گەپ قىلاتتىم. . . ئەمدى. . . ئەمدى ئۇنداق قىلالمىسام! . . . راست گەپنى قىلسام، خەتنى زادىلا توختاتقۇم يوق. . . قەلەمنى قويسام‌لا، تۆكۈۋاتقان مۇڭلىرىم، تاتلىق - شېرىن سۆھبەتلىرىمىز ئۈزۈلۈپ قالىدىغاندەك. . . سىز مەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك، قورقۇپ كېتىمەن! . . . ئاھ خۇدا، ئاھ خۇدا! . . . سەن كېرىموفتەك يىلان - چايانلارنى، مۇھەببەتنىڭ شۇمبۇيىلىرىنى نېمىشقىمۇ يارىتىپ، پاك - مۆمىن ئىنسانلار ئارىسىغا چېچىۋەتكەن بولغىيتتىڭ؟ . . . بىز تېخى ياش ئىدۇقغۇ؟ . . . ھايات ۋە تۇرمۇشقا ئەمدىلا قەدەم ئالغىنىمىزدا، بىزنى زۇلۇم بىلەن ئايرىۋەتتىغۇ؟ . . . تىرىك ئايرىلىش مۇھەببەتنىڭ ئەجىلى ئىكەن! . . . ئەر ياش ئايالىغا قانمىسا،

مەندەك ئاجىزە ئېرىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىدىن مەھرۇم بولسا؟... بۇمۇ سېنىڭ ئادالىتىڭمۇ؟

مېنىڭ ھېممەتلىك ئېرىم ھېكمەت!... مەن خەتنى مۇشۇنداق يازسام ئۆمرۈممۇ ئازلىق قىلغۇدەك... ھازىر كېرىموف، گۈلرۇز، گۈلشەنلەر سوتتا سوتلىنىۋاتىدۇ. ئەسلىدە دوستۇم دەپ ئىشەنگەن گۈلشەن ئاللىبۇرۇنلا كېرىموفقا سېتىلغان بىر خائىن ئىكەن. ئۇ «شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» مەزگىلىدىن تارتىپ، پوستۇمغا كىرىۋېلىپ، زىيانكەشلىك قىلىپ كەپتۇ... كونىلارنىڭ: «تولىمۇ كەمتەرلىك غەپلەت ئۇيقۇسىغا ئېلىپ كېلىدۇ» دېگىنى راست ئىكەن...

خەير خوش ھېكمەت، سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ...
سىزنىڭ ھەسرەتلىك ئايالىڭىز گۈلزىبادىن...

... «سالام دوستۇم ھېكمەت! مەن بۇ خەتنى بالنىستا ئالدىراپلا يازدىم. كامىل، نەفسەلەر بوستاندىن كەلگەنىكەن. بىز ئۇچىمىز گۈلزىبا بىلەن سۆزلەشتۇق. ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى زەربە ئۆلۈمدىنمۇ ئارتۇق پاجىئە بولدى! سەن ئۇنى چۈشىنىشىڭ كېرەك! شۇڭا ئۇ ئۆلۈۋېلىشنى قارار قىلغان. خۇداغا شۈكرى، ئۆز ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋالدۇق. لېكىن گۈلزىبا ھايالىق، كۆڭلى ئىنچىكە، نومۇسلۇق قىز بولغاچقا، ھازىرغىچە بۇ ئىشنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەي تۇرىدۇ... ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، جاھىللىق قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا يەنە بىر مەزگىل سەۋر قىلغىن. ئۇ ئەسلىگە كېلىۋالسۇن. سەن ئىشەنگىن ياكى ئىشەنمىگىن، توي كېچىسى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەن!... نەفسەنىڭ كامىل ئىككىمىزگە بەرگەن خېتىگە قارىغاندا، ئۇ ئىنتايىن ئىشەنچلىك خەۋەر... چۈنكى، گۈلزىبا ئۆزىدە ھېچقانداق ئالامەتلەرنى سەزمىگەن. سەن بۇنى

«كۆڭلۈمنى ياساۋاتىدۇ» دەپ چۈشەنمە! . . . مەن دوستلۇقىمىز
يولىدا قەسەم قىلالايمەن. . .

دوستۇڭ مۇرات.

. . . ھېكمەت ئىگىز قۇم دۆۋىسىدە ئولتۇراتتى. گۈلزىبانىڭ ئايرىلىپ كېتىش ھەققىدىكى يازغان خېتى ئۇنى ئازاب دېڭىزىغا تاشلىدى. بۇ خەتلەرنى ماھىگۈل ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ قۇرۇم كۆلىدە بولغان ۋەقەدىن تارتىپ ھەممىنى سۆزلەپ بەردى. گۈلزىبانىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى كۆرسەتتى. ھېكمەتنىڭ ماھىگۈلگە بىر پارچە خەت يېزىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنى يولغا سېلىۋېتىپ، مۇشۇ قۇم تۆپىسىدە ئولتۇرغىنىغا يېرىم كۈن بولاي دېدى. ئۇ، خەتنى قايتا ـ قايتا ئوقۇيتتى، ئوقۇغانسېرى ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، يىغا يامىشاتتى. ۋەسىيەتنامىدىكى: «ھېكمەت ئاكىڭىزنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟» ، ئايرىلىش خېتىدىكى «كۆڭۈل تەختىمنىڭ سۇلتانى. . .» ، «قانداق قىلاي سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم تۈگىمىسە؟» ، «سىز مەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك قورقۇپ كېتىمەن. . .» دېگەن سەھىپىلەر ھېكمەتنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتىۋەتتى. دەرۋەقە، گۈلزىبا ئىككى تاش ئارىلىقىدا قالغانىدى. ئۇنىڭ سەممىيىتى، پاك ئەقىدىسى ئۆزى سۆيگەن ئېرىگە يېقىنلىشىشقا ئىجازەت بەرمەيتتى. تاقەتسىز سېغىنىشنى تەقىپ قىلىپ، ياخشى كۆرۈشنى تەرك ئېتەتتىيۇ، يەنە چىدىمايتتى. ھېكمەت گۈلزىبانىڭ قۇرۇم كۆلىدە ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىقىنىمۇ قارا كۆڭۈللۈك دەپ چۈشەنمەيتتى. شەرمى ـ ھايالىق، ئىپپەت ـ نومۇسلۇق، ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسىگە ساداقەتمەن، مۇھەببىتى ئېتىقادقا ئايلانغان بۇنداق قىزلار يات ئەرلەرگە تىكىلىپ قاراش ئەمەس، بەلكى بەدىنىگە ئەركەك چىۋىنىنىڭ قونۇشىغىمۇ يول قويمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، كېرىموف بىلەن بىر كارىۋاتتا يېرىم كېچە بىللە ئۆتۈش ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىنمۇ ئارتۇق زەربە بولغانىدى. بۇنىڭلىق بىلەن، ھېكمەت دوستى مۇراتنى ئەيىبلىمىدى. ئەگەر مۇرات ئەنە شۇنداق ئېغىر تىللار ئارقىلىق ئۇنىڭغا چەك قويمىغان بولسا، گۈلزىبا يەنىلا

ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن يانمايتتى. ماھىگۈلمۇ ئۇنىڭدىن بەك رازى ئىدى. . . ھېكمەت دوستىنىڭ جان كۆيەرلىكىگە، ئۆزىگە بولغان سەمىمىي دوستلۇقىغا ئىچىدە رەھمەت ئېيتتى، ئۇنىڭ تەسەنناسىغا تولۇق ئىشىنىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى تەسكىن تاپقاندەك بولدى.

كەچ كىردى. سۇ ئامبىرىنىڭ غەربىدىكى دۆڭلۈكلەرگە ھال رەڭ زەر تون يايغان قىزغۇچ شەپەق تېزدىن ئۆچۈپ، يېڭىئېرىق كەنتى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئېرىپ كەتمەكتە ئىدى. ھېكمەت ياتىقىغا قايتىپ كەلدى. قۇربان ھاكىم ياتاقتا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ كارىۋىتى ئاستىدىكى يېرىم بوتۇلكا ھارىقىنى ئاسما سومكىسىغا سېلىپ چىقىپ كەتتى. توسما ئۈستى جىمىغانىدى. پەقەت ئۆرىدەپ قويغان بىر چاقلىق قول ھارۋىسى، قاڭ كۆتىكى، چام ئايرىش خادىلىرى قارىيىپ تۇراتتى. ھېكمەت كۆپكۆك سۇزۇك سۇ شالاپلاپ ئۇرۇپ تۇرغان قىرغاققا تىكىلىپ ئولتۇردى. ھېلىھەم ئۇنىڭ خىيالىدىن گۈلزىبانىڭ «ئايرىلىش» خېتى كەتمەيتتى. بولۇپمۇ ياش داغلىرى بىلەن سۇۋاشما بولۇپ كەتكەن سەھىپىلەر: «بۇرۇنلاردىكىدەك قولىڭىزنى تۇتۇپ تۇرۇپ. . . مېھرىبان كۆزلىرىڭىزگە قاراپ تويماي. . . بويۇنلىرىڭىزغا ئېسىلىپ. . . كۆكرىكىڭىزگە باش قويۇپ. . . بىلەكلىرىڭىزنى چىڭ ئۇچلاپ. . . ئەركىلەپ. . . قېيداپ گەپ قىلالتتىم. . .» دېگەن ھەسرەت ـ نىدالار، «نېمە ئۈچۈن، شۇ كۆكۈللۈك چاغلاردىن، بەخت پەرىشتىسىنىڭ مېھرىبان قاناتلىرى ئاستىدا ئۆتكەن يورۇق كۈنلەردىن مەھرۇم قىلىندىڭ؟» دېگەن تېئۇرتىك سوراقلار، «ھېكمەتنىڭ ھالال رەپىقىسى دېگەن نام بىلەن ياشاشنى خالايمەن» دېگەن ئۈمىدلەر، «تالاق قىلىنىۋەتمىسىڭىز» دېگەن ئۆتۈنۈشلەر. . . بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ھېكمەت بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ غۇرتۇلدۇتۇپ ئىچتى. ھاراق ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئاچچىق ھەم قىرتاق بىلىنمىدى. ئۇ ئىچىدە خەتتىن دىلى رەنجىگەن سەھىپىلەرنى قايتا تەكرارلىدى:

— «ئايرىلىش خېتى يېزىش تولىمۇ قىيىن ئىكەن. . .»، «ئاخىرقى ۋىدالىشىش خېتىمدە. . .»، «مانا بۇ رەھىمسىز رېئاللىق. . .»، — ھېكمەت يىراق قۇم دۆڭلۈكلىرىگە قارىغىنىچە قاتتىق ۋارقىرىدى، —

ھايات يولىنى تۇپتۇز ئەينەك بىتىدەك دەپ چاغلىغانمىدىڭىز؟ . . . ياشاش قىيىن، ئۆلمەك ئاسان. . . تۇرمۇشنىڭ گۆش يەپ، ھاراق ئىچكەندەك، زىياپەتتە ئولتۇرغاندەك، ناخشا ئېيتىپ، ساز چالغاندەك ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك ئىش ئەمەسلىكىنى بۇرۇنلا بىلىشىڭىز كېرەك ئىدى! . . .

ھېكمەت بوتۇلكىنى دەس كۆتۈرۈپ، ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئىچىۋەتتى ۋە قاراڭغۇلۇقتا سىماب ئېرىتمىسىدەك لىغىرلاپ تۇرغان كۆپكۆك سۇغا قاراپ شېئىر ئوقۇدى:

نېمىشقا كەلتۈردۈڭ كۆلنىڭ قېشىغا،
ئۆزۈڭ ھەم كۆل قېشىغا كەلمىگەندىكىن؟
نېمىشقا يېگۈزدۈڭ تۇزلىغان بېلىق،
ئارقىدىن ئۇسسۇزلۇق بەرمىگەندىكىن؟ . . .

ئېھتىمال بۇ شېئىرنى مۇسا جېلىل ۋاپاسىزلىق قىلغان قىزغا قارىتىپ يازغاندۇر! . . . نۇرغۇن ئەھدۇ - قەسەملەرگە ئىشەنگەن شائىر ئۆزىنىڭ مۇھەببەتتە ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىنلا، قەلبىدىكى غەزەپلىك يالقۇننى مىسرالارغا ئايلانغاندۇر! . . .

ھېكمەت ئۆزى شېئىر يازمىغىنى بىلەن، بىلىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا ئوقۇمىغان كىتابى قالمىغانىدى. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ھەۋىز ۇللا جۇڭگونىڭ كلاسسىك شېئىرلىرىنىمۇ ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ ھېكمەتكە سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى لى بەي، دۇفۇ، بەي جۈيىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. ھەتتا ھېكمەت لى بەينىڭ «كېچىدە سايرىغان قۇش»، دۇفۇنىڭ: «يۇيياڭ راۋىقىغا چىقىش»، «دەريا بويىدىكى راۋاقتا كېچىنى ئۆتكۈزۈش»، بەي جۈيىنىڭ «تۈگىمەس نەپرەت ناخشىسى» دېگەن شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇپ بېرەلەيتتى. ئىلغار رومانتىزم ۋە رېئالىستىك روھ بىلەن يېزىلغان بۇ شېئىرلارنىڭ بەدىئىيلىكى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ قەلب تارىلىرىنى تىترىتەتتى.

خىلىلا تەڭشىلىپ قالغان ھېكمەت بوتۇلكىنى پىرقىرىتىپ كۆلگە ئاتتى ۋە كەيپچىلىكتە قانچىلىك شېئىرلارنى ئوقۇۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمىدى. ئەگەر قۇربان ھاكىم كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كەتمىگەن بولسا، بەلكىم تاڭ ئېتىپ كەتكەنمۇ بولاتتى.

— سىنى توسىمىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقانلار كۆرۈپ، — دېدى ھاكىم كۈلۈپ، — «مۇئەللىم ئېلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ، ئۆزى بىلەن ئۆزى ئۆزۈن گەپلەشتى» دەپ يۈگۈرۈشۈپ بېرىپتۇ...

— مەن راستىنلا... ئې... ئېلىشىپ... سا... ساراڭ بولدۇم... قۇربان ئاكا، سىز... ھەر...گىز ھەيران بولماڭ!...

ھېكمەت كېيىملىرى بىلەنلا، كارىۋىتىغا گۈپپلا چۈشۈپ ئۇخلاپ كەتتى... ئۇ قۇربان ھاكىمنىڭ قىزىنىڭ تويىدىن كېيىن، كەمسۆز، ئويۇن ـ چاقچاقلار بىلەن ھەپىسىلىسى يوق بولۇپ قالغانىدى. ھاكىم ئۇنىڭ روھىي ـ كەيپىياتىنىڭ مۇنداق چۈشكۈن ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنى گۈلزىبانىڭ تويىدىن كۆرەتتى. ئەلۋەتتە، بىر يىگىت ئۈچۈن، بۇ تەساۋۋۇر قىلغۇسىز ئېغىر زەربە ئىدى. بىراق، بۈگۈن تاسادىپىيلا ئۇنىڭ ھاراق ئىچىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ، ئۆزگىرىپ قېلىشى زادى نېمە ۋەجىدىن بولغاندۇر؟ ياكى شەھەردىن بىرەر خەۋەر ئاڭلىدىمۇ؟ ھاكىم، ماھىنۇرنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن كېچىسى، قۇدىلارنىڭ قورۇسىدا كېرىموفنىڭ جىدەل چىقارغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى ئىمىن سوپىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى خىلىلا تەرلىتىۋەتكەنىدى. شۇڭا، كېرىموف ئاچچىقىدا گۈلزىباغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزدىمۇ ـ يە؟ ياكى ئىمىن سوپى ھېكمەتكە تەھدىت خېتى يازغانمىدۇر؟

قۇربان ھاكىم ماھىگۈلنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ھەرخىل ئېھتىماللارنى قىياس قىلىپ باقتى. بۇ چاغدا، ھېكمەت بىرلا ئۆرۈلۈپ يېنىچە بولدى. ئۇنىڭ شىمىنىڭ ئارقا يانچۇقىدىن تومپايغان كونۋېرتنىڭ بىر تەرىپى چىقىپ تۇراتتى. قۇربان ھاكىم خەتنى ئاستا سۇغۇرۇۋېلىپ، ياتىقىغا قايتىپ كىردى. كونۋېرت ئىچىدە، ۋەسىيەتنامىمۇ

بار ئىدى. ئايرىلىش خېتى، ۋەسىيەتنامىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ھاكىم ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇققا ئىگە، قەدىرلەشكە مۇناسىپ، بارلىق ياشلارغا ئۆرنەك بولغۇدەك مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھېكمەتنىڭ سۆيگەن قىزى ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىرى ئۇنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلىتىنى، يۈكسەك ئادىمىگەرچىلىكىنى، ئەخلاق ـ دىيانىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئىنسانىي غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان گۈلزىبانىڭ سەمىمىيلىكى، پاك قەلبى، ھېكمەتكە يۈز كېلەلمەسلىك تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. قۇربان ھاكىم ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتا، ھېكمەت بىلەن قۇرۇم كۆلىدىكى پاجىئە، نەفىسە ھەم گۈلزىبانىڭ سۆھبىتى قاتارلىق جەريانلارنى سۆزلىشىۋالغاندىن كېيىن، شەھەرگە كەتتى. ئۇ ئۆيىگىمۇ بارماي، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە باردى. مەھكىمە باشلىقى چۈشتىن كېيىن ئاخىرقى سوت ئېچىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تۇيۇقسىزلا كۈلۈۋەتتى ۋە قىزىق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

ئالدىنقى سوت يىغىنىدا، كېرىموف بىلەن جامال توختى نەق مەيداندىلا ياقىلىشىپ تۇتۇشۇپ قالغان. كېرىموف گۈلزىبانى ئالغىنى بىلەن، ھېچقانداق «ئىش» ئۆتۈلمىگەنىدى. پەردەك ياتقان قىزنى كۆرۈپ، كېرىموفنىڭ پۈتۈن بەدىنى تورمۇزلىنىپ، بىھوش ھالغا چۈشۈپ قالغان، پەقەت تەرتىپسىز ئۇرۇۋاتقان يۈرىكىدىن باشقا، بارلىق ئەزالىرىدا ئۆلگەندەك ھېچ سادا كۆرۈلمىگەن كېرىموف گۈلزىبانىڭ ئۇقادەك بەدەنلىرىنى سىيلاپ، ئۆزلۈكىدىنلا تېخىمۇ تۈگىشىپ كەتكەن... شۇڭا، ئۇ سوتتا: «يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەمتىم؟» دەپ، جامال توختىدىن ئۇ ئالغان ئىككى يۈز يۈەن پارىنى نەق مەيداندىلا بېرىشنى تەلەپ قىلغان. جامال توختىمۇ يۈز خاتىرە قىلماي، ئۇنى: «ھەزىلەك، ئەزمايلا... مەيدىۋاز» دېگەندەك تىللار بىلەن ھاقارەتلىگەن.

— ۋوي، مۇناپىقلار، دۆلەت كادىرى تۇرۇپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى قارا! — دېدى ھاكىم ئاچچىقى بىلەن، — جامال توختى تېخى پەيچۇسونىڭ باشلىقى تۇرۇپ...

— ھەي! . . . — سوت باشلىقى بېشىنى چايقىدى، — بىر قىسىم كادىرلار بەك چىرىپ كەتتى.

— كېرىموفنىڭ «ھېچ ئىش ئۆتۈلمىدى» دېگەن سۆزى راستمىدۇر ياكى؟ — ھاكىم ئىشەنمىگەندەك سورىدى، — پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش غەرىزىدە دېدىمۇ ـ يە؟

— ياق، — دېدى سوت باشلىقى كەسكىن ھالدا، — گۈلزىبا ئۆزىمۇ بەدىنىدە ھېچقانداق ئالامەتلەر كۆرۈلمىگەنلىكىگە ئىقرار. بۇنداق ئىشلار بىزنىڭ ئالدىمىزدىن كۆپ ئۆتكەن. بۇنى تىببىي ئىلىممۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاشۇ بىر يىلى، مەلۇم بىر يىگىت ئۆيلىنىپ، ھەيتىگىچە شۇنداق بولۇپ قېلىپ، نومۇسقا چىدىماي، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالمىدىمۇ؟ . . .

— بۇ بىر كېسەللىكمۇ؟ — سورىدى ھاكىم.

— ياق، بۇ فىزىئولوگىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بەدەن ئەزالىرىنىڭ تۇيۇقسىز تورموزلىنىپ قېلىشى، — دېدى سوت باشلىقى، — بۇ خۇددى ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كەتكەن يېقىن كىشىسىنى كۆرگەندە ياكى زارىقىپ كۈتكەن خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، ھوشىدىن كەتكەندەكلا بىر ئىش، ئەمما ۋاقىتلىق ھادىسە.

چۈشتىن كېيىنكى ئوچۇق سوتقا قايىت، كېرىموف، جامال توختى، گۈلرۇز، گۈلزىبا، گۈلشەنلەر قاتناشتى. چىقىرىلغان ھۆكۈم ئوقۇلدى. ھۆكۈمدە: «بىر مىڭ بىر يۈز يۈەننىڭ ئۆسۈمىنى بىكار قىلىش، قايىت كېرىموفقا ئالتە ئاي ئىچىدە تۆت يۈز يۈەن قايتۇرۇش، جامال توختىنىڭ ئارىلىقتا دەللاللىق قىلىپ ئالغان ئىككى يۈز يۈەن پۇلىنى مۇسادىرە قىلىش، تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە چىرىكلىشىپ دۆلەت كادىرلىقى سالاھىيىتىنى يوقاتقان كېرىموف بىلەن جامال توختىلارنىڭ مەسىلىسىنى ئۆز ئىدارىلىرىدىن ئەنزە تۇرغۇزۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا يوللاش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش، گۈلشەن خانىم ۋە گۈلرۇزلارغا ئۆز تەشكىلىدىن چارە كۆرۈش» بېكىتىلگەنىدى. سوت ئاياقلىششى بىلەن، مەھكىمە باشلىقى بىلەن ھاكىم گۈلزىبانى باشلاپ ئىشخانىسىغا كىردى. مەھكىمە باشلىقى كېرىموفقا بەرگەن ئاجرىشىش خېتىنىڭ بىرسىنى

گۈلزىباغا بېرىپ، سوت خادىملىرىنىڭ ئەستايىدىل تەكشۈرمەي، بىۇكراتلىق قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. ئۇ، چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئارقىلىق توي كېچىسى ھېچقانداق ئىشنىڭ سادىر بولمىغانلىقىنى ئېيتتى. مەھكىمە باشلىقى ۋە ھاكىمنىڭ ئالدىدا نومۇسقا چىدىمىغان گۈلزىبا رومالىدا يۈزلىرىنى يۆگەپ يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— گۈلزىبا، كۆپ جاپا چەكتىڭىز، — دېدى ھاكىم تەسەللى بېرىپ، — بۇ بىزنىڭ خىزمەتتىكى بىۇكراتلىقىمىزدىن بولدى. ئەمدى ئۆزىڭىزگە يۈك ئارتىۋالماي، قەددىڭىزنى رۇسلاڭ!... مەن ھېكمەتنى قېشىڭىزغا ئەۋەتەي، توي خېتى ئېلىۋېلىڭلار... بولامدۇ؟

— رەھمەت ھاكىم، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدى گۈلزىبا بېشىنى چايقاپ، — ھېكمەت گۆھەردەك ساپ يىگىت... ئۇنىڭ بەختىنى چېقىپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ... چۈنكى، مەن ئۇنىڭ رەقىبى بىلەن...

— بۇ يوق ئىشلار تۇرسا؟ ... — دېدى سوت باشلىقى، — ئۆزىڭىزنىمۇ، ھېكمەتنىمۇ قىينىماڭ... ھاكىمدىن ئاڭلىسام، يىگىتىڭىز سىزنى ئويلاپ ناھايىتى بىئارامىلىق ئىچىدە قاپتۇ!... ئۇنىڭغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن... بۇنداق باغرى تاشلىق قىلماڭ...

— ھېكمەت... ھېكمەت ئۇ... كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، — گۈلزىبا يۈزىنى چاڭگاللاپ يىغلىۋەتتى، — ياق! ... ياق!... مەن قارا يۈز، مەن ناپاك... مەن بۇلغاندىم...

گۈلزىبا ئىشىكتىن ئوخچۇپ چىقىپ كەتتى... سوت باشلىقى بىلەن ھاكىم بىر - بىرىگە قاراپ ئېغىر تىنىپ قويۇشتى - دە، خەيرلەشتى.

ھاكىم شۇ كۈنى كەچتىلا يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ھېكمەتكە سوتتا بولۇنغان ئىشلارنى بىر قۇر يەتكۈزدى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى توق تۇتۇپ، مەلۇم ۋاقىت توختاپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، تەسەللى بەردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ: «گۈلزىبا پاك، ئۇنىڭغا قول تەگمىگەن، ماڭا ئىشەن...» دېگەن سۆزلىرى ھېكمەتنى ھەيرەتتە قالدۇردى. مۇراتمۇ خېتىدە مۇشۇ توغرۇلۇق قەسەم قىلغانىدى. ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى

قاماللىۋالغان ئوتلۇق زەنجىر بىردىنلا ئۈزۈلۈپ چۈشكەندەك بولدى. ئەمما، شىۋە قەدىرى نۇرلىرىغا تەشنا بولغاندەك ئارزۇ قىلغان «توي خېتى» ئەمدى ئۆزلۈكىدىن ھەل بولغاندا، گۈلزىبانىڭ ئۇنىماسلىقى ئۇنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزلىرىنى ئۆچۈردى! . . . چۈشكۈنلۈك، ئازغىنلىق، مىسكىنلىق تورلىرى ئۇنى چىرمىۋالدى. . .

بۇرۇختۇملۇق، ھەسرەت، ئەلەم بىلەن كۈنلەر - كۈنلەرنى قوغلىشىپ، سېنتەبىر ئېيىمۇ كىردى. . . ھېكمەتنىڭ كۈنلىرى بىر ئۈندە، بىر تۈندە تىنىشسىز ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ بەكمۇ جىمغۇر، ئوشۇق سۆزلەرگە ھەپىلىسى يوق، ئادەملەرگە ئارىلاشمايدىغان، پىنھان خالىيلارنى خالايدىغان بولۇپ قالدى. ئولتۇرۇشقان چوڭقۇر كۆزلىرىگە ھەسرەت - نادامەتنىڭ زەرداپلىرى ئۇيۇپ قالغاندى. . . ھاكىم بىلەنمۇ رەسمىيەت يۈزىدىنلا گەپلىشەتتى، شەھەرگە كىرىشكە ئۇنىمايتتى، ھەرىكەتلىرى بۇرۇنقىدەك چاققان ئەمەس ئىدى. چاقچاق - كۈلكىلەر ئۇنىڭغا يات بولدى. ھەر دائىم خۇش خۇيلۇق كەتمەيدىغان چىرايىنى ئەمدىلىكتە جۇدالىق تۇمانلىرى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندى. . . ئۇ، ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى، ئېڭەكلىرىنى قاپقارا ساقال باستى، چاچلىرىمۇ ئۆسۈپ كەتكەندى. ئۇ قوماندانلىق شتابى يېنىدىكى بوتكىچى پارچە ھاراق كەمچىلەپ بەرگەن سۇدانىنى سومكىسىغا سېلىپ، ھەركۈنى كەچتە توسما ئۇستىگە چىقىپ ئايلىناتتى. سۇ ئامبىرى قاشلىرىدا ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى. ئېغىز گارموشكىسىنى مۇڭلۇق ئاھاڭلارغا چېلىپ، ئاھ ئۇراتتى، ناخشا ئېيتاتتى. كېچىكى تۈن جىمجىتلىقىدا غېرىپ ئاھاڭ نە - نەلەرگە ئۇزاپ كېتەتتى. بەزىدە، ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىدا يادلىغان شېئىرلىرى ئېسىدىن كېچىپ، ئەجەپ مىسكىن ھالەتتە دېكلاماتسىيە قىلاتتى. شۇڭا، دېھقانلار ئۇنىڭغا «مۇڭ دەرۋىش» دەپ ئىسىم قويۇپ قويدى. چاچ - ساقاللىرى قاپقارا ئۆسۈپ كەتكەن ھېكمەتنى كۆرگەندە: «ئەنە مۇڭ دەرۋىش» كەلدى دېسە، كېچىلىرى: «ھەي تىڭشاڭلارچۇ، مۇڭ دەرۋىش ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ» دەيتتى. بەزىلىرى: «پاھ. . . پاھ، بۇ نېمىدېگەن دەردلىك ئاھاڭ - ھە؟ . . .» دېيىشەتتى. ئۇنىڭغا ئوتتۇرا

كېچىدە، بەزىدە ئاي پاتقاندا ياتىقىغا قايتىش ئادەت بولۇپ قالدى.

تۈن كېچە. سېنتەبىرنىڭ ئىللىق شامىلى كۆل بېتىنى چىمىرلىتىپ، تەنلەرگە ھۇزۇر بېرەتتى. بىر تەرىپى داغلاشقان ئاي ئۈزۈك - ئۈزۈك بۇلۇتلار ئىچىگە كىرىپ، غايىپ بولاتتى. گاھىدا بۇلۇتلار ئىچىدىن چىقىپ كېلىپ، كائىناتنى نۇرغا تولدۇراتتى. يالغۇزلۇق، تەنھالىق، غېرىپلىق ئەسىر قىلغان ھېكمەت كۆل بويىدىكى تاشتا ئولتۇراتتى. ئۇ ھاراق قاچىلانغان سۇدانىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئايغا تۇتتى ۋە دوفۇنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇدى:

مەن تۇرارمەن كوزام بىلەن گۈلگە قاراپ،
ئۈلپىتىم يوق، ئۆتمىدى گالدىن شاراپ.
ئايغا مەي تۇتسام قېشىمغا كەلدى ئاي،
ياندا سايەم، قالمىدىم يالغۇزسىراپ. . .

ھېكمەت سۇداندىن بىر يۇتۇم ھاراق ئىچكەندىن كېيىن، گارموشكىسىنى «ئېسىمدە» دېگەن ناخشا ئاھاڭىغا چالدى. پائۇزا ئاياقلىششى بىلەن ناخشىسىنى باشلىۋەتتى:

باغچىدا سېنىڭ بىلەن،
يۈرگەن چاغلارىم ئېسىمدە.
دەريا بويلاپ،
ئايدىڭ كېچىلەردە سىردىشىپ،
ئۆتكەن كۈنلەردىم ئېسىمدە. . .

× ×

خوش ئەمدى ئەزىز دوستۇم،
بەخت تىلەيمەن ئىشىڭغا.

رازى بولساڭ،
سۆيۈش ئۈچۈن مەن سىنى،
يانا بارارمەن قېشىڭغا...

كەيىپ بولۇپ قالغان ھېكمەت ئېغىر قەدەملەر بىلەن توسما ئۈستىگە چىقتى. ئۇ، زاكۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يىراقتا، يېڭىئېرىق كەنتىنىڭ ئىزنالىرى خۇددى يامغۇر بۇلۇتىدەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئاي بارغانسېرى غۇۋا كۆرۈنگەن ئىگىز - پەس دۆڭلۈكلەر ئارقىسىغا قىڭغايماقتا ئىدى. زاكۇ ئەتراپىدا قاراۋۇللۇق قىلىپ يۈرگەن ئىككى دېھقان يىگىتى ھېكمەتكە سالام بەردى ۋە: «كېچىدە سالقىنداپ يۈرەملا مۇئەللىم؟» دەپ قويدى. ھېكمەتمۇ «ھە، ئۇيقۇم كەلمەي...» دېدى - دە، كېتىپ قالدى. ئۇ سۇ ئامبىرىغا يېقىن دۆڭلۈكلەرنىڭ بىرسىگە چىقىپ، قۇمدا ئولتۇردى. يىراق پەسلىكتىكى سۇ ئىچىدە، بىر قولۋاق بوش لەپەڭلەپ تۇراتتى. بېلىقچى قارمىقىنى سىلىپ قويۇپ مۈگدەپ قالغان بولسا كېرەك، جىمجىت دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى. گۇڭگا يېنىپ تۇرغان تاش پەنەرنىڭ يورۇقى سۇ بېتىدە ئەجىپ شوللىلارنى پەيدا قىلغانىدى. بۇ كۆرۈنۈش مۇنۇ شېئىردىكى تەسۋىرگە بەك ئوخشاپ كېتەتتى:

ئاي پېتىپ كەتكەندە كەلدى قاغىلار شەدنەم بىلەن.
كېمىدە ئۇخلار يولۇچى شام قېشىدا غەم بىلەن...

ھېكمەت دۆڭ ئۈستىدە ئېڭەك تىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ قولۋاققا قارىغىنىچە: «ئاشۇ مۈگدەپ قالغان بېلىقچى بەختلىكمىدۇر؟» دەپ ئويلىدى. بەلكىم ئۇنىڭ ئۆيىدە خوتۇن - بالىلىرى باردۇر... ئۇلار ئۇنى زارىقىپ كۈتۈۋاتقاندۇر... بېلىقچى بولسا، تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە بۇ يەردە مۈگدەپ ئولتۇرۇپتۇ... ئەمما ئۇ ھامان قايتىدۇ... ئايالى ئىسسىق چىراي بىلەن ئالدىغا چىقىدۇ... «ھارماڭلار مۇسۇلمان!» دەپ ھال سورايدۇ. ئايالىنىڭ بىر ئېغىز تاتلىق گېپى بىلەن، بېلىقچىنىڭ

ھاردۇقى چىقىپ، جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇيدۇ. . . ھېكمەتچۇ؟ . . . ئۇنىڭ «ھالىڭ نىچۇك؟» دەپ سورايدىغان كىمى بار؟ . . .

ھېكمەت قولۇاقنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان تاش پەنەرگە قارىغىنىچە، گۈلزىبا بىلەن نىكاھ قىلغاندىن كېيىنكى ئىككىنچى كۈننى ئەسكە ئالدى. ئۇلار قۇرۇم كۆلىدىن قايتىپ كېلىپ، شام يېقىپ قويۇپ مۇڭداشقانىدى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇر چېچىپ تۇرغان شام خۇددى رەشىق قىلىۋاتقاندەك، پات ـ پاتلا «پارس ـ پارس» قىلىپ كۆز قىساتتى. يەنە شۇنداق شام قېشىدا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىدىغان كۈنلەر كېلەرمۇ؟ . . .

يېنىشىمنى سورىما، يانارغا كۆزۈم يەتمىدى. . .
بۇ كېچە ياققان يېشىنىڭ توختارغا كۆزۈم يەتمىدى.
خۇددى شۇنداق بىر كېچە تەڭ ئولتۇرۇپ شام قېشىدا،
سەن بىلەن مۇڭداشقىلى قايتارغا كۆزۈم يەتمىدى. . .

ھېكمەت ئېغىر خۇرسىندى. كلاسسىكلارنىڭ بۇ شېئىرى بەكمۇ تەسىر قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئاپتورىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئەمما ئاچچىق دەرد، تەنھالىق، چىدىغۇسىز سېغىنىش ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، قاپقارا ساقاللىرىدىن تارام ـ تارام ياشلار سىرغىپ چۈشتى. . .

«مۇڭ دەرۋىش» نىڭ كۈنلىرى ئەنە شۇنداق جۇدالىق سېغىنىشى ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. سېنتەبىر ئېيىمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. توغراق، تەتۈر سۆگەتكە ئوخشاش چىدامسىز دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرى سارغىيىپ، ياپراقلىرى ناگان ـ ناگاندا شىرتىلداپ تۈۋىگە تۆكۈلەتتى. ھېكمەت، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، كەلگەن قۇملارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئەمدىلا بىكار بولۇپ تۇراتتى، خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا، كامىل بىلەن مۇرات ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇلار قاپقارا ساقاللىرىنى قويۇۋەتكەن، قىسقا كازىرۇكلۇك شەپكىسىنىڭ ئەتراپىدىن چىقىپ تۇرغان بۇدرە چاچلىرى قولاق، بويۇنلىرىنى بېسىۋالغان دوستىنى تونىيالمايلا قالدى. ئەگەر، ھېكمەت ئۆزى ئېتىلىپ كېلىپ قۇچاقلىۋالمىغان بولسا، ئۇلار ئۇنىڭغا يەنە بىر ھازا قاراپ تۇرغان بولاتتى. كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەر قايتا ـ قايتا

قۇچاقلاشتى. ھەممىسىنىڭلا كۆز چاناقلىرى ياشلار بىلەن تولغانىدى. ھېكمەت كامىلدىن خانىىزاتخان ئانا، سەئىدە، نەفىسەلەرنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى سورىسا، مۇراتتىن زۇمرەتنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى ۋە پات - پاتلا قولىنىڭ ئالقانلىرىدا كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قوياتتى. ھېكمەتنىڭ قارىلىق تۇتقان ئادەمدەك چاچ - ساقاللىرىنى ئۆستۈرۈۋەتكەنلىكىگە كامىلنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

— ھەي توختىغىنا بۆدەك ساقال، گەپنى سەنلا قىلما! — دېدى مۇرات سىنچىلاپ قاراپ، — ئۆزۈڭ نېمە بولۇپ كەتتىڭ؟ ئۆمۈر بويى يۈزىگە تىغ تەگكۈزمەيدىغان كىرژاك ئورۇسلارنىڭ ئۆزىلا بوپسەنغۇ؟...

— بوپتۇ، ئۆزىگە سىڭىشىپ قاپتۇ، — دېدى كامىل مۇراتقا ئالىيىپ قويۇپ، — ھە، ھېكمەت، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟... ياخشى تۇرۇۋاتقانسەن؟

— يامان ئەمەس، يۈرۈڭلار ياتاققا بارايلى... — ھېكمەت كامىلنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالدى، — تووۋا، بۇ ئوكۇممۇ ياكى چۇشۇممۇ؟...

دوستلىرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىنى باسالماي قالغان ھېكمەتنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئېچىلمىغان ئېغىزى بېسىقماي سۆزلەيتتى. شەھەردىكى دوستلارنىڭ، غازاخۇن ئاكىنىڭ ئەھۋاللىرىنى يېنىش - يېنىشلاپ سورايتتى. مەكتەپتىكى ئۆزگىرىشلەرگە قىزىقاتتى. ئوقۇغۇچىلىرىنى بەك سېغىنغانلىقىنى دەيتتى. كامىل بىلەن مۇرات جاۋاب بەرگەچ، توپا قېزىۋاتقان، توشۇۋاتقان، قاڭداۋاتقان مىڭلىغان دېھقانلارغا قارايتتى. ئۇلار توسما ئۈستى ۋە ئاستىلىرىدا قارا چۇمۇلىدەك مىغىلدىشاتتى، جان تىكىپ ئىشلىشەتتى.

ئۇلار ياتاققا كېلىپ، يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ، ئارام ئېلىپ تۇرۇۋىدى، قۇربان ھاكىم كىرىپ كەلدى. ئۇ كامىل، مۇراتلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، زۇمرەتنىڭ كېسىلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سورىدى. دوستلار ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

— يىگىتلەر، بۈگۈن سىلەرنى قويۇپ بەرمەيمەن، — دېدى ھاكىم چاقچاق قىلىپ، — مەشەدە قونۇپ قالىسىلەر... ھېكمەت داۋاملىق دۇتار ئۆگەتكەن ئۇستازىنى بەك داڭلايدىغان... قېنى، بۈگۈن مۇراتنىڭ بىر

كارامىتىنى كۆرىمىز. . .

— قۇربانكا، مەن، كامىل بىلەن مۇراتقا، — دېدى ھېكمەت تېخىچىلا ھاياجىنىنى باسالماي، — سۇ ئامبىرىنى بىر كۆرسىتىپ كېلەي دېۋىدىم.

— مەنمۇ شۇنى دەي دەپ تۇراتتىم، — دېدى ھاكىم كۈلۈپ، — سىلەر بىر ئايلىنىپ كەلگۈچە، مەن روزاخۇن ئۇستام بىلەن ئازراق تەييارلىق قىلىۋالاي.

— ھاكىم تولا كايىپ كەتمىسىلە، — دېدى كامىل سومكىنى ئېچىپ، — بىزمۇ دوستىمىزنى يوقلىغاچ، ئانچە - مۇنچە بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەن.

كامىل ئۇستەلگە كېزىتلەرگە ئورالغان پىششىق گۆش، سامسا، تاتلىق - تۈرلۈم دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالدى. مۇرات سومكىسىدىن ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ تاققىدە قويۇپ، ھېكمەتكە قارىدى.

— بۈگۈن خۇدا بۇيرۇسا، كېيىكنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلايمىز. . . قانداق دېدىم ھېكمەت؟

— يائاللا، ساڭا بىر ئىش تېپىلغۇسىزلىدە، — دېدى ھېكمەت قولىنى شىلتىپ، — سەنمۇ «تاماكا ئوتىنى يېقىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىش» نى سۆزلەپ بېرەرسەن؟ . . .

— چاتاق يوق! . . .

ھېكمەت دوستلىرىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار دېھقانلارنىڭ قونالغۇلىرى، سېمونت زاكۇ ۋە توسما ئۇستىلىرىنى ئايلىنىپ، كۆپكۆك جىمىرلاپ تۇرغان سۇ ئامبىرىغا قارىدى. كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەچكە، ئاسماندىكى يول - يول شەپەق سۇ يۈزىدە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. يىراقتىكى قولتۇقتا بىر قولۋاق لەيلەپ يۈرەتتى. بېلىقچى كۈچەپ تۇرۇپ تور تاشلايتتى. قىرغاقتا قارماق سېلىۋاتقان ئادەملەر يىراقتىن قارىغاندا، ئۈزۈن پۇتلۇق تۇرنىلارغا ئوخشايتتى.

— ھەي سۇ. . . سۇ، — دېدى كامىل ھېسسىيات بىلەن، — سەن ھاياتلىقنىڭ مەنبەئى. . .

— سەن خوتەن دېھقانلىرىنىڭ كۆز يېشى، ئاچچىق تەرلىرى، قىپقىزىل قانلىرى! — دېدى مۇرات سۇنىڭ يىراق مەنزىللىرىگە نەزەر تاشلاپ.

— شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ، — دېدى ھېكمەت ئىككى دوستىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — ئابىكەۋسەردىنمۇ قەدىرلىك!...

ئۇلار سۇ ئامبىرىغا كۆز قىيمىغان ھالدا يەنە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، توسمىدىن پەسلەپ ھېكمەتنىڭ قۇم ئالدىغان يېرىگە كەلدى. بۇ يەردىن يىگىرمە قەدەم نېرىدا، ئۇزۇنىسىغا ئەمدىلا كولىنىشقا باشلىغان خەندەك تۇراتتى. ھېكمەت بۇ يەرگە يەر ئاستى ئېقىن يولىنى توسۇدىغان سۈزگۈچ ياسىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

ھېكمەت دوستلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ، ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەرگىچە كەتتى. لېكىن، ئۇلارنى تەڭلىككە سالماسلىق ئۈچۈن، گۈلزىبانىڭ ئەھۋالىنى سورىمىدى. شۇنداقتىمۇ ھېكمەتنىڭ نېمىگە تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلگەن كامىل گۈلزىبا توغرۇلۇق قىسقىغىنە سۆزلەپ بەردى. ھازىر ئۇ مەكتەپ سىرتىغىمۇ چىقمايتتى. ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمايتتى. بەزىدە يۆتىلى سەل ئېغىرلىشىپ قالغاندىلا، دورا ئالغىلى دوختۇرخانىغا باراتتى، يېتىپ داۋالىنىشقا ئۇنىمايتتى. گۈلشەن خانىمغا «ئاگاھلاندۇرۇش» جازاسى بېرىلگەنىدى. مۇرات كۆپىنچە شەھەردە بولغاچقا، زۇمرەت ئۇخلاپ قالغاندا، ئۇنىڭغا بەزىدە سىڭىللىرىنى قارىتىپ قويۇپ، ئۆزى گۈلزىبانىڭ قېشىغا باراتتى. ئۇ بىردە يۇمشاق، بىردە قاتتىق گەپ قىلىپ، ئۇنى خېلىلا يۇمشىتىپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ھېكمەتنىڭ بەك قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىنى بىرمۇنچە چۈشەندۈردى. ئۇلار، گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىغاندا، ياتاققا قايتىپ كېلىشتى. روزاخۇن ئۇستام بىلەن ھاكىم ئۇلارنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. كامىل، مۇرات، ھاكىملار ئۇستەل ئەتراپىدىن ئورۇن ئالدى. ھېكمەت روزاخۇن ئۇستامغا ياردەملىشىپ، ھەرخىل قورۇما، بېلىق، ھورنانلارنى توشۇپ ئەكىلىپ تىزدى. ئۇستەل بىردەمدىلا گۈللىنىپ كەتتى. ھاكىم روزاخۇن ئۇستامنىمۇ تەكلىپ قىلغانىدى، ئۇ ئاشخانىنى تېخى يىغىشتۇرمىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ئالدى بىلەن ئۇلار ھورنان، قورۇما، بېلىقلار بىلەن قورساقنى ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن، ھاكىم مۇرات ئېلىپ كەلگەن ھاراقلارنى پىيالىلەرگە تەڭشەپ قويدى. ئۇ كۆڭلى خوش بولغان پاكى يېقىنلىرى بىلەن ئەسرا بولۇپ قالغىنىدا، ئازراق ئىچىپ قويمىسا، ئادەتتە

ھاراق ئىچمەيتتى. ھېكمەتمۇ بۇنى بىر - ئىككى قېتىم بىللە ئولتۇرۇش جەرياندا سەزگەندى.

— بۇگۈن ناھايىتى ئوبدان كېلىپ قاپسىلەر، — دېدى ھاكىم پىيالىسىنى قولىغا ئېلىپ، — بىزدەم - يېرىمدەم ھاردۇق چىقىرايلى، ھېكمەتمۇ سىلەرنى كۆرۈپ ئىچىلىپ قالدى. قېنى ئەمىسە!...

ئۇلار پىيالىلىرىنى كۆتۈرۈشتى. ھاراق بىر نەچچە قېتىم ئايلىنىش بىلەن، قىزىق پاراڭ، چاقچاقلارمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. مۇرات قىزىقارلىق يۇمۇرلار ئارقىلىق ھەممىنى كۇلدۇردى. ھاكىممۇ ھېكمەتنىڭ خۇشال كەيپىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ «مۇڭ دەرۋىش» دېگەن يېڭى ئىسمى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. كامىل دوستىنىڭ ھەر كېچىسى سۇ ئامبىرىدىن كەلمەي، ناخشا ئېيتىپ، شېئىر ئوقۇپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئېغىزىدا «مۇڭ دەرۋىش» دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەكمۇ ئازابلاندى. ھېكمەتنىڭ دوستلىرىغا چاندۇرمىغىنى بىلەن، دەردىنى يۇتۇپ، تېشى پۇتۇن، ئىچى تۇتۇن بولۇپ يۇرگەنلىكىگە كۆزى يەتتى. پاراڭ راسا قىزىۋاتقاندا، ھەممىدىن كۆپرەك ئىچىۋالغان مۇرات دۇتارنى قولىغا ئېلىپ سازلىدى. بۇ چاغدا، ھەممىسى جىمىپ قالغاندى. مۇرات پەس ھەم بوغۇق ئاۋازدا ناخشىسىنى باشلىۋەتتى:

ھەر ئىرادە ساھىبى،
قازسا قۇدۇق يىڭنىدە...
ئىچۇر ئاخىر سۆيۈنۈپ... ئەي دوستلار،
دېمەك ھىممەت غەنىيمەت...

× ×

مىسكىن ئەيتۇر بۇ باشقا،
ساختا ھايات نە كېرەك؟...
غۇربەت ئىچىدە ئۆلسەممۇ، ئەي دوستلار،

ئەلگە خىزمەت غەنىيمەت...

— ئەجەپ مۇڭلۇق ئاھاڭكىنە بۇ؟... — دېدى ھاكىم كاملىغا پىچىرلاپ، — مەن بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن...
— مۇزىكىسىنى مۇرات ئۆزى ئىشلىگەن، — دېدى كاملىمۇ پەس ئاۋازدا.
مۇرات ناخشىسىنى بىردىنلا ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ توۋلاشقا باشلىدى:

ئەجەپ بىر زامان بولدى،
كۆرۈك ھېچكىمدە شەپقەت يوق...
ئىچىمىزدە تولا غەيۋەت، ئەي دوستلار،
ئارامىزدا مۇھەببەت يوق...

مۇرات كۆزىنى يېرىم يۇمۇۋېلىپ، ئۆزى ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بەزىدە گۈرەن تومۇرلىرى كۆپكۆك كۆپۈپ چىقسا، بەزىدە قۇلىقىنى دۇتار دەستىسىگە يېقىن ئەكىلىپ، خۇددى پەدىلەردىن ياڭراۋاتقان مۇڭلۇق كۈيلەر بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئارقا - ئارقىدىن ئۇلىنىشىۋاتقان ناخشىلار ئۇنى مەست قىلىپ، ئاۋازى بارغانسېرى سۈزۈك ھەم جاراڭلىق كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. مۇرات بىر يۈرۈش ناخشىلارنى ئېيتىپ تۈگەتكۈچە، تەرلەپ كەتتى. ئۇ لۆڭگە بىلەن يۈزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، «ھە، قېنى، مۇڭ دەرۋىش، سەندىن كەلسۇن!» دېدى - دە، ئىلى ئاھاڭلىرىغا چېلىنىۋەتتى:

تېرەكسىز ھويلىغا كىرسەم،
بېشىمدىن ئاپتاپ ئۆتتى.
بويۇڭدىن ئۆرگىلەي يايرىم،
سېنىڭ قەدرىڭ ماڭا ئۆتتى...

× ×

ئاياغىمدا مادارىم يوق،
ئەل بىلەن ماڭالمايمەن.
ئەزەلدىن تەلپىيىم شۇنداق،
مەن كىمدىن يامانلايمەن؟ . . .

قۇربان هاكىم هېكمەتنىڭ چىرايىدىكى ئەلەملىك پىغاننى كۆردى. ئۇ گۇلزىباغا دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى تۆكۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ تەلەيسىزلىكلىرىدىن نالە قىلاتتى. ھاكىمنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالدى. ئۇ، ئادەملەر ئارىسىدىكى كېرىموف، جامال توختى، قايىتقا ئوخشاش زىياندۇش قۇرتلارغا بولغان غەزىپىنى تەستە بېسىپ ئولتۇراتتى.

ئاي بىلەن كۈننى قېتىپ،
ئەلچى ئەۋەتتىم يار ساڭا. . .
ئايمۇ قايتتى، كۈنمۇ ياندى،
ياردىن خەۋەر يوقتۇر ماڭا. . . .

ھېكمەت ناخشىسىنى ئاخىرلاشتۇردى. مۇراتمۇ دۇتارنى قويدى. ھاكىم ئۇلارغا رەھمەت، ھەشقاللا ئېيتىپ، ھاراق سۇندى. مۇرات پىيالىسىنى تۇتقان ھالدا ئورنىدىن تۇردى:
— ئەيىب كۆرمىسەڭلار، مەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلسام، — دېدى ئۇ تەمكىن ھالدا، — قۇربان ھاكىمنىڭ زىممىسىدە سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئېغىر خىزمەت تۇرۇپتۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، زۇمرەت ۋە گۇلزىبانى ئىنسانىي بۇرچى بىلەن بالايىئاپەتتىن خالاس قىلدى. بۇ مەن ۋە دوستۇم ھېكمەت ئۈچۈن باھا يەتمەس ياخشىلىق بولدى. بىز ئاددىي ئوقۇتقۇچىلار. . . مىننەتدارلىقىمىزدىن باشقا نېمە دېيەلەيتتۇق؟ شۇڭا، مەن دوستلارغا ۋەكالىتەن مۇشۇ ھاراقنى ھاكىمغا سۇنۇپ، كۆڭۈل ئىزھار قىلماقچىمەن. پىيالە لېۋىگە ئېغىزىنى تەگكۈزۈپ قويسىمۇ ھېساب. . .

— مۇرات، تەكەللۇپ قىلىشنى قاملاشتۇردۇڭ، — دېدى ھاكىم پىيالىنى ئېلىپ، — مەن نېمە ئۈچۈن پىيالىگە ئاغزىمنى تەگكۈزۈپ قويغۇدەكمەن؟ ئوقۇتقۇچى سۇنغان ھاراق جەننەتنىڭ ئابىھاياتىدىن، شاھنىڭ شارابىدىن تۈتىيا ـ دە!...

— رەھمەت، تەشەككۈر، — دېدى كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىلىملىك، ئىستىبداتلىق كىشىلەرلا ئوقۇتقۇچىنىڭ مېھنىتىگە توغرا باھا بېرەلەيدۇ...

ئۇلار مەكتەپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرى، نامراتچىلىقتىن ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان باللار ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئۆز كەسپىگە ئائىت يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى، مەدەنىي مەشغۇلاتلار، مەكتەپ باشقۇرۇش رەھبەرلىك سەنئىتى قاتارلىقلارنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ھەققىدە بەس ـ بەس بىلەن پىكىر قىلىشتى. قىزىشىپ سۆزلىدى. بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى، بېشىغا كەلگەن قارا كۈنلەر ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ دادلىمىدى. ھال تۆكمىدى. بەزى كىشىلەر باركى، ئادەمنى بىزار قىلاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرى، ئۆزلىرىنى شارائىتى ئوبدانراق يەرگە يۆتكىمىگەنلىكى، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاددىيسى قۇتقۇزۇش پۇلى ئالالمىغانلىقىغا قەدەر دەردلىرىنى ئېيتاتتى، ھەتتا باشلىقنى ئېرىتىش ئۈچۈن، پوتلا ـ مىشقىنى ئېقىتىپ، يىغلاپمۇ كېتەتتى... قىسقىسى بىرەر باشلىق بىلەن كۆرۈشۈش بۇنداق ئادەملەر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى.

ھاكىم بۇ دىلكەش يىگىتلەر بىلەن بىرگە بولۇپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، نەچچە كۈنلۈك ھاردۇقى چىقىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدى. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ھېكمەت ياتىقىغا يەرگىلا كىگىز سېلىپ ئورۇن سالماقچى بولۇۋىدى، مۇرات تالادا ياتىمىز دەپ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭغا كامىلمۇ قوشۇلدى. ھاكىم ئۇلارنىڭ كېچىچە مۇڭدىشىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۆزىنىڭ كىگىز، ئەدىيالىنى بەردى. ئۇلار ئىككى پارچە كىگىز، ئۈچ دانە ئەدىيالنى ئېلىپ مېڭىشتى. تاشقىرى خۇددى كۈندۈزدەك

ئايدىڭ ئىدى. ئەتراپ ئىمتاسچىلىق بولۇپ، يىڭنىئىرىق كەنتى تەرەپتىن ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازى كېلەتتى. كىگىز ۋە ئەدىيالنى قولتۇقلىۋالغان مۇرات ئۆلارنى باشلاپ، ھېكمەت ئىشلەيدىغان قۇم دۆۋىسى قېشىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئېگىز قۇمنىڭ ئۈستىنى تۈزلىۋېتىپ، كىگىزلەرنى قوشلاپ سالدى. باش تەرەپكە قۇمنى ياستۇقتەك چىقاردى. ئاندىن ئەدىياللارنى ھەربىرسىگە بىردىن تارقىتىپ بەردى.

— ماۋۇنىڭ ئويلاپ تاپقان يېرىنى كۆرەيمۇ؟ — دېدى كامىل كۈلۈپ، — بايا ياستۇقنىڭ كېرىكى يوق دېسە، نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن بۇ ھىيلىگەرنى. . .

— مامۇقتا ياتقاندەك ياتىسەن، — دېدى مۇرات ھىجىيىپ، — قېنى، ھېكمەت سەن ئوتتۇرىدا يات، بىز ئىككىمىز سېنى قوغداپ چەتتە ياتىمىز. . .

نىل رەڭلىك تىنىق ئاسمان خۇددى جىنەستە چېچىكىدەك غۇچچىدە يۇلتۇز بىلەن تولغانىدى. ئاي بولسا ئۆلارنىڭ ئارىسىدىكى سېرىق مودەنگە ئوخشايتتى. ناگان ـ ناگاندا، تۈن قۇشلىرى باش ئۈستىدىن «چىۋ» قىلىپ ئۆتسە، سۇ ئامبىرى تەرەپتىن توپىدىن ئايرىلغان ئۆردەكنىڭ «غات، غات. . .» قىلىپ جۈپتىنى چاقىرغان ئاۋازى كېلەتتى. توسما ئۈستىدە، قاراۋۇللارنىڭ سايىسى غىل ـ پال كۆرۈنۈپ يوقايتتى. ئاسمانغا قاراپ ياتقان كامىل بۇ جىمجىت تۈندە ئەلەملىك خىياللارغا چۆمگەنىدى. ئىنسانلار تاتلىق كۈنلەرنى ئەستە ساقلىيالمايدۇ، ئەمما ئاچچىق كۈنلەر ئۆلارنىڭ ئېسىدىن زادى، زادى كەتمەيدۇ. ھېكمەت، مۇراتلار مۇشۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇيالارمۇ؟ . . . ياق، بۇ كۈنلەر ئۆلارنىڭ يۈرەكلىرىدىن ئەبەدىي چىقمايدۇ. ئوقۇغۇچىلىرى، دوستلىرى، ئۆلارغا ياردەم قىلغان ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر توغرۇلۇق بالىلىرىغا، بالىلىرى ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىگە سۆزلىشىدۇ. بۇ كەچمىشلەر تىللاردىن ـ تىللارغا ئۆتۈپ، مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ. كامىلنىڭ كۆز ئالدىدىن مۇراتنىڭ مەكتەپتىكى پائالىيەتلىرى، مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى، زۇمرەتنىڭ بەخت يولىدا قىلغان كۆرەشلىرى، بوز يەردىكى زەنجىرلەرگە باغلانغان قىياپەتلىرى، ماھىگۈلنى قۇتقۇزۇش يولىدا قانغا بويالغان ھېكمەت ۋە

ئۇنىڭ قايتىنىڭ ئائىلىسىگە قىلغان ياخشىلىقلىرى، سۇيىقەست ۋە تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولغان گۈلزىبانىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەر، ئامۇتلۇقتىكى ئېلىشىش قاتارلىق بىر قاتار قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر تىزىلىپ ئۆتتۈۋىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى مۇجۇلدى. ئۇ دوستلىرىنىڭ قىسقىغىنە ھايات مۇساپىسىنى ئويلاپ ياتقان مۇشۇ پەيتتە، مۇرات بىلەن ھېكمەتمۇ مۇشۇ سەرسانلىق كۈنلەر ھەققىدە ئويلاۋاتاتتى.

— كامىل، جىمىپ كەتتىڭغۇ؟ نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ — دېدى مۇرات بېشىنى كۆتۈرۈپ، — كۆرگەن كۈنلىرىمىزنىمۇ ياكى كەلگۈسىنىمۇ؟...

— ھەر ئىككىلىسىنى! — ئالقانلىرىغا بېشىنى قويغان كامىل يۇلتۇزلارغا تىكىلىپ ياتاتتى، — بىز خەلقىمىزگە يۈز كېلەلىگۈدەك ياشىدۇق... ۋىجدان ئازابى تارتىدىغان ئىشلارنى قىلمىدۇق. ئەۋلاد ئۈچۈن جان پىدا ئەيلىدۇق. قۇۋۇلۇق - شۇملۇق ئىشلەتمىدۇق. راھەت - پاراغەت قوغلاشمىدۇق. بىزنى خەلقىمىز ئۇنتۇمايدۇ... ئەۋلادىمىز ئەسلىشىدۇ...

— يەنە ئوتتۇز - قىرىق يىللاردىن كېيىن، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر؟... — دېدى ھېكمەت گويا ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندەك...

— نېمە بولماقچىدى؟ — دېدى مۇرات ھېكمەتنىڭ چىشىغا تېگىپ، — كىشىلەر ھېچكىمنى ئۇنتۇمىسا، سېنى ئۇنتۇپ قالىدۇ...

— مېنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغۇدەك؟ — تېرىكتى ھېكمەت.

— نېمىشقا ئۇنتۇلمايدىكەن؟ — دېدى مۇرات ھېكمەتنىڭ تېرىكىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، — قوشكۆل يولىدا جېنىڭنى سېلىپ بەرگىنلى تاس قالدىڭ، شىۋىرغاندا نەبىنى قۇتقۇزىمەن دەپ، يالاڭ يۇگۇرۇپ بىرەر ئايغىچە يۆتەلدىڭ... قايتىنى كۆتۈرۈپ، بېلىڭنى چىم قىلىۋالدىڭ... شۇنداق قىلىپ تۇرساڭ، بۇ خەق كۆرمەي كۆزىنى يۇمۇۋېلىۋاتسا، ئۇ چاغلارغا كەلگەندە، سېنى يادىغا ئالارمىدى؟...

— ئۇلار خەلققە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ... — دېدى ھېكمەت راستىنلا ئاچچىقلاپ.

— ھەممىسى ئوخشاش، بەرىبىر سېنى ئۇنتۇپ قالىدۇ...

— ئۇنتۇمايدۇ. . .

— ئۇنتۇيدۇ. . .

— هەي مۇرات، ھېكمەتنىڭ چىشىغا تەگمىسەڭچۇ! — دېدى كامىل ۋارقىراپ، — ئىككىڭلار كىچىك باللاردەك قىلىق قىلىشۋاتىسىلەر.

مۇرات بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە ھېكمەتنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قارا - قويۇق سۆيۈپ كەتتى.

— هەي، بولدى قىل قەشقەرلىك، ساقاللىرىمنى شالۇك قىلىۋەتتىڭ. . . — ۋارقىرىدى ھېكمەت.

— ھا. . . ھا. . . ھا. . . ، تۇيۇقسىزلا كۈلۈمگە بىر ئىش كېلىپ قالدى، — دېدى مۇرات كۈلكىسىنى ئارانلا توختىتىپ، — ئويلاپ باقسام، ھېكمەتنىڭ ئاچچىقلاپ باققىنىنى زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن. . . شۇڭىمزە، ئۇنى قەستەن تېرىكتۈرسەم، راستىنلا ئاچچىقلاۋاتامدۇ، ھا. . . ھا. . . ھا. . .

مۇرات ھېكمەتنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ خۇش خۇيلۇقى، بىر ئىشلارغا ئالدىراپ ئاچچىقلاپ قالمايدىغان مىجەزى، مەردلىكى، ئاق كۆڭۈللۈكلىكى ھەربىر ئىش - ھەرىكىتىدە، گەپ - سۆزلىرىدە ئىسپاتلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، دوستلىرى ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىمايتتى. گەرچە ئۇ يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدا ئىشلەپ، جاپا چېكىۋاتقان بولسىمۇ، مۇرات ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشىلىق قىلدى. زۇمرەتنى بوز يەردىن ئېلىپ چىقىپ، ھەر ئىككىلىسىنى بەختكە ئېرىشتۈردى. ھېكمەتنىن رازى بولغان ھاكىم زۇمرەتنى ناھىيە ئاتلاپ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. ھېكمەت بىر يۇرتلىقى تېلىۋالدى دوختۇرغا ئالاھىدە تاپىلاپ قويغاچقا، ئۇ دوختۇرخانىدا ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشتىن سىرت، قىممەتلىك دورىلار بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ. ھازىر زۇمرەت بارغانسېرى ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭدى. ئۇ، مۇرات سىرتقا بىرەر ئىش بىلەن ماڭسا، «بۇلاق، بۇلاق. . .» دەپ ئەگىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمەيدۇ. بىر كۈنى مۇرات ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى، بىر كىمنىڭ تۇيۇقسىز: «مۇرات، مۇرات!» دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ قاردى. زۇمرەت جۈيلۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا،

تېلمۋالدى زۇمرەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ، ئۇنىڭ بىرەر يىلغا قالماي ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مۇرات بۇ بەخت ـ سائادەتنى ھېكمەتنىڭ شاپائىتىدىن ئايرىپ قارىمايتتى. ھېكمەت كىشىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلاتتىيۇ، داۋراڭ سالمايتتى. ھەتتا باشقىلار مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، بىر ـ ئىككى ئېغىز رەھمىتىنى ئېيتسا، خىجىل بولغىنىدىن قىزىرىپ كېتەتتى. ئۇ شۇنچىلىك ساددا دىل، سەمىمىي ئىدى. ھازىرمۇ مۇرات ئۇنىڭغا ئامراقلىقىدىن قەستەن چىشىغا تەگكەنىدى.

— كونىلار، ھەربىر ئادەمنىڭ يۇلتۇزى بار دەيدىكەن، ئاشۇ يوپيورۇق تۇرغان يۇلتۇز، — دېدى مۇرات ھېكمەتكە كۆرسىتىپ، — مېنىڭ يۇلتۇزۇم ئوخشايدۇ. ھېكمەت، ئاشۇنىڭ يېنىدىكى پىلىلداپ تۇرغىنىنى ساڭا بەرسەم قانداق؟

— لازىمى يوق، — ھېكمەت تېخىچىلا خاپىدەك قىلاتتى، — سەن يۇلتۇزۇڭنى ئىككى قىلىۋال.

ھېكمەتنىڭ گېپى ئاياقلاشمايلا، ھېلىقى يورۇق يۇلتۇز ئۇزۇن قۇيرۇق قالدۇرۇپ كۆچتى ـ دە، ئۇپۇقنىڭ قاراڭغۇ بۇرجەكلىرىدە يوقالدى.

— ئاھا، سېنىڭ يۇلتۇزۇڭمۇ ئۆزۈڭگە ئوخشاش راسا شاتىراق ئىمىكەن، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — بىر يەردە جىم تۇرماي، غىتىلداپلا يۈرىدىكەن...

— بىزنىڭ يۇلتۇزلار دېگەن، — دېدى مۇرات بوي بەرمەي، — پۈتۈن ئاسماننى ساياھەت قىلىپ يۈرىدۇ... ھەي كامىل، ئاۋۇ موللامدەك سۈكۈتتە تۇرغىنى سېنىڭ يۇلتۇزۇڭ ئوخشىمامدۇ؟...

— بولدى، سەن مېنى تېرىكتۈرەلمەيسەن، — دېدى كامىل ئىككى دوستى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، — ھەي مۇرات، ھازىر زېيىنىدىن مۆدىر قانداقراق؟ كۆرۈپ تۇرۇۋاتامسەن؟

— قوي ئۇنىڭ گېپىنى! ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ چىقىپ، يامان كۆندۈرۈپ قويدۇممۇ ـ نېمە؟ ئەمدى ھەر چىققىنىمدا، قولۇمغا قارايدۇ.

راسا ئاچكۆز بىر نېمىكەن. . .

— مەكتەپتە نېمە ئۆزگىرىشلەر بولۇۋېتىپتۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟ — سورىدى كامىل.

— نېمە ئۆزگىرىشلەر بولماقچىدى؟ ئىچكىرىدە ۋاڭ جى دېگەن ئەسكەر مىنىبىڭلارغا مىنا كۆمۈشنى ئۆگىتىۋېتىپ، پارتلاپ ئۆلۈپتىكەن، شۇنىڭدىن ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىلىپتۇ، — دېدى مۇرات ئەسنەپ، — ئۇنىڭ ھاياتىدىن چاتما رەسىم سىزىپ كۆرگەزمە قىلىش ئۇچۇن رەسسام تاپالماي، زەينىدىن «ھېكمەتنى قايتۇرۇپ ئەكەلسەك، سىزىپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇۋەتسەك بولارمىكىن. . .» دەپ يۈرگۈدەك.

— بارمايمەن، — دېدى ھېكمەت گەپنى ئۈزۈپلا، — مەن بىر كىمنىڭ كونا جۇۋىسى ئەمەس، سوغۇقتا كىيىپ، ئىسسىقتا تاشلايدىغان.

— يارايسەن ھېكمەت! . . . — دېدى مۇرات جەينەكلەپ يېتىپ، — ھەرگىز بارما، ئۇ ئوغرى «بىز ئۇنداق ئۆگەندۇق، مۇنداق ئۆگەندۇق. . .» دەپ، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ، شەرەپنى ئۆزىنىڭ قىلماقچى. . .

— زەينىدىنگە ئۇنداق ئىشلار تېپىلغۇسىز، — دېدى كامىل، — ھېكمەت «يېرىم كېچىدە چىللىغان توخۇ»، «قىر ئاستىغا كۆمۈلگەن تاش»، «يات ئادەم» دراممىلىرىنى يېزىپ بېرىۋىدى، يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ بىزنى ئەۋەتمىگەن يېرى قالمىدىغۇ؟ . . .

— ھە راست، — دېدى مۇرات سەكرەپ قوپۇپ، — مەكتەپ سەنئىتى پۈتۈنلەي توختاپتۇ. ناھىيىلىك سەنئەتنى تەكلىپ قىلغانىكەن، بىر قوينىڭ بېشىغا چىقىپ، يەنە بىر كاللەك پۇلنى زەينىدىننىڭ يۈرىكىنى سوغۇرغاندەك سوغۇرۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ. . .

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار جازالىنىپ، سورگۇن قىلىنغاندىن كېيىن، مەكتەپ ھەقىقەتەن چۆلدەرەپلا قالغانىدى. بۇرۇن مەكتەپ ئىچى خۇددى ھەسەل ھەرىسى ئۇۋىسىدەك قاينام - تاشقىنلىق ئىدى. پات - پات ئويۇنلار قويۇلۇپ، كەچ تەرەپلەردە مەيدان تاماشالىرى بولۇپ تۇراتتى. خۇشاللىققا چۆمگەن ئوقۇغۇچىلار ۋارقىرىشاتتى، چۇرقىرىشاتتى، كۈلۈشەتتى. بۇ ۋاڭ - چۇڭ، ئاڭلىنىپ تۇرغان ناخشا - سازلار مەكتەپنىڭ

يارىشىقى ئىدى. ھازىر مەكتەپ ئەمدى خۇددى مازارلىقتەك جىمجىت، مەسچىتتەك سۈرلۈك بولۇپ قالغانىدى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ دەرسىنى ئۈستىگە ئالغان قۇتبىرەم، مەمتىلى ئىبراھىم، رېخىم نۇرىلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان پىكىر - تەلەپلەرنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيتتى. ئوقۇغۇچىلار ھە دېسە چوڭ ئىشخانىغا، مۇدىر ۋە زەينىدىنىنىڭ بۆلۈملىرىگە بېسىپ كىرىپ، جېدەل چىقىراتتى. مەكتەپ سەنئىتىگە ساجىتخان بىلەن مەمتىلى ئىبراھىمنى مەسئۇل قىلغاندىن كېيىن، ئارتىس ئوقۇغۇچىلار رېپېتىسىيىگە قاتناشماس بولۇۋالغانىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ساز چېلىشنى بىلمەيتتى. مەدەنىي پائالىيەتلەر ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلار زېرىكىپ قاچاتتى، كەلمەيتتى. نەدە ئىت تالاشتۇرۇش، كەكلىك، خوراز سوقۇشتۇرۇش، قوشقار ئۈستۈرۈش بولسا، شۇ يەرگە قاچاتتى. شۇڭا، سىنىپلارنىڭ توپ سانىمۇ كۈندىن - كۈنگە كېمىيىپ، دەرسكە قاتنىشىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ھەر كۈنلىكى سىياسىي ئۆگىنىشتە، سىنىپ مۇدىرلىرى، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ غۇدۇراشلىرى، تاپا - تەنىلىرى زەينىدىننى تەمتىرىتىپ قوياتتى. ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجا ھەر بىر ئىغىز سۆزىگە «ئۈرۈكلۈك باغ»نى قوشماي سۆزلىمەيتتى. ئۇ، مەكتەپنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە ئۆزىنىڭ ئىگە ئەمەسلىكىنى جاكارلىدى. زەينىدىن جان تۇمشۇقىغا كەلگەندىلا، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنى ياد ئەتتى. ئۇمۇ، مەدەنىي پائالىيەت، ئوقۇ - ئوقۇتۇش، يېڭى مېتود - ئۇسۇللار ئارقىلىق شاۋقۇنلۇق، جانلىق، تېتىك، روھلۇق كەيپىيات بىلەن مەكتەپنى جانلاندۇرۇۋەتكەن بۇ ئۈچ ئوقۇتقۇچىنىڭ رولىغا قايىل بولماي تۇرالمىدى ۋە ئاچچىقىنى ساجىتخان، رېخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىملاردىن ئالدى. ئۇلارنى بىر - ئىككى قېتىملىق سىياسىي ئۆگىنىشتە: «قولۇڭدىن يوق كېلىشمەيدىغان نان قېپى بىر نېمىلەر ئىكەنسەن، يا دەرسنى ئوڭشاپ ئۆتەلمىسەڭ، يا سەنئەتنى قاملاشتۇرۇشالمىساڭ! . . . » دەپ تىللىدى. قۇتبىرەم، ساجىتخان، رېخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىملار گۇناھنى بىر -

بىرىگە ئارتىشىپ، مەيداندىلا تۇتۇشۇپ قالدى. ئەزەلدىنلا چىشلىشىپ، يېغىرلىرىنى ئېچىپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كولىشىپ چىقىشالمايدىغان بۇ ئوقۇتقۇچىلار نومۇس ـ ئىزا دېگەننى زادى بىلىشمەيتتى.

— ئۆتكەندە مەكتەپكە چىقسام، مەكتەپ سەنئەتىدىكى باللار «ۋاڭ جې بىزنىڭ ئۇلگىمىز» دېگەن ناخشىنى ئۆگىنىۋېتىپتىكەن، — دېدى مۇرات كۈلۈپ، — ساجىتخان قانداق ئۆگەتتى دەپ سورىمايسىلەرغۇ؟...

— ھە... ھە... قانداق ئۆگەتتى ئۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى ھېكمەت.

— «ھەي... ۋاڭ جې تاغام...»، — مۇرات ئۇننى ئىنچىكە چىقىرىپ، بويۇنلىرىنى ئېتىپ، قاپاقلىرىنى سوزۇپ، چىمچىلاق بارمىقىنىڭ ئۇچىنى چىشلىگەن ھالدا دورىدى، — «سەن بىزنىڭ ئۇلگىمىزسەنغۇ.... ھەجەپ بىمەسەل ئۆلۈپ كەتتىڭغۇ؟...»

ناخشا ئاياقلاشمايلا، كامىل بىلەن ھېكمەت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي مۇرات، ھەي مۇرات، سەنزە بەك ئاشۇرىۋېتىسەن جۇمۇ! — دېدى كامىل كۈلكىسىنى توختىتالماي، — «بىمەسەل» دېمىگەندۇر؟ «بىمەھەل» دېگەندۇر؟...

— ۋاي، شۇنداق دەيدىكەنسەن، ئۇ «بىمەسەل» بىلەن «بىمەھەل» نىڭ قانداق يەرلەردە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلەمدۇ؟ — دېدى مۇرات قوللىرىنى شىلتىپ، — تېخى ئۆتكەندە، چوشقا بېقىۋاتقان ۋاقتىمدا، بىر چوشقا كۈچىكى قېچىپ كېتىپ، ئۇنى قوغلاپ رېپېتىسىيە ئۆيى ئالدىغا بېرىپ قالدىم. ساجىتخان، مەمتىلى ئىبراھىملار ھەربىر سىنىپتىكى ناخشا باشلىقلىرىنى يىغىۋېلىپ، «گوڭشې ياپىيېشىل ياشنىغان پىلەك» دېگەن ناخشىنى ئۆگىتىۋېتىپتىكەن. مەن دېرىزىدىن بىردەم ماراپ تۇردۇم.

— ھە، قېنى، دەپ بەرگىنە! — دېدى ھېكمەت يەنە بىر قىزىقچىلىق چىقىدىغانلىقىنى پەملەپ، — ئۇ ئىككىسى قانداق ئۆگەتتى؟

— ئۆگىتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئىككىسى ئۇرۇشتى، — دېدى مۇرات كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ...

— ئۇرۇشتى؟...

— ساجىتخان ناخشىنى شۇنداق سوزدىكى، خورغا تىزىلغانلار ئۇخلاپ قالدى، — مۇرات ئورنىدىن تۇردى، ئۇ بەللىرىنى تولغاپ، قوللىرىنى لەڭمەن سوزغاندەك ئويىنىتىپ دوراشقا باشلىــدى، — «گۆڭشى. . . ياپىېشىل. . . ياشنىغان پېلەك. . . شۇ پېلەكتىكى سويما ئەزالار. . . پېلەك سويىمنى يېتەكلەپ ماڭار. . . پېلەك ئاينىسا، سويما قەنت بولار. . . ئا. . . ئا. . . ئا. . . »

كامىــل بىلەن ھېكمەت شــۇنداق كــۇلدىكى، ئــۇلارنىڭ يېپىنغان ئەدىياللىرى سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئۆزلىرى كىگىز ئۈستىدە يۇمىلانماقتا ئىدى. قورساقلىرىنى تۇتۇپ كۇلۇۋېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— مەمتىلى ئىبراھىم ئاچچىقلاپ: ھەي ساجىتخان، سىلى غەزەلنى شېكەر قارىمنىڭ تاڭشىرىدەك سوزىدىكەنلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە «قوغۇن» دېگەننى «سويما» دەپ ئېيتتىلا دېۋىدى، ئۇمۇ بوش كەلمىدى، — دېدى مۇرات ئورنىغا ئولتۇرۇۋېپ، — ساجىتخان: «ھوي، سوزمىسا غەزەل بولامتى؟ بۇ كاساڭدىكى نانتەك بولمىسا شاپاڭ ـ شۈپۈڭ تۈگىتىپ قويغىلى. . . سويما دېسە نېمە بوپتۇ؟ قوغۇن دېسە نېمە بوپتۇ؟ نانتەك دېمىگەنــدىن كېيىــن. . . » دەپ، مەمتىلــى ئىبــراھىمنىڭ يېغىــرىغا تەگدى، ئىككىسى تۇتۇشۇپ قالدى.

— قانداق تۇتۇشۇپ قالدى؟ — سورىدى ھېكمەت.

— خۇددى ئىككىمىز «ئۇنتۇيدۇ، ئۇنتۇمايدۇ» دېگەندەك، ئۇلارمۇ «سويما» ، «قوغۇن» دېيىشىپ، تالىشىپ قېلىشتى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئۈچۈن بۈگۈنكى قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ئــۆتكۈزگەن ئايــدىڭ كېچە ئــۇنتۇلغۇسىز خاتىرە بــولۇپ قالدى. ئۇلار زۇمرەت، گۈلزىبا، نەفىسەلەرنىڭ تارتقان كۈنلىرىنى، ئۆزلىرىنىــڭ باشلىرىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى ئەسلىشىپ، كېچىنىــڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قېلىشتى. تەقدىر ئۇلارنى نە ـ نەلەردىن ئېلىپ كېلىپ ئۇچراشتۇردى. كۆڭلىگە ھەقىقىي چىن دوستلۇق مېھرىنى سالدى. ۋاپا، گــۈزەللىك، پەزىلەت ھــۆرلىرىنى ئاتا قىــلدى ۋە يەنە ئــۆزى

چىدىمىغاندەك تۇرلۇك - تۇمەن سەۋدالارنى سىلىپ، ئۇلارنى هايات دەشتلىرىدە قىينىدى. . .

— كامىل، مۇرات، — دېدى ھېكمەت خىياللار قاينىمىغا چۆكۈپ، — ئەگەر كەلگۈسىدە بىرەر يازغۇچى مۇشۇ ۋەقەلەرنى يازسا، قانچىلىك تەسىرلىك رومان بولۇپ چىقار ئىدى - ھە! . . .

— بۇنى سەن يازىسەن! نېمىگە كۈلىسەن؟ — دېدى كامىل تەمكىنلىك بىلەن، — سەندە شۇنداق ئىقتىدار بار. . .

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، — دېدى مۇرات، — ھېكمەت سەن كىچىككىنە بىر ۋەقەنى سۆزلىسەڭمۇ، ھېس - تۇيغۇلىرىڭ ئارقىلىق ئادەمنى مەھلىيا قىلىپ قويىسەن. . .

— مېنى تولا ئۇچۇرماڭلار، — تۇيۇقسىزلا گۈلزىبا ئېسىدىن كەچكەن ھېكمەت ئۆچۈشكە باشلىغان يۇلتۇزلارغا قاراپ چوڭقۇر تىندى، — ئۇنىڭسىزمۇ ھايات بورانلىرىدا ئۇچۇپ يۈرگىنىم يېتەر. . .

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار تاڭغا يېقىن بىر سائەتتەك كۆز يۇمۇۋالدى. ئاندىن، كىگىز - ئەدىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ياتاققا قايتىشتى. ھاكىم ئۇلار بىلەن ئاشخانىدا ئەتىگەنلىك ناشتا قىلغاندىن كېيىن، خەيرلىشىپ ئۆز ئىشىغا كەتتى. ھېكمەت دوستلىرىنى باشلاپ قۇم ئالىدىغان يەرگە ئاپاردى. تاغارلىرىنىڭ ئاغزىلىرىنى ئېچىپ قاتىرىسىغا تىزىلىپ تۇرغان دېھقانلارنىڭ قۇملىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، كوبا ساندۇقتا ئۆلچەپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاندىن، شېغىل ئالىدىغان يەرگە بېرىپ، ئىككى شوپۇرنى يولغا سالدى. كامىل، مۇراتلار ئاشۇ ماشىنىلاردا كەتمەكچى بولۇۋىدى، دوستلىرىغا قىيالمايۋاتقان ھېكمەت ئاخىرقى ماشىنىدا كېتىڭلار دەپ، ئۇلارنى ماڭدۇرمىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، ھېكمەتنىڭ چىرايىنى ھەسرەتلىك تۇمانلار قاپلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ دوستلىرىدىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. كامىل، مۇراتلار ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى. . . ھەرخىل ۋەدىلەرنى قىلىپ كۆڭلىنى ياسايتتى. چۈشتە كېلىدىغان ئاخىرقى ماشىنىمۇ كەلدى. كامىل بىلەن مۇرات، ھېكمەتنى قايتا - قايتا قۇچاقلاپ، خوشلاشتى. ئۇلار كابىنكىغا

چىققاندا، ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىنى نەملىك تۇمان قاپلىۋالدى.

كامىل، مۇراتلار كېتىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن، مەكتەپتىن رېخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىملار ئىشەك ھارۋىسى بىلەن ھېكمەتنى ئالغىلى كەلدى. مەكتەپكە يالغۇز قايتىشنى خالىمىغان ھېكمەت بارمايدىغانلىقى ھەققىدە ھاكىمغا كۆز ئىشارىسى قىلىۋالدى. رېخىم نۇرى ھاكىمغا ھىجىيىپ، پوكۇلۇپ «ۋاڭ جېنىڭ ھاياتىنى چاتما رەسىم قىلىپ سىزدۇرۇش» تەك سىياسىي ۋەزىپە بارلىقىنى ئېيتقاندا، ھاكىم ئاچچىقلاپ قالدى.

— بۇ يەردىكى ئىش سىياسىي ۋەزىپە ئەمەسمىكەن؟ — دېدى ھاكىم رېخىم نۇرىغا، — مۇدىرىڭلارغا بېرىپ دەڭلار، ھېكمەتنىڭ بۇ يەردىكى ئىشىنى كىم قىلىدۇ؟ ياكى زەيىندىن ئۆزى كېلىپ قىلامدىكەن؟...

رېخىم نۇرى بىلەن مەمتىلى ئىبراھىم سالپىيىپ كېتىپ قالدى. ھاكىمدىن مىننەتدار بولغان ھېكمەت خۇشال ئىشقا كەتتى. بىراق ئۇ كەچتە ناھايىتى سولغۇن قايتىپ كەلدى. چۈنكى ئۇ كېرىم بوۋاينى بوزاقتا ئۆزىتىپ قويغانىدى. پات - پات مۆڭدىشىپ، دەردلىرىنى يېنىكلەشتۈرىدىغان بۇ دىلكەش بوۋاي ئۇنىڭغا ئۆز ئاتىسىدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ جاراھەتلىرى ساقىيىپ ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، سەل ئاقساقلاپ ماڭاتتى. ھېكمەت كېچىچە كېرىم بوۋاينى ئەسلەپ چىقتى. ئەسكى - تۈسكىلەر ئارتىلغان ئېشەك، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇزۇن يەكتىكى ئۈستىدىن يىرتىق پوتىسى ساڭگىلاپ تۇرغان، قولىدا چىۋىق، يالاڭئاياغ ئاقساقلاپ كېتىۋاتقان ئاپئاق ساقال بىر سىما ھېكمەتنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمىدى...

## كەچكۈز شاماللىرى

كەچكۈز. تەبىئەت بەقەسەم تون كىيگەندەك رەڭدار تۈسكە كىرگەنىدى. ئورمانلار، باغلار، كۆجۈم كەنتلەر خۇددى بوياقچىلىق ئىدىشىدىن چىققان شايىلارنى يېيىۋەتكەندەك، قىزىل،

قوڭۇر، ساپسېرىق بولۇپ تاۋلىنىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، سېرىق رەڭ ھەممىدىن كۆپرەك كۆزگە چېلىقاتتى. ياڭاقنىڭ قوڭۇر رەڭلىك غازاڭلىرى، زەپىراندەك سارغايغان دەل - دەرەخلەر، شاپتۇل، ئۆرۈكلەرنىڭ قىپقىزىل ياپراقلىرى شىرتىلداپ يەر باغرىنى ياپماقتا ئىدى. بۇ يېنىك ۋە ئوچۇق رەڭلەر، نىل رەڭلىك تىنىق كۆك ئاسمان ئاستىدا گويا شەپەق سۆيگەن پارچە - پارچە بۇلۇتلارنى ئەسلىتەتتى.

يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدا ئىشلەۋاتقان ئەمگەكچىلەر بارغانسېرى شالاڭلاپ قېلىۋاتاتتى. بىر يىللىق جاپنى تۈگەتكەن يېزا، كەنت دېھقانلىرى يۇك - تاقىلىرىنى ھارۋا - ئۇلاغلارغا ئارتىشىپ، ئۆزلىرى يۇدۇشۇپ قايتىشماقتا ئىدى. پەقەت توسمىنىڭ ئاياغ ۋە ئوتتۇرىلىرىدا جاپنى نورمىغا يەتكۈزەلمىگەن دېھقانلارلا ئىشلەۋاتاتتى. چار قۇم ئەكىلىدىغان ئۇلاغلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلدى. ھازىر ئات ھارۋىسى ۋە ئېشەك ھارۋىلىرىدا سۈزگۈچ خەندەك ئەتراپىغا چوڭ تاشلار ۋە شېغىل توشۇلۇۋاتاتتى. ھېكمەت دېھقانلار بىلەن خەندەك كولايتتى، بۇ تولىمۇ ئېغىر ئەمگەك ئىدى، بىر كۈن كەچكىچە سۇ ۋە لايدىن چىقماي ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. خەندەك چوڭقۇرلىغانسېرى، سىزىپ چىقىۋاتقان سۇمۇ شۇنچە كۆپىيىپ كەتتى. سۇ ئامبىرى قوماندانلىق شتابىدىن تارقىتىپ بەرگەن رېزىنكە ئۆتۈكلەرنىڭ قونچىلىرىدىن كىرىپ كەتكەن سوغۇق سۇ پۇتلارنى مۇزلىتىۋېتەتتى. ئېخى ئەتىسى خەندەككە يىغىلىپ قالغان سۇلارنى بىر چاغقىچە چىقىرىشقا توغرا كېلەتتى. قۇربان ھاكىم ھېكمەتكە: «سەن ھارۋىلاردا كەلگەن تاش - شېغىللارنى ئۆتكۈزۈۋالساڭلا بولدى» دەپ نەچچە قېتىم دېگەن بولسىمۇ، لاي - پاتقاقتا مىلىنىپ ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنىڭ يېنىدا بىكار ئولتۇرۇشقا نومۇس قىلغان ھېكمەت ھاكىمغا: «ئۇلار ئىشلەۋاتسا، مەن ھارۋا ساقلاپ ئېڭەك تىرەپ ئولتۇرسام، بەك سەت بولىدىكەن» دېدى. ھېكمەتنىڭ خەندەك ئەمگىكىدە ۋەزىپىسى بولمىغاچقا، ئىشلەۋاتقانلار ئۇنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دېھقانلار بىلەن تەڭ كېلىپ خەندەكتىن شالاپلىتىپ سۇ چىقىراتتى، لاي سۈزەتتى. ھارۋىلار كەلگەن ھامان تاش - شېغىللارنى

ئۆتكۈزۈۋالاتتى.

ھېكمەتنىڭ ساقاللىرى تېخىمۇ ئۆسۈپ، بومبا ساقال دېھقاننىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى. دېھقانلار ھازىرمۇ ئۇنى يۈزىدىن ـ يۈزىگە «مۇڭ دەرۋىش مۇئەللىم» دېيىشەتتى. ھېكمەت ھەرگىز ئېغىر ئالمايتتى. ئۇ خەندەكتىكى چوڭ ـ كىچىكلەر بىلەن سىرداش دوستتەك بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ ھەرخىل سوئاللىرىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرەتتى. چاقچاقلىشاتتى، كۈلۈشەتتى، بۇ ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ غەملىرىنى يېنىكلىتەتتى ياكى بىردەملىك بولسىمۇ، ئېغىر خىياللاردىن خالاس تاپاتتى. بىر كۈنى ساتتار ئىسىملىك بىر دېھقان يىگىت ئۇنىڭغا تاماكا سۇنۇۋېتىپ، گەپ ئېچىپ قالدى:

— مۇئەللىم بىر گەپ سورىسام خاپا بولمايدىغانلا؟ — دېدى ئۇ ھىجىيىپ قويۇپ، — ئۆزلىرى ئوچۇق چىراي، ئوقۇمۇشلۇق ئادەمكەنلا، نېمە بولۇپ سۇ ئامبىرىغا كىرىپ قاللا؟...

— مەن... — ھېكمەت نېمە دېيەرىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى، — چەت ئەلنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغانلىقىم شۇنداقلا چەت ئەلدىكى تۇغقانلىرىمدىن خەت كەلگەنلىكى ئۈچۈن جازالاندىم...

— ئۇنداقتا سىلىنى «شيۇجېڭجۇيى» سايلاپتۇ ـ دە! — دېدى لاي سۇزۇۋاتقان چار ساقال دېھقان، — خۇدايا توۋا قىلدىم، بۇ باشلىقلارمۇ غىلتاڭ ئاغزىدا ئىلمى بار ئادەملەرنى شيۇجېڭجۇيى سايلاپ قويىدىكىنا؟...

— نەدىكىنى؟ بىزنىڭ كەنتتىكى ئەخمەت قوتاز يېرىم تاغار چېكىت ئوغرىلاپ قويۇۋىدى، — دېدى ئاغزىغا ناسۋال سېلىۋالغان كۆسا دېھقان، — شۇنىمۇ بىر كۈن كۈرەش قىلىپ، شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ قارىناقچىسى دەپ سايلاپ قويمىدىمۇ؟...

— مۇنداق دېسىلە، — دېدى ساتتار ھېكمەتكە قاراپ، — «مۇئەللىمنىڭ خۇۋالاشقان قىزىنى باشقىلار تارتىۋاپتۇ...»، «مۇئەللىم جازالانغاندىن كېيىن، ئايالى بىر ئەمەلدارنى تېپىۋېلىپ، ئاجرىشىمەن دەۋاتقۇدەك...»، «مۇئەللىمنىڭ ئايالى ئەدەسسىز ئۆزمىشكەن... دادىسى قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ... سېتىۋېتىپتۇ...» دېگەندەك

گەپلەرگە پۈتۈپ يۈرۈپتىمىز. . .

— خەق نېمە دېمەيدۇ، قاغا نېمە يېمەيدۇ؟ — دېدى چار ساقال دېھقان، — تېخى بەزىلەر: «مۇئەللىم هارامدىن بالا تېپىپ قويۇپ، جازالىنىپتۇ. . .» دەپ يۈرمەمدۇ؟ . . .

— هەممىسى ئەپقاچتى گەپلەر، — دېدى هېكمەت قولىدىكى تاماكىنى ساتتارغا بېرىپ، — مېنىڭ ئايالىم هايالىق، ئاق كۆڭۈل، سەممىي بىر ئوقۇتقۇچى. . . ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ناهايىتى ياخشى.

— ئۇنداقتا، ئۆزلىرىنى بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ كەلمىدىيا؟ — دېدى ساتتار گەدىنىنى قاشلاپ، — جازالانغان ئېرىدىن نومۇس قىلامتۇ ـ يا؟ . . .

— ئۇنداق ئەمەس، خىزمىتى بەك ئالدىراش. . . ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېغىر بوي. . .

هېكمەت ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ سۇ ئامبىرىغا كىرگىنىگە يېرىم يىلدىن ئېشىپتۇ، ماھىگۈل ھەر ئايدا دېگۈدەك، بەزىدە ئارىلىقلاردا كېلىپ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىپ كېتىدۇ. هەر كەلگىنىدە، تاماكا، تاتلىق ـ تۈرۈم نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىپ يوقلايدۇ، تەسەللى بېرىدۇ. بىراق، گۈلزىبا كېلىپ باقمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ هېكمەت ئۇنى ئاقلايتتى. چۈنكى، دەسلەپكى چاغلاردا، كېرىموف، قايىت، گۈلرۇز، بۇمەرەمخانلارنىڭ بېسىمى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىدا بولمىدى. كېيىن كېسەل ۋە هامىلىدارلىق ئۇنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويىدى.

كامىل، مۇراتلار كەتكەندىن كېيىن، هېكمەت كۈنلەرنى ساناپ مېڭىۋاتاتتى. مانا بۈگۈن يىگىرمە تۆت كۈن بولدى. دوستلىرىدىن ياكى گۈلزىبادىن هېچقانداق خەت ـ خەۋەر يوق ئىدى. ئۇ هەر كۈنى ئېگىز قۇم ئۈستىگە چىقىپ ياكى توسمىدىن شەهەر يولىغا قارايتتى. توپا ـ چاڭلار ئىچىدە بىرەر ماشىنا ياكى هارۋا، ئۇلاغ كۆرۈنسە، شۇلارنىڭ بىرىدە گۈلزىبانى بارمىكىن دەپ يوللارغا تەلمۈرەتتى، ئاخىرى، ئۇنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلدى.

بۈگۈن شەنبە ئىدى. هېكمەت ئەتىگەندىلا جەندەككە كېلىپ ئىشقا

چۈشۈپ كەتتى. خەندەك ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلىشىشى بىلەن، سۇ بەك كۆپ چىقىپ كېتىپ، داۋاملىق كولاشقا ئىمكانىيەت بولمىغاچقا، ئەتىگەندە يىغىلىپ كەتكەن سۇنى موتور ئارقىلىق تارتىپ چىقىرىدىغان بولغانىدى. ھېكمەت موتورنى ماڭدۇرۇپ، سۇلارنى ناسوس بىلەن تارتىپ چىقارغاندىن كېيىن، كەتمەن - گۈرەكلەرنى ئېلىپ خەندەككە چۈشتى. ئىشلەۋاتقانلارنىڭ كۆڭلەك، ئىشتانلىرى، يۈزلىرى لاي چاچراپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار پاتقاق سۇلارنى شالاپلىتىپ، راسا ئىشلەۋاتقاندا، ساتتار خەندەك ئۈستىنى ئىما قىلىپ ھېكمەتنى جەينەكلىدى ۋە «ئۇ كىم؟» دەپ سورىدى. ھېكمەت بىرلا قاراپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ گۈلزىبا ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ يوغىناپ كەتكەنلىكى كەڭ ئەتلەس كۆڭلەكتىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى. مەڭزى ۋە ئېڭەكلىرىگە قوڭۇر داغلار چۈشكەنىدى.

— گۈلزىبا!...

قىردىكى دېھقانلار ھېكمەتنى قولىدىن تارتىپ چىقاردى. ئۇ ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ پۈتۈن بەدىنى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ، كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ، يۈرىكى رىتىمسىز ئۇرماقتا ئىدى. ھېكمەت گۈلزىبانىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالدى، لېكىن گۈلزىبا ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەك ھېكمەتنىڭ باغرىغا تاشلاندى ۋە كۆز - ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا، ئېرىنىڭ يۈز، ساقاللىرىدىكى لايلارنى قولياغلىقىدا سۈرتتى. ئۇ دەسلەپتە ھېكمەتنى تونىيالمايلا قالغانىدى.

— مۇئەللىم، سىلى خانىمنى ئېلىپ كېتىۋەرسىلە، — دېدى ساتتار گۈلزىبانىڭ ھېلىھەم گۈزەللىك كەتمىگەن رۇخسارىدىن ئەيمىنىپ، — تاش، شېغىل كەلسە، بىز ئېلىپ قويىمىز.

ھېكمەت گۈلزىبانى باشلاپ ياتىقىغا كەلدى. ھاكىم ئىش ئورنىدا ئىدى. سېغىنىش پىراقىدا چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ھېكمەت ئايالىنى باغرىغا بېسىپ، قارا - قويۇق سۆيۈپلا كەتتى. گۈلزىبامۇ ئۇزۇن يىل يوقىتىپ قويغان گۆھىرىنى تېپىۋالغاندەك، ئېرىنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

— گۈلزىبا. . . مېنىڭ گۈلۈم، — دېدى ھېكمەت پىچىرلاپ، — مەن سېغىنىش ئامبۇرىنىڭ قىسىشىغا چىدىيالمىدىم. سىزنىڭ ئوت ـ پىراقىڭىزدا سارىڭ بولاي دېدىم. . . زادى سىز بۇ دۇنيادا بارمۇ؟ . . . كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپ كەتتىڭىز. . .

— ھېكمەت. . . ھېكمەت. . . مېنىڭ ھېكمىتىم. . . مېنىڭ دىلكىشىم. . . مېنىڭ ھاياتىم. . . — گۈلزىبا ھاجايان شادلىقىدىن نەپەس ئالالماي قالدى، — ئۇ خەتنى. . . مەن. . . مەن يازمىدىم! . . . مېنىڭ لەنىتى قوللىرىم يازدى. . . مانا شۇنىڭدىن تارتىپ، كۆزۈم نەملىك. . . ئاخىرىغىچە نەملىك. . . سىزنىڭ خىياللىرىڭىزسىز، بىرەر دەقىقە يالغۇز بولمىدىم. . . سىز مەن بىلەن بىللە! . . . ھامان بىللە. ئۇخلىسام چۈشلىرىمدە. . . كۈندۈزى كۆز قارىچۇقلىرىمدا! . . . ماڭسام يوللىرىمدا، دەرس ئۆتسەم، كىتاب سەھىپىلىرى ئارا ئايان بولىسىز. . . سىزنىڭسىز مېنىڭ ھاياتىم چۆلدە چاڭقىغان گىياھ ئەمەسمۇ؟ . . .

گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ يىرىك بومبا ساقاللىرىنى سىيلايتتى، يۈزلىرىنى سۇۋايتتى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى توختىماي تۆكۈلەتتى، تويماي ـ تويماي قارايتتى. ھېكمەتمۇ ئۇنىڭ ياداشتىن تېخىمۇ نازۇكلىشىپ كەتكەن يۈزى ۋە مۇرىلىرىنى سىيلاپ، چاچلىرىنى ھىدلايتتى. تەقدىرنىڭ بۇ ئۇچراشتۇرۇشى ۋە ئاتا قىلغان ۋىسالىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى، مەڭگۈ داۋام قىلىشىنى تىلەيتتى. قۇياش پاتمىسا، ئاي چىقمىسا، كېچە بولمىسا، بۇ دەقىقىلەر ئەبەدىلئەبەد داۋام قىلسا. . . بۇ نەقەدەر خاسىيەتلىك ئىش بولار ئىدى ـ ھە! . . .

— گۈلزىبا، يۈزلىرىڭىزنى لاي قىلىۋەتتىم. . . — دېدى ھېكمەت ئايالىنىڭ كۆزلىرىگە كىرىپ كەتكۈدەك قاراپ، — مەن يۇيۇۋېتەي. . .

— سىزدىن يۇققان بۇ لايلار مەن ئۈچۈن تەۋەرۈك. . . يۈزۈمنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە يۇيغۇم كەلمەيدۇ. . .

ھېكمەت چاپان، رېزىنكە ئۆتۈكلىرىنى سېلىپ، چايداندىن ئاپتۇۋىغا سۇ تەڭشىدى. گۈلزىبا ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇپ بەردى، ئۇ پاكىزە يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ، گۈلزىبانىڭ يۈز ـ بويۇنلىرىنى

سۇرتتى. ھېكمەتنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرى ئۇنى سالاپەتلىك، ئوتتۇرا
ياش ئادەملەرگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. كامىل، مۇراتلارنىڭ: «ھېكمەت
‹ئايرىلىش خېتى› نى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چاچ - ساقاللىرىنى
ئۆستۈرۈپ قارىلىق تۇتۇۋاتىدۇ... ھازىر ئۇنى ‹مۇڭ دەرۋىش› دەپ
ئاتىشىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كېلىش بىلەن، گۈلزىبا ئېرىنىڭ
ساقاللىرىنى سىيلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە خىجالەت ئىلكىدە قارىدى.

— ھېكمەت، مەن سىزگە تاماق ئېلىپ كەلگەن، — ئېغىرلىشىپ
قالغان گۈلزىبا تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، سومكىدىن داستىخانغا ئورالغان
تۈگۈچنى ئالدى، — سىز گۆشنانغا بەك ئامراق ئىدىڭىز...

— قۇربان ھاكىم كەلگەندە بىللە يەيلى، مەن سىزگە چاي دەملەپ
بېرەي، يولدا چاڭقىغانسىز...

ھېكمەت بىردەمدىلا چاي دەملەپ ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ئۇ
گۈلزىبانىڭ ئايىقىنى سالدۇرۇپ، ياستۇقنى تامغا تىكلىدى - دە، ئۇنى
يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۆزى بولسا، كارىۋات ئايىقىدا ئۇنىڭغا قاراپ
ئولتۇردى. گۈلزىبا گەرچە جۈدەپ، يۈزلىرىگە داغلار چۈشكەن بولسىمۇ،
قارلىغاچ قانىتىدەك ئەگمە قاشلىرى، چوڭ كۆزلىرى، قېلىن
كىرپىكلىرى گويا ئاق قەغەزگە تۆكۈلگەن قارا سىياھتەك ئاقارغان چىرايىغا
ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇشىدىن خىجىل
بولدى بولغاي، چۈمپەردىدەك كىرپىكلىرى لەپپىدە چۈشۈپ، ھايا ئىلكىدە
يانغان كۆز قارىچۇقلىرىنى يوشۇرۇۋالدى. بىراق، كۆڭۈل ئەينىكىدە ئۇنى
كۆرۈپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئوماق لەۋلىرىنى نېمىدۇر
غىدىقلىغاندەك بولدى - دە، كۆزىنى ئاچتى. ھېكمەت ئېڭىشىپ ئۇنى
سۆيۈشكە تەمشىلىۋاتاتتى.

— ئۇنداق قىلماڭ، ھاكىم كىرىپ قالىدۇ، — دېدى گۈلزىبا
ئىشىككە قاراپ، — بۈگۈن شوخلۇق قىلىشقا بولمايدۇ...

— گۈلزىبا، كۆپرەك گەپ قىلىڭچۇ، — دېدى ھېكمەت بېشىنى
كۆتۈرۈپ، — سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىمىغىلى بىر ئەسىر بولغاندەك
بىلىنىۋاتىدۇ...

گۈلزىبا ئويلىدى. ئۇ نېمە دېسۇن؟ كېرىموف، جامال توختى، گۈلشەن، گۈلرۇزلارنىڭ رەسۋا بولغىنىنى دەپ بەرسۇنمۇ؟ ياق! ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ئۆزى نومۇس! . . . كېرىموف پارتىيىلىكتىن ئايرىلىپ، هازىر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ دۇكىنىدا ئۇن سېتىشۋاتىدۇ. جامال توختى پەيچۇسونىڭ باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، دەرۋازا قاراۋۇلى بولۇپ قالدى. گۈلشەنگە ئاگاهلاندۇرۇش ۋە چوڭ گۇناهدىن بىرنى يېزىش جازاسى بېرىلدى. گۈلرۇزغا چوڭ گۇناھ يېزىش شۇنداقلا مائاشىدىن بىر دەرىجە چۈشۈرۈش چارىسى كۆرۈلدى. پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان گۈلرۇز چوڭ گۇناهنى ئويلاپمۇ قويمىدى، ئەمما مائاشىنىڭ بىر دەرىجە قالدۇرۇلۇشى ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى سۇغۇرۇپ ئوتقا تاشلىغاندەك بىلىندى. گۈلرۇز بىلەن كېرىموف: «خەپ، بىر كۈنى ئۆچۈمنى ئالمىسام! » دەپ يۈرگۈدەك. ئانىسى بۇمەرەمخان گۈلزىبانى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم كېلىپ، قۇرۇق قايتىپ كەتتى. ئۇ، تۇغۇتتىن كېيىن بىر ئادەم قارىمىسا، «ئالىلاپ» كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قورقىتىپمۇ باقتى. لېكىن گۈلزىبا ئۇ ئۆيىنىڭ بوسۇغۇسىغا دەسسىمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىمىدى. قۇرۇم كۆلى ۋەقەسىدىن كېيىن، نەبى لاخشىگىر بىلەن گۈلرۇزنىڭ قاپىقىنى يېرىۋەتتى، قان توختىماي، دوختۇرخانىدا بەش يىپ تىكىپ، قاننى ئاران توختىتىشۋالدى. شۇ چاغدا، قايىت ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ گۈلرۇزنىڭ بىر يېرىنى مېيىپ قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭدىن بېرى، گۈلرۇز نەبىدىن چۆچۈيدىغان بولۇپ قالدى. ئون تۆت ياشنى تۇگىتىش ئالدىدا تۇرغان بۇ بالا هازىر ئاق - قارىنى پەرق ئېتىپ قالغان، گۈلرۇز، قايىتلارغا نىسبەتەن كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك تۇغۇلغانىدى.

— تۇۋا! — دېدى گۈلزىبا ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ، — بۇ ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى، قانچىلىك كۆپ ئىشلار بولۇپ كەتتى - هە؟ . . . زۇمرەت تېخىچە ئېسىگە كېلەلمەيۋاتىدۇ. خالىق يەنە بوۋاي قەمبەر، ئامۇتلۇقلاردا پەيدا بولۇپ، نەفسىگە تەھدىت سېلىشۋاتقۇدەك، كامىل ئەلنامەدە، سىز بولسىڭىز بۇ يەردە. . .

— شۈكرى قىلايلى، بۇرۇنقىغا قارىغاندا ياخشىغۇ! — دېدى ھېكمەت تەسەللى بېرىپ، — ساق - سالامەت كۆز يورۇۋالسىڭىز. . . مەن سىزنى قەشقەر، ئۈرۈمچى، غۇلجىلارغا ئاپىرىپ، ئارام ئالدۇرۇپ كېلىمەن. . .

— شۇنداق كۇنلەرنىمۇ كۆرەرمۇ كىشى؟ — گۈلزىبا ھەسرەتلىنىك كۆلدى، بىراق ئۇ دەرھال گېپىنى يۆتكىۋەتتى، — ھېكمەت، غۇلجىدىن خەت كەلمىدىمۇ؟ ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىڭىز قانداق تۇرۇپتۇ؟

— بىر ئاينىڭ ئالدىدا ماھىگۇل سىڭلىمنىڭ خېتىنى ئالغاچ كەپتىكەن. دادام بىر قېتىم قاتتىق ئاغرىپ ساقىيىپتۇ. ئاپام ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەۋېتىپتۇ، — دېدى ھېكمەت چاي قۇيۇۋېتىپ، — قېنى، قىزىقراق ئىچىڭ! سىڭىللار بولسا ئىشلەپ، ئوقۇپ دېگەندەك. . . ئىش قىلىپ، ھەممىسى سالامەت ئىكەن. . .

— ئۇلار مېنى، ئائىلىمىزنى نېمە دەپ ئويلاپ قالغاندۇر؟ — گۈلزىبا خىجىللىق بىلەن يەرگە قارىدى، — ئاتا - ئانىڭىزنىمۇ كۆپ ئاۋارىچىلىقلارغا سېلىۋەتتۇق.

ئىككى يىل ئالدىدا، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا توي قىلىش مەسلىھەتىگە كەلگەندە، ھېكمەتنىڭ ئاتا - ئانىسى تويلۇق ئۈچۈن پەلتۇ، سارجا كۆڭلەك، ئاياغلارنى، ھەتتا يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ تاۋار تاشلىرىغىچە ئەۋەتكەنىدى. كېيىن، قايىت نۇرغۇن پۇل تەلەپ قىلدى. ئۇلار پۇلنىمۇ جايلاپ ئەۋەتتى. ھەتتا ئۆزلىرىمۇ كەلمەكچى بولۇشتى. بىراق ماھىگۇلنىڭ ۋەقەسى، شىۋجېڭجۈيىغا قارشى ھەرىكەتلەر تۇپەيلىدىن، توي ئىشىمۇ سوغا چىلاشتى. ئوغلىنىڭ قانداقتۇر پالاكەتكە دۇچار بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقان ئاتا - ئانا ئاخىرى ئۇنىڭ خىزمىتىنى يۆتكەش قارارىغا كەلدى. لېكىن، ھېكمەت گۈلزىبانى دەپلا يۆتكىلىش رەسمىيەت قەغىزىنى بىكار قىلدى. مۇرات قۇرۇم كۆلدە يەرلەرگە مۈشتلاپ، ئوتلارنى يۇلۇپ: «سەن نېمىشقىمۇ يۇرتۇڭغا كەتمىگەن بولغىيتتىڭ؟ ئاتا - ئاناڭنى تاشلاپ، بۇ يەردە نېمە خۇۋلۇق كۆردۇڭ؟ ئۇلار سېنىڭ بالاڭنى ئۆلتۈرمەكچى. . .» دەپ زار - زار نالە قىلغاندا، گۈلزىبا خۇددى ئوتتىكى جىگەردەك ئازابلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتقا بېرىلىپ قىلىپ قويغان ئىشىغا پۇشايمان قىلدى.

كېيىن كامىل، نەفسە، ماھىگۈللەرمۇ مۇشۇ سۆزنى تەكرارلاپ ئۇنى ئەيىبلەشتى. ھەتتا ماھىگۈل: «جېنىم ئاچا، سىز ئەمەس مەن ھېكمەت ئاكامنىڭ ئالدىدا نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولۇۋاتىمەن...» دېدى. ئۇ چاغدا، گۈلزىبانىڭ كېرىموف، گۈلرۇز، قايىتلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى، نەپرىتى، قىساس ئوتى يۈرىكىنى قامالاپ، ۋىجدانى ئۇنى قۇرۇم كۆلىگە باشلاپ ئاپارغانىدى. ھېكمەتكە يۈز كېلەلمەسلىكتەك نومۇس ئۇنى يەڭگەنىدى! شۇڭا ئېرىگە بولغان سادىقلىقى، پاكلىقى، ئىخلاسى بىلەن بۇ دۇنيادىن كېتىشنىلا ئويلىغان. بۇ چىن سۆيگۈنىڭ بۇيرۇقى، خىتابى، ئىسيانى ئىدى. ئۇ مۇشۇ يولدىن باشقىنى تەرك ئېتەتتى. چىن سۆيگۈ قەسىمىگە ۋاپا قىلىش يولىدا، گۈلزىبانىڭ كۆزىگە ئاتا - ئانا، ھايات كۆرۈنمىدى... ئۇ ھەممە - ھەممىنى ئۇنتۇدى. تەرىقەت ۋە شەرىئەتمۇ ئۇنىڭ نەزەرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندى. بۇ ئەلۋەتتە قەدىرلەشكە تېگىشلىك خىسلەت ئىدى. ئەمما، قورساقتىكى غۇبارسىز نارەسىدىنىڭ ئەرزى - دادىنى ئاللا مەقبۇل ئەتتىمۇ، گۈلزىبانى ئەجەل قويىنىدىن تارتىۋالدى.

— ھېكمەت، مېنىڭ... — دېدى گۈلزىبا كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، — قۇرۇم كۆلىدىكى ھاماقەتلىكلىرىمنى كەچۈرەمسىز؟...

— بەزىدە ھېس - تۇيغۇلار، ئەقىل - ئېدرەك ئۈستىدىن غالىپ كېلىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ... — دېدى ھېكمەت خىيال بىلەن، — ئەگەر ئىنسان ئەقلىنى ھېسسىياتقا يەم قىلىپ بەرمىسىلا، بۇ دۇنيادىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ. ئۆلۈۋېلىش ياخشى چارە ئەمەس، خۇددى مۇرات ئېيتقاندەك، دوستلارنى يىغلىتىسىز، دۈشمەننى كۈلدۈرىسىز خالاس... ھاياتتا يېڭىش - يېڭىلىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ... يىقىلىپ، يەر چىشلەپ قالغان ھالەتتىمۇ، سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىز دۈشمەنگە تەھدىت!... دوستلارغا مەدەت... قانداق دېدىم گۈلۈم؟

— كەچۈرۈڭ، مەن پەقەت...

— توغرا، سىز مۇھەببىتىڭىزگە سادىقلىقىڭىز بىلەن كەتمەكچى.

بۇنى ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك، — ھېكمەت گۈلزىبانىڭ قوللىرىنى تۇتتى، — مەن سىزنىڭ ۋاپادارلىقىڭىزنى قەدىرلەيمەن. . . لېكىن دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان پەرزەنتىمىزنىڭ ئوت ـ پىراقى يۈرىكىمدە ئۆچمەس داغ بولۇپ قېلىشىنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟ بۇ داغ ئەگەر جاراھەتكە ئايلانسا، ناھايىتى دەھشەتلىك بولغان بولاتتى! . . .

— ھېكمەت! . . . — گۈلزىبا ئېرىنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىدى، — ئۇ . . . ئۇ. . . مېنىڭمۇ بالام تۇرسا. . . ئۇ — مۇھەببىتىمىزنىڭ مېۋىسى، يۈرىكىمىزنىڭ پارىسى ئەمەسمۇ؟ . . . مەن. . . بۇنى نېمىشقا ئويلىمىغانىدىمەن؟ . . .

— گۈلۈم، توغرا، بىز كۆپ دىشۋارچىلىقلارنى تارتتۇق. . . بىراق، يېڭىلمىدۇق. . . قاراڭ، — ھېكمەت گۈلزىبانىڭ دومبىيىپ تۇرغان قورسىقىغا سۆيدى، — بۇ بار ئەمەسمۇ؟ . . . بالىمىز — بىزنىڭ غەلىبىمىز! . . .

گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ مەنتىقە ۋە پەزىلەت زەرلىرى بىلەن نۇرلانغان سۆزلىرىدىن بەھرە ئېلىپ، قەلب باغلىرىنى يورۇتۇۋاتقان بىر پەيتتە، قۇربان ھاكىم ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇ خوشلۇقىدىن گۈلزىبادىن قايتا ـ قايتا ھال سورىدى ۋە بىرنەچچە ئېغىز چاقچاقمۇ قىلىپ قويدى. بۇ چاغدا ھېكمەت ھاكىمنىڭ كىرسىن ئوچىقىنى ياندۇرۇپ، چۆگۈننى قويۇپ قويدى.

— ھېكمەت، ئاشخانىغا بارامدۇق ياكى تاماقنى ئېلىپ كېلەمدۇق؟ — دېدى ھاكىم قول ـ يۈزلىرىنى يۇيۇۋېتىپ، — ۋاي، ۋاي، قورساق ئەجەپ ئاچتا بۈگۈن. . .

— قۇربانكا، گۈلزىبا گۆشنان سېلىپ ئېلىپ كەپتىكەن، — دېدى ھېكمەت چۆگۈنگە چاي سېلىۋېتىپ، — چۈشلۈك تاماقنى مەشەدىلا يېسەك قانداق دەيسىز؟ . . .

— گۆشنانمىكەن؟ . . . — ھاكىم كۆزلىرىنى چەكچەيتتى، — ئۇنداق بولسا، ئاشخانىغا بېرىپ نېمە قىلىمىز؟ . . . كېلىن ئاغىچىمىزنىڭ تامىقىنى يېمەي. . .

گۈلزىبا ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى قۇربان ھاكىم زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇ ھېكمەت بىلەن چاينى دەملەپ، چىنىلەرنى ئېلىپ كەلدى. گۆشناننى كېسىپ پارچىلىدى. گۆشنان راسا ئوخشىغانىدى. ھاكىم ئىشتىھا بىلەن يېدى ۋە گۈلزىبانىڭ تاماققا ئۇستا ئىكەنلىكىنى ماختىدى. تاماقتىن كېيىن، بىرەر سائەتتەك پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ھاكىم مەكتەپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىزمىتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى سورىدى. ئەمما گۈلزىبانىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ھەققىدە پەقەتلا ئېغىز ئاچمىدى. ۋاقىت توشۇپ قالدى. ئۇ چاپىنىنى كىيىش ئۈچۈن ئۆز ياتىقىغا كىرىپ كېتىپ، ھايال بولمايلا چىقتى ۋە گۈلزىبانىڭ قونۇپ قېلىپ ئەته قايتىشىنى، بۈگۈن سۇ ئامبىرىنى ئايلىنىپ كۆرۈشنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇزىتىپ چىققان ھېكمەتكە گۈلزىبانى توي خېتى ئېلىشقا ماقۇل كەلتۈرۈشنى جېكىلەپ كېتىپ قالدى.

ھېكمەت ئۈستەلدىكى چىنە - قاچا، داستىخانلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، گۈلزىبانىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ غەنىيمەت ۋىسال ئىدى. ئۇلارنىڭ ماھىنۇرنىڭ تويىدا ئۇچراشقىنىغا تۆت ئاي بولاي دەپ قالغانىدى. بىراق، ھېكمەت ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قارا چايشاپقا ئورالغان سىماسىنى كۆرۈپ، رۇخسارىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولمىدى. شۇڭا ئۇ ئايالىغا تويماي - تويماي قارايتتى. سۆزلىرى تۈگىمەيتتى. گۈلزىبامۇ بۇ چۈشۈم ئەمەستۇر؟ دېگەندەك ئېرىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن چاچ - ساقاللىرىنى سىيلاپ، كۆكسىگە باساتتى. گۈلزىبا ئاخىرقى سوت ئېچىلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، سوت باشلىقى بىلەن قايتا كۆرۈشكەنىدى. ئۇ دېلونى كۆرۈپ بېقىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن سوت باشلىقى دېلو خالتىسىنى ئۇنىڭغا بەردى. گۈلزىبا كېزىموفنىڭ ئىقرارنامىسىنى ۋە ئۇنىڭغا چاپلانغان دوختۇرنىڭ بۇرۇنقى دىئاگنوز قەغەزلىرىنى كۆردى ۋە كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. بولۇپمۇ توي كېچىسىدىكى جەريان يېزىلغان خاتىرە ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بەكمۇ سەسكەندۈرۈۋەتتى. بۇ كۈنلەردە، مۇرات ھەركۈنى دېگۈدەك دوختۇرخانىدىن كېلىپ، ئۇنىڭغا

نەسىھەت قىلاتتى. ھەرخىل تەمسىل، ماقالىلەرنى ئېيتىپ، تۇرمۇش پاجىئەلىرىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭغا مەدەت ۋە ئىلھام بېرەتتى. كامىل، مۇراتلار سۇ ئامبىرىدىن قايتىپ كېلىپ، ھېكمەتنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ ھېكمەت بىلەن كۆرۈشۈش قارارىغا كەلگەنىدى، ئەمما ئۇن نەچچە كۈن ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

— گۈلزىبا، نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ — دېدى ھېكمەت ئايالىنىڭ ئېڭىكىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، — جىمىپلا كەتتىڭىزغۇ؟ ...

— مەن بىراۋلارنى يىتتۈرۈپ قويغاندىم... ئۇنى يەنە تېپىۋالدىم...

— بۇ گەپنى مەن دېسەم بولىدۇ... — ھېكمەت ئايالىنى قۇچاقلىدى، — مەن يىتكەن بەختىم ئۈچۈن قارىلىق تۇتقاندىم، قاراڭ قېرىپ كەتكىنىمنى...

— سىز ئۇتتۇرا ياشلارغا كىرگەندە، ساقال - بۇرۇت قويسىڭىز بولغۇدەك... بەك يارىشىدىكەن...

— ھازىر بولمامدىكەن؟

— بولمايدۇ... ئەمدى يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن تۇرسىڭىز...

— سىز راس گەپنى قىلمىدىڭىز...

— قانداق دەيسىز؟

— قالغىنىنى، — ھېكمەت مەنىلىك كۈلدى، — ئۆزىڭىز تېپىۋېلىڭ...

— قېلىن، — گۈلزىبا قىزىرىپ كەتتى، — سىزنىڭمۇ مۇراتتەك ئاغزىڭىز ئەسكىلىشىپ كېتىپتۇ...

ئۇلار يەنە بىردەم چېقىشىپ - كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، سۇ ئامبىرىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن، سىرتقا چىقىشتى. كۈز قۇياشى يېڭىئېرىق كەنتىنىڭ ئالتۇندەك ساپسېرىق تاۋلىنىپ تۇرغان باغلىرىغا قىيسايغان بولۇپ، ئاجىز تەپتى بىلەن ئەتراپنى ئىللىتىپ تۇراتتى. كەنتلىرىگە قايتالمىغان ئازغىنە دېھقانلار بەلگىلەنگەن چاملىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىراپ ئىشلەۋاتاتتى. ھېكمەت گۈلزىبانى ئېگىز - پەس يەرلەردە قولتۇقلاپ، يۆلەپ ماڭاتتى. ئۇ تۇسمىغا كەلگەندە، گۈلزىبانى دەس كۆتۈرۈۋالدى. يىراقتىكى قارىشىپ تۇرغان دېھقانلاردىن

نومۇس قىلغان گۈلزىبا يالۋۇرۇپ باققان بولسىمۇ، ھېكمەت زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇلار تاش تىزىلغان توسما يامزىلىدىن پەسلەپ، سۇ ياقىلاپ يۇقىرىلاپ مېڭىشتى. گۈلزىبا جىمىرلاپ تۇرغان كۆپكۆك سۇغا، يىراق قاسناقلاردىكى بېلىقچىلار قولۋاقلىرىغا، ئۇنىڭدىنمۇ نېرىدىكى ئىگەرسىمان دۆڭلۈكلەرگە، قولتۇق ئاراللاردىكى سارغايغان قومۇشلۇق، يېكەنلىكلەرگە تويماي قارايتتى. ئۇلار گۈلزىبانى مۇبارەكلەۋاتقاندەك ئاستا يەلپۈنۈپ سالام بېرىشەتتى. بۇ سۈرەتتەك تەبىئىي مەنزىرە، سۆيگەن ئېرى بىلەن بىللە بولۇش ئۇنىڭ بەھرىنى ئېچىپ، قەلبىنى گۈزەللىك زوقلىرىغا تولدۇرماقتا ئىدى. گۈلزىبانىڭ پات - پات بېلىنى تۇتۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھېكمەت ئۇنى سۇ سىيلىق تاشلارغا شالاپلاپ ئۇرۇلۇۋاتقان قىرغاققا ئولتۇرغۇزدى. بۇ يەر ھېكمەت ھاياجان شادلىقىغا چۆمۈپ، خاتىرە يازغان ھەم شۇم خەۋەر ئاڭلىغان جاي ئىدى. ئۇ بۇ جايغا خاتىرىسىنى ئىزدەپ بىر قېتىم كەلگەن بولسىمۇ تاپالمىغانىدى. ئۇ ئەتراپىغا، تاش قىسىللىرىغا يەنە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

— نېمىگە قاراۋاتىسىز؟ — دېدى گۈلزىبا سىنچى كۆزلىرىنى تىكىپ، — بۇ يەردە بىر نېمىڭىزنى يوقىتىپ قويغانمىدىڭىز؟

— سىز قانداق بىلىسىز؟

— ئۇ خاتىرە مەندە! — گۈلزىبا ئەلەملىك كۈلدى، — سىز ئۇنى بۇ يەرگە تاشلىۋېتىپ كەتكەندە، ماھىگۈل ئېلىپ سومكىسىغا سېلىپ قويغانىكەن، مەن ساقلاپ قويدۇم...

— مەن تېخى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ يۈرۈپتىمەن.

— مەڭ، بۇنى مېنى كۆرگەن كۆزدە ساقلاڭ، — گۈلزىبا ئاپئاق ھىلپىرلەپ تۇرغان قولياغلىقنى ھېكمەتكە ئۇزاتتى، — يەنە بۇنىمۇ يىتتۇرۇۋەتمەڭ...

ھېكمەت قولياغلىقنىڭ بىر ئۇچىغا يىپەك يىپ بىلەن ئىشلەنگەن قوش ئالمىنى كۆرۈپ ھەۋەس بىلەن قارىدى. بۇ ئالمىلار بىر قارىماققا يوپۇرماققا ئورالغان يۈرەككىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى ۋە ھەر ئىككىلىسىنى ئوقيا ئوقى تېشىپ ئۆتكەنىدى!... ئۇنىڭ ئاستىدا «12.9.61» دەپ يېزىلغان

بولۇپ، بۇ ھېكمەت ھەم گۈلزىبانىڭ تۇنجى قېتىم ئاۋغان كوچىسى دوقمۇشىدا ئۇچرىشىپ، ئىختىيارسىز بىر - بىرىگە تىكىلىپ قالغان يىل، ئاي، كۈنلەر ئىدى. گۈلزىبا قۇرۇم كۆلىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ساياھەتتىن كېيىن مۇشۇنداق ياغلىقتىن بىرنى ھېكمەتكە سوۋغا قىلغانىدى. ئۇنىڭدىمۇ ئاشۇنداق ئىشلەنگەن سۈرەت بولۇپ، ئاستىدا «قۇرۇم كۆلى خاتىرىسى» دەپ يېزىلىپ، يىل، ئاي، كۈن سېلىنغانىدى. ھېكمەت ئۇنى كۆڭلىكىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن ئايرىمايتتى ۋە پات - پاتلا ئېلىپ پۇراپ قوياتتى. بۇلتۇر، ماھىگۈل ھېكمەتنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ كەتكەندە، ئۇ ياغلىق كۆڭلەك يانچۇقىدا ئۇنتۇلۇپ كېتىپ قالغانىدى. بىراق يەكشەنبە كەچتە كىيىملىرىنى ئېلىپ كەلگەندە، قولياغلىق ھېچيەردىن تېپىلمىدى. ماھىگۈل دەرھاللا گۈلرۇزدىن گۇمان قىلدى.

— ئۇ چاغدا سەۋەنلىك ئۆزۈمدە، — دېدى ھېكمەت خىجىللىق بىلەن، — كىيىمىمنى ئالماشتۇرۇپ ئالدىراپلا دەرسكە كىرىپ كېتىپتىمەن... ماھىگۈلمۇ يانچۇقىغا قارىماي ئېلىپ كېتىپتۇ... ئەمدى بۇنى ھاياتىمدىنمۇ ئارتۇق قەدىرلەپ ساقلايمەن...

گۈلزىبانىڭ بىردىنلا يۈرىكى مۇجۇلۇپ، مۇلايىم چېھرىنى دەردلىك بىر تۇمان ئۆز ئىلكىگە ئالدى. «ھاياتىمدىنمۇ ئارتۇق قەدىرلەپ ساقلايمەن» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغىنىدا، ھېكمەتنىڭ خاتىرىسىدىكى: «ئۇ مېنىڭ گۈلۈم!... ئۇ مېنىڭ زىبارىم!...» دېگەن خىتابلار قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى... ھېكمەت داغسىز بىر گۆھەر، ئەنقا سۈتىدەك تېپىلغۇسىز تۇتىيا يىگىت!... بىلىم ۋە سۆيگۈگە مېھرى ئاتەش گۈلخان!... ئادەملەرگە بولغان مۇھەببىتى گويا بىر دەريا!... ھەممە، ھەممىنى ياخشى كۆرىدۇ... بىراق ئادەملەر ئۇنىڭغا ئادىل مۇئامىلە قىلمىدى... ئۇنى خورلىدى!... ئۇنىڭ قولى ھىممەت بىلەن ئېچىلغانسېرى، قاباھەت مەلئۇنلارنىڭ زەھەرلىك تىرناقلىرى يۈرىكىنى شۇنچە قاماللىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، دانىشمەنلەرنىڭ: «قاتتىقلىق قىلىدىغان يەردە سۈلھى قىلساڭ، دۈشمىنىڭنىڭ ئۈمىدىنى ئاشۇرىسەن»

دېگىنى ھەق سۆز ئىكەن. قايىت، گۆلروز، بۇمەرەمخانىلار ئۇنىڭدىن شاپائەت كۆرگەنىدى، ئۇنى تېخىمۇ شورىغۇسى كەلدى. . . گۇلزىبا بۇلارنى ئويلىغىنىدا، ئۇن ئۆلۈپ بىر تىرىلەتتى. . . بۇ ۋاپاسىز دۇنيانىڭ قائىدىسى ياخشىلار ياخشىلىقى بىلەن خار، يامانلار يامانلىقى بىلەن غالىب ئوخشايدۇ. . . بۇ دۇنيادا گۇلزىبانى ھېكمەتتەك چۈشەنگەن، قەدرىگە يەتكەن، ئېزىزلىگەن يەنە بىر ئىنسان بارمىدۇر؟ ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى: «گۇلزىبانىڭ ئۇرغان ئاھلىرى، چەككەن پىغانلىرى، خورلۇقلىرى ئىلى دەريا سۇلىرىدا ئېقىپ كېتىدۇ. . . ئۇزۇن يوللار چاڭ - توزانلىرىغا قېتىلىپ، يىراقلاردا قالىدۇ. . . گۇلزىبا بۇ دۇنياغا كېلىپ نېمە خوشلۇق كۆردى؟ كىچىككىنە ھاياتى يوپۇرماق ئۈستىدىكى شەبنەمدەك تىترەپلا ئۆتتى! . . .» دېگەن ئەلەملىك سەھىپىلەر، «ئاھ گۇلزىبا، ئېدىرلاردا ئۈسكەن تەنھا گۇل! . . . سېنى كەچكۈزنىڭ سوغ شامالىلىرى قامچىلاپ ئۆتسە، باھارنىڭ جۇدۇنلىرى ياپراقلىرىڭنى تۆكتى! . . . سەن دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان كېپىنەك بالىسى ئىدىڭ. يىرتقۇچلارنىڭ تىرناقلىرىدا يۇمران بەدەنلىرىڭ تىتىلدى. . . مەدەت ۋە شاپائەت تىلەپ، كۆكلەرگە بويۇن قىسىپ باقتىڭ، لېكىن قىسمەت ساڭا ھىممەت قولىنى سوزمىدى! . . . » دېگەن قان - ياشلار بىلەن يېزىلغان پىغانلىق نىدالار گۇلزىبانىڭ يۈرەك - باغرىنى پارە - پارە قىلىۋەتتى.

ئەي جەنۇبنىڭ ناتىۋان تەنھا گۇلى، سەن جەننەتنىڭ ئابىھاياتىدىن ئاپىرىدە بولغان پاكلىق پەرىشتىسى! . . . ھۆرلەر - غۇلمانلار غۇبارسىز يۈرەكلىرىنى ساڭا ئاتا قىلغان. . . شۇڭا، سەن شۇنچىلىك ئىززىتىراپقا چۈشۈپ، ئۆز - ئۆزۈڭنى بىدار قىلىسەن. . . پېقىر ساڭا شۇنداق دەپ نەسىھەت قىلىدۇكى، ئاشىقلىق ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. . .

— گۇلزىبا سىزگە نېمە بولدى، يىغلاۋاتسىزغۇ؟ — ھېكمەت ھەيران بولۇپ سورىدى، — بىھۇدە خىياللارنى كۆپ قىلماڭ. . . سىز دېگەن ئېغىر بوي. . . .

— ھېكمەت! . . . — گۇلزىبا ھېكمەتنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ ئۇن

سىلىپ يىغلىۋەتتى، — سىز خاتىرىڭىزدە «زىبانى باغرىمدىن ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ...» دەپ يېزىپتىكەنسىزغۇ... مېنى باغرىڭىزغا چىڭ تېڭىڭ... ھەرگىز قويۇۋەتمەڭ... ئەمدى ئۇلار بىزنى ئايرىۋەتمىسۇن!...

كۈن ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى تىمتاس گۇگۇم قاپلىغانىدى. تۇسما ئۈستىدە ئىشلەۋاتقانلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. پەقەت يىراق قىرغاقتا، بىلىقچىنىڭ قولۇقى بولسا كېرەك، تاش پەنەرنىڭ غۇۋا يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھېكمەت گۈلزىبانى چىڭ قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ چاچلىرىغا سۆيۈپ، يۈزلىرىنى سىيلايتتى... ئۇ چاپىنىنى سېلىپ گۈلزىباغا كىيگۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، ئاستا پىچىرلىدى:

— توي خېتىنى قاچان ئالىمىز؟...

— سىز قاچان دېسىڭىز، شۇ چاغدا بولسۇن.

— ئەتە بىللە كىرىپ ئالايلى...

— ئەتە يەكشەنبە تۇرسا؟...

— ئەمىسە ئۆگۈنلۈككە...

— ھېكمەت، — گۈلزىبا تىترەۋاتاتتى، — مەن بەك قورقۇۋاتىمەن... تۇغۇتۇمدا سىز يېنىمدا بولالامسىز؟...

— ئەخمەق، بۇنىمۇ سورامسىز؟ — دېدى ھېكمەت، — مەن قېشىڭىزدا بولىمەن... ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ... دوختۇر ۋاقتىڭىزنى دېمىدىمۇ؟

— يەنە ئىككى يېرىم ئايدەك ۋاقىت بار. بەلكىم بىرىنچى ئاينىڭ سەككىز - توققۇزىنچى كۈنلىرى بولسا كېرەك...

ئاي چىقتى. ئەتراپ بىردىنلا سۈتتەك يورۇپ، ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئېنىق بولمىغان ئىزنالىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. گۈلزىبا قىسقا - قىسقا يۆتەلمەكتە ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم يۆتەل قىستاش بىلەن، قولياغلىقىنى ئاغزىغا تۇتاتتى. ھېكمەت ئۇنى ياتاققا ئېلىپ كەتتى. قۇربان ھاكىم تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ گۈلزىبانىڭ تاتىرىپ قالغان چىرايىغا قاراپ، ئۇنىڭ چارچاپ قالغانلىقىنى سەزدى - دە، دەرھال ياتقۇزۇپ قويۇشنى ئېيتتى. ھېكمەت كارىۋىتىغا ئورۇن سېلىپ، گۈلزىبانى يۆگەپ قويدى. ئۇ

هاكىمنىڭ مەن بىللەن بىللە يات دېگىنىگە رەھمەت ئېيتىپ ئۈنىمىدى، چۈنكى ئۇنى قىستاپ قويۇشى تۈرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا يەرگىلا بىر پارچە كىگىزنى قاتلاپ سېلىپ يېتىپ قالدى. ھېكمەت ھاكىم بىلەن توي خېتى توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئەتىگەنلىك ناشتىنى قىلىپلا، يولغا چىقماقچى بولدى.

شىبغىل توشۇغان هارۋىغا چىقىۋالغان گۈلزىبا بىلەن ھېكمەت ئەتىسى چۈشتە لاسكويغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردىن شەھەرگە ماشىنا ئارقىلىق كىرىپ كەتتى. ئۇلار ماشىنا بېكەتتىن ئاستا مېڭىپ، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، بىر كىمنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختاشتى. ئېزىز تارمۇش ئېشەك چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. هارۋىدا نازىلىئايمۇ بار ئىدى.

— ھاي، ھاي، ھېكمەت ئەپەندى، تاس قاپتىمەن سىلىنى تونىيالماي قالغىلى! — ئېزىز تارمۇش هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ھېكمەت بىلەن قول ئېلىشتى، نازىلىئايمۇ هارۋىدىن چۈشۈپ، گۈلزىبانى قۇچاقلاپ مەڭزىلىرىگە سۆيدى، — ئەگەر گۈلزىبا خانىمنى يانلىرىدا كۆرمىگەن بولسام، بىرەر دەرۋىش ئوخشايدۇ دەپ قالىدىغان چېغىمىبا. . .

— ھە، بۇ ياقتىن كېلىۋاتىسىلەرغۇ؟ — سورىدى ھېكمەت.

— زۇمرەتنى يوقلاپ كېلىشىمىز.

— زۇمرەت قانداقراق بولۇپ قاپتۇ؟ . . .

— ئاپئاق بولدۇرۇق ماتىدەك سەمرىپ، بۇرۇنقى ئەسلىگە كېلىپ قاپتۇ، — دېدى نازىلىئاي گەپ قىستۇرۇپ، — بىراق ئادەملەرنى ئېسىگە ئالالمايدىكەن. . .

— ھەر ھالدا ياخشى، — دېدى ئېزىز تارمۇش، — مۇرات ئەپەندىنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ، بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدىكەن. . . دوختۇرلار پات - ئاردا ئەسلىگە كېلىدۇ دەۋاتقۇدەك. . .

— ئوبدان بوپتۇ، — دېدى ھېكمەت، — گۈلزىبا ئىككىمىز شۇ ئامبىرىدىن هازىرلا كېلىشىمىز. . . ئەتە ئۇلارنى يوقلايمىز. . .

ھېكمەت ساقاللىرىنى سىيلاپ قويدى. ئېزىز تارمۇشمۇ ئۇنىڭ

قىياپىتىگە قاراپ كۈلۈۋەتتى. ئۇ يىغىشتۇرۇلغان سۇ ئامبىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى سوراپ، بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. ھېكمەت ساتىراشخانىغا بارماقچى ئىدى. گۈلزىبا ياتىقىدا تاماق ئېتىپ، ئۇنى ساقلىماقچى بولدى، ئۇلار گۈلباغدا ئايرىلىشتى.

ھېكمەت چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، مۇنچىغا چۈشۈپ، كوچىغا چىققاندا، كەچلىك ئىشتىن چۈشۈدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر رەستىلەردىن كۆكتات، يەل - يېمىشلەرنى ئېلىپ، ۋېلىسىپىتلىرىدە ئالدىرىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىۋاتاتتى. ۋالىي مەھكىمىسى كوچىسىدىكى قۇچاق يەتكۈسىز چوڭ تېرەكلەرنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ياش شاخلاردىكى ئازغىنا سېرىق ياپراقلار شىرتىلداپ چۈشۈۋاتاتتى. يوللار ئوڭتەي - توڭتەي ئاغدۇرۇلۇپ، تاش، شېغىللار دۆۋىلەنگەنىدى. خوتەن شەھەر ئىچىنىڭ رەستە يوللىرىنى ياساش، كېڭەيتىش باشلانغانىدى.

ھېكمەت ئىككىنچى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندە، گۈلزىبا ياتىقى ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ كىچىك چىراي بولۇپ قالغان ھېكمەتكە قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ جۇدەپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. گۈلزىبا قورۇمىنى قورۇپ، خېمىرنى پىلتە قىلىپ قويغانىدى. ئۇلار قول - قولچە بىردەمدىلا تاماقنى تەييار قىلدى.

— بەك كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ؟ — دېدى گۈلزىبا بىر تەخسە لەگمەننى شىرەگە قويۇپ، — يولدا بىرەر تونۇشلىرىڭىز ئۇچراپ قالدىمۇ - يە؟

— ياق، شەھەر بەك ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ... بىردەم ئايلاندىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ساتىراشخانىدا ئادەم كۆپ ئىكەن، نۆۋەت ساقلاپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئەتە گۇڭشېغا خەت ئېلىش ئۈچۈن سائەت نەچچىدە بېرىش، زۇمرەتنى يوقلاپ كېلىش دېگەندەك ئىشلار توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن، ھېكمەت دوستلىرىنىڭ ئۆيىدە قونۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ مەكتەپ ئىچىدە گۈلزىبانى گەپكە قويۇشنى خالىمايتتى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئۇلارنىڭ نىكاھ قىلغان ئەر -خوتۇنلار ئىكەنلىكىنى بىلسمۇ، ئۇلار تېخى توي چىيى بەرمىگەندى. يەنە بىر تەرەپتىن، توي خېتى ئالمىغان دەپ گەپ تاپىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

ھېكمەت كوچىغا چىققاندىن كېيىن، نەگە بېرىشنى ئويلىدى. ئۇ خانىمزاتخان ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، كامىل يوق، بىر ئاز ئەپسىز بولاتتى. شۇڭا غازاخۇن ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئامانىللا چىقتى. ئۇ ئۆز ھۇجرىسىدا ئالگېبرا دەرسىدىن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن، چوڭ ئۆيگە كىردى. غازاخۇن ئاكا قوش ياستۇققا يۆلىنىپ، ژۇرنال كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن ھېكمەتكە قارىدى - دە، كۈلۈپ كەتتى.

— ھە، چوڭ ئوغلى، بۇ كېچىدە ئەجەپ ئىزىپ - تېزىپ كېلىپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ، — ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ ئۆتكەندىكىگە قارىغاندا، جۇدەپ قاپسەن، لېكىن تېتىك كۆرۈنىسەن.

— كەچ بولسىمۇ، ئۆزلىرىگە سالام بېرەي دەپ كەلدىم، — دېدى ھېكمەت، — ژۇرنال كۆرۈۋېتىپتىكەنلا، دەخلى قىلىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟...

— قويغىنا شۇ ژۇرناللىرىڭنى! قۇرۇپكەتكۇرلەر، — دېدى غازاخۇن ئاكا قولىدىكى ژۇرنالنى پاققىدە تاشلاپ، — ساۋات چىقىرىۋاتىمەن، بىلەمسەن، ساۋات! بۇرۇنلاردا: «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» دېگەندەك ژۇرناللارنى كۆرۈپ تۇراتتىم. مانا ئەمدى «يېڭى يېزىق» دېگەن بىر نەرسىنى چىقىرىۋىدى، ئاخىرىنى ھېجىلاپ ئوقۇپ بولغۇچە، بېشىنى ئۇنتۇپ قالىمەن. كونا زىيالىيلار ئۈچۈن بىر بالا بولدىغۇ بۇ يېزىق؟

— شۇ ئەمەسمۇ، ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈنمۇ بەك تەس بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ھېكمەت، — تېكىستلەرنى يېڭى يېزىق كىتابتىن كونا يېزىققا ئۆرۈپ يېزىۋېلىپ، ئاندىن دەرس تەييارلاۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار كۆپ.

— قانداق نېمىلەرنىڭ تاپقان كەشپىياتىكىنتاڭ؟... ئۇلارنىڭ بىر كېچىدىلا جۆيلۈپ قويۇپ، قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان

يېزىقىمىزنى ئۆزگەرتكۈسى كېلىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان؟
— دادا، سەن شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، يېڭى يېزىقنى ماختاپ، كونا يېزىقنى تىللاپ ماقالە يېزىۋاتقانلارمۇ بار. . .
ئۇلار، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپلەرگىچە، ئىشچى ـ دېھقانلاردىن زىيالىيلارغىچە ساۋاتسىزلىق گىردابىغا دۇچ كېلىپ، گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب كۆرەلمەسلىكتەك مەدەنىيەتتە زور چېكىنىش پەيدا قىلغان يېڭى يېزىق ھەققىدە خېلى ۋاقىتلارغىچە سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتى.
ئاندىن، ئامانلىلا ھېكمەتنى ئۆز خانىسىغا باشلاپ چىقىپ كەتتى.
ھېكمەت ئەتىگەنلىك تامىقىنى غازاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىدە يېگەندىن كېيىن، ئالدىراپ ئىككىنچى مەكتەپكە باردى. گۈلزىبا ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئالدىراپ گۈگۈشى كاتىبات بۆلۈمىگە كەلدى. زەينەپخان كاتىپ ساختا توي خېتى كېسىشتەك خاتالىقى ئۈچۈن، پارتىيە تۇرمۇش يىغىنىدا ئۆزىنى تەكشۇرۇپ خېلىلا ياۋاشلاپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۇلارنى ناھايىتى ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى. ھېكمەت تونۇشتۇرۇش ئەكەلمىگەنلىكىنى ئېيتقانىدى، ئۇ: «يوقسۇ، يوقسۇ، ھاكىم بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا تاپشۇرۇپ قويغان» دېدى ـ دە، ھايال بولمايلا، ئۇلارغا توي خېتى كېسىپ بېرىپ، «مۇبارەك بولسۇن!» دېدى.
ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا توي خېتىنى ئېلىپ سىرتقا چىققاندا، ئاسمان زەڭگەر ياقۇتتەك شۇنچە سۈزۈك ھەم تىنىق ئىدى. كۈز قۇياشى بىردىنلا ئىللىپ قالغاندەك، باھار تەپتى بىلەن يەر ـ جاھاننى ئىسسىتىپ تۇراتتى. تالـلىرى كۆمۈلۈپ، گۈل ـ گىياھلىرى قۇرۇق قاقشالغا ئايلىنىپ، غېرىپسىنىپ قالغان گۈگۈشى بېغىمۇ ئۇلار ئۈچۈن بەكمۇ چىرايلىق ھەم مەنىلىك كۆرۈندى، كوچىدىكى ئادەملەرمۇ شۇنچە يېقىن، مېھرىبان بولۇپ قالغاندەك ئىدى. ھېكمەت مەيدە يانچۇقىنى پات ـ پات سىيلاپ قوياتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن جاھانغا ۋارقىرىغۇسى، «گۈلزىبا مېنىڭ ئايالىم!» دەپ جاكارلىغۇسى كېلەتتى. لېكىن گۈلزىبا يول بويى كۆزلىرىنى سۈرتۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار مەكتەپكە كىرگەندە، ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇتقۇچىلار دەرستە بولۇپ، سىنىپلاردىن ياڭراۋاتقان «ئىككى يەردە ئىككى — تۆت، ئىككى

يەردە ئۈچ — ئالتە» دەپ كەررە يادلاۋاتقان ئاۋازلار، ئوقۇتقۇچىنىڭ: «بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى، بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى» دېگەن دېكلاماتسىيە ئاۋازى گويا ناخشىدەك ئاڭلاندى.

ھېكمەت ياتاققا كىرگەن ھامان، گۈلزىبانى قۇچاقلىۋالدى. ئۇلار گەپ قىلمىغىنى بىلەن، ئىچلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك بەختلىك ئىكەنلىكلىرىنى ھېس قىلىشاتتى، بىر - بىرىنى تەبرىكلىشەتتى، كۆڭلىدە تەپەككۇر سۆھبىتى قىلاتتى. ئۇلار ئۆي ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغىچە بىر - بىرىگە تويماي قارىشىپ قالدى.

— گۈلزىبا، — ھېكمەت شىۋىرلىدى، — ئەمدى سىز پۈتۈن كائىنات ئېتىراپ قىلغان ئايالىم بولدىڭىز!...

— سىزمۇ... مېنىڭ بولدىڭىز!... گۈلزىبا ھاياجان بىلەن يەرگە قارىدى.

— ئەمدى بالىمىز ئۈچىمىز ھەرگىز ئايرىلمايمىز!...

— خۇدايىم تىلەكلىرىمىزگە يەتكۈزگەي!...

گۈلزىبا ئەتىگەنلىك دەرسىنى چۈشتىن كېيىنگە ئالماشتۇرغانىدى. شۇڭا ئۇلار زۇمرەتنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن، سومكىلىرىنى ئېلىپ مېڭىشتى. ھېكمەت گۈلزىبانى گۈلباغدا قالدۇرۇپ، ئۆزى قىزىق دەرۋازىدىن سامسا ئېلىپ كەلدى. يولدا ماڭغۇچە، ئۇلار توي چېيىنى قاچان بېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. ھېكمەت پات يېقىندا قىلىۋېتىشنى ئويلىغانىدى، گۈلزىبا بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئۇ: «سىز سۇ ئامبىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىلساق، خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق بولىدۇ...» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار ئاخىرى بالا تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، جامائەتكە چاي بېرىشكە كېلىشتى.

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا دوختۇرخانىغا كىرىپ، بالىنىست ئالدىغا كەلگەندە، ئۆي ئىچىدە مۇراتنىڭ بىر نەرسىنى ئۈنلۈك ئوقۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بىردەم توختىدى. مۇرات ياقۇپنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى ئوقۇۋاتاتتى. ھېكمەت ئىشىكنى چېكىشى بىلەن، ئۇ يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە دوستىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا ئۇنى قۇچاقلىغاچ ياتاققا ئېلىپ كىردى.

كارىۋات ئۈستىدە تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان زۇمرەت ئۇلارغا لەپپىدە قاراپ، خۇددى بىر يەردە كۆرگەندەك تىكىلىپ قالدى. ئاندىن ۋىلىققىدە بىر كۈلۈپ قويۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇ مۇراتنىڭ دادىسى تىكتۈرۈپ بەرگەن يېشىل بوبرۇك پەلتونى يېپىنچاقلىۋالغان بولۇپ، ئىچىدە بىمار كىيىمى بار ئىدى. زۇمرەت، نازىلىئاي دېگەندەك ئاپئاق تولۇپ سەمرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭ چېچى ئۆسۈپ گەدىنىنى بېسىپ تۇراتتى. ئېلىپتەك تۇز قاشلىرى، قايرىلما كىرپىكلىك چوڭ كۆزلىرى سۈت ئالمىدەك چىرايىغا قوشلاپ ھۆسن قوشقانىدى. گۈلزىبا ئۇنى قوچاقلاپ يېنىدا ئولتۇردى. زۇمرەت تۆت ـ بەش ئايدىن بېرى داۋاملىق كېلىۋاتقان دوستلارنى تونۇپ قالغانىدى. ئۇلار كەلگەن ھامان، ئۇ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ كۈلەتتى، ئۇلارنى قۇچاقلايتتى، بەزىدە قوللىرىنى تۇتۇۋېلىپ، قويۇپ بەرمەيتتى. مانا ھازىرمۇ ئۇ گۈلزىبانى سۆيۈپ، يۈزلىرىنى سىيلاپ يۈزىنى ـ يۈزىگە ياقتى.

— زۇمرەت، قاراڭا ئۇلار كىملەر؟ — دېدى مۇرات زۇمرەتكە ئېڭىشىپ، — ھېكمەت سىزنى يوقلاپ كەپتۇ... ھە، ئوبدان قاراڭ، ئۇ ھېكمەت!... سىزنى بوز يەردىن قايتۇرۇپ چىققان ھېكمەت ئەمەسمۇ؟...

— ھېكمەت؟... — زۇمرەت تېڭىرقاپ مۇراتنىڭ كۆزىگە قارىدى، — ھېكمەت؟... ھېكمەت... كېپىك!...

ھەممىسى چۆچۈپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى... بۇ بىر يېڭىلىق ئىدى. چۈنكى، زۇمرەت ھېكمەت سىزغان قوش كېپىك رەسىمىنى ئەسكە ئالالىغانىدى.

— ھەئە، ئاشۇ كېپىكنىڭ رەسىمىنى سىزغان ھېكمەت... گۈلزىبا ئىككىسى، — مۇرات ئىككى بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسەتتى، — توي قىلدى... قاراڭ، ئۇلارنىڭ ھازىر بالىسى بار...

— بالىسى؟ — زۇمرەت گۈلزىبانىڭ قورسىقىنى سىيلىدى ۋە تۇيۇقسىزلا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. مۇرات بىلەن ھېكمەت بىر ـ بىرىگە قاراپ باش لىڭشىتتى.

— ياقۇپكامنىڭ خېتىنى ھازىرمۇ ئوقۇپ بېرىۋاتامسەن؟ — دېدى

ھېكمەت كارۋات ئۈستىدىكى خەتكە قاراپ، — ئازراق تەسىرى بولدىمۇ؟
— ئوقۇپ بەرگەندە جىم ئاڭلايدۇ، بىزەر ئېغىز گەپ قىلمايدۇ، — دېدى مۇرات، — ئەمما كېچىسى ئۇخلاۋېتىپ، ساق ئادەمدەك جۆيلۈيدۇ...
— نېمە دەيدۇ؟
— «دادا، مېنى ئۇرماڭ...»، «مۇرات، دادا دەپ چاقىرىڭ...»، «خالىقنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتەيلى...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ... ئۆتكەندە، تېلىڭۋالدى دوختۇر خەتنى كۆرۈپ باقاي دەپ ئېلىۋىدى، زۇمرەت ئېتىلىپ كېلىپ خەتنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، مەيدىسىگە بېسىۋالدى... بۇ ھەرىكەتنى كۆرگەن تېلىڭۋالدى بەك خۇشال بولۇپ، ئۇ ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ، دېدى.
— مۇنداق دېگىن، ئۇ خەتنىڭ دادىسىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلالايدىكەن - دە!
— سەن ھازىر خەتنى ئېلىپ باققىنا، قانداق قىلىدىكەن؟ — دېدى مۇرات خەتنى ئىشارە قىلىپ.
ھېكمەت خەتنى قولىغا ئېلىۋىدى، گۈلزىبانى قۇچاقلاپ تۇرغان زۇمرەت شارتلا قىلىپ ئۇ خەتنى تارتىۋېلىپ، قولتۇقىغا يوشۇردى. بۇنىڭدىن ئۇلار بەكمۇ خۇشال بولۇشۇپ كېتىشتى. بۇ خۇشاللىققا يەنە بىر خۇشاللىق قېتىلدى. ھېكمەت تويى خېتىنى ئېلىپ، مۇراتقا كۆرسىتىۋىدى، ئۇ دوستىنى قايتىدىنلا قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى ۋە گۈلزىبا بىلەن ئىككىسىنى يېنىش - يېنىشلاپ مۇبارەكلىدى.
ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ يەنە بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. چۈشلۈك ئىشتىن چۈشۈدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار گۈلباغقا كەلگەندە، ئۇستىۋېشى ئۇن يۇقىندىلىرى بولۇپ كەتكەن كېرىموف ۋېلىسىپىتىنى غىچىرلىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ خېلى ئۇزاپ كەتكۈچە، ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىچى قارىلىق، ھەسەت، ئۆچمەنلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئەمىلىدىن، پارتىيىلىكىدىن، پۇلىدىن ئايرىلىپ، ئادەتتىكى ئۇن ساتقۇچى خادىم بولۇپ قېلىشتەك ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان كېرىموف

ھېكمەتكە قېنىقماس دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قارىماقتا ئىدى...

ھېكمەت گۈلزىبانى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، خوشلىشىپ ماشىنا بېكىتىگە كەتتى. ئۇ، شۇ كۈنى كېچىلەپ يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا يېتىپ كەلدى. ئەتىسى، ئۇنىڭ توي خېتى ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، قۇربان ھاكىمنىڭ كۆڭلى تىنغاندەك بولدى. چۈشتىن كېيىن، ئۇلار پوپايكىلىرىنى كىيىشىپ، بېلىق تۇتقىلى چىقتى. ھېكمەت ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ ھاكىمغا چاقچاق قىلاتتى، ھەرخىل يۇمۇرلارنى سۆزلەپ كۈلدۈرەتتى. ھاكىم تېخى ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدىلا، چاچ - ساقاللىرىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، دەرۋىشتەك سۆزلەپ قالغان ھېكمەتنىڭ بۈگۈنكى ساددا، سەممىمىي سۆزلىرىگە، خۇش خۇي چىرايىغا، پاكىزە، رەتلىك كىيىنگەن سىياقىغا قاراپ، خاتىرجەم ھاياتنىڭ نەقەدەر خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇلار بۈگۈن بېلىقنى كۆڭۈلدىكىدەك تۇتالمىغان بولسىمۇ، ناھايىتى خۇشال قايتىپ كېلىشتى. ئېلىپ كەلگەن بىرنەچچە تال بېلىقنى روزاخۇن ئۇستامغا بەردى. ئۇ دورا - دەرمانلار بىلەن پىشۇرۇپ ياتاققا ئەكىرىپ بەردى. ئىككىسى ئاز - ئازدىن ئىچىشىپ، مەززە قىلىشتى. ھېكمەت دۇتارنى ئېلىپ، ئىلى ناخشىلىرىغا چالدى. بەزى يەرلەرگە كەلگەندە، ھاكىم ئۆزىمۇ قوشۇلدى.

ھېكمەتنىڭ كۆڭلى ئەنە شۇنداق خۇشال ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ئائىلىسىگە خەت يازدى. خەتتە «ئۆزىنىڭ ساق - سالامەت خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى، گۈلزىباغا ئۆيلەنگەنلىكى، بىر بالىسى بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقى» دىن ئىبارەت خاتىرجەم ھاياتىنى بايان قىلدى. ئۇ خەتنى كونۋېرتقا سېلىش ئۈچۈن، كارىۋىتىنىڭ كىگىزىنى قايرىدى. چۈنكى بىر چاغدا، بىرنەچچە كونۋېرتنى ئالدىراپلا شۇ يەرگە قويۇپ قويغانلىقى ئېسىگە كەلگەنىدى. بىراق كىگىز ئاستىدا تۆت قاتلانغان قولياغلىق تۇراتتى. ئۇ گۈلزىبانىڭ ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ھېكمەت قولياغلىقنى ئېچىپلا، چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى قان داغلىرى قولياغلىقنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلاپ كەتكەنىدى.

ئەتىگەنلىك تاماقتا ھېكمەتنىڭ يەنە غەمگە پېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھاكىم ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى كوچىلاپ سورىدى. ھېكمەت قولياغلىقنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ، گۈلزىبانىڭ كېسەل ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ھاكىم بۇ ئىشتىن خېلىلا ئەندىكىپ قالدى. ئۇ ھېكمەتكە دەرھال شەھەرگە كىرىپ گۈلزىبانى دوختۇرغا كۆرسىتىشنى، ھەركۈنى قۇۋۋەتلىك تاماق بىلەن ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پۇل بېرىشنى جىكىلىدى.

— ئەگەر يېنىڭدا ئوشۇق پۇل بولمىسا، مەن بېرىپ تۇراي، — دېدى ھاكىم جىددىي تەلەپپۇزدا، — سەن بۈگۈنلا شەھەرگە كىرگىن.

— رەھمەت قۇربانكا، قايىت مىڭ يۈەن پۇل تەلەپ قىلغاندا، دادام ئەۋەتكەن بەشيۈز يۈەندەك پۇلنى ساقلاپ قويغانىدىم، — دېدى ھېكمەت ئىشەنچلىك ھالدا، — ھەم ئۆزۈمنىڭمۇ تويغا ئاتاپ تىجىگەن پۇلۇم بار.

— ئۇنداق بولسا ياخشى، مەن ساڭا دەپ قوياي، بۇنداق كېسەل قۇۋۋەتلىك يەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم ئۇزۇن مۇددەت داۋالانمىسا بولمايدۇ.

ھېكمەت شۇ كۈنى كەچلەپ شەھەرلىك ئىككىنچى باشلانغۇچ مەكتەپكە يېتىپ كەلدى. ياتاقتا گۈلزىبا ھەم ماھىگۈلمۇ بار ئىدى. گۈلزىبا ئېغىرلىشىپ قالغاندىن بېرى، بۇ كۆيۈمچان قىز دەرس تۈگىگەن ھامان بوستاندىن قايتىپ كېلىپ، ئاچىسىغا بىر كېچە ھەمراھ بولغاندىن كېيىن، ئەتىسى تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئون كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ، بوستانغا كېتەتتى.

— ھېكمەت! . . . — گۈلزىبا ئورنىدىن ئارانلا تۇردى، — شەھەرگە قاچان كېلىشىڭىز؟

— ھېكمەت ئاكا، — ماھىگۈل ھېكمەتكە ئېسىلىپ ئۆزى قىزىرىپ كەتتى، — سىزنى شۇنداق سېغىندىم.

ئاچچىقى بىلەن كىرگەن ھېكمەت ماھىگۈلنى كۆرگەندىن كېيىن، سەل ئۆزىنى بېسىۋالدى. لېكىن گۈلزىبا بەك ھاياجانلىنىپ تۇراتتى. بۇنى سېزىپ تۇرغان ئەقىللىق ماھىگۈل سىرتقا چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ھېكمەت ئۇنىمىدى.

— ماھىگۈل، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىز كەلگەن سەۋەبىمنى سىزمۇ ئاڭلاڭ، — دېدى ھېكمەت قاتتىقراق تەلەپپۇزدا، — چۈنكى سىز ئاچىڭىزغا كۈندە ھەمراھ بولۇۋېتىپسىز ئەمەسمۇ!

ھېكمەت گۈلزىبانىڭ قولياغلىقىنى ئېلىپ قايناپلا كەتتى. ئۇ قولياغلىقنى تېپىۋالغان كۈندىن تارتىپ گېلىدىن تاماق ئۆتمىگەنلىكى، قۇربان ھاكىممۇ ئەندىكىپ سىجىل داۋالىتىش، ياخشى ئوزۇقلىنىشنى تاپىلىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا سۆزلىدى. ھېكمەت نەچچە يىل قارا كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئەمدى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشكەندە، گۈلزىبانىڭ ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، باشقىلارنى ئويلىماي، كېسەلگە سەل قارىشىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنى ئېيتتى، سۆزلەۋېتىپ، كۆزلىرىدىن ياشمۇ چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئەتىدىن باشلاپ بالىنىستىتا ياتىسىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. گۈلزىبا مەۋسۇملۇق ئىمتىھاننىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىمىدى. ھېكمەت بۇ چاققىچە ھېچ كۆرۈلمىگەن ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان، تېنىڭىز ساق بولسا، ئۇنداق ئىمتىھانلاردىن كۆرمىگىنى ئالىسىز... قانداق دېگەن گەپ بۇ؟...

— ئاچا، ھېكمەت ئاكامنىڭ گېپىنى ئاڭلا، — دېدى ماھىگۈل يالۋۇرۇپ، — سالامەت بولساڭ، قىلمىغاننى قىلىۋالغىلى بولىدۇغۇ؟

— مەن بالىنىستىتا ياتمايمەن، — گۈلزىبا نېمىنىدۇر دېيەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى، — ھېچ بولمىسا ھازىرچە بولمايدۇ...

— دورىمۇ يېمەيسىز، شۇنداققۇ دەيمەن؟ — دېدى ھېكمەت جىلى بولۇپ.

— دورا يەۋاتىمەنغۇ؟...

گۈلزىبانىڭ كۆزلىرىدىن گۇمانلانغان ھېكمەت ئۇستەل تارتمىسىنى تارتىپ، ئۇنىڭدىكى بىرنەچچە قۇتا دورىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى قۇتىلار ئۆتكەن قېتىم كەلگەندە كۆرگىنىدىن ھېچ يېرىملاشمىغانىدى.

— سىز ئادەمنى نېمانداق تەتۈر قىينايسىز؟ — ھېكمەت ئورۇندۇققا لاسسىدە ئولتۇردى، — بالىنىستىمۇ ياتمىسىڭىز، دورىمۇ ئىچمىسىڭىز...

ئىچىگىزدە نېمە بارلىقىنى زادىلا ئۇقالمىدىم.

— جېنىم ئاچا، ھېكمەت ئاكامنى نېمانداق قىينايسەن؟ — ماھىگۈل گۈلزىبانىڭ مۈرىسىدىن سىلىكىدى، — مەنمۇ دېققەت قىلماپتىمەن. دورىلارنىمۇ يېمەپسەن... كۆڭلۈڭدىكىنى دېگىنە...

گۈلزىبا يەرگە قارىغىنىچە، مست قىلماي ئولتۇرۇۋالدى. ۋارقىراپ، ئاچچىقلاپ ھېچ ئامال قىلالمىغان ھېكمەت ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ئۇنىڭغا روبىرو يېقىن ئەپكەلدى ۋە ئۇنىڭ يۈزىنى ئاستا ئۆزىگە قاراتتى. ماھىگۈل كۆزلىرىنى قاياققىدۇر ئېلىپ قاچتى.

— گۈلزىبا، ئەتىلا دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتەيلى بولامدۇ؟ — ھېكمەتنىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى سىيلىق ئىدى، — مەنمۇ خاتىرجەم بولاي...

— سىز سۇ ئامبىرىغا كەتكەن كۈنىڭ ئەتىسىلا ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا تەكشۈرتكەن تۇرسام... بەرىبىر يەنە شۇ نەتىجە.

— قانداق نەتىجە؟ دوختۇرلار نېمە دېدى؟

— ئۇزۇن مۇددەت داۋالىنىشىم لازىملىقىنى ئېيتتى.

— ئەمىسە، نېمە ئۇچۇن داۋالانمايسىز؟

— ھازىرچە بولمايدۇ...

— نېمە ئۇچۇن؟

— بولمايدۇ دېدىم، بولمايدۇ...

— سەۋەبىنى دېمەمسىز! — ھېكمەت قايتىدىنلا ئاچچىقلاپ قالدى.

— مەن بالامنىڭ گاس - گاچا ياكى دەلدۈش تۇغۇلۇشىنى خالىمايمەن، — گۈلزىبا ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپ يىغلىۋەتتى، — سىلەر مېنى تولا قىستىماڭلار.

يازلىق تەتىلدىكى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىغا لايىقلىق بىر ئوقۇتقۇچى تۆت ياشلىق ئوغلىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. بالا گاس ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىراپ، ئىما - ئىشارەت قىلمىغۇچە، ئۇ ھېچنېمىنى ئۇقماي ھاڭقىيىپلا تۇراتتى. بىر چىرايلىق ئوماق ئوغۇل بالىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن گۈلزىبانىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى. كەچتە ياتاقتا خانىملار بۇ توغرۇلۇق غۇلغۇلا قىلىشىپ قالدى. بالىنىڭ

ئانىسى ھامىلىدار ۋاقتىدا، ئايالالار كېسىلىنى داۋالىتىمەن دەپ، گۇڭشې دوختۇرخانىسىدا بىر مەزگىل ئوكۇل ئۇرغۇزغانىكەن. ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىكى چوڭ دوختۇرلار ئوكۇل، دورىلار ھامىلىگە تەسىر كۆرسەتكەن دېيىشىپتۇ. يەنە بىر خانىممۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەننى سۆزلەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ھامىلىدار ۋاقتىدا، ئاشقازان كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن، داۋاملىق دوختۇرلارنىڭ دورىسىنى، تېۋىپلارنىڭ ھەرخىل كومۇلاچ ۋە ئاچچىق شەربەتلىرىنى ئىچىۋېرىپتۇ. بىراق بالىسى بىر قىسىملا دەلدۈش تۇغۇلۇپتۇ. ئۇ داۋاملىق تىلىنى چاينايدىكەن، ئاغزىدىن ئاققان شالۇك ئېڭەك، بويۇن، كىيىملىرىنى ھۆل قىلىۋېتىدىكەن، ئاخىرى ئۈچ ياشقا كىرگەندە، ئۆلۈپ كېتىپتۇ...

— مەن تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن، — دېدى گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — بالىنىستىتا ساقايغۇچە ياتاي، بولامدۇ؟ ماقۇل دېسىڭىزچۇ...

— ئۇ چاقچىقچە قانداق قىلماقچى؟ كېسەل كۆندىن - كۈنگە ئېغىرلاشسىچۇ؟

— دورا يەي، قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلىناي... ناھايىتى ئىككى ئايلا قالدىغۇ؟...

گۈلزىبانىڭ يالۋۇرۇپ، يېلىنىشلىرىغا پايلىمىغان ھېكمەت ئاخىرى يۇمشاپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە گۈلزىبا تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ رەسمىيىتىنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەپ، ئۇنى بىر مەزگىل داۋالاتسام، بولمىسا ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەتسەممۇ بولغۇدەك دەپ ئويلىدى.

— ئەمىسە، ماھىگۈل، ئاچىڭىزنى سىزگە تاپشۇردۇم، — دېدى ھېكمەت يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، — مانا بۇ بەش يۈز يۈەن، ھەر كۈنى كەچتە كەلگىنىڭىزدە، گۈلزىباغا بىر ۋاقلىق شورپا قىلىپ بېرىڭ، چۈشتە ئۆزى قىلىپ ئىچسۇن. دورىلىرىنى ۋاقتىدا ئىچۈرۈڭ. قايسى ۋاقىتتا ئىچمىسە، خاتىرىگە يېزىپ قويۇڭ... مەن ھەممىنى ھېسابلاپ، ئاچىڭىزنىڭ مەيدىسىگە شالدىما تارتىپ، كەم يەرلىرىنى تولدۇرىمەن.

گۈلزىبا بىلەن ماھىگۈل تەڭلا كۈلۈۋەتتى.

— تولا ساراڭ بولماڭا! — گۈلزىبا قىزىرىپ كەتتى، — ئۇنچىۋالا زىرىپىلەپ نېمە كەپتۇ؟ مەن كىچىك بالا بولمىسام - يا؟

— يەنە بىر گەپ، ماھىگۈل، — دېدى ھېكمەت، — ئاڭلىسام شەھەرلىكلەرنىڭ ئايدا بىر كىلو گۆش نورمىسى بار ئىكەن. لېكىن ئۇ ئەرزان بولغىنى بىلەن، ئورۇق ئۇخشايدۇ. شۇڭا، قىممەت بولسىمۇ، قاراڭغۇ بازارنىڭ گۆشىنى ئېلىڭ! ھازىر ھاۋامۇ سوۋۇپ قالدى. بىر - ئىككى كىلو ئېلىپ قويسىڭىز، پۇراپ قالمايدۇ.

— ماقۇل، ھېكمەت ئاكا، چوقۇم ئورۇنلايمەن.

— ئاخىرقى بىر شەرت، — دېدى ھېكمەت قاپىقىنى تۈرۈپ، — گۈلزىبا سىز كۈنىگە تۆت ۋاق تاماق يەيسىز. . . بۇنداق قىلمىسىڭىز، مەن رەنجىپ قالىمەن.

— ۋاي خۇدايىم، كۈنۈم تاماق يېيىش بىلەن ئۆتىدىكەن - دە! — گۈلزىبا كۈلدى، — بوپتۇ، شۇنداق قىلسامۇ قىلاي، لېكىن بەرگەن پۇلىڭىز بەك كۆپ، ئۆزۈمنىڭمۇ. . .

گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ چىرايىغا بىرلا قاراپ، گېپىنىڭ يېرىمىنى يۇتۇۋەتتى. بۇنى سەزگەن ماھىگۈل ئىچىدە خوش بولدى. ئۇ ھەر كەچتە كېلىپ، ئاچىسىنى تاماق يېگۈزەلمەي، دورا ئىچۈرەلمەي، بىر ھازا يالۋۇراتتى. شۇڭا ئۇ «ئاڭلاپ قوي» دېگەندەك ئاچىسىغا قارىدى.

ھېكمەت ماھىگۈلگە بايىقى تاپشۇرۇقلىرىنى قايتا تەكرارلاپ، دوستلىرىنىڭ ئۆيىدە قونۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. جانكۆيەر ئېرىدىن مەمنۇن بولغان گۈلزىبا ئۇنى ئىشىك تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ قويدى.

# تىلىكى ئىجاۋەت بولمىغان يىگىت

قاراڭغۇ چۈشكەن چاغ، ئەللامە ئۇچىنچى ئەترەتنىڭ خامىنىدا يوشۇرۇن گۆش تەقسىم قىلىنىۋاتاتتى. دېكابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قالغاچقا، يىلىك - يۇپۇڭ ئەزالار سوغۇقتىن تىترەپ تۇرسىمۇ، خۇددى

جان تارقىتىپ بېرىۋاتقاندەك، گۆشكە تەلمۈرۈپ قارىشاتتى. باشقا يېزا ـ كەنتلەرنىڭ دېھقانلىرى يىلىغا بىرەر قېتىم، ھېيت ـ ئايەملەردىلا كالا، قوي گۆشلىرىنى كۆرەلەيتتى. بولمىسا، تۇخۇم، كەپتەر گۆشى دېگەنلەرنى ئانچە ـ مۇنچە قوشۇمچە قىلىپ، كۈن ئۆتكۈزەتتى. لېكىن رەجەپ كارناي قارىقاش، لوپلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئالدۇرغان قوي، كالىلىرىنى كېچىلىرى يوشۇرۇن ئېلىپ كېلىپ، ئەزالارنى گۆش بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى، گۆشنىڭ پۇلىنى يىل ئاخىرىدا دارامىتىدىن تۇتۇپ قالاتتى. دېھقانلارمۇ ئۆزىنىڭ رىزقىغا توپا چېچىشنى خالىمايتتى. شۇڭا، سىرتقا بۇ ئىشنىڭ تىۋىشىنى چىقارمايتتى. بولمىسا، بۇ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي خاتالىق ھېسابلىنىپ، كادىرلارنىڭ جازالىنىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

يەرگە سېلىنغان بورىغا بىر كالا، ئىككى قوينىڭ گۆشى دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى، ئۇنى رەجەپ كارناي ھەربىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ جان سانىغا قاراپ تەقسىم قىلاتتى. ئەترەت بوغالتىرى گۆشنى تارازىغا سېلىپ تارتاتتى. كامىل دەپتىرىگە يېزىپ ماڭاتتى. ئىككى يەرگە ياندۇرۇپ قويۇلغان تاش پەنەرنىڭ يورۇقى دېھقانلارنىڭ سوغۇقتىن قورۇلغان يۈزلىرىنى غۇۋا يورۇتماقتا ئىدى. گەرچە دېھقانلار قىزىرىپ كەتكەن بۇرۇن ـ قۇلاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ، قوللىرىنى قولتۇق، يەڭلىرىگە كەپلەپ تىقىۋالغان بولسىمۇ، گۆشنىڭ خۇشلۇقىدا، چاقچاق ـ ھەزىل قىلىشاتتى. رەجەپ كارناي ئەزالارنى تىزىملىك بويىچە بىر ـ بىردىن چاقىرىپ، گۆشنى قولىغا تۇتقۇزاتتى ـ دە، «كېكىرسەڭمۇ مورىغا قاراپ كېكىرەرسەن!» دەپ قوياتتى. بۇ ئەلۋەتتە تىلىڭنى يىغىپ يۈر دېگىنى ئىدى.

— ناسىراخۇن ساپايى. . .

— قادىر پاخلان. . .

— ھە، قېنى، تۇراخان كوت ـ كوت، ئۆزلىرى باما؟ . . .

ناسىراخۇن ساپايى داستىخانغا ئورالغان گۆشنى قوينىغا تىقىپ كېتىۋېتىپ، ئاتايىتەن كامىلنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «كامىل مۇئەللىم، بىزنىڭكىگە بارسىلا، شورپا قىلىپ بېرىمەن» دېدى. لېكىن كامىل بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزۈر سورىدى. ئۇ كامىلدىن

بەكمۇ رازى ئىدى. چۈنكى، ئۇ گۇڭشېغا يېزىپ بەرگەن ئەرز - دادلار تۇراپ ئىمىن، ۋاڭ لىمىڭ شۇجىلارنى تەسىرلەندۈرگەنمۇ، ئىنىسىنى سايىتنى بوز يەردىن كەنتكە يۆتكەپ بەرگەنىدى. ناسىراخۇن خاماندىن چىقىپ كېتىپ، يەنە قايتىپ كەلدى. ئۇ كامىلنىڭ قۇلىقىغا: «يولدا بىر خانىم ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرىدۇ» دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى. كامىل دەپتەرنى بوغالتىرغا بېرىپ، خامان غارىلىرىدىن سەكرەپ چۈشتى، پەس يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا، بىر گەۋدە قارىيىپ تۇراتتى. بۇ زىلۋا بەدەن — نەفىسە ئىدى.

— نەفىسە سىز؟ — كامىل ئەتراپقا قارىدى، — كېچىدە قورقماي قانداق كەلدىڭىز؟

— ئانام . . . ئانامنىڭ، — نەفىسە مىچچىدە يىغلىۋەتتى، — باش ئاغرىقى يەنە قوزغىلىپ، ھوشىدىن كېتىپ قالدى.

— ھازىر كىم قاراپ قالدى؟

— ئاچام تۇرسۇننىسا بىلەن بوۋام. . .

— جىندەك توختاڭ. . .

كامىل خامانغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. ئۇ رەجەپ كارنايىنى بىر چەتكە تارتىپ، ئەھۋالنى ئېيتتى. رەجەپ كارناي دەرھال قوي ھەم كالا گۆشىدىن ئىككى كىلودىن تارتىپ، كامىلغا بەردى. كامىل گۆشنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، بوغالتىر پۇلنى ھېسابلاپ چىقارمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئالغىلى ئۇنىمىدى. رەجەپ كارناي ياش بالىلاردىن بىر - ئىككىنى قېتىپ قويايمۇ؟ دېۋىدى، كامىل ئۇنىمىدى.

كامىل قولىدىكى گۆشنى نەفىسەگە تۇتقۇزۇپ، ئۆيىگە ئالدىراپ كىرىپ كەتتى. ئۇ سومكا ۋە قولچىراغنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار سومكىدىكى گېزىتنى ئېلىپ، گۆشنى يۆگەپ سالدى.

— نېمانچە جىق گۆش بۇ؟ — دېدى نەفىسە ھەيران بولۇپ، — نەدىن ئالدىڭىز؟

— ئاستا گەپ قىلىڭ، — دېدى كامىل پىچىرلاپ، — رەجەپ كارناي قارىقاشتىن مال ئەكەلدۈرۈپ، ئەزالارنى گۆش بىلەن تەمىنلىدى. . .

— ئـەجەپ يـۈرىكـى چـوڭ ئادەمكىنـا ئـۇ. . . ھېچنېمىـــدىن قورقمايدىغان؟

— ئوغۇل بالا شىياۋدۇيجاڭ دېگەن شۇ. . .

كامىل بىلەن نەفىسە ئالدىراپ ـ تېنەپ مېڭىشتى. يېزىنىڭ سۇ ئېلىپ كەتكەن ئويمان ـ چوڭقۇر، كاتاڭ يوللىرىدىن، ئېگىز ـ پەس ئېتىزلاردىن توغرا كېسىپ، يارلىققا چۈشتى. ئۇلار ساسلىقلاردىن قول تۇتۇشۇپ ئارانلا ئۆتتى ـ دە، قومۇشلۇق ئىچىدىكى تار چىغىر يولغا چۈشتى. ئاپئاق قۇرۇپ كەتكەن قومۇشلار شالدىرلاپ، نېمىدۇر بىر نەرسە ئاستا چىقىۋاتقاندەك شەپە كېلەتتى. قومۇش پۆپۈكلىرىنىڭ توزۇندىلىرى ئۇستۇۋاشلارغا تۆكۈلەتتى. تۆت تەرەپنى قورشىغان تورلۇك شەكىللەردىكى يارلار، سۇ ئويۇپ كەتكەن ئۆڭكۈرلەر، يارلاردىن ساڭگىلاپ قالغان پاخپاق قارا ياغاچلار، سىرلىق يىكەنلىكلەر تۇندە بەكمۇ سۈرلۈك جىمجىتلىققا چۆككەن بولۇپ، ئادەم تېنىنى سۈر باساتتى. تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئاياغ ئاستىدىنلا غات ـ غات، پاق ـ پۇق قىلغان قاتتىق ئاۋاز چىقتى، قورقۇپ كەتكـەن نـەفىسە چىـرقىراپ كېتىــپ، كامىلغـا چاپـلاشتى. كامىلمـۇ ئەندىككىنىدىن خەنجىرىنى قولىغا ئېلىپ بولغانىدى.

— بولدى قورقماڭ، — دېدى كامىل ئۆزىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرغان نەفىسەنىــڭ دۈمبىسىگـە پەپىلـەپ، — يــاۋا ئـۆردەك ئىكەن، بىــز ھۈركىتىۋېتىپتىمىز. . .

نەفىسە ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇ كامىلنىڭ كۆكرىكىگە باش قويۇپ، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرغىنىنى بىلىپ، ئوتلۇق بىر ھارارەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىردىنلا ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. . . تۇنجى قېتىم يىگىت باغرىنىڭ شېرىن ـ لەززەتلىك ھوزۇرىدىن لەززەتلەنگەن نازۇك گۈل بەدەن بىھوش ھالغا كېلىپ قالغانىدى. نەفىسە يىگىت قۇچىقىدىن سىيلىققىنا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم سۆيگەن مەھبۇبىسىنى باغرىدا كۆرۈپ، كامىلنىڭمۇ يۈرىكى قەپەزدىن چىقالمايۋاتقان ياۋا قۇشتەك تىپىرلاپ، ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇراتتى. ئۇنىڭ نەپسى تېزلىشىپ، تىنالماي قالغانىدى! . . . تېنى بولسا ئاتەش يالقۇنىدا كۆيۈۋاتاتتى.

— نەفىسە! . . .

— كەچۈرۈڭ مېنى! . . .

كامىلنىڭ يىگىتلىك قانلىرى تومۇرلىرىنى يېرىۋەتكۈدەك مەۋج ئۇرۇپ، دولقۇنلىماقتا ئىدى. ئايىسىز، يۇلتۇزلۇق كېچە، قىلىن قومۇشلۇقلار ئارا چىغىر يولدا، ئۇ نەفىسەنى يەنە بىر قېتىم باغرىغا باستى ۋە «ئاھ خۇدا، بۇ دەقىقىلەرنى ئاتا قىلغىنىڭغا مىڭ قەترە شۈكرى!» دېدى. قىزمۇ يىگىتنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاۋاتاتتى. نەفىسە ئۈچۈن كامىلنىڭ يۈرىكى: «نە. . . نە. . . نەفىسە، نە. . . نە. . . نەفىسە. . .» دەپ زىكرى قىلىۋاتقاندەك بىلىنىدى. . .

ئۇلار يولدا كەلگۈچە بىر ئېغىزمۇ گەپلەشمىدى. نەفىسە ئەر زاتىنى قۇچاقلاشتەك ھاياسىزلىقنى قىلىپ قويغانلىقىدىن ئۆرتىنىپ، بېشىنى كۆتۈرەلمەيلا قالدى. ئۇ ئامۇتلۇققا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا كىرگەنگە قەدەر ئۈنچىقمىدى.

كامىل ئۆيگە كىرگەندە، مەرەجىخان چوڭ كات ئۈستىدە ياتاتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە نەفىسەنىڭ ئاچىسى تۇرسۇنىساخان ئانىسىنىڭ پېشانىسىدىكى ھۆل لۆڭگىنى دەممۇ دەم يۆتكەپ ئولتۇراتتى. ئوڭ تەرەپتە، قۇتلۇق ھاجىم تەسۋي سىيرىپ، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇيتتى. ئۇلار سالاملاشقاندىن كېيىن، كامىل مەرەجىخانغا ئېڭىشىپ، ئۇنىڭدىن ھال سورىدى. بىمارنىڭ چىرايى قارىداپ كەتكەن بولۇپ، ئوچقاچتەك قىزارغان كۆزلىرى پولتىيىپ چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. تومۇرىنىڭ سوقۇشىمۇ ناھايىتى تېز ئىدى. كامىل نەفىسەگە ئىشارە قىلىپ، تاشقارقى ئۆيگە چىقتى. كامىلنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىنى كۆرگەن نەفىسە تېخىمۇ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. كامىل كېسەللىكلەرگە ئائىت بىر ماتېرىيالنى كۆرگەنىدى. ئۇنىڭدا، قان بېسىمى كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە خەتەرلىك باسقۇچلىرى يېزىلغانىدى. كامىل مەرەجىخاننىڭ قان بېسىمىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى.

— نەفىسە، ھازىرلا دوختۇرخانىغا يۆتكىمىسەك بولمايدۇ. . . — دېدى كامىل جىددىي ھالدا.

— نېمە، شۇنچە ئېغىرمۇ؟

— مېنىڭچە، ئانىمىزنىڭ قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىپتۇ، دەرھال ھەرىكەتكە كەلمىسەك، مېڭىگە قان چۈشۈپ كەتسە خەتەرلىك...

— ۋاي خۇدايىم، بۇ كېچىدە قانداقمۇ ئەكىرەرمىز؟ — نەفىسە ئەنسىزلىكتە قالغانىدى، — ھارۋا، يا ئۇلاغ بولمىسا؟...

— مال باقارنى ئويغىتىپ دادۇيدىن ئېلىپ كېلەيلى.

— مال باقار ھەسەن شۇجىنىڭ خېتى بولمىسا، بىر تال تېزەكنىمۇ تۇتقۇزمايدۇ.

كامىل كېچىدە ھەسەن شۇجىنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشنىڭ ئورنى يوق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. چۈنكى ئۇ خالىقنىڭ دېپىنى چېلىپ، ئىككى نۆۋەت نەفىسەگە ئەلچىلىككە كىرىپ، قۇرۇق قول قايتقاندىن بېرى، قۇتلۇق ھاجىم قورۇسىدىن قولىنى يۇيۇۋەتكەنىدى.

— بولدى، ئۆزۈم يۈدۈپ ئەكىرىمەن، — دېدى كامىل كەسكىن ھالدا، — سىز يېنىمدا بولسىڭىز، ھېرىپمۇ قالمايمەن...

— بوستان بازىرىغا؟ — نەفىسە چۆچۈپ كەتتى، — مۇمكىن ئەمەس كامىل.

— مۇمكىن بولمايدىغان نەرى بار؟ ھازىر تالىشىپ ئولتۇرىدىغان چاغ ئەمەس، جۈرۈڭ...

نەفىسەنىڭ ئاچىسىنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. تۇرسۇنىساخان تولغان، ئېگىز بوي، بەستلىك چوكان بولۇپ، سىڭلىسىنىڭ ئەكسى ئىدى. ئۇ ئېرىنىڭ بۈگۈن ئېشەك ھارۋىسىنى ئۆزى سۆرەپ ئېغىلدىن قىغ يۆتكىگەنلىكىنى، ھارۋىنىڭ ھازىر ھويلىسىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كامىل بىلەن نەفىسە خۇشاللىقىدا ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈشتى. نەفىسە ئىشىك ھالقىسىنى شاراقلاتقاچ، «سەمىتاخۇن ئاكا؟» دەپ ۋارقىرىدى. بىردەمدىلا ئىشىك ئېچىلىپ، كۆرەك جۇۋا يېپىنچاقلىۋالغان، ئوتتۇز نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم قارا چىراغنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ بەكمۇ ئورۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، قوۋۇرغىلىرى جۇۋاز قايچىسىدەك پولتىيىپ چىققانىدى، ئېگىگە

ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەن مەيدىسىدە شالاڭ تۈكلەر بار ئىدى. قويۇۋالغان بۇرۇتىمۇ خۇددى سېرىق ئۆچكە تېرىسىنى چاپلىۋالغاندەك، ئىككى جاۋغىيى ئەتراپىدا دىردىيىپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈن ئۇششاق باللىرىغا قاراپ، چوڭ ئۆيگە بارالمىغانىدى. نەفىسە ئەھۋالنى دېگەندىن كېيىن، سەمىتاخۇن قارا چىراغنى پېشايۋان سۇپىسىغا قويۇپ، هارۋىنى كوچىغا ئىتتىرىپ ئېلىپ چىقتى. كامىل ئۇنىڭغا خوش دېيىشىمۇ ئۈلگۈرۈپ، هارۋىنى ئېلىپ كەتتى.

ئۇلار مەرەجىخان ئانىنى هارۋىغا ياتقۇزۇپ، نەچچە قات يوتقاندا ئوراپ يۆگىدى، ئاندىن ئۇنى كامىل بىلەن نەفىسە دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىشتى. يېزىنىڭ توپىلاڭ يوللىرىدا، هارۋا سۆرىمەكمۇ تەس ئىدى. چاق پات ـ پاتلا پاتقاقتا ياكى توپىغا پېتىپ قالاتتى. نەفىسە هارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئىتتىرەتتى. شوتا ئىچىدە كۈچىنىپ تارتىۋاتقان كامىل چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ چاپىنىنى سېلىپ هارۋا ئۈستىگە تاشلىدى ـ دە، پوپايكىسى بىلەنلا قالدى. ئۇلار يول بويى دەم ئالماي، بوستان بازىرىغا يېتىپ كەلدى. كامىل، هېكمەت، مۇراتلار سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، بوستاندا خېلىلا ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى. بۇرۇن دوختۇرخانا يولنىڭ ئوڭ قاسنىقىدا بولۇپ، دورىخانا هەم كېسەل كۆرۈش جايى چوڭ بىر ئېغىزلا ئۆي ئىدى. ئۆينىڭ ئىچكىرىسىدىكى كىچىك ئىشىكتىن چىققاندا، ئالدى تار دەلىزلىك ئىككى كىچىك ياتاق بالىنىست ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى. ئەمدى بولسا، يولنىڭ سول دوقمۇشىدا، دورىخانا، كېسەل كۆرۈش ئۆيى، ئوكۇل بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنغان بىر يۈرۈش دوختۇرخانا بىناسى ئاپئاق قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقا هەم ئوڭ تەرىپىگە بالىنىست ئۆيلىرى سېلىنغانىدى. بالىنىست بىلەن دوختۇرخانا بىناسى ئوتتۇرىسىدا هەرخىل مېۋە كۆچەتلىرى تىكىلگەن كىچىككىنە باغمۇ بار ئىدى. بازار پاسىلىدىكى ئاق تۈۋرۈكلەر بىلەن يېشىل رېشاتكىلار دوختۇرخانا قورۇسىنى كۆركەم كۆرسىتىپ تۇراتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئالدىدىكى ئىسلىشىپ كەتكەن قاپقارا ئىغىز بىر ئېغىزلىق پوچتىخانا هازىر گۈڭشې قورۇسىنىڭ بېقىنىدىكى يېڭى سېلىنغان ئۆيلەرگە كۆچۈپ كەلگەنىدى.

كامىل، نەفىسەنىڭ تەلىپىگە، بۈگۈن ئابلىمىت دوختۇر بىر سېستىرا

بىلەن نۇۋەتچى ئىدى. ئۇ ھېكمەتنىڭ پىچاق جاراھەتلىرىنى داۋالىغاندىن كېيىن، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار بىلەن ياخشى ئۆتەتتى. ئۇلار داۋاملىق ئەسرا بولالمىسىمۇ، ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈنلەردە بىللە بولۇپ قالسا، قىزغىن پاراڭلىشاتتى، مۇڭدىشاتتى. ئابلىمىت مەرەجىخان ئانىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ، دەرھال بالىنىستقا قوبۇل قىلدى، شۇ ھامان بىرنەچچە خىل دورا ئىچۈرۈپ، ئوكۇل ئۇردى.

كامىل ئەتىسى ئەتىگەندە، ئوتتۇرا مەكتەپكە باردى. ئاخشام ئۇلار ئالدىراشچىلىقتا، چايدان، چەينەك، چىنە دېگەندەك بىمارغا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئوقۇغۇچىلار ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، داڭ ئۇرۇلغىچە مەيداندا ھەرخىل پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇلار كامىلنى كۆرۈش بىلەنلا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئۇنى ئورىۋالدى. ئۇنىڭدىن ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى سوراشتى. بەزىلىرى «ئۆزۈڭدىن بۇرۇن ئاياق ئويۇنى كۆرمىگەن» لىكىدىن زارلاندى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى يىللىق ۋە تولۇق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەدەبىيات، گراماتىكا دەرسلىرىنىڭ ياخشى ئۆتۈلمەيۋاتقانلىقىدىن قاقشىدى. بولۇپمۇ ھېكمەتنىڭ سىنىپىدىكى بالىلار سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، جاۋىلدىشىپلا كەتتى. كامىل ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈرەلمىدى.

— كامىل مۇئەللىم، ھېكمەت مۇئەللىمگە دەپ قويسىلا، — دېدى تولا قېچىپ ئاۋارە قىلىۋەتكەن سىراجى، — مەن ھازىر قاچمايدىغان بولدۇم. ھەممە دەرسلەردە ئەلا كېتىۋاتىمەن...

— ناھايىتى ياخشى، ھېكمەتنىڭ ئەجرىگە ئەنە شۇنداق ياخشى نەتىجىلەر بىلەن جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك، — دېدى كامىل ۋە ئەتراپىدىكى بالىلارغا تەكشى قارىدى، — ھە، ئابدۇللا، خىلچىۋانى، مۇئەللىمڭلار سىلەرنى كۆپ سېغىندى، داۋاملىق گېپىڭلارنى قىلىدۇ، سىنىپتىن ئەنسىرەيدۇ. سىلەر سىنىپ ھەيئەتلىرى بولغاندىكىن، ھېكمەت كەلگۈچە، سىنىپنى ئوبدان تۇتۇڭلار، بالىلارنى توزۇتىۋەتمەڭلار.

خىلچىۋانى يىغلىۋەتتى. ئۇ دەرھاللا بىلەكلىرىدە كۆزلىرىنى

يوشۇرۇۋالدى. دەرسكە داڭ ئۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلار كامىلدىن كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا، سىنىپلىرىغا مېڭىشتى. كامىل ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجا، بوغالتىر ئەخمەت ھوشۇرلار بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپ ـ پىكىرلىرى، ئۇلارنىڭ ساجىتخان، رېخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىم، قۇتبىرەملەر.ئۇستىدىن غەۋغا كۆتۈرۈپ، نەچچە نۆۋەت ئىشخانىغا بېسىپ كىرگەنلىكىنى قايناپ ـ تېشىپ سۆزلەپلا كەتتى. زىكرۇللا غوجا، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنى تەلەپ قىلىپ، ناھىيىلىك كومىتېت ۋە مائارىپ ئىدارىسىگە دوكلات سۇنغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ: «قۇربان ھاكىم بۇ ئەنزىنى قايتا تەكشۈرۈشنى ئېيتتى، شۇڭا، قىشلىق تەتىلگىچە سەۋر قىلىڭلار» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ كەتتى.

كامىل توختى قۇرباننى ئىشخانىدىن تاپالماي، ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. چۈنكى ئۇ ئۆيلەنگەنىدى. ئايالى بازار دادۇيىدىكى شۆبە سىنىپتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. تېخى مەمتىلى ئىبراھىممۇ مۇشۇ يېقىندا توي قىلىپ بېشىنى ئوڭشىۋالغانىدى. كامىل ئۇزۇن كارىدوردىن چىقىپ كېلىۋېتىپ، زەينىدىن مۇدىر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ سەتلا ھېجىيىپ كۆرۈشتى. ئىككى جاۋغىيىنىڭ ئەتراپىدىكى قورۇقلارنىڭ يىغىلىپ قالغانلىقىدىن، ئۇنىڭ گەپ قىلغۇسى بارلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ھە، كامىل مۇئەللىم، قۇربان ھاكىم تىنچ تۇرغاندۇر؟ تېنى سالامەتتۇر؟ — زەينىدىن ھاكىمنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك پۈكۈلۈپ كەتتى، — مەن ئۇ كىشىگە گۈلە ـ قاق، جىگدە، ياڭاق دېگەندەك نەرسىلەردىن بىر خالتا قىلىپ بەرسەم. . .

— قۇربان ھاكىم بۇنداق ئىشلارنى ياقتۇرمايدۇ، — دېدى كامىل گەپنى ئۈزۈپلا، — ئۇ باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ. . .

— ھە، شۇنداقمۇ؟ . . . بوپتۇ. . . بوپتۇ. . . — زەينىدىن ئوڭايسىزلاندى، — ئەمىسە مەندىن سالام دەپ قويغىن. . . سالامىمنىغۇ قوبۇل قىلار؟ . . .

كامىل ئىچىدە: «قارا ماۋۇ ھىيلىگەرنىڭ قۇۋلۇقىنى! قۇربان ھاكىم بىلەن ئالاقە قىلغىنىمىزنى ئاڭلاپلا، ئۆز سايىسىدىن ھۈركۈپ كەتكىنىنى؟ . . .»

دەپ ئويلىدى. ئۇ، زەيىندىن مۇدىردىن ئايرىلىپ، ئائىلىلىكلەر قاتىرىغا يېتىپ كەلدى.

توختى قۇربان كامىلنى ئۆزىنىڭ ئېغىر تەبىئىتى بىلەن سالاپەتلىك قارشى ئالدى. لېكىن خۇشال بولغانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر ئېغىز ئۆيى ئاددىي بولسىمۇ، پاكىزە ئىدى. ئۇ بىرنەرسە يېزىۋاتقان بولسا كېرەك، ئۈستەلدە قولىيازمىلار تۇراتتى.

— مۇئەللىم، بىر نەرسە يېزىۋاتقان بولسىلا، مالاللىق يەتكۈزدۈممۇ قانداق؟ — دېدى كامىل ئەدەپ بىلەن.

— يوقسۇ، گېزىتكە بىر ماقالە يېزىۋاتاتتىم، — دېدى توختى قۇربان كۈلۈپ قويۇپ، — ھېكمەت بار چاغلاردا ئۇ ھەر قېتىم بالا يىققىلى چىقىپ دادۇي، شياۋدۇيلەردىكى ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلەرنى، ئائىلى، «قوش خامان باشقۇرغان مەتنىزاخۇن» ، «ئىلمىي ئۇسۇلدا يىلىغا ئىككى قېتىم تۆل ئالغان مايىسخان» ، «چارۋىلارنى ئوت ئىچىدىن قۇتقۇزۇۋالغان ھوقۇيتاخۇن» دېگەندەك خام ماتېرىياللارنى يېزىپ كېلەتتى، مەن پىششىقلايتتىم، ئىككىمىزنىڭ نامىدا گېزىتتە ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. مانا ئۇ يوق، چولاقلا بولۇپ قالدىم.

— ئىلمىي مۇدىرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، پات ئارىدا قايتىپ كېلىدىغان ئوخشايمىز، — دېدى كامىل تەسەللى بەرگەن تەلەپپۇزدا، — ئۇ چاغدا، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ نەرسىلەرنى يېزىشىمىلا!...

توختى قۇربان مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ بىلىم بۇلىقىنى لېيىتىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەر ھەققىدە بىردەم ئېچىنىپ سۆزلىدى. كامىلمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەلۋەتتە، جەمئىيەتمۇ قايىنام بىر بۇلاققا ئوخشايتتى، لېكىن قانداقتۇر ئىت بېلىقلىرى ئۇنى لېيىتىپ بۇلغىماقتا ئىدى. كامىل ھېكمەتنىڭ كىچىك ۋاقتىدا روزىدا ئېغىز ئېچىش ئۈچۈن ئىپتار سۆيى ئېلىپ كەلمەكچى بولۇپ، دادىسى بىلەن ئىلى دەريا بويىغا چۈشكەنلىكىنى، ئۇنىڭ شۇ چاغدا كۆرگەن كىچىككىنە بىر ھادىسىنىڭ تا ھازىرغىچە ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەي كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى خاتىرىسىگە پۈتۈپ

قويغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. خاتىرىدىكى سەھىپىلەر مۇنداق ئىدى:
... — دادا، سەن بۇلاقنى ياقۇتتەك سۈزۈك بولىدۇ دېگەنتىڭغۇ؟...
— شۇنداق بالام، ئۇ يەر ئاستىدىن چىققان بىر مۆجىزە!...
— ئەمىسە، بۇ بۇلاق نېمانداق لېيىپ كەتكەن؟...
— قارىغىنا بالام، ئىت بېلىقى كىرىۋاپتۇ ئەمەسمۇ!...
— ئېلىۋېتەيمۇ؟...
— ياق بولمايدۇ، قولۇڭ بەدبۇي پۇراپ قالىدۇ...
— ئۇنداق بولسا، ئۇنى قانداق چىقىرىۋېتىش كېرەك؟...
— تىغ بىلەن سانجىپ ياكى قىسقۇچتا قىسىپ ئېلىپ تاشلىساق بولىدۇ...
— پاھ بۇ نېمىدېگەن پاساھەتلىك، چوڭقۇر مەنالىق جۈملىلەر - ھە؟ — دېدى توختى قۇربان كامىل يادقا ئوقۇپ بەرگەن بۇ سۆزلەرنى تەكرارلاپ، — مەن كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ھېكمەتتە تەسەۋۋۇرىمىزدىنمۇ ئارتۇق تالانت ۋە قابىلىيەت بار.
كامىل توختى قۇرباننىڭ ئۆيىدىن چايدان، چىنە، چەينەك ئېلىپ، دوختۇرخانىغا كەتتى. كېچىچە ئۇخلىمىغان نەفىسە كارىۋاتقا جەينەكلەپ مۈگدەپ قالغانىدى. ئۇ كامىلنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپلا، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. دوختۇرخانىدا قايناق سۇ خانا، ئاشخانىمۇ يوق ئىدى. كېسەل باققۇچىلار بالىنىست ئۆيلىرىنىڭ ئالدىغا تاش ھەم كېسەكلەردە ئوچاق سېلىۋالغان بولۇپ، قازان، رو كورىلىرىنى ئېسىپ تاماق پىشۇراتتى. قايناق سۇ قايناتاتتى. ئوتۇنلىرىنىمۇ ئۆيلىرىدىن كۆتۈرۈپ كېلىشەتتى. بۇ، خۇددى سۇ ئامبىرىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشايتتى. كامىل بىلەن نەفىسە قايناق سۇنى ئوتتۇرا مەكتەپتىن، تاماقنى سودا سارىيىنىڭ ئاشخانىسىدىن ئېلىشنى مەسلىھەتلەشتى، مەرەمجىخان ئانىغا نۆۋەتلىشىپ قاراشنى كېلىشىۋالدى.
مەرەمجىخان ئانىنىڭ دوختۇرخانىدا ياتقىنىغا ئون كۈن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قان بېسىمى بىردە ئۆرلەپ، بىردە چۈشۈپ تۇراتتى. يىل ئاتلاشقىمۇ بىرنەچچە كۈنلا قالدى. يېقىندىن بېرى، تۇرسۇننىساخان بىلەن كامىل

نۆۋەتلىشىپ كېسەل بېقىۋاتاتتى. مەۋسۇملۇق ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالغاچقا، كامىل نەفىسەنى مەكتىپىگە چىقىرىۋەتتى. بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، مەكتەپ مەسئۇلى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرگە بولمىسا بولمايتتى، شۇنداقتىمۇ، ئۇ كېچىلىرى كېلىپ ئانىسىغا ھەمراھ بولاتتى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، مەرەجىخان ئانىنىڭ گۇڭشې دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قالغانلىق خەۋىرى خالىق كاتىپنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇنىڭدا، كېسەل يوقلاشنى باھانە قىلىپ، نەفىسەنى يۇمشىتىش ئىستىكى قوزغالغان بولسىمۇ، كامىلنىڭ نۆۋەتلىشىپ بېقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە ئادەم قويۇپ، پۇرسەتنى كۈتتى. خالىق كامىلدىن ھەزەر ئەيلەيتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خالىقنىڭ ھويلىسىغا بېسىپ كىرىپ، خەنجىرىنى تۇتقان ھالدا: «دوستلىرىمنىڭ ئەنت - قىساسى يۈرىكىمگە ئورناپ كەتتى. ھامان بىر كۈنى جېنىڭنى قىيىمەن...» دېگەن سۆزىنى قىلغان چاغدىكى مىقتەك قادالغان كۆزلىرىنى ئويلىسىلا، جېنى سىرقىرايتتى. قورققانغا سايىسى قوش كۆرۈنۈپتۇ، دېگەندەك، شۇ كۈنى كېچىدىلا مەتنىياز قولتۇقىنىڭ كىملەر تەرىپىدىندۇر تاياق يەپ، قانغا بويىلىپ يېتىپ قېلىشى خالىقنى تالا - تۈزلەرگە ئىشەنچلىك چىقالمايدىغان قىلىۋەتكەنىدى.

خالىق بىر كۈنى ئايغاقچىلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، مەرەجىخان ئانىنى يوقلاپ كىردى. نەفىسە ئانىسىنىڭ ئاياق تەرىپىدە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ كىتابنى دېرىزە تەكچىسىگە پاقلا قويدى - دە، ئۆچمەنلىك ئوچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىنى خالىقنىڭ سوزۇنچاق، خۇنۇك چىرايىغا تىكتى. خالىقمۇ چاندۇرماي ھىجايدى.

— ئانىڭىز كېسەل بولۇپ قاپتۇ، ۋاقتىدا يوقلاپ كىرەلمەپتىمەن، — خالىق سومكىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى، — بۇرۇنراق ئاڭلىغان بولسام، ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا تونۇش دوختۇرلىرىم بار ئىدى.

— ھاجىتى يوق! — نەفىسەنىڭ ئۇنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكۈسى كەلدىيۇ، بۇنىڭ نامەردلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنى باستى، — ھازىر ئانام ياخشى... سىزنىڭ ھىممىتىڭىزگە موھتاج ئەمەس...

— مېنىڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ناھايىتى ئۇستا بىر ۋىراچ...

— بىزنىڭمۇ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا ئابدۇقادىر، تېلىۋالدى دوختۇرلاردەك تونۇشلىرىمىز بار، — نەفىسە خالىقنىڭ گېپىنىڭ بىلگە تېپىۋەتتى، — سىزگە ھاجىتىمىز چۈشمەيدۇ...

— بوپتۇ... بوپتۇ...، — خالىق سومكىدىكى بىر بولاق نەرسىنى سۇغۇرۇپ چىقاردى، — مەرەجىخان ئانىمىز قۇۋۋەتلىك يەپ بەرمىسە، ماغدۇرسىزلىنىپ قالىدۇ، بۇ يۇمشاق پىشقان پاقلان گۆشىنى...

— ئانام قان بېسىمى كېسىلى، گۆش يېمەيدۇ... ئۇ نەرسىڭىزنى ئېلىپ كېتىڭ!...

خالىق يۈزىنى قېلىن قىلىپ ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ بىردەم بولسىمۇ، نەفىسەنىڭ ھۆسن - جامالىنى تاماشا قىلماقچى، نازۇك بەللىرىنى غايىۋانە قۇچاقلىماقچى، قېيدىغان چاغدىكى ھايالىق قىزىرىشلىرىنى، يېنىك تەۋرىنىشلىرىنى، ئاشۇ چىرايلىق قارا كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھۇزۇرلانماقچى بولدى. ئۇ، بۇنداق ياۋا قۇش، ھۈركىگەن كېيىك، كۆندۈرمىگەن لاچىن بالىسىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ھۇزۇر ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، تولىمۇ پەيزى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. خالىق ئالدىدا ھۈرپىيىپ تۇرغان قىزغا ھاياسىزلىق بىلەن قارىماقتا ئىدى. نەفىسەنىڭ كېيىمسىز ھالىتىنى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تەنلىرى جىمىرلاپ كەتتى... خالىقنىڭ كاللىسىدا بىردىنلا كامىلنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش خىيالى تۇغۇلدى. ئەگەر بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشسا، نەفىسەدىن يەنە ئۈمىد بار ئىدى.

— تۇرۇڭ، چىقىپ كېتىڭ! — دېدى نەفىسە ئاچچىقى بىلەن، — ئانام ھېلىلا ئۇخلىدى.

خالىق مىت قىلماي تىكىلىپلا ئولتۇراتتى.

— يوقىلىڭ بۇ يەردىن! قانداق قېلىن ئادەم بۇ؟ — نەفىسە دېۋەيلەپ كەلدى، — ئەگەر يەنە تۇرمايدىغان بولسىڭىز، مەن ھازىرلا ۋاڭ شۇجىنىڭ قېشىغا كىرىمەن...

ۋاڭ لىمىڭنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن، خالىق ئورنىدىن تۇردى. چۈنكى، ۋاڭ شۇجىنىڭ پارتىيە تۇرمۇش يىغىنىدىكى تەنبىھلىرى، ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ تەنقىدلىرى ئۇنى خېلى بەك تەرلەتكەنىدى، ئۇ ھەتتا كاتىپلىق تاجىسىنىڭ ئېلىنىپ كېتىشىدىنمۇ ئەنسىرىدى. ئۇ، شۇنىڭدىن بېرى، ۋاڭ لىمىڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى، خالىق ئۇچۇغدىلىپ چىقىپلا، قوينىدىكى مايلاشقان كىچىك خاتىرىسىنى ئالدى. ئۇنىڭدا، ۋاڭ لىمىڭنىڭ «ۋەزىيەتكە، ئۆچ قىزىل بايراققا، پارتىيىنىڭ باش يولىغا، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا گۇمان بىلەن قارىغان خاتا سۆز - ھەرىكەتلىرى» يېزىلغانىدى. ئۇ، خاتىرىسىگە پارتىيە تۇرمۇش يىغىنىدا ۋاڭ لىمىڭنىڭ «ئەكسىيەتچى شيۇجېڭجۇيىچىلار» نى قانات ئاستىغا ئېلىپ قىلغان گەپلىرىنى، يىل، ئاي، كۈنلىرى ھەتتا سائەتلىرىگىچە قالدۇرماي يېزىپ قويىدى.

خالىق بالىنىست ئىشىكىدىن چىقىشىغا، ئېلىپ كەلگەن نەرسىسى سومكىلىرى بىلەن ئايىغى ئاستىغا كېلىپ چۈشتى. بۇ خورلۇق ئۇنىڭ ياۋۇز ئىرادىسىنى سۇندۇرۇش ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ چىڭىتىۋەتتى.

سەللىمازا ياخشى بولالمايۋاتقان مەرەجىخاننى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەشكە توغرا كەلدى. بۇ بىرىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنى بولۇپ، «قاپاق ياردى» چىللىسى ئىدى، سوغۇق قاتتىق بولۇۋاتاتتى. زەيىندىندىن ئۇلاغ، ھارۋا سوراشقا رايى بارمىغان بوينى قاتتىق كامىل ئەلنامەگە قاراپ ماڭدى. ئۇ كۆرپە قۇلاقچىسىنىڭ قۇلاقلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، يۇگۇرۇپ دېگۈدەك كېتىۋاتاتتى. ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى قېلىن چېچەكلەر بىلەن قاپلىنىپ كەتكەندەك، ئاپئاق قىراۋ باغلاپ كەتكەنىدى. مەجنۇن تاللارنىڭ يۇمران شاخ - چىۋىقلىرى ئۆزلىرىنى كۆتۈرەلمەي يەرگە ئېگىشىپ تۇراتتى. يىلانلىقتىن پەسلەپ چۈشكەندىن كېيىن، ئالتۇنلۇق يار ئىچى تۇمان بىلەن قاپلىنىپ، مۇز ئۈستىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان شال ئېگىزلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. كامىل ئالدىراپ كەنتكە كىرىپ كەلدى. لېكىن ئۇ يول ئۈستىدىكى ناسىراخۇن ساپاينىڭ ھويلىسى ئالدىدا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ ياققا

قايرىلدى. توپلاشقانلار يالغۇز ئۈچىنچى ئەترەتنىڭلا ئەزالىرى ئەمەس ئىدى، ئەلنامە بويىچە ھەممىلا ئادەم كەلگەنىدەك قىلاتتى. ئۇلار كۆن ئۆتۈكلىرىنىڭ ئۇچىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، يەرگە تېپىپ، بىر يەردە جىم تۇرالمايتتى. ئاغزى-بۇرۇنلىرىدىن خۇددى قاسقاندىن كۆتۈرۈلگەندەك ھور پۇرقىراپ چىقاتتى، چىرايلىرىدا ھەسرەتلىك ئالامەت چىقىپ تۇرغان بۇ ئادەملەر سىرلىق پىچىرلىشاتتى، بىر-بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا كۇسۇرلىشاتتى. ھويلا ئىچىدىن قالايمىقان يىغا ئاۋازى كېلىپ تۇراتتى. كامىل توپ ئارىسىدا رەجەپ كارناينى كۆرۈپ قالدى.

— رەجەپ ئاكا، نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى كامىل پەس ئاۋازدا، — نېمانداق كۆپ ئادەم بۇ؟

— ۋاي مۇئەللىم، گەپ قىلمىسىلا، — دېدى رەجەپ كارناي ئۇنى چەتكە تارتىپ، — سايىت ئاكىسىنى چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. . .

— ناسىراخۇنكامىنىمۇ؟ . . .

— ھە! . . .

— قانداق قىلىپ؟— كامىلنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

ناسىراخۇن ئېرىق ياقىلىتىپ جىگدە قەلەمچىسى سالغانىدى، بۇ قەلەمچىلەر تۆت-بەش يىلدىن بېرى بۇك-باراقسان ئۆسۈپ، يۆگىمەچ، سېرىق يۆگەي، ھەشقىپىچەكلەر يامىشىپ، باغ، ھويلا، قالدۇرۇق يەرلەرنى قورشاپ تۇرغان تەبىئىي تامغا ئايلاندى. ئۇ ئەتىگەندە، تونۇرغا ئوتۇن تەييارلاش ئۈچۈن، جىگدىنىڭ قۇرىغان شاخلىرىنى، ھارام شۆگلىرىنى كېسىۋاتقاندا، سايىت تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپلا: «بۇ دادام سالغان جىگدە، ماڭا تەئەللۇق، نېمىگە كېسىسەن؟» دەپ ئاكىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ناسىراخۇن قانچە چۈشەندۈرۈپ باقسىمۇ، سايىت تەتۈرلۈك قىلىپ، جېدەل چىقاردى. سايىت ئەسلىدىمۇ قىزىل كۆز، ئاچكۆز، غەرەز ئۇقمايدىغان لۈكچەك ئادەم بولغاچقا، ناسىراخۇننىڭ قولىدىكى ئىشەززۇننى تارتىۋېلىپ، ئۇنى چېپىۋەتكەنىدى.

— بايىلا، سايىتنى ساقچىلار لاتا پىكاپقا سېلىپ ئېلىپ كەتتى، — دېدى رەجەپ كارناي ئېغىر تىنىپ، — ئىسىت، ئىسىت. . . «ئۇكامنى

بوز يەردىن كەنتكە يۆتكەيمەن» دەپ، بۇ ئادەمنىڭ مېڭىپ كەتكەن يوللىرى، قىلغان خۇشامەتلىرى. . . بەش - ئالتە يىل تارتقان رىيازىتى مانا شۇنداق ئۆزىنىڭ جېنىنى قىيىش بىلەن ئاياقلاشتى.

كامىلنىڭ كاللىسىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى. تۇۋا، تېخى تۈنۈگۈنلا ئېتىزلاردا ساپايىسىنى شاراقلىتىپ، غەزەل تۇۋلاپ، كەتمىنىنى پارقىرىتىپ يەر ئۆرۈپ، كامىلنى ئۆيىگە باشلاپ، كېچىچە رىۋايەت سۆزلەپ، كىچىك قىزىنى قۇچىقىدا: «مۇدۇكوم، مۇدۇكوم، ئۇز مۇدۇكوم. . .» دەپ ئەركىلىتىپ يۈرگەن ئاشۇ دىلكەش، ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم دېھقان ئەمدى يوق بولۇپتۇ - ھە؟. . . بۇنىڭغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. . . ناسىراخۇن بىر ئەمچەكنى تالىشىپ ئەمگەن ئىنىم، بىر قورساقتا ياتقان قان قېرىندىشىم دەپ، شۇنچە سەكپارە بولغانىدى. بىراق قارا كۆڭۈل سايىت بىر تۇتام شاخ ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. «يېزىپ بەرگەن ئىلتىماسلىرى رەھبەرلىكنى ئېرىتىۋەتتى» دەپ خۇشاللىقىدىن ناسىراخۇننىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ جان ئالىدىغان جەبرائىلنى ئۆز ھۇزۇرىغا چىللاپ ئەكەلگەنىكەن. ئەگەر كامىل ئاشۇ ئىلتىماسلارنى يېزىپ بەرمىگەن بولسا، ئۇ مەلئۇنمۇ كەنتكە كېلەلمىگەن بولاتتى. ناسىراخۇنمۇ مۇنداق ۋاقىتسىز ئۆلمىگەن بولاتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا بىر ئەسىر ياشىغان دادىسى، ئۆپكە كېسىلىدىن قىسماقتەك ئېگىلىپ قالغان ئايالى، ئىككى نارەسىدە قىزى قانداقمۇ قىلار؟. . . كۈنلىرىنى نېمىگە تايىنىپ ئۆتكۈزەر؟. . . كىچىككىنە مەنپەئەت ئادەملەرنى شۇنچىۋالا ياۋۇز قىلىۋېتەمدۇ؟. . . «مېنىڭ، سېنىڭ» دەيدىغان بۇ ئىككى ئېغىز سۆز نېمانچە قۇدرەتلىك رەزىل كۈچكە ئىگە؟. . . ئۇ ئاتىنى بالىغا، ئەرنى خوتۇنغا، قېرىنداشلارنى بىر - بىرىگە قارىتا قان چاچىدىغان قېنىقماس دۈشمەنلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتەمدىغاندۇر؟. . .

كامىل ئادەملەر ئارىسىدىكى ناھايىتى سېسىق پۇرايدىغان بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك، مەنپەئەتپەرەسلىك، مەنمەنلىكنىڭ يىرىم چىرىپ كەتكەن تۈرەلمىسىنى كۆرگەندەك بولدى. . . .

— مۇئەللىم، جىمىپ كەتتىلىغۇ؟ — دېدى رەجەپ كارناي كامىلنىڭ

ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ، — مەرەمجىخاننىڭ كېسىلى ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

— مەرەمجىخان ئانىنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىمەكچى ئىدۇق، — دېدى كامىل، — مەن ئېشەك هارۋىسىغا كەلگەنىدىم.

— ئەترەت ئىشخانىسىدا ئادەم بار، شۇلار قېتىپ بەرسۇن، — رەجەپ كارناي يېغا ـ زارە ئاڭلىنىۋاتقان قورۇنى ئىشارە قىلدى، — هازىدارلاردىن هال سوراپ قويامىلا؟

— ئەلۋەتتە. . .

كامىل ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ هويلىغا كىردى. ئۆي ئىچى هازىدارلار ۋە كېپەنلىك تىككۈچىلەر بىلەن تولغانىدى. ئاغزى ـ بۇرۇنلىرىنى ئاق داكىدا يۆگىۋالغان مېيىت يۇيغۇچىلار ئىچكەركى قازناق ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. كامىل جەينەكتەك پۇكۇلۇپ ئولتۇرغان بوۋاي بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ناسىراخۇننىڭ ئايالىغا تەسەللى بەردى. لېكىن ناسىراخۇننىڭ ئىككى قىزى كامىلغا ئېسىلىپ يىغلاپ، ئۇنى بىر هازا قويۇپ بەرمىدى.

يۈرىكى ئېزىلىپ، روهى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بولۇپ قالغان كامىل ئەترەت ئىشخانىسىغا بېرىپ، هارۋىنى قاتتۇردى. ئاندىن ئېشەكنىڭ ئىككى كۆنلۈك يېمى ئۈچۈن ئالغان قوناق ۋە توغرالغان پىچاننى تاغارغا قاچىلاپ، هارۋىنىڭ ئارقىسىغا چىگدى ـ دە، يولغا چىقتى. كامىل كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا، دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدى. نەفىسە ئانىسىنى يۆتكەش رەسمىيەتلىرىنى تەييارلاپ ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇلار هارۋىغا كىگىز ـ كۆرپىلەرنى سېلىپ، مەرەمجىخان ئانىنى ياتقۇزدى. كامىل ئېشەكنى ئالدىراتماي سىيلىق هەيدىگىنىچە، شەهەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

كامىل، نەفىسەلەر گازۇن كۆۋرۈكىگە كېلىشى بىلەن، قار ئۇچقۇنداپ شامال چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار مەرەمجىخان ئانىنى يۆگەپ، باشلىرىنى ئورۇۋەتتى. شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ، بىردەمدىلا بورانغا ئايلاندى. قار توزغاقتەك توزۇپ، يۈز ـ بويۇنلارنى هەرىدەك چاقاتتى. نەفىسە رومىلىنى چىڭ ئورۇۋالغان بولسىمۇ، مەڭزىلىرى، نېپىز

لەۋلىرى ئاناردەك قىزىرىپ، كىرپىكلىرى ۋە قاشلىرىغا قار تۇزۇندىلىرى قونغانىدى. كامىل قولاقچىسىنى چۈشۈرۈپ، ياقىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئېشىكىنى بورانغا قارشى ھەيدەپ، شەھەرگە كىرىپ كەلگەن مۇشۇ پەيتتە، ھېكمەت جامە مەسچىتىنىڭ بورا سېلىنغان ئۆيىدە تىزلانغىنىچە، بېشىنى ساڭگىلىتىپ تەنھا ئولتۇراتتى. جۈمە نامىزى ئالللىقاچان ئۆتۈلۈپ بولغانىدى. مەسچىتنىڭ ئىچى سىرلىق جىمىلىققا چۆككەن. . . سىرتتا بوران ھۇۋلايتتى، نېمىلەرنىدۇر ئىسلاشقان دېرىزە كۆزنەكلىرىگە ئۇرۇپ، شەپە بېرەتتى. ھېكمەتنىڭ قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار تىزلىرىغا تۆكۈلەتتى. . .

گۈلزىبا قىيىن تۇغۇت دوقمىلغا دۇچ كەلدى. گەرچە ئۇنىڭ ئوغۇل تۇغقىنىغا ئىككى كۈن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزى تېخىچىلا ھوشىغا كېلەلمەيۋاتاتتى. دوختۇرلار تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بارلىق ئامالللارنى قىلىپ كۆردى. بىراق، ئۇنىڭ تېنى بەك ئاجىزلاپ كەتكەن، ئۆپكە توبېركۇليوزى كېسىلىمۇ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانىدى. ھېكمەت ئۇنىڭ بېشىدا ئىككى سوتكا كىرپىك قاقماي ئولتۇردى. ئۇ بالىبىنىست ئىشخانىلىرىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ، دوختۇرلارغا يالۋۇردى، يىغلىدى. كېچىلىرى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ يىغلىدى، قاقشىدى. لېكىن ئۇلار خۇدا ئەمەس ئىدى، كۆرۈنۈپ تۇرغان دەھشەتلىك رېئاللىق، رەھىمسىز ئەجەل ھېكمەتنى ساراڭ قىلىپ، ئەقلىدىن ئاداشتۇرۇپ قويغاندەك قىلىپ قويدى. ئۇ بىرەر ئىشنى ئويلاپ، ئاخىرىغا يەتكۈزەلمەيتتى. قانداقتۇر قالايمىقان، باش - ئايىغى يوق گادىرماش خىياللار، بىر - بىرىگە باغلانمىغان ئوي - پىكىرلەر قۇيۇندەك پىرقىراپ، ئۇنى تېگى يوق ھاڭلارغا تاشلاپ، ئاسمان قەھرىدە غازاڭدەك ئۇچۇراتتى. ئۇنىڭ كىملەرگىدۇر ئەرز - دادىنى ئېيتقۇسى، ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى تۆككۈسى، تىلەك تىلىگۈسى، ھەسرەت - نادامەتنىن لەختە - لەختە قان - يىرىڭغا ئايلانغان يۈرىكىنى كۆرسەتكۈسى، خۇدانىڭ ئادالەت ۋە شاپائىتىنى كۆرگۈسى كېلەتتى. شۇڭا، ھېكمەت ئاللاھنىڭ ئۆيى بولغان مەسچىتكە كەلگەنىدى.

— ئاھ خۇدا، مەن ناماز ئوقۇمىغان، — سۈرە - ئايەتلىرىڭنىمۇ بىلمەيمەن... — دېدى ھېكمەت ياشلىق كۆزلىرى بىلەن سۇرلۇك مېھراپقا قاراپ، — لېكىن مەن سېنىڭدىن گۈلزىبانى سورىغىلى كەلدىم... بالامنىڭ ئانىسىنى سەندىن تىلەيمەن... سەن مېنى «شەرىئەتنىڭ پەرز - سۈننەتلىرىنى ئادا قىلمىغان» دەپ ئۇنداق قاتتىق جازالىما! بۇ... بۇ... بەكمۇ ئادالەتسىزلىك بولىدۇ... ئۇنىڭسىزمۇ ئۇرغان ئاھلىرىم، دەريا - دەريا ياش تۆككەنلىرىم ئازمۇ؟ شاھ مەشرەپ ئەۋلىيامۇ شەرىئەتكە مۇخالىپ گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن ئىكەنغۇ؟① بىراق، ئۇنىڭ تۆككەن ياشلىرىنى كۆرۈپ، سەن ئۇنى كەچۈردۈڭ، بەندەم دېدىڭ!... فىرئون خۇدالىق داۋاسى قىلىپ، بۇ دۇنيالىقنى تىلىگەندە②، سەن ئۇنىڭ تىلەكلىرىنى مەقبۇل ئەتتىڭ!... مەنمۇ سەندىن بۇ دۇنيالىقمنى سوراي... مېنىڭ گۈلزىبارىمنى قايتۇرۇپ بەر!... توغرا، مەن بىر گۇناھكار بەندە!... بىراق، سېنىڭسىز تاپانغا تىكەن سايمايدىغۇ... دۇنيادا ھەممە مەخلۇقاتنى ياخشى - يامان قىلىپ ياراتقۇچىسەن، ھەربەندەڭنىڭ لېيىنى قۇرۇپ، ئۇرۇش، ئارقىغىنى ئۆرۈپ، جان ئاتا قىلغاندا، قىسمەت - كەچمىشىنى پېشانىسىگە

① رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، شاھ مەشرەپ پانىغا تۆرەلمەسىنىڭ ئالدىدا، ئاللاھ ئۇنىڭ روھىنى ياراتقانىكەن. مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز كارامەت كۆرۈپ، ئۇنى مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس، ئۇ گۇناھقا پاتقان بەندە، دېگەندە، ئاللاھدىن ۋەھى كېلىپ: «ئەي مۇھەممەد، ئارقاڭغا قارا، نېمە كۆردۈڭ؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبىرىمىز: «چەكسىز كەتكەن سۈنى كۆردۈم» دېگەن. ئاللاھ: «مانا بۇ مەشرەپنىڭ مەن ئۈچۈن تۆككەن ياشلىرى» دېگەنىكەن.

② رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، فىرئون: «مەن بولسام خۇدا، ئىبراھىم ئەلايھىسسالامنىڭ خۇداسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ جاكارلىغان ۋە يىنھان پەردە: «ئاھ خۇدا، مېنى قوۋمىم ئالدىدا شەرمىسار قىلما، مەن سېنىڭدىن بۇ دۇنيالىقمنى تىلەي...» دەپ ياش تۆكۈپ، ئىلتىجا قىلغان. ئاللاھ ئۇنىڭ تىلىكىنى مەقبۇل ئېتىپ، پەرىشتىلەرگە دەريادىكى بېلىقنى پەلەككە ئېلىپ چىقىپ تۇتۇپ بېرىشنى بۇيرۇغان. فىرئون پەلەككە قارىتىپ ئوقيا ئوقىنى ئۈزگەندە، ئاسماندىن قان تۆكۈلۈپ چۈشكەن. شۇ چاغدا بېلىقنىڭ بويىنى كېسىلگەنلىكى ئۈچۈن، شەرىئەتتە بېلىقنى بوغۇزلىماي يېيىش بۇيرۇلغانىكەن.

پۇتۇۋەتكەنمۇ ئۆزۈڭ تۇرساڭ! مەندە نېمە نۇقسان؟ . . . بۇنداق ئاسىيلىق سېنىڭ بۇيرۇقىڭسىز بولامدۇ؟ مېنىڭ گۇناھلىرىم سېنىڭ ھۆكۈمىڭدىن تاشقىرى ئەمەسقۇ؟ . . . مەن دوزىخىي بولساممۇ، سېنىڭ بەندەڭمەن! . . .

ھېكمەت بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم-جىت قالدىيۇ، ياشلىرى توختىمىدى. ئۇنىڭ تىزلىرىغا قويۇۋالغان قوللىرى تىترەپ، مەيدىلىرى، بورىلار ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇ لىپمۇ لىپ ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن تورۇسقا قارىدى.

— ئاھ خۇدا، سەن ئاشۇ ناتىۋان قىزغا كىچىككىنە ھوما بېرىپ، تاغدەك ئازاپلارنى ئارتقىنىڭ نېمىسى؟ . . . ئۇنى ھەسرەت - نادامەت دەشتلىرىدە تەنھا قالدۇرغىنىڭ ئادىللىقمۇ؟ . . . بىلەمسەن، ئۇنىڭ ھەربىر كىرپىكىدە قان دەرياسى بار . . . ئەگەر ئۇنىڭ كىرپىكى يۇمۇلسا، جاھاننى توپان باسىدۇ! . . . سەن گۈلزىبانى ئۆز كارامىتىڭ بىلەن پەرىشتىدەك ياراتتىڭ . . . ئەمدى ئۇن گۈلنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغاندا، ئۇنى ئېلىپ كېتىمەن دېمىگىن! . . . نارەسىدە بالام تۇغۇلۇپلا ئانىسىز قالمىسۇن! . . . ئۇنداق باغرى تاشلىق قىلمىغىن . . . بىچارىلەرگە رەھىم ئەيلىگىن . . . ئەگەر سەن ئۇنىڭغا شاپائەت قىلساڭلا، مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا بىر ئۆمۈر دەرۋىش بولاي . . . مازايى - ماشايىقلاردا شەيخ بولۇپ، تاۋاپ قىلاي، ئەزىز بېشىم سەجدىدە ئۆتسۇن! . . . بىلەمسەن، ئۇنىڭسىز بۇ ھايات مەن ئۈچۈن پۇچەك پۇلغىمۇ ئەرزىمەيدۇ. سەن ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى تىللاغا توشتۇرۇپ بەرگىنىڭ بىلەنمۇ، مەن ئاشۇ باغرى يارىغا تەڭ قىلمايمەن! ئۇنىڭسىز كۆرگەن راھىتىم دوزاخ ئازابى بولىدۇ! . . . سەن ماڭا يەتتە جەننىتىڭنى ۋەدە قىلساڭمۇ، گۈلزىبا ئۈچۈن، ۋەيلۇن دوزىخىڭنى تاللىغان بولار ئىدىم . . . سەن ماڭا رەھىم قىلغىن . . . گۈلزىبارىمنى ھوشىغا كەلتۈر . . . ئۇنىڭغا ئۆمۈر ئاتا قىل! . . .

ھېكمەت توپا بورىغا پېشانىسىنى يېقىپ، ئىسسىت ئەيلىگەندەك باشلىرىنى چايقاپ يىغلايتتى. ئاللاھدىن گۈلزىبانى تىلەيتتى. دەرد - ھەسرەتلىرىنى تۆكۈپ، ۋەدە - ئەھدىلىرىنى بىلدۈرەتتى. ئاخىرى ئۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ، دوختۇرخانىغا قايتتى.

سىرتتا شىۋىرغان ھۇۋلايتتى، قار ئۇچقۇنلىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى، ھويلا، ئۆگزىلەردە نېمىلەردۇر تاراقلايتتى. تېلېگراف ستولبىلىرىدىكى قويۇق سىملاردىن ھۇشقىتقاندەك، ئاچچىق چىرقىرىغاندەك ئاۋازلار كېلەتتى. كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. ئۇلار باشلىرىنى گەجگىلىرىگە چۆكۈرۈپ، ئاراڭلا مېڭىشاتتى. شىۋىرغان بەزىلىرىنى نەلەرگىدۇر ئالدىراتقاندەك يۈگۈرۈتسە، بەزىلىرىنى ئارقىغا ئىتتىرىپ، ماڭغىلى قويمايتتى. ھېكمەتكە سوغۇقمۇ تەسىر قىلمىدى. ئۇ بالىنىستقا كىرگەندە، بۇمەرەمخان، ماھىگۈل، نەبىلەر بار ئىدى. پېشانىسى يېشىل يۇڭ ياغلىق بىلەن ئورالغان گۈلزىبا كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۈپتۈز ياتاتتى. ئۇنىڭ ئوماق ھۆسنى پۈچۈلگەن بولۇپ، ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەنىدى. گەز باغلىغان لەۋلىرىدە قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى. ماھىگۈل ھېكمەتنىڭ توپا يۇقۇپ قالغان پېشانىسىگە قاراپ قويدى.

— ھېكمەت ئاكا، — دېدى ماھىگۈل پەس ئاۋازدا، — شەھەردىكى دوستلىرىڭىز كەپتىكەن. مۇرات ئاكام خېلى ئۇزۇن ساقلاپ، ھېلىلا كەتتى. كامىل ئاكام بىلەن نەفىسە ئاچام ئانىسىنى ئەكەلگەنىكەن، بەشىنچى ئۆيگە ئورۇنلاشتى. ئابلىز نەۋا سىزنىڭ جامەگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى...

ھېكمەت ئۈنچىقمىدى. ئۇ گۈلزىبانىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ ئۇزۇن قارىدى ۋە ئۇنىڭ يوتقاندىن چىقىپ قالغان جانسىز قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، كۆزلىرىگە، يۈزلىرىگە ياقتى. ماھىگۈل، نەبى ئۇنىڭ قېشىدا قاراپ تۇراتتى. ئورۇندۇقتا چۆكۈپ ئولتۇرغان بۇمەرەمخان ھېكمەتكە تىكىلىپ قارىيالمىدى.

— گۈلزىبا، — دېدى ھېكمەت مىسكىن ھالەتتە، — مەن ئاللاھقا تاۋاپ قىلدىم... ئۇنىڭدىن سىزنى تىلىدىم... ئۇ مەندەك بىر بىچارە مۇساپىرنىڭ تىلەكلىرىنى مەقبۇل ئەتسە، ئەجەپ ئەمەس... گۈلزىبا، سىز مېنى بۇنداق يالغۇز تاشلاپ كەتمەڭ!... مېنىڭ تەنھا قالغىنىمدىن، سىز بىلەن كەتكىنىم تۈزۈك... سىز غۇلجىلارغا بارايلى، قاباھەتلىك چۈشلەرنى ئۇنتايلى دېگەن ئەمەسمىدىڭىز؟... بىلىمەن،

سىزگە ئۇلار بەك ئۇۋال قىلدى، — ھېكمەتنىڭ ياشلىرى بىردىنلا تۆكۈلدى، ماھىگۈل، نەبىلەرمۇ يىغلىۋەتتى، — بەختىڭىزنى، ئۆمرىڭىزنى نابۇت قىلىپ، كۆپ خورلۇقلارنى سالدى... بۇ خورلۇقلارنى ئىچىڭىزگە يۇتۇپ، ئۇششۇك تەگكەن ياپراقتەك قۇرۇپ كەتتىڭىز... بۇ ۋاپاسىز دۇنيا شۇنداق ئىكەن، ياخشىلار خورلىنىدىغان، يامانلار شادلىنىدىغان!... سىز ھەممىگە كۆيۈمچان ئىدىڭىز... قېرىنداشلىرىڭىزغا شەپقەت قىلاتتىڭىز... كۆڭۈل ئاياتتىڭىز... بىھۇدە بىر كىمنىڭ دىلىنى رەنجىتمەيتتىڭىز...

ھېكمەت گۈلزىبانىڭ قولىنى ئاستا يۆگەپ، پېشانىسىگە ئالقىنىنى قويدى. ئۇ گۈلزىبانىڭ ئىسسىتمىسىنىڭ ئۆرلەۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— گۈلزىبا... گۈلزىبا؟... — ھېكمەت كۆزىدىكى ياشلارنى سۈرتمەي، گۈلزىباغا ئېڭىشتى، — قاراڭا، ئامراق سىڭلىڭىز ماھىگۈل، ۋاپادار ئىنىڭىز نەبىلەر سىزگە قاراپ تۇرىدۇ... ئانىڭىزمۇ يېنىڭىزدا...

گۈلزىبانىڭ كىرپىكلىرى مىدىرلىدى. ئاندىن ئۆزىمۇ ئاستا تەۋرىنىشكە باشلىدى. ئۇ بىردىنلا جۆيلىگەندەك نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلىدى-دە، بىردىنلا زەئىپ ئاۋازدا ھېكمەتنى چاقىردى. ھەممەيلەن كارىۋاتقا ئېڭىشىپ، گۈلزىباغا قاراشتى.

— ھېكمەت... ھېكمەت... سىز... سىز قېنى؟ — گۈلزىبا كۆزىنى ئېچىپ قوللىرىنى يوتقاندىن چىقاردى، — ھېكمەت... بالام... بالام قېنى؟ ...

— مەن بۇ يەردە... گۈلزىبا مېنى كۆرۈۋاتامسىز؟ — ھېكمەت ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، — مەن... مەن بالىنى ئەكىرەي... ھازىرلا...

ھېكمەت يۈگۈرۈپ چىقىپ، سېستىراغا ئەھۋالنى ئېيتتى ۋە بوۋاق بالىلار ياتقۇزۇلغان ئۆيگە كىرىپ، زاكىلانغان بالىنى كۆتۈردى-دە، ئۇنى بالىنىستقا ئېلىپ كىردى.

— قاراڭ گۈلزىبا، ئوغۇل تۇغدىڭىز... سىزگە مۇبارەك بولسۇن! ... — ھېكمەت بوۋاقنى يېقىن ئېلىپ كەلدى، — سىز ئوغۇل تۇغسام، ئىسمىنى ئەزىمەت قويايلى دېمىگەنمىدىڭىز... مانا بۇ كىچىك ئەزىمەت.



— ئەزىمەت... بالام!... — گۈلزىبانىڭ ياشلىرى كۆز جىيەكلىرىدىن ئېقىپ ياستۇققا تۆكۈلدى، — سەن... سەن... داداڭدەك... ۋاپادار... كۆيۈمچان... ئاق كۆڭۈل... دىيانەتلىك ئادەم بول... سېنىڭ داداڭ... بەكمۇ... ياخشى... ئادەم!...

گۈلزىبا ماغدۇرى كەتكەن قوللىرىدا، بوۋاقنىڭ قىپقىزىل، يۇملاق يۈزلىرىنى سىيلىدى. بالىسىغا خۇنى كەتكەن گۇنسىز كۆزلىرى بىلەن تويماي قارىغانسېرى، ئۇنىڭ ياشلىرى جىنەستىدەك تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇ ماھىگۈل، نەبىلەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ: «سىلەر قانداقمۇ قىلارسىلەر؟...» دېدى ـ دە، قوللىرى يوتقان ئۈستىگە لاسسىدە چۈشتى. گۈلزىبا مۆلدۈرلەپ تۆكۈلۈپ تۇرغان ئانىسىغا قارىدىيۇ، گەپ قىلمىدى.

— ھېكمەت... ھېكمەت... بېشىم... بېشىمنى... — گۈلزىبانى يۆتەل بىللە ھۆ قىستاپ كەلدى. ھېكمەت گۈلزىبانىڭ بېشىنى كۆتۈرۈشى بىلەن، ئۇ قان قەي قىلدى. ئاپئاق داستا تۇگۇر ـ تۇگۇر، قىپقىزىل قان ئۇيۇتمىلىرى لىغىرلاپ تۇراتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن قاتتىق كەلگەن ھۆدىن ئۇنىڭ نەپسى قىستاپ، ھاسىراپ كەتتى. ھېكمەت ھالىدىن كەتكەن گۈلزىبانىڭ ئاغزىلىرىنى چايقاتقۇزۇپ، قان يۇقىلىرىنى سۈرتۈپ، ياتقۇزۇپ قويدى.

— ئۇھ، كۆكسۈم يېنىكلەپ قالدى... — گۈلزىبا زەئىپ شىۋىرلىدى، — ھېكمەت ئا... ئانامغا ... گېپىم... گېپىم بار ئىدى.

ھېكمەت گۈلزىبانىڭ يۈزىنى سىلاپ قويۇپ، بالىنى ئۇنىڭ يېنىغا ياتقۇزدى ـ دە، كارىدورغا چىقىپ كەتتى. بۇمەرەمخان كارىۋاتقا كېلىپ، قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىنى باش رومالىنىڭ ئۇچىدا سۈرتۈپ ئولتۇردى. ماھىگۈل بىلەن نەبى ئاچىسىنىڭ باش تەرىپىگە كېلىۋالغانىدى. سۆتتەك ئاقىرىپ كەتكەن گۈلزىبا قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالىدى. دەممۇ دەم دېمى كېسىلىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۈزۈلۈپ قالاتتى.

— ئانا... يىغلىماڭ... مېنىڭ ۋاقتىم... كۆپ قالمىدى... سىز... نادان... نادانلىقىڭىزدىن... بولدىلا، بۇ... گەپلەرنى

قىلىپ نىمە قىلاي؟... سىز... مىنىڭ يەنىلا ئانام!... كۆپ... دەرد چەككەن... ئانام!... ئانا بۇنى... — گۈلزىبا ياقا چىكىدىن چىمچىلاق قولىدىمۇ كىچىك قەلەمتىراشنى چىقاردى، — بۇنى ئىلىڭ!...

بۇمەرەمخان قىزىنىڭ بىشىنى كۆتۈرۈپ، قىزىل يىپەك باغلىق قەلەمتىراشنى چىقىرىۋالدى. ماھىگۈل، نەبىلەر ئىنتايىن نەپىس ھەم نازۇك پارقىراپ تۇرغان قەلەمتىراشقا ھەيران بولۇپ قاراشتى...

— بۇ... ھىكمەتنىڭ دادىسىنىڭ... چەت ئەلدە... مۇساپىر بولۇپ... يۈرگىنىدە... ساقلىغان تەۋەررۇكى... ئەزىمەت يىشىغا... توشقاندا... بوينىغا ئىسىپ قويۇڭ... ماھىگۈل، نەبى! — گۈلزىبا ئىككى ئۆكىسىنىڭ قولىنى تۇتتى، — سىلەر... بۇنى... كۆردۈڭلار... (گۈلزىبا ھاسىراپ بىردەم توختىۋالدى) گۈلرۇز... ھەرگىز بىلمىسۇن... نەبى ئۇكام... سىنى ئاخىرىغىچە... ئوقۇتارمەن... دىگەنىدىم... كەچۈر مىنى... سەن ئوبدان بالا بولدۇڭ... ماھىگۈل ئاچاڭ... ياۋاش... ئەگەر مىنى خاتىرجەم ياتسۇن... دىسەڭ، ئۇنى ئاسرا، ئۇكاڭ ئەزىمەتنى قاتارغا... قات... ئۇھ ۋاي... ئۇمۇ گۈلرۇزنىڭ... خورلۇقلىرىغا... قالمىسۇن!...

— ئاچا، ئۇنداق دىمە، سەن... سەنلا ماڭا كۆيۈنەتتىڭ، — نەبى ئاچىسىنىڭ بوينىغا ئىسىلىپ ئىسەدەپ - ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى،— مەن... مەن... ئەمدى قانداق قىلىمەن؟... ياق، ياق، سەن مىنى تاشلاپ كەتمىگىن!... سەن كەتمىگىن، ئوبدان ئاچا!...

— ئاچا... ئاچا!... — ماھىگۈل قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى. گۈلزىبانىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرى ئاستا - ئاستا ئىچىلدى، — جىنىم ئاچا... سىنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغىنى دادام بىلەن گۈلرۇز... مەن... بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇلمايمەن...

— قىزىم گۈلزىبا، — بۇرەمخان تۇنجى قىتىم ئىغىز ئاچتى، — سىزگە مەن زامىن بولدۇم... مىنى ئەپۇ قىلىڭ... مەنمۇ سىز...

بۇمەرەمخاننىڭ گىپى ئۈزۈلدى. گۈلزىبا مەيدىسىنى تۇتقىنىچە بەكمۇ ئاجىز ھەم قىيىن يۆتەلدى ۋە ئارقىدىنلا ھوش بولۇپ، داسقا قان ياندۇردى،

ئۇلار ئۇيۇر - تويۇر بولۇشۇپ كەتتى.
— ئانا، — دېدى گۇلزىبا بىر ھازاجىمجىتلىقتىن كېيىن، — ئەزىمەت ئىككى - ئۈچ ياشلارغا كىرگەندە، دادىسىغا بېرىلك... گۇلروز ئۇنىڭغا... قەست قىلىپ... قويمىسۇن... ماھىگۇل سىزنى... ھېكمەت ئاكىڭىز... ئۇرۇمچىگە... ئوقۇشقا ئەۋەتكۈچە، ئۆيگە كەلمەڭ... كەلسىڭىزمۇ قونماڭ... نەبى ئۇكام... سىنى ھېكمەت... ئاكاڭ... بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ... ئۇنى تاشلىۋەتمە... گەپلىرىمنى ئۇقالىدىڭمۇ؟
— ئۇقتۇم... ئۇقتۇم ئاچا، — نەبى يامغۇردەك تۆكۈلۈپلا تۇراتتى، — ھەممە گەپلىرىڭنى كۆڭلۈمگە پۈكۈۋالدىم... ئەزىمەتنى بىر كىمگە خار قىلدۇرسام، ئادەم بولماي كېتەي... ئۇنى ئۆزۈم چوڭ قىلىمەن...
— ئانا... ھېكمەت... ئوغلىنى كۆرگىلى كەلسە... ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىڭلار... ئۇ باھاسىز... — گۇلزىبا ھوشىدىن كەتتى.
— گۇلزىبا!... گۇلزىبا!... — بۇمەرەمخان ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى، — جېنىم قىزىم، كۆزىڭىزنى ئېچىڭا...
ماھىگۇل، نەبىلەرمۇ چۇرقۇرۇشۇپ ئاچىسىغا ئېسىلدى. كارىدوردا ئايلىنىپ يۈرگەن ھېكمەت ئۈچقاندەك كىرىپ كەلدى. بۇ قېتىم گۇلزىبا ئۇزۇنغىچە ھوشىغا كەلمىدى. ھېكمەت دوختۇرنى چاقىرىپ كەلدى. دوختۇر گۇلزىبانىڭ تومۇر سوقۇشى، يۈرەك ئۇرۇشى، كۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بېشىنى ئېغىتتى.
— مەن سىلەرگە تۈنۈگۈنلا ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار دېمىگەنمىدىم؟ — دېدى دوختۇر ئېغىر تىنىپ.
— دوختۇر، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىسەم بولارمۇ؟ — دېدى ھېكمەت ئۈمىد بىلەن...
— ئىختىيارىڭىز، لېكىن ئايالىڭىزنى قىينىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ — دوختۇر خاپا بولغانىدى، — ئەڭ ياخشىسى، ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ، بىرنەچچە كۈن ئوبدان بېقىۋېلىڭ...
دوختۇر چىقىپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭ ھېكمەتنىڭ بەك بىچارە ھالىتىگە ئىچى ئاغرىغان بولسا كېرەك، سېستىرانى كىرگۈزگەنىدى. ئۇ

گۆلزىبانىڭ بىلىكىگە ئوكۇلدىن بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ، ھېچكىمگە قاراپمۇ قويماي، تەخسىلەرنى يىغىشتۇردى. سىپتىرا چىقىپ كېتىپ بىر چاغدىلا، گۆلزىبا زەئىپ ئىڭراپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ يېنىدا تۇرغان ھېكمەتنى تونىدى. باشقىلارنىمۇ خىرە - شىرە كۆردى ۋە «چارچاپ كەتتىم» دەپ شىۋىرلىدى - دە، كۆزلىرىنى يۇمدى.

تۈن نىسپى بولۇپ قالغانىدى. گۆلزىبا تېخىچە ئېغىر تىنىپ بىھوش ھالەتتە ياتاتتى. سىرتتا شىۋىرغان توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھېكمەت بالىنىستتىن چىقىپ، دوختۇرخانا پەلەمپىيىنىڭ سوپىسىدا ئولتۇردى. ئۇ گۆلزىبانى دوختۇرخانىغا يۆتكىگەن بىر ھەپتىدىن بېرى، تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قالغانىدى، كۆنلەپ تاماق يېمەيتتى، ھەر دەقىقە ۋە مىنۇتلىرى ۋەھىمە، ئەندىشە، قورقۇنچ بىلەن ئۆتەتتى. بولۇپمۇ دوختۇرلارنىڭ: «روھىي جەھەتتىن ياخشى بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، كېسەل ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قايىت زادىلا كەتمىدى. ئەگەر ئۇ ئاشۇ لەنتى پۇلنى ئالمىغان بولسا، كېرىموف ھەم جامال توختىلار ئۇنچىۋالا ھىيلە - نەيرەڭ، سۇيىقەستلەرنى ئىشلىتىپ، ھەددىدىن ئاشمايتتى. گۆلزىبامۇ بۈگۈنكىدەك ئەجەل چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالمايتتى. قايىت گۆلزىبانى قۇربانلىق قوي قىلىدىغان چاغدا، ئۆچكە ياغلىرىنى ئېرىتىپ، «ۋاي قىزىم» دەپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى بىر قېتىم كېلىپ قويۇشقىمۇ يارىمىدى. بۇنداق ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش مىزانىدا، ئاتا - بالىلىق، ئەر - خوتۇنلۇق، قېرىنداشلىق مېھرى ئەسلا بولمايدۇ... پەقەت پۇل، مەنپەئەت، پايدىلا ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئېتىقادى بولىدۇ.

ھېكمەت قايىتنى نەپرەت بىلەن ئەسكە ئېلىپ ئولتۇرغان مۇشۇ جۇدۇنلۇق كېچىدە، قايىتمۇ ھېكمەتنى پۇشايمان ئىلكىدە ياد ئەتمەكتە ئىدى...

... ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان قۇرۇم كۆلىدە ئۈچ قارا كۆلەڭگۈ دوڭغايغىنىچە، ھاسىراپ - ھۆمۈدۈپ شىۋىرغانغا قارشى بىر نەرسىنى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. بويىدىن پۇتىغىچە ئارغامچا بىلەن چىرماپ

باغلىنىپ، مۇز ئۇستىدىكى قاردا ئىز قالدۇرۇپ، سامان تىققان تاغاردەك سۆرۈلۈپ كېتىۋاتقان بۇ نەرسە — قايىت ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىغا بەلباغنى پۇرلاپ تىقىۋەتكەن بولغاچقا، كۆزى چەكچىيىپ، ئىنجىقلاشتىن باشقا ئاۋاز چىقىرالمايتتى. ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان قايىتنىڭ كۆڭلىدىن ھېكمەتنىڭ: «كېرىموف، جامال توختىلاردەك بۆرىلەرنى ئۆيۈڭگە باشلىدىڭ، ئۇلار ئەڭ ئاخىرى سېنى ۋەيران قىلىدۇ» دېگەن سۆزى زادىلا كەتمەيتتى. بۇ سۆز ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىنىپ تەكرارلىنىپلا تۇراتتى.

كېرىموف، جامال توختى، يەنە قانداقتۇر ساقاللىق بىر كىشى قايىتنى ئىتنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرىگەندەك، بېلىقچىلار بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن چانىغان كاشكول قېشىغا ئەپكىلىشتى. كاشكولنىڭ يۈزىدە ئانچە نېپىز بولمىغان مۇز قاتقانىدى. بوغۇزلىنىش ئالدىدا گوداڭغا ئېلىپ كېلىنگەن كالىدەك، قايىتنىڭ بېشى چوڭقۇر كاشكولغا ساڭگىلىغاندا، ئۇ ھېكمەتنىڭ سۆزىنى يەنە ئەسلىدى. ئۇ ئىنجىقلايتتى. بۇلجىناتتى، سىلكىنەتتى. . .

— ئاغزىدىكى لاتىنى ئېلىۋېتىڭلار. ئەمدى ۋارقىرىسىمۇ ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ، — دېدى جامال توختى ھاسىراپ، — بۇ دېگەن كۆلنىڭ ئوتتۇرىسى. . .

ساقاللىق قايىتنىڭ ئاغزىدىكىنى كۈچەپ بىرلا تارتىۋىدى، ئۇزۇن كىر بەلباغ چۇۋۇلۇپ چىقتى. قايىت جالاقلاپ تىترەيتتى. ئىنجىقلاپ، نېمىلەرنىدۇر غۇدۇرايتتى. كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ كاشكولغا قارايتتى ۋە بوينىنى تولغاپ، ئۈچ ئەزرائىلغا يالۋۇرغاندەك تەلمۈرەتتى.

— قېنى ئەمىسە تاشلايلى. . . — دېدى جامال توختى ئاستا ئەمما سۇرلۇك بۇيرۇق قىلىپ، — بۇ مۇتىھەمنىڭ چىرىك مۇردىسى بېلىقلارغا يەم بولسۇن.

— جېنىم ئاكىلار، مېنى ئۆلتۈرمەڭلار، پۇلۇڭلارنى تۆلەي. . .

ئۇلار قايىتنىڭ چىرقىراش، قىرقىراش، جان ئاچچىقىدا يىغلاشلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۇنىڭ پۇت، بەل ۋە ساغرىلىرىغا چىرمالغان ئارغامچىدىن قاماللاپ، بېشىنى كاشكولغا ئۇستۇرۇۋىدى، بىر قات تۇتقان مۇز چاراسلاپ

سۇندى. ئۇ قانچە تىپىرلاپ، باشلىرىنى قاچۇرغان بولسىمۇ، يىلاندەك چىقىشۋاتقان سوغۇق سۇغا بويىنىغىچە پېتىپ كەتتى، سۇ بېتىگە بۇلدۇقلاپ كۆپۈك ئۆرلىدى. . . قايىتنىڭ بېشى سۇ ئىچىدە تۇنجۇقۇپ تۇرۇقلۇقمۇ، ھېكمەتنىڭ سۆزىنى ئەسكە ئېلىشقا يەنە بىر قېتىم ئۈلگۈردى.

قايىت تارتىشۋىلىندى. باش، يۈز، بويۇنلىرىدىن شۇرقىراپ تۆكۈلگەن سۇ مۇز ئۈستىگە چۈشە ـ چۈشمەيلا توڭلاپ قاتماقتا ئىدى. شىۋىرغان ئېلىپ قاچقان تامچىلار نەلەردىدۇر تورۇكلاپ مۇز ئۈستىگە چۈشەتتى. قايىت: «ۋۇ، ۋۇ. . . ۋۇ. . .» دېگىنىچە، جالاقلاپ تىترەپ، يىغلاپ سالدى.

— جېنىم تۇغقانلار. . . قانچىلىك دېسەڭلار. . . مەن. . . مەن. . . تۆلەپ بېرەي. . .

— ھە قېنى سۆزلە، ئىپلاس. . . — دېدى ئەمىلىدىن، ئىككى يۈز يۈەن پۇلىدىن ئايرىلغان جامال توختى غەزەپ بىلەن، — خىيالىڭدا سەن مېنى مۇشۇنداقلا بولدى قىلىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟. . .

— گەپ قىل قىمارۋاز بەڭگى. . . — كېرىموف قايىتنىڭ بېقىنىغا بىرنى تەپتى، — مېنى قۇرۇق ئۈستەڭگە مىراپ قىلىپ، قانچىلىك ۋەيران قىلىۋەتتىڭ؟. . .

— جېنىم ئاكىلار. . . ئۇز جامال توختى، ئوبدان كېرىموف، — قايىتنىڭ ئېڭەكلىرى كاسىلداپ، ھۆكۈرەپ يىغلاپ، يالۋۇرماقتا ئىدى، — سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارنى ھەسسىلەپ قايتۇراي، خوتۇنۇم، قىزىم لازىم بولسىمۇ بېرەي. . . مېنى ئۆلتۈرمەڭلار. . .

— ھەي سولامچى، ئۆلەرمەن قېرى خوتۇنىڭ كىمگە لازىمكەن؟ — دېدى جامال توختى قايىتنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ، — گۈلرۇزۇڭمۇ شەھەردە ۋەتۈەرىكى چىقىپ كەتكەن شاپاقچى تۇرسا. . .

— ما. . . ماھىگۇل. . .

— ماقۇل، ساتامسەن، تۇتۇپ بېرەمسەن، نېمە قىلساڭ قىل. . . پۇلنى قاچان قايتۇرىسەن؟ — دېدى كېرىموف ئۆتۈكىنىڭ ئۇچىدا قايىتنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ، — لېكىن بىزنى پەللەيمەن دېمە، بۇ قېتىم جاھاننىڭ

ئۇ چېنىگە قاچساڭمۇ، جېنىمىزنى تىكتۇق...

— ئۇزۇن كۈن مۆھلەت بېرىڭلار...

— بولمايدۇ... — دېدى جامال توختى، — ساڭا ئەتىيازدا، يازدا بىر ۋاقىت بېرىپ بولغان...

— ئەمىسە بىر، بىر ھەپتە...

— بىر ئېغىز گەپ — ئۈچ كۈن ئىچىدە تاپىسەن... — دېدى جامال توختى، — سېنىڭ غېمىڭنى يەيمەن دەپ تارتقان زىيىنىم ئازمۇ؟... بىلەمسەن، مەن ھازىر ئىشىڭ باقىدىغان قاراۋۇل... ئەمدى سوتقا تۆلىگەن ئىككى يۈز يۈەننى سەندىن ئالمىسام، كىمدىن ئۈندۈرىمەن؟...

— شۇنچە نۇرغۇن پۇلنى ئۈچ كۈن ئىچىدە نەدىن تاپىمەن؟ رەھىم قىلىڭلار.

— بوپتۇ، بەش كۈن بولسۇن، — دېدى كېرىموف، — قانداق رەسمىيەت بىلەن قايتۇرىسەن؟...

— سوتنىڭ قارارى بويىچە...

— پوق يەپسەن، مەن ساڭا تۆت يۈز يۈەن ئەمەس، بىر مىڭ بىر يۈز يۈەن بەرگەن...

— ماقۇل... ماقۇل...

— ئۇ يەر، بۇ يەرگە قاترايدىغان، قاچىدىغان ئىشنى قىلساڭمۇ بولىدۇ، لېكىن گۆرلۈك كېپىنىڭنى تەييارلاپ قوي... سېنىڭ ئارقاڭدا سايە بارلىقىنى ئېسىڭدىن چىقارما، — دېدى جامال توختى قولىنى شىلتىپ...

— ھەددىم ئەمەس... ھەددىم ئەمەس...

ئۈچ كۆلەڭگە قايتىنى چالا-پۇلا يېشىۋېتىپ، قار تۇزانلىرى قاپلىغان چەكسىز مۇزلۇقتا غايىب بولدى. كاشكول يېنىدا لاللىيىپ ئولتۇرغان قايىت تۇيۇقسىزلا ھۆكىرەك ئېتىپ يىغلىۋەتتى.

— ئاھ خۇدا، ... ھېكمەت توغرا دەپتىكەن... ئۇلار مېنى ۋەيران قىلدى... ماڭا ئۆلۈم ھەق...

قايىت قار، مۇز، شىۋىرغانغا ھەمراھ بولۇپ، قاراڭغۇلۇقتا پاتقان

قورۇم كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ، ھېكمەتنى ئەسلەۋاتقان بۇ پەيتتە، ھېكمەت دوختۇرخانا سۇپىسىدا شۇمشىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ياش تۆكۈۋاتاتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئېچىلغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. يېنىدا ماھىگۈل تۇراتتى.

— ھېكمەت ئاكا، ئاچام ھوشىغا كەلدى، ئۇ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى چاقىرىۋاتىدۇ.

ھېكمەت ئەندىشە ۋە قورقۇش ئارىلاشقان تۇيغۇ بىلەن بالىنىستقا ناھايىتى تېز كىردى. ئاچىسىنىڭ ھېكمەتكە دەيدىغان گەپلىرى بارلىقىنى بىلگەن ماھىگۈل، ئانىسى بىلەن نەبىنى شەرەت ئارقىلىق سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— مېنى يۆلەڭ! . . . — گۈلزىبا ئاڭلىنار - ئاڭلانماس شىۋىرلىدى.

ھېكمەت گۈلزىبانى ئاستا ئاۋايلاپ تۇرغۇزدى. گۈلزىبا ئېرىنىڭ مەيدىسىگە يۆلىنىپ بىلەكلىرىگە بېشىنى قويدى. ئۇنىڭ ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەنىدى، ئۆزى جالاقلاپ تىترەۋاتاتتى. ھېكمەت يوتقاننى تارتىپ يۆگەپ قويدى.

— ئەجەپ. . . مۇز. . . مۇزلاپ. . . كەتتىم. . . مېنى قۇچاقلاڭ. . . رەھمەت. . . توۋا. . . ئويلىسام. . . سىزگە جاپايىمنى. . . سىلىپلا كەپتىمەن! . . .

— ئۇنداق دېمەڭ. . . سىزلا ساقىيىپ قالسىڭىز. . . — ھېكمەتنىڭ يېشى گۈلزىبانىڭ مەڭزىگە تامچىلاپ چۈشتى.

— ئۇھ. . . يامغۇر. . . يېغىۋاتىدۇ. . .

— ھەئە. . .

— بالا. . . بالىچۇ؟ . . . ئەزىمەت؟ . . .

— يېنىڭىزدا ئۇخلاۋاتىدۇ. . .

گۈلزىبانىڭ كۆزلىرى ئوچۇق تۇرسىمۇ كۆرمەيۋاتقاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ خىلىلا ئوڭلىنىپ قالغاندەك، سۆزلىرى راۋان ئىدى. «جان سەكراتىدا، كىيسەل ئادەمنى ئالدايدۇ. . .» دېگەن سۆزنى يادىغا ئېلىپ، ھېكمەتنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ بىر قولىنى

نەگىدۇر ئۆزىتاتتى، يەنە جايىغا قوياتتى. نېمىنىدۇر بىرنەرسىنى ئالماقچى بولاتتى، ئالالمايتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ قولىغا «ئۇسسىدىڭىزمۇ» دېدى. ئۇ زەئىپ ھالدا: «چېچىم... چېچىم...» دېدى. چوڭ ئىككى ئۆرۈم ئۇزۇن چاچ گۈلزىبانىڭ بىر يېرىگە پاتقان بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىغان ھېكمەت ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئاستا سۇغۇرۇۋېلىپ، مەيدىسىدىن تۆۋەنرەك يەرگە قويۇپ قويدى. گۈلزىبا چاچ ئۇچىنى سىيلاپ، چوڭ تىرناقتەك ئۇچ قىرلىق قىزىل تۇمارنى تۇتتى ۋە ھېكمەتكە ۋالىلدە قاراپ: «يېشىڭ!» دېدى. ھېكمەت تۇمارنى يېشىپ ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. گۈلزىبا ئالقانلىرىنى يۇمۇپ كۆلۈمسىرىدى.

— ھېكمەت... بۇ ئاق كۆڭلىكىم... يارىشىپتىمۇ؟... دوختۇرخانىغا ئېلىپ... كىرگەن... كۆنىڭىز... ئالماشتۇرۇۋال- غانىدىم.

— يارىشىپتۇ...

— سىز... ئىگەچى باغچىسىدا... «ئاق پاكچۇ ئۇچاسىدا»... دېگەن ناخشا... ناخشا ئېيتقان... ئىدىڭىز...

— شۇنداق! — ھېكمەتنىڭ ياشلىرى توختىماي تۆكۈلۈۋاتاتتى...

— ھېكمەت، ھېلىقى... ھېلىقى... «مەن بىر قىزنى...» دېگەن... ناخشىڭىزنى... ئېيتىڭا... ئۆتۈنەي... بۇ... بۇ ئاخىرقى... تەلپىم... ئەمدى سىزنى... ھەرگىز ئاۋارە... قىلمايمەن!...

ھېكمەت كۆز ياشلىرى تۆكۈلگەن ھالدا، تولىمۇ ئاستا ھەم بوغۇق، تۆۋەن ئاۋازدا ناخشىسىنى ئېيتتى:

مەن... بىر قىزنى ئۇچراتتىم... ئاي... دەك قاش... لارى...
كۆز... لىرىدە مۇھەببەت... يۈزىدە... مېڭى... بار!...

دەممۇ دەم بوغۇلۇپ، ئېسەدەپ تۇرغان ھېكمەت ناخشىنى غاراڭ -

غۇرۇك ئاۋازى بىلەن ئۇزۇپ - ئۇزۇپ ئېيتتى. ئۇنىڭ ياشلىرى يۈزىدىن يول - يول ئېقىپ، لەۋ سىزىقلىرىغا سىڭىپ، ئېڭىكىدىن تامچىلىماقتا ئىدى.

— ھېكمەت، مېنىڭ... قاشلىرىم... راستىنلا ئايدەك ئېگىلگەنمۇ؟...

— ھەئە...

— كۆز... لىرىم... چىرايلىقمۇ؟...

— چىرايلىق...

— خالىمنى... ياخشى... ياخشى كۆرەمسىز؟...

— ياخشى كۆرىمەن!...

گۈلزىبانىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا كۆزلىرىنى پاللىدە ئېچىپ، ھېكمەتكە قارىدى.

— ھېكمەت... ھېكمەت... توي... توي خېتى!...

ھېكمەت توي خېتىنى دەرھاللا يانچۇقىدىن ئېلىپ بەردى. گۈلزىبا ئۇلۇشكۇن ئىسسىتمىسى ئۇرلەپ كەتكەندە، جۆيلۈپ: «توي خېتى... مېنىڭ توي خېتىم بار... قېنى توي خېتىم؟...» دەپ قاتتىق ۋارقىرىغانىدى. ئۇ ئارقىدىنلا ناھايىتى تېز: «بالام ھاراملىق ئەمەس... ھاراملىق دېمەڭلار... گۈلرۇز ئۇنى ئېلىپ كەتمە... نېمىشقا بوغۇسەن...» دېگەندەك قالايمىقان سۆزلەرنى قىلىپ بىئارام بولۇپ كەتتى. شۇ چاغدا، ماھىگۈل ئاچىسىنىڭ چامادانىدىن توي خېتىنى ئېلىپ كەلگەنىدى...

گۈلزىبا توي خېتىنى مەيدىسىگە بېسىپ، ھېكمەتنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋالدى ۋە كۆزلىرىنى يۇمۇپ، جىمىپ قالدى. ئۇ يۇقىرىغا تىنىۋاتاتتى. نەپەس ئېلىشى بەكمۇ تەسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ھەر قېتىم تىنغاندا، ئېڭىكى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ چۈشەتتى.

— ھېكمەت... — گۈلزىبانىڭ قويۇق، قايرىلما كىرپىكلىرى نەملىك ئىدى، — نەگە... نەگە... نەگە كەلدۇق؟... تېخى... يېتىپ كەلمىدۇقمۇ؟...

ھېكمەت ئەندىكىپ دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمىدى. ئۇ گۆلزىبانىڭ ئۆزىنى كۆڭۈللۈك سەپەر ئۈستىدە دەپ بىلىۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ يەتكىنىدە، يۈرەك - باغرىنى بىرسى سۇغۇرۇۋالغاندەك ئازاپلاندى.

— ئاز قالدۇق!...

— قاراڭ... ئېلىنىڭ... تاغلىرى... گۆلزىبا خېلى ئۇزۇنغىچە نەپەس ئالالمىدى، — بۇ... بۇ... سايرامىمۇ؟... پاھ... ئەجەپ... چىرايلىق...

— ھەئە، ئەجەپ چىرايلىق!...

گۆلزىبا جىمىپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆز قۇيرۇقلىرىدىن ياشلار سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى. ھېكمەت گاراڭلا بولۇپ قالدى. ئۇ ياشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمايتتى. گۆلزىبانىڭ قىيىلغان تال - تال قاشلىرى، قايرىلغان ئەگمە كىرپىكلىرى، تەرتىپسىز تورزىغان قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرى، رەڭ كەتكەن لەۋلىرى، تاتارغان يۈزلىرى، قانداقتۇر سىرلىق بىر نۇر ئىلكىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. توپا قونۇۋاتقان بادام قاپاقلىرى ئەجەلنىڭ ئۇنىڭغا سوغۇق قوللىرىنى سۇنۇۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. بىراق ئەزرائىلنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىپ خوۋلۇق كۆرمىگەن، بالىسىغا قانمىغان... مۇرادىغا مۇيەسسەر بولالمىغان، كۆپ ئازاب - ئوقۇبەتلەر يۈكىنى ئارتقان بۇ مەسۇم سەنەمنىڭ جېنىنى ئېلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك ئىدى، گۆلزىبانىڭ يۈرىكى ھېلىھەم ئالاڭغۇ سوقۇۋاتاتتى.

— ھېك ... مەت... ، — گۆلزىبا كۆزلىرىنى تەستە يېرىم ئاچتى، — بۇ... بۇ... تۇ... مارنى... ساقلاڭ...

گۆلزىبا ھېكمەتكە قاراپ كۈلدى... شۇ كۈلگەنچە، قوللىرى ھېكمەتنىڭ تۇمار تۇرغان ئالقانلىرىدىن سىيرىلىپ، كۆرپىگە چۈشتى ۋە كۆز قارىچۇقلىرى قېتىپ قالدى!...

— گۆلزىبا... گۆلزىبا!... — ھېكمەت ئازابلىق توۋلىۋەتتى. بالىمۇ كۆڭلى تۇيغاندەك قىرقىراپ يىغلىۋەتتى، — گۆلزىبا!... ئاھ

گۈلزىبا!... مېنى ئۆمۈرلۈك داغدا قويدىڭىز...

بۈمەرەمخان، ماھىگۈل، نەبىلەر يۈگۈرۈشۈپ كىرىشتى. ئۇلار كارىۋاتنىڭ بوزىلىرىنى چىشلەپ، گۈلزىبانىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ، ئۆزلىرىنىڭ مەيدىلىرىگە ئۇرۇپ يىغلاشماقتا ئىدى. ھېكمەت قۇچىقىدا جان ئۈزگەن گۈلزىبانى ئاۋايلاپ ئورنىغا ياتقۇزدى. گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ ئوڭ قولىنىڭ بېغىچىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. ھېكمەت ئۇنى ئەستە ئاجرىتىۋېلىپ، گۈلزىبانىڭ ئوچۇق قالغان قاپاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ، كۆزلىرىنى يۇمدۇردى. ئۇ گۈلزىبا سىقىمدىۋالغان توي خېتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئەدىيال بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى ياپتى...

— بۈمەرەمخان ئانا، — دېدى ھېكمەت غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن، — قايىت، گۈلرۇزلارغا ئېيتىپ قويسىلا، قىمارغا دەسمى قىلىدىغان، قەرزگە تۇتۇپ بېرىدىغان، سېتىپ خەجلەيدىغان، ئازاب سېلىش بەدىلىگە كۆڭۈل ئاچىدىغان گۈلزىبا ئەمدى يوق!... ئۇ ئارام ئالدى!... — ھېكمەت ساراڭلاردەك يىغلاپ، تۇرۇپ ۋارقىرىۋەتتى، — ئۇنى ئارام ئالغىلى قويۇڭلار!...

بۈمەرەمخان گۈلزىبانىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ، ئۇن - تىنسىزلا كارىۋات ئۈستىدە يېتىپ قالدى. نەبى بىلەن ماھىگۈل ئاچىسىنىڭ بويۇن، قوللىرىغا ئېسىلىپ، زار - زار يىغلىماقتا ئىدى.

— جېنىم ئاچا، — نەبى سىلكىنىپ، بوغۇلۇپ، ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلىماقتا ئىدى، — مېنى «كۆڭلىكىڭنى شالتاق قىلما!» دەپ ۋارقىرىغىنا، «نېمىشقا مەكتەپكە بارمىدىڭ؟» دەپ ئاچچىقلىغىنا! مېنى ئۇرغىن، تىللىغىن، لېكىن گەپ قىلغىنا... ئەمدى كىممۇ مېنى «ئۇكام نەبى» دەپ قىچقىرار؟... بېشىمنى سىيلار؟...

دوستلىرىم! قېرىنداشلىرىم!... كۆزلىرىڭىزدىن تۆكۈلگەن ياشلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىزىل ھەم رەڭدار؟ دەپ سورىماڭلار... ئۇ مېنىڭ يۈرەك قاتلىرىمدىن چىقىۋاتقان قان - زەرداپلار... مەن نېمە ئۈچۈن قان يىغلىماي؟... گۈلزىبا بۇ ئۆمۈر قىسسىسىنىڭ زىننىتى ھەم كۆركى

بولغان جەننەتنىڭ ئۈچ گۈلىنىڭ بىرسى ئىدى! . . . ھازىر ئۇنىڭ شېخى قايرىلدى! . . . ئەمدى ئۇنىڭ گۈلسىمان بەدىنى ئانا تۇپراقنىڭ باغرىغا قېتىلىپ كېتىدۇ! . . . باھار پەسلىدە، چىمەنزارلارغا ئاۋايلاپ قەدەم ئېلىڭ. . . چۈنكى ئۇ بىر ھۆرنىڭ قاش - كىرپىكلىرى! . . . تۆكۈلگەن چېچەكلەرنى چەيلىمەڭ. . . ئۇلار ئۇنىڭ گۈل يۈزى! . . . ياش سەرۋىلەرنى يىرماڭ. . . بۇ ئۇنىڭ نازۇك سىماسى! . . .

ئاھ گۈلزىبا! سەن مەخمەلدەك ئۇنغۇلى ۋادىسىنى باغاشلاپ ئۆتكەن كوراپ دەرياسىنىڭ كۆكۈلمەيدانلىق ساھىللىرىدا ئېچىلىدىغان بابۇنە گۈلىدەك نازۇك ھەم يېقىملىق قىز ئىدىڭ. . . سەن ئەمدىلا ئېچىلىپ، پۇراق چاچقاندا، ئادەملەر سېنى چەيلەپ يەنجىۋەتتى. . .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

گۈلزىبانىڭ يەتتە نەزىرىسى بولغان كۈنى، بىرنەچچە ساقچى كېلىپ، قايىتنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ تۇتۇپ كەتتى. قايىت بىر كەسىپىي ئوغرى بىلەن بىرلىشىپ، ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا ئوغرىلىققا چۈشكەنىدى. ئۇلار ترانسپورماتور، گېنېراتورلارنىڭ كاتۇشكىسىغا ئورۇلىدىغان مىس سىملارنى ئوغرىلاشتىن سىرت، يۇقىرى بېسىملىق توك سىمىنى كېسىپ، ئېتىز ئۇستىدىكى تۆت دانە ستولبىغا بېكىتىلگەن ترانسپورماتورنى بۇزۇپ چېقىپ، مىس سىم ئورالغان كاتۇشكىنى ئېلىپ كەتكەن. بۇ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان چوڭ ئوغرىلىق دېلوسى بولغاچقا، دېھقانلار تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، ساقچىلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇلارنى تۇتقانىدى.

ھېكمەت نەزىردىن كېيىن، ئوغلىنى بومەرەمخان ئانىغا تاپشۇردى ۋە بۇ ئائىلىنىڭ ئايلىق راسخوتىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى. گۈلرۇز بۇ چاققىچە بۇ ئۆيگە پۇل خەجلىمىگەنىدى. ئەمدىلىكتە، ھېكمەتنىڭ بالىسى بولغانىكەن، ئۇ تېخىمۇ قاتتىقلىق قىلاتتى.

ھېكمەت گۈلزىبانىڭ قەبرە بېشىدا بىر كېچە تۈنىگەندىن كېيىن، ئەتىسى سەھەردە، يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا قاراپ يول ئالدى.

# قايتقاندىن كېيىن. . .

قىشلىق تەتىل ئاخىرلىشىپ، ئوقۇش باشلانغىلى تېخى ھەپتىمۇ بولمىغانىدى، بىر كۈنى بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدە غەلىتە ئىش يۈز بەردى. ئوقۇغۇچىلار سائەت ئون بىر بولۇشى بىلەن، ئاخىرقى بىر سائەت دەرسكە كىرمەي، چوڭ يولغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئۇلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ، دەرۋازىدىن پاتماي چىقىشاتتى. سەنئەت گۇرۇپپىسىدىكى باللار داپ، راۋاب، ئىسكىرىپكىلىرىنى ئېلىپ چىققانىدى. ئوقۇغۇچىلار نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىشاتتى، كۈلۈشەتتى. ئوقۇتقۇش بىناسى گۈرۈستاندەك جىملىققا چۆككەنىدى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ ھېچنېمىنى بىلمەي، سىنىپ يوقلىما ژۇرناللىرىنى قولتۇقلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ھېچكىم ھېچكىمگە دېمەيتتى. ھېچنېمىنى ئۇقالمىغان زەيىندىن رېخىم نۇرىدىن سورىدى. ئۇمۇ: «گۇڭشېغا ۋەكىللەر ئۆمىكى كېلەمدىكى؟ ئىش قىلىپ، يۇقىرىدىن بىرەر رەھبەر كېلىدىغان ئوخشايدۇ. . .» دېگەندەك مۇجمەل گەپلەرنى قىلدى. بۇ چاقىچە، «تەكشۈرۈش ئۆمىكى» ، «يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىق» دېگەنلەر كېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، گۇڭشې ئۇقتۇرۇش قىلاتتى، بۇ قېتىم ئۇلار خالىزىم بولۇپ ئۇنتۇپ قالدىمۇ؟ ياق! شۇنداقتىمۇ بىخۇتلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. زەيىندىن ئۆيىگە كىردى ـ دە، ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئەينەككە قارىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈردى ۋە يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ چوڭ يولغا ئىككى قاتار تىزىلىپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتتى. چۈنكى، باشلىقلار ئەڭ ئالدى بىلەن مۇدىرنى كۆرۈشى كېرەكتە! ھەتتا ئۇ رەتسىز تۇرغان باللارنى تەرتىپكە چاقىردى. سازچى باللارنىڭ ئىچىدە، راۋابنى تۇتۇپ مۇراتمۇ تۇراتتى.

تۇيۇقسىزلا سازلار چېلىنىپ، گۈلدۈراس ئالقىشلار ياگرىدى. توپ ئارىسىدا خۇشال ۋارقىرىغان، چۇرقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. چوڭ يولدا، يىراقتىن كېلىۋاتقان ئىككى ئېشەكچىدىن باشقا، بىرەر ئۆمەك

ياكى رەھبەر كۆرۈنمەيتتى. ھەرقانچە كەمتەر رەھبەر ياكى ئۆمەك بولسۇن، ئىشەكلەرگە يۈك ـ تاقىنى ئارتىپ، ئۆزلىرى پىيادە كەلمەس؟... شۇنداقتىمۇ، زەيىندىن باشقىلارغا ئەگىشىپ، ئالقانلىرى ئېچىشىپ كەتكۈچە چاۋاك چالدى. ئوقۇغۇچىلار بىردىنلا تەۋرەپ، چۇرقىراشقىنىچە، يولنىڭ باش تەرىپىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئىككى ئىشەكچىنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. ئۇلار كامىل بىلەن ھېكمەت ئىدى. ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇتقۇچىلار، ھەتتا ئاشپەز ـ ناۋايلارمۇ ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى، قۇچاقلىشاتتى. ھېكمەتنىڭ سىنىپىدىكى باللار ئوقۇتقۇچىسىنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ چۇرقىرىشاتتى. يىغلىشاتتى. نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ ئارىسىدا قالغان كامىل بىلەن ھېكمەت مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، ساز باشقىدىنلا خۇشاللىق كۈيىگە چېلىندى. بۇ تەنتەنە چوڭ ئىشخانىغا كەلگۈچە توختىمىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى ئادەم بىلەن تولدى. كارىدورغا توپلىشىپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلارنى زىكرۇللا غوجا تاماققا تارقاڭلار دەپ بۇيرۇدى. ئەخمەت ھوشۇر، توختى قۇربان، پاتەم خانىم قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار كامىل، ھېكمەتلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. لېكىن، گۈلزىبانىڭ ئۆلۈمىنى ھېچكىم ئېغىزغا ئېلىشمىدى. ئىشخانىدا، مەمتىلى ئىبراھىم، ساجىتخان، قۇتبىرەمدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. زەيىندىن كامىل بىلەن ھېكمەتنىڭ ئاق كۆڭۈل دېھقانلار، ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ، كۆڭلىدە، بۈگۈنكى قارشى ئېلىش داغدۇغىسىنى چوقۇم مۇرات پىلانلىغان دەپ ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ، ھەتتا شېكەر قارىمنىڭ چېغىدا، دوپپىلىرىنىڭ ئۇچۇپ كېتىشى، كەشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا باقماي، يۈگۈرۈشكىنىگە ھەيران بولاتتى. ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ئەقىدە، ئېتىقات، ھۆرمەتنى زورلۇق ۋە زۇلۇم ئارقىلىق بىر مەزگىل باسقىلى بولغان بىلەن، كۆڭلىدىن مەڭگۈ چىقىرىۋەتمەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن زەيىندىن روھى سۇنغان ھالدا ئولتۇراتتى:

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجا

ئۇلار بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ھەممىسى تارقاشتى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ياتىقىغا كېلىشتى. ياتاقنى كىملەردۇر سۈپۈرۈپ تازىلاپ قويغانىدى. مۇرات دوستلىرىغا ياردەملىشىپ، كىگىزلەرنى قېقىپ كارىۋاتقا سالدى. يوتقان - كۆرپىلەرنى تالاغا يايدى. ھېكمەت بەك روھسىز ئىدى. خۇددى ھاردۇق يەتكەن كىشىدەك ھەرىكەتلىرى ئاستا، چىرايى ئېچىلمايتتى. ياتاقتا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەيپى تېخىمۇ ئوساللىشىپ كەتتى. بەلكىم مەكتەپنى كۆرۈشى بىلەنلا، گۈلزىبانىڭ ھىدلىرى دىماغلىرىغا ئۇرۇلغاندۇر!.. كەچ تەرەپلەردە مۆگداشقان باغلارنى، ئېرىق بويلىرىنى كۆرۈپ، يۈرىكىدىكى ئۆچمەس جاراھەت قايتا قوزغىلىپ، ھەسرەتكە چۆمگەندۇر؟ كىم بىلىدۇ، ئۇلار تۇنجى تونۇشقان كۈنى، گۈلزىبانىڭ ناخشا ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئورنىغا قاراپ ئۆپكىسى ئۆرلەپ، ھايالىق بىر سىما كۆز ئالدىغا كەلگەندۇر؟ مۇراتنىڭ خوشلۇقى ئىچىگە پاتماي تۇرسىمۇ، چاندۇرمايتتى. چۈنكى زۇمرەت توققۇز ئاي ئىچىدە ئەسلىگە كەلدى. ھازىر ئۇ قۇتلۇق خۇيجاڭنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىدۇ. مۇشۇ يىقىندا، ئۇلارنىڭ تويى بولماقچى. مۇرات بۇ بەختنى بەرگەن دوستلىرىغا بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەجرىنى يۇيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئېھتىمال كامىلمۇ نەفسە بىلەن توي قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ۋەدىسىمۇ سۇرگۈن ۋاقتى توشۇشنى كۈتۈش ئىدى. ھېكمەتچۇ؟ ئۇ ئەمدى گۈلزىباسىز تەنھا ھاياتنى قانداقمۇ ئۆتكۈزەر؟...

ياتاقتا ماھىگۈل بىرمۇنچە قىزلارنى باشلاپ كىردى. ئۇ ھېكمەتنى كۆرۈپلا يىغلاپ سالدى. لېكىن كامىلنىڭ ئىشارىتىنى سەزدى - دە، چاندۇرماي ياشلىرىنى سۈرتتى. ئون يەتتە ياشقا قەدەم ئالغان بۇ قىز بارغانسېرى ئاچىسى گۈلزىباغا ئوخشاپ قالغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ تولىمۇ نازۇكلۇقى، مەڭىزىدە قىزىل خالىنىڭ يوقلۇقى ئۇنى ئاچىسىدىن پەرقلەندۇرۇپ تۇراتتى. ماھىگۈل ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغاچقا، مەكتەپ ئىچىدە ھۆرمىتى بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى. ئۇلار، كامىل، ھېكمەتلەرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي،

ئۇلارنىڭ يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. كامىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۈگۈنكى ھەيۋەت بىلەن قارشى ئېلىشىدىن بەكمۇ خىجىل بولغانىدى. بۇنى مۇراتنىڭ قىلغانلىقىدىن گۇمان قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇ ئۈچ كۈن ئىلگىرى، مۇراتتىن بىر خەت تاپشۇرۇۋالغانىدى. خەتتە ھېكمەتنىڭ ئۆنى قايسى كۈنى، سائەت نەچچىدە بەشتاش تۈگمەن قېشىدا ساقلايدىغانلىقى، مەكتەپكە ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە كېلىشى لازىملىقى ئەسكەرتىلگەنىدى.

— مۇرات، — دېدى كامىل، — بۈگۈن ئوقۇغۇچىلارنى بىر سائەت دەرستىن قالدۇرۇپ، داغدۇغا كۆتەرگىنىڭ زادى بولمىدى جۇمۇ. . .

— كىم شۇنداق دەيدۇ مېنى قىلدى دەپ؟ — مۇرات تەتۈر قارىۋالدى، — نېمىلا بولسا مەندىن كۆرىدىكەنسەن. . .

— ئەمىسە، خەتتە كامىلنى «بەشتاش تۈگمەن ئالدىدا ساقلا» دەپتىكەنسەنغۇ، — دېدى ھېكمەت سىرنى ئاشكارىلاپ، — بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟ . . .

— يائاللا، مۇشۇ ئاغىنىلەرنىزە، — مۇرات تېرىكتى، — تۈنۈگۈن بىرنەچچە ئوقۇغۇچىلار سىلەرنى سورىغانىدى. مەن: «ئەتە چۈشكە يېقىن كېلىپ قالارمىكىن!» دەپ قويىدۇم شۇ. . .

— ھە، مۇنداق راست گەپنى قىلمامسەن، — دېدى كامىل كۈلۈپ قويۇپ، — بىز سېنىڭدىن ئاغرىنمىدۇق، پەقەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن قالغانلىقىغا ئېچىندۇق.

— بىر سائەت دەرستىن قالسا نېمە بوپتۇ؟ — مۇرات راستىنلا ئاچچىقلاپ قالدى، — رۇسلاردا: «باش كەتسە كەتسۇن، شان ـ شۆھرەت كەتمىسۇن» دەيدىغان بىر ماقال بار. ئاشۇ خالىق، زەينىدىن، رېخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىم، قۇتبىرەم، ساجىتلار ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بىزگە بولغان ھۆرمىتىنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي قالسۇن ـ دە!

ياتاققا زىكرۇللا غوجا كىرىش بىلەن ئۇلارنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىلمىي مۇدىر ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. چاقچاق ـ ھەزىللەرگە ھەپىلىسى يوق بۇ ئادەم ئوخشىمىسىمۇ

بىرنەچچە ئېغىز قىزىق گەپلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى ئېلىپ كەتتى. تاماق كېلىپ، يېيىلىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ گېپى تۈگىمىدى. زىكرۇللا غوجىنىڭ دېگەنلىرى يوللۇق ئىدى. ئەمدى دەرس ئۆتۈش مېتودلىرىنى يېڭىلاپ، ئوقۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مەدەنىي پائالىيەتلەرنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش، مەكتەپنى جۇشقۇن كەيپىياتقا تولغان بىلىم بۇلىقىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك ئىدى. . . زىكرۇللا غوجا كامىل يازغان «دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ۋە مېتودىكا» دېگەن ماقالىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا ناھايىتى ئەستايىدىل سۆزلىدى، شۇنداقلا ئۇلاردىن كۈتكەن ئۈمىدلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار زىكرۇللا غوجىنىڭ ئۆيىدىن كۆڭۈللىرى كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. مۇرات ئىككى دوستىنى سەنئەت رېپېتسىيە ئۆيىدىكى كىچىك ياتىقىغا باشلاپ باردى ۋە ياڭاق، بادام مېغىزى، جىگدە، گۈلە ـ قاقلارنى ئۈستەلگە تۆكۈپ، چاي قۇيدى، ئاندىن ھارىقىنى ئېلىپ پىيالىلەرگە تەڭشىدى.

— ئاغىنىلەر، بۈگۈن قۇرۇق بولىسىمۇ، — دېدى مۇرات كۆزىنى قىسىپ، — ئۈچىمىزنىڭ قايتا جەم بولغىنىمىزنى تەبرىكلەپ ئىچەيلى. قانداق دەيسىلەر؟

— كەچۈرگىن، مەن ئىچمەي، — دېدى ھېكمەت ئۇزۇپلا، — ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسى تۈگىگەندىن كېيىن، سىنىپىمغا كىرىمەن.

— ئاخىرقى دەرستىن كېيىن، بالىلار بىر سائەت سىنىپ، ياتاق، مەيدان تازىلىقى قىلىدۇ، — دېدى مۇرات، — شۇڭا، كەچلىك مۇزاكىرىدىلا كىرگىن.

— شۇنداقتىمۇ. . . ئاغزىم پۇراپ قالسا ياخشى ئەمەس.

— ھېكمەتكە بەك ئاز قۇي، — دېدى كامىل، — باشقا چاغ بولسا ئىچمەيتتۇق. «جەم بولۇش» شەرىپى ئۈچۈن بولغاندىن كېيىن، ئازراق ئىچىپ قويايلى.

ئۇلار پىيالىلىرىنى ئەمدىلا ئۇرۇشتۇرۇپ تۇراتتى، ياتاققا ئېزىز تارمۇش كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا، بىرنەچچە بەتلىك جەدۋەللىك

ئانكىتلار بار ئىدى. ئۇ كامىل، ھېكمەت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپتىكى ئۇغرى چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ كەتتى.

— ۋاي، ۋاي، راسا ۋاقتىدا كىرىپتىمەن ـ دە! — دېدى ئېزىز ھاراقىقا قاراپ قويۇپ، — بىراق داستىخىنىڭلار بىرئاز غورىگۈل بولۇپ قاپتۇ، جۇرۇڭلار بىزنىڭكىگە بارايلى.

— بولمايدۇ، — دېدى كامىل دەرھاللا، — سەنزە بىزنى ئۆيۈڭگە تەييارلىقسىزلا ئاپىرىپ، ئەرزانلا مېھمان قىلماقچىمۇ؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق.

— بولدى، داستىخىنىم سىلەردىن ئايلانسۇن، — ئېزىز تارمۇش كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى، — تۈنۈگۈن سىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىڭلارنى مۇراتتىن ئاڭلىۋىدىم، — ئەتىگەندىن بېرى نەچچە قېتىم كېلىپ بولدۇم.

— قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟ — سورىدى ھېكمەت.

ئۇلار پىيالىلىرىدىكى ھاراقنى ئۇرۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئېزىز ئۆزىنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى.

بوستان بازار ئىچى دادۇيى گۇڭشېنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان راسا دەدىسە دادۇي ئىدى. دېھقانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك، يوشۇرۇن ھالدا، نان، گۆشگىردە يېقىپ ساتاتتى. لەڭپۇڭچىلىق، ئۆپكە ـ ھېسىپچىلىق، دوغاپچىلىق، قاسساپچىلىق تىجارەتلىرى، ئاشلىق، چارۋا ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتى. بەزى ئەترەتلەردە ئېكىنز ئورنى تېرىلماي قالسا، بەزىلىرىدە كېۋەز، قوناق، ماشلار ياخشى يېغىۋېلىنمايتتى. قىرلار مايماق ـ سايماق قول ئۇچىدىلا ئېلىنسا، دادۇي كادىرلىرى كۆرمەي قالدىيۇ، يەرگە ئوغۇت تۆكمەي ئۇرۇق چاچاتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، كۆنىگە ئون نومۇرغا ئىشلەپ بەش ـ ئالتە تىيىن دارامەت ئالغاندىن كۆرە، بازاردىن كەلگەن پايدا يۇقىرى ئىدى. شۇڭا ئۇلار غوجا كۆرسۇنگىلا ۋەزىپە ئادا قىلاتتى. ئادەملىرى گەدەنكەش بولغاچقا، دادۇي شۇجىلىرى ئۇلارنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. شۇڭا، ھەرىيلى بىرنەچچە قېتىم شۇجى ئالماشتۇراتتى. بۇ قېتىم شۇجى سايلاشتا، دېھقانلار ئېزىز تارمۇشنى نامزاتلىققا كۆرسىتىپ

تۇرۇۋالغانىدى. قىرى ياشانغانلارمۇ ئۇنىڭ چاققان - تېتىكلىكىنى، قەھرىمۇ - زەھرىمۇ بارلىقىنى، ھېچكىمدىن قورقمايدىغانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى، كەنت بويىچە ھۆرمەت - ئىززىتى يۇقىرى، ھەرقانداق مۇتىھەمگە گېپىنى يېگۈزەلەيدىغانلىقىنى ماختىدى. گۇڭشې پارتكومى ئىشلەپچىقىرىشنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، ھەپتە ئىلگىرى، بازار ئىچى دادۈيى دېھقانلىرى يىغىنىدا، ئېزىز تارمۇشنى شۇجىلىققا ئېلان قىلغانىدى.

— ئۇلۇشكۇن ئۆيدە ئولتۇرسام، خالىق كاتىپ بۇ قەغەزلەرنى ئەكىرىپتىكەن، — دېدى ئېزىز تارمۇش قولىدىكى پارتىيىگە كىرىش ئانكىتلىرىنى كۆرسىتىپ، — ئىككى كۈن ئىچىدە تولدۇرۇپ تاپشۇرۇپ بەر دېگەنىدى، سىلەرگە ساقلاپ...

— ھەي، ئاۋۋال شۇجى دەپ ئېلان قىلىپ، كېيىن پارتىيىگە كىرىدىغانمۇ ئىش بولامدىكەن؟ — سورىدى مۇرات ھەيران بولۇپ.

— ئاشۇنداق ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدىكەن، — سۆز قىستۇردى ھېكمەت، — ئالدىنقى يىلى بالا يېقىلى يېزىغا چىقسام، سومى دادۈيىنىڭ توختى مامۇت دېگەن بوغالتىرىغا ئۇنى شۇجى دەپ ئېلان قىلىپ، پارتىيىگە كىرىش ئانكىتىنى بىر ئايدىن كېيىن بەرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئانكىتنى مەن توشقۇزۇپ بەردىم.

— كىمنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتا كارامىتى بولسا، شۇ شۇجى بولۇۋېرىدىكەن - دە! — دېدى مۇرات.

— يېزا ئىگىلىكى بولغاندىكىن، ئاشلىق «تۇتقا» - دە! — دېدى ھېكمەت.

— قانداق، كامىل مۇئەللىم، ئۆزلىرىنىڭ خەتلىرى بەك ئوز، — دېدى ئېزىز تارمۇش ھىجىيىپ، — بىر تولدۇرۇپ بەرگەن بولسىلىرى...

— بۇ مۇھىم ئىش ئىكەن، — دېدى كامىل ئانكىتلارنى قولىغا ئېلىپ، — سىلەر بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار...

كامىل ئىسىم - فامىلىسى، تۇغۇلغان يىل، يۇرتى، جىنسىي، مىللىتى دېگەن كاتەكچىلەرنى تولدۇرۇپ بولۇپ، ئاساسىي تەرجىمىھالىنى

يازدى. ئاندىن ئۇ مۇكاپاتلانغانمۇ؟ دەپ سورىۋىدى. ئېزىز: «سەككىزدە ياخشى بولغان» دەپ جاۋاب بەردى. كامىل كۈلۈۋەتتى.

— ھەي ئادىشەي، تۈزۈك گەپ قىل! «ئۈچتە ياخشى»، «بەشتە ياخشى» دېگەن ئۆلچەملەر بار. نەدە «سەككىزدە ياخشى بولۇش» دېگەن گەپ بار؟

— ئىككىسىنى قوشسا، بەربىر سەككىز بولىدىكەنغۇ! . . . ھوي راست، — دېدى ئېزىز تارمۇش ھىيلىگەرلىك بىلەن، — بىر قېتىم ئۆزۈڭنىڭ سەكرەشتە باشقىلاردىن ئىككى غېرىچ نېرىغا سەكرەپ، مۇكاپات ئالغان.

ئېزىزنىڭ گېپىدىن ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— جازالانغانمۇ؟

— ھەئە. . . بىر قېتىم تاپشۇرۇق دەپتىرىمگە ئېشەكنىڭ رەسىمىنى سىزىپ قويسام، مۇئەللىم گەدىنىمگە بىرنى سالغان! . . .

ئۇلار ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك كۈلۈۋېتىشتى.

— ئېزىز، بىر دادۇيگە شۇجى بولۇش، — دېدى كامىل قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس. لوكچەكلىك مىجەزىڭ بىلەن، دېھقانلارنى ئۈرۈپ - تىللاپ، ئەمەلدارلىق كىبىرىڭنى ئىشلەتسەڭ، توغرا بولمايدۇ. ئەگەر بىزنىڭ گېپىمىزنى ئىلىك ئالمىساڭ، كۆزىمىزگە ئىككىنچى كۆرۈنگۈچى بولما!

— خاتىرجەم بولسىلا دەيمەن كامىل ئەپەندىم، — ئېزىز ھاياجانلاندى، چۈنكى ئۇ ھاياجانلانغاندا: «ئەپەندىم» دەپ سۆزلەيتتى، — مەن بۇرۇن خۇدايىم ماڭا بىر كۈن بولسىمۇ شۇجىلىقنى بەرسە، مۇشۇ دادۇينى شۇلۇپ قاق سۆڭەك قىلىپ قويغان مۇناپىقلارنىڭ ئەدىپىنى بىر بەرسەم، دەپ ئويلايتتىم. مانا ئەمدى ئىسلاھات ئېلىپ بارىمەن! . . .

— ۋۇي، يوغان گەپ قىلىسەنغۇ؟ يەنە بۇرنىڭغا يەپ قالما! . . .

— مەن يېزا ئىگىلىك ھېساباتىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىگىچە بىلىمەن، — ئېزىزنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ھەرقايسى ئەترەتلەردىن دادۇيگە ئۆتكۈزۈۋاتقان يازلىق، كۈزلۈك ئاشلىق، مايلىق دان، پاختىلار

ئەتىرەتنىڭ دەپتىرىدە ناھايىتى ئېنىق. دادۇي شۇجىسى، دادۇيجاڭ، ئامبارچى، بوغالتىر، كاسسىر ھەتتا كەمبەغەل - ئوتتۇرا دېھقان ۋەكىللىرىگىچە قانچىلىكنى ئۆيگە توشۇپ، قانچىلىكنى دۆلەتكە ئۆتكۈزگەنلىكى، ئەزالارغا نېمە قالدۇرغانلىقى بۇمۇ ناھايىتى ئېنىق. . . ئاچچىق ئۇچەيىنى سىيرىغاندەك بىر سىيرىيمەنكى، ھەممىنى تۆلىتىپ، دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىمەن.

— كادىرلارنى ئۆزۈڭگە ئۆچ قىلىۋالساڭچۇ؟ — كامىل ئۇنى سىناپ باقتى.

— ھەممىنى يېڭەلايمەن. . . بۇ كىسپۇرۇچلارنىڭ بەرىلا شالتاق.

— بۇ پىلانىڭغا گۇڭشې قېتىلمىسىچۇ؟ — سورىدى مۇرات.

— ئۇلارغا دېدىم، قېتىلدى. ئەگەر قېتىلمىغان بولسا، شۇجىلىقنى قىلمايتتىم.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئېرىزغا دېھقانلار بىلەن بىر نىيەتتە بولۇش، ھارام نىيەتتە بولماسلىق، قولىدىن كېلىشىچە نامرات دېھقانلارنى يۆلەش، تىرىشىپ ئىشلەپ نەتىجە يارىتىش ھەققىدە كۆپ نەسىھەت قىلىشتى ھەم ئېرىزنىڭ شۇجى بولغانلىقى شەرىپىگە قەدەھ كۆتۈرۈشتى.

ئۇلار قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇلار تامدىكى «بۇلاقتىكى شولا» رەسىمگە قاراپ، قايتىدىن ھۇزۇرلىنىپ، رەسىم توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقاندا، ئىشىك چېكىلدى. مۇرات چىقىپ كەتتى. قارىلىق تۇتقان ئاق ياغلىقنى تېخى ئېلىۋەتمىگەن ماھىگۈل يوتقانلارنىڭ تاش، ئەستەرلىرىنى قۇچاقلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قېشىدا يەنە ئىككى قىزمۇ بار ئىدى.

— مۇراتكا، يوتقان - كۆرپىلەرنى تاشلىماقچى ئىدۇق. چوڭراق ئۆي بولمىسا بولمايدىكەن، رېپېتسىيە ئۆيىدە قىلساق بولارمۇ؟ — دېدى ماھىگۈل.

مۇرات قىزلارنىڭ قولىدىكى كىگىزلەرنى يەرگە سېلىپ بەرگەندىن كېيىن، كىرىپ كەتتى. ئۇ كىرگەندە، كامىل قولىغا تەمبۇرنى ئېلىپ، دىرىڭلىتىپ ئولتۇراتتى. مۇرات دۇتارنى ئالدى. ئۇلار ھېكمەتنىڭ

كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن، «شادىيانە» ، «ئەجەم» پەدىلىرىگە چالدى. بىراق، ھېكمەتكە ھېچنەرسە خوشياقمايتتى. ئۇ پاتراق ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، شۇلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى ئىچىدە، ئېغىر خىياللاردىن قۇتۇلۇشنىلا ئويلايتتى.

ھېكمەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىر سائەتتەك پاراڭلىشىپ، ياتاققا قايتىپ كەلگەندە، گېزىتكە ئورالغان بىر نەرسىنى قولتۇقلىۋالغان ماھىگۈل ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. كامىل نەفسە بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئامۇتلۇققا كېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ياتاق ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ماھىگۈل بولاقنى ھېكمەتكە تۇتقۇزۇپ: «ئاچامنىڭ سىزگە قالدۇرغان نەرسىلىرى. . . » دېدى - دە، يۈزىنى تۇتقىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. تېڭىرقاپ قالغان ھېكمەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ياتىقىغا كىرىپ، بولاقنى ئاچتى. قېلىن قاتلانغان سوكنا، بىر قارا، ئىككى دانە بېغىر رەڭ ئەتلەس، كانۋاي بېسىلغان ئاق يىپەك كۆڭلەك ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان خەتنى كۆرگەن ھېكمەت خۇددى گۈلزىبا بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغاندەك ۋۇجۇدىنى ھاياجان تىترىكى باستى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ نەپسى قىسىلغان ھالدا خەتنى قولىغا ئالدى:

. . . «مېنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكۈم ھېكمەت. سىز مېنىڭ بۇ خېتىمنى ئوقۇۋاتقان دەقىقىلىرىڭىزدە، مەن بۇ دۇنيادا يوق! . . . مانا ئىككىمىزنىڭ توي خېتى ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا كۆز ياشلىرىمنى تۆككەن ھالدا قاراپ، سىزگە خەت يېزىۋاتىمەن. . . تو ۋا، بۇ توي خېتى قانچىلىك قۇربان بېرىشلەرنىڭ بەدىلىگە كەلگەن تەلەي بولدى - ھە؟ ئۇنىڭغا قارىسامىلا، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيمەن! . . . بۇ راستىمدۇر؟ دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن سورايمەن. ھازىر بىز پۈتۈن خەلقى - ئالەم ئېتىراپ قىلغان جۈپتى ھالاللاردىن بولدۇق. بەخت ۋە ئامەتنىڭ شاھىدى بولغان بۇ قىزىل قەغەزنىڭ شۇنچىۋالا قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. . . بىزنى قانچە

يىللار سەرسان قىلغان، ئازابلىق كەچمىشلەرگە سالغان، پىراق ئوتىدا كۆيدۈرگەن مۇشۇ ئالقاندەك قەغەزغۇ!... ئەمدى مانا ئالدىمدا تۇرۇپتۇ... بىراق ئۇ تولىمۇ كېچىكىپ كەلدى. ئەجەل ئەتراپىمنى ئايلىنىپ يۈرگەن، سىز بىلەن مەڭگۈ قوشۇلالماسلىقتەك پاجىئە ئايان بولغان، قەلبىم لىپمۇ لىپ ئۈمىدسىزلىككە تولغان كۈنلەردە يېتىپ كەلدى. شۇنداق بەخت كۈلۈپ قارىدىيۇ، بىراق مەسخىرە بىلەن قارىدى...

كۆيۈملۈك ئىبرىم ھېكمەت!... بۇ چاقىچە سىزدىن يوشۇرغان بىر سىرنى ئاشكارىلىمىسام، ئارام تاپمىغۇدەكمەن... بەلكىم بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەندەك بىچارىنى توغرا چۈشىنەر دېگەن ئۈمىدتىمەن. مەن كېرىموفنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ كەلگەن كۈنى، چىنارخان مۇدىر مېنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى ۋە ئىچكەركى مېھمانخانىسىغا سولاپ قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مېنى يۆتەل قىستاپ، قان ياندۇردۇم. مەن بوپپام ئىچىدىكى كۆڭلەكنى ئېلىشقا ئاران ئۈلگۈردۈم. قان ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ، بىر كۆڭلەك بۇلغىنىپلا كەتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، دوختۇرخانىغا تەكشۈرتكىلى باردىم. ئۇلار مېنى ناھايىتى ئۇزۇن تەكشۈرۈپ، رېنتگىنگە سېلىپ بولۇپ، «ئەتە كېلىڭ!» دېدى. مەن، ئەتىسى چۈشتە، مۇدىر ۋىراچنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشىم، مۇدىر ۋىراچ بىر ئايال دوختۇر بىلەن رەسىمگە ئېلىنغان لېنتىنى يورۇققا تۇتۇپ تۇرۇپ گەپلىشىۋېتىپتىكەن. ۋىراچنىڭ: «تۆت ـ بەش ئاي ياشىيالىسا، بىر مۆجىزە» دېگىنىنى، ئايال دوختۇرنىڭ: «ھەي بىچارە، ئېغىر ئاياغ ئىكەن، بالىسىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكۈدەك...» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن ئىشخانىغا كىرگەندە، ئۇلار ئاشۇ لېنتىنى چوڭ كونۋېرتقا سېلىپ ماڭا بەردى!... بۇ چاغدا ئۇيلىغانلىرىمنى قەلەم بىلەن ئىزھار قىلالمايمەن...

ۋاپادار ئىبرىم ھېكمەت!... مەن سىزگە ئايرىلىش خېتى

يازدىم. توي خېتى ئېلىشقا ئۈنىمىدىم، ئۈچرىشىشتىن قاچتىم. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟... «مەن بۇلغاندىم، ئېرىمنىڭ پاك يۈزىگە ئەمدى قارىمايمەن» دېگەن ئىرادىدە بولدۇم. يەنە، كېسىلىم ئۆزۈمگە ئايان بولغاچقا، سىزنى بەختسىز قىلىپ، بىر ئۆمۈر داغدا قويۇشۇمدىن ئازابلاندىم... بۇ ئەھدىمنى ئورۇنداش ئۈچۈن، تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. سىزنى ئويلىماسلىققا ئورۇنۇپ كۆردۈم. بىراق ئوغرى خىياللار مېنى زادىلا ئارامىمدا قويمىدى. ئىشىك، تۈڭلۈكلەرنى ھىم ئېتىۋەتكەن بولسامۇ، بۇ خىياللار ئاي نۇرى بىلەن بىللە دېرىزە كۆزنەكلىرىمدىن كىرىپ، تاڭلار ئاپئاق ئاتقۇچە، ياستۇقىمدا ماڭا ھەمراھ بولدى. مېنى نە ـ نەلەرگە ئېلىپ كەتتى، يىللار باغرىغا ئىز سالغان خاتىرىلىرىمنى ئېسىمگە سالدى. مەن ئۇنى قانچە ئىتتىرىپمۇ، ئۆزۈمدىن نېرى قىلالمىدىم!...

مېنىڭ ئەزىزىم ھېكمەت!... بىر كۈنى تۈن نىسپىدە چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە سىز پايانى يوق قۇملۇقلار ئارىسىدىكى ئېگىز بىر دۆڭلۈكتە، چاچ ـ ساقاللىرىڭىز ئۆسۈپ كەتكەن، كىيىملىرىڭىز يىرتىلىپ، ھەر تەرەپكە ئۈچۈپ تۇرغان ھالدا، ئايغا قاراپ، مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىۋاتقۇدەكسىز... مەن ئويغىنىپ كەتتىم ۋە چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دېرىزەمگە قارىدىم. دېرىزە كۆزنەكلىرىدىن باغرى داغ بىلەن قاپلانغان ئاي ماڭا قاراپ ياش تۆكۈپ تۇراتتى... مەن چىدىيالمىدىم. تاڭ ئاتقۇچىلا، ياستۇقۇمنى قۇچاقلاپ، يىغلاپ چىقتىم ۋە سەھەرلىكى سىزنىڭ قېشىڭىزغا كەتتىم... نېمە قىلاي ئازغىنا قالغان ئۆمرۈمنى ئالداپ ھەم قىيناپ؟ خۇدا كۆڭۈلگە سالغان پاك سۆيگۈنى ئۆزى ئالمىسا، بەندە ئۇنىڭغا چارە قىلالمايدىكەن!... يازغۇچىلار ئېيتقاندەك، «نەپرەتكە قارىغاندا، مۇھەببەتنىڭ كەلتۈرىدىغان ئازابى ناھايىتى چوڭ ھەم چوڭقۇر» بولىدىكەن.

مەن هاياتتىن نىمە ئىلىپ قالالىدىم؟ نىمىگە ئىرىشەلىدىم؟...
بىرلا نەرسىگە! ئۇ بولسىمۇ، سىزدەك غۇبارسىز يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە!... بۇنداق ساپ، ھەم پاك مۇھەببەتكە نائىل بولۇش قىزلار ئۈچۈن بىباھا قىممەتلىك!... شۇڭا، مەن بۇ يولدا تارتقان ئاھلىرىمنى، ئازاب - كۈلپەتلىرىمنى ئۈچقۇنچە كۆرمەيمەن!... چىن ئىخلاسىم بىلەن ئويلىسام، ھەقىقىي بەختكە ئىرىشىپتىمەن. بىر ئۆيگە كىرىپ، ئەر - خوتۇنلۇق لەززىتىنى سۈرمىسەكمۇ، روھىي مۇھەببىتىمىزنىڭ بىزنى ئەبەدىلئەبەد باغلىغۇەتكەنلىكىنى ئويلىسام، ئارمانسىز كەتكۈدەكمەن!...

مىنىڭ كۆيۈملۈكۈم ھېكمەت!... سىز ماھىگۈل ۋە نەبىگە كۆيۈنۈپ، بېشىنى سىيلاپ كەلدىڭىز. بولۇپمۇ ماھىگۈلگە نىسبەتەن قۇربان بېرىشلىرىڭىز، جان كۆيەرلىكىڭىزنى ئېھتىمال بىر تۇغقان قېرىنداشلارمۇ قىلالماسلىقى مۇمكىن... شۇڭا، ئۇ سىزنى ساپ قەلبى بىلەن ياخشى كۆردى... چىن ئېتىقادى ئارقىلىق ھۆرمەتلەيدۇ... شۇنى جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، ئۇنىڭ كىر قونمىغان پاك يۈرىكىدە مۇقەددەس بىر ئابىدە تىكلەنگەن، ئۇ بولسىمۇ — سىز!... بىلەمسىز، ماھىگۈل پەخىرلەنگەن ھالدا ھەم چەكسىز ئىپتىخارلىق بىلەن، سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى قىلغىلى تۇرسا، قاچانلاردا ئۈخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. بەلكىم ئۇ مىنىڭ بەختىمنى مەدھىيىلەپ، كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرغاندۇر... ئەمما ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقىنىدا كۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ نۇرانە بولۇپ كەتكىنىنى، قانداقتۇر زەر - ئۇچقۇنلارنىڭ چاچراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالىمەن... ھەتتا ئۇنىڭ پات - پات ھېكمەت ئاكا! دەپ جۆيلىگەنلىكىنىمۇ ئاڭلايمەن... ھېكمەت، ماھىگۈل بۇ يىل ئون يەتتە ياشقا كىردى. مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مېھرى - شەپقىتىڭىزنى كۆپرەك يەتكۈزۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن!...

مېنىڭ مېھرىبانىم ھېكمەت! . . . سىز ماڭا ياخشى ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن، بەش يۈز يۈەن پۇل بەرگەنىدىڭىز. ئويلىسام، غۇلجىدىكى ئاپام، داداملارنىڭ خىزمىتىدە بولالماپتىمەن. شۇڭا، ئاپام ھەم ئىككى سىڭلىمغا بىر كىيىملىكتىن ئەتلەس، دادامغا بىر پەلتولۇق سوكنا، سىزگە ئاددىي بولسىمۇ بىر كۆڭلەك قىلىپ قويدۇم. مېنىڭ نامىمدا ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراپ قويارسىز. ئاشقان ئىككى يۈز يۈەن پۇلغا، ئۆزۈم تويغا ئاتاپ يىققان ئىككى يۈز يۈەن پۇلنى قوشۇپ، تۆت يۈز يۈەن قىلىپ قويدۇم. بۇ مېنىڭ، سىزنىڭ تويىڭىزغا ئاتىغىنىم بولۇپ قالسۇن. . .
ھېكمەت، ئەمدى مېنىڭ چۈشلۈرۈمگە تولا كىرىۋالمىسىڭىز. . . خىيالىمنىمۇ ئوغرىلىمىسىڭىز. . . مەن بالام دۇنياغا كۆز ئاچقۇچە ياشىسام دەيمەن! . . .
ئەلۋىدا ھېكمەت! . . . ئەلۋىدا مېنىڭ خۇشپېئىلىم! . . . ئەلۋىدا دۇنيادا بىرلا بارىم! . . . ئەلۋىدا. . . ئەلۋىدا! . . .»

. . . ھېكمەت ئايالى قالدۇرغان بۇ خەتنى يىغىش - يىغىشلاپ ئوقۇدى، سۆيدى، كۆزلىرىگە سۈرتتى. . . ئۇ كىيىملىك رەخلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئاپئاق يىپەك كۆڭلەكتىكى بىرنەچچە داغنى كۆرۈپ قالدى. بۇ قان داغلىرى ئىدى. گەرچە ئۇنى يۇيغان بولسىمۇ، يەنىلا چىقمىغانىدى. گۈلزىبانىڭ يۈرەك قانلىرىنى قىزىل يىپەك قىلىپ، كۆڭلەكتىكى كانۋايىنى ئىشلىگەنلىكىگە بۇ داغلار گۇۋاھ ئىدى.
ھېكمەت بىر ئايغىچە ناھايىتى سولغۇن يۈردى. گۈلزىبانىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى خېتى، بولۇپمۇ ماھىگۈل تۇغرۇلۇق پۈرۈتۈپ يېزىلغان سەھىپىلەر ئۇنى ئازاپ ئىچىدە ئۆرتىدى. ئۇ ئىچىدە: «قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، ئۇ مېنىڭ سىڭلىم ھەم ئوقۇغۇچىم» دەيتتى. بىراق ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئوغۇت توپلاش، مايسا پەرۋىش قىلىش دېگەندەك ئارقا - ئارقىدىن ئۆلىشىپ كېلىۋاتقان ئالدىراشچىلىقلار، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئەتىسى -

ئاخشىمى بىرگە بولۇپ ھېكايە سۆزلەش، ئۇلارنىڭ مەسۇم چىرايلىرىغا قاراش، سۆزلىرىنى ئاڭلاشتەك كۆڭۈللۈك ھايات ئۇنىڭ دەردلىرىنى يېنىكلەشتۈردى. ئۇ كىتاب كۆرۈپ، ئەستايىدىل دەرس تەييارلىقى قىلاتتى. مەكتەپ سەنئەت گۇرۇپپىسىدا ھەرخىل نومۇرلارنى تەييارلايتتى. مەيدان تاماشىسىغا قاتنىشىپ، گارمون چالاتتى. دەم ئېلىش كۈنلىرى، كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ، يېڭى تېرىلغان كۆكتات مەيدانلىرىنى ئارىلاپ، قىسرلارنى ئوڭلايتتى، ئېرىق لېۋىنى چىڭىتاتتى. سۇ كۆلچۈەتكەن ئېتىزلارنى تىندۇراتتى. قىسقىسى، ھېكمەت جاپالىق ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، جىددىي ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپلا يۈرەتتى. ئېھتىمال ئۇ بۇ ئارقىلىق قارا خىياللاردىن نېرى بولۇشنى ئويلىسا كېرەك. ئەمما، بەزى كۈنلىرى تەنھا قالغىنىدا، يەنىلا ھەسرەتلىك ئوي - تۇمانلار ئۇنى ئۆز باغرىغا ئالاتتى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار قايتىپ كېلىپ خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن، مەكتەپ ئىچى باشقىدىنلا جانلىنىپ، پات - پات ئويۇنلار قويۇلاتتى. ئارىلىقتا بىر قېتىم ھېكمەت يازغان «يات ئادەم» دىرامىسى قويۇلدى. ئوقۇغۇچىلارمۇ بارغانسېرى تولۇقلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوچۇق دەرسلىرى، تەجرىبىلىك دەرسلەر ئۆتۈلدى. ھازىر زىكرۇللا غوجا ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىدىن بەك مەمنۇن بولغاچقا، ئەتىگەنلىك سىياسىي ئۆگىنىشلەردە: «يەنىلا قوي تۇپىنىڭ ئالدىدا سەركە بولمىسا بولمايدىكەن. . .» دەپ قوياتتى.

بىر كۈنى مەكتەپكە ئىككى ھەربىي كىشى بىلەن بىر خۇرۇم شەپكە كىيگەن شوپۇر سىياق ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى. زەيىنىدىن ھەممە سىنىپ مۇدىرلىرىنى ئىشخانىغا يىغدى. ئەسلىدە ئۇلار ھەربىي سەپكە شۇنداقلا شوپۇرلۇققا ئوقۇغۇچى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئىدى. ئوتتۇرا ياشلىق ھەربىي كىشى باشلىق بولسا كېرەك، ئۇ ھەربىي سەپكە قاتنىشىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكى، يېشى، بەدەن ئېگىزلىكى دېگەندەك بىرمۇنچە شەرتلەرنى ئوقۇدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى سىياسىي شەرت ئىدى. يەنى تەركىبى كەمبەغەل - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان بولۇش. . . ئىتتىپاق

ئەزاسى، ئەگەر بولمىسا سىنىپنى كۆرۈش كۆزقارىشى ئۈستۈن بولۇش تەلەپ قىلىناتتى. ئىگىلىرى كۆپكۆك كۆكىرىپ تۇرغان خۇرۇم شەپكىلىكمۇ شوپۇرلۇققا ئائىت تەلەپ ۋە شەرتلەرنى سۆزلىدى. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا مەكتەپ ئىچىگە تارىلىپ، ئوقۇغۇچىلار تەۋرەپلا كەتتى. قوبۇل قىلىنىدىغانلار چوقۇم بالىلار بولغاچقا، ئۈچىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىلار كارىدور، سىنىپ، مەيدانلاردا توپلىشىپ كۇسۇرلىشاتتى، نېمىلەرنىدۇر دەپ تالىشاتتى. بەزىلىرى: «سىنىپ مۇدىرىمىز چوقۇم مېنى تونۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. . . مەن دېگەن دەرستە ياخشى، مەكتەپتىن قاچمىدىم، ئىنتىزامغا خىلاپلىق ئىشلارنى قىلمىدىم. . .» دەپ ماختىناتتى. فورما كىيىپ، ھەربىي بولۇش، رول تۇتۇپ ماشىنا ھەيدەش بۇ ئىنتايىن چوڭ ئىش ھېسابلىنىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئاسانلىقچە يەتكىلى بولمايدىغان ئارزۇ ئىدى. بولۇپمۇ سىراجى شوپۇرلارنى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىدەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ سودا سارىيى ئالدىدا ياكى ئاق ئوغۇت يۆتكەپ كېلىپ كەنت ھويلىلىرىدا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىلارنى كۆرسە، چۆرگىلەپ كېتەلمەيتتى، روللىرىنى سىيلايتتى، چىراغلىرىنى سۈرتۈپ قوياتتى، ھەتتا چاق قاپارتمىلىرى ئارىسىدا قىسىلىپ قالغان بىرەر تال تاشنى كۆرسىمۇ، خۇددى ماشىنىنىڭ پۇتىغا تىكەن كىرىپ كەتكەندەك، كوچىلاپ ئېلىۋېتەتتى. لېكىن، ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىنلىق دېگەندەك، ھېكمەتكە سالغان ئاۋارىچىلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئايان ئىدى. شۇڭا، بۇنداق «بەخت ۋە ئامەت»تىن ئۆزىنىڭ بەھرىمەن بولالماسلىقىنى ئويلىغىنىدا، يىغلىغۇدەك بولۇپ كېتەتتى. لېكىن ھېكمەت ئۇنداق ئويلىمىدى. ئۇ سىنىپتىكى ئەڭ نامرات دېھقان بالىلىرىدىن ئۈچىنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇنىڭ سىنىپىدا بويى ھەممىدىن ئېگىز، دەرستە ئوتتۇرا ھال، 10 ـ 11 ـ ئايلارغىچە ئاياغ كىيمەي يالاڭ ئاياغ يۈرىدىغان، 4 ـ 5 ـ ئايلاردىمۇ يىرتىق جۇۋىسىنى تاشلىمايدىغان سەيدۇللا ئىسىملىك بىر بالا بار ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، تۇل ئانىسىنىڭ قولىغا قارايتتى. شۇڭا، ھېكمەت سىنىپ باشلىقى ئابدۇللا بىلەن بۇ سەيدۇللانى ھەربىي سەپكە، سىراجىنى شوپۇرلۇققا تونۇشتۇردى. ھەربىيلەرمۇ، خۇرۇم شەپكىلىك

ئادەممۇ بالىلارنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ، باش لىڭشىتتى. بىراق پۇسۇقىدە كىرىپ قالغان زەينىدىننىڭ سىراجىنى كۆرۈشى بىلەن، تۆت پۇتى ئۆرە قالدى.

— ھېكمەت مۇئەللىم، سارالڭ بولدۇقمۇ؟ — دېدى زەينىدىن گۆرەنلىرىنى كۆپتۈرۈپ، — بۇ پاچىقىنىڭ قىچىقى بار قاچقاق موزاينى تونۇشتۇرۇپ.

— مۇدىر، ئۇ دېگەن كونا ئىشلار تۇرسا؟ — ھېكمەت ھالقىلىق پەيتتە كىرىپ قالغان زەينىدىنگە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى بېسىۋالدى، — يەنە كېلىپ، ئۇ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن بولغان ئىش.

— بۇ ھارامزادىنىڭ زۇلۇمىنى ئاز تارتتىڭمۇ؟ — زەينىدىن سىراجىنىڭ مازلىرىنى تىتقىلى تۇردى، — ئۆتۈكنى قولتۇقلاپ، ئاقسارايىنىڭ سايىلىقلىرىدا كېچىسى قوغلاپ، تۇگلۈكلەردىن سۇغۇرۇۋېلىپ، تۇزچىنىڭ ئېشىكىدەك چاپقان كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالغان چېغىڭۋا؟ . . .

— بولدى قىلسىلا مۇدىر. . .

— بولمايدۇ دېدىم بولمايدۇ، — زەينىدىن ھەربىيلەر بىلەن خۇرۇم شەپكىگە قارىدى، — بۇنداق ئىنتىزامسىز، ھايتاق بالىلارنى قوبۇل قىلساق، باشقا بالىلارغا تەسىرى ئىنتايىن يامان بولىدۇ. . .

خۇشاللىقىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولغان سىراجىنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ، يىغلاپ سالدى. ھېكمەت قانچە يالۋۇرۇپ باققان بولسىمۇ، زەينىدىن تاش چىشلەپ تۇرۇۋالدى. مۇدىرنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، خۇرۇم شەپكىمۇ بۇنداق «ئىنتىزامسىز» بالىدىن قورقتىمۇ، ھېكمەتكە «خاپا بولماي ئەچىقىپ كېتىڭ!» دېدى. بۇ زەربە سىراجىنى گويا ئەرشتىن تاشلىۋەتكەندەك بولدى. ئۇ كارىدورغا چىقىپلا، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ھېكمەت ئۇنى بەزلىگەنسېرى، ئۇ يىغىدىن توختىماي، مۇشتۇملىرىدا كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاۋېرىپ قىزارتىۋەتتى.

ئوقۇغۇچىسىنىڭ زارىغا چىدىمىغان ھېكمەت كەچتە سىراجىنى باشلاپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى كەلگەنلەرنىڭ ياتىقىغا كەلدى. ئۇ

سىراجىنى ئىشىك تۈۋىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى ئۇلار بىلەن سۆزلەشتى. يۈرىكى يوپۇرماقتەك تىترەپ تۇرغان سىراجى ئىشىك يوچۇقىغا قۇلىقىنى يېقىپ، ھەربىر ئېغىز گەپنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىماقتا ئىدى. ھېكمەت ئاۋۋال سىراجىنىڭ دەرس، ئەمگەك ۋە ئىنتىزاپلىق جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى سۆزلىدى. ئاندىن ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇرمۇشتىكى غۇربەتچىلىكى، بالىلىرىنىڭ ئۇششاقلىقى، تاماق پۇلىنى تۆلىيەلمىگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سۆزلىدى. ھېكمەتنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بايانلىرى ھەربىيلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ قويىدى بولغاي، باشلىرىنى لىڭشىتىپ خۇرۇم شەپكىگە قارىدى. ئۇمۇ تەسىرلىك ھېكايە ئاڭلىغاندەك ھاڭۋېقىپلا قالغانىدى.

— توغرا، سىراجى مېنى قاتتىق ئاۋارىچىلىققا سالغان، — دېدى ھېكمەت ناھايىتى يۇمشاق ئاۋازدا. — ئەگەر ئۆچمەنلىك قىلىش توغرا كەلسە، مەن قىلسام بولاتتى. بىر كۈنى كېچىدە ئۇنى قارىقاش چېگرىسىدىكى ئاقساراي سايلىقىدىن تۇتۇپ كەلدىم. مۇدىر ئۇنىڭ ئايىقىنى سالدۇرۇپ ماڭا تاشلاپ بەرگەنىدى، بىراق ئۇ شۇ زىمىستان سوغۇقتا يالاڭئاياغ قېچىپتۇ. مەن ئۆتۈكنى قولتۇقلاپ ئۇنى قوغلىدىم. شۇ كۈنى، «نېمە ئۈچۈنمۇ مۇئەللىم بولۇپ قالغاندىمەن؟ . . .» دەپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم كاچاتلىدىم، ھەتتا يىغلاپ سالدىم. بىراق، مېنىڭ يىغام سىراجىنىڭ ئامالسىزلىقى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن. «ئۈچ ئۇكام بىلەن بىللە يېپىنىدىغان يوتقاننى مەن ئېلىپ كەتسەم، ئۇكىلىرىم سوغۇقتا توڭلاپ قالارمۇ؟ ئانامنىڭ تۇخۇم سېتىپ چاي - تۇز قىلىدىغان پۇلىغا يالغۇز مەن تاماق يېسەم، ئۆيدىكىلەر قانداق قىلار؟» دېگەن ۋىجدان ئازابىدا مەكتەپتىن قاچقان بالىنىڭ ئەھۋالىنى ئەلۋەتتە سىلەرمۇ چۈشىنىسىلەر.

ئىككى ھەربىي ۋە خۇرۇم شەپكىنىڭ خېلىلا يۇمشاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ھېكمەت خۇددى ئۇلغۇما مىقتەك سۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.

— مەن سىراجىنىڭ دەرستە ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم يوق، — دېدى ھېكمەت خۇرۇم شەپكىگە قاراپ، — ئەگەر ئوقۇتقۇچى

تىرىشچان، چارە ـ ئامالىلارغا باي بولسا، ئەلاچى باللارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرەلەيدۇ. مەن پەقەت بىر نامرات دېھقان بالىسىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئويلاۋاتىمەن.

— ئەمدى. . . بەك ئوبدان گەپلەرنى قىلىپ بەردىڭىز مۇئەللىم، — دېدى خۇرۇم شەپكە تاماكىسىنى كۈلدانغا بېسىپ، — بەزى باللار ئۇرۇمچىگە بارغاندىن كېيىنلا، ناھايىتى تېز ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بىز مۇدىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، سەل ئەنسىرەپ قالدۇق.

— مۇدىرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، — ھېكمەت ئاچچىققىنە كۈلۈپ قويدى، — مۇدىر بولغانىكەن، مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، ئىنتىزام، ئەمگەك دېگەندەك تۈزۈملىرىنىڭ نۇقسانسىز بېجىرىلىشىنى ئويلايدۇ. دۇنيادا ئەڭ تەس نەرسە پاك بولۇش، نەدىمۇ نۇقسانسىز نەرسە بولسۇن؟ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەلـۋەتتە بۇ تەرەپلىرىنى سىلەردەك ئۇرۇمچىدىن كەلگەن سەۋىيىلىك، مەدەنىيەتلىك كادىرلار تېخىمۇ ئوبدان بىلىسىلەر. ئەمما مۇدىر سىراجىنىڭ قاچقىنىنى بىلىپ، ئىچكى ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ.

— بولىدۇ مۇئەللىم، — خۇرۇم شەپكە ئىككى ھەربىيگە باش لىڭشىتتى، — بەكمۇ ئاتىق ئىكەنسىز، گەپلىرىڭىز بىزنى تولىمۇ تەسىرلەندۈردى. ئەتە ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىڭ، تىزىملايلى.

— ئۇ بالا مەشەدە بار، — ھېكمەت سىراجىنى چاقىردى، — بۇنداق تەندۇرۇس بالىنى كۈندۈزدە چىراغ يېقىپمۇ تاپالمايسىلەر.

ئىككى ھەربىي ۋە خۇرۇم شەپكە كۈلۈپ كەتتى. ئۇلار سىراجىنىڭ بىلەك، يوتىلىرىنى مۇجۇپ كۆردى. بەدەنلىرىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ، مەمنۇن بولغاندەك كۈلۈشتى. ئاندىن ئاشۇ يەردىلا ئانكىت تولدۇرۇشتى. لېكىن ھېكمەت يەنىلا بىر ئىشتىن ئەنسىرەپ تۇراتتى.

— مۇدىر بەك ئەستايىدىل ئادەم، — دېدى ھېكمەت، — ئەگەر ئۇ يەنە. . .

— ئەنسىرىمەڭ مۇئەللىم، — ئوتتۇرا ياشلىق ھەربىي گەپنى ئۈزۈۋەتتى، — بىزنىڭ شەرتىمىزگە چۈشكەنىكەن، ئادەم قىلىۋېلىش

ئۆزىمىزدىن. ئۇ تەرىپىنى توغرىلايمىز...

— ئەگەر سىراجى ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئىنتىزامسىزلىق قىلسا، ماڭا بىر پارچە خەت يېزىۋېتىڭلار، — دېدى ھېكمەت جىددىي قىياپەتتە، — مەن سىلەرنىڭ يول كىرا - چىقىمىڭلارنى تۆلەپ بېرىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆزۈم ئوقۇتىمەن.

— سىز قالتىس ئىكەنسىز جۇمۇڭ مۇئەللىم، — دېدى خۇرۇم شەپكە، — مەن كۆپ مۇئەللىملەرنى كۆرگەن، بىراق سىزدەك ئەستايىدىل ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن...

— دۇنيادا ئوقۇتقۇچى بولماق تەس... ھەقىقىي ئوقۇتقۇچى دېگەن نامغا ئېرىشمەك ئۇنىڭدىنمۇ تەس... — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ.

ئۇلار خۇشال ھالدا قايتىپ چىقىشتى. سىراجى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بېقىنىدا يىغلاپ كېتىۋاتاتتى. ئوغۇللار ياتىقىغا ئايرىلىدىغان ئۇچىملىك يول ئاچىلىغا كەلگەندە، ھەر ئىككىلىسى توختاشتى. سىراجى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، يەنىلا يىغلاۋاتاتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچىسىغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى.

— بولدى، ئەمدى يىغلاۋېرەمسەن؟

ھېكمەت گەرچە سىراجىغا تەسەللى بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرلەپ، كۆزلىرىگە يىغا ياماشتى. چۈنكى ئۇ گۈلزىبا بىلەن باغدا ئۇچرىشىپ ھەر قېتىم خوشلاشقىنىدا، مۇشۇ ئۇچىملىك يول ئېغىزىدا بىر - بىرىگە پايلىماي ئۇزۇن تۇرۇپ كېتەتتى. گەپ - سۆزلىرى تۈگەپ قالغان ھالەتتىمۇ، بۇنداق كۆز قىيالماسلىقلار تالاي - تالاي كېچىلەر بولغانىدى.

— مۇئەللىم!... — سىراجى ھېكمەتنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلىماقتا ئىدى، — مەن... مەن... ھەممە گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىدىم... مەن ئادەم ئەمەسكەنمەن... مۇشۇ تۇرقۇمدا مېنى قاتتىق بىرنەچچىنى ئۇرۇڭ... مەن... مەن... يېنىكلەپ قالاي!... ئۇرۇڭ مۇئەللىم، ئۇرۇڭ...

— مەن... سېنى نېمىشقا ئۇراي؟... سىلەر... بولغانلىقىڭلار ئۈچۈنلا... مەن بۇ دۇنيادا... ئۆرە يۈرۈۋاتىمەن... — ھېكمەتنىڭ يۈزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، — سىلەر مېنىڭ ئەرمەكلىرىم!... شوخ

ئاۋازىڭلار... ئۇرۇش ـ جىدەللىرىڭلار... يىغلاشلىرىڭلار ماڭا تەسەللىي بولىدۇ!... سىلەرنى ئۇرۇشقا مېنىڭ قانداقمۇ قولۇم بارسۇن؟... قۇشمۇ بالىسىنى چوقۇلمايدۇ... ئاتمۇ تېيىنى تەپمەيدۇغۇ!...

ھېكمەت ئاسماندىكى يېرىم ئايغا قارىغىنىچە، سىراجىنىڭ بېشىنى سىيلاۋاتاتتى. ئەلۋەتتە ئۇ ئۇچ ئوقۇغۇچىسىغا قىيالمايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەلەملىك ياشلىرىغا ئوقۇغۇچىلىرىغا شۇنداقلا گۈلزىباغا، ئانىسىز قالغان ئوغلىغا، ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا كۈنلەرگە بولغان ئىچىنىش قەتىرىلىرىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ھەربىي سەپكە ۋە شوپۇرلۇققا قوبۇل قىلىنغان يىگىرمە ئۈچ ئوقۇغۇچى داغدۇغىلىق ھالدا شەھەرگە ئۇزىتىپ قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا، گۈڭشې تراكتور پونكىتىدىن كىرا قىلىنغان چوڭ ماشىنىنىڭ كوزۇپىدا پانا قاقشاندەك ئۆرە تۇرۇشقان ئوقۇتقۇچىلار مۇرات بىلەن زۇمرەتنىڭ تويىغا مېڭىشتى.

ئاپرېل ئېيىنىڭ باشلىرى بولغاچقا، دەرەخلەر پوتلىلىرىنى تۆكۈپ، چاشقان قۇلاق نازۇك يوپۇرماقلارنى چىقارغانىدى. غۇچچىدە قوڭغۇزلاپ كەتكەن ئۆرۈك غوللىرى ئاپئاق چېچەكلەرگە پۈركەنگەن، باھار تەبىئەتكە ئۆزگىچە گۈزەللىك ئاتا قىلغانىدى. بۈلتۈر مۇشۇ كۈنلەردە، ھېكمەت گۈلزىبا بىلەن نىكاھ قىلغانىدى. كونىلار: «ۋاقىت ـ ئاتقان ئوق» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، مانا كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە، بىر يىل ئۆتۈپتۇ...

قۇتلۇق خۇيجاڭنىڭ پىششىق قىش يېيىتىلغان پاكىزە قورۇسىغا كىگىز ـ گىلەملەر سېلىنىپ، ئايۋان ـ سارايلىرىمۇ ناھايىتى چىرايلىق بىزەلگەنىدى. ئۇنىڭغا ياشانغان مويسىپىتلەر، شەھەر ئاھالىلىرى باشلاندى. ياشلارغا، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرلىرىغا ئايرىم ئۆي تەييارلانغانىدى. چۈنكى بۇ ئۆيدە زىيالىيلار بولغاچقا، ئاز ـ تولا ئىچىملىك بولاتتى. ئالىمجان، ئامانىللا، نائىبى، شادىمان قاتارلىق دوستلارنىڭ ھەممىسى كەلگەنىدى. قىزلار روشەننىڭ ئۆيىدە ئىدى. چۈنكى ئۇ، زۇمرەتنى ئولتۇرغۇزۇپ بەرگەچكە، ئۇ يەردىمۇ توي قىزىۋاتاتتى. ئابلىز نەۋا، كامىل، مىرزاپشالار سازلىرىنى تەڭشەپ، نەغمىگە تەييارلىق

قىلىشىۋاتاتتى. ھېكمەت يىگىت قولدىشى بولغاچقا، تۆردە مۇراتنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. كاستۇملىرىنىڭ ئۈستىگە ئاپئاق ياقىلىرىنى چىقىرىپ، ئوخشاش ياسىنىۋالغان مۇرات بىلەن ھېكمەتنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. قۇربان ھاكىم كىرىپ كەلدى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ھېكمەت يېڭى ئېرىق سۇ ئامبىرىدىن قايتىپ كەلگەن ئىككى يېرىم ئايدىن بېرى، قۇربان ھاكىمنى كۆرمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ھاكىم بىلەن قۇچاقلىشىپ، بىرنەچچە ئېغىز چاقچاقلىشىۋالدى. بۇ كۆرۈنۈش زەيىنىدىننى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. ھاكىمنى تۆرگە باشلاشتى. ئۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاكوجاڭنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. بىردەمدىلا داستىخانلار سېلىنىپ، تاتلىق ـ تۈرۈملەر بىلەن چاي تارتىلدى. ئارقىدىن، لېگەنلەردە قورداق كىردى. قۇتلۇق خۇيجاڭ پات ـ پاتلا بوسۇغىدا پەيدا بولۇپ مېھمانلارنى: «ئېلىڭلار، يېقىڭلار...» دەپ قويattى. تاماق يېيىلىپ بولۇشىغا، نەغمە باشلاندى. مىرزاپشا ئاكا دەسلەپتە ناۋا مۇقامىنى ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ ئېيتتى. مۇقامنىڭ جۇلا، سەنەملىرى باشلىنىش بىلەن، ئابلىز نەۋا، كامىللار قوشۇلۇپ، غەزەلنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋەتتى. بۇ ئەسنادا، بىرنەچچە خىل قورۇملار داستىخانغا تىزىلىپ، ئالىمجان ساقىيلىقنى ئۈستىگە ئالدى. ئولتۇرۇش راسا قىزىۋاتقان بىر پەيتتە، ياشلار قىز كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن مېڭىشتى. قالغان مېھمانلارنى قۇتلۇق خۇيجاڭ تۇتۇپ قېلىپ، قوزغىلىشقا قويمىدى.

كەچمۇ بولۇپ قالغانىدى. ياشلار روشەننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشتى. قىزلار ئىشىكلەرنى تاقاپ «كۆرۈملۈك» تەلەپ قىلىشتى. مۇراتنىڭ ئۆگەي ئانىسى ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ قويغاچقا، ھېكمەت بىرنەچچە ھېلىلە روماللارنى ئىشىك يوچۇقىدىن سۇنۇپ بەردى. قىزلار: «زۇمرەتكە كۆرۈملۈك بەرمىسە، بەرمەيمىز» دەپ تۇرۇۋالدى. مۇرات بۇ ئىشقا ئاتاپ ئېلىپ قويغان ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى سۇنۇپ بەرگەندىلا، ئىشىك ئېچىلدى. ھېكمەت گارمونىنى شوخ پەدىگە چېلىپ يىگىتلەر بىلەن كىرىپ كەلدى. قىز قولدىشى روشەن بىلەن يەنە بىرنەچچە قىزلار چۈچىلىق رومال

بىلەن يۈزىنى يېپىۋالغان زۇمرەتنى قولتۇقلاپ تۇراتتى.

— قىزلار، — دېدى لۇتپىيە ۋارقىراپ، — بۇ ئۇزۇكنى مۇرات ئۆز قولى بىلەن زۇمرەتنىڭ قولىغا سېلىپ قويسا قانداق دەيسىلەر؟...

قىزلار ھەممىسى چۇرقىرىشىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى. مۇرات زۇمرەتنىڭ ئاپئاق، بۇدرۇق قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئۇزۇكنى سېلىپ قويدى، قىز - يىگىتلەر ئۇنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈشتى. زۇمرەتنىڭ قېشىدا قىز قولدىشى روشەن ماڭدى، مۇراتنىڭ يېنىدا ھېكمەت گارمون چېلىپ ماڭدى. ئامانىللا توپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئاياقلىرىدىن ھەرخىل ئاۋازلارنى چىقىرىپ، پات - پاتلا ئۇشقىتىپ، ئادنۇشكىغا دەسسەيتتى. ئۆي ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا، ئۇلار ھايال بولمايلا، قۇتلۇق خۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشتى. قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئازادە ھويلا ئىچى ياشلارغا قالغانىدى. ناخشا - ئۇسسۇل باشلىنىشى بىلەن، قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئويناشتى. چوكانلار يىگىتلەرگە قولياغلىق، قىزلارغا رومال ۋە شارپىلارنى چۆرۈلمىلىك قىلىپ، بويۇنلىرىغا ئارتىپ قويۇشتى، ئارقىدىن، تانسا باشلاندى.

خۇشاللىق ۋە قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكى بىلىنمەي قالدى. مېھمانلار قايتىشقا تەرەددۇتلەندى. زۇمرەتنى بوستان ئۇتتۇرا مەكتىپىگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتمەكچى ئىدى. قۇتلۇق خۇيجاڭ سورۇن ئوتتۇرىسىغا چىقتى - دە، ھەممىگە تەكشى قارىدى. باشقىلار ئۇنى كۆرۈپ جىمىپ قېلىشتى.

— ئەزىز مېھمانلار، توينى مۇشۇنچىلىك قىزىتىپ بەرگىنىڭلارغا رەھمەت، — دېدى قۇتلۇق خۇيجاڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، — ھەممىڭلار ياشلار، شۇڭا، ئىككى ياشنىڭ بەختى، شۇنداقلا بېشى باش، ئايىقى تاش بولۇپ كېتىشى ئۈچۈن، بىر دۇئا قىلىپ بەرسەڭلار!...

— ئۆزلىرى چوڭ بولغاندىكىن، سىلىدىن كەلسۇن! — دېدى ئالىمجان.

— ياق، ياق، ھەرقايسىڭلار مېھمان ئەمەسمۇ؟ سىلەردىن كەلسۇن!

— ئەمىسە، — دېدى كامىل ئالدىغا بىر قەدەم ئېلىپ، — يىگىت قولدىشى ھېكمەت دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ بەرسە قانداق؟

دوستىنىڭ غەملىرىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈنمىكىن، كامىل بىلەن مۇرات داۋاملىق ھېكمەتنى سۆزلەشكە، ھەرخىل ئىشلارغا مەجبۇرلايتتى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ، كامىل نېمىدۇر ئويلاپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى قەستەن ئېغىزغا ئالدى. ئېلان قىلىپ بولغان ئىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن ھېكمەت كەڭ ھويلىدا ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان سورۇن ئەھلىگە قارىدى:

— مېنىڭ دۇئارىم سەل ئۇزۇن، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — كۆپچىلىك زېرىكىپ قالارمىكىن؟

— بامداتقىچە ئوقۇساڭمۇ مەيلى، — دېيىشتى دوستلار چاقچاق قىلىپ.

ھېكمەت قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئاسىنى باشلىدى:

. . . توي قىلىپسىز مۇبارەك بولسۇن،
ئىككى ياش مەڭگۈ قوش يۈرەك بولسۇن.
بالىلارنىڭ بېشى باش بولسۇن،
پاچىقى تاش بولسۇن! . . .
كۆڭلى باھاردەك ياش بولسۇن،
يېگىنى نازۇ نېمەت ئاش بولسۇن. . .
ئوغۇل نەۋرىڭىز،
دانىشمەن، ئەلگە باش بولسۇن.
قىز نەۋرىڭىز،
ئايدەك گۈزەل، قەلەمقاش بولسۇن! . . .
نەۋرىلىك - چەۋرىلىك بولۇڭ،
ئۇلار سىز بىلەن زامانداش بولسۇن! . . .
دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ كۆزى ياش بولسۇن،

. بىشى قېتىپ تاش بولسۇن! . . .
ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر. . .

ھەممە دۇئادىن كېيىن بىردىنلا خۇشال ۋارقىرىشىپ كېتىشتى. قۇتلۇق خۇيجاڭ ھېكمەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ «توي دۇئاسى» ، «توي تىلىكى»دىن بەك رازى بولغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، رەھمەت ئېيتتى. ئاندىن، شەھەرلىك دوستلار بىلەن بوستانلىق مېھمانلار ئۆزئارا خوشلىشىپ، «مەن ساڭا ئېيتاي» باشلىنىپ كەتتى. ئالىمجان زىھرۇللا مۇرات بىلەن زۇمرەتنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارنى مۇبارەكلەپ بولغاندىن كېيىن، ئا كوجاڭنىڭ زۇمرەتنى بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە خەنزۇ تىلى دەرسى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى قىلىپ بەلگىلىگەنلىكىنى، بىر يىلدىن كېيىن رەسمىيلەشتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈچىلىق رومال ئىچىدىن چىققان يېقىملىق ئاۋاز ئاستا شىۋىرلىدى:
— قىلالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيمەن. . .
— مۇرات سىزگە ياردەملىشىدۇ. . . بىرەر ـ ئىككى ئايدىن كېيىن، ئۆزلىشىپ كېتىسىز. سىزنىڭ خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقى جەھەتتىكى ئاساسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ!
— مەن زۇمرەتنى يەنە بىر يىل ئارام ئالدۇراي دېۋىدىم، — دېدى مۇرات، — ئوقۇتقۇچىلىق ئېغىر كېلەرمىكىن.
— ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆپرەك ئارىلاشسا، زۇمرەت ئۈچۈنمۇ ياخشى. بۇنى سەن چۈشىنىسەن. . .
— زۇمرەت سىزچە قانداق؟ — سورىدى مۇرات، — بولامدۇ؟
— مەيلى، قىلىپ كۆرەي. . .
بۇ چاغدا، ھېكمەت ئاپئاق چېچەكلەپ كەتكەن ئۆرۈك ئاستىدا، ئۈچ ئايلىق بولغان ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈۋاتاتتى. مۇراتنىڭ باغاق بېرىشى بىلەن تويغا قاتناشقان ماھىگۈل ئارىلىقتا ئەزىمەتنى كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى. يۈزلىرى يۇپيۇمىلاق، مەڭزىلىرى قىپقىزىل بوۋاق دادىسىنى كۆرگىنىگە خۇشال بولغاندەك، ۋىلىقلاپ كۈلەتتى، گۇگۇراپ نېمىلەرنىدۇر دەيتتى.

— ھېكمەت ئاكا، بايا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتىڭىز، — دېدى ماھىگۈل قىزىرىپ، — سىزنى ئەمدى قانداق قىلار دەپ ئەنسىرىۋىدىم، لېكىن دۇئارىڭىزدىن ياشلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق رازى بولۇشتى.

— ئۇلار نېمە دېيىشسە مەيلى، — دېدى ھېكمەت ئوغلىنىڭ بويۇنلىرىغا ئېگەكلىرىنى سۈۋاپ، ماڭا ئەزىمەت بولسىلا بولدى. . . ئۇ مېنىڭ كۆڭۈل خوشۇم. . . دىلكەشىم. . . ھەم سىردىشىم. . .

— ئانام سىزنى بۈگۈن كېلەرمىكىن دەپ ساقلىغانىدى، — ماھىگۈل كۆزلىرىنى ئەپقاچتى، — لەگمەن ئېتىپتىكەن. . .

— ئانامغا رەھمىتىمنى ئېيتىپ قويۇڭ، ئارىلىقتا يوقلاپ كىرىمەن، — دېدى ھېكمەت، — نەبىنىڭ ئوقۇشى قانداقراق؟

— ياخشى، ئۇ مەكتەپتىن كېلىپلا، ئەزىمەتنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدىكەن. . . بەزى كېچىلىرى بۆشۈكنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالىدىكەن. . .

— سىز بىز بىلەن بىللە قايتامسىز ياكى ئۆيدە قونۇپ قالامسىز؟

— بۈگۈن ئانامغا ھەمراھ بولۇپ، بىللە ياتاي. . .

قايىت بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ئوغرىلىق جىنايىتى ئۈچۈن ئونبەش يىللىق كېسىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ماھىگۈل ھەپتە ئارىلىقلىرىدىمۇ شەھەرگە كىرىپ، ئانىسىنىڭ كەم - كۈسىلىرىنى قىلىپ، ئەزىمەتنىڭ كىيىملىرىنى، لاتا - پۇتىلىرىنى يۇيۇپ بېرىپ، قايتىپ كېلەتتى.

تراكتور پونكىتىنىڭ شوپۇرى ئالدىرىتىپ كىرگەندىن كېيىنلا، بوستانلىق ئوقۇتقۇچىلار ماشىنا بىلەن قايتىشتى. شۇ كۈنى ئۇلار ئوتتۇرا كېچىگىچە بەزمە - مەشرەپ قىلىشقاندىن كېيىن، مۇرات بىلەن زۇمرەتنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويۇپ تارقاشتى.

ھېكمەت ئەتىسى ئەمدىلا دەرستىن چىقىپ تۇراتتى، ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلىرى كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. سەيدۇللا بىلەن ئابدۇللاغا ھەربىي فورما ئاجايىپ يارىشىپ كەتكەنىدى. سىراجىمۇ ئاستى بوغما چاپان، ئىشتان، ئاپئاق پاكىزە كۆڭلەكلەرنى كىيىپ پارقىراپ تۇراتتى.

— بىزنى تۇنۇگۇن ئاپىرىپلا مۇنچىغا چۈشۈردى، — دېدى سىراجى خۇشاللىقىنى باسالماي، — ئاندىن دوختۇر تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزدى. بۈگۈن ئائىلىمىز بىلەن خوشلاشقىلى ئىككى كۈن قويۇپ بەردى.

— ئوبدان ئوقۇڭلار، — ھېكمەتنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى، — ئانا مەكتىپىڭلارنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلماڭلار. ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئاتا ـ ئاناڭلارغا خەت يېزىپ تۇرۇڭلار. . .

— گەپلىرىنى ئاڭلايمىز مۇئەللىم. . .

ئابدۇللا، سەيدۇللا، سىراجىلار مۇئەللىمىنى چىڭ قۇچاقلاپ خوشلاشتى. ھېكمەتنىڭ تۇنجى قېتىم ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇزىتىشى بولغاچقا، بۇ ئايرىلىش ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئۇ كۆڭلىدە، ھەر ئۈچ يىلدا ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن خوشلىشىۋاتقان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈرىكىدە قانچىلىغان ئايرىلىش داغلىرى قالىدىغانلىقىنى شۇ چاغدىلا ھېس قىلدى. ھېكمەت خامۇش ھالدا چوڭ ئىشخانىغا كىرىپ، ژۇرنالنى قوزۇققا ئىلىپ تۇراتتى، زىكرۇللا غوجا ئۇنى چاقىرىۋالدى. ئۇ ئىلمىي بۆلۈم ئىشخانىسىغا كىرگەندە، ئۇ يەردە زەيىندىن مۇدىرمۇ بار ئىدى. «بىرەر كېسەل ئوقۇتقۇچىنىڭ ياكى رۇخسەت سورىغانلارنىڭ دەرسىنى قوشۇمچە ئۆتكەچ تۇرغىن» دەمدىكىن دېگەن ئوي بىلەن، ھېكمەت ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— مۇنداق ئىش ئىدى، — دېدى زەيىندىن گېلىنى رۇسلاپ، — بۇزاق گۇڭشې يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقىنى تەبرىكلەش، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش يىغىنى ئېچىلماقچىكەن. شۇنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە سىزنى ناھىيىدىن تەكلىپ قىپتۇ.

— ئوقۇغۇچىلىرىمنى ئەمدىلا رەتكە سېلىپ تۇرسام، — دېدى ھېكمەت خاپا بولغان ھالدا، — يەنە بىرەر ئاي يوقاپ كەتسەم، قانداق بولىدۇ؟ . . .

— بىز بۇنى ئويلاشمىدۇق ئەمەس، — زىكرۇللا غوجىنىڭ چىرايىدىن نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى، — لېكىن مەتتوختى روزى ھاكىم

ئۆزى تېلېفون بېرىپتۇ ئەمەسمۇ!...

ھېكمەت مەتتوختى روزى ھاكىمنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن ئويلىنىپ قالدى. خەلقنىڭ كۆڭلىدە «ھاكىم كەپىسى» دېگەن ئابىدە بىلەن نام ئالغان بۇ ئادەم ھەممىنىڭ ھۆرمەت - ئىپتىخارى ئىدى. ھېكمەت كەلگەن يىلى خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن تەۋەككۇل، ئىسلامئاباتلارغا ماڭغاندا، مەتتوختى ھاكىم يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدا ئۇلارنى مېھمان قىلىپ، بىر كېچە ئويناتقانىدى. ئۇنىڭ قوپالراق تۈز مىجەزى، ئويۇن - چاقچاقلارغا ھېرىسمەنلىكى، كەمتەرلىكى ھېكمەتكە يېقىپ قالدى. ھەتتا ئۇ سەل تەڭشىلىپ قېلىپ، ھاكىمغا بىرنەچچە ئېغىز چاقچاق قىلىۋىدى، ھاكىم: «قارا ماۋۇ سېرىق تۈك باچكىنىنىڭ گەپدانلىقىنى!» دەپ، ھېكمەتنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرغانىدى. قۇربان ھاكىممۇ مەتتوختى روزى ھاكىمنىڭ ئىسمىنى پەخىرلەنگەن ھالدا ئېغىزغا ئېلىپ، ئۇنى ماختىغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق خەلق كۆڭلىدىن سۆيىدىغان ياخشى ئادەملەرنىڭ لەۋزىنى يەردە قويۇشقا بولمايتتى.

— ۋاقتى قانچىلىك ئىكەن؟ — سورىدى ھېكمەت.

— مەتتوختى روزى ھاكىمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، — دېدى زەينىدىن، — بىرەر ھەپتە ئوخشايدۇ، سىزىدىغان جەدۋەل، رەسىملەرنى سىزىپ بەرسە بولىدۇ، دەيدۇ.

— قاچان ماڭسام بولار؟

— ئەتە ئەتىگەن بولسىمۇ بولىدۇ، — دېدى زەينىدىن.

— ياق، بۈگۈنلا ماڭاي...

ھېكمەت بالدۇرراق كىرىپ، بالىسى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشنى ئويلىغانىدى. شۇڭا ئۇ چۈشلۈك دەم ئېلىشتا، ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس، ئىنتىزام، ئەمگەك، تازىلىق ھەققىدە سۆزلىدى. ئاندىن يېڭىدىن سايلانغان سىنىپ باشلىقى ئىمىن توختى، ئۆگىنىش باشلىقى خىلىچىۋانى، تۇرمۇش باشلىقى قادىرلارنى ياتىقىغا ئەكىرىپ، تېگىشلىك خىزمەتلەرنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

ھېكمەت ناھىيىلىك كومىتېت ئىچىگە كىرىپ، مەتتوختى روزىنىڭ

ئىشخانىسىغا كەلدى. ھاكىم قايسىدۇر گۈگۈشىنىڭ بوز يەر ئېچىش ھەققىدىكى دوكلاتىنى كۆرۈپ تۇزىتىۋاتاتتى. ئۇ قەلىمىنىي ماتېرىيال ئۈستىگە قويۇپ، ھېكمەت بىلەن كۆرۈشتى. مەتتوختى روزى ھاكىم بەكمۇ ئېگىز بولمىسىمۇ، ناھايىتى تەمبەل ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مۇسكۇللىرى چىڭ، قاراراق چىرايىدىن بىر خىل جەسۇرلۇق، تەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ھە، بەك تېز كەپسەنغۇ؟ — دېدى ھاكىم، — ئاڭلىسام، سىنىپ مۇدىرى ئىكەنسەن. سىنىپىڭنى قانداق قىلدىڭ؟

— كامىل قاراپ قويىدۇ.

— ئاغزىڭدا چالىدىغان مۇڭلۇق نەغمەڭنى ئېلىۋالدىڭمۇ؟ — ھاكىم كونا ئىشلارنى ئەسكە ئالغاندى، — يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدىكى ھېلىقى كېچىسى چېلىپ بەرگىنىڭ ئېسىڭدىدۇر؟

— ئېسىمدە! — كۈلدى ھېكمەت، — ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئوينىغانىدۇق.

— ئۇ چاغدا مەن سېنى «ھارماڭلار ئاداش» دېسەم، سەن: «ھارمىدىم، ئېشەكتە كەلدىم» دېگەنىدىڭ. . .

ھەر ئىككىلىسى كۈلۈۋەتتى. ھاكىم كونا خاماناشلارنى سوراپ، بىردەم قىزىقچىلىق قىلدى. ئاندىن، ئۇ ئەتە ئەتىگەندە بۇزاق گوڭشېسىغا ماڭىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، ھېكمەت خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ھېكمەت ئەنجان كوچىسى بىلەن ئۆتتۇرلاپلا قىزىق دەرۋازىغا چىقتى. نامازشام بىلەنلا، قىزىق دەرۋازىسى يوشۇرۇن ئوقەتچىلەرنىڭ قاينىمىغا ئايلىناتتى. ھېكمەت بىرنەچچە نان ۋە سامسا ئالغاندىن كېيىن، ئالدىراپ ئاۋغان كوچىسى دوقمۇشىغا كېلىپ، كىمنىڭدۇر ئىزلىرىنى ئىزدىگەندەك، بىردەم توختىدى. ھېكمەت ئۆيگە كىرگەندە، ماھىگۈلدىن باشقا ھەممىسى بار ئىدى. نەبى بىر پۇتىدا بۆشۈكنى تەۋرەتكەچ، شىرەدە تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى. بۇمەرەمخان ئەزمەتكە ئىشتان - پايپاق تىكىپ ئولتۇراتتى. نەبى چاچراپ تۇرغاندا، دۇۋەتتىكى سىياھنى ئۆرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ئۇچقاندەك كېلىپ، ھېكمەتنى قۇچاقلىۋالدى. بۇمەرەمخان

ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەھۋال سوراۋېتىپ، يىغلىۋەتتى.
— ئانا، ئوبدان تۇرغانلا، — دېدى ھېكمەت نان ھەم سامسىلارنى شىرەگە قويۇپ، — بۇزاق گۆڭشېسىغا خىزمەتكە بارماقچى ئىدىم، يوقلاپ كىرىشىم.
— قاچان ماڭىسىز بالام؟...
— مەتتوختى روزى ھاكىم بىلەن ئەتە ئەتىگەن ماڭماقچى، — ھېكمەت ئۈچ بولاق سۈت پاراشوكى ھەم شېكەرنى سومكىدىن ئالدى، — ئۆيگە خەت يازسام، ئاپام ئەۋەتىپتۇ. بالىغا تەڭشەپ ئىچۈرسىلە! شېكەر بەك كۆپ بولۇپ كەتمىسۇن، بالىنى قورۇپ قويىدۇ.
— خويمۇ ئوبدان بوپتۇ، بۇ يەردە سۈت تاپماق بەك تەس، — بۈمەرەمخان كۆزلىرىنى قاچۇرۇپلا تۇراتتى، — تاماقنى ئالدىڭىزدا يەپ بولۇپتىمىز. بىر چىنە ياڭاق چاي قىلىپ بېرەيمۇ؟
— رەھمەت، قورسىقىم توق، مەن سىرتقا چىقماقچى ئىدىم.
ھېكمەتنىڭ ھەر قېتىم كەلگىنىدە زەرەتكارلىقتا چىقىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بۈمەرەمخان ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا كۆزلىرىنى سۈرتكىنىچە، ئۈندىمىدى.
— كىنوغا كىرسىڭىز، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كىرىڭا ھېكمەتكا، — دېدى نەبى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ.
— كىنوغا تېخى بالدۇر تۇرسا؟ مەن ھازىر تۇپراق بېشىغا چىقىمەن.
— ئاچامغا دۇئا قىلغىلىما؟ مەنمۇ بارىمەن.
— بوپتۇ، بىللە بارايلى، — ھېكمەت بۆشۈكتە ئۇخلاۋاتقان بالىغا ئېڭىشىپ، ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيدى، — ئانا، تۇرمۇشتا قانداقراق كېتىۋاتىدىلا؟ بىرەر كەم - كۇسىلىرى بارمۇ؟
— ياق، ياق، ھەر ئايدا بېرىۋاتقان پۇلىڭىز نەبى ئىككىمىزگە ئازادە يېتىدىكەن، نەبىنىڭ ئوقۇشىغا ئاتىغىنىڭىزنى ئۆزىگە بېرىپ تۇردۇم.
ھېكمەت بايا كىرگەندىلا بوسۇغىدا غىل - پال كۆرۈنۈپ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتكەن گۈلرۇز بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئۇ چىرايلىق ياسىنىپ، يۈزلىرىگە ئۇپا سۈرتۈپ، قاش - قاپاقلىرىغا سۈرمە تارتقانىدى. چىرايىدىمۇ

بىر خىل تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

— ۋاي خۇدايىم، ھېكمەتكام كەپتىكەن ـ دە! — گۇلرۇز كۆزىنى لەپپىدە تاشلىدى، — قورسىقىڭىز ئاچتۇر؟ شاق ـ شۇقلا بىر نېمە قىلىپ بېرەيمۇ؟

— رەھمەت، ھېلىلا بىر نەرسە يەۋالغان.

— ئۆزۈڭ بازاردىن يەۋاتساڭ، نېمەڭگە تاماق قىلىپ بېرسەن؟ — دېدى نەبى گۇلىيىپ، — تېخى پوچىلىق قىلىپ كەتكىنىنى كۆرەيمۇ؟. . .

گۇلرۇز ئۆي ۋە سىرتتا ھېچكىمدىن قورقمىغىنى بىلەن، نەبىدىن ئەيمىنەتتى. ئۇنىڭ ياشقا كىرىپ قالغان نەبىنىڭ قايىت ۋە گۇلرۇزلاردەك ئىنسانىي خىسلىتى يوق مەخلۇقلارنىڭ ئەلىمىنى تارتىپ خورلۇقـــغا ئۇچراپ، ئاچ ـ توق قېلىپ، تىل ـ ئاھانەت ئىچىدە ياشاپ كەلگەچكىمۇ، كىچىككىنە يۈرىكىنى غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇ، ئانىسىنىڭ، گۇلزىبانىڭ، ماھىگۇلنىڭ، ھېكمەتنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ مۇشۇ باغــرى كەڭ دۇنيادا كــۆرگەن كــۈنلىرىنى ئــويلىسىلا، كىملەرنىڭدۇر چانىغۇسى، ئوت قويۇپ كۆيدۈرگۈسى، سىم چۇراڭغا سېلىپ دەريا تەكتىگە شۇڭغۇتىۋەتكۈسى كېلەتتــى. بــولۇپمۇ ئــۆزىنىڭ بــىردىنبىر ھىماتى، شاپائەتچى ماشايىخى بولغان ئاچىسى گۇلزىبانىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرى ئۇنى قارام قىلىــۋەتكەنىدى. قــولىغا نېمــە چىقسا ئاتاتتــى، ئاقىۋىتىنىـــــى ئويلىمايتتى. بەش ـ ئالتە قېتىم تەكرارلانغان ناھايىتــى قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتتىن ئامان قالغان گۇلرۇز ئۇنى كۆرسىلا، جىنىدىن قورققاندەك بولۇپ، تېنى شۈركۈنەتتى. گۇلزىبا تۇغمىگەندىن كېيىن، بۇ ئائىلىنى ھۆركىرىتىۋاتقان كېرىم مەنبەسىمۇ ئۈزۈلگەنىدى. ئارقىدىن، قايىت قولىغا ئېلىندى. گۇلرۇز مائاشىدىن ياردەم قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۆيگىمۇ ئانچە كىرمەس بولۇۋالدى. بىر كۈنى، ئۇ كەچلىك تاماققا ئۇلگۈرۈپ كــىرىپ كەلدى ـ دە، شــىرە ئالدىدا بەدەشقانىنى قــۇرۇپ ئــولتۇردى. بۇمەرەمخان ئۇنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە لەڭمەننى ئېلىپ كېلىۋىدى، نەبى شارتلا قىلىپ تەخسىنى تارتىۋالدى ۋە تامغا تىكلەپ قويغان پالتىنى ئېلىپ: «چىققە شاپاقچى، قايسى يۈزۈڭ بىلەن بۇ تاماقنى يەيسەن؟. . . ھېكمەتكام

بىلەن ئاچامغا دۈشمەنلىك قىلغان سەن! . . . بۇ تاماق ھېكمەتكامنىڭ پۇلىغا كەلگەن! . . . ئەگەر قوپمىساڭ، كاللاڭنى ئىككى پارە قىلىۋېتىمەن. . . » دەپ پالتىنى ئېگىز كۆتۈردى، گۈلرۇز قېچىپ چىقىپ كەتتى. مانا ھازىرمۇ ئۇ نەبىنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە بىر ئېغىزمۇ جاۋاب ياندۇرالماي، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— جۇرۇ نەبى، — دېدى ھېكمەت گۈلرۇزغا قاراپمۇ قويماي، — تۇپراق بېشىغا بارايلى.

ئەتراپنى گۈگۈم قاپلىدى. ئۇلار مازارغا بېرىپ، تېخى ئەتىيازنىڭ يۇمشاق ئوتلىرى بىلەن قاپلىنىشقا ئۈلگۈرمىگەن قەبرە بېشىغا يۈكۈنۈشتى. ھېكمەت قەبرىگە يېقىن كېلىپ ئېگىشتى - دە، دۇنيادا ئازغىنا ھايات كەچۈرگەن، ئۆمۈر بويى ھەسرەت بىلەن دۇپۇلدەپ ئۇرغان ئەڭ مېھرىبان يۈرەك دەپنە قىلىنغان قەبرىنىڭ توپىسىنى سۆيدى.

— گۈلزىبا! — دېدى ھېكمەت ئەلەم بىلەن، — مەن كەلدىم، ئامراق ئۇكىڭىز نەبى ئىككىمىز سىزنى يوقلاپ كەلدۇق! . . . مەن ئوغلىمىز ئەزىمەتنى سىز ئۇچۇن سۆيۈپ قويۇپ كەلدىم. ئۇ ھازىر ئۈچ ئايلىق بولدى، كۈلىدۇ، نېمىلەرنىدۇر دەپ گۇڭرايدۇ. ئۇنىڭ گۇڭراشلىرىغا قارىغاندا، «ئانا» دەپ تىلى چىقىدىغان ئوخشايدۇ. . . گۈلزىبا، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟ سىز ئەزىمەتتىن ئەنسىرىمەڭ. نەبى ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. . . ئۇ بولغاچقا، مەنمۇ خاتىرجەم. . . سىز ماھىگۈل بىلەن نەبىنى ماڭا تاپشۇرغانىدىڭىز. . . كەچۈرۈڭ، نەبىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يوقلاپ، تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالالمىدىم. . . .

ھېكمەتكە ھەر قېتىم قەبرىستانلىققا كەلگەندە، گۈلزىبا بىلەن غايىبانە سۆزلىشىش ئادەت بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇنىڭ دەيدىغانلىرىمۇ ئۆزىگە ياداقا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق سۆزلەۋاتقاندا، ئارقىسىدا مۆل - مۆل يىغلاپ ئولتۇرغان نەبى ئىچىدە: «ئاچا، ھېكمەت ئاكام يالغان ئېيتىدۇ. ئۇ ماڭا دادام، ئاناملاردىنمۇ ياخشى قارايدۇ. . . ئۇ بولغانلىقى ئۈچۈنلا، مېنىڭ كۆڭلۈم توق. لېكىن سەن ئەزىمەتتىن ئەنسىرىمە. . . ئەگەر مەن ئۇنىڭغا ياخشى قارىيالمىسام، خۇدا ئالدىدا يۈزۈم قارا بولۇپ كەتسۇن. . . » دېدى.

ئۇلار يەنە بىردەم سۆكۈتتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دۇئا قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھېكمەت يولدا كېتىۋېتىپ، نەبىدىن: «كىنوغا ئاپىرامسىز؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «بولىدىلا، ئۆيگە كېتەيلى!» دەپ ئۇنىمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاتلىق ۋە ئاچچىق ئەسلىمىلەر ئېزىپ قويغانىدى. بىر چاغلار، نەبى ھېكمەتنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالاتتى، بوينىغا ئېسىلاتتى. «كىنوغا ئاپىرىڭ!»، «لەگلەك ياساپ بېرىڭ!»، «تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ بېرىڭ!...» دەپ ئاۋارە قىلاتتى. ئاچىسى گۈلزىبا يېقىملىققىنا ئالىياتتى، جىملەيتتى، ئاچچىقلايتتى، ئەمما ئۇ بەك كۆڭۈللۈك چاغلار ئىدى. كېيىن، قايىت، گۈلرۇزلار، جامال توختى، كېرىموفلار بۇ بۇلاقتەك سۈزۈك تىنچ ھاياتنى قوچۇپ لېيىتىۋەتتى. ھەتتا ئۇ بۇلاقنى توپا ـ تۇپراقلار بىلەن تىندۇرۇپ، ئىزناسىنىمۇ قويمىدى.

ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، بۈمەرەمخان ئانا ئەزىمەتكە بۇلمىقىنى يېگۈزۈپ بولۇپ، قۇچىقىدا ئېمىزگۈ ئەمدۈرۈۋاتاتتى. قولىدا تىككەن ئاپئاق يۇمشاق كىيىملەر بالىنى شاكىلىدىن ئەمدىلا يېرىپ چىققان ئاق چۆجىگىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. نەبى ئەزىمەتنى كۆرپىگە ياتقۇزۇپ، بۇدرۇق قوللىرىنى، يۇمران مەڭزىلىرىنى سۆيۈپ، ئۇنى ئەركىلەتتى. ئەزىمەتمۇ بوغۇم ـ بوغۇم بىلەكلىرىنى سوزۇپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىيلايتتى. گۇڭراپ، ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى.

— ئانا، تىرنىقى ئۆسۈپ كېتىپتۇ، — دېدى نەبى بۇرنىنى سىيلاپ، — يۈزۈمنى تاتىلىۋالدى.

— ھەي ئاداش، — ھېكمەت بالىنى قولىغا ئالدى، — سىلى تاتىلايدىغان مۈشۈكمۇ ياكى ئاسلانمۇ؟

ھېكمەت بىلەن نەبى ئەزىمەتنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ، سۆيۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىپ تۇرغان ئارىلىقتا، بۈمەرەمخان ئىسسىق سۇ تەڭشەپ، داسنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بالىنى يېشىندۈرۈپ ئاۋايلاپ يۇيدى. ئەزىمەت كىچىككىنە مۇشتۇملىرىدا كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇگۈلۈۋالاتتى. تۇرۇپلا ئەندىكىپ، سۇنى شالاپلىتىپ تېپەتتى. نەبى: «كۆزىگە ماغزاپ كىرىپ كېتىدۇ...» دەپ ۋارقىرايتتى. بۈمەرەمخان ئەزىمەتنى پاكىزە

سۈرتكەندىن كېيىن، قىزىرىپ قالغان قولتۇق، بويۇنلىرىغا ئۇپا سۈرتۈپ، زاكىداپ بۆشۈككە سالدى.

— سىمىز بالىنىڭ بويۇن، قولتۇق، شىراقلىرى ئاسانلا پىچىلىپ قالىدۇ، — دېدى بۈمەرەمخان ئانا، — ۋاقتى - ۋاقتىدا يۇيۇپ، ئۇپا سۈرتۈپ تۇرمىسا، تېرىسى شەلۋەرەپ، تولا يىغلاپ، ئۇخلىيالمايدۇ.

— ھېكمەت ئاكا، — ئىشىك قىيا ئېچىلىپ گۈلرۇز كۆرۈندى، — گۈلزىبا ئاچامنىڭ ھۇجرىسىغا ئورۇن سېلىپ قويدۇم...

— نەبى، جۇرۇ كىرىپ يېتىپ قالايلى، — دېدى ھېكمەت، — ساڭا چۆچەك ئېيتىپ بېرىمەن.

— تاپشۇرۇقۇمنىڭ چالىسى قالغان، ئەتە ئەتىگەن يىغىۋالىدۇ.

— ئەمىسە، چالىسىنى قىلىۋېتىپ، تېز چىققىن.

— يالغۇز سىزگىلا بىر كىشىلىك سېلىپ قويۇپتىمەن، — گۈلرۇزنىڭ تەلەپپۇزىدىن نەبىگە نارازىلىقى چىقىپ تۇراتتى، — نەبى ئانامنىڭ قېشىدا ياتسا قانداق؟

— كېرەك يوق، ئىككىمىز سىغىشىپ يېتىۋېرىمىز...

ھېكمەت ھۇجرىغا كىرىپ، سىرتقى كىيىملىرىنى سالدى. ئۇ گۈلزىبانىڭ ھىدلىرى سىڭگەن بۇ ئۆينىڭ ھەممە يەرلىرىگە قاراپ تويمايتتى. ئاقمۇللا ئىمام نىكاھ قىلغان كۈنى، ئۇلار دەريا بويىغا بېرىپ دەرەخ غولىغا توي خاتىرىسى رەسىمىنى ئويغان، كەلگۈسى ھەققىدە شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئانا دەريا سۇلىرىغا ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن بەخت تىلىگەن، قايتىپ كېلىپ، مۇشۇ ھۇجرىدا يەنە ئۇزۇنغىچە مۇڭداشقان... ئىككىنچى كۈنى، قورۇم كۆلىگە بېرىپ، تۇنجى قېتىم كۆڭۈل ئىزھار قىلىشقان سۆيۈملۈك ئارالنى كۆرۈشكەندى. ئۇلار كېچىچە شام ياندۇرۇپ قويۇپ، بىر - بىرىنىڭ رۇخسارىغا قېنىشمىغانىدى.

ھېكمەت كارىۋات يۆلەنچۈكىگە ياستۇقنى يۆلەپ، پۈتلىرىنى ئەدىيالدا

يۆگەپ ئولتۇردى. ئۇ گۇلزىبا كۇلۇپ قارىغان، بىلىكىنى ئۇچلاپ تۇرۇپ كۆزىگە تىكىلگەن، ھايا بىلەن كۆكسىگە باش قويغان يەرلەرگە تويماي - تويماي قارىغىنىچە، «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىندى. ھېكمەت يەنە ئوي - خىياللارغا پېتىپ قالغانمۇ بولاتتى، لېكىن گۇلرۇز ئاستا كىرىپ كەلدى - دە، قولىدىكى بىر چىنە چاينى ئۇستەلگە قويۇپ، ئۆزى كارىۋات ئايىقىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ بىرەر ئويۇن ئوينىشىدىن ئەنسىرىگەن ھېكمەت سىرتقى كىيىملىرىنى كىيىپ، ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا كېچىدە ئالدىنى توسۇپ قىلغان رەسۋالىقى ئېسىدىن كۆتۈرۈلمىگەنىدى.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — ھېكمەت سىرتتىكىلەر ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا سورىدى، — باشقا ئىش بولمىسا، چىقىپ كېتىڭ، مەن ئۇخلايمەن...

— ھېكمەت ئاكا... بىلىمەن، سىزنىڭ ماڭا ئاچچىقىڭىز بار، — دېدى گۇلرۇز دۇدۇقلاپ، — لېكىن مەن ئۆزۈم ئېرىشەلمىگەن نەرسىگە باشقىلارنىڭ ئېرىشىشىنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن، شۇنداق قىلغان... مەن...

ھېكمەتنىڭ يۈرىكىدىكى نەچچە يىللىق غەزەپ - نەپرىتى بىردىنلا تېشىغا تەپتى. ئۇ گۇلرۇزنىڭ دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتمەكچى بولدىيۇ، بىراق قورسىقىنى ئېسىپ تۇرغان دەردنى چىقىرىۋېلىش ئىستىكى غالىب كەلدى.

— سىز قايسى ئېغىزىڭىز بىلەن بۇ گەپنى قىلىۋاتىسىز؟... گۇلزىبا سىزگە نېمە گۇناھ قىلغان؟ — ھېكمەت ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، ۋارقىرىدى، — كىچىكىڭىزدىن تارتىپ باقتى، ھەممە نەرسىڭىزنى تەل قىلىپ بەردى. ئۆينىڭ بارلىق ئېغىرلىقىنى كۆتۈردى. سىز بۇنىڭ بەدىلىگە، ئانىڭىزنى قۇترىتىپ، ئۇنى ئىسسىق خىزمەت ئورنىدىن

ئايرىدىڭىز... ساختىلىق بىلەن توي خېتى ئېلىپ، ئۇنىڭ تەقدىرىنى ۋەيران قىلدىڭىز... دادىڭىز بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنى كېرىموفقا ساتتىڭىز... قانچە قېتىملاپ قول سېلىپ ئۇردىڭىز... ئەمدى ئۆزىڭىزنى ئاقلىماقچىمۇ؟...

— مەن سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن شۇنداق قىلغان!...

— ئەممىسە، ماھىگۈل، نەبى سىزگە نېمە يامانلىق قىلدى؟ — ھېكمەت بارغانسېرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى، — مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم. سىز قايىت بىلەن بىرلىشىپ ماھىگۈلنى قىمارۋازلارغا تۇتۇپ بەردىڭىز... دادىڭىزنى قۇترىتىپ، نەبىنى ئۇرغۇزدىڭىز... ھەتتا، سىز مېنىڭ ئالدىمنى توسۇپ، ئاخىرىدا مېنى باسقۇنچىغا چىقاردىڭىز... يەنە قايسى يۈزىڭىز بىلەن ماڭا گەپ قىلىسىز؟...

— ھېكمەت ئاكا، توغرا، مەن نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلدىم... بۇ پەقەت سىزنى سارائلارچە ياخشى كۆرگىنىمدىن بولغان، — گۈلرۇز بەك بىچارە ھالەتتە ئىدى، — لېكىن ئويلاپ بېقىڭا، ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولمايدىغۇ؟...

— نېمە دېمەكچىسىز؟

— ئەزىمەتكە بەربىر بىر ئانا كېرەكقۇ، — گۈلرۇز يالتىيىدە قارىدى، — مەن ئوغلىڭىزغا ئانا بولالماسمەنمۇ؟... ماڭا ئىشىنىڭ... مەن ئۆمۈر بويى...

ھېكمەت گويا بىر كىم يۈزىگە نىجاسەت سوۋۇغاندەك ئازابلىنىپ كەتتى. گۈلرۇزنىڭ تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرۈشى، ئورۇنسىز تەلەپلىرى خۇددى يېڭىلگەن چېلىشچىنىڭ مەسخىرىگە قالغىنىغا ئوخشاش، ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭغا گۈلزىبا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— مېنىڭ ئادەم بىلەن مەلئۇننى ئايرىۋالغۇچىلىكىم بار، — دېدى ھېكمەت تىترەپ، — بىلىپ قويۇڭ، مەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنىڭ روھى بىلەن مەڭگۈ تەنھا ئۆتۈشكە رازىمەنكى، ئۇنىڭ دۈشمىنىنى قەلب بېغىمغا باشلىمايمەن... توغرا، ھەرقايسىڭلار مېنى زۇلۇم بىلەن ئۇنىڭدىن ئايرىۋەتتىڭلار... ياش كەتكەن گۈلزىبانىڭ — بالىسىغا

قانمىغان، ھاياتتىن كۆزى قىيمىغان، ئازغىنا ئۆمرى ناله ـ پىغان بىلەن ئۆتكەن ئاشۇ ناتىۋاننىڭ قىساس ئوتى سىلەرنى تۇتماي قالارمۇ؟. . . بىلىپ قويۇڭ، بۇ ئۆتنە ئالەم!. . . قىلىۋالدىم، ئېتىۋالدىم دەپ شاشماڭ!. . . ئەتىلا سىزگىمۇ كېلىدۇ. . . گۈلزىبانى گۆرىدە تىنچ ياتقىلى قويۇڭ!. . .

— ھېكمەت ئاكا!. . .

— چىقىپ كېتىڭ!. . .

— مەن!. . .

— سىزگە يوقىلىڭ دەۋاتىمەن. . . ياكى دۈمبىڭىزدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتەيمۇ؟. . .

ئىشىك تاراققىدە ئېچىلىپ، ھۇجرىغا بۇمەرەمخان بىلەن نەبى كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن بولۇنغان ھەممە گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ھەي شاپاقچى جالاپ، — دېدى نەبى ئارقىسىغا يوشۇرۇۋالغان يوغان قىڭراقنى چىقىرىپ، — مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم. . سەن گۈلزىبا ئاچامنى جىلى قىلىپ، كېسەل قىلىپ، دۈشمەنلىك قىلىپ، قەستەن ئۆلتۈرۈپسەن. ئەمدى سەنمۇ ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىپ باق!. . .

نەبى ئېتىلىپ كەلدى، گۈلرۇز ھېكمەتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى. لېكىن نەبى قىڭراقنى شىلتىغاندا، قىڭراق ئۇنىڭ جىلىتكىسىنىڭ پېشىنى تىلىۋەتتى. ھېكمەت نەبىنى قۇچاقلىۋالدى.

— گۈلرۇز بۇ ئۆيدىن كەت! — دېدى بۇمەرەمخان ۋارقىراپ، — نەبى ھەممىنى ئاڭلىدى. ئەمدى سېنى بىرنېمە قىلىۋېتىدۇ. كارخاناڭدىكى ياتىقىڭدىن كەلمە!. . .

گۈلرۇز ھېكمەتنىڭ ئارقىسى بىلەنلا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئەمما نەبى ھېكمەتنىڭ قوللىرىدىن بوشىنالماي، سەكرەيتتى، تىپىرلايتتى، ۋارقىرايتتى.

— ئەزىمەتكە ئانا بولىمەن دېگۈچە، ئىتقا ئانا بول. چوشقىغا ئانا بول، ئالۋاستىغا ئانا بول، ۋۇي مەينەت پاسكىنا!. . .

— نەبى بولدى قىل، — ۋارقىرىدى ھېكمەت، — ئەمدى ئۆزۈڭنى

بېسىۋال. . .

— ھېكمەتجان بالام، — دېدى بۇمەرەمخان تەييارلا تۇرغان ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — گۈلزىبا ئىككىڭلارنىڭ بەختىگە ئۇلتۇردۇم. كۆپ دېشۋارچىلىقلا سالدىم. مەن ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، باغرىمنى يېرىپ چۈشكەن قىزىمدىن ئايرىلدىم. ئەزىمەتنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىغىمۇ مەن سەۋەبكار. . . مېنىڭ ئىككىلا دۇنيادا يۈزۈم قارا! . . .

— بولدى ئانا يىغلىمىسىلا، — دېدى ھېكمەت تەسەللى بېرىپ، — دۇنيادا ئازمايدىغان ئادەم يوق. ئەزىمەت ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا. ئەمدى قانچە قىلغانلىرى بىلەن، چىققان كۆز ئورنىغا چۈشمەيدۇ. . .

— ئانا، ئەزىمەت ئويغانغان ئوخشايدۇ، — دېدى نەبى قولىدىكى قىغراقنى ئۈستەلگە تاشلاپ، — ئۇ يىغلاۋاتىدۇ. . .

ھېكمەت بىلەن نەبى بىر ئورۇندا يېتىپ قېلىشتى. ھېلىھەم ئاچچىقى يانمىغان نەبى ئۆزۈنىچە گەپ قىلماي جىمىپ كەتتى. ھېكمەتمۇ ئۇنىڭ غەزەپ جىددىيلىكى بېسىققۇچە ئۈندىمىدى. چۈنكى ئۇ نەبىنىڭ بايىقى تاتىرىپ، جالاقلاپ تىترەپ، قىغراق تۇتقان قوللىرىنىڭ تارتىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىرەر ئىش چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.

— ھېكمەت ئاكا، — دېدى ھېكمەتنىڭ يالاڭ مۈرىسىگە يۈزىنى يېقىپ ياتقان نەبى، — مەن ئاچام گۈلزىبا، ماھىگۈل، ئۇكام ئەزىمەت، سىز ھەم ئۆزۈم ئۈچۈن، گۈلرۇزنى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! . . .

— ساراڭ بولما! — دېدى ھېكمەت ئاچچىقلاپ، — قاننى قان بىلەن يۇيغىلى بولمايدۇ. . . كونىلار: «ئاداۋەت تۇگۈچىنى يەشكۈلۈكۈ، تۈگمىگۈلۈك. . .» دېگەن. دۇنيادا يامان بولماق ئاسان، ئوت قويساڭ، ئادەم ئۆلتۈرسەڭ، ئوغرىلىق قىلساڭ، ھەرخىل ئەخلاقسىزلىقلار بىلەن شۇغۇللانساڭ، خەلقنىڭ نەپرىتىگە دۇچار بولىسەن. . . ۋە ئۆمۈر بويى «يامان» دېگەن تامغا پېشانەڭگە بېسىلىدۇ. بىراق ياخشى بولماق ئىنتايىن مۈشكۈل، ئۇ سېنىڭدىن نۇرغۇن بەدەل تەلەپ قىلىدۇ.

ھېكمەت خېلى ۋاقىتلارغىچە «ياخشى ئادەم بولۇش» نىڭ مىزانلىرى،

ئۇنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغلۇق، شان ـ شەۋكەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئادەم تۇغۇلغانىكەن، ئۇنىڭ ئادەمدەك ياشىشى، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە شاپائەت كۆرسىتىشى، ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەت، كىچىكلەرنى ئىززەت قىلىشى، تەكەببۇر، مەمەدانە بولماسلىقى، كەمتەر ـ پەزىلەتلىك ئادەم بولۇشى لازىملىقى ھەققىدە سۆزلىدى. ھېكمەتنىڭ تەمسىل ـ ماقالىلەر، ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ئارقىلىق سۆزلىگەن سۆزى نەبىنىڭ قان تولغان كۆزلىرىنى سۇزۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدى بارغانسېرى شۇۋە قەدرى نۇرى چۈشكەندەك يورۇماقتا ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېكمەتكە تىكىلىپ ئولتۇردى. ھېكمەت قايىت، كېرىموف، گۈلرۇزلارنىڭ شۇملۇقلىرىنىڭ ئاقىبىتى، قۇربان ھاكىم، مەتتوختى روزى ھاكىم، كامىل، مۇراتلارنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىنىڭ نەقەدەر خاسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكلىرىنى ئاددىي مىساللار بىلەن ئىپادىلەپ بەردى.

نەبى ئويلىنىپ قالدى. راست ئۇ، نېمە ئۈچۈن كېرىموفقا ئۆچ، ھېكمەتكە شۇنچە ئامراق، كېرىموف قانچە يوشۇرىمەن دەپ ئۇستاتلىق قىلسىمۇ، چىرايىدىن، كۆزلىرىدىن، ھەتتا خام سىمىز ۋۇجۇدىدىن بىر شۇملۇق چىقىپ تۇرىدۇ. ھېكمەتچۇ؟ ئۇنىڭ ھەممە ئىشى سەمىمىي، چوڭغىمۇ، كىچىككىمۇ مۇئامىلىسى ئوخشاش. . . تەكەببۇرلۇقى يوق، دۇنيانى ئۆزىگە دوست تۇتمايدۇ. . . كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەرنىڭ دوستلۇقى ۋاپادارلىق، ساداقەت، ئىنسانىي بۇرچ بىلەن سۇغۇرۇلغان! . . . ئۇلار ھامان «ياخشىلىق يەنە ياخشىلىق» قا مايىل كىشىلەر! . . .

— ئەسلىدە دۇنياغا تۆرەلمىسەك بوپتىكەن، — دېدى ھېكمەت دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان پىل ـ پىل يۇلتۇزلارغا قاراپ، — تۆرەلگەن ئىكەنمىز، ئادەمدەك ياشايلى! . . .

ئۇلار يەنە بىرئاز پاراڭلىشىپ، ئوتتۇرا كېچىدىن ئاشقاندىلا ئۇخلاپ قېلىشتى. ھېكمەت سەھەر ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان نەبىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، تېۋىش چىقارماي ئورنىدىن تۇردى. ھېكمەت يۈزلىرىنى يۇيۇپ بولغۇچە، بۇمەرەمخان ئۇنىڭغا چاي دەملەپ قويغانىدى. ئۇ ئازىراق ناشتا قىلىپلا، پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى سۆيدى ـ دە،

ئورنىدىن تۇردى. بۇمەرەمخان ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغىنىدا، كۆڭلىدىن: «ئەگەر گۇلزىبا بولغان بولسا، ھېكمەت قانچىلىك خۇشال ماڭغان بولار ئىدى!» دېگەننى ئۆتكۈزدى.

ھېكمەت ناھىيىلىك كومىتېتقا كىرگەندە، ئىگەرلەنگەن ئىككى ئات ئىشخانا ئالدىدىكى دەرەخكە باغلاقلىق تۇراتتى. ئۇ، ئېرىق لېۋىدە ئولتۇرۇپ، بىردەم ساقلىدى. مەتتوختى روزى ھاكىمنىڭ يوغان گەۋدىسى دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆرۈندى.

— بۇ يەردە ئولتۇرۇپسەنغۇ؟ — دېدى ھاكىم ئاتنىڭ پېشانىسىنى سىيلاۋېتىپ، — كەلگىنىڭگە خېلى بولدىمۇ؟ نېمىشقا ئىشخانىغا كىرمىدىڭ؟

— ئۆزلىرىنى چىقىپ قالارمىكىن دەپ ساقلىدىم.

مەتتوختى روزى ھاكىم بىلەن ھېكمەت ئاتلىرىغا مىنىپ، گۇلباغ تەرەپكە ئەمەس، ناھىيىلىك كومىتېت بېقىنىدىكى گۆجان كوچىسىغا قايرىلىپ، تېز يۈرۈپ كەتتى.

## زەھەرلىك يىلاننىڭ ئامىتى

ماي ئېيىنىڭ كېچىلىرى تولىمۇ يارقىن بولىدۇ. لېكىن بۈگۈن كېچە ئاسمان سەتھىسىگە قارا رەڭ يېپىلىپ كەتكەندەك، تىغ ئۆتمەيدىغان دەرىجىدە قاراڭغۇلۇق ئىدى. تەكلىماكاننىڭ قۇم دەشتلىرىدىن بىر - بىرىنى سۈرۈپ، قوغلىشىپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلار بوستاننىڭ ئۈستىنى تۇتاش قاپلاپ كەتكەنىدى. پات - پاتلا «شۇۋۇ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، سوغۇق شامال غورا تۇتقان مېۋە كۆچەتلىرىنى قامچىلاپ ئۆتەتتى. ناگان - ناگاندا، قايىنام ھاسىل قىلىۋاتقان بۇلۇتلار روجەكلىرىدىن لىپ قىلىپ كۆرۈنۈپ قالغان ئاي تارتىنچاق قىزلاردەك، نەپەس ئۆتمەي قارا تۇتەك پەردە ئىچىدە غايىب بولاتتى.

بوستان بازىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئالاقەتلىك ئورمانلىقنى ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىمىزنىڭ خاتىرىسىدە بولسا كېرەك. يەنىمۇ

ئېنىقراق قىلىپ شەرھلىگەندە، چاپتىكەش مۇرات بىلەن شوخ زۇمرەتنىڭ پات - پات مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىپ، دىل بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچىشىدىغانلىقى ئەلۋەتتە ئېسىڭلارغا كەلدى. بۇ يەرنى ئورمان دېگەندىن كۆرە، ئېپتىدائىي ئورمان ياكى جاڭگال دېسىمۇ خاتا بولمايتتى. مانا ھازىرمۇ ئۇ خۇددى ئاسماندىن قارا بۇلۇت ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشكەندەك، سۈرلۈك ھەم قورقۇنچلۇق بولۇپ قارىيىپ تۇرماقتا. بۇ جۇدۇنلۇق كېچىدە، تۈن قۇشلىرىنىڭ «چىۋ» قىلىپ ئۇچقان ئاۋازى، يىكەن توخۇلىرىنىڭ چاڭىلداپ سايراشلىرى، جىگدىچى، تۇرۇلغا، ھەم بېغىتاقلارنىڭ ئۇيقۇلۇق چۇرۇقلاشلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى. گويا ئۇلار باھاردىكى جۇدۇنغا ھەيران بولغاندەك، ئۆز ئۇۋىلىرىغا كىرىپ جىمىپ كەتكەندى. مانا ئاشۇنداق سۇر باسقان ۋەھىمىلىك جاڭگال ئىچىدە، يىراقتىن خۇددى پارقىراق قوڭغۇزدەك ياكى تۇندە يۇرگەن مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك، «پىل، پىل» قىلىپ دەم يوقاپ دەم پەيدا بولۇپ، بىر ئوت كۆرۈنمەكتە ئىدى. بۇ ئوت «ئالاقەتلىك» بىلەن ئورمان تۇتاشقان چاتقاللىق يېنىدا ئۆچۈپ - ياناتتى. ئەجەبا، بىر چاغدا زۇمرەت مۇراتنىڭ قولىغا تاماكا ئوتىنى ياققان چوڭ بىر تۈپ توخۇمەك دەرىخىنىڭ دالدىسىدا، بىر سىرلىق سايە يۈرىدىغۇ؟... يامغۇرلۇق چاپىنىنىڭ ياقىلىرىنى كۆتۈرۈپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، پېشىنى دالدا قىلىپ ئارقا - ئارقىدىن تاماكا چېكىۋاتقان بۇ ئادەم كىم بولغىيتتى؟ مەشۇقىنىڭ دەردىدە ھەرقانچە يۈرىكى كاۋاپ بولغان ئاشىقمۇ بۇنداق قورقۇنچلۇق جاڭگال ئىچىدە، تۇندە تىنەپ - تەمتىرەپ يۈرمەس؟...

بۇ مەشۇقىنىڭ پىراقىدا ئەقلىدىن ئازغان ئاشىق ياكى جۇدالىق تەشنالىقىدا جېنىدىن كەچكەن مەشۇقەمۇ ئەمەس، بەلكى رەشىق ئوتىدا كۆزى قانغا، يۈرىكى قىساس ئوغىسىغا تولغان خالىق ئىدى. ئۇ، ھەر قېتىم تاماكىسىنى قاتتىق شورىغىنىدا، ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان تەلەتى بىرپەس يورۇپ قالاتتى. جىددىيلەشكەنلىكىدىن، ئۇ خۇددى جۇۋازغا قاتقان ئۆيدەك، توخۇمەكنىڭ چوڭ غولى ئەتراپىنى ئايلىناتتى. بىردەم ئوڭ پۇتىغا، بىردەم سول پۇتىغا ئېغىرلىقىنى سېلىپ، ئورمان ئىچىنى تىڭشايتتى. بىرەر شەپە ئاڭلانغان ھامان، ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا بىر يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازاسى بېرىلگەندىن كېيىن، خالىقنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ، قىساس ئوتى خېلىلا پەسەيگەنىدى. بىراق، قۇربان ھاكىمنىڭ «قايتا تەكشۈرۈش» بۇيرۇقىدىن كېيىن، ئۇلار يىل توشمايلا قايتىپ كېلىشتى. چارە ـ جازالارمۇ بىكار قىلىندى. گۈلزىبا مەسىلىسىدە، كېرىموف، جامال توختىلار تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىدى. لېكىن، زۇمرەتنىڭ پاجىئەسى تېخىچىلا سۈرۈشتە قىلىنمىدى. شۇڭا، كامىل بىلەن مۇرات ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا ئەرز تۇتۇپ، بىر نۇسخىسىنى قۇربان ھاكىمغا بەردى. قۇربان ھاكىم ئەرزنى ئىستايىدىل كۆردى. بولۇپمۇ ياقۇپنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا يازغان خېتى ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى ئىمىن سوپى ھاكىمنىڭ كەسكىن بۇيرۇقىدىن ئەندىكىپ، بۇ ئىشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. زەيىندىن، خالىق، كېرىموفلار چاقىرتىلدى. ئۇلارنى قايتا ـ قايتا سوراق قىلىش ئارقىلىق، ياقۇپ، زۇمرەتلەرگە ئۇۋال قىلىنغانلىقى بېكىتىلدى. زەيىندىن ئايرىم سۆھبەتتە، خالىق، كېرىموفلارنىڭ، گۈلزىبا، زۇمرەت ئۈچۈن مۇشۇنداق قارا ماتېرىيال ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قورقۇپ ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، بارلىق جىنايەتنى شۇلارغا ئارتىپ قۇتۇلدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، «شەخسىي غەرىزى ئۈچۈن پارتكومنىڭ نامىنى سېتىپ، قارا ئەنزە پەيدا قىلغان» خالىقنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ناھىيىلىك پارتكومدىن گۇڭشې پارتكومىغا ھۆججەت چۈشتى. خالىق بىرنەچچە كۈن پارتىيە ئەزالىرى ئولتۇرىشىدا ئۆزىنى تەكشۈردى. ئەمما، چارە كۆرۈش مەسىلىسىدە، تۇراپ ئىمىن ئۆز ھۆكۈمىنى ئىشقا سېلىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ يۈرۈپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدى. بۇ ھەقتە، ئۇ ۋاڭ لىمىڭ بىلەن ئۇستەل مۇشتىلىشىپ، مۇنازىرىلەشتى. پارتىيە ئەزالىرى دەسلەپتە ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، كېيىن تۇراپ ئىمىن ۋە خالىقلارنىڭ ئۈچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، «جازا بەرمەسلىكنى» تەلەپ قىلىشتى. خالىق بۇ قېتىم سىرات كۆۋرۈكىدىن سىيرىلىپ، ئۇدۇل دوزاخقا چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

ئۇ، كامىل، مۇراتلارنىڭ ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا ئەرز تۇتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى. بىراق، تېگى- تەكتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زەينىدىن ئۇنىڭغا، بۇ ئىشنىڭ باش بالاخورىنىڭ كامىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ساۋۇر روزى، ئىمىن سوپىلارغا گەپ بەرمەي، نەق يىغىن ئۈستىدىلا ئۇلارنى ئوسال ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى، ياقۇپنىڭ خېتىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ھەممىلا يەردە جامائەت پىكرى توپلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھېلىمۇ ياخشى، بىلگەندەك ھېكمەتنى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئەۋەتىۋېتىپتىمەن، — دېدى زەينىدىن خىزمەت كۆرسەتكەن ئەلپازدا، — بولمىسا، كامىل بىلەن ھېكمەت بىرلىشىۋالسا، ئىشلىرى چاتاق بولاتتى.

خالىق قاچانكى كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار بىلەن پۇت تېپىشىپ قالدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئىشلىرى زادىلا روناق تاپمىدى. ئۇنىڭ زۇمرەتنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياقۇپتەك چاۋاش قېرىغا كۆچۈكلىنىپ، ئۇنىڭ كېسەل خوتۇنىنىڭ يۈندىكەشلىكىنى قىلىپ، شۇنچە چارە - ئامالLARنى قىلىشتىكى مۇددىئاسى زۇمرەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئىدى. ئەمما ئۇ قۇش ھازىر مۇراتنىڭ قوينىدا سايراۋېتىپتۇ. . . قۇشقاچتىن قۇرۇق قالغان سا چۆجىگە ئېتىلغىنىدەك، خالىق نەفسەگە پەنجىسىنى ئۇزىتىۋىدى، كامىل دېگەن لاچىن ئۇنىڭ تىرناقلىرىنى بىر قانات ئۇرۇش بىلەنلا قايرىۋەتتى. ئۇ بوز يەرگە كىرىپ، ساراڭ زۇمرەتتىن تاياق يېدى. چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان مەتنىياز قولتۇق يۈزىگە تۈكۈردى. شۇنچە ئىشەنچ قىلغان دېۋەڭ تۇردى ھېكىم ئىشنى بۇزۇپ، يۈزىنى تۆكتى. كامىل ئەيمەنمەي ھويلىسىغا بېسىپ كىرىپ، «ھامان بىر كۈنى جېنىڭنى قىيىمەن» دەپ قورقاق سالدى. كىرىموفنىڭ يالغان توي خېتى مەسىلىسىدە، ئۇ ئۆزىنى تەكشۈردى. قىسقىسى، ئۇ نەگىلا بارسا، نېمىلا قىلسا، بۇرنىغا يەپلا تۇردى. كامىل ھازىرمۇ ياقۇپنىڭ خېتىنى دەستەك قىلىپ، ئۇنى تاجۇ تەختىدىن غۇلىتىش نىيىتىدىن يانغىنى يوق.

خالىقنىڭ تەقدىر - تارازىسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىندىغان قورقۇنچ ئۈنىڭغا كۆز قىسىپ تۇراتتى. بۇنىڭغا نەفسەنىڭ ئوت - پىراقىمۇ قوشۇلغانىدى. بىر نازىنىن پەرىزاتنى ئەلنامەنىڭ يارلىقلىرىدىن كېچىلەردە ئېلىپ ماڭسا، ئامۇتلۇقنىڭ ئۆستەڭ بويلىرىدا، بۇك بولجاللىقلاردا بەللىرىدىن قىسىپ، مۇرىلىرىدىن قۇچاقلاپ سۆيسە!... بۇنىڭغا خالىق قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟... ئۇ، ئۇنداق ئاسان بەل قويۇپ بېرىدىغان، بوشاپ كېتىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس!... جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. بۇ دۇنيادا يا كامىل تۇرىدۇ، يا خالىق!...

خالىقنىڭ كۆڭلى بورانلىق دېڭىزدەك زادىلا تىنچلانمىدى. ئۇ كامىل بىلەن قورساق ئۇرۇشى قىلىپ، مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئويناشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى ھەم «بۇ كىتاب خالتىسىغا تەڭ كەلگىلى بولمايدىكەن» دېگەن يەرگىمۇ كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا، كامىلنى ئارىدىن يوق قىلىش نىيىتى سەكسەن ئايىقى بىلەن ئۆمىلەپ چىقىپ، ئۇنىڭ رەشىق ھەم قىساس ئىگىلىگەن ئەقىل - ئېدرىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. بىراق، قانداق يوق قىلىش كېرەك؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپالماي، راسا قىينىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئامۇتلۇقنى كۆزىتىش ئۈچۈن قويۇپ قويغان ئىتى تۇردى ھېكىم ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېرىپ كەلدى. ئۇ خۇددى ھويلىغا كىرىپ قالغان مۈشۈكنى قاۋاپ قوغلىۋەتكەن پىستىدەك، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قاپقارا ئېڭەكلىرىنى ئۇچلاپ، كىچىككىنە گەۋدىسىنى قىسماقتەك ئېگىپ، ئېلىپ كەلگەن خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

— خا... خالىق كاتىپ، — دېدى تۇردى ھېكىم ئالدىراپ، — ئالدىمىزدىكى ھەپتە كا... كامىل بىلەن نەفسەتىنىڭ تويى بولىدىكەن...

— نېمە توي بولماقچى؟... — خالىق چايان چېقىۋالغاندەك سەكرەپ تۇردى، — كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

— نەفسەنىڭ ئاچىسى تۇرسۇننىساخاندىن...

— ئۇ... سېنى ئالداپ قويدىمۇ - يە؟

— نەدىكىنى؟ تۇرسۇننىساخاننىڭ ئېرى سەمەت مۆرىمەسمۇ شۇنداق دەيدۇ. ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە قىزلىق مېلىنى تاپشۇرىدىكەن...

خالىقنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايلا قالدى. بىر ھەپتە ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئەمەس. ئېپى بار ئادەمگە ئۇنچە ئازلىقمۇ قىلمايدۇ. ئەگەر مۇشۇ پۇرسەت چىڭ تۇتۇلمىسا، نەفىسە كامىلنىڭ خوتۇنى بولىدۇ. بۇ نېمىدېگەن دەھشەت! . . . ياق خالىق ھاياتىنى دوغا تىكىپ بولسىمۇ، بىر تەۋەككۇلچىلىك قىلمىسا زادى بولمايدۇ! . . . نەفىسە ئۈچۈن، ئون جېنى بولسىمۇ تاۋۇكاغا ئاتقىنى ئاتقان! . . . بۇ يولدا بېشىغا كەلگىنىنى كۆرىدۇ. . .

كامىلنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش پىلانىنى كۆڭلىگە پۈككەن خالىق تۆردى ھېكىم ھەم مەتمۇسالارنى تارازىغا سېلىپ تارتىپ كۆردى. لېكىن ئۇلار تاش باسالمىدى. قانداقتۇر ئىچىدىن كەتكەن قوغۇندەك شالاق، پۇرلىشىپ كەتكەن چامغۇردەك يېنىك، كىچىككىنە شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەي توزۇپ كېتىدىغان قومۇش پۆپۈكىدەك مەسلىھەتى يوق بۇنداق بىر نېمىلەرگە ئىشەنگىلى بولمايتتى. ئۇلار بىرەر دوقالغا دۇچ كەلدىيۇ: «دادامنىڭكىنى دەيمۇ ئانامنىڭكىنىمۇ؟» دەپ، ئۇنى سېتىۋېتىشتىن يانمايتتى. خالىقنىڭ ئېسىگە بىردىنلا ئاكا - ئۇكا ئوغرىلار — ھاسان بىلەن ھۈسەن كېلىپ قالدى، ئۇ يۈرىكىنى قامالىۋالغان قول بوشىغاندەك يېنىك بىر تىندى. بۇ ئوغرىلارنىڭ نەلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلار مەخسۇس ئات، كالا، قوي دېگەندەك جانلىق ماللارنى ئوغرىلاپ، ناھىيە، شەھەر ئاتلاپ ساتاتتى. بىر كۈنى قارىقاش بازىرىدا پەيدا بولسا، ئەتىسى لوپنىڭ دۈشەنبە بازىرىدا ئات سودىسى قىلاتتى. ھەتتا ئۇلار چوڭ ماللارنى خوتەن دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرى بىلەن ھەيدەپ، ئاقسۇ، كۇچالارغىمۇ ئېلىپ كېتەتتى. بۇلتۇر كۈزدە، ئاكىسى ھاسان يۇقاقۇندىن بىرنەچچە ھۆكۈزنى ئوغرىلاپ ماڭغاندا، مىنبېگلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، گۇڭشې قوغداش بۆلۈمىگە ئېلىپ كىرگەنىدى. ھاساننى بىركۈن سوراق قىلغاندىن كېيىن، سولاپ قويۇشتى. بىراق ئۇنى ناھىيىلىك ساقچىغا يۆتكەيدىغان كېچىسى، خالىقنىڭ ئۆيىگە كۆزلىرى كۆپكۆك، چاچ - ساقاللىرى چىگىش ۋە ساپسېرىق، ئەت تىكەن بولۇپ كەتكەن بويىنىدا بارماقتەك تومۇرلىرى ھال رەڭ كۆپۈپ تۇرغان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. بۇ ھاساننىڭ ئىنىسى

ھۆسەن ئىدى. ئۇ، گەپ ـ سۆزسىزلا، يوغان بىر دانە تولغۇما ئالتۇن بىلەيزۈكنى شىرە ئۈستىگە قويدى. ئاندىن، گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا، ئاكىسى ھاساننى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. خالىق شىرەدىكى ساپسېرىق پارقىراپ تۇرغان بىلەيزۈككە، پەيلى بۇزۇق ھۆسەننىڭ تەلۋىلىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ھۆسەن بولسا تۈكلۈك مەيدىلىرىنى ئېچىۋېتىپ، تەپتارتماي، خىرامان ھالدا تاماكا ئىسسىنى ھالقا ـ ھالقا قىلىپ چىقىرىۋاتاتتى.

— ئاكامنى تۇتۇپ بەرسىلە، سىلىگە نېمە پايدا؟ — دېدى ھۆسەن ئالدىغا ئېڭىشىپ، — ياكى ئات كاللىسىدەك ئالتۇن بىلەن مۇكاپاتلامدۇ؟... دەڭسەپ كۆرسىلە، بۇ بىلەيزۈك نەچچە سەر، قانچە مىسقال كىلەر؟ يەنە كېلىپ جىمىڭ دېسىلە...

ھۆسەن بىلەيزۈكنى بارماقلىرىدا ئېزىپ ماكچايتىۋېتىپ، ئارقىدىن يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى.

— ئەگەر بۇنىڭغا زالتوي ئارىلاشقان بولسا، مۇنداق خېمىردەك ئېزىلەمتى؟... سىلىدە جىمىڭ بىلەن جانى ئايرىۋالغۇدەك دىت ھەم كۆز بولسا، كەلگەن ئامەتنى قايتۇرمايلا...

تەجرىبىلىك ئوغرى ھۆسەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆزىگە قاراپلا ئىنىدەككە كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى، كۆڭلىدە قانداق چوت سوقۇۋاتقانلىقىنى بىلەلەيتتى. شۇڭا ئۇ خالىقنىڭ ئالتۇن بىلەيزۈككە قادىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، سەل قېتىۋالدى.

— بوپتۇ سىلىنى تەڭلىكتە قويماي، — ھۆسەن بىلەيزۈكنى يانچۇقىغا سالماقچى بولدى، — بۇ ئۆزلىرىگە لازىم بولمىسا، ساقچى باشلىقىغۇ ياق دېمەس...

— مەن... مەن... تېخى ياق دېمىدىمغۇ؟ — خالىق تۈكۈرۈكىنى غۇرتتىدە يۇتتى.

— مەن سىلىگە دەپ قوياي، دۇنيادا كۆشەندىسىز ئادەم بولماس دېگەن گەپ بار، — ھۆسەن قولىنى كۆكسىگە ئالدى، — ئەگەر بىرەرسىدىن كۆڭۈللىرى ئازار يەپ قالسىلا، مانا بىزنى ئىزدىسىلە، قولىمىز

كۆكسىمىزدە...

ھاسان شۇ كېچىسىلا، دېرىزىنىڭ تۆمۈر چىۋىقلىرىنى قايرىپ چىقىپ، قېچىپ كەتتى...

... خالىق بەخت ۋە ئامەتتىن بىشارەت بېرىپ تۇرغان بۇ ئەسلىمىگە شۇڭغۇپ كېتىپ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان تۇردى ھېكىمنى ئۇنتۇپ قالدى. ئەگەر تۇردى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن شەپە بېرىپ يۆتىلىپ قويمىغان بولسا، ئۇنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەنمۇ بولاتتى.

— تۇردى، سەن كېتىۋەرگىن، — دېدى خالىق نەگىدۇر قاراپ، — بەك كەچ بولۇپ كەتتى.

— كامىل بىلەن نەفسەنىڭ توي ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟... مۇشۇنداقلا بولدى قىلامدۇق؟

— مەنمۇ بۇ ئىشتىن قول ئۈزدۈم، ئۇلار بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەندىن كېيىن، توي قىلسا ئۇنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلىكى بار؟... ئەگەر ئالدىمغا كەلسە، توي خېتى كېسىپ بېرىمەن...

خالىق ئەتىسى سەھەر ئېتىنى توقۇپ، قارىقاش، لوپ بازارلىرىنى ئايلىنىپ، بۇ ئاكا - ئۇكا ئوغرىلارنى تاپالمىدى. پەقەت ئۈچىنچى كۈنىلا، ھۆسەننى قارىقاشنىڭ ئىت تالاشتۇرىدىغان شورلۇق مەيدانىدىن تاپتى. ھۆسەن مەقسەتنى ئۇققاندىن كېيىن، ئاكىسى ھاساننى تېپىپ، بىرلىكتە بارىدىغان ۋاقىت، كۆرۈشىدىغان ئورۇننى بېكىتتى...

... خالىقنىڭ بۇ جۇدۇنلۇق كېچىدە ئالىقەتلىك ئورمانلىقىغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، كىمنى ساقلاۋاتقانلىقىنى زېھنىي ئۆتكۈر كىتابخانلىرىم بىلىپ بولدى، ئەلۋەتتە.

يامغۇر ئۇششاق سىمىلداپ ياغماقتا ئىدى. خالىق يامغۇرلىقىنىڭ ياقىلىرىنى تېخىمۇ ئۆرىدەپ، بەلۋېغىنى چىڭىتتى. قاراڭغۇ ئورمان ئىچىدىن يامغۇرنىڭ بىر خىلدا شاۋۇلدىشى، يوپۇرماقلاردىن تامچىلىغان سۇلارنىڭ تاكىلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خالىق قاراڭغۇ ئورماننىڭ سۈرىدىن قورقتىمۇ ياكى سوغۇقتا توڭلىدىمۇ، سەل تىترەشكە باشلىدى. تاماكا ئورىماقچى بولۇۋىدى، قوللىرى قولاشماي، قەغىزى يىرتىلىپ،

تاماكىلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇ سەرەڭگىنى چېقىپ، سائىتىگە قارىدى. ستىرېلكا ئون بىرنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئاكا ـ ئۇكا ئات ئوغرىلىرى ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن قورقتىمۇ ياكى كېلىشكە ئېرىنىدىمۇ، قارىسى كۆرۈنمەيتتى. خالىق قايتىپ كەتمەكچى بولدى. بىراق چوڭ تۇخۇمەك دەرىخىدىن ئون بەش قەدەم نېرىدا، شاخ ـ شۇمبىلارنىڭ شالدۇر ـ شۇلدۇر شەپىسى بىلەن پەس غۇدۇڭشىغان ئاۋاز كەلدى. خالىق دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. دېگەندەك ئىككى قارا گەۋدە پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ بىرسى: «بايىقى ئوت مەشەدىرەك كۆرۈنگەندەك قىلغانىتىغۇ؟» دېدى. ئاكا ـ ئۇكىلارنى ئېنىق تونۇغان خالىق دەرەخ ئارقىسىدىن چىقتى. ئۇلار چۆچۈگەندەك بولۇپ، ئاستا يېقىنلاشتى ۋە باشلىرىنى يېقىن ئەپكېلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ تەلەتىگە قاراشتى. لېكىن، بۇ قاراڭغۇ كېچىدە، ھەممىسىنىڭلا قاپىقى مۇشۇ جۇدۇنلۇق كېچىدەك تۇتۇق كۆرۈنەتتى.

— بەك كېچىكىپ قالدۇققۇ؟ — دېدى خالىق دېمىققاندەك بولۇپ،— مەن ساقلىغىلى نېكەم.

— سەنمۇ ئېنىقراق دەپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ — ھاساننىڭ قوپاللىقى خالىققا ياقمىدى. لېكىن ئۇنچىقمىدى، — ئورمان ئىچىدە نېمە تولا — چىغىر يول.

— مەن «غول چىغىر يولدىن قايماي مېڭىڭلار» دەپ ئېنىق ئېيتقان تۇرسام؟ . . .

— بۇگۈنكىدەك قاراڭغۇدا، قايسىسى غول؟ قايسىسى تارماق؟ قانداق ئايرىۋالغىلى بولىدۇ؟

كېلەر ـ كەلمەيلا سوغۇق باشلانغان بۇ قوپال سۆھبەت خالىقنى سەل چۆچۈتۈپ قويدى. ئەمما ھۇسەننىڭ: «ئاكام ئىشتىن خەۋەر تاپتى. قېنى، كۆڭلۈڭلاردىكىنى دېيىشىپ بېقىڭلار!» دېگەن سۆزى ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى. شۇڭا، ئۇ ئويلىغانلىرىنى ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— كامىل ئالدىمىزدىكى ھەپتە توي قىلماقچى، — دېدى خالىق ھاساننىڭ تېرەكتەك يوغان گەۋدىسىگە قاراپ، — ئۇ تويغىچە، بىر ـ ئىككى قېتىم نەفىسە بىلەن كۆرۈشكىلى ئامۇتلۇققا بارىدۇ. سىلەر

پىنھان بىر جايغا يوشۇرۇنۇپ، ئۇ يالغۇز قايتقاندا، قول سالىسىلەر. ئاندىن جەسىتىنى بوستان چېگرىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، چەت بىر جايغا كۆمۈۋەتسەڭلار، ئىش تامام بولىدۇ.

— ئەجەپ بەلەن پىلانكەن بۇ؟... — دېدى ھاسان تەئەددى بىلەن، — يەنە بارمۇ؟

— ئەڭ ياخشىسى، جەسەتنى تاغارغا تىقامسىلەر ياكى ئېشەك ھارۋىسىغا سېلىپ، ئۈستىنى پاسار بىلەن ئورامسىلەر، ئىش قىلىپ، ئادەمسىز چەت - ياقىلاردىن ئېلىپ مېڭىڭلار. ھەرگىز ئىز قالمىسۇن،

— خالىق بۇرۇنلا ئويلاپ قويغانلىرىنى قالدۇرماي سۆزلىمەكتە ئىدى، — يەنە بىر مۇھىم گەپ، بۇ ئىش بېجىرىلىپ بولغۇچە، كۇندۇزى بوستاندا ھەرگىز كۆرۈنمەڭلار...

— ھەي ئاداش، پىلانىڭغۇ ئەجەپ سەئەڭ بوپتۇ، — دېدى ھاسان تېرىككەندەك قىلىپ، — بىزنى قانداق رازى قىلماقچى؟ بۇنى دېمەمسەن؟ «كۆڭلۈڭلاردىكىنى دەڭلار» دېسە، نېمىلەرنى دەپ يۈرىدۇ ماۋۇ بايقۇش؟ سەن دېمىسەڭمۇ، بىز نېمە قىلىشىمىزنى ئوبدان بىلىمىز.

— مەن سىلەرگە نەق بەش يۈز يۈەن بېرىمەن...

— بەش يۈز يۈەن؟... — ھاسان ئايىقى ئاستىغا شارتلا تۈكۈردى، — جۆيلۈۋاتامسەن قانداق؟ بىلەمسەن، نەق ئىككى مىڭنى ئالدىمىزغا قويىسەن.

— ھويلاڭدىكى ئىككى قوينىمۇ قوشۇپ بېرىسەن، — دېدى ھۆسەن قورقمايلا، — بولمىسا، بۇنداق ئىشنى بىز قىلمايمىز...

— ئىنساپ قىلىڭلار، — دېدى خالىق يالۋۇرۇپ، — مەندە ئۇنچىلىك پۇل نېمىش قىلسۇن؟

— ھەي تويماس بەندە! — ھاسان دېۋەيلەپ كەلدى، — ئىككى غېرىچ تۆمۈرنى ئىشلەك يوچۇقىدىن كىرگۈزۈپ بەرگىنىڭگە نەچچە سەرلىك ئالتۇن بىلەيزۈك ئالىسەن. يەنە تېخى ئىنساپتىن گەپ ئاچىسەنا؟...

— بىلەيزۈكنىمۇ قايتۇرۇپ بېرەي، — خالىق ئامالسىزلىقتىن پۈشۈلدىدى.



— ئۇنىڭدىن باشقا، بىر مىڭ بەش يۈز يۈەن پۇل ھەم ئىككى قويۇڭنى بېرىسەن، — دېدى ھاسان گەپنى ئۈزۈپ، — بىلىپ قوي، بىر ئادەمنىڭ جېنىنى قىيىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس... ئەگەر ئەپلەشمىسە، خونغا ـ خۇن تۆلەيدىغان گەپ... ئۇ چاغدا، سەنمۇ شورلۇقتا ئېتىلىسەن...

— مەندە ئۇنداق جىق پۇل يوق تۇرسا؟ — خالىق يالۋۇرغاندەك ھاسانغا قارىدى، — بىرئاز چۈشۈرگىلى بولماسمۇ؟

— ھەي، سەن ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ — دېدى ھاسان قول، باشلىرىنى سىلكىپ، — ھەپتىگىچە ئازغانلىق، كەندىرلىك، بولجالىقلاردا پاشىغا تالىنىپ، چەت ـ ياقىلاردا جەسەت كۈتۈرۈپ، بىر ئادەمنىڭ ھىد ـ بۇسىنى چىقارماي يوق قىلىش گۆش يېگەندەك، ھاراق ئىچكەندەك ئاسان ئىشمىدى؟

— بولدى قوي، ئاغزىڭنى ئۈپراتما، — دېدى ھۇسەن ئاكىسىغا، — بۇنداق نېمىلەر باشقىلارنى غاجاڭ دېسە چىشىغا كاسىۋال سېلىپ، سۆڭەكلىرىنىمۇ پۈركىۋېتىدۇ... لېكىن چىقىرىدىغان ۋاقتىدا گېرى... سەن بىز دېگەننى قاچان تەييار قىلساڭ، شۇ چاغدا بىزنى ئىزدە...

— ھەي، مەن بەرگەن بىلەيزۈكنى ئەكەلدىڭمۇ؟ — ھۇسەن تەپتارتماي خالىقنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇردى، — ئالغاچ بارىمەن دېگەنتىڭغۇ؟...

— ئۇنتۇپ قاپتىمەن...

ئاكا ـ ئۇكا ئوغرىلار يىلاندەك تېۋىشسىز پەيدا بولۇپ، يەنە شۇنداق تېز ئورمان ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. خالىق ئۇلارنىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقى ئالتۇن بىلەيزۈك ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى شۇندىلا چۈشەندى. ئۇ تۇخۇمەك دەرەخ غولىغا يۆلىنىپ يەنە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، قايتىپ كەتتى. لېكىن كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. ھاسان ـ ھۇسەننىڭ دېگىنىنى تەييار قىلمىسا، نەفسە قولدىن كېتىپ قالاتتى. شۇڭا، خالىق ئەتىسى ئەتىگەندىلا، مەتمۇسانىڭ ئۆيىگە باردى. ئەينەن ئىشنى دېگىلى بولمايتتى. ئۇ: «ماڭا جىددىي پۇل لازىم بولۇپ قالدى، بېساتىڭدىكى ھەممە پۇلنى بېرىپ تۇر...» دەپ بېسىم ئىشلەتتى. شۇنچە نۇرغۇن پۇل، مال ـ

مۇلۇكنى مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەك يەپ كۆزىنى يۇمۇۋالغان خالىقتىن رايى كەتكەن مەتمۇسا «پۇل يوق» دەپ تۇرۇۋالدى. ئەمما خالىق ئۇنىڭغا ساندۇقلىرىنى مەجبۇرىي ئاچقۇزۇپ، بار - يوقى ئىككى يۈز يۈەندەك پۇلىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئىچ - باغرىنى يۇلۇۋالغاندەك تولغىنىپ كەتكەن مەتمۇسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن: «ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلەرسەن ئىلاھىم، ئوتتا كۆيۈپ كۆسەيگە ئايلىنىپ قالارسەن! . . .» دەپ ئىچىدە ئىگنى قارغىدى.

خالىق كەنتلەرگە بېرىپ، دادۇيجاڭ، شۇجىلاردىن پۇلنىڭ كېمىنى ئۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئېتىنى يېتىلەپ گۇڭشې ئالدىغا چىقىپ تۇرۇۋىدى، ئارقىدىن كەلگەن تۇردى ھېكىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختىدى. تۇردىنىڭ چىرايى ئۆمسۈرۈن بولۇپ، خۇددى يەر تىرنىلىغاندەك ھاسىرايتتى.

خا. . . خالىق كاتىپ، نەفىسەنىڭ ئانىسى ئۆلۈپتۇ. . . ، — دېدى تۇردى ھېكىم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— نېمە دېدىڭ؟

— بۈگۈن ئەتىگەن كالا سېغىۋېتىپ، ئورنىغىلا پوككىدە يىقىلىپ، جېنى چىقىپ كېتىپتۇ. . . مېيىتنى پېشىم نامىزىغا ئۈلگۈرتۈپ ئېلىپ چىقماقچى. . .

تۇردىنىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋىرى خالىق ئۈچۈن خۇش خەۋەر بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭ خۇشلىقى ئىچىگە سىغماي، بىردەمدىلا كۆزلىرى ماي سالغان چايدەك پارقىراپ كەتتى ۋە ئېتىغا لىككىدە سەكرەپ مىندى. تۇردىنىڭ «نەگە؟» دېگەن سوئالىغىمۇ سىنەكىمىگەندەك، «نامازغا!» دېدى - دە، ئېتىغا قامچا سالدى. «مېيىت نامىزى»، «نەزىر» دېگەنلەرگە نەچچە يۈز يىللىق گىنا - كودرەتلەرنى ئارقىغا تاشلاپ بارىدىغان گەپ، ئەلـۋەتتە. بـۇ ئاجايىپ ئـەپلىك پـۇرسەت. بـىرىنچىدىن، نەفىسەنى كۆرۈۋالىدۇ، ئىككىنچىدىن، كامىلنىڭ غەمگە پاتقان چىرايىنى كۆرۈپ، ھۇزۇرلىنىدۇ. ئەمدى ئۇ بىر يىلغىچە توي قىلالمايدۇ. ئاتا - ئانا قازا قىلسا، پەرزەنت قارىلىق تۇتمـــسا بولامدۇ؟ بولۇپمۇ نەفــــسەدەك دىيانەتلىك، ئىپپەتلىك قىزلار تېخىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئۇ چاققىچە، يەنە

قانداق جاھانلار بولۇپ كېتىدۇ، بۇنىڭغا ئالدىنئالا بىر نېمە دېمەك تەس! . . . ئەتىيازنىڭ ھاۋاسىدەك كۆڭۈلگە نەچچە خىل ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەت يەنە قانداق ئويۇنلارنى ئويناپ، نېمە ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، بىلىپ بولمايدۇ. . . مەرەجىخاننىڭ راسا تويىنىڭ ھارپىسىدا قازا قىلىشى خۇدانىڭ خالىقنى قوللىغىنى بولماي نېمە؟ . . . بىر دانە بىلەيزۈك، ئىككى قوي، بىر يېرىم مىڭ يۈەن پۇلنى تاس قاپتۇ ـ دە، ھېلىقى لەنىتى ئوغرىلارغا بېرىۋەتكىلى. . . ئەمدى نەفسە بىر يىل قارىلىق تۇتۇپ بولغۇچە، ئۇ كامىلنىڭ ئىشىنى توغرىلايدۇ. يامىنى كەلسە، ئۆزى يوشۇرۇن قول سالىدۇ. . . «ئانامنىڭ ئۆلگىنى دادامغا ياراشتى، چەلپەكنى ئىتلار تالاشتى» دېگەندەك مەرەجىخاننىڭ ئۆلۈمى خالىقا ئامەت ئېلىپ كەلگەندى. ھېلىقى قۇتلۇق ھاجىم دېگەن قېرىمۇ بىللە ئۆلسىچۇ كاشكى! توقسان يىل ياشىدى، ئەمدى كەشىسىنى توغرىلايدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. توۋا، ئىككىلا پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىنى قويۇپ، قىزىنى ئېلىپ كەتكەن خۇدانىڭ كارامىتىنى كۆرۈڭ! . . . بۇمۇ خالىقنىڭ بەخت ـ تەلىيى! . . . بۇ دېگەن ئوڭدىن كەلگەن تەلەي! .

شادلىقتىن يىپ ـ يېنىك بولۇپ قالغان خالىق تاتلىق خىياللار بىلەن ئامۇتلۇققا يېتىپ كەلدى. ئۇ، ئاتتىن لىككىدە چۈشۈپ، يىغا ـ زارە ئاڭلىنىۋاتقان قورۇغا قاراپ، ئىچىدە: «مېنىڭ كۆلگۈم كېلىۋاتسا، ماۋۇ ساراڭلارنىڭ ھاڭگىرىشىۋاتقىنىنى؟ . . . » دەپ ئويلىدى. ئۇ ھويلىغا كىرگەندە، مېيىت تاۋۇتقا ئېلىنىپ بولغانىدى. ئاق پوتا باغلىغان ئەرلەر ئىچىدە، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار بار ئىدى. قارىلىق ئارتقان ئايالالار بولسا پېشايۋان سۇپىسى ھەم ئۆيدە توپلىشىپ يىغلىشىۋاتاتتى. خالىق ئالدى بىلەن، ئۆزۈن قارا يەكتەك، قارا سەللە تۆپىسى كىيىپ، بېلىگە ئاق پوتا باغلاپ، ئۈنسىز ياش تۆكۈپ، پېشايۋان سۇپىسىدا ئولتۇرغان قۇتلۇق ھاجىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، يۈز سىيىپىدى. ئۇ ھاسىسىغا تايانغىنىچە، كامالچىدەك ئېگىلىپ قالغانىدى. خالىق بوۋايغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ:

— ئەلھۆكمىلىللا. . . سەۋر قىلسىلا. . . ئاڭلاپلا كېلىشىم، — دېدى.

خالىق، تاۋۇت ئەتراپىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان ئەر ھازىدارلار بىلەن بىر چەتتىن كۆرۈشۈپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغىمۇ قول ئۇزاتتى. لېكىن ئۇنىڭ قولىقى ئىچكەركى ئۆيدىن كېلىۋاتقان زىل ئاۋازدا بولسا، كۆزى ئىشىكتە ئىدى. ھويلىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا توپلىشىپ كەتكەن دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى پىچىرلىشىپ: «گۇڭشېدىن خالىق كاتىپ نامازغا كەپتۇ. . . » دېسە، بەزىلىرى «قۇتلۇق ھاجىمنىڭ نام ـ شەرىپى بار ئادەم ـ دە! . . . » دەپ كۇسۇرلىشاتتى.

تاۋۇت يەردىن كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، ئاياللار قىيا ـ چىيا قىلغىنىچە، دۈكۈرۈشۈپ ئۆيدىن چىقىشتى. ئۇچىسىغا قارا مەخمەل يېكەنداز، بېشىغا قارا كەمچەت تۇماق كىيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاق داكا ياغلىق ئارتقان نەفىسە ھەدەپ تاۋۇتقا تەمشىلەتتى، قولىنى سوزۇپ ئالدىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولاتتى. لېكىن ئۇنى سەئىدە ھەم زۇمرەتلەر قۇچاقلىۋالغانىدى. مەرەجىخانىنىڭ نامىزى ئامۇتلۇق مەسچىتىنىڭ ھويلىسىدا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىلدى.

قەبرىستانلىقتىن قايتقان جامائەت قۇتلۇق ھاجىمنىڭ ئۆيىدە قىرائەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تارقاشتى. خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالمايۋاتقان خالىقمۇ ھازىدارلارغا ۋە نەفىسەگە خوش ئېيتىپ، سىرتقا چىقتى ـ دە، ئېتىغا مىندى. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز: «مېيىت ئۆيدىن ئۇزىغاندا، تۆكۈلۈكتىن پاتمانلاپ سەۋر چۈشىدۇ. . . » دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، نەفىسەنىڭ ئېسەدەپ، ئۇنىسىز ياش تۆكۈشلىرى بولمىغاندا، يىغا ـ زارىلار توختىغانىدى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار مەرھۇمنىڭ ئۈچ ھەم يەتتە نەزىرلىرى ھەققىدە ھويلىدا مەسلىھەتلىشىپ تۇرغىنىدا، سەئىدە، زۇمرەتلەر ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— كامىل ئۇكام، — دېدى سەئىدە كامىلنىڭ قىزىرىپ قالغان كۆزلىرىگە قاراپ، — مەن ئۈچىگىچە تۇرۇپ بەرمىسەم بولمايدۇ. سەن شەھەرگە كىرىپ، خان ئانامغا ھەمراھ بوللامسەن؟

— خاتىرجەم بولسىلا سەئىدە ئاچا، — دېدى ھېكمەت، — مەن

ماھىگۈلنى ھازىر بىرپىلا كىرگۈزۈۋېتىمەن. كامىل ئاخۇنۇمغا ھەمراھ بولۇپ، قەبرىستانلىقتا كىچىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلماقچى.

— مۇرات، مەنمۇ دوستۇم نەفىسەنىڭ قېشىدا بولمىسام بولمايدۇ، — دېدى زۇمرەت ئېرىنىڭ بەستىدىن زوقلانغاندەك قاراپ، — دەرسىمنى قانداق قىلارمەن؟

— ئەنسىرىمەڭ، مەن دەرسىمنى ئۆتكەچ تۇراي، كېيىن سىز مېنىڭ دەرس سائىتىمدە پىلاندىكى دەرسلىرىڭىزنى تولدۇرۇۋالامسىز! . . .

— ماقۇل، — زۇمرەت مۇراتنىڭ قولىدىن چەتكە تارتىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — ئۆيگە بىرپىلا، كۆڭلىكىڭىزنى ئالماشتۇرۇۋېلىڭ. . . مەن كىيىملىرىڭىزگە دەزمال سېلىپ قويغان.

— تېخى ئۈلۈشكۈنلا ئالماشتۇرغان تۇرسام . . .

— ياق، بولمايدۇ، — زۇمرەت تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ دومسايدى، — مەن دېگەندەك قىلىسىز.

— بولىدۇ مەزلۇم، خاپا بولماڭلار دەيمەن. . .

— گېپى سەت، مەزلۇم دەۋەتقىنىنى! . . .

ھېكمەت بىلەن مۇرات قۇتلۇق ھاجىم، نەفىسە، تۇرسۇننىساخانلارغا خوش دەپ مەكتىپىگە قايتتى. مۇرات پات ـ پات ئارقىسىغا قارايتتى. ئۇنى ئۇزىتىپ چىققان زۇمرەت ئۆستەڭ بويىدا قاراپ تۇراتتى. ھازىر زۇمرەت بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ دەسلەپ دەرسكە كىرگەن بىر ئاي خېلىلا قىينالدى. مۇرات ئۇنىڭغا، ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەش، دەرس ئۆتۈش ئۇسۇللىرى، قوزغىتىش، ئىلھاملاندۇرۇش چارىلىرى قاتارلىق جەھەتلەرنى داۋاملىق ئۆگەتتى ۋە ئۆزىمۇ دەرسكە بىللە قاتنىشىپ، زۇمرەتكە مەدەت بەردى. مانا ئەمدى ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى. ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجا ئۇنىڭ دەرسىدىن بىر قېتىم ئوچۇق دەرس ئۇيۇشتۇردى. بارلىق ئوقۇتقۇچىلار زۇمرەتنىڭ دەرسنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەنلىكىنى ماختىدى. قىسقىسى، زۇمرەت ھەرقېتىم تەقدىرلىنىپ مۇكاپاتلانغاندا، ئېرىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى. چۈنكى مۇرات ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋاپادار ئېرىلا ئەمەس، بەلكى

ئۇستازى ئىدى. ئۇلا قول ـ قولچە تاماق ئېتىپ يەپ، بىرلىكتە دەرس تەييارلىقى قىلاتتى. ئارام ئالغان چاغلىرىدا، مۇرات دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى. زۇمرەت ھېچ تەكەللۇپسىزلا قوللىرىدىن قارس چىقىرىپ، ئۇسسۇل ئوينايتتى. مۇراتنىڭ خوتۇنغا زوقى كەلگىنىدىن، قەستەن ئۇنى قىيدىتىپ قويىدىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار ئامراق ئەر ـ خوتۇنلاردىن ئىدى، تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. لېكىن مۇرات ئايالىنىڭ ئازاب ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرى، ئەسەبىيلىك چاغلىرى، خالىقنىڭ زىيانكەشلىكلىرى ھەققىدە سۆزلىمەيتتى ھەم بۇ توغرۇلۇق گەپ ئاچماسلىقتا ۋەدىلەشكەنىدى. چۈنكى، ئۆتمۈشكە تەئەللۇق بىرەر سۆز بولۇنديۇ، زۇمرەت بىرنەچچە كۈنلەرگىچە بىر قىسما بولۇپ قالاتتى.

ھېكمەت بىلەن مۇرات مەكتەپكە يېتىپ كەلگەندە، كۈن ئولتۇرغان بولسىمۇ، تېخى يورۇق ئىدى. ئوقۇغۇچىلار كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ، مەيداندا ھەرخىل پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. مۇرات دەرس تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ كەچلىك مۇزاكىرىدە، ئۆتۈلمەي قالغان بىر سائەت دەرسىنى ئۆتۈۋالماقچى ئىدى. ھېكمەت قىزلار ياتىقىغا بېرىپ، ماھىگۈلنى چاقىرىپ چىقىپ، سىنىپ مۇدىرى مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ ئۆيىگە ئاپاردى. ھېكمەت، نەفىسەنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ماھىگۈلگە رۇخسەت قىلدى.

— ھېكمەت ئاكا، — دېدى ماھىگۈل چوڭ دەرۋازىدىن چىقىۋېتىپ، — سىزمۇ شەھەرگە كىرىپ ئەزىمەتنى كۆرۈپ كەلمەمسىز؟ ئەتە ئەتىگەن بىللە قايتىپ كېلەتتۇق.

— يىللىق ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالدى، — دېدى ھېكمەت قىزىرىپ تۇرغان قىزنىڭ يۈزىگە قارىماي، — ھەر كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىنى چىڭ تۇتمىسام بولمايدۇ. ئالدىمىزدىكى شەنبە بىللە كىرەيلى، بولامدۇ؟...

— ماقۇل...

بۇ چاغدا، گۇڭشې تەرەپتىن توپىلارنى پۇرقىرىتىپ يۈك باسقان يۈك ماشىنىسى كېلىپ، مەكتەپ ئالدىدىلا توختىدى. كابىنكا دېرىزىسىدىن

سودا سارىيىنىڭ ئامبارچىسى ئاسىم نىياز كۆرۈندى. ئۇ، داۋاملىق قۇرۇق يەل - يېمىش، خام مال، گىلەم يۆتكىگەندە، يولدا ئۇچرىغان ئوقۇتقۇچىلارنى ماشىنىغا ئېلىۋالاتتى.

— مۇئەللىم، شەھەرگە كىرەملا؟ — دېدى ئاسىم نىياز كەكە ساقىلىنى ئوچۇمداپ، — قېنى ماشىنىغا چىقسىلا.

— ئاسىمكا، مەن كىرمەيمەن، سىڭلىم ماھىگۈلنى ئالغاچ كەتكەن بولسىلا! . .

— بولىدۇ، قېنى چىقسۇن، — ئاسىم نىياز شوپۇرنىڭ يېنىغا سۇرۇلدى، — ھېكمەت مۇئەللىم، بىزنىڭ ئابدۇخېۋىرنىڭ ئوقۇشى قانداقراق؟ ئۇ ئۇرۇمچىلەرگە بارالارمۇ؟ . . .

— بۇنىڭغا ھازىر بىر نېمە دېمەك تەس، ئەمما ئوغۇللىرىنىڭ ئوقۇشى ياخشى، خاتىرجەم بولسىلا.

— ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىدا ئوقۇۋاتقاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە كۆڭلۈم توق بولىدۇ - دە.

ماشىنا سېسىق گاز چىقىرىپ، ئورنىدىن قوزغالدى. ھېكمەت كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، قول پۇلاڭلىتىپ كېتىۋاتقان ماھىگۈلنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇردى. قىزىق ئىش، ھېكمەت ئۇنى ئۇزىتىۋېتىپ، يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئېچىشىپ كەتتى. . . چۈنكى ئۇ كۆڭۈل ئېكرانىدا گۈلزىبانى ئۇزىتىۋاتاتتى. دىلىدە بولسا «بالىنى ئالغاچ كېلىڭ، سېغىنىپ كەتتىم» دېگەن نىدا نالە قىلاتتى. ھېكمەت بىردىنلا ئەتراپىغا چۆچۈپ قارىدى. يولدا ماشىنا تۇرماق ئادەممۇ كۆرۈنمەيتتى. بىراق ئۇ كىمگە قول پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى.

دەرۋەقە، ھېكمەت ماھىگۈل بىلەن ئەسرا بولۇپ قالغان بەزى چاغلاردا، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالغانلىقىنى سەزمەيتتى. بۇنى گۈلزىبانىڭ ۋەسىيەتنامىسىدىن كېيىن پەيدا بولغان ھېسسىيات دېسەك، بەك ئۇۋال قىلغان بولىمىز. پەقەت ئۇ بوي تارتىپ رەڭ تۇزۇپ، ھۆسن - كامالى تولغانسېرى ئاچىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ قېلىۋاتقان ماھىگۈلنىڭ مەسۇم رۇخسارىدىن گۈلزىبانىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولاتتى! . . .

ئەمما، گۈلزىبانىڭ ۋەسىيەتنامىسىدىن كېيىن، ماھىگۈلدىكى ئۆزگىرىش ئۆزگىچە ئىدى. ئۇ ھېكمەتنى كۆرگەن ھامان، ناز بىلەن يۈزىنى قاچۇراتتى، بىر ئېغىز گەپنى قىلا ـ قىلماي قىزىراتتى، بەزى چاغلاردا، بىردىنلا جىمىپ، كۆز ـ قارىچۇقلىرى نەلەرگىدۇر تىكىلىپ قالاتتى. بۇ غەيرىي نورمال ئەھۋاللار ھېكمەتتە «ماھىگۈل خەتنى كۆرگەن چېغى. . . » دېگەن گۇماننى پەيدا قىلاتتى.

مەرەجىخاننىڭ ئۈچ نەزىرىسىدىن كېيىن، كامىل، زۇمرەتلەر قايتىپ كەلدى. سەئىدەمۇ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. ئەمما توي ئىشى نەفسەنىڭ «قارىلىقى» سۇنغۇچە بولمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولغاچقا، ھېچكىم ئۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. كامىل ھەپتىگىچە بىئاراملىق ئىچىدە خامۇش يۈردى. بىراق، يىللىق ئىمتىھان قىستاپ قالغاچقا، پىلانىدىكى دەرسلەرنى تۈگىتىش، قايتىلاپ مۇزاكىرە قىلىش، سوئال چىقىرىش دېگەندەك جىددىي تەييارلىقلار، ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئالدىراشلىقى ئوخشاش بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ كەلگەن ئىشلار كامىلنىمۇ چەتتە قويمىدى. ئۇ چىغاتاي تىلىدا يېزىلغان قەدىمىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش، قايتىلاپ كۆچۈرۈش ئىشلىرىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، ئىمتىھان تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بىر كۈنى ئۈچىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىيات دەرسىدىن مۇزاكىرە قىلىپ بېرىپ، ئىشخانىغا كىردى. ئۇ، گېزىت جازىسىدىكى يېڭى كەلگەن «خوتەن گېزىتى» نى ئېلىپ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ھېكمەت بىلەن توختى قۇربان نامىدا ئېلان قىلىنغان «جىسمانىي ئەمگەك ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ نورمال يېتىلىشى» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىنى كۆرۈپ قالدى. كامىلنىڭ بۇ ماقالىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ھېكمەت ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ پىكىرىمۇ ئالغانىدى. ماقالىدە، جىسمانىي ئەمگەك ھەددىدىن زىيادە كۆپ ۋە ئېغىر بولۇپ كەتسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نورمال يېتىلىشىگە تەسىرى چوڭ بولىدىغانلىقى شەرھلەنگەنىدى. كامىل گېزىتنى ياتاقتا ئوقۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى. ئۇ ماقالىنى كۆرۈپ بولۇپ، «ئەدەبىيات بېتى» نى ئاچتى. بەتنىڭ باش ستونىغا «دېھقان ئوغلىمەن» دېگەن شېئىر بېسىلغانىدى. شېئىر كامىلغا ياردى. ئۇ قايتىلاپ ئوقۇپ

تۇرغىنىدا، ھېكمەت كىرىپ قالدى.

— ھېكمەت قارا، بۇ شېئىر خېلىلا بەلەن يېزىلىپتۇ، — دېدى كامىل گېزىتنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ، — سابىت روزى دېگەن كىمدۇر ئۇ؟

— بۇ بالىنى مەن تونۇيمەن، — دېدى ھېكمەت، — يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ياش - قۇرامى بىزدەك بار.

— نېمە؟ ئۇ مەكتەپتە شۇنچە چوڭ بالىلارمۇ ئوقۇمدىكەن؟

— باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىگە بەش - ئون يىل بولغان دېھقان ياشلارمۇ بار ئىكەن. سابىت روزىمۇ يىگىرمە — يىگىرمە بىر ياشلاردا بار. ئۇ باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا، شېئىر يېزىشقا باشلاپتىكەن.

— شۇڭا، قەلىمى پىشىپ قالغان بالىكەن - دە، — كامىل شېئىرنىڭ بەزى مىسرالىرىنى كۆرسەتتى، — قارا، نېمىدېگەن چىرايلىق ئىپىلىنغان سۆزلەر بۇ؟ شېئىردا ئۆزگىچە بىر يېڭى پىكىر قويۇلغان.

ھېكمەت يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىگە بېرىپ، ئۈچ كۈن ئېچىدىلا، مەكتەپ ئېچىنى ئالنىيېشىل بويىۋەتتى. ھەرخىل كۆرسەتمىلىك جەدۋەللەر، تەشۋىقات رەسىملەرنى، بەش يىلدىن بۇيان دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان ئاشلىق، مايلىق دان، پاختىلارنىڭ سېلىشتۇرمىلىرىنى سىزدى. نۇرغۇنلىغان دوسكا ھەم تاختىلارغا تەشۋىقات تۇسىنى ئالغان رەڭلىك بور رەسىملىرىنىمۇ سىزىپ تۆكەتتى، ھەتتا لاتا ۋە قەغەز لوزۇنكىلارنىڭ ئەتراپلىرىغا گۈل چېكىپ، خەتلىرىنىمۇ ھەيۋەتلىك يېزىۋەتتى. بىر كۈنى كېچىسى، سابىت روزى بىر مۇنچە قېلىن دەپتەرلىرىنى قولتۇقلاپ، ھېكمەتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئورۇق، ئېگىز، قاراراق كەلگەن، تەبىئىتى يېنىك بالا بولۇپ، بېشىغا كۆك شاپاق دوپپا كىيىۋالغانىدى. سابىت روزى دەپتەرلىرىنى ھېكمەتكە كۆرۈپ بېقىڭ! دەپ بەردى. بۇ بىرنەچچە دەپتەر شېئىر بىلەن تولغانىدى. ئەمما ھەممىسى دېھقان، يېزا ھاياتى ۋە سەھرا مەنزىرىلىرى توغرىسىدا ئىدى. ھېكمەت ئۆزىنىڭ شېئىر يازالمايدىغانلىقىنى، لېكىن بۇ شېئىرلارنىڭ ئۆزىگە ياققانلىقىنى دېدى ۋە چاقچاق قىلىپ: «كەلگۈسىدە تەخەللۇسىڭىزنى

‹دېھقانى›، دەپ قويسىڭىز بولغۇدەك» دېيۈدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ: «نەق مېنىڭ ئويلاپ يۈرگىنىمنى دېدىڭىز. . .» دەپ، خۇشال بولۇپ كەتتى. ھېكمەت ئەتىسى مەكتەپ ھويلىسىغا چىقىپ، «شەرەپ تاختىسى» ئەتراپىغا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىغىلىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭدا، ھېكمەتنى مەدھىيىلەپ يېزىلغان ئۈچ كۇپلېت شېئىر تۇراتتى.

— پەرەز قىلىشىمچە، سابىت روزى كەلگۈسىدە ئىستىبداتلىق بىر شائىر بولۇپ قالىدۇ، — دېدى كامىل گېزىتنى كۆرسىتىپ، — ئۇنىڭ بۇ شېئىرى ھەقىقەتەن مېنىڭ يۈرەك تارلىرىمنى چەكتى.

— گەپ بىلەن بولۇپ ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، — دېدى ھېكمەت يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ، — مەن پوچتىخانىغا خەت سالغىلى بارغان، بۇ خەت ساڭا كەپتۇ.

كامىل كونۋېرت سىرتىدىكى «مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئىشخانىسى» دېگەن خەتنى كۆرۈپ، دەرھال ئاچتى ۋە ئۈنلۈك ئوقۇدى:

. . . «يولداش كامىل راخمان، سىزنىڭ ‹بوۋاي قەمبەر› خاتىرە مەقبەرىسىنى قاتۇرۇش ھەققىدىكى تەكلىپ خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندۇق ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق تەكلىپىڭىزنى توغرا تاپتۇق. لېكىن ئىقتىساد تەرەپتىن قىيىنچىلىقىمىز بولغاچقا، يۇقىرىغا دوكلات سۇندۇق، ۋاقىپ بولغايسىز. . .»

— ئۇلارمۇ قوشۇلۇپتۇ، — دېدى ھېكمەت، — ئەمدى يۇقىرىدىن ئىقتىساد ئاجرىتىپ بېرەرمۇ؟ . . .

— ھازىرچە بىرنېمە دېمەك تەس، — كامىل ئويغا پاتتى، — خەلق دىلىدىن ئۆچمىگەن بۇنداق بىلىملىك زاتى مۇبارەكنىڭ مەقبەرىسىنى قاتۇرۇش ھەممىمىزنىڭ ئارزۇسى.

كامىل، ھېكمەتلەر سۇرگۈندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر دەم ئېلىش كۈنى نەفىسە ئۈچ دوستىنى مەكتىپىگە مېھمانغا چاقىردى. ئۇلار

بوۋاي قەمبەر ھەققىدە سۆزلىشىپ قېلىشتى. نەفىسە، بۇ ھەزرەتنىڭ «يۇسۇپ ئەھمەت» داستانىدا، ھەق سۆزلۈكى بىلەن زىنداندا ياتقانلىقى بايان قىلىنغانلىقىنى، يەنە قايسىدۇر قەدىمىي بىر كىتابتا ئۇنىڭ بىلىم تەھسىل قىلىپ، تالىپلارنى يېتىشتۈرۈش جەريانىدىكى تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، ئىنسانىي پەزىلىتى قاتارلىقلارنىڭ زىكرى قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. كامىل بوۋاي قەمبەرنىڭ تۆگىلەرگە كىتابلىرىنى ئارتىپ، يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ، بىلىم چېچەكلىرى چاچقانلىقى ھەققىدىكى بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ئارىلىقتا، بوۋاي قەمبەر مازىرىغا چىقتى. قەبرە ئورنىدا ئېگىز بىر دۆۋە تۇراتتى. ئۇنىڭ يان باغىرلىرىنى، ئۈستىنى سەندىلەچ، مۇشا، ياۋا ئۇرۇكلەر قاپلىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا بوۋاي قەمبەرنىڭ روھىغا ئاتاپ كۆيدۈرۈلگەن سەندەل تەمەچلىرى، شەددە - ئىسىرىقدانلار تۇراتتى. دۆۋىنىڭ ئۈستىدە، ئاقىرىپ كەتكەن تۆت چاسا رېشاتكا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىنى ياۋا قومۇشلار قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، چۇقچىيىپ تۇرغان خادىدا، تۇغ - ئەلەملەر لەرزان يەلپۈنەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كامىل، ھېكمەت، مۇرات، نەفىسەلەر بوۋاي قەمبەرنىڭ مەقبەرىسىنى قاتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى مەسلىھەتلىشىپ، بۇ ھەقتە كامىل يۇقىرىغا تەكلىپ يېزىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى.

— ھېكمەت، — دېدى كامىل خەتنى كىتاب ئارىسىغا قىستۇرۇۋېتىپ، — ئوقۇغۇچىلار «بوۋاي قەمبەر» نىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنى بىلىشى زۆرۈر. شۇڭا، ھەربىر دەرس تېكىستلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، كلاسسىكلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

— توغرا دەيسەن، بىز يېقىنقى زامان ئەدەبىيات پېشىۋالىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەندۇق. قەدىمكىلىرىنى تاشلاپ قويساق، ئەۋلادىمىز ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

«بوۋاي قەمبەر» مەقبەرىسىنى قاتۇرۇش ئىشىدىن بىر ئايغىچە ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. كامىل مەدەنىي يادىكارلىقلارنى

قوغداش ئىشخانىسىغا ئۆزى كىرمەكچىمۇ بولدى. لېكىن، يىللىق ئىمتىھان باشلىنىپ كەتتى. مەرجىخانىنىڭ قىرىق نەزىرسى يىللىق ئىمتىھان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار تېخىمۇ جىددىيلىشىپ قالدى. نەفىسەنىڭ كامىل، ھېكمەت، مۇرات، زۇمرەتلەردىن باشقا يۆلىنىدىغان يېقىنلىرى بولمىغاچقا، نەزىرىنىڭ ئالدىدىكى تەييارلىقلىرىنى دوستلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. بولۇپمۇ كامىل كەچ تەرەپتە ئامۇتلۇققا يۈگۈرسە، كۈندۈزى ئىمتىھان بىلەن بولاتتى. ئىمتىھان تۈگە - تۈگىمەيلا، تەرەپ - تەرەپتىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپكە تولۇپ كەتتى. ئۇلار كارىدور، ئىشخانا، سىنىپ، ئاشخانىلاردا سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانكېتىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۆز مەكتىپىنىڭ تەلىپىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنىڭ كېيىن مۇھىم تېخنىك، ئىنژېنېر، تەتقىقاتچى بولىدىغانلىقىنى پەش قىلاتتى، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنى: «بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار فورمىسى تارقىتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەڭ، مۈرىلىرىدە مانا مۇنداق ھەيۋەت بەلگىلىرى بار...» دەپ، قەغەزلەرگە سىزىپ قىزىقتۇراتتى. بەزىلىرى: «بىزنىڭ مەكتەپكە بارساڭلار، ئەتىگەنلىكى سۈت، ھالۋا، چۈشلىكى قورداق، شورپا ئىچىپ، ھارۋىنىڭ چاقىدەك ئاق نانلارنى يەيسىلەر...» دېيىشىپ ماختىشاتتى. شۇڭا، بەزى ئوقۇغۇچىلار كۆڭۈل توختىتالماي، بىرنەچچە مەكتەپكە تىزىملىتىپ قويغاچقا، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى كەلگەنلەر ئوتتۇرىسىدا بالا تالىشىپ جېدەل چىقاتتى. ئوقۇغۇچىلارمۇ قەشقەر، ئۈرۈمچىلەرنى يىراق كۆرۈپ، ئانچە قىزىقمايتتى، ئاتا - ئانىلىرىمۇ ئۇلارنى ئىلاجى بار ئۆز يۇرتىدا ئوقۇتۇپ، كىچىككىنە بىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا، خوتەن ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىنلەردىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خېرىدارى كۆپ ئىدى.

ئوتتۇرا مەكتەپلەر يەتتە يىللىق تۈزۈمدە بولغاچقا، ھېكمەتنىڭ سىنىپى بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرگەنىدى. ھېكمەت ئوقۇغۇچىلىرىغا قەيەردىلا يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇمىسۇن، بىلىم ئېلىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە

سۆزلىدى. لېكىن، قەشقەر، ئۈرۈمچىلەردە ئوقۇغاندا، ئوقۇش شارائىتى، بىلىم ئېلىش دائىرىسى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كەڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. شۇڭا، بىرىنچى بولۇپ سىنىپ باشلىقى ئىمىن توختى ئۆزىنى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا تىزىملاتتى. ئۇنىڭ مۇزىكىغا ئىشتىياقى بار ئىدى، راۋابمۇ چالالايتتى. ئۇ، سىراجىنى شوپۇرلۇققا تونۇشتۇرغاندا: «مەن سىراجىنى تۆگلۈكلەردىن باغلاپ چىقىرىپ، ئاقسارايىنىڭ سايىلىقلىرىدا قوغلاپ تۇتسام، ئۇ قاچقاق موزاي كەتتى، مەن قالدىم» دەپ كۆڭلى يېرىم بولغانىدى. ئۆگىنىش باشلىقى خىلىچىۋانى قەشقەر مېدىتسىنا تېخنىكومىغا يېزىلدى. تۇرمۇش باشلىقى قادىر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئانكېت تولدۇرۇشقۇزدى. ئىش قىلىپ، ھېكمەتنىڭ سىنىپىدىن قەشقەر، ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلار باشقا سىنىپلارغا قارىغاندا كۆپ ئىدى.

ئوقۇغۇچىلار بىلەن خوشلىشىش پەيتى يېتىپ كەلدى. چۈنكى، گۇگشى پارتكومىدىن ئورمىغا چىقىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەنىدى. سەككىز ئوقۇتقۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە ئاجرىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇرات بىلەن زۇمرەتمۇ بار ئىدى. قالغانلىرى ئورما تەييارلىقىغا قويۇپ بېرىلدى. ھېكمەتنىڭ يېرىم كۈنلۈك ۋاقتى سىنىپتا ئۆتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا زادىلا قىيالمايۋاتاتتى، يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆڭلى بىئارام بولاتتى، دەممۇدەم ئۆپكىسى ئۆرۈلەتتى. ئۇ ئابدۇللا، سىراجى، سەيدۇللالارنى ئۇزاتقاندىمۇ ئەنە شۇنداق ئازابلانغانىدى. قانات - قۇيرۇقى يېتىلگەن بۇ باللار ئۇچقۇم بولۇپ، ھېكمەت بولسا ئۇۋىسى سوۋۇپ قالغان ئانا قۇشقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ، ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭغاندا، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، دوستلىرى بىلەن خوشلاشقاندا، بۇنچىلىك روھىي سۇنمىغانىدى. ئەمدى نېمانچە ھەسرەت چېكىدىغاندۇر؟ . . . ئازابلىنىدىغاندۇر؟ . . . شۇنداق، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، ئاتا - باللارنىڭ، دوستلارنىڭ، قېرىنداشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئامراقلىق مۇناسىۋىتىگە

زادى ئوخشمايدۇ. بىرسى قانداشلىق مۇھەببىتى، يەنە بىرى دوستلۇق مۇھەببىتى، ئوقۇتقۇچىنىڭ بولسا، ئەقىل ـ ئىدراك نۇرلىرى، قەلب بۇلىقى شەربەتلىرى، يۈرەك قانلىرى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چاڭقاق كۆڭۈل بوستانلىرىنى يامغۇر سۈيىدەك ياشنىتىپ، ئۆزى بولسا شامدەك ئېرىپ تۈگىگەن ئىنسانىي خىسلەتكە تالىق مۇھەببەتتۇر. . . ئاتا ـ ئانا پەرزەنتىنى ئاپىرىدە قىلغۇچىدۇر. . . ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا نۇر ۋە ئەقىل ئاتا قىلىپ، دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم «ئادەم» قىلىپ يارانقۇچىدۇر! . . .

ھېكمەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەقىقىي چىن ئىنسان بولۇش مىزانلىرىنى ناھايىتى كۆپ سۆزلىدى. روشەن دەلىللەر بىلەن سۆزلىرىنى ئىزاھلىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىغلىماقتا ئىدى. ئۇلار دەپتەر، خاتىرىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچىسىغا ئەستىلىــــك يازدۇردى. ھېكمەتمــۇ ھەربىــر بالىنىـــڭ مىجەز ـ خــۇلقى، ئارتــۇقچىلىقــى ۋە يېتەرسىــزلىكى، نېمىگە قىــزىقىدىغانلىقى دېگەنــدەك خــۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، قىسقا ئەمما قىزىقارلىق قىلىپ ئەستىلىك يېزىپ بەردى، بەزى باللار ئۇنى ئوقۇپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ تۇرســمۇ، كۈلۈپ سالدى.

ھېكمەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قۇچاقلاپ، باشلىرىنى سىيلاپ، ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىپ سىنىپتىن چىقتى. ئەگەر يەنە بىردەم تۇرسا، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىقى ئېنىق ئىدى. ھېكمەت ئەتىسى يۈك ـ تاقلىرىنى تراكتورغا بېسىپ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قۇمقايغانغا ئورمىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنى مۇرات بىلەن زۇمرەت ئۇزىتىپ قويۇپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۈچىنچى باشقۇرۇش رايونىغا ماڭدى.

ئۈچىنچى باشقۇرۇش رايونىدا بەش دادۈي بولۇپ، پىلان بويىچە ئون سەككىز بالا قوبۇل قىلىناقچى ئىدى. مۇرات، زۇمرەتلەر كېچە ـ كۈندۈز دېمەي، كەنت ـ مەھەللىلەرنى ئايلىنىپ، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن ئۈچچى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، ئايرىم سۆزلىشىش ئارقىلىق ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ۋەزىپىنى بىر ھەپتىدىلا ئورۇنداپ تۈگەتتى. ئۇلار قوبۇل قىلىــنغان ئوقۇغۇچىــلارنىڭ تاماق پــۇلىنى باھــالاپ بېكىتىشتىــن سىرت، دادۈي

تۆلەيدىغان قىسمىنىمۇ ھەل قىلدى. ئادەتتە، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈنچە ئاسانغا توختىمايتتى. لېكىن، يەرلىك كادىرلار مۇراتنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭغا كۆپ ياردەمدە بولدى. مۇراتمۇ مەكتەپنىڭ سەنئەت ئۆمىكىنى ئېلىپ چىقىپ، «مۇت»قا (بىكارغا) ئويۇن قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى خوش قىلدى. كېتىدىغان كۈنى، كادىرلار ئۇلارنى ئېشەك ھارۋىسىغا سېلىپ قويدى. ھارۋىكەش بالا باغچى كەنتتىن ئۆتۈپ، «چوشقا فېرمىسى»غا يېقىنلاپ قالغاندا، زۇمرەت كەنتكە بويۇنداپ قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ياش قاپلىۋالدى. ئۇنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ، چوڭ بولغان مېھرى ئىسسىق ھويلىسىنى، ساددا، مۇلايىم دادىسىنىڭ ئىزلىرى چۈشكەن مەھەللىسىنى كۆرگۈسى كەلگەنىدى. بۇنى سەزگەن مۇرات ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ھارۋىكەشنى توختاتتى.

— ئۇكام، بىز مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالايلى، — دېدى مۇرات زۇمرەتكە كەنتنى ئىشارە قىلىپ، — چوشقا فېرمىسىدا بارىدىغان يېرىمىز بار ئىدى.

— مەكتەپكىچە ئاپىرىپ قويمامدىم؟ — دېدى ھارۋىكەش بالا شاپاق دوپپىسىدا يۈزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ.

— قارا ئەنە، بوستان بازىرى كۆرۈنۈپ تۇرامدۇ؟ ئۆزىمىز كېتەلەيمىز.

مۇرات ھارۋىكەشنى قايتۇرۇۋېتىپ، زۇمرەت بىلەن چوشقا فېرمىسىنىڭ يولىغا قايرىلدى. فېرمىنىڭ دېھقانچىلىق ئەتراپتىلىرى ھاراق چىقىرىشنى ۋە ماللارنىڭ يەم ـ خەشەكنى كۆزدە تۇتۇپ، قوناقنى كۆپ تېرىيتتى. شۇڭا، كەنت ئەتراپى ئېگىز ئۆسكەن كۆپكۆك ئاق يەر قونىقى بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. ھارۋا يولى بويلاپ ئانچە ـ مۇنچە ئۇچراپ قالىدىغان پارچە ـ پۇرات يەرلەرگە تېرىلغان بۇغدايلار ئورۇۋېلىنغان بولۇپ، ئورنىغا ئايالالار «كومسالدى» قىلىپ، چىلگە قوناق تېرىۋاتاتتى. زۇمرەت ئۇلاغ تۇياقلىرى تىلغاپ، ھارۋا چاقلىرى كاتاڭ قىلىۋەتكەن يوللارغا قاراپ تويمايتتى. مۇراتنى زارىقىپ كۈتكەن چاغلىرىدىكىدەك، ئۇنىڭ قوناقلىق قىرلىرىدا بىردەم ئولتۇرۇۋالغۇسى، ئوت ـ گىياھلارنىڭ

ھىدىنى ھىدلىغۇسى كېلەتتى، ئېرىقلاردا بولدۇقلاپ ئېقىۋاتقان سۇزۇك سۇلارغا، ئېتىز قىرلىرىدا ئۈتلاۋاتقان قوي - كالىلارغا، ئېگىزلارنى ئاغدۇرۇۋاتقان قوشچىلارغا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا پىلدىرلىشىپ ئۇچۇپ قۇرت - قوڭغۇز تېرىپ يۈرگەن قۇشلارغا قاراپ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىيتتى. شۇنداق، ھەممە نەرسە ئۆزگەرمىگەن، پەقەت زۇمرەتنىڭ ھاياتىلا بورانلىق دېڭىزدەك داۋالغۇپ، نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىپ، ئەمدى ئىزىغا چۈشكەندى، لېكىن دادىسىنى ھايات قىيانلىرى يۇتۇپ كەتتى، ئۇ ئەمدى مەڭگۇ قايتىپ كەلمەيدۇ. . .

مۇرات بىلەن زۇمرەت ھويلا ئالدىغا كېلىپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. دەرۋازا ئورنىدا چوڭ بىر غارال تىكلەكلىك تۇراتتى. ئۆيلەرنى چېقىپ بەلكىم ئېتىزلارنى ئوغۇتلىغان بولسا كېرەك، قورۇ ئىچى چوشقا قوتىنىغا ئايلانغاندى. پەقەت ئۆيلەرنىڭ پاسىل تاملىرى ساق بولۇپ زەدىۋال قاققان ئىزلار ھېلىھەم تۇراتتى. ئون نەچچە چوشقا كۆچۈكى ئېچىپ كەتكەن قاپقارا لايلارنى پىتىغداپ، خارتىلداپ يەر تىلغايتتى، تېخى بەزىلىرى: «ئاران تاپقان ماكانىمنى تارتىۋالماقچىمۇسەن؟ . . .» دېگەندەك، ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارايتتى. كىچىككىنە باغ ۋە كۆكتات ئېتىزلىرىنىڭ ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يەرلەرگە چوشقا قىغى دۆۋىلەنگەندى. ئەمما، ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۇپ چوڭ جانانە ئۆرۈك جايىدا بۇرۇنقىدەكلا قەد كېرىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ قورۇپ كەتكەندى، پەقەت ئاستى تەرىپىدىلا ئازىراققىنە ياش شۇڭلار كۆكىرىپ تۇراتتى. ئۆرۈكنىڭ يىلتىزلىرى ئېچىلىپ، قوۋزاقلىرىنى چوشقىلار غاجاپ، غولىنى ئاپئاق ئېچىپ قويغاندى. زۇمرەت دادىسىنىڭ يىغىدىن كاركىراپ قالغان ئاۋازى بىلەن ئۆرۈككە قىلغان نالىلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدى:

. . . — ئەمدى قېرىمىنىڭ تۇڭگۇزلىرى بۇ ھويلىنى تىلغىشىدۇ، يىلتىزلىرىڭنى قۇرۇتىدۇ. . . يىقىلساڭ، ياپراقلىرىڭنى يەپ، ئۆزۈڭنى پايخان قىلىشىدۇ. . . سەن قۇرۇق - قاقشالغا ئايلىنىسەن! . . . ئۇلار نېمىلەرنى ۋەيران قىلمىغان؟ . . . نېمىلەرنى توزۇتمىغان؟ . . .

... — زۇمرەت قىزىم، بۇ توپىدىن ئېلىۋال!... بۇ دېگەن كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن تەۋەرۈك توپا!... بىلەمسەن، ئانا تۇپراق دېگەن تۇتىيا!...

زۇمرەت تۇيۇقسىزلا چىرقىرىۋەتتى ـ دە، يىغلىغىنىچە مۇراتقا ئېسىلدى...

– كېتەيلى مۇرات، مېنى ئېلىپ كېتىڭ... بۇ يەردە تۇرمايلى... دادام كارامەت كۆرگەن ئىكەن... ئاھ خۇدا، بۇ نېمە ۋەيرانچىلىق!...

زۇمرەتنىڭ بالىلىق ھەم ياشلىق ئەستىلىكلىرى ساقلانغان بۇ كىچىككىنە چىرايلىق ھويلا ئەنە شۇنداق بەدبۇي چوشقا قوتىنىغا ئايلانغانىدى. قېنى، دائىم سۇ سېپىلىپ پاكىزە تۇرىدىغان ھويلا سەيناسى؟... قېنى ئۇ، كۆكتات قىرلىرىنى، باغ ئوتلاقلىرىنى مەرۋايىتتەك قاپلاپ تۆكۈلىدىغان ئۈرۈكلەر؟... نەلەرگىمۇ توزۇپ، قاياقلارغا يوقالغاندۇر ھۇپپىدە ئېچىلىدىغان ئۇ گۈللەر؟... كىچىككىنە زۇمرەت چۆگۈننى سۆرەپ كېلىپ دادىسىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىدىغان گۈل تەكچىسىنىڭ ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟... شۇنداق، زۇمرەت مۇراتقا ئاشىق بولغان كۈنلەردە، بۇ ھويلا تېخىمۇ چىرايلىق، دەپ ئېيتقۇسىز سەلتەنەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ، ئايدىڭ كېچىلەردە ئېغەك تىرەپ تولۇن ئايغا تەلمۈرۈپ خىيال سۈرگەن ھويلا شۇمىدۇر؟ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار شىددىشاپقا ئۈرۈك ئىغىتىپ يېگەن چاغلار، ئۇ ئۆچمەس خاتىرىلەر نەگە يوقالغاندۇر؟... كېچىلىرى مۇرات مارىغان ئەگۈن يوچۇقلىرى قېنى؟... ئاھ، خۇدا، شادىمان ھاياتقا، كۆكۈل بوستانىغا قىشنىڭ زىمىستانلىرىنى چىللىغان قانداق مەلئۇنلار ئۇ؟... سەن ئۇنى كۆرمەيۋاتامسەن؟... ياكى سەن ئۇلارنىڭ خۇداسىمۇ؟...

— يىغلىماڭ زۇمرەت، جۇرۇڭ مەن سىزنى ئېلىپ كېتەي... — مۇرات ئايالىنىڭ مۈرىلىرىدىن قۇچاقلىدى، — ئەسلىدە مەن سىزنى ئەكەلمىسەم بوپتىكەن...

— ياق مۇرات، — دېدى زۇمرەت ئېسەدەپ، — مېنىڭ زادى بىر كۆرگۈم بار ئىدى، مەن ھازىر دادامنى كۆرگەندەك بولدۇم...

— ئەمسە يىغلىماڭ، — مۇرات قولىياغلىقى بىلەن زۇمرەتنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى.

بۇ كېچە زۇمرەت جۇيلۇپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. مۇرات ئويغاق دېگۈدەك ئۇنىڭ قېشىدا ياتاتتى. كۆزى ئەمدىلا ئىلىنغان هامان، ئۇ ئايالىنىڭ ۋارقىراپ، يىغلاپ چاچراپ تۇرۇپ كېتىشلىرىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، ئۇنى قۇچاقلايتتى، بەزلەيتتى... «مەن قېشىڭىزدا!» دەپ، مەدەت بېرەتتى. زۇمرەتنىڭ كونا كېسىلىنىڭ قايتا قوزغىلىشىدىن ئەنسىرەپ، مۇراتنىڭ يۈرىكى كۆز غازاڭلىرىدەك تىترەيتتى. بىراق ئەتىگەنلىكى، چىرايلىرى سارغىيىپ، چوڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، قېلىن كىرپىكلىرى ياشتىن پارقىراپ كەتكەن زۇمرەت مۇراتنىڭ يالاڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى چىڭ ئۇشلىدى.

— مۇرات كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى كېچىچە ئۇخلاتمىدىم، — زۇمرەتنىڭ ياشلىرى مۇراتنىڭ كۆكرىكىگە ساقىپ چۈشمەكتە ئىدى، — تاڭ ئاتقىچىلا دادامنى چۈشەپ چىقتىم. ئۇ... ئۇ... تىكەندەكلا يالغۇز قالدى ئەمەسمۇ!...

زۇمرەت ئۇن سېلىپ يىغلاپ، مۇراتقا تېخىمۇ مەهكەم يېپىشتى.

— مۇرات... ئاھ مۇرات... دادام ھەممىنى كۆرۈپ يېتىپتۇ...، — دېدى زۇمرەت زار ـ زار يىغلاپ، — ئۇ: «سىلەر مېنىڭ جىگىرىم تۇرساڭلار... بۇ دۇنيادا سىلەردىن ئۆزگە تايانچىم يوق... سىلەر مېنى يالغۇز تاشلىۋەتمەڭلار...، مېنى ئىككىڭلار ‹دادا!›، دەپ چاقىرىپ باقساڭلارچۇ... پەقەت بىرلا قېتىم!... ياكى ئۆز ئاتاڭلارنى تاڭلا قىيامەتكىچە كەچۈرمەمسىلەر؟...» دەۋاتقۇدەك...

— يىغلىماڭ زۇمرەت، ئەسلىدە سىزنى بوز يەرگە بىللە ئېلىپ كىرىپ، دادامنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كېلىش ئويۇم بار ئىدى، — دېدى مۇرات زۇمرەتنىڭ يۈزىنى سۈرتۈپ، — ئەمما سىزنى بەرداشلىق بېرەلمەمدىكىن، دەپ ئەنسىرىدىم.

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن... ئۆزۈمدىنمۇ بەكرەك ئىشىنىمەن...

— مۇنداق بولسۇن! — دېدى مۇرات زۇمرەتنىڭ يۈزىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، — ئورمىغا كىرىپ كەتكەنلەر بۈگۈن ـ ئەتە قايتىپ كېلىدۇ.

مەن ئېشەك هارۋىسىغا كۆرپىلەرنى قات ـ قات سېلىپ، سىزنى تويىڭىز بولغاندەك ياساپ، بوز يەرگە ئېلىپ كىرسەم قانداق؟ . . .
— مەن سىز بىلەن بىر قېتىم توي قىلىپ بولغان. . . ئەمدى توي قىلمايمەن. . .
— مېنىڭ سىز بىلەن كۆندە بىر قېتىم توي قىلغۇم بار. . .
— راستمۇ؟
— ئىشەنمىسىڭىز، مانا بۇ يەردىن سوراڭ، — مۇرات يۈرىكىنى كۆرسەتتى ـ دە، زۇمرەتنى غىدىقلىدى.
— ئاھ، مېنىڭ ئېگىز بۇرۇن، شادا پاچىقىم، — زۇمرەت مۇراتنىڭ بوينىغا گىرە سالدى، — ئاغزى ئەسكى، ئوتى يامان. . .
— ئاخىرىنى دەڭ. . .
— دېمەيمەن. . .
— دېمىسىڭىز يەنە غىدىقلايمەن. . . — مۇرات قولىنى يېقىن ئېلىپ كەلدى.
— ماقۇل، ماقۇل دەي، لېكىن غىدىقلىماڭ، — زۇمرەت چوڭ كۆزلىرىنى ئويناتتى، — ئەمسە، ئاخىرىنى ئاڭلاڭ. . . ئوتى يامان سىركول پاچىقىم. . .
— ياق. . . ياق. . بولمايدۇ. . . تاتلىق ئىرىنى دەڭ. . . — مۇرات غىدىقلىماقچى بولدى.
— توختاڭ، توختاڭ، مەن دەي، — زۇمرەت ئالقانلىرىدا يۈزىنى ئېتىۋالدى، — ئوتى يامان، شوخ، تەنتەك ئىرىم. . . .
مۇرات ئايالىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ يۈز، بۇرۇن، كۆز، بويۇنلىرىغا سۆيۈشكە باشلىدى. . .

# قانخۇمار چايانلار

— ئورمىدىن قايتىپ كېلىپلا بۇياققا كەپسىز ـ دە؟ . . .
— قۇمقايغانغا ماڭغان كۈنى قىلغان ۋەدەمنى ئورۇندىمسام بولامدۇ؟ . . .
— قۇمقايغان قانداق بولۇپ كېتىپتۇ؟ . . .

— قۇم بارخانلىرى شۇ يېتى، يۇلغۇنلار چېچەكلەپ، بىز دەم ئالغان دەريا قاسناقلىرى، ھېلىقى تەتۈر سۆگەت بويلىرى چىمەن بىلەن قاپلىنىپتۇ. . .

— تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە كىردىڭىزمۇ؟

— بىر كېچىدە كىردىم. . .

— نېمىشقا كېچىدە كىردىڭىز؟

— ئانارلىق باغدا ئاينى كۆرەي دەپ. . .

زىلۋا سايە ۋىلىققىدە كۆلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى سۇنىڭ شىۋىرلىشىدەك يېقىملىق ئىدى.

— قوللىرىڭىزغا تىكەن سايدىمۇ؟

— ھەر سايغاندا بىراۋلارنى سېغىندىم! . . .

— بۇ توغرۇلۇق قەسىدىمۇ توقۇغانسىز؟ . . .

— توقۇدۇم. . .

— كىمگە ئوقۇپ بەردىڭىز؟ . . .

— يۇلغۇنلارغا! . . .

— ئۇلار ئاڭلىدىمۇ؟ . . .

— چېچەكلىرىنى تۆكۈپ يىغلاشتى، لېكىن جاۋاب بەرمىدى! . . .

ياڭاقلىق باغلارنىڭ ئۈستىگە قونۇۋالغان ئاي ئالتۇن زەر نۇرلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يورۇقىدىن ھەممە تەرەپ بەكمۇ گۈزەل ھاۋا رەڭگە كىرگەنىدى. ئۆستەڭدىكى سۇ بىردىن چاقناپ ۋە پالىلداپ يېنىپ، يەنە سايىلاردا يوقىلىپ، ئارانلا ئاڭلىنىپ شىلدىرلاپ ئاقاتتى. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قاسنىقىنى يالپۇز، تىل قانات، يۇمساق مىسىل، تۆت قولاقلار قاپلاپ كەتكەچكە، ئۇ تەرەپتىكى مۆڭلىرى تۈگمەيۋاتقان ئىككى سايىنىڭ بەل ئۈستىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ تەرەپ بولسا، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئازغان تۈپلىرى، سۆسۈن رەڭ گۈللىرى زەپ ئۈز ئېچىلغان قوڭغۇراق تىكەنلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى ئوت - چۆپلەر قوشۇلۇپ چاڭگا بولۇپ كەتكەچكە، قاپقاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. مانا مۇشۇ چاتقال ئىچىدە، پىچىقىنى مەيدىسىگە بېسىپ دۈم ياتقان بىر گەۋدىنىڭ

ئىككى سايىنىڭ گەپلىرىنى تىڭشاپ، ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ ياتقىنىمغا بىر سائەتتەك بولۇپ قالغانىدى، سېرىق يۈگەي چىرمىۋالغان ئازغانلىق ئىچىدىن ئوت - چۆپلەرنىڭ پۇرىقى، نەم يەرنىڭ ھىدى كېلەتتى. چېكەتكىلەر بەس - بەس بىلەن چىرىلدىشاتتى، پاشىلار توختىماي غىڭىلداپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە نەشتىرىنى سانجىپ، قان شورايتتى. لېكىن بۇ گەۋدە مىدىرلاش بۇياقتا تۇرسۇن، نەپەس ئېلىشقىمۇ قورقاتتى. بۇنداق ئازابقا چىداپ ياتقان بۇ زادى كىم؟ بۇنى زېھنىياتى ئۆتكۈر كىتابخانلىرىم ئەلۋەتتە بىلىپ بولدى.

قۇمقايغانغا ئورمىغا مېڭىشنىڭ ئالدىنقى كېچىسى، كامىل نەفىسە بىلەن خوشلاشقىلى ئامۇتلۇققا كېلىپ، مەشەدە ئۇچراشقانىدى. خۇپپىيانە ئادەم قويۇپ، نەفىسەنى سىرتىدىن قورۇپ ھەم كۆزىتىپ كېلىۋاتقان خالىق مۇشۇ ئورۇندا ئۇلارنى ئۆزى ماراپ، بارلىق بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغان، باغرىغا بېسىش، پېشانە - مەڭىزلىرىگە ئۆپۈشلەرنى كۆرگەنىدى، شۇڭا، ئون كۈندىن بېرى، ئۇنىڭ يېگىنى چىرايىغا چىقمىدى. ئۇ، مەرەجىخان قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بىر يىلغىچە توي قىلالمايدۇ دەپ خۇشال بولغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ شادلىقى كۆپۈككە ئايلاندى. چۈنكى، كامىلنىڭ ئانىسىز يېتىمسىرەپ قالغان نەفىسەنى ھەركۈنى كەچتە يوقلايدىغانلىقىنى، ئۇچرىشىشلىرىنىڭ بۇنداق قويۇق بولۇپ كېتىشىنى ئۇ ئويلىمىغانىدى. ئەگەر بۇ ئۇچرىشىشلار داۋاملىشىۋەرسە، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغان خالىق ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك بىر يەردە ئولتۇرالمايلا قالدى. ئەگەر كېرىموفنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئۇنىڭغىمۇ يۈكلىنىپ قالسا، بوستاندا قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرگۈلۈك؟... «نەفىسەنىڭ قورسىقىدىكى بالا دۈشمىنىمنىڭ!...» دەپ يۈرسۇنمۇ؟... ئۆزىنىڭ باللىرىنى باقماي ئانىلىرىغا تاشلاپ بەرگەن يەردە، كامىلنىڭ بالىسىنى باقسا، بۇ نېمىدېگەن ھاقارەت - ھە!...

ئىچ - باغرىنى بىر پارچە چوغ كۆيدۈرۈپ، رەشىق ئوتىدا پۇچۇلىنىۋاتقان خالىق ئون كۈننى مۇشكۈل قىيامەتتە ئۆتكۈزدى. ئۇ،

تۇردىدىن ئۇتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئەتە ئورمىدىن قايتقۇدەك دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئولتۇرالمايلا قالدى. چۈنكى، ۋەدىسى بويىچە، ئۇلار يەنە ئۇچرىشىدۇ. ئۇن كۈندىن بېرى نەفىسەنى سېغىنىپ كەتكەن كامىل ئۇنى خام يەۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى قىلار!... خالىق بىلمىسىغۇ بىر سىرى، ئۆتكەندە ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان تۇرسا، ئۇ كىچىچە تولغىنىپ ياتالامدۇ؟.. چىۋىن چۈشكەن ئاشنى ئىچىشكە كۆڭلى كۆتۈرەرمۇ؟... ھەتتىسگىنەي، ئۆتكەندە ئاكا ـ ئۇكا ئات ئوغرىلىرىنىڭ دېگىنىنى بېرىپ، كامىلنى جايلىۋەتكەن بولسا بولغانىكەن، بۇنداق ئوغا يەپ يىگىنە يۇتقاندەك بولۇپ يۈرمەيتتى. مانا ئەمدى ئۇلارنى تېپىپ بولغۇچە، كامىل ئەتە يەنە ئامۇتلۇقا بارىدۇ. تال چۈشتەك بەللەردىن قامالىلايدۇ... جىنەستىدەك لەۋلەرنى شورايدۇ!... بىر جۈپ شاپتۇلدەك يۇمران كۆكسىلىرىنى مەيدىسىگە باسىدۇ... جەننەتنىڭ ھۆردەك نازىنىن قىزنى قۇچىقىدا ئۇينىتىدۇ!...

خام نەشىنى تولا چېكىپ ئېلىشىپ قالغان بەڭگىدەك بولۇپ قالغان خالىق ئەتىسى قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا، پىچىقىنى ئېلىپ ئامۇتلۇقا ماڭدى. ئۇ، چوڭ يولنى تاشلاپ، چىغىر يوللار بىلەن تىمىسقىلاپ كېلىۋاتقىنىدا، پىچىقىنىڭ دەستىسىنى چىڭ سىقىمداپ، «چوقۇم... چوقۇم... چوقۇم...» دېگەن بىر سۆزنىلا تەكرارلايتتى.

... زەي يەرنى باغاشلاپ ياتقان خالىق ئاي نۇرىدا روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان كامىل بىلەن نەفىسەگە قاراپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. چۈنكى كامىل قىزنى تۇيۇقسىزلا باغرىغا باسقانىدى. نەفىسەمۇ يىگىت كۆكرىكىگە تارتىنىپقىنا باش قويدى، ئۇلارنى پەقەت تارغىنا بىر ئۆستەڭ ئايرىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئادەتتىكى پەس پىچىرلاشلارمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەگەر ئۆستەڭگە چىلىشىپ تۇرغان گىياھلارنىڭ بىر خىلدا شاپىلدىشى، سۇنىڭ شىلدىرلاشلىرى بولمىغىنىدا، كامىل بىلەن نەفىسەمۇ خالىقنىڭ غەزەپنىڭ كۈچىدىن ھاسىرىغان تىۋىشىنى ئاڭلىغان بولاتتى.

— كامىل، ئانام قازا قىلىپ كېتىپ، سىزنى ساقلىتىدىغان بولدۇم... — شىۋىرلىدى نەفىسە، — ساقلىيالامسىز؟

— ئەلۋەتتە! ئۆمرۈم بويى بولسىمۇ ساقلايمەن دەڭا. . .

— رەھمەت سىزگە! — نەفىسە قايرىلىپ قارىدى، — ئۆگۈنلۈككە كۈرسقا ماڭساق، يەنە شەھەردە بىللە بولىدىغان بولدۇق. . .

— شۇنداق، بىللە كىتاب كۆرىمىز. . . بىللە كىنوغا كىرىمىز. . . دەم ئېلىش كۈنلىرى دەريا بويىغا چۈشۈپ ئوينايمىز. . . دوستلار بىلەن بەزمىلەردە بىللە بولىمىز. . . ئايدىڭ كېچىلەردە، ئاينىڭ كامالىغا قاراپ، شېرىن خاتىرىلەرنى ئەسلەيمىز. . .

خالىق پىچىقنىڭ دەستىسىنى شۇنداق چىڭ تۇتتىكى، بارماقلىرىدىن قارس چىقىپ، ئۆزىمۇ ئىڭرىۋەتتى. . . كامىلنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك بولدى. ئەگەر ئوتتۇرىدا چوڭقۇر ئۆستەڭ بولمىغىنىدا، ئۇ «بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي» دەپ، ئېتىلىپ چىققانمۇ بولاتتى.

— كامىل، — نەفىسە خالىق ياتقان تەرەپكە قارىدى، — مۇرات بىلەن زۆمرەتكە بەكمۇ زوقۇم كېلىدۇ. ئۇلار ئاخىرى بەختىنى تاپتى. . . بۇنىڭغا ھېكمەت ئىككىڭلارنىڭ كۆپ ئەجرى كەتتى - ھە؟. . .

— بىراق، ھېكمەت ئۆزى بەختسىز بولۇپ قالدى. . .

— بۇ دېگىنىڭىز راست، — نەفىسە ئۇلۇق - كىچىك تىندى، — ئاڭلىسام، سىز دائىمىي ھەيئەتلەر ئارىسىدا خېلى بەك قايناپ قالغان ئوخشايسىز. . .

— ياقۇپكامنىڭ خېتى ناھايىتى تەپسىلىي يېزىلغانىكەن، — دېدى كامىل ئۇنلۇك ئاۋازدا، — خالىقنىڭ ياقۇپنىڭ ئائىلىسىنى ئالداپ قولغا كىرگۈزگەن، زۆمرەتنى سىرتىدىن ساتقان پەسكەشلىكىنى، گۇڭشې پارتكومىنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلغان سىياسىي جىنايىتىنى، ھەتتا ئاشلىق پونكىتىدىن قۇتقۇزۇش دەپ ئالغان ئاشلىقنى، داۋالىنىش كىنىشكىسىغا يازدۇرغان دورىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ قەرز تۆلەتمەكچى بولغان ئەپتى - بەشىرلىرىنى چۇۋۇۋەتتىم. رەھبەرلەر «مۇشۇنداق ئادەممۇ گۇڭشې پارتكومىنىڭ كاتىپى بولۇپ قاپتۇ» دەپ، ياقىلىرىنى تۇتۇپ قېلىشتى.

خالىق غەزەپ ئاچچىقىدا پىچىقىنى نەم يەرگە پاتۇرۇۋەتتى. قولى دەستىدىن سىيرىلىپ كەتكەچكە، ئۆتكۈر تىغ ئالقىنىنى تىلىۋەتتى.

— بىراق، بۇ قېتىم ئۇنى تۇراپ ئىمىن قۇتقۇزۇۋالدى، — دېدى كامىل غەزەپ بىلەن، — ئۇ هازىر قۇتۇلۇپ قالغىنى بىلەن، مەنلا هايات ئىكەنمەن، ئۇنىڭغا ياخشى كۈن يوق...

خالىق ئىچىدە: «خەپ يولغا چىققان هامان بوغۇزلىۋەتمىسەم...» دېدى ـ دە، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، ئۇنىڭ ياڭاق گۆشلىرى لىپىلداپ كەتتى.

— توغرا، هېكمەت بىر گەپ دېگەنىدى، — دېدى كامىل نەفىسەنىڭ مۈرىلىرىدىن تۇتۇپ، — كۆرس تۇگىمگۈچە، هاجىم بوۋامدىن ماھىگۈل خەۋەر ئېلىپ تۇرسا، دەيدۇ.

— هېكمەتنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت، — دېدى نەفىسە، — تۇرسۇنىساخان ئاچام قارايدىغان بولدى.

تىك كۆتۈرۈلگەن ئاي سۈپسۈزۈك ئاسماننىڭ ئېگىز بىر يېرىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇ سىردىشىشى تۈگىمەي، ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، بىر ـ بىرىگە قېنىشمايۋاتقان قىز ـ يىگىتكە زوقى كەلگەندەك، ئورنىدا ئۈيۈپ قالغانىدى. بولۇپمۇ مەرمەردەك پارقىرىغان پېشانىلىرى، بۇرۇن قىرلىرى، لەۋ ئىزنالىرى، نازۇك بويۇنلىرى هاۋا رەڭ نۇردا نۇرلىنىپ تېخىمۇ جەزبىي كۆچكە تولغان نەفىسەگە ھەۋىسى كەلگەندەك ۋە ھەسەت قىلغاندەك تويماي ـ تويماي قارايتتى...

— نەفىسە، سىزنى چارچىتىۋەتتىم. مەن قايتاي... — كامىل قىزنىڭ رۇخسارىغا تىكىلدى، — هاجىم بوۋامۇ ئەنسىرەپ قالمىسۇن.

— قايتامسىز؟ — نەفىسە ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك سورىدى، — يوللاردا پەخەس بولۇڭ، يەنە خالىقنىڭ ئىتلىرى ماراپ تۇرغان بولمىسۇن...

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاۋۋەلەن خۇدا، ئاندىن قالسا خەنجىرىم بار... — كامىل يېنىنى سىيلاپ قويدى، — ئۆتكەندە ئۇنىڭ چاپانچىلىرى يەڭسىز، ئىتەكسىز قالغانىدى. بۇ قېتىم خالىقنىڭ ئۆزى بىلەن يەكمۇ يەك تۇتۇشقۇم بار. ئەگەر خۇدا تەلىيىمنى بېرىپ، ئۇ يالغۇز ئۇچراپ قالسا، بېشىنى

كىيىن قولتىقىغا قىستۇرۇپ قويسام دەيمەن.

— ئۆزىڭىزگە ھاي بېرىڭ. . . سىزنىڭ ئاچچىقىڭىز كەلسە، كۆزىڭىزگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. . .

— دوستلىرىمنىڭ ئەنت - قىساسى يۈرىكىمگە ئوغىدەك ئورناپ كەتتى. ئاشۇ مەلئۇننىڭ ئالدىمدا ئىڭراپ، تىپىرلاپ جان تالاشقىنىنى بىر كۆرگۈم بار. . . — كامىل نەفسەنى باغرىغا چىڭ باستى، — مۇرات - زۇمرەت، ھېكمەت - گۈلزىبا ھەم ئىككىمىزنىڭ كۆرگەن زۇلۇملىرى كۆز ئالدىمغا كەلسىلا، زەنجىرنى ئۈزگەن شىردەك بولۇپ كېتىمەن. . . شۇنداق چاغلاردا، ئۇ ناكەسنى خەنجىرىم بىلەن قىيما - چىيما قىلىۋەتسەم دەپ ئويلايمەن. . .

خالىقنى بىردىنلا قورقۇنچ باستى. ئۇ كامىلنى ئۆلتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئۆز جېنىنى قانداق قۇتقۇزۇپ، ئۆيىگە ساق بېرىۋېلىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشۈپ قالدى. شۇڭا، ئۇ كامىل نەفسەنى سۆيۈۋاتامدۇ، باغرىغا بېسىۋاتامدۇ، يەنە قانداق ئەھدىلەرنى قىلىۋاتىدۇ، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، ئارقىچە يەر باغاشلاپ چېكىندى ۋە چاتقاللىق ئارىسىدىن چىقىپ، چوڭ يولغىچە ئۆمىلەپ باردى - دە، بوستانغا قاراپ تىكىۋەتتى. پات - پاتلا ئارقىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان خالىق قارا تەرگە چۆمۈلدى، كامىلنىڭ ئالىقاچان قىساس ئېلىشقا تەييارلانغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ، پۇت - قولىدا مىسقالچە ماغدۇر قالمىدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە: «خۇدا تەلىيىمنى بېرىپ يالغۇز ئۇچراپ قالسا. . .»، «ئىڭراپ، تىپىرلاپ جان تالاشقىنىنى كۆرسەم. . .»، «خەنجىرىم بىلەن قىيما - چىيما قىلىۋەتسەم. . .» دېگەن سۆزلەر جاراڭلاپ، ئەكس سادا بەرگەندەك بولاتتى.

خالىق كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. تاڭ ئاتقۇچە، ئۇ دەممۇ دەم ئويغىنىپ تاماكا چېكەتتى، ئولتۇراتتى، ياتاتتى. لېكىن بېشى ياستۇققا تەگكەن ھامان، كىملەردۇر ئۇنى قوغلايتتى، ئۆزى پۈتۈن بەدىنى قانغا مىلەنگەن ھالدا چوڭقۇر گوداڭلارغا چۈشۈپ كېتەتتى. . . قانداقتۇر چاچلىرى چۇۋۇلغان، قول - پۇتلىرىدا زەنجىرلەر سۆرۈلۈپ يۈرگەن، كۆزلىرىدىن ئوت چاچراپ تۇرغان بىر كىملەر «دادامنى تېپىپ بەر! . . .» دەپ

گېلىنى بوغاتتى، كىملەردۇر قانلىق پىچاقنى بوغىزىغا نىقتاپ: «سېنىڭ توقسىنىڭ تولدى. . .» دەپ توۋلايتتى.

خالىق بىر كۈن كەچكىچە خامۇش يۈردى. ئۇ كەچلىك تاماقنى يەپ، بېغىغا چىقتى. باغدىكى ئالما، ئالاراھەت، شاپتۇل، ئۆرۈكلەرنىڭ ھەممىسى ياش كۆچەتلەر بولغاچقا، مېۋىسى ئاز بولسىمۇ، سەرخىل ئىدى. پاسىل تاملارغا تىكلەنگەن شاخلاردا كاۋىلار ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى تار چۆنەكلەردە، خىنىگۈل، قىزىل ئەمبەر، گازىۋان، تاجى خوراز گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ قىزىل مەرۋايىتتەك ساڭگىلىشىپ تۇرغان ئالۇچىلار باغقا بەكمۇ ياراشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، تاق سۇلۇ گىلىمى سېلىنغان بىر كارىۋات تۇراتتى. كارىۋات ئۈستىدە، ئىككى تەكىيمۇ بار ئىدى. خالىقنىڭ دادىسى بەزى چاغلاردا مۇشۇ يەردە ئارام ئالاتتى.

بۇ كىچىككىنە باغنىڭ كۆرۈنۈشى ئادەمگە زوق ھەم ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئەمما خالىق كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدىكى بىنەپشىرەڭ نۇرغا تولغان بۇ سالقىن باغنىڭ جانغا ئارام ھۇزۇرىنى سەزمىدىمۇ ياكى كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق دىققەت قىلمىدىمۇ، ئىش قىلىپ، قاپاقلىرى سالپايغان، ئۆزى ئېگىشكەن ھالدا، كارىۋاتقا كېلىپ، تەكىيگە جەينەكلىدى. كارىۋاتنىڭ ئاياق تەرىپىدە، بىرنەچچە تۈپ نامازشام گۈلى، قىزىل، سېرىق ۋە ئاق ئېچىلىپ كەتكەنىدى. خالىق ئۇنىڭ ئەتراپىدا شىرنە يىغىپ يۈرگەن گۈلخۇمار ھاشاراتلارغا قارىغىنىچە، ئۈزۈلۈپ قالغان خىيال يىپلىرىنى يەنە ئۇلىدى.

خالىق بوستاندا ئۆز زوراۋانلىقىنى كەم ـ كۈتىسىز يۈرگۈزۈپ، غەلىبە قىلىپ كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتچى ئىدى. بۇ چاققىچە، ئۇنىڭ ئالدىدا توغرا تۇرغان بىرەر مەۋجۇدات بولۇپ باقمىدى. ئۇنىڭ پىچىقىنىڭ ئالدى ـ كەينى ھەم دەستىسىمۇ كېسەتتى. بوستان بويىچە، باشقۇرۇش رايون، كەنت، ئەترەت كادىرلىرى ۋاڭ لىمىڭ بىلەن تۇراپ ئىمىنگە قارىغاندا، خالىقتىن بەكرەك چۆچۈيتتى. ئۇ، كىتاب، ژۇرنال، گېزىت، ھۆججەتلەردىن مىسال ئېلىپ سۆزلىگىلى تۇرسا، قايىل بولمايدىغان بىرەر ئادەممۇ

چىقمايتتى. بوستاننىڭ يېزا ـ كەنتلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلار خالىقنى كۆرگەن ھامان قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، يادەك ئېگىلىپ، ئۇ ئۆتۈپ كەتكۈچە، يول چېتىدە پۈكۈلۈپ سالام قىلىپ تۇراتتى. بىراق، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار بىلەن پۈت تېپىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ ئۇلارنى بىر تېپىك ئارقىلىق يەر چىشلىتىمەن دەپ ئويلىدى. ئەگەر قۇربان ھاكىم، ۋاڭ لىمىڭلار بولمىغان تەقدىردە، ئۇنىڭ ئۇشىقى ئالچى چۈشۈپ، مۇرات ـ مەقسىتىگە يەتكەنمۇ بولاتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىگە كېلىۋاتقان بارلىق بالا ـ قازانى ئاشۇ ئىككىسىدىن كۆرەتتى. ئۇلار تىيەك بولۇپ تىكلىنىپ بەرمىگەندە، بۇ ئۈچ ئەپەندىنىڭ بارار يېرى سامانلىق بولار ئىدى!. . . كامىلنىڭ يۈرىكىمۇ مۇنچە يوغىناپ كېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ كاساپىتىدىن، گۇڭشې ئىشخانا جۇرېنلىقى ھەم كاتىپلىقتىن ئىبارەت ھەممىگە قابىل ئەمەل تاجىسى ھازىرغىچە بېشىدا مۇقىم توختىمايۋاتىدۇ. . . ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، بۇ ئەپەندى ھويلىسىغا بېسىپ كىرىپ: «جېنىڭنى قىيىمەن» دەپ تەھدىت سېلىۋاتسا. . . مانا ئەمدى نەفسە بىلەن شەھەرگە كۆرسقا كىرسە، ئۇلارنىڭ چىقمىغان دۆڭگى، چۈشمىگەن چوڭقۇرى قالمايدۇ. . . بەلكىم، نەفسە كامىلنىڭ ئۆيىدە قونۇشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا. . .

خالىق كارىۋاتقا يۆلىنىپ تاماكا ئورىدى ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن قاتتىق شورىدى ـ دە، ئاستا غۇدۇڭشىدى.

— بىللە كىتاب كۆرەرمىش، كىنوغا كىرەرمىش. . . دەريا بويىغا چۈشۈپ ئوينارمىش. . . ئايدىڭ كېچىلەردە ئاينىڭ كامالىغا قاراپ، شېرىن خاتىرىلەرنى ئەسلەرمىش، تۈفى!. . . — خالىق نامازشام گۈلىگە تۈكۈردى، — ئەسلەيدىغان قانداق شېرىن خاتىرىلەر ئىكەن ئۇ؟. . .

خالىقنىڭ بەشىنچى خوتۇنىدىن ئايرىلغىنىغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يېزا ـ كەنتلەردە ئانچە ـ مۇنچە «كاسىنا ھۈنەر» قىلىپ، نەپسىنى قاندۇرۇپ يۈرگىنىنى ھېسابقا ئالمىغىنىدا، نەفسەگە خام تامادا ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. بىرەر يەردىن ئۆيلىنىش خىيالىدىمۇ بولۇپ باقمىدى. ئەگەر ۋاڭ لىمىڭ ئارىدا ئاتىكاچىلىق قىلمىغان بولسا، بۇ

چاقىچە نەفسەنى ھەرقانداق چارە ـ ئاماللار بىلەن ئېتىكىدە ئوينىتىدىغان بولاتتى.

خالىق ئاخشام ئايدىڭ كېچىدىكى نەفسەنىڭ بەرنا سىماسىنى، كامىلنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ ھايالىق نازلىنىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، خۇددى يىلان چاقىۋالغاندەك تولغىنىپ كەتتى. بۇ ھۆرنىڭ ھەربىر نازى، خۇلقى، ھايالىق بېقىشلىرى، ئاققۇدەك ئاپئاق، يۇمران تەنلىرى ئۇچۇن پۈتۈن بىساتىنى، ھەتتا ھاياتىنى دوغا تىكىشكىمۇ ئەرزىيتتى. شۇڭا، كامىل خالىقتىن قىساس ئېلىشقا، بۇ يولدا جېنىنى پىدا ئەيلەشكە ئەھدە قىلغان ـ دە! . . . ياق، ئۇ قول سالغۇچە، خالىق ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزىتىشى كېرەك! . . . نەق بۇ قېتىم شەھەرنىڭ ئۆزىدە، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ پىنھانلىرىدا، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى قۇمغا كۆمۈۋېتىش كېرەك. . . ياكى كونا قەبرە ئىچىگە تىقىۋېتىپ، ئىز ـ دېرىكىنى تاپالماس قىلىۋەتسىمۇ بولىدۇ! . . .

خالىق بۇ ئەپچىل پىلانىدىن ئۆزىمۇ زوقلىنىپ كەتتى. چۈنكى تۇردى ھېكىمدەك لالما ئىتلارغا ئازراقلا سۆڭەك تاشلاپ بەرسە، ئۇ: «كامىل چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپتۇ، تۇراپ تۇلە دېگەن يازغۇچى بىلەن ئالاقىلەشكەنىكەن. . . » دېگەندەك گەپلەرنى تەرەپ ـ تەرەپتە تارقىتىۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا دوستلىرىنىڭمۇ ھالىغا ۋاي! . . . بۇ خەۋەرگە ھەممە ئىشىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار «شيۇجېڭجۇيىچى، چەت ئەل بىلەن ئالاقىسى بار» دېگەن جىنايەت بىلەن جازالانغان. . . بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش دېگەن گەپ مۇشۇ ـ دە! . . .

خالىق ئاكا ـ ئۇكا ئوغرىلار ھاسان ـ ھۈسەننىڭ قويغان شەرتلىرىگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنى ئەتىلا ئىزدەش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاپئاق ئاقىرىپ پىشقان سۈت ئالمىدىن بىرنەچچىنى ئۈزۈپ تۇراتتى، مېۋە كۆچەتلىرى ئارىسىدىن بىرسىنىڭ ئېڭىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئالمىلارنى گىلەمگە قويۇپ، كېلىۋاتقان پاكار گەۋدىگە قارىدى، ئۇ كېرىموفنى تونىيالمايلا قالدى. ئۇنىڭ ئورۇقلاپ، يۈز تېرىلىرى سالپىيىپ،

ئېڭەكلىرى قوزۇقتەك تىخىمۇ ئۈچلىنىپ كەتكەنىدى. خالىق ئۇنىــڭ ياقىلىرى قىرچىلىپ كەتكەن چاقماقلىق كۆڭلىكىگە، كۆك ئىشتىنىغا، پۇتىدىكى ھەربىيلەر كىيىدىغان مايسىرەڭ رېزىنكە ئايىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ھالىدىن كۈلدى.

— خالىق كاتىپ، تونىيالمىدىلىمۇ؟ — دېدى كېرىموف بۇرۇنقىدەكلا بېشىنى گەجگىسىگە چۈكۈرۈپ، — مەن كېرىموف ئەمەسمۇ؟ ئانىلىرى باغدىمىكىن دېۋىدى، ئۇسۇپ كىرىۋەردىم. . .

— ئوبدان بوپتۇ. . . قېنى ئۆيگە باشلاي. . .

— بولدى مەشە ئوبدانكەن. . . يېگىلى ئالمىمۇ بار ئىكەن. . .

— قېنى، ئولتۇرسىلا. . .

كېرىموف پايپىقى بىلەنلا كارىۋاتقا چىقىپ ئولتۇردى ۋە بىر تال ئالمىنى گىلەمگە سۈرتۈپ، «ۋارسلا» قىلىپ چىشلىدى. بىراق ئۇنىڭ تەرلەپ لاي بولۇپ كەتكەن پايپىقىدىن چىققان قاڭسىق پۇراق خالىقنىڭ دىماغلىــرىنى ئېچىشتــۇرۇۋەتتى. شــۇڭا، ئــۇ ئــۆزىنى قاچــۇرۇپ يىراق ئولتۇردى. خالىق كېرىموفنىڭ كۆزلىرىنى يېرىم يېپىپ تۇرغان ھارغىن قاپاقلىرىغا، توپا چىرايىغا، قاتلىمىدەك پۈكۈلۈپ ئولتۇرغان بىــچارە قىياپىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ خېلىلا دەرد تارتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى چېكىپ كۆردى.

— ئەھۋالىمىز خېلى ياخشىدۇر كېرىموف؟ — ھىجايدى خالىق، — ئاڭلىسام، كەسپىڭلارنى ئالماشتۇرۇۋاپسىلەر.

— ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ تولا مازاق قىلمىسىلا، — كېرىموف چــوڭقۇر تىندى، — ھالىمىــز خاراب خالىق كاتىپ، بەك خاراب. . . سىلىنىڭكىدەك خاراب. . .

ئەزەلدىن ئاتىسىن چۈشسە، ئۆزەڭگىدىن چۈشمەي كېلىۋاتقان خالىق ئۈچۈن «سىلىنىڭكىدەك خاراب» سۆزى ناھايىتى ھار كەلگەن بولسىمۇ، چاندۇرماي قاقاقلاپ كۈلدى.

— كىمكەن ئۇ مېنى ھالى خاراب دەيدىغان؟ مەن ناھايىتى خاتىرجەم، ياخشى تۇرۇۋېتىمەنغۇ؟ . . . گۇڭشىنىڭ بارلىق تامغىلىــرى قولۇمدا،

پارتكوم ئىشخانا جۇرنىلىقىدىن ئىبارەت دوپپام بېشىمدا. . .

— بولدى قىلسىلا خالىق كاتىپ، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇردۇق، — كېرىموفمۇ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمىدى، — ئۇنداق كاچىتىغا ئۇرۇپ ئىششىتىۋېلىپ «مەن سېمىز» دەيدىغان ھاماقەتلىكنى قىلمىسىلا! «كاتىپلىق، جۇرنىلىق» دېگەن تاجلار ھازىر باشلىرىدا لىڭگىر ـ تاختاق ئويناۋاتىدىغۇ دەيمەن؟ . . .

كېرىموفنىڭ شاللىقتا قاققان قوزۇقتەك قوپال گەپلىرى خالىقنى چۆچۈتۈپ قويدى. «بۇ شەھەرلىك بەلكىم ئىمىن سوپى، ساۋۇر روزىلاردىن بىرەر گەپ ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن چاقماقتەك تېز كەلگەن پىكىر ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇپ، چىرايىنى كەسلەنچۈكتەك بەترەڭ قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا يۈزىگە تەمكىنلىك، ۋۇجۇدىغا خاتىرجەملىك تۈسىنى بەردى.

— كېرىموف، خېلى چاقچاقچى بولۇپ قاپلا، — دېدى خالىق سۇس تىترەۋاتقان قوللىرىدا تاماكا ئوراۋېتىپ، — يەرلىكتە ئىشلەۋاتقاندىن بىرى، جامائەتكە كۆپ ئارىلىشىدىغان بولۇپ قالغان ئوخشىمامىلا؟ . . .

— خۇپسەنلىك قىلمىسىلا خالىق كاتىپ، مەن چىمپىششىق گەپنى قىلىۋاتىمەن، — دېدى كېرىموف ئېڭىكىنى سىلىكىپ، — بۈگۈن چۈشتە ئىمىن سوپىنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم. . . ھېلىمۇ ياخشى كىرمەپتىمەن، ئۆي ئىچىدىن چىقىۋاتقان قۇربان ھاكىم بىلەن كامىلنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدىم. . .

— نېمە؟ ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىغا ئەتە ماڭماقچى ئىدىغۇ؟ — خالىق ئاخشام نەفىسەنىڭ «ئۆگۈنلۈككە» دېگەن سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىغانىدى، — كامىل بۈگۈن شەھەرگە كىرىپتىكەنمۇ؟

— باشقىسىنى ئۇقمايمەن. . . ، — دېدى كېرىموف ئۆزىگە ئىشەنمىگەن خالىقتا خاپا بولغاندەك ئاھاڭدا، — پەقەت بوستان گۇڭشېسىغا ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدىن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىش. . . ئېغىر چارە كۆرۈش. . . خالىق. . . دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىدىم ـ دە، ئارقامغا ياندىم. . .

خالىقنىڭ بايىقى مەمەدانلىقى، تەكەببۇرلۇقى، ياسما ھەيبىتلىرى قاياقلارغىدۇر يوقالدى. ئۇ، دېمىسىمۇ ئۈزۈن ئولتۇرۇپ كەتتى. كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېرىمىغىچە ئېچىۋەتتى. كامىل ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سانجىسا يىڭنە ئۆتمەيدىغان، چاپسا تىغ قايرىلىدىغان گىگانت تاش ئادەمدەك تىكلىنىپ تۇراتتى. نەپرىتىنى ئېتىقادقا ئايلاندۇرغان ئادەملەر ئەنت - قىساس يولىدا ھەرگىز ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. ئۇ خۇددى سىرتلاننىڭ ئىزىغا چۈشكەن ئوۋچىدەك، سۈرلۈك جاڭگالغا ئىچكىرىلەپ كىرىدۇكى، ئارقىغا يانمايدۇ، كېيىن يول تاپالماسلىقىدىن، يىرتقۇچلارنىڭ پەنجىرلىرىدە پارە - پارە بولۇشتىن ۋايىم يېيىش ئۇلار ئۈچۈن يات! . . . خالىق ئەسەبىي زۇمرەتنىڭ بوز يەردە ئۆزىنى ئاتتىن غۇلىتىپ چۈشۈرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ شىددەت بىلەن يۈزىگە قامال سالغان ۋاقىتىدىكى ئوت بولۇپ ياندىغان كۆزلىرىنى، مۇراتنىڭ پىچاقنى ئېگىز كۆتۈرگەن چېغىدىكى قورقۇنچلۇق چىرايىنى، تۈنۈگۈن ئاخشام كامىلنىڭ قەسەم قىلغاندەك تەلەپپۇزدا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئۆتكىنىدە، تاپىنىدىن چوققىسىغىچە تىترەك ئولىشىپ كەتتى.

— مەن مۇشۇ ئەھۋاللاردىن ئۆزلىرىنى خەۋەردار قىلغاچ، — دېدى كېرىموف يەنە بىر ئالمىنى قولىغا ئېلىپ، — بىر ئاز مۇڭدىشىپ كېلەي دەپ كېلىۋىدىم. . .

— ئەمدى مۇڭدىشىدىغان يەنە نېمە بار؟ — دېدى خالىق بېشىنى سىلاپ، — بۇ دىۋانە ئەپەندىلەر بىزنى غۇلىتىپ يىقىتمىغۇچە، ئارام تاپمايدىغان ئوخشايدۇ.

— خالىق كاتىپ، يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال دەپتىكەن، — كېرىموف بويىنىنى سوزۇپ خالىققا ئېگىشتى، — سىلىگە سالىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار. . . تېتىمدۇ - تېتىمامدۇ؟ بىلمىدىم. . .

— قېنى، دەپ باقمامىلا! — خالىق سەگەكلەشتى، — ئاڭلاپ باقاي نېمە دېمەكچىدۇق؟

— مەن ھېكمەتنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىمەن! . . . قانداق، سىلى كامىلغا قول سالالامىلا؟ . . .

كېرىموف قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى. چۈنكى ئۇ شەھەردە تۇرالمىغۇدەك شەرمەندىلىك ئىچىدە ياشاۋاتاتتى. ئەل - ئاغىنە، تونۇش - بىلىشلىرى بىلەن بولغان بېرىش - كېلىش چورتلا ئۈزۈلدى. چۈنكى، ئولتۇرۇشلاردا تەڭشىلىپ قالغان بۇرادەرلىرى ئاغزىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، ئۇنى كۈلكە - چاقچاق بىلەن شاڭخو قىلىشاتتى. بىرى: «ئىشىكنى ئېچىپ بەرسە، ئۆيگە كىرەلمىگەن موت - موت...» دېسە، يەنە بىرى: «پۇللىرىنى مۇتقا سېلىپ بېرىپ، سۆزلەپ قالغان كوت - كوت...» دەيتتى. تېخى يېقىندا بولغان بىر ئولتۇرۇشتا، قاراۋۇل جامال توختى ئۇنى: «شاپتۇل ئۇچكىسىنى بادام دەيدىغان، ئانىسىنىڭ ئاشنىسىنى دادام دەيدىغان ئەخمەق...» دېۋىدى، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا چېچەك چىقىرىپ: «خەق تۇغقەن چۆچۈرىنى بالام دەيدىغان ئەخمەق...» دەپ ئۆيدە قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈۋەتتى. ھازىر كېرىموف دۇكاندىمۇ يۈرەكلىك تۇرالمايتتى. ئايىقى ئۈزۈلمەي كىرىۋاتقان شەھەر ئاھالىسىگە ئۇن، ماي جىڭلاپ بېرىۋېتىپ، ھەممىسىنىڭ چىرايىغا خۇدۇكسىنىپ قارايتتى. چۈنكى ئۇلارمۇ كېرىموفنى ئىشارە قىلىپ ئۆزئارا پىچىرلىشاتتى، قىز - چوكانلار خىرقىرىشىپ كۈلۈشەتتى. بەزى گەپتان، قىچىقى بار خوتۇنلار قەستەن: «ۋاي جېنىم، سۇنى دۇكان ئىچىگە چاچماي، بوسۇغىنى ھۆل قىلىۋەتكىنى نېمىسى؟...» دەپ ئۇنى گەپتە چاقاتتى. چوڭلار ساقاللىرىنى سىيپاپ، ئۇنىڭغا غەلىتىلا قارايتتى. كېرىموف بۇ ئاھانەتلەرنى كۆتۈرەلمەي تۇرغىنىدا، قايىت قولغا ئېلىنىپ، ئاخىرقى ئۈمىدى بولغان تۆت يۈز يۈەن پۇلدىنمۇ ئايرىلدى. ئەمدى ئۇ پۇلنى كىمدىن ئۇندۇرىدۇ؟ گۈلزىباغا ئۇسەي دېسە، ئۇمۇ ئىككى غۇلاچ يەر تېگىگە كىرىپ ياتتى.. قايىتنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى، گۈلرۇز ئۇنى: «ھەي ھەزىلەك، بىز سېنى نەدە كۆردۇق؟ پۇلنى كىمگە بەرگەن بولساڭ، شۇنى تاپ، بولمىسا تىۋەزۇن بىلەن كاللاڭنى ئىككى پارە قىلىۋېتىمەن...» دەپ دوق قىلدى.

— مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — دېدى كېرىموف تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ، — خىزمەت ئورنۇم، ئەمەلىم،

پارتىيىلىكىم، پۇللىرىمدىن ئايرىلدىم. بۇنىڭ ھەممىسىگە ئاشۇ ھېكمەت، كامىللار سەۋەبچى. بۇ ئەپەندىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئىتقا تاشلاپ بەرسەممۇ، دەردىم چىقمايدۇ. ئىمىن سوپى، ساۋۇر روزىلاردىن ئاڭلىسام، يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا كىرىپ، قۇربان ھاكىم، ھېكمەتلەرنى قۇتراتقان كامىل ئىكەن...

نېمە ئۈچۈندۇر خالىقنىڭ ئىچىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدىغان بىر خۇشاللىق چاقماق ئوتىدەك كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. نەپەس ئۆتمەي، جىددىيلەشكەن چىرايىغا ئىنچىكە كۈلۈمسىرەش ئالامىتى يۈگۈردى. ئۇ ئەپلىك پۇرسەتنىڭ ئۆز ئايىقى بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان، كامىلنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلايدىغان سارالىقنى خالىق ھەرگىز قىلمايتتى. ئۇ كېرىموفتەك جۇدۇنى قاتتىق، گېپى ئۆزە ئادەملەرگە ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى تېخىمۇ پۇۋلەپ، يەل بېرىپ سەكرىتىشنىڭ، دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى ئۇنىڭ يۈرەك ئېتىزىغا ئايماي چېچىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇ ھېس قىلىپ يەتتى...

— ھەي... كېرىموف، سىلىگە ھەقىقەتەن ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دېدى خالىق چىرايىغا ئېچىنىش تۈسىنى بېرىپ، — كامىل، ھېكمەتلەر سىلىنى سىياسىي جەھەتتىن سېستتى... تۇرمۇش تەرەپتىن يۈزلىرىنى تۆكتى... ئىككى نۆۋەت قاتتىق تاياق يېدىلە... ئىقتىسادلىرىنى ۋەيران قىلدى. بولۇپمۇ تۇرمۇش مەسىلىسىدە، سىلىنى جەمئىيەتتە ياشىغۇسىز قىلىۋەتتى. ئەگەر مەن شۇنداق نومۇسسىزلىقلارغا قالغان بولسام، ئاللىبۇرۇنلا سىلىدەك ئىرادىگە كەلگەن بولاتتىم. ھەتتا نومۇسقا چىدىماي ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. ھېلىمۇ سىلى كۆتۈرۈشلۈك، چىداملىق ئادەمكەنلا!...

— ئەرخەپ، لەنىتى ئەپەندىلەر، — دېدى كېرىموف مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، — مەن سەنلەرنى!...

— سىلى دېگەندەك، كامىل سۇ ئامبىرىغا كىرىپ قۇربان ھاكىم، ھېكمەتلەرنى قۇتراتتى، — دېدى خالىق قاتتىقراق تەلەپپۇزدا، — بوز

يەردىن زۇمرەتنى ئېلىپ چىقتى. گۈلزىبانى دەۋا قىلىشقا قوزغاتتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ھەم دائىمىي ھەيئەتلەر ئارىسىدا، چاۋىلىرىنى چىتقا يېيىپ، جامائەت پىكرى توپلىدى.

بەدەشقاننى قورۇپ كېلەمگە ئېگىشىپ ئولتۇرغان كېرىموف بېشىنى خولاڭزىچىنىڭ توكۇ - توكۇيىڭىدەك توختىماي چايقاپ، تامىقىنى چاكىلدىتىپ غودۇڭشۇيتتى.

— ئەڭ قورقۇنچلۇق يېرى، — خالىق كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى، — سىياسىي ھاياتىڭلارغا داغ چۈشتى. «ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى»، «پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى»، «شەرەپلىك ھەربىي سەپتىن ھەيدەلدى...» دېگەندەك جازا تامغىلىرى بېسىلغان قارارلار بۇ چاققىچە ئارخىپ خالتاڭلارغا چۈشۈپ بولدى!...

خالىق «قالدۇرۇلدى»، «قوغلاپ چىقىرىلدى»، «ھەيدەلدى» دېگەن سۆزلەرنى قەستەن يوقىرى تەلەپپۇز ۋە ئىنتوناتسىيە ئاھاڭى بىلەن ئايرىپ ئېيتتى. ھەتتا ئۇ: «توۋا، جامال توختىدىكى پۇلنى مۇسادىرە قىلسا، قايىتتىكى شۇنچە نۇرغۇن پۇل شامالغا ئۇچۇپ كەتسە، ئەڭ بولمىسا، گۈلزىبانىڭ ھوزۇرىنى بولسىمۇ سورەلمىسەڭلا... بۇ... بۇ... بىكاردىن - بىكار بەدەل تۆلەشقۇ؟... شۇنچىلىك قۇربان بەرگەن ئىكەنسىلەر، كاشكى خىزمىتىڭلار بىلەن پارتىيىلىكىڭلارنى ساقلاپ قالسىچۇ!...» دېيىش ئارقىلىق كېرىموفنى پۇۋلەپ ئېتىلدۇرۇپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— خالىق كاتىپ، — كېرىموف قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى خالىققا تىكتى، — مېنىڭ سىلىگە نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى ئوبدان بىلىدىلا... ئىككىمىز بار مەسلىھەت...

خالىق بىلەن كېرىموف بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇزۇن قادىلىپ قالدى. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى تەپەككۇر سۆھبىتى ئارقىلىق، كۆڭۈللىرىدىكىنى بىلىپ بولغان بولسىمۇ، خالىق شۇملۇق ئىشلەتتى.

— قېنى، ئېنىقراق بىر نېمە دېمەملا... مەن ئىچلىرىگە كىرىپ چىقمىسام...

— كامىل بىلەن ھېكمەتتىن. . . — كېرىموۋ ئۆلتۈرۈش ئىشارىسىنى قىلدى، — خاتىرجەم بولسىلا، بىز يېقىن كەلمەيمىز. . .

خالىقنىڭ شادلىقتىن كۆزلىرى قىسىلىپ، گۆرەن تومۇرلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇ كېرىموفنى ئۆز كېچىكىگە كىرگۈزگەنىدى. ئەمدى «قىزىل» تونىنى كىيىپ، ۋەز - نەسىھەت قىلغىنىدا، كېيىنكى پىلانلىرىغا پايدىسى ناھايىتى كۆپ بولاتتى ھەم چېكىنىشكىمۇ يول ئېچىلاتتى.

— كېرىموف، بىلىمەن تارتقان زىيانلىرى، كۆرگەن خورلۇقلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس، — دېدى خالىق ھەربىر سۆزنى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىپ، — ئەگەر ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق ئەركەك بولغان بولسا، ئۆلۈۋالغانمۇ بولاتتى. . . بىراق، دەرد ھەم ئازابلىرىنى ئىچلىرىگە يۇتۇپ، قورساقنى كەڭ تۇتسىلا. . . بۇنداق نىيەتتىن يانسىلا. . .

— مېنىڭ ۋىجدانىم، غۇرۇرۇمنى ئىت غاجاپ كېتىپتىمۇ؟ — كېرىموف ئاچچىقلاپ قالدى، — بۇ. . . بۇ. . . زادى نېمە دېگەنلىرى؟. . .

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، — خالىق ئۇنىڭغا ئوغا بىلەن ھەسەلنى قوشۇپ يېگۈزۈشكە باشلىدى، — باشقىلار «ئىشكىنى ئېچىپ بەرسە، ئۆيگە كىرەلمىگەن موت - موت» دەپ، سىلىنى زەيپانلىقتا ئەيىبلەمدۇ، «سۆزلەپ قالغان كوت - كوت . . . » دېيىش ئارقىلىق غەيۋەتچى خوتۇنلارغا ئوخشىتامدۇ ياكى «باشقىلار تېپىپ بەرگەن بالىنى، بالام دەيدىغان ئەخمەق. . . » دېگەندەك سېسىق گەپلەر بىلەن غۇرۇرسىز، لاتا قاسقاس ئەرلەرگە چىقىرىۋېتەمدۇ، بىر پاي كارىلىرى بولمىسۇن، قۇلاق سالماي يۈرۈۋەرسىلە. . . ئۇنىڭلىق بىلەن، سىلى شۇنداق بولۇپ كېتەملا؟. . .

— خالىق كاتىپ، سىلى مېنىڭ جاراھىتىمگە تۇز سەپمەي، ئوچۇق گەپنى قىلسىلا، — دېدى كېرىموف كىچىك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — زادى قوشۇلامىلا ياكى. . .

— مەن سىلىگە پارتىيە ئەزالىق سۈپىتىم بىلەن نەسىھەت قىلدىم. ئاڭلامىلا - ئاڭلىمامىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئىشى. . . ئۇلار ھەرنېمە دېگەن بىلەن خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى!

— گەپلىرى شۇما؟ — كېرىموف پالاق - پۇلۇقلا ئورنىدىن تۇردى، — ئەمسە مەن بۇگۈن كەلمىگەن بولاي، سىلى مېنى كۆرمىگەن بولسىلا. . .

— خاۋاتىرلەنمىسىلە! . . .

كېرىموف مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ شاخلىرىغا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ ماڭدى. ئۇ قوشقاناتلىق دەرۋازىدىن چىققاندا، تاتىرىپ كەتكەن چىرايى بىلەن خالىقنىڭ مەسخىرىلىك كۆزلىرىگە قارىدى ۋە ھاسىراپ تۇرۇپ:

— شۇنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، كامىل نەفسەنىڭ قورسىقىغا بىرنى تۇگۈپ سىلىگە تاپشۇرغاندا، ئاندىن مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ قەدرىگە يېتىلا. . . ئۇ چاغدا، ئۇن مىڭ پۇشايمان قىلغانلىرى بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. . . — دېدى.

— مەن ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتتىم. . .

— مەن ئۇنتالمايمەن، — دېدى كېرىموف قولىنى شىلتىپ، — ئەمما مېنى ساتىدىغان بولسىلا، مەنمۇ زەيىندىن ئۇچىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي قارا ئەنزە پەيدا قىلىش ۋەقەسىنى ئاشكارىلايمەن. . .

— بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار. . . لېكىن سىلى ئەندىشىدە بولمىسىلا! . . . مەن ئۇنداق يېقىن بۇرادەرلىرىنى ئۇرىغا ئىتتىرىدىغانلاردىن ئەمەس، بۇ ھەقتە قەسەمدىن ئۆتەلەيمەن! . . .

كېرىموف كېتىشى بىلەن، خالىق قايتىپ كىرىپ، خۇشلۇقتىن نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى ئىشقا ئېشىش ئالدىدا تۇراتتى. مانا ئەمدى كامىل يوقالغاندىن كېيىن، خالىقتىن گۇمان قىلىپ، ئايرىم سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئۇ تېنەپ - تەمتىرىمەي: «كېرىموفقا يامان نىيىتىدىن يېنىش، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكى. . .» ھەققىدە كۆپ نەسىھەت قىلغانلىقىنى، ھەتتا: «پارتىيە ئەزالىق سوپىتىم بىلەن ئۈزلىرىنى ئاگاھلاندۇرىمەن. . .» دېسىمۇ، ئۇنىڭ «نىيىتىمدىن يانمايمەن، مېنى سېتىۋەتسەڭ، ئۆلتۈرىۋېتىمەن. . .» دەپ قورقاق سالغانلىقىنى دېسىلا، بېسىپ كەلگەن ئۆزلۈكىدىنلا يولىنى بۇراپ، كېرىموفنى باسىدۇ. . . بۇ ھەقتە تۇردى ھېكىممۇ گۇۋاھلىقتىن ئۆتەلەيدۇ. . . خالىق ئۇنىڭغا: «مەن بۇ ئىشتىن قول ئۈزدۈم، كامىل بىلەن نەفسە توي قىلسا، ئۇلارغا توي

خېتى كەستۈرۈپ بېرىمەن. . . » دەپ، ئەجەپ ئالدىن بىلەر ئەۋلىيادەك ئىش كۆرۈپتىكەن.

خالىق قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن، گۆڭشىنىڭ ئات ئېغىلىغا باردى. ئات باقارغا «ئەتە سەھەردە يازلىق يېغىم ـ تېرىمنى تەكشۈرگىلى يېزىلارغا بارىدىغانلىقىنى، ئاتنى ئوبدان تويغۇزۇپ، توقۇپ قويۇشنى» تاپىلاپ قويۇپ، يېنىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئاكا ـ ئۇكا ئوغرىلار ئالتۇن بىلەيزۈك، مىڭ يۈەن پۇلنى كۆرسە، ئەلۋەتتە كۆزى قىزىرىدۇ. قالغىنىنى ئىش پۈتكەندىن كېيىن بېرىش كېرەك. بۇ قائىدىگە ئۇيغۇن. ئۇلارمۇ چوقۇم قوشۇلىدۇ. نەفىسە يىغلا ـ قاقشا، ئاخىرى ئۇمۇ كۆنىدۇ. ئاندىن، گۆڭشى شۇجىسى تۇراپ ئىمىن ھەم باشقا رەھبەرلەرنى ئەلچىلىككە سالسا، قۇتلۇق ھاجىم ئۇلار ئالدىدا چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. ئەگەر يەنە تىلىنى چايناپ ئولتۇرسا، ئامۇتلۇقنىڭ شۇجىسى ھەسەن تاز، دادۇيجاڭ مەتنۇرىلار تۇرسۇننىساخاننىڭ ئائىلىسى ھەم قۇتلۇق ھاجىمغا: «بوز يەر. . . » نىڭ كالتىكىنى چۆرۈپ، بىرلا ھەيۋە كۆرسەتسە، قېنى ئۇ چاغدا بۇ باغرى يۇمشاق قىزنىڭ ماقۇل دېمىگىنىنى مەن بىر كۆرەي. . .

خالىق كېچىچە شېرىن چۈشلەر قايناملىرىدىن زادىلا چىقالمىدى. ئۇ سەھەردىلا تۇرۇپ، ئالتۇن بىلەيزۈك بىلەن مىڭ يۈەن پۇلنى قويۇن يانچۇقىغا سالدى ـ دە، گۆڭشىغا بېرىپ، ئېتىغا مىندى. نەچچە كۈندىن بېرى زېرىككەن قۇلان تورۇق ئىگىسىنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ تۇرغىنىغا پەرۋا قىلماي، چاپقىنىچە چوڭ يولغا چىقتى ۋە سولغا قايرىلىپ تېز يۈرۈپ كەتتى. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، بىر كىچىك مازار بار ئىدى. ئۇنى «بۇۋىم مازىرى» دەپ ئاتىشاتتى. مازارنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتىلىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن مازارلىقنىڭ باش تەرىپىدە كۆرۈمسىز، ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان بىر ئېغىز ئۆي بار ئىدى. ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى بىر تۇپ ئاق ئۇجمە بېسىپ تۇراتتى. ئەتراپىنى بولسا، دۈمچەك ـ دۈمچەك قەبرىلەر قورشىغانىدى. مانا مۇشۇ غېرىبانە غەمخانىدا ھېچنېمىسى يوق بىر بۇۋىم ياشايتتى.

كېچىلىرى بۇ مازارلىقتىن مەشرەپ، ھۆۋەيدا، قۇل غوجا ئەخمەتنىڭ مۇڭلۇق غەزەللىرى ئاڭلىناتتى. مەكتەپنىڭ كۆكتات ئامبىرى پاسىلىدىكى كىچىك ئەگۈن بىلەن بۇ مازارغا چىققىلى بولاتتى. بۇۋىم پات - پات ئېتىكىگە ئىككى چاڭگالچە قوناق ئۇننى ئېلىپ، مەكتەپ ناۋايخانىسىغا ئىغاڭلاپ كىرىپ كېلەتتى - دە، ئۇنى ئەخمەتاخۇن ئۇستامغا بېرىپ نان ياقتۇراتتى. ئۇ پاكار، سېمىزلىقىغا باتماي كەڭ ياسىما ماتا كۆڭلەك كىيىپ، يوللاردىن بىلىكىدىكى سېۋەتىگە تەمەچ تەرگەچ: «ئايا دوستلار، ھۆۋەيدا ئەيتىدۇ يىغلاپ بارچىگە ئۆلۈم ھەقدۇر. . .»، «تاغلار كەزدىم، گىياھ يېدىم، بىرۇ بارىم، دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟. . .» دېگەندەك غەزەللەرنى دېمىقىدا غىڭشىپ ماڭاتتى. ھېكمەت بىر قېتىم ئۇنىڭ تەمەچ تېرىپ يۈرگەن يېرىدە، تېز سىزما رەسىمىنى سىزغانىدى. قارىياغاچ قوۋزۇقىدەك قورۇق يۈزلەر، قولىدىكى پولتىيىپ چىققان تومۇرلار، داكا رومالى ئەتراپىدا چېچىلىپ تۇرغان مەشۇتتەك ئاق چاچلار، ھەتتا مۇنەكتەك قورۇلغان كالپۇكلىرىدىن چىقىپ قالغان بىر تال چىشى شۇنداق ئوخشاپ كەتكەنىدىكى، رەسىمنى ئوقۇتقۇچىلار قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆرگەنىدى.

بۇ ئوت باسقان ئالقاندەك مازار بەلكىم شۇنىڭ نامىدا ئاتىلىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. خالىق مازار تەرەپكە قايرىلىپ، لاسكويغا قاراپ ئېتىغا قامچا ئۇردى. ئۇ، ئۇزۇن ماڭمايلا، ئېتى نېمىگىدۇر پۈتلىشىپ غۇلاپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. يول چېتىدە تەمەچ تېرىپ يۈرگەن بۇۋىم بېلىنى رۇسلاپ، قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلدى:

— غوجام بالىكام، ئاتلىرى پۈتلىشىپ كەتتى. بۇ يامانلىقتىن بىشارەت، — دېدى بۇۋىم نەسىھەت قىلغان ئاۋازدا، — ئارقىلىرىغا قايتىسىلا، سەپەرلىرى ئاق يوللۇق بولمايدۇ. . .

خالىق شارتلا ئۆزىنى رۇسلاپ بۇۋىمگە قارىدى ۋە ئىچىدە: «نېمە دەپ جۆيلۈيدۇ ماۋۇ قاقباش دەللە؟. . .» دېدى - دە، ئېتىغا زەرب بىلەن بىر قامچا سېلىۋەتتى. ئۇ بۇۋىمدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن: «تىلىغا مۇناق چىققۇر جادۇگەر قېرى. . .» دەپ ئۇنلۇك تىللىدى.

ئىيۇل ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى. يول بويى ئاق يەر قوناقلىرى

كۆكىرىپ تۇراتتى. ئېگىز ئورنىغا تىزىلغان قوناق ئېتىزلىرىغا دېھقانلار سۆرەم سېلىپ، قىر ئېلىۋاتاتتى. ئارپا ئېگىزلىرىغا سېلىنغان چىلگە قوناقلار بىخلىنىشقا باشلىغانىدى. ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا، مۇنبەت يەرلەردىن ئىسسىق هور كۆتۈرۈلەتتى. ھەممە ئۇچۇن ساخاۋەت تەرلىرىنى تۆكۈپ يەردىن ھاياتلىق يىغىۋاتقان دېھقانلار يازلىق يىغىم - تېرىمنىڭ ئالدىراشلىقى بىلەن ئاۋارە ئىدى.

خالىق ئېتىنى قاتىرىتىپ، بەشتاش تۇگمەنگە يېتىپ كەلدى، ئۇ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئېشەك ھارۋىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭدا، بىر جۈپ ئەر - ئايال ئولتۇراتتى. ئايالنىڭ نېپىز ئۈچ بۇرجەك ھاۋا رەڭ ياغلىقى ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قىسقا چاچلىرى نازۇك بويۇنلىرىنى يېپىۋالغانىدى. يۇمىلاق مۈرىلەر، ئىنچىكە بەللەرنىڭ سىماسى خۇددى نەپىس ئويۇلغان مەرمەر ھەيكەلگىلا ئوخشايتتى. خالىق ئىچىدە: «پاھ، قىياپىتى ئەجەپ قاملاشقان نېمە ئىكەنا!...» دېدى - دە، ئېتىنى بېقىندىدى. ئۇ ھارۋىغا يانداپ كېلىپ، چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار زۇمرەت بىلەن مۇرات ئىدى!...

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، مۇرات، چوشقا فېرمىسىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، خالىق خۇددى بۈگۈنكىدەك ئاتلىق ئۇچرىغانىدى. ئۇ: «تېزرەك يۈگۈرسىلە ئەپەندىم... ئۈلگۈرەلمەي قالىلا!...» دەپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، پۇخادىن چىققانىدى. مۇرات بىلەن زۇمرەت مانا ھازىرمۇ بوز يەرگە ياقۇپنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغىلى كېتىۋاتقاندا، تەقدىر ئۇلارنى يەنە ئۇچراشتۇردى.

— ھەي، خالىق، — دېدى مۇرات قولىدىكى قامچىسىنى شىلتىپ، — سەن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ماڭا «ئۈلگۈرەلمەي قالىلا...» دېگەنىدىڭ، قاراپ باقە، ئۈلگۈرەلەپتىمەنمۇ - ئۈلگۈرەلمەپتىمەنمۇ؟

مۇرات قاقاقلاپ كۈلگىنىچە، زۇمرەتنىڭ ئېگىكىنى سىيلىدى. ئەمما، زۇمرەت مۇراتنىڭ قولىدىكى قامچىنى شارتلا تارتىۋېلىپ، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى. بوز يەردىكى كۆڭۈلسىز خاتىرىنى ئېسىدىن چىقىرالمىغان خالىق كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە، ئېتىغا قامچا

ئۆردى ـ دە، تاراسلاپ چاپتۇرۇپ قېچىپ كەتتى. مۇرات، چىرايى سۇتتەك ئاقىرىپ كەتكەن زۇمرەتنى هارۋىغا چىقىرىپ، ئۇنى تىنچلاندۇردى.

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ زۇمرەت... قاراڭ ئۇنىڭ قاچقىنىنى!... خۇددى ئېتىزدىن باشاق ئوغرىلىغان چاشقاننىڭ ئۆزى...

— ئىسىت، — دېدى زۇمرەت هاسىرىغىنىچە خالىقنىڭ قارىسىغا قاراپ، — ئەجەپ خالىي يەردە ئۇچرىغاندى، ئۇنى ئاتتىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ، راسا بىر دۇمبالاي دېگەنىدىم....

باش لاسكويدىن قايرىلىپ، يېڭىئېرىقنىڭ توپىلاڭ يوللىرىدا كېتىۋاتقاندىمۇ، زۇمرەتنىڭ قەلبى غەزەپكە تولغانىدى. شۇڭا، مۇرات يول بويى ياپيېشىل مايسىلار يەلپۈنۈپ تۇرغان شاللىقلارنى، چوڭقۇرلۇقتا شارقىراپ، ئاپئاق كۆپۈكلەرنى چاچرىتىپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭلەرنى، پاخال ساتمىلار، قوشاملار بىلەن ئىهاتە قىلىنغان بۈك ـ باراقسان باغلارنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى، هېلى قىزىق چاقچاقلارنى قىلاتتى، تۇرۇپلا يۇمۇر سۆزلەيتتى. ئىيۇلنىڭ يارقىن قۇياشى ئاستىدىكى بېهىشتەك مەنزىرىلەر، ئادەم قەلبىنى شېرىن خىياللارغا لىپمۇ لىپ تولدۇرغۇچى كۆك ئاسمان... سۈزۈك سۇ... گۈل ـ گىياهلار... زۇمرەتنىڭ چېهرىنى ئاچتى... ئۇ ئەتراپقا تويماي قارايتتى. مۇراتنىڭ بىلەكلىرىنى چىڭ ئۇچلاپ، هاياجان خوشلۇقىدا: «قاراڭ مۇرات ئاۋۇ قىرلاردىكى سۆسۈن رەڭ گۈللەرنى... ۋاي ـ ۋۇي، يەرنى ساپسېرىق قاپلاپ كەتكەن نېمە گۈللەردۇر؟ ئۇ؟...» دەپ كۆرسەتتى. تۇرۇپلا هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ياۋا گۈللەرنى پۇرايتتى، سىيلايتتى. لېكىن، ئۇلارنى ئۈزۈشكە كۆزى قىيمايتتى. يولدىن خېلىلا ئۇزاپ، كۆپكۆك ئوتلاردا يۈگۈرگىنىچە، مۇراتقا قول پۇلاڭلىتاتتى ۋە يەنە يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە، مۇراتنىڭ بويۇنلىرىغا گىرە سېلىپ، هارۋا بىلەن تەڭ ماڭاتتى.

ئۇلار يېڭىئېرىق كەنتىگە كىرىپ كېلىشتى. بىر ـ بىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان خامانلاردا دېهقانلار ساپسېرىق بۇغدايلارنى چەشلەپ، چارلارنى دۈۋىلەيتتى، توپان سورۇيتتى. كۆزلىرىگە قاپاق پۇچۇقلىرى

تارتىلغان ئۆيلار مومىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ «ۋال»[1] سۆرەيتتى. پوتىلىرىدا، شاپاق دوپپىلىرىدا، ماتا كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە ئاپتاپتا كۆيگەن بويۇنلىرى ۋە يۈزلىرىدىكى تەرنى توختىماي سۈرتۈۋاتقان دېھقانلار ئۆينىڭ ئارقىسىدىن قالماي، قۇلىقىنى تۇتۇپ، «لاي - لاي» ناخشىسىنى ئېيتاتتى. ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - بوۋىلىرى، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى قوشاقتا قېتىپ، كۆككە باققىنىچە، گويا ئىدا بىلەن يىغلىغاندەك توۋلايتتى. ئۇلارنىڭ مۇڭلۇق ھەم مىسكىن «لاي - لاي» ئاھاڭلىرى دەردمەن قەلبلەرنى لەرزىگە سېلىپ، ھاياتىدىكى ھەسرەت - نادامەتلىرىنى، جۇدالىق - ھىجرانلىرىنى، سېغىنىش پىراقلىرىنى ئەسكە سالاتتى.

يېڭىئېرىق كەنتىنىڭ ئىزنالىرى ئارقىدا قالدى. مۇرات بىلەن زۇمرەتنىڭ ئالدىدا ئادەمسىز تارشىلىق لەنگەر دالىلىرى يېيىلىپ ياتاتتى. ناگان - ناگاندا، ئېشەكلىرىگە چاكاندا، بەقەم، توغراق ئوتۇنلىرىنى ئارتقان ئوتۇنچىلار، ئىسلامئابات، تەۋەككۇل، يامانبۇك، ھوڭلاردىن شەھەرگە ماڭغان بىرەر - يېرىم يولۇچىلار ئۇچرايتتى. ئۇلار ئۇزاپ كېتىشى بىلەن، ياۋا قومۇشلار قاپلىغان پەس ئېدىرلىقلارنى، چىڭدالغان شورلۇق يوللارنى جىمجىتلىق باساتتى. زۇمرەت بىردىنلا جىمىپ مۇڭلىنىپ قالدى. زۇلمەت تۈنلىرى، مۇشۇ يوللاردا مۇرات ھوشىدىن كېتىپ ياتقانىدى!... مىنىبىڭلار ئۇنى يالاپ ئېلىپ ماڭغانلىرىدا، باغلاقلىق قوللىرى ئىششىپ، قان ئۇيۇپ كەتكەن بولغىيتتى؟... سومكىدىكى يېمەكلىكلەرنى ئۆزى يېمەي، زۇمرەت بىلەن ياقۇپقا توشۇغان چاغلىرىدا، سۇسىز چاڭقاپ، تاپانلىرى قاپىرىپ، قانچىلىك ئاچچىق ياشلارنى تۆككەندۇر؟... پۇتلىرىدىكى جاراھەتلىرىگە كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى يىرتىپ تاڭغاندا، زۇمرەت نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەزىز بېشىنى باغرىغا تېڭىپ، ھەسرەتلىك ياشلىرىنى سۈرتمىگەندۇر!... ئەگەر «ھارماڭ...» دەپ بىرنى سۆيۈپ قويغان بولسا، ئۇنىڭ تۈمەن يىللىق ئازابلىرى بولسىمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتمەسمىدى؟... زۇمرەت دادىسىنىڭ

---

① ۋال — ئۇرۇكنىڭ تىكەنلىك شاخلىرى ئۆتكۈزۈلگەن شوتىدەك جازا، تولۇق ئورنىدا بۇغداي يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

خېتىنى ئەلەم بىلەن ئەسكە ئالدى. بولۇپمۇ قەلب ئابىدىسىگە ئۇيۇلۇپ كەتكەن مۇنۇ سەھىپىلەر كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن، مۆلدۈرلەپ تۆكۈلۈپلا كەتتى:

. . . «مۇرات ئوغلۇم، سەن ھازىر ئۆز بالامدىنمۇ چارى قاياشىم بولۇپ قالدىڭ. . . ھەرقانچە ۋاپادار، پاك نىيەت يىگىت بولسىمۇ، زۇمرەتنىڭ ئەسەبىي ھالىتىنى، كۆرۈمسىز سىياقىنى، مەينەت ھەم قورقۇنچلۇق چىرايىنى كۆرگەن ھامان كۆڭلى سوۋۇغان، رايى يانغان بولار ئىدى. . . سەنچۇ؟ سەن ئۇنداق قىلمىدىڭ، ئۆزۈڭ خالىقىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، پۇت - قولۇڭ رىجىمنىڭ ئارقانلىرىدا بوغۇلغان تۇرۇقلۇقمۇ، قوملۇقلار. . . شىۋاقلىق چۆللەر. . . ياۋا قومۇشلۇق داللار كۆزۈڭگە كۆرۈنمىدى!. . . قىزىمنى، مېنى يوقلىدىڭ. . . ھالىڭلار نىچۇك؟ دەپ سورۇدۇڭ. . . مەن قان قۇسۇقلىرىمدا يېتىپ قالغىنىمدا، مېنى كۆتۈرۈپ ياتقۇزۇپ، يۈزلىرىمنى سۈرتۈپ پاكىزلىدىڭ. . . گۆشلەرنى تىتىپ يېگۈزۈپ، قوشۇقتا ئۇسسۇزلۇق بەردىڭ. . . ئۇستۈمگە چاپاننى ياپتىڭ. . . مەن شۇ چاغدا، گويا ئۆز ئوغلۇمنىڭ قوللىرىدىن بەدىنىمگە ئىسسىق مېھىر ئۆتۈۋاتقاندەك، تىنىقلىرى ئاجىز بەدىنىمگە مادار بېرىۋاتقاندەك، ‹خېلى ياخشى بولۇپ قالدىلىمۇ؟› دېگەن سۆزۈڭ جېنىمغا جان قوشۇۋاتقاندەك، پەرزەنت مېھرىنى سەزدىم. . . ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم. . . ۋىجدان ئازابى، نومۇس كۈچىدىن ئۆزۈمگە ئۆلۈم تىلىدىم. . .»

— زۇمرەت، نېمە بولدىڭىز، يىغلاپسىزغۇ؟ — مۇرات قولياغلىقىدا ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سۈرتتى، — مەن سىزگە «غەيرىي خىياللارنى قىلماڭ» دەپ داۋاملىق دەيمەن. . . نېمىشقا گەپ ئاڭلىمايسىز؟. . .

— غەيرىي خىيال ئەمەس مۇرات، — زۇمرەت ئېرىنى قۇچاقلىۋالدى، —

تۆيۇقسىز دادامنىڭ يازغان خېتى ئېسىمگە كېلىپ قالدى... ئۇ: «سىلەردىن ئاخىرقى تىنىقىمدا ئەپۇ سورىيالمىغانلىقىمغا چۇشلۇقلا ئۆمۈر تىلەپ نالە قىلدىم!...» دېگەنىكەن. سىز دادامنى كەچۈرەمسىز؟...

— ئەخمەق قىز، — دېدى مۇرات زۇمرەتنىڭ بۇرنىنى چىمدىپ قويۇپ، — «ئوغۇللۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم...» دەپ، مەن كەچۈرۈم سورىسام بولىدۇ... ئاتىنىڭ بالىدىن كەچۈرۈم سورىغىنى نەدە بار؟...

— لېكىن دادام...

— لېكىن دادام، — مۇرات زۇمرەتنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى، — «بوشاپ كېتىۋاتقان تەنلىرىم، تولىمۇ ئاجىز لىپىلداپ ئۇرۇۋاتقان يۈرىكىم... توپا قونۇۋاتقان كىرپىكلىرىم ئۆمۈر مۇساپەمنى بېسىپ ئاخىرقى مەنزىلگە كېلىپ قالغانلىقىمنىڭ نىشانىدۇر. مۇشۇنداق بىر دەقىقىدە، ‹دادا› دەپ بىر ئېغىزلا چاقىرىشىڭنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم...» دەپ ئارمان بىلەن كەتتى. مەن بۇ قېتىم، دادامنى ئارزۇسىغا يەتكۈزىمەن!...

— مۇرات!... مېنىڭ مۇراتىم، — زۇمرەت مۇراتنىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ، يۈزلىرىگە سۈۋىدى، — ئاھ مەن نېمىدېگەن بەختلىك...

— شۇنداق، بىز ئىككىمىز بەختىمىزنى تاپتۇق... ئەمدى ئۇنى مەڭگۈ قەدىرلەيمىز...

— ئۇچىمىز دەڭ... — زۇمرەتنىڭ يۈزلىرى قىزىلگۈلدەك رەڭ ئېلىپ، قويۇق كىرپىكلىك چوڭ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى.

— ئۇچىمىز؟... — مۇرات سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ گەپ قىلىۋاتقان كۆزلىرىدىن ھەممىنى چۈشەندى، — راستمۇ؟...

مۇرات ئېشەكنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، زۇمرەتنى دەس كۆتۈردى ـ دە، مەخمەلدەك قىرلاردا، ساپسېرىق مامكاپ ئېچىلىپ كەتكەن تۈزلەڭلىكلەردە ۋارقىراشقا، كۈلۈشكە باشلىدى... ئۇ ئاخىرى ھېرىپ ھاسىراپ، قېلىن ئوت باسقان يانباغىرغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. ئۇلار ھەر ئىككىلىسىلا كۆك ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى. بۇ يەرلەر «ھاكىم كەپىسى» گە تەئەللۇق بوز يەرلەر بولۇپ، يىراق كەنت ئىزنالىرى كۆرۈنۈپ

تۇراتتى. ئۇنىڭدىنمۇ نېرىدىكى تۆگە لوكىلىرىدەك ئېگىز - پەس ئېدىرلىقلار تەسكەيلىرىگە سۆسۈن رەڭ سايىلار چۈشكەنىدى. ئاسماندا يىپەك روماللاردەك سۇترەڭ پارچە - پارچە بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. بىر جۈپ بېغىتاق كۆل رەڭ قاناتلىرىنى پىلدىرلىتىپ، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، يۇقىرى - تۆۋەن بولۇپ ئۇچۇشاتتى... دادا بولۇش ئالدىدا تۇرغان مۇرات خۇشاللىقىدا، يانغا ئۆرۈلۈپلا ئايالىنى قىچىقلاشقا باشلىدى.

زۇمرەت ۋارقىرايتتى، چىرقىرايتتى... تىپىرلايتتى.

— مۇرات تىڭشاڭ، — دېدى زۇمرەت جىددىي قىياپەتتە، — بالىمىز «قىسىلىپ كەتتىم دادا!» دەپ توۋلاۋاتىدۇ...

— سىز سىز مېنى ئالداپسىز...، — مۇرات يەنە غىدىقلاشقا باشلىدى، — ئېيتىڭا، بالىمىز قانچىلىك بولغاندۇر؟...

— ھېسابلىسام...، — زۇمرەت كۆزلىرىنى ئوينىتاتتى، — بۈگۈن يىگىرمە بىر كۈنلۈك بولدى...

— ئاران شۇنچىلىكمۇ؟ — مۇرات زۇمرەتنى سۆيمەكچى بولدى.

— ۋۇي قاراڭ، ھارۋا كۆرۈنمەيدىغۇ؟...

مۇرات بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ بولغۇچە، زۇمرەت بېلىقتەك تولغىنىپ قېچىپ كەتتى. ھارۋا راستىنلا يوق ئىدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئېشەكنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگۈدەك دەرىجىدە ئۇزاپ كېتىشىگە ئىشەنمىگەن مۇرات يول بويلاپ يۈگۈرۈپ، پەس ئېدىرلىقنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى، ئېشەك قېلىن ئوتلاقتا ئوتلاپ يۈرەتتى. مۇرات ھارۋىنى يولغا ئېلىپ چىقتى. لېكىن زۇمرەت ئوت باسقان دالىلاردا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى، تۇرۇپلا ياۋا گۈللەرنى پۇراپ باقاتتى. مۇرات ھارۋىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئېگىز دۆڭلۈككە چىقىۋالغان زۇمرەت قولىنى كارناي قىلىپ، چەكسىز دالاغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھاي... ھاي... ھاي!... دالىلار... چۆللەر... قىزىل يۇلغۇنلار!... مۇرات ئاتلىق ئېگىز بۇرۇن، شادىپاچاقنى كۆردۈڭلارمۇ؟... ئۇ... بالامنىڭ دادىسى!...

— ھاي... ھاي... ھاي!...، بالىنىڭ ئانىسى!... —

مۇراتمۇ جاۋابەن ۋارقىرىدى، — بالىنىڭ دادىسى مانا بۇ يەردە!... تېز كېلىڭلار مەزلۇم!...

مۇرات بىلەن زۇمرەت يول بويى ھاياتىدىكى تاتلىق ۋە ئاچچىق خاتىرىلەرنى ئەسلەش، تەبىئەت مەنزىرىلىرىدىن ھوزۇرلىنىش ۋە چاقچاق - كۈلكىلەر ئارقىلىق كۈن قىيىلغاندا، بوز يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئەر - خوتۇن قېرى مالچىلارنىڭ مال قورۇسىغا كىرىپ كەلگەندە، يىراقتىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ چوققىلىرى ھال رەڭ تاۋلىنىپ، يانباغىرلىرى كۈمۈش رەڭ چاڭغا پۈركەلگەنىدى.

ئەر - ئايال قېرى مالچىلار زۇمرەتنى تونىيالمايلا قالدى. زۇمرەتمۇ ئۇلارنى ھېچ يادىغا ئالالمىدى. مۇرات ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «سىزنى باققانلار شۇلار...» دەپ پىچىرلىۋىدى، ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ، مومايىنىڭ باغرىغا تاشلاندى ۋە يىغلىدى. مومايمۇ ئۇنى شاپىلداپ سۆيۈپلا كەتتى. بوۋاي بۇلتۇرقىدىن خېلى بەك قېرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تىزلىرى پۈكۈلگەن، مېڭىشلىرى ئېغىر، ئاپئاق شالاڭ قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى گۇنسىز پىلىلدايتتى. ئۇ زۇمرەتنىڭ باشلىرىنى سىلاۋېتىپ، كالپۇكلىرى ئۇمچىيىپ، يۈزلىرىدىكى قورۇقلار بىر يەرگە يىغىلىپ، يىغلاپ سالدى. ئۇششاق ياش تامچىلىرى ئۇنىڭ ئاپئاق ساقاللىرىدىن ساقىپ، ماتا يەكتىكىگە تۆكۈلمەكتە ئىدى.

بوۋاي بىلەن موماي ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى. داستىخان سېلىپ چاي دەملىدى. بىساتىدىكى زاغرا، ئارپا نانلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇشتۇپ، «سەھراچىلىق» دەپ، ئۇزۇر سورىدى. چايدىن كېيىن، مۇرات ھارۋىدىكى بىر قاپاق ماي ۋە خۇرجۇنغا قاچىلانغان نان، گۇرۇچلەرنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ ئەتە نەزىر ئۆتكۈزمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىدى. قەدىر - قىممەتسىز، بۇ دۇنيادىن خارلىنىپ كەتكەن ياقۇپنىڭ نەزىرسىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بوۋاي ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ: «رەھمەتلىكنى جامائەتسىزلا، خۇددى چامغۇرنى كۆمگەندەك دەپنە قىلغانىدۇق، مانا ئەمدى روھىي خوش بولىدىغان بولدى...» دەپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئاندىن ھازىرلا چوڭراق قازاندىن بىرنى

تېپىپ كېلىپ، كىچىچە سەۋزىلەرنى قەلەمچە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— مەن ئەتە بامدات نامىزىدىلا مەسچىتتىكى جامائەتكە ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنى باشلاپلا كېلەي، — دېدى بوۋاي، — ھەي... ئۆزلىرى ياش بولغانلىرى بىلەن دىيانەتلىك بالىكەنلا... ئېزىز دېگەن بالىمۇ سەل قوپالراق بولسىمۇ، كۆڭلى ياخشى، قولى ئوچۇق يىگىتكەن. بىزنىڭمۇ بېشىمىزنى كۆپ سىيلىدى.

— ئۆزلىرىگە بىرەر ھۆرمەتسىزلىك قىلدىمۇ - نېمە؟ — سورىدى مۇرات.

— يوقسۇ، يوقسۇ، پەقەت بىرمۇنچە يېمەكلىكلەرنى تۆكۈپ بېرىپ: «مەن يەنە بىر كەلگۈچە، زۇمرەت سەمرىمىسە، مەندىن يامانلاشمىسىلا...» دەپ كېتىپ قالىدۇ. موماي ئىككىمىز، — بوۋاي كۈلۈپ قويۇپ زۇمرەتكە قارىدى، — بۇ خېنىمغا ھەرقانچە قىلىپمۇ بىرنېمە يېگۈزەلمەيمىز... ئېزىزاخۇن كەلگۈچە يۈرىكىمىز سۇ... بىراق، ئۇ كايىغاندەك قىلغىنى بىلەن، يەنىلا ئىززەت - ھۆرمىتى جايىدا...

بوۋاينىڭ سۆزىدىن ھەممەيلەن كۈلۈشتى. زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، ئۇلار مازار بېشىغا ئەتە نەزىردىن كېيىن چىقماقچى بولۇشتى. بوۋاي ئەتىكى نەزىرنىڭ تەييارلىقىغا ماڭدى. مۇرات ئەتراپىنى كۆرسىتىپ كېلىش ئۈچۈن، زۇمرەتنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەتراپ يەنىلا يورۇق ئىدى. ئاسمان قىپقىزىل شەپەق بىلەن تاۋلىنىپ تۇرغاچقا، قۇم بارخانلىرى تەبىئىي قورغاندەك قارىيىپ تۇراتتى. ئۇلار مەھەللىنىڭ توپىلاڭ يوللىرىدىن ئايلىنىپ، كەنتكە يېقىن قۇم دۆڭلىكىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. كامىل ھەم ھېكمەتمۇ زۇمرەتنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەندە، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ، كەنتنىڭ كەچكى مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ، تەقدىر - ئىستىقباللىرى ھەققىدە سۆزلەشكەنىدى.

— مۇرات، — دېدى زۇمرەت ئېرىنىڭ تىزلىرىغا ئېڭىكىنى قويۇپ، — دۇنيادا يەنىلا ياخشى ئادەملەر كۆپ ئىكەن... مۇشۇ بوۋاي - مومايلار، قۇربان ھاكىم، دوختۇر تېلىۋالدى، ئېزىز، شەھەردىكى دوستلار بولمىغان بولسا،

ئىككىمىزنىڭ بۇگۈنكى كۈنلىرىمۇ بولمىغان بولاتتى. بۇ قېتىم شەھەرگە كۈرسقا كىرسەك، ئۇلارنى يوقلايلى. بولۇپمۇ مەن ئەسلىمگە كېلىشكە باشلىغاندىن كېيىن، غازاخۇن ئاكىمىزنىڭ ناھايىتى كۆپ يوقلىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ زۇمرەت، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ كۈتۈۋالماقچىمەن، — دېدى مۇرات زۇمرەتنىڭ بېشىغا قولىنى قويۇپ، — دوستلار جەم بولۇپ، ئىگەچى باغچىسىنى يەنە بىر شاۋقۇن - سۈرەنگە تولدۇرىمىز...

— سىز دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىسىز...

— سىز ئۇسسۇل ئوينايسىز...

— ئەمما، «ۋېلىسىپىتقا ئولتۇرغۇزۇپ قىزچاقنى...» دېگەن ھېلىقى توگكەي شېئىرنى ئوقۇمايسىز...

— «ۋاي قىچىقىم... ۋاي قىچىقىم...» دېگەن شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىمەن.

— ياق... ياق، يەنە شۇ «ئاتام ئېيتقان بايىقى...»، — زۇمرەت ئۇلۇق - كىچىك تىندى، — بىراق گۈلزىبا يوق... ھېكمەتنىڭ يۈرەك يارىلىرى قايتا قوزغىلىدىغان بولدى.

— گۈلزىبانىڭ ئۆلۈم ئالدىدا يازغان خېتىدە، — دېدى مۇرات سىرلىق ئاھاڭدا، — «ماھىگۈلنىڭ كىر قونمىغان پاك يۈرىكىدە مۇقەددەس بىر ئابىدە تىكلەنگەن، ئۇ بولسىمۇ سىز... ئۇ سىزنى ساپ قەلبى بىلەن ياخشى كۆردۇ...» دەپ يېزىلغان. زۇمرەت بۇنى قانداق چۈشىنىسىز؟...

— ۋاي خۇدايىم، گۈلزىبا ئۆز سىڭلىسىنى...

— ئاڭلاڭ، مۇنداقمۇ بىر جۈملە سۆز بار: «ماھىگۈل ئون يەتتە ياشقا كىردى. ئۇنىڭغا دوستلۇق مېھىر - شەپقىتىڭىزنى كۆپرەك يەتكۈزۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن...» گۈلزىبا نېمە ئۈچۈن ئاكىلىق دېمەي، دوستلۇق دەيدۇ؟...

— رەھمەتلىك گۈلزىبا بەلكىم بالىسىنىڭ ياتلارنىڭ قولىدا قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندۇر! — دېدى زۇمرەت خۇرسىنىپ، — ئېيتىڭا مۇرات، بۇنىڭغا ھېكمەت قانداق قارايدۇ؟...

— ھېكمەت قەتئىي ئۇنىمايدۇ. . . «ئۇ مېنىڭ سىڭلىم، ئوقۇغۇچىم تۇرسا؟. . . » دەپ ئاچچىقلاپ قالدى.

— ئاچىسىنىڭ خېتىدىن ماھىگۇلنىڭ خەۋىرى بارمىدۇر؟. . .

— ئۇ قىز ئوقۇغان ئوخشايدۇ. . . ھازىر ھېكمەتنى كۆرسىلا، يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچىدۇ. . .

— ۋاي بىچارە! . . . بۇ قانداق رەھىمسىز قىسمەتلەر. . .

چەرخى پەلەكنىڭ ئويۇنلىرىغا ئالدىن بىر نىمە دېمەك بەك تەس ئىكەن! ھېلىقى بورانلىق تۈنلەردە مۇرات زۇمرەتنىڭ ئارقىسىدىن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ ـ قوغلاپ، تارشىلىق لەنگەر داۋالىرىدا ھالىدىن كەتكىنىدە، ئۈمىدلەر ئۈمىدسىزلىككە ئالماشقانىدى. مانا ئەمدى بەخت يېنىدا تۇرۇپتۇ. بىراق، ئارىلىقتا، نىمىلەر بولۇپ ئۆتمىدى؟ قانچىلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر، ۋىسال ۋە ھىجرانلار قارار تاپمىدى! گۈلزىبا، مەرەجىخان، ياقۇپلار يىغا ـ زارە، يوقسۇزلۇق، نالە ـ پىغانغا تولغان بۇ پانىنى تاشلاپ، غەمسىز، خىيالسىز، جىدەل ـ ماجراسىز. . . جىمجىت باقىيغا سەپەر قىلدى. لېكىن، ئۇلار ئاچكۆزلۈك ۋە زۇلۇم ـ سىتەملەرنى تىرىكلەرگە قالدۇرۇپ كەتتى. . . ھېكمەت جۇدالىق چۆللىرىدە تەنھا ئازاب چېكىپ، تېخىمۇ مىسكىن ۋە مۆڭلۈق بولۇپ قالدى. . . كىچىك ئەزىمەت بۇ دۇنياغا كۆز ئاچا ـ ئاچمايلا، يېتىم بولدى! . . . ھاياتلىق كۆكىدە ماھىگۇلدەك بىر يۇلتۇز چاقناشقا باشلىدى. . . كېرىموف، خالىق، قايىت، جامال توختىلار تېگىشلىك ئەدىپىنى يېدى، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن، كامىل، ھېكمەت، مۇرات، نەفىسە، زۇمرەتلەر كۈشەندىسىز ھاياتقا ئېرىشتى، بەخت ـ سائادەتنى ئۆزلىرىنىڭ قولىدا دەپ ئېيتالمايمىز. . . خالىق، كېرىموفلار پىچىقىنى قانغا بوياش كويىدا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. . . گۈلرۇز كونا ئوتلارنى پۈۋلەپ، ھېكمەتنىڭ ئىزىغا چۈشتى. يامانلىق يولىدا ھېچنېمىدىن تەپ ـ تارتمايدىغان بۇ قارا كۆڭۈل قىز يەنە قانداق ئويۇنلارنى ئوينار؟. . . ئاچىسى ئۆلگەندىن كېيىن، غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىككى مۇشتۇمىغا تۈگكەن نەبى گۈلرۇزدىن ئۆچ ئالماي قالارمۇ؟. . . «يا سەن تۇر، ياكى مەن تۇراي. . . » دەيدىغان بۇ پانىيغا ئۇقۇشماي كېلىپ قالغان ئەزىمەت غۇبارسىز ھاياتىدا نىمە كۈنلەرنى كۆرەر؟. . . ئۇ قۇرۇم كۆلىدە:

«كەلسەم، كەتمىسەم... دېگەندەك ياشايمەن...» دەپ ئانىسىغا «پو» ئاتقانىدى. شۇنداق ياشىيالىشىغا ئۆزىنىڭمۇ كۆزى يەتمىسە كېرەك!... خالىنىق، كېرىموفتەك لەنىتىلەرگە خۇدايىم بىرەر زوۋاللىق بەرمەسمۇ؟... قاراڭ، قېقىلىپ، سۆرۈلۈپ، قاق سەنەم بولۇپ قالغان مەتمۇسا خالىنىقنى هازىرغىچە «ئېتىڭ پۈتلىشىپ بويىنۇڭ قايرىلىپ ئۆلەرسەن...»، «غايىب ئوققا ئىسسىپ بولارسەن...» دەپ قارغاپ يۇرۇۋاتىدۇ... قىسقىسى، ئەتىگە بىر نېمە دېمەك تەس، بۇنى ياراتقان ئىگىسى بىلمىسە، بەندىسى بىلىپ بولالمايدۇ!... بىز «جاڭگىللى مازاندىرانغا كىرىپ قاپتىمىز...» دەپ هەيران بولۇپتىمىز... ئويلاپ قارىساق، «جاڭگىللى مازاندىران» تېخى ئالدىمىزدا ئىكەن!...

«هايات — كۈرەش دېمەكتۇر...» دېگەنىكەن قايسىدۇر مۇئەللىپ!... بۇ ئالەمگە تۆرۈلۈپ قاپتىمىز... شۇنداق ئىكەن، ياشايلى، ياشىغاندىمۇ باللىرىمىز، ئەۋلادىمىز يەرگە قاراپ قالمىغۇدەك ياشايلى!... بۇنىڭ ئۈچۈن، يەنىلا كۈرەش قىلماي بولمايدۇ... پەلەك توختىماي چۆرگىلەپ، كىچىك ئېرىقلار قوشۇلۇپ دەريالارغا، دەريالار دېڭىزلارغا ئايلاندى!... ئوت - گىياهلار چىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئوتقاشتەك گۈللەر چاقنىدى... باللار تۇغۇلۇپ، قېرىلار زەرەتكارلىققا كۆچتى!... ئۇلارنىڭ هۆرمەتلىك ئورۇنلىرىنى قاچانلاردىدۇر چاچ - ساقاللىرىنى قىراۋ باسقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالغان قېرىلار ئىگىلىدى. ئەلمىساقتىن تارتىپ، شۇنداق بولۇپ كەلدى... كەلدى - كەتتى، كېلىشتى - كېتىشتى، خەۋىرى بولمىدى!... كىم بىلىدۇ، «سەن بىلەن بىز دەسسەپ تۇرغان بۇ تۇپراق شاهنىڭ بېشى، گادايىنىڭ قولى، بىر گۈزەلنىڭ قاش - كۆزلىرىمۇ؟...» شۇنداق، بىرسى كەلسە، بىرسى كېتىدىكەن، بىرسى يىغلىسا، بىرسى كۈلىدىكەن. كىملەردۇر ئاچ - زارلىقتىن ئىڭرىسا، كىملەردۇر توقلۇقتىن شوقلۇق قىلىدىكەن... بىرى - بىرىنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ يۇقىرى ئۆرلىسە، يەنە كىملەردۇر هارام دۇنيا مەهشەتىدىن سۆيۈنۈپ، پەخىرلىنىدىكەن... بۈگۈن كۈلۈپ قارىغان بەخت ئەتىسى يۈز ئۆرۈيدىكەن... قىسقىسى، جاهان ۋە هاياتلىقنىڭ ئويۇنلىرى يوقلۇق، خىيال، هىيلە، غەم بىلەن داۋاملىشىدىكەن...

زۇمرەت بىلەن ياقۇپ بوز يەرگە سۈرگۈن قىلىنىپ، ئارىدىن ئىككى

يىل ئۆتكەن بۇگۈنكى كۈندە، مۇرات ئايالىنى قۇچاقلاپ بۇ دۆڭدە ئولتۇرۇپتۇ. . . هازىر ئۇلارنىڭ بەختىنى ئىككى ئالەم شادلىقىغا تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. . بۇ نۇرغۇن ئازاب، قۇربان بېرىش، بەدەل تۆلەشلەر ئارقىلىق كەلگەن بىر تەلەي! . . . پېقىر بۇ سەھىپىلەرنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا، «ئۇلار بەختىنى مەڭگۈ تۇتۇپ قالالارمۇ؟ . . .» دېگەن ۋەھىمىلىك بىر سوئال يۈرىكىمنى كېزىپ ئۆتتى ۋە كۆڭلۈم ئۈيغاندەك بولۇپ، پۈتۈن تېنىم شۈركىنىپ كەتتى! . . . ئاھ، قۇدرىتى ئۇلۇغ ئىگەم، لېيى جاپا - مۇشەققەتتىن قۇرۇلغان بۇ ئىككى ياشقا بەرگەن بەختىڭ راستمۇ ياكى يالغان؟ . . . سېنىڭ هۇنىرىڭغۇ بەندىلىرىڭنى ئۆز قۇيرۇقىنى تۇتالمىغان مۇشۈكتەك ئۈيىنىتىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ كەلدى. . . شۇنداقتىمۇ، هەرهالدا ئۆزۈڭ مېهرىبانسەن! . . . باغرى تاشلىق هىممەت - نەزەرىڭدىن ساقىت بولغاي! . . .

مۇرات بىلەن زۇمرەت قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن قايتىپ كەلدى. موماي ئۇلارغا هاردۇق ئېشى ئېتىپ قويغانىدى. تاماقتىن كېيىن، بوۋاي بىلەن مۇرات تاش پەنەرنى ئېلىپ، هويلىغا ئوچاق كولاشقا چىقىپ كەتتى. موماي هەم زۇمرەت سەۋزە قىرىپ، قەلەمچە توغراشقا باشلىدى.

ئەتىسى، بامداتتىن يانغان جامائەت ئەتىگەندىلا يېتىپ كېلىشتى. بوۋاي ئاشنى تاڭ سەهەردىلا دەم ياتقۇزۇپ دۇملىۋەتكەنىدى. چوڭ بىر ئېغىزلىق ئۆي مېهمانلار بىلەن تولدى. ئالدىدا تاتلىق - تۈرۈم، نان - توقاچلار بىلەن چاي بېرىلدى، ئارقىدىن ئاش تارتىلدى. تاماقتىن كېيىن، كەكە ساقال ياشقىنا بىر قارىم ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قىرائەت قىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك سۇزۈك هەم مۇڭلۇق ئىدىكى، تاشقارقى ئۆي بوسۇغىسىدا تۇرغان زۇمرەت ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى. قىرائەت ئاياقلىشىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈلدى ۋە هەممە بىردەك يۈز سىيپاشتى. زۇمرەت ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى ئىككى لېگەنگە ئېلىپ داستىخانغا قويدى. بۇلار بىر دەستە ئاق نان، تاتلىق - تۈرۈم، مومايغا بىر كۆڭلەكلىك چىت، تور رومال، بوۋايغا تامبال، كۆڭلەك بىلەن كالاچ قاتارلىق نەرسىلەر ئىدى.

— ئاز بولسىمۇ كۆپنىڭ ئورنىدا كۆرۈشەرلا، — دېدى زۇمرەت تەزىم

قىلىپ، — ھەر قايسىلىرىنىڭ ماڭا، دادامغا كۆرسەتكەن ھىممەتلىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىزمەتلىرىدە بولساممۇ، ئەجىرلىرىنى يۇيالمىغان بولاتتىم. . .

— ئۇنداق دېمەڭ خان قىزىم، — موماي روملىنىڭ ئۇچىدا يېشىنى سۈرتتى، — ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنچىلىك بولۇپ قالغانلىرىنى كۆرۈپ، قەۋەتلا خۇش بولدۇم. ئۇخلىسام - قوپسام، ئەس - يادىم سىلىدە ئىدى. مانا ئەمدى مۇبارەك تەنلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم ئىمىن تاپتى.

— ھەر نامىزىمدا، — دېدى بوۋاي يۇمشاق ساقاللىرىنى سىيپاپ، — سىلەرگە ئامانلىق، خاتىرجەملىك تىلەپ تۇردۇم. . . رەھمەتلىك ياقۇۋاخۇنمۇ: «مۇرات، ھېكمەت، كامىللار ئوبدان باللار، ئۇلار قىزىمنى بۇ يەردىن قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. . . ئەگەر مەيدان رۇخسەت قىلمىسا، قىزىمنى مۇرات بىلەن قاچۇرۇۋەتسىلە!» دەيدىغان. . . مانا ئەمدى رەھمەتلىكنىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولدى.

— سىلەر بولغاچقا، مەنمۇ كۆپ ۋايىم يەپ كەتمىدىم، — دېدى مۇرات مىننەتدارلىق بىلەن، — بولمىسا، ئايالىمنىڭ بۇ كۈنلەرگە ئېرىشمىكى مۇشكۇل ئىدى.

جامائەت تارقىدى. مۇرات ھەم زۇمرەت ياقۇپنىڭ قەبرىسىگە يېتىپ كەلدى. قۇرۇپ - قاقشالغا ئايلانغان توغراق تۈۋىدىكى يالغۇز قەبرە مۆڭگلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىنى پاكار ياۋا قومۇشلار قاپلىۋالغانىدى. مومايىنىڭ كېچىچە ياقۇپ ۋە مۇرات توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئەسكە ئالغان زۇمرەت قەبرىگە قارىغىنىچە، كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي، ئۆزىنى ئاتتى ۋە غېرىب قەبرىنى بىر ھازا قۇچاقلاپ، ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتۈنۈپ كەلگەن پەرزەنتلىك مېھىر - شەپقەت، ئامراقلىق شەربەتلىرىنى تۆكتى. . . قەبرە توپىسى زۇمرەتنىڭ يۈرەك قاتلىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان نادامەت ياشلىرى بىلەن نەملەندى. . . مۇرات ئۇنى ئارانلا تۇرغۇزدى. . .

— دادا، مەن كەلدىم !. . . — دېدى مۇرات ئالدىغا بىر قەدەم ئېلىپ، — ئوغلىڭىز مۇرات كەلدى.

مۇرات زۇمرەتكە مەنا بىلەن قارىدى ۋە ئىككىسى دەقەمتە تۇرۇپ:

— دادا، بىز كەلدۇق!. . .، — دېدى ۋە قەبرە بېشىغا يۈكۈنۈشتى. . . .

浑泉(上 — 3)
加拉里丁·伯合拉木著

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 14 号　　邮政编码:830046)
新疆新华书店发行　乌鲁木齐八家户彩印厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本　　16.563 印张　5 插页
1997 年 9 月第 1 版　1998 年 2 月第 1 次印刷
印数:1—10000

统一书号:ISBN7—5631—0900—5/I.165　(民文)定价:26.56 元